
ئابدۇللا تالىپ



# قىيام ئۆركىشى

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئابدۇللا تالىپ

# قاينام ئۆركىشى

( بىئوگرافىيىلىك رومان )



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى




مەسئۇل مۇھەررىرى: نىجات مۇخلىس
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# قايىنام ئۆركىشى

(بىئوگرافىيىلىك رومان)

ئاپتورى: **ئابدۇللا تالىپ**

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 - كوچا، 1 - قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىڭبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 20.125
2008 - يىل 4 - ئاي 2 - نەشرى
2008 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN978—7 — 5371 — 1976 — 4
سانى: 1—4000
باھاسى: 38.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئۇتساق، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب تەڭرىتاغ ئوغلى ........................ 1
ئىككىنچى باب بىخ سۈرگەن تالانت .................. 17
ئۈچىنچى باب قايىنام ئۆركىشى ...................... 46
تۆتىنچى باب سۈرگۈن ............................... 58
بەشىنچى باب داۋانلار ئاشقاندا ..................... 72
ئالتىنچى باب باغراش بويىدا ....................... 94
يەتتىنچى باب قوشئاۋاتتا قوش پەرى ................ 113
سەككىزىنچى باب بوز تورغاي ھېكايىلىرى ............ 134
توققۇزىنچى باب قايىنام ئۆركىشى — ئاقسۇدا ......... 149
ئونىنچى باب تۆرگە چىقىش، مۇئەللىم ............... 162
ئون بىرىنچى باب توققۇزبولاقتا بىر كۈن ............. 176
ئون ئىككىنچى باب سىرلىق كۆلەڭگە .................. 220
ئون ئۈچىنچى باب گۈمانلىق زىياپەت ................. 239
ئون تۆتىنچى باب قوش زەنجىر ....................... 260
ئون بەشىنچى باب دەز كەتكەن تامنىڭ سىرى ......... 298
ئون ئالتىنچى باب كەپتەر ئىلھامى .................. 315
ئون يەتتىنچى باب سىناقتا قالدۇرۇلغان مۇھەببەت ... 336
ئون سەككىزىنچى باب غەزەپ ئۇچقۇنلىرى .............. 349
ئون توققۇزىنچى باب قاپقان ......................... 383
يىگىرمىنچى باب ئاخىرقى باغ سەيلىسى ............... 414
يىگىرمە بىرىنچى باب قارا قول ..................... 429
يىگىرمە ئىككىنچى باب قورقماس يۈرەك ............... 458

يىگىرمە ئۈچىنچى باب جاللاتنىڭ كۈلكىسى ............ 479
يىگىرمە تۆتىنچى باب تۈرمىدىكى كۈرەش .............. 488
يىگىرمە بەشىنچى باب ياڭاقتىن چىققان خەت ............ 527
يىگىرمە ئالتىنچى باب قورغاندىكى قوزغىلاڭ ............ 539
يىگىرمە يەتتىنچى باب گۈلەندەمنىڭ ئۆلۈمى ............ 565
يىگىرمە سەككىزىنچى باب سېپىل ئۈستىدىكى جەڭ ... 583
يىگىرمە توققۇزىنچى باب ئاخىرقى سوراق .............. 613
ئوتتۇزىنچى باب ئۆلۈم ئالدىدىكى سۆز ................ 629



## بىرىنچى باب

# تەڭرىتاغ ئوغلى

دېڭىز يۈزىدىن ئىككى - ئۈچ مىڭ مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان بۇ گۈزەل يايلاق، ھەر يىلى ياز ئايلىرىدا جاي - جايلاردىن مىڭلىغان كىشىلەرنى تاغ سەيلىسىگە جەلپ قىلاتتى. يايلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان سۈيى سۈپسۈزۈك قاش دەرياسى تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ، دولقۇنلىرىدىن ئۈنچە - مەرۋايىت چاچرىتىپ، شاۋقۇن سېلىپ ئېقىپ تۇراتتى.

دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېدىرلىقلاردا، تاغ باغىرلىرىدا ئاجايىپ رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن كەكرە، سېرىق، تەڭگىيوپۇرماق، سېرىقبويا، تورغاي گۈلىگە ئوخشاش تاغ گۈللىرى بۇ يەرنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىگە تېخىمۇ ھۆسن قوشقانىدى. مەيىن تاغ شامىلى ۋە دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرغان ئەنە شۇ گۈللەرنىڭ خۇش ھىدلىرى جانغا ئارام، دىللارغا ھۇزۇر بېغىشلايتتى.

تەڭرىتېغىنى تا چوققىلىرىغىچە چۈمكەپ تۇرغان چەكسىز كەتكەن قارىغايلىقلار، تاغ باغرىدىكى پايانسىز چىمەنلىكلەر بىلەن گىرەلىشىپ، خۇددى رەڭدار گىلەمدەك تاۋلىنىپ كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى. تاغ چوققىلىرىدا ئۈزۈپ يۈرگەن تۈركۈم - تۈركۈم بۇلۇتلارغا تاقىشىپ تۇرغان ئاپئاق قار قاتلاملىرى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىككىنچى بىر خىل ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ۋە ئىنتايىن كۆركەم مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، يىراقتا مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

بۇ يىلقى تاغ سەيلىسى ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەر شوخ قاش دەرياسىنىڭ ئۇركەشلەپ ئېقىشىغا، تەبىئەتنىڭ بۇ كۆركەم كۆرۈنۈشلىرىگە قاراپ ھۇزۇر قىلىشاتتى.
سەيلىچىلەرنىڭ گاھىلىرى چاناشلىرىدىكى قىممىزلىرىنى ئىچىشكەچ قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، گاھىلىرى دەريانىڭ ئاق بۇژغۇنلۇق قىرغاقلىرىنى ياقىلاپ سەيلە قىلىشماقتا؛ گاھىلىرى ئېسىل سورتلۇق نىلقا ھەسلىنى ماختىشىپ، ئۇنى قانداق قاچىلاپ مېڭىشنىڭ پىلانلىرىنى تۈزۈشمەكتە ئىدى.
دەريا قىرغىقىدىن نېرىراق بىر چىمەنلىك دۆڭ ئۈستىدە ئىككى يىگىت ئۆز ئەتراپىدىكى مىسلىسىز گۈزەللىكلەرگە زوقلىنىپ قىزغىن سۆھبەت قىلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار غۇلجىدىن نىلقىغا كەلگەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بولۇپ، بىرى، ئېگىز بويلۇق، ئاق يۈزلۈك، قاراقاش يىگىت بولۇپ، تارىخ ۋە ئەدەبىياتنى پىششىق بىلەتتى؛ ئوتتۇرا بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك دوغىلاقتىنا كەلگەن يەنە بىر يىگىت بولسا جۇغراپىيە ۋە رەسىمگە ماھىر ئىدى. بۈگۈن باشقا سەيلىچىلەرگە ئوخشاش ئۇلارمۇ بۇ يەرگە سەيلە ئۈچۈن چىققانىدى.
ئېگىز بويلۇق تارىخ ئوقۇتقۇچىسى تۆت ئەتراپىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، يانچۇق دەپتىرىنى ئالدى-دە، قېرىنداشنى يېنىك يۈگۈرتۈپ، مۇنۇ شېئىرنى يېزىپ چىقىپ، دوستىغا ئوقۇپ بەردى.

دىيار مۇنچە ئۆز بولارمۇ روھىي زېمىنىدا،
بولسا بەلكى ئاز تېپىلار يەتتە ئىقلىمدا.

ئاتام دەيمۇ، ئانام دەيمۇ تەڭرىتېغىنى،
قانچە باقسام شۇنچە يەيدۇ كۆزنىڭ يېغىنى.



ئاتامۇ شۇ، ئانامۇ شۇ تۆرەلدىم ئاندىن،
ئەتە - ئاخشام شۇڭا يېنىپ كۆيمەن جاندىن.

تۆرەلگەن ئەل، كۆمۈلگەن ئەر ئېتەكلىرىدە،
ئەجدادلارنىڭ قان - تەرى بار چېچەكلىرىدە.

ھاياتىمنىڭ ئەكسىنى كۆردۈم ئاققان سۈيىدىن،
ئاھۇ پەرياد ئاڭلىدىم ھەم مۇڭلۇق كۈيىدىن.

بۇركۈت بولۇپ تەڭرىتېغىنى ئۇچارمۇ بىر كۈن،
ئىقبال تېپىپ مول سائادەت قوچارمۇ بىر كۈن؟!

دوستىنىڭ شېئىرىدىن ئىنتايىن ھاياجانلانغان رەسسام ئوقۇتقۇچى دوستىغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇپ:
— شېئىردىكى ئوخشىتىشلىرىڭ تازىمۇ جايىغا چۈشۈپتۇ. شېئىرىي پىكىرلىرىڭ نېمىدېگەن مەنىلىك، يارقىن - ھە! — دېدى.
ئىككى ئوقۇتقۇچىنىڭ ھېسسىياتقا تولغان كۈچلۈك ئاۋازى ئۇلارنىڭ يېنىدىكى چوڭ قورام تاشقا قونۇپ ئولتۇرغان بىر قارا قاغىنى چۆچۈتۈۋەتتى. قاغا چۆچۈگىنىدىن لىپ قىلىپ كۆتۈرۈلۈپ يەنە ئاستا ئىزىغا قوندى.
رەسسام ئوقۇتقۇچى شېئىرنى ئاڭلاپ، ھاياجىنىنى باسالماي قالدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ:
— بۇ ئۇلۇغ تاغنىڭ «پولات قاناتلىق»، قەيسەر پەرزەنتى — بىر جەڭگىۋار بۇركۈت ئوغلى بولسا ئىدى، ھەي! — دېدى.
رەسسام يىگىت بۇ يالقۇنلۇق جۈملىلىرىنى ئىنتايىن تەسىرلىك ۋە جۇشقۇن ئاۋاز بىلەن سۆزلەپ بولۇپ، ئاندىن ئۇ، بىر-

نەچچە قەدەم ئالدىغا ماڭدى - دە، قارشى تەرەپتىكى چىمەنلىك ئارىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان يوغان تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرىنى گۈزەل بەدىئىي تەسۋىرگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن سىزىشقا باشلىدى.

تارىخ ئوقۇتقۇچىسى رەسسامنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، قەغەز ئۈستىدە سىزىلىۋاتقان گىگانت بۈركۈتنىڭ قامىتىگە ئوپئوخشاش تەڭرىتېغىنى كۆرۈپ، مەدھىيە تەلەپپۇزى بىلەن:

— پەيزىڭ بار، ئاداش، يارايسەن، — دېدى.

رەسسام ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۆزىنىڭ ئەمگىكىنى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتتۈرۈپ تۈگەتتى. ئاندىن ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ، رەسىمنى دوستىغا سۇندى ۋە:

— قانداق، شېئىرىي تەسۋىرنىڭ ۋارىيانتى بولالامدىكەن؟ — دەپ سورىدى.

تارىخچى يىگىت رەسىمنى قولىغا ئېلىپ، سىنچىلاپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، مەمنۇنلۇق ئىزھار قىلىپ:

— دەل ئۆزى بوپتۇ، كەم - كۈتىسىز، بەئەينى ئۆزىلا، — دېدى.

رەسسامنىڭ خۇشاللىقتىن يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. ئۇ سىزغان بۇ رەسىمدە تەڭرىتېغى خۇددى ئېگىز كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان قاۋۇل بۈركۈتكە ئوخشىغانىدى: ئېگىز خانتەڭرى چوققىسىنى بۈركۈتنىڭ تۇمشۇقلۇق بېشى، جوڭغار ئويمانلىقىدىن «سارچوققا»غىچە بولغان قاتمۇقات تاغ تىزمىلىرىنى — ئۇنىڭ ئوڭ قانىتى؛ تارىم ئويمانلىقىنى بويلاپ سوزۇلغان باينىبۇلاق، ئالغوي تاغلىرىدىن ئايلىنىپ داۋانچىڭغىچە بولغان تاغلارنى — ئۇنىڭ سول قانىتى؛ بوغدادىن باشلانغان تاغ تىزمىلىرىنى بولسا ئۇنىڭ قۇيرۇقى دېيىشكە بولاتتى.

ئىككىيلەن ھەۋەس - زوقى بىلەن رەسىمگە تىكىلىپ تەتقىق قىلىۋاتقان روزگاردا ئاسماندا قاناتلىرىنى كېرىپ يوغان بىر بۈر-



كۈت پەيدا بولدى - دە، ئۇلارنىڭ باش ئۈستىدە ئىككى - ئۈچ قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن يەنە يۇقىرى ئۆرلەپ، كۆكنىڭ قەرىدە پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى.

— مانا قارا، گويا سېنىڭ رەسىمىڭگە جان كىرىپ ئاسماندا پەرۋاز قىلماقتا، — دېدى تارىخ ئوقۇتقۇچىسى رەسىمنى قولىغا ئېلىپ، ئاسماندىكى بۈركۈتكە قاراپ پۇلاڭلىتىپ.

ئىككى دوست بۈركۈتنىڭ ئابرال تاغلىرى ئۈستىدە ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئاللىقانداق خىياللارغا چۆكۈپ كېتىشكەنىدى.

— سالام ئاكىلار! — توساتتىنلا چاڭىلدىغان بۇ ئاۋاز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دىققىتىنى بۆلۈپ تاشلىدى. ئىككى ئوقۇتقۇچى دەرھال كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تۇرغان كىچىك بودرۇققىنا، ئاق سېرىق بالىنى كۆردى. بۇ بالا ئۇلارغا تونۇش ۋە يېقىملىق كۆرۈندى، لېكىن يىگىتلەر دەررۇ ئۇنى ئېسىگە ئالالمىدى - دە، بىر - بىرىگە سوئال نەزەرى بىلەن قارىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى.

× ×

1922 - يىل 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، پۈتۈن كەنت - مەھەللە بويىچە خۇسۇسەن ھېزىم موللامنىڭ ئۆيىدە تولىمۇ خاسىيەتلىك بىر كۈن بولدى.

تونۇگۈن ئاخشامدىن باشلاپ مەلىكىخان ھەدىنىڭ تولغىقى كۈچىيىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ھېزىم موللام جىددىيلىشىپ قالغانىدى. ئۇ بۈگۈن ئاخشام خۇپتەن نامىزىغىمۇ چىقالمىدى ۋە كېچىچە كۆز يۇمماي دالان ئۆيدە قۇرئان ئوقۇپ، خۇدادىن ئاسانلىق ۋە ئاسايىشلىق تىلەپ ئولتۇردى.

قىش پەسلى ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن، ئەتراپتىكى تاغ

چوقققىلىرى قېلىن قار ئاستىدا كۆمۈلۈپ تۇرغان بولسىمۇ، تەڭرىتاغ باغرىدا تۆت ئەتراپى تاغ تىزمىلىرى بىلەن قورشىلىپ تۇرغان بۇ گۈزەل ماكانىنىڭ ھاۋاسى تېخى خېلىلا ئىللىق ئىدى. ئالدىنقى كۈنى ياغقان سۈس قاردىن كېيىن، ھاۋا ئېچىلىپ كەتكەن كۆك ئاسماندا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. گۈگۈم چۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي سۈزۈك ئاسماندا پەيدا بولغان ھېسابسىز يۇلتۇزلار خۇددى بايرام چىراغلىرىدەك يەر يۈزىگە يورۇق شولا چېچىشقا باشلىدى.

تاڭغا يېقىن ئۆي روجىكىدىن ئۇدۇل كىرگەن ئاينىڭ گۈزەل شولىسى ئۆينىڭ ئىچىنى يوپيورۇق قىلىۋەتكەنىدى. ئۇزاق تولغاق ئازابىدىن كېيىن، مۇشۇنداق ياخشى سائەتتە مەلىكىخان ھەدىنىڭ كۆزى يورۇدى.

ئانا ئارزۇسىدى بىر ئوغۇل دەپ،
تىلەيتتى شوخ تۇغۇل ھەم ساق تۇغۇل دەپ.
تۇغۇلدى بىر ئوغۇلكى تاغ يېنىدا،
تولۇپ مېھرى — ئانىجانىنىڭ قېنىدا.

— پاھ! شۈكۈر!... شۈكۈرلىغۇ بۇ ئوغۇل!

كىندىكئانا ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى بېشىغا شالاڭ ئاق سانجىغان، ئوتتۇرا بوي، خۇشخۇي تەبىئەتلىك، ساددا ئاق كۆڭۈل بىر ئايال ئىدى. ئۇ بوۋاقنى زاكىلاپ بولۇپ، بوۋاقنىڭ ئاتىسىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىچكەركى ئۆيدىن يېنىك قەدەم ئېلىپ دالان ئۆيگە چىقتى-دە، قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇرغان ھېزىم موللامنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلاپ، بۇ دۇنياغا يېڭىدىن ئاپىرىدە بولغان شۈكۈرى بىلەن ئۇنى تەبرىكلەپ خاتىرجەم قىلدى.

خۇشاللىقى ئىچ-ئىچىگە سىغماي قالغان ھېزىم موللام،



بۈگۈن تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ، خۇددى ياش يىگىتلەردەك تېتىكلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ بۈگۈنكى بامدات نامىزىغا ھەممىدىن بۇرۇن چىقتى ۋە نامازدىن كېيىنلا ئادىتى بويىچە قورۇنىڭ ئىچى-تېشىنى پاكىز سۈپۈردى. ئۇ، شۇنچە خۇشال بولدىكى، ئۆزىنىڭ ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەنلىكىنى ئۇچرىغان كىشىلەرگىلا ئەمەس، ھەتتا كالا-موزاي، قوي-قوزىلارغىمۇ دېگۈسى كېلەتتى. ئۇ ھەممىگە كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىنى تىكىپ، «ئوغۇل پەرزەنت، ئوغۇل!» دەپ تەكرارلايتتى ۋە تۇرۇپ-تۇرۇپلا ئۆز-ئۆزىگە: «ئى خۇدا، شۈكۈرىمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دەپ پىچىرلايتتى.

ھېزىم موللام ئوتتۇرا بويلۇق، ئاق سېرىق يۈزلۈك، شالاڭ ساقاللىق، قوي كۆزلىرى ھەمىشەم كۈلۈپ تۇرىدىغان، يېشى ئەللىكتىن ئاشقان تەقۋادار، دىيانەتلىك ئادەم بولۇپ، مەھەللە مەسچىتىگە ئىمام ئىدى. ئۇ قىسمەن دىنىي پائالىيەتلەر ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا، ئاساسەن دېھقانچىلىق قىلاتتى، لېكىن ھال-ئوقىتىنى ئانچە ئوبدان دېگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ قورۇسىدا ئاددىيلا ئۈچ ئېغىز ئۆي بولۇپ، دائىم رەتلىك ۋە پاكىز تۇراتتى.

ھېزىم موللامنىڭ بىردىنبىر «ئىجاۋەت يادىكارى» بولغان تۇنجى ئوغۇل پەرزەنتى دۇنياغا كېلىپ، بىر ھەپتە بولغان قۇتلۇق پەيشەنبە كۈنى بامدات نامىزىدىن يانغان جامائەت، موللامنىڭ ئاددىي، لېكىن ساخاۋەتلىك ئۆيىگە كېلىشتى. ئۇلار مىللىي قائىدە-رەسمىيەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈپ، دۇنياغا كۆز ئاچقان بۇ ئاق يۈزلۈك شۈكۈر كۆز پەرزەنتكە «لۇتپۇللا» دەپ ئات قويدى. ئات قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، جامائەت ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، خۇشاللىقتىن ھاياجىنىنى باسالماي تۇرغان ئىمامنى قىزغىن تەبرىكلەشتى. ھېزىم موللام جامائەتكە سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى تا كوچىغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

ھېزىم موللام جامائەتنى ئۈزۈتۈپ قويۇپ كىرگەندىن كې-
يىن، ئويۇق ئۈستىدە تۇرغان «چاھار دىۋان»[1]نى ئالدى - دە،
ئۇنىڭ باش تەرىپىدىكى ئاق يېتىگە چىرايلىق قىلىپ، پەرزەنتى
لۇتپۇللا تۇغۇلغان يىل، ئاي، كۈننى مۇنداق خاتىرىلەپ قويىدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ يەنە ھەپتىلەر كەينىدىن ئايلار ۋە يىللار
ئۆتۈۋەردى. لۇتپۇللا مەكتەپ يېشىغىمۇ كېلىپ قالدى. ئۇ
شوخ، بۇدرۇق، كىشىنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك ئوماق چوڭ
بولدى.

ئۇنى جېنىدەك ئەزىز كۆرۈپ، ئارزۇلاپ تەربىيىلىگەن ئاند-
ىسى بىلەن مومىسى دائىم ئۇنى ئەركىلىتىپ «لۇتۇن» دەپ چاقى-
رىشاتتى. كېيىنچە، بۇ نام تەختۇشلىرى ۋە ئەل - يۇرت ئىچىدى-
مۇ ئومۇملىشىپ قالدى.

لۇتپۇللا بەش يېشىدىلا ئائىلىدە ساۋاتىنى چىقاردى. «تاخ-
تا»، «ھەپتىيەك»، «نامەھەق» قاتارلىق دەسلەپكى ساۋات چى-
قىرىش كىتابلىرىنى ئوقۇپ بولدى. ئۇنىڭ زېرەكلىكى، بولۇپمۇ
«نامەھەق» بېيىتلىرىنى ئېسىدە مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، يادقا ئوقۇپ
بېرەلەيدىغانلىقى دادىسى ھېزىم موللامنى تولىمۇ مەمنۇن
قىلىۋەتتى.

كىچىكىدىنلا شوخ، ئەركىن ۋە تەبىئەت مەنزىرىسىگە ئامراق
لۇتۇن بۇ گۈزەل يېڭى يۇرتىغا چىن ئىشتىياق باغلىدى. پۇرسەت
تاپسىلا، قۇرداشلىرى بىلەن قاش دەرياسى بويىغا بېرىۋالاتتى.
تەڭرىتاغنىڭ سان - ساناقسىز يوتىلىرىدىكى بۇلاقلاردىن يىغىلىپ
كېلىپ، تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ، ھەيۋەتلىك شاۋقۇن سېلىپ
ئېقىپ تۇرىدىغان ئەزىم دەرياسى سۈيىدە پات - پاتلا ئۆلۈم ھادى-
سىلىرى يۈز بېرەتتى، شۇڭا ھېزىم موللام بىلەن مەلىكىخان
ھەدە بۇ «يۈرەك پارىسى» بىردەم كۆزدىن نېرى بولسىلا ئەنسى-

[1] «چاھار دىۋان» — نەۋائىنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىدىن بىرى.



رەيتتى. ئۇلارنىڭ يۈرىكى ھامان سۇ ئىدى، لېكىن شوخ لۇتۇن
ياز كۈنلىرى ھەمىشە دەريانىڭ قايناملىرىغا چۆمۈلۈپ، دەريا
قىرغاقلىرىدا ئەركىن قىيغىتىپ يۈرەتتى. ئۇ يەنە بازار ئىچىگە
يېقىن مەشھۇر «ئالتۇنبۇلاق» بويىغىمۇ دائىم بېرىپ تۇراتتى،
ئۇ بۇلاق بېشىدا دۈم يېتىپ تۇرۇپ بۇلدۇقلاپ تۇرغان سۈپسۈزۈك
بۇلاق سۈيىنى قانغۇچە ئىچەتتى ۋە بۇلاق ئەتراپىدا ئۇتلاپ تويۇنۇپ
سەكرىشىپ يۈرگەن ئوغلاقلار بىلەن يۈگۈنۈۋېلىپ، يەرگە قوللى-
رىنى تىرەجەپ تۇرۇپ ئۈسۈشۈپ ئوينايتتى.

كۈز ئايلىرىنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرىدە بۇ يەر تازىمۇ قىزىپ
كېتەتتى، سازەندە ۋە ناخشىچى ياشلار بۇ يەرگە دۇتار، تەمبۇر،
داپلارنى ئەكېلىشىپ تا تۈن نىسپىگىچە ساز چېلىشىپ، ناخشا
ئېيتىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. مۇنداق چاغلاردا لۇتۇن ئۇلارنىڭ ئا-
رىسىغا كىرىۋېلىپ، تولىمۇ ئىشتىياق بىلەن بېرىلىپ ناخشا
تىڭشاپ ئولتۇراتتى، قىش كۈنلىرى بولسا قېلىن مۇز ئۈستىدە
چانا ۋە كانكى تېيىلىپ ئوينايتتى.

ئوقۇش يېشىغا توشۇپ قالغان لۇتۇن ئەمدى تېخىمۇ ئوماق
بولۇپ كەتتى. ئاتا - ئانا بۇ ئارزۇلۇق ئوغلىنى مەكتەپكە بېرىپ،
ئىلىم - مەرىپەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئارزۇسى بىلەن ياناتـ-
تى، شۇڭا ئۇلار ئوقۇش باشلىنىشتىن خېلى ئىلگىرىلا ئوغلىنىڭ
غېمىنى يەپ، ئۇنىڭغا يېڭىدىن كىمناستۇركا، دوپپا، پۇتىغا
شىبلىت ئېلىپ تەييارلاپ قويغان، قەلەم - دەپتەرلەرنىمۇ تەقلەپ
ساندۇققا سېلىپ قويغانىدى.

× ×

مانا بۇ يىل ئۇنىڭ مەكتەپكە كىرىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلگە-
نىدى. ئۇ قىش - قىشىغا پاتماي، مەھەللىدىكى بىر دېھەت ئاداش-
لىرىنىمۇ مەكتەپكە دالاۋەت قىلاتتى. ئاۋغۇستىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا

بىر كۈنى ئۇ بوستانلىقتا ئويناپ يۈرگەن قۇرداشلىرىنى باشلىدى - دە، قاش دەرياسى تەرەپكە قاراپ چېپىشىپ كېتىشتى.

— مەن مەكتەپكە بارىمەن، سىلەرچۇ؟ — لۈتۈن بوستانلىقتا كېتىۋېتىپ ئاداشلىرىدىن سورىدى. ئۇنىڭ ئاداشلىرى «بىزمۇ بارىمىز!» دەپ تەڭلا جاۋاب بېرىشتى.

لۈتۈننىڭ ئاداشلىرى ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى، مانا ئەمدى ئۇلار مەكتەپكىمۇ بىرگە بارىدىغان بولۇشتى. بۇ نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك - ھە!

بالىلار مەكتەپ توغرىسىدا ئۇزۇنغىچە پاراڭ سېلىشىپ مېڭىپ، قاش دەرياسىغا بېرىپ قېلىشقىنىنى تۇيماي قېلىشقاندى.

دەريا بويىدا توپ - توپ ئوغۇل - قىز، قېرى - ياشلار قاش دەرياسىنىڭ ئۆركەشلەپ ئېقىشىنى تاماشا قىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. بالىلارمۇ دەريا سۈيىنىڭ ئېقىشىغا بىردەم زوقلىنىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، لۈتۈننىڭ باشچىلىقىدا دەريا بويىدىكى دۆڭلۈكلەرگە قونغان قاغىلارنى تاش ئېتىپ قوغلىغاچ، ھېلىقى ئىككى ياش ئوقۇتقۇچى تۇرغان دۆڭلۈك تەرەپكە كېلىشتى. ئۇلار دۆڭلۈكنىڭ ئالدى — ئاسان تەرىپى بىلەن ئەمەس، بەلكى كەينى — تىك تەرىپى بىلەن چىقىشماقچى، كۈچ - مادارلىرىنى سىنىشىپ باقماقچى بولۇشتى.

— كېلىڭلار! — دېدى لۈتۈن تىك يارغا ئەڭ ئالدى بىلەن ئېسىلىپ، لېكىن ئۇ تۇتقان قاغدالما يۇلۇنۇپ كېتىپ، ئوڭدىسىغا يىقىلىپ، ئوتلاقتا دومىلاپ چۈشتى. بالىلار پاراق - پاراق كۈلۈشتى ۋە تەرەپ - تەرەپتىن ئېتىلىپ كېلىپ دۆڭگە ياماشتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بويى ئېگىزرەك بىر بالا «ئەپچىل» ھەرىكەت بىلەن قېلىن ئوت - چۆپلەرنى قاماللاپ تۇتۇپ، تىك يار ئۈستىگە تېز چىقىپ كەتتى. ئۇ تۆۋەنگە قاراپ:

— ھە، قېنى چىقىڭلار، تېز - تېز، — دەپ ۋارقىرايتتى.



لۈتۈن دوغىلاق، سېمىز بولغاچقا، يۇقىرىغا چىقالماي ھە دېگەندىلا پەسكە دومىلاپ كېتەتتى. ئەنە، بالىلارنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچىسىمۇ ئاسان جاي تاللاپ چىقالىدى. ھېلىقى ئېگىز بويلۇق بالا شاڭخو قىلىپ كۈلەتتى ۋە:

— ھەي پور، قولۇڭنى ئەكەل، مەن تارتىۋالاي! — دەپ ۋارقىرايتتى. يۇقىرىغا چىقىۋالغان يەنە بىر بالا دۆڭنىڭ پەسرەك ۋە ئاسان يېرىنى كۆرسىتىپ:

— ھەي لۈتۈن! بۇ يەرگە كەل، مانا بۇ يەر ئاسان ئىكەن! — دەپ سۈرەن سېلىپ ۋارقىرايتتى، لېكىن لۈتۈن ئۆزى دەسلەپ ھەپىلەشكەن قىيىن تىك يار تۈۋىدىن زادى نېرى بارمىدى. ئۇ، كۈچىگەنسېرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ، بالىلار ئالدىدا لەت بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ، تىك يار بىلەن ئېلىشاتتى. لۈتۈن قەتئىي ئىرادىگە كەلدى - دە، ھېلىقى شاڭخوچى ئېگىز بويلۇق بالىغا قاراپ:

— ھىم! سېنىڭدىن قالسام قولىقىمنى كېسىۋېتىمەن! — دېدى - دە، يەنە كۆچەپ ياماشتى.

خېلىدىن بېرى بالىلارنىڭ ھەرىكىتىگە سەپسېلىپ قاراپ تۇرغان — جىلغىدا بىرقانچە قوي - ئۆچكىلەرنى بېقىۋاتقان ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى لۈتپۇللاغا:

— بوش كەلمە، شاكىچىك! «ئەردىن قالغان ئەر ئەمەس، دان بەرمىگەن يەر» دەپتىكەن، قېنى، قېنى - ھە! ھە! — دەپ يىراقتىن سۈرەن سالاتتى. لۈتۈن لېۋىنى مەھكەم چىشلەپ تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئاخىرى يار ئۈستىگە چىقتى - دە، قاقاقلاپ كۈلۈپ، «قانداق؟ ئاخىرى چىقتىممۇ؟» دېگەندەك قىلىپ بالىلارغا قاراپ قويدى.

— يارايسەن، ئەزىمەت! — دېدى بايىقى قويچى، — غەيرىتىڭ بار ئىكەن، «يولۋاس ئىزىدىن يانماس، يىگىت سۆزىدىن» دېگەن شۇ - دە، مانا!

بالىلار ئەنە شۇ دۆڭلۈكتە ئاللىقانداق خىياللار بىلەن بەند بولۇپ ئولتۇرغان ئىككى ئوقۇتقۇچىنى كۆرۈپ قالدى - دە، دەسلەپ ئۇلاردىن سەل ھېيىقىپ، كېيىن ۋاڭ - چۇڭسىز ئاستا مېڭىپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەينىدە تۇرۇشتى. كېيىن ھېچبىر تېڭىرقىماستىن ئوقۇتقۇچىلارغا ئۈنلۈك سالام بېرىپ، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان ھېلىقى بۇدرۇقچىنا ئاق يۈزلۈك بالا — مانا مۇشۇ لۇتۇن ئىدى.

— كىمنىڭ ئوغلىسەن، قوزام؟! — تارىخچى يىگىت ئورنىدىن قوپۇپ لۇتۇننىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ سورىدى.

— ھېزىم موللىنىڭ.

— ۋاي - ۋۇي، سەن لۇتۇن ئەمەسمۇ؟ بەللى، قارا سېنى، تونۇيالماي قالغىنىمىزنى ...

ھەر ئىككى ئوقۇتقۇچى بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشتى ۋە دەرھال بۇ يىل ئەتىيازدا ھېزىم موللامنىڭ ئۆيىدە بولۇپ ئۆتكەن سۈننەت تويىنى يادىغا ئېلىشتى. لۇتپۇللا تويغا يىغىلغانلار ئالدىدا تەمكىن تۇرۇپ، بىرقانچە قەدىمىي شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەن ۋە بىرقانچە خەلق ناخشىسىنى زوق - شوق بىلەن ئېيتىپ بەرگىنىدە، ئوغلىغا قاتتىق مەستلىكى كەلگەن ھېزىم موللامنىڭ ئۇنى كۆتۈرۈۋېلىپ، مەڭزىلىرىگە سۆيۈپ كەتكەنلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتى. شۇ تويغا يىغىلغانلارنىڭ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇمىغىنى يوق. شۇ چاغدا نۇرغۇن كىشىلەر: «بۇ بالىدا ئاجايىپ خىسلەت بار» دېيىشكەنىدى.

— نېمىشقا ماۋۇ ئالدىمىزدىكى ئاسان يەر بىلەن چىقماي يار تەرەپتىن چىقتىڭلار؟ — تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بالىلارغا تەكشى سەپسېلىپ تۇرۇپ سورىدى.

— ئەتەي ياماشقۇمىز كەلدى، — دېدى لۇتۇن چاقماقتەك جاۋاب بېرىپ.

— نېمىشقا؟



— كۈچ سىناپ.

— قايسىڭلار بالدۇر چىقتىڭلار؟

لۇتۇن ئوڭايسىزلىنىپ سەل قىزاردى - دە، دەرھال ئېگىز بويلۇق بالىغا قارىدى. ئېگىز بويلۇق بالا ھەممىگە تەكشى قاراپ بولۇپ، «مەن بولماي كىم بولاتتى» دېگەندەك قىلىپ ھىجايدى ۋە ئىشتىنىنى كۆتۈرۈپ قويدى.

— ئەڭ ئالدىدا سايىم چىقتى، — دېدى لۇتۇن راستچىللىق بىلەن.

— سەنچۇ؟

— مەن ... مەنمۇ بوش كەلمىدىم، ئاخىرى چىقتىم.

بالىلار لۇتۇننىڭ سۆزىدىن كۈلۈشتى. بۇ چاغدا لۇتۇننىڭ ئاغىنىلىرىدىن تۇردى دەرھال لۇتۇننى ماختاپ سۆز قىستۇردى:

— بىز ھەممىمىز جاپا تارتمايدىغان ئاسان يەرگە يۈگۈردۇق. لۇتۇن ئەڭ مۇشكۈل يەرنى تاللاپ چىقتى.

— يارايسەن، مەرد بالا.

رەسسام ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆزى لۇتۇنغا چۈشتى - دە، ئۇنى دەرھال تاش ئۈستىگە چىقىرىپ تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ رەسىمىنى سىزىپ چىقتى. ئاندىن بۇ رەسىمنى يەنە لۇتۇنغا بېرىپ:

— مانا بۇ سېنىڭ رەسىمىڭ، ساڭا مەندىن يادىكار بولۇپ قالسۇن، — دېدى.

لۇتپۇللا خۇشاللىق بىلەن رەسىمنى قولىغا ئېلىپ كۆزىنى ئۈزمەي قارىدى.

— قانداق، ساڭا ئوخشامدىكەن؟

— ھەئە، — لۇتۇن خۇشاللىقىدا رەسسام ئوقۇتقۇچىغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى ...

× ×

لۇتۇن تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن «بىرىنچى سېنتەبىر» مۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ، بۈگۈن خۇشاللىقىدا تاڭ سۈزۈلۈش بىلەنلا

ئورنىدىن تۇرۇۋالدى ـ دە، ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان كىيىم ـ كېچەكنى كىيدى ۋە ئاپىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— قارا، ئاپا، يارىشىپتىمۇ؟ — دېدى.

— بەكمۇ يارىشىپتۇ، قوزام، — دېدى ئانا لۇتۇنغا مەستلىكى كېلىپ ۋە ئوغلىنى باغرىغا ئالدى ـ دە، ئۇنىڭ ئوماق مەڭزىگە سۆيۈپ كەتتى.

لۇتۇن ئالدىراپ ناشتا قىلغاندىن كېيىن، ئاخشام تەييارلاپ قويغان دەپتەر ـ قەلەملىرىنى ئۇزۇن باغلىق سومكىسىغا رەتلىك سالدى ـ دە، بوينىغا ئېسىپ ئۇچقاندەك مەكتەپكە ماڭدى.

ئوقۇتقۇچى يېڭىدىن مەكتەپكە تىزىملاپ يىغقان بالىلارنى قاتار تىزىۋېلىپ، ئۇلارنى سىنىپقا ئەكىردى ۋە رەتلىك ئولتۇرغۇزدى. لۇتۇن ئوتتۇرىدىكى رەتنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئولتۇردى. ئوقۇتقۇچى پارتىلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەپتەر ـ قەلەم ۋە بوغچىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرمەكچى بولدى. لۇتۇن دەرھال بوغچىسىدىن دەپتەرلىرىنى چىقىرىپ، پارتىغا قاتار تىزىپ قويۇپ، ئوقۇتقۇچىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە:

مانا، مۇئەللىم، ھېسابقا ئىككى دەپتەر، ئانا تىلغا ئىككى، رەسىمگە بىر، — دەپ كۆرسىتىشكە باشلىدى.

مۇئەللىم ئۇنىڭ دەپتەرلىرىنى قاراشتۇردى. دەپتەرلىرىنىڭ ئۈستىدە — لۇتپۇللا ئانا تىلى، لۇتپۇللا ھېساب … دەپ يېزىقلىق تۇراتتى.

— بۇ خەتلەرنى كىم يازدى؟ — دەپ سورىدى مۇئەللىم لۇتۇندىن.

— مەن يازدىم، — دېدى ئۇ مۇئەللىمگە يېقىملىق قاراپ تۇرۇپ.

كۆز ئالدىدا ئوتتەك يېنىپ، دۈگىلەك قوي كۆزلىرىنى ئۆزىگە تىكىپ ئولتۇرغان بۇ كىچىككىنە بالىدىن مۇئەللىمنىڭ



كۆڭلى سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە ئۆز ۋۇجۇدىدا ئىسسىق بىر ئېقىمنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدى:

ئۇ ئۆزىمۇ ئۆسمۈر بولغان، مىڭلاپ ئۆسمۈرلەر بىلەن ئوقۇغان، لېكىن مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرى مۇنداق تېز ساۋاتلىق بولغان بالىنى ئاز ئاڭلىغان، ئاز ئۇچراتقانىدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئوقۇتقۇچى لۇتۇنغا قاراپ سوئال قويۇپ، — مەن ساڭا بىر جۈملە گەپ ئېيتىپ بېرىمەن، يازالامسەن؟

— يازىمەن، — دېدى لۇتۇن دەرھال تۇرگۇن جاۋاب بېرىپ.

ئوقۇتقۇچى دەرھال بىر قىسقا جۈملە ئېيتىپ بەردى. لۇتۇن قەلىمىنىڭ ئۇچىدىن چىڭ تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ، «مەن تىرىشىپ ئوقۇيمەن …» دېگەن بۇ قىسقا جۈملىنى تېزلاپ يېزىپ چىقىپ ئوقۇتقۇچىغا سۇندى. ئوقۇتقۇچى قەغەزنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ:

— ياخشى، ئاتاڭغا رەھمەت! — دېدى.

دەرس باشلاپ بىر ئاي ئۆتە ـ ئۆتمەي، ئۇ سىنىپتا تونۇلغان ئوقۇغۇچىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئېھتىياتچانلىقى ھەممە ئوقۇغۇچىلارغا نەمۇنە بولۇپ قالدى. ئۇ، ئۆگىنىشتە، شېئىر، ناخشا ۋە رەسىم دەرسلىرىدە تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. لۇتۇن دەرس تۈگەش بىلەن تەڭ ئۆيگە قايتقان ساۋاقداشلىرىنى قاتار تىزىۋېلىپ، ئۆزى كوماندا بېرىپ بالىلارغا تۆۋەندىكى مەكتەپ ناخشىسىنى ئۈنلۈك ئېيتقۇزۇپ ماڭاتتى ـ دە، بۇ كىچىك بازارنى چاڭ كەلتۈرەتتى.

مەكتەپ بىزنىڭ ئانىمىز،
مەكتەپ بىزنىڭ بېغىمىز!
ئوقۇپ بىلىم ئالىمىز،
ياشلىق ئوقۇش چېغىمىز!

ئۇ مەكتەپتىن ئۆيىگە قايتىپ بارغان مەلۇم بىر ئاخشىمى پانار يورۇقىدا ئولتۇرۇپ، ئىككى سائەت ھەپىلىشىپ «يايلاقتا تەگكەن بۆرىنى قامالىغان تەگرىتاغ بۈركۈتى» دېگەن مەزمۇندىكى بىر رەسىمنى سىزىپ چىقىپ، ئەتىسى رەسىم ئوقۇتقۇچىسىغا تەقدىم قىلدى. رەسىم ئوقۇتقۇچىسى بۇ رەسىمنى كۆرۈپ، لۇتۇننىڭ تالانتىغا ھەيران قالدى. رەسىمنى كۆرگەن باشقا ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۇنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ كەتتى. تارىخ ئوقۇتقۇچىسى لۇتۇننى ھەقىقەتەن تەگرىتاغ ئوغلى بولۇشقا مۇناسىپ، دەپ يۇقىرى باھالىغانىدى.



ئىككىنچى باب

# بىخ سۈرگەن تالانت

## 1

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن لۇتۇن خېلىلا بوي تارتىپ قالدى. ئۇنىڭ بىر جۈپ نۇرانە كۆزىدىن بىر خىل ئىشەنچ، غۇرۇر ۋە ئەقىل ـ ئىدراكىنىڭ چىرىغى پارلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان تەشنا قەلبىنى دەرۋەقە ئەمدى بۇ كىچىككىنە يۇرت قاندۇرالمايتتى. ئۇ، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئېگىز پەللىگە كۆتۈرۈلۈشنى ئارزۇ ـ ھەۋەس قىلاتتى. ئۇنىڭ خىيال قۇشى مەرىپەت ئەرشىدە قانات قېقىپ پەرۋاز قىلاتتى. ئاخىرى ئۇنىڭ قەدىردان ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى غۇلجىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە تۇرغۇزۇپ ئوقۇتماقچى بولدى.

8 ـ ئاينىڭ ئىللىق شامىلى ئەتراپقا خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان بىر كۈنى پېشىن مەھەلدە كىراكەش ياسىن تاران ئۈچ ئاتلىق ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېلىپ، ھىبزىم موللىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدى.

ئاخشامدىن بۇيان ئەھلىمەھەللە، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارەنلىرى بىلەن ۋىدالىشىپ ھارۋىنىڭ كېلىشىنى تەقەززا بولۇپ كۈتۈپ تۇرغان لۇتۇن ئۆزىنىڭ باغلىق كىتاب سومكىسىنى كۆتۈرۈپ چەبدەسلىك بىلەن ھارۋىغا سەكرەپ چىقتى ۋە كۆلۈمسىرىگەن قىياپەتتە ئاتا ـ ئانىسىغا، دوست ـ ئاغىنىلىرىگە

بىر - بىرلەپ قاراپ تۇراتتى. كىشىلەر توپى ھارۋا ئەتراپىنى قورشىۋېلىشقانىدى.

— مانا بۇ ئالبوم، — دېدى ئۇزاتقۇچىلار توپى ئىچىدىكى رەسىم ئوقۇتقۇچىسى، قولىدىكى بىر دانە قارا مۇقاۋىلىق ئالبومنى لۇتپۇنغا سۇنۇپ تۇرۇپ، — بۇ ساڭا مەندىن يادىكار، ئانا مەكتىپىڭنى ھەرگىز دىلىڭدىن چىقىرىپ قويما.

— رەھمەت، مۇئەللىم، — دېدى لۇتپۇن ئىككى قولىنى تەڭلا سوزۇپ، مۇئەللىمنىڭ قولىدىن ئالبومنى ئېلىپ، — دىلىمغا ئىلىم سالغان ئۇستازلىرىمنى يۈرىكىمدىن چىقارمايمەن!

يۈرەك پارىسىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، كۆڭلى يېرىم بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەلىكىخان ھەدىنىڭ كۆزىدىن ياش مونچاقلىرى تۆكۈلۈپ ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالغانىدى. ھېزىم موللا خوشلىشىپ:

— خەير خوش، بالام، خۇداغا ئامانەت، — دېدى.

— يول بولسۇن، لۇتپۇن! لۇتپۇن، خەير خوش!

ھېزىم موللا بىلەن مەلىكىخان خوشلىشىش سۆزى قىلىشى بىلەن تەڭ لۇتپۇننىڭ بىر دېمەتلىك دوستلىرى قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ خوشلاشتى. ياسىن تاران ۋاڭ - چۇڭ سادالىرى ئىچىدە ھارۋىسىنى ھەيدەپ ماڭدى، تاكى دوقمۇشتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتكۈچە ئۇزاتقۇچىلار توپى ھارۋىدىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي قارىشىپ قېلىشتى. لۇتپۇننىڭ ئاغىنىلىرى ھارۋا بىلەن تەڭ دېگۈدەك مېڭىپ مەھەللىنىڭ چېتىگىچە يۈگۈرۈشۈپ باردى. ناھىيە بازىرىنىڭ ئايىغىغا چىققاندىن كېيىن، غۇلجىغا بارىدىغان باشقا ئىككى كىشىمۇ ھارۋىغا چىقىشىۋالدى.

لۇتپۇن قاش دەرياسىغا يانداش ھارۋا يولىدا كېتىۋېتىپ، پات - پاتلا ئارقىسىغا قارايتتى. بارغانچە يىراقتا قېلىۋاتقان ئۆيىنى، ئاتا - ئانىسىنى، ئەل - ئاغىنىلىرىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئوتتەك قىزغىن بالىلىق چاغ-



لىرى خۇددى كىنو لېنتىسىدەك بىر - بىرلەپ ئۆتۈپ تۇراتتى، لېكىن ئۇنىڭ قەلبىدىكى جۇشقۇن ئىستەك باشقا ھەممە خىيالىنى بېسىپ چۈشەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ناھىيە بازىرىنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرى، دەل - دەرەخلىرى كۆزدىن غايىب بولدى. بىپايان ئېدىرلىق يولدا ئاتلار تەكشى كېتىۋاتاتتى. ناخشا ئېيتمىسا ئىچى پۇشۇپ تۇرالمايدىغان ياسىن تاران ئاۋۋال سادىر پالۋان ناخشىلىرىنى، ئارقىدىن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، ئېدىر - دالىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى. ناخشا باشلىنىشى بىلەن خىيالى بۆلۈنگەن لۇتپۇن بىردىنلا زوقلىنىپ، ھارۋىكەشكە قوشۇلۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

جاپانى كىم تولا چەكسە،
گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن.
گۆھەرنى ئالغۇچە تاشتىن،
نى ئىشلار ئۆتەر باشتىن.
......

— داۋانغا كېلىپ قالدۇق، — دېدى ھارۋىكەش، — خاپا بولمايسىلەر، «تاشداۋان» خەتەرلىكرەك. ھارۋىدىن بىر دەم چۈشۈۋېلىپ ماڭساڭلار.

لۇتپۇن ھارۋىكەشنىڭ ئاغزىدىن گەپ چىقىپ بولغۇچە ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى - دە، داۋاننىڭ ئۈستىگە قاراپ پىيادە يۈگۈردى. قالغان ئىككى يولۇچىمۇ ھارۋىدىن چۈشۈپ پىيادە ماڭدى.

ھارۋا داۋاندىن ئېشىپ، تۈزلەڭ - بىخەتەر يولغا چىققاندا ئاللىقاچان گۇگۇم چۈشۈپ كەتكەنىدى، لۇتپۇن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، ياسىن تارانغا:

— ياسىن ئاكا، سىزنى نېمىشقا كىشىلەر «تاران» دېيىشىدۇ؟ — دەپ قىزىق بىر سوئال قويدى.

ھارۋىكەش لۇتۇنىڭ سوئالىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ئۇنىڭغا مېھرىلىك نەزەر سېلىپ تۇرۇپ:

— قارا، سېنىڭ كىچىك تۇرۇپ، چاڭ يەردىن چۈشكىنىڭنى، ئەقلىڭ جايىدىكەن، شاكىچىك، — دېدى.

لۇتۇنىڭ سوئالى ھارۋىكەشنىڭ خىيال كەپتىرىنى بىردىنلا يىراق تارىخ ساھىللىرىغا ئۇچۇرۇپ كەتتى. ئۆزىنىڭ ۋە ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قانلىق تارىخى بىلەن ئالاقىدار بولغان بۇ لەقەمنى ھازىر ئۇ، قايتا ئېسىگە ئالغاندا، بېشىدىكى سادىر پالۋان ئۇسخىسىدا چۈرۈسى پۈكمە تىكىلگەن ئاپئاق تارانچى قالپىقىنى قولىغا ئالدى - دە، مەغرۇرلانغان ۋە ھاياجانلانغان ھالدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— «تارانچى» سۆزى ئۆزۈن تارىخ بىلەن مەھكەم باغلانغان. ئۇنىڭدا قانلىق تارىخنىڭ تامغىسى بېسىقلىق، مۇنبەت ئىلى زېمىنىنى تالاشقان قانخور ھۆكۈمدارلار يەرلىك دېھقانلارنى قىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن، يەنە ئۇلارنى تويغۇزۇشقا يەر تېرىغۇچى كېرەك بولۇپ، يۈز مىڭلىغان دېھقانلارنى ئالتە شەھەردىن مۇزداۋان ئارقىلىق ھەيدەپ كېلىپ، بۇ يەردە دېھقانچىلىق قىلدۇرغان. مەن ئەنە شۇ يەر تېرىغۇچىلار (تارانچىلار) نىڭ پۇشتى. سەنمۇ شۇ تارانچى دېگەنلەرنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى. ھۆكۈمدارلار كىشىلەرنى قۇل قىلىشنىلا بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قورسىقىنى بىز تويغۇزۇپ كەلگەن.

زۇلۇم - كۈلپەتنىڭ خىلمۇخىل ئەلەم سەرگۈزەشتىلىرىنى بېشىدىن كۆپ كەچۈرگەن، ئىلى دەريا ۋادىسىنىڭ ھەممىلا يېرىنى كېزىپ يۈرگەن ياسىن تاران خەلق تارىخىنىڭ ھەقىقىي گۇۋاھچىسى ئىدى. ئۇنىڭ ناخشىسى، ئۇنىڭ دەرد - ئەلەم بىلەن تولغان ھېكايىسى لۇتۇنى شۇنچىلىك جەلپ قىلىۋالدىكى، لۇتۇن



تاكى چوڭ ئۆتەڭ چولۇنقايغا بارغۇچىلىك ئۇخلىماي ئاڭلاپ ماڭدى. ياسىن تاران ئاخىرىدا:

— مەن مۇشۇ لەقەمنى بەك ياخشى كۆرىمەن، ئۇ مېنىڭ ئەسلى - ۋەسلىمنىڭ يادنامىسى، — دېدى.

لۇتۇنغا بۇ سۆز چوڭقۇر تەسىر قىلدى. مومىسىمۇ ئۇنىڭغا چوڭ بوۋىسىنىڭ ئۇچتۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىدىن ئىكەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ بەرگەن. تاغ بۇلبۇلى ياسىن تاران گاھىدا ناخشا ئېيتىپ، گاھىدا ئارىلاپ تارىخىي ھېكايىلەرنى سۆزلەپ ماڭاتتى.

ھارۋىكەش يانچۇقىنى كوچىلاپ، بىر ئورام كۆك تاماكا ئېلىپ، ئۇنى ئالدىرىماي ئوراپ تۇتاشتۇردى ۋە تاماكىنى شوراپ تۈگىتىپ بولغۇچە لام - جىم دېمەي ماڭدى. ئېگىزدىن پەسكە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان ئاتلار ئازادە، تەكشى كېتىپ باراتتى. تاماكىسىنى چېكىپ بولغاندىن كېيىن ھارۋىكەش يەنە سۆز باشلىدى:

— تاغلىقلارنىڭ «ئەل ئارىلىغان سىنچى، توقاي ئارىلىغان ئوۋچى» دېگەن ماقالى بار. ياش، نەۋقىران چېغىڭدا يۇرت ئارىلىساڭ كۆزۈڭ ئېچىلىدۇ، مەن ئىلىخودا ئاياغ باسمىغان يەر قالمىدى، كىچىك چېغىمدا ياشانغانلار «ئىلى ئالەم» دېسە تەكتىنى چۈشەنمەيتتىم، چوڭ بولۇپ ھەممىنى ئارىلاپ كۆرگىنىمدىن كېيىن ئاندىن چوڭلارنىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىنى بىلدىم ...

لۇتۇن دەرھال ئولتۇرغان ئورنىدىن قوزغىلىپ، ھارۋىكەشنىڭ بىقىنىغا يېقىن چاپلىشىپ ئولتۇردى - دە، ئۇنىڭ سۆزىگە زەن سېلىشقا باشلىدى.

— بىزنىڭ بۇ يۇرتنى، — دېدى ياسىن تاران پەخىرلىنىپ، — «ئىلى ئالەم» دېسە قىلچىمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ.

ياسىن تاران سۆزىنى قىزىق باشلاۋاتقان چاغدا ئېدىرلىقتىن چارۋا مال پادىلىرى يولنى كېسىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ھارۋا، چارۋىلارنىڭ جىقلىقىدىن ئىلگىرىلىيەلمەي ئىزىدىلا توختاپ قال-

دى. چارۋا ماللار خېلى بىر كەمدە ئاران ئۆتۈپ بولدى.
— ۋاي - ۋۇي، نېمىدېگەن كۆپ ...
لۇتۇن ھارۋا ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، يولنىڭ غەربىي
چېتىدىكى بىر ئېگىزلىك ئۈستىگە چىقتى. ئۇ، يولنى توغرا
كېسىپ ئۆتۈۋاتقان ماللارنىڭ سانىنى ئېلىپ كۆرمەكچى بولسا
كېرەك، لېكىن ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ سانىنى بىلىش قىيىن
بولغىنىدەك، ھازىر يولنى توغرا كېسىپ ئۆتۈۋاتقان بۇ چارۋىلار-
نىڭ سانىنى ئېلىشنىڭمۇ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە كۆزى يەتتى. ئۇ
ئېگىزلىكتە پارات قوبۇل قىلىۋاتقان كوماندىردەك ئىككى قولىنى
ئارقىسىغا گىرەلەشتۈرۈپ سېمىز يىلقىلارغا، كالا پادىلىرىغا،
ھېسابسىز قوزىچاقلارغا نەزەر سېلىپ، ئۇلارنىڭ كىشنەشلىرى،
مۆرەشلىرى، مەرەشلىرىنى تىڭشاپ، كۆڭلى سۆيۈنۈپ ھاياجانلى-
ناتتى.
— شاكىچىك!
ياسىن تارانىڭ قىچقىرىشى لۇتۇننىڭ دىققىتىنى بۇلۇۋەت-
تى. ئۇ چاققانلىق بىلەن ئېگىزلىكتىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ ھارۋىغا
چىقتى. ماللار ئۆتۈپ بولۇپ يول ئېچىلغاچقا، ھارۋا غۇلجا تامان
يەنە يولغا چۈشتى. ياسىن تاران بىر ئازدىن كېيىن لۇتۇنغا
قاراپ:
— ساناپ كۆردۈڭمۇ، قانچە ئىكەن؟ — دېدى.
— يۇلتۇزدەك مىغ - مىغ تۇرسا، — دېدى لۇتۇن، —
قانداقمۇ ساناپ بولغىلى بولسۇن.
— راست دېدىڭ. ئۇلارنىڭ سانىنى ئۆز ئىگىلىرىمۇ بىلەل-
مەيدۇ. «ئىلى ئالەم» دېگەن مانا شۇ. كىچىك چاغلىرىمدا غۇلجا
بازىرىغا سېتىش ئۈچۈن ئەتراپتىن ھەيدەپ كەلگەن ماللارنىڭ
كۆپلۈكىدىن بازار كوچىلىرى ئېتىلىپ قالاتتى. تاشلەپكە، گىر
بازىرىدا دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئاشلىقنىڭ تولىلىقىدىن ۋە ئەرزانلى-
قىدىن ھەيران بولاتتىم. ئىلى دەرياسىنىڭ ئەتراپىدىكى قارا



چىلان توپىلىق مۇنبەت يەر، شاۋقۇنلۇق قاش دەرياسى، كۈنەس
ۋە تېكەس دەريالىرىنىڭ سۇلىرى ئىلىغا تەڭدىشى يوق بايلىق ۋە
باياشاتلىق يارىتىپ بەرگەن. قاتار - قاتار تەگىرىتاغلىرىدىن،
سانسىز جىلغىلاردىن شارقىراپ ئېقىپ چۈشۈپ تۇرىدىغان كۆ-
مۈش سۇلارنىڭ ياناغىرلىرىدا ياۋا ئالما - ئۆرۈكلەر قىزغۇچ
شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي، ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. تاغلاردا ئۆسكەن
ھېسابسىز قارىغايلار، بىپايان يايلاقلاردىكى رەڭمۇرەڭ ئېچىلغان
تاغ گۈللىرى كۆزنى قاماشتۇرىدۇ، يايلاق گۈللىرى شېرىنىسىگە
پەرۋانە بولغان ھەسەل ھەرىلىرى مەخمەلدەك يېپىلغان چەكسىز
يايلاق ئۈستىدە غوڭغۇلداپ ئۇچۇشىدۇ، سۇ بويلىرىدا ئېغىرلىقى
بەش - ئالتە كىلوگرام كېلىدىغان سانسىز كۆك غازلار شېرىن
چۆپلەر ئارىسىدا ئەركىن يايراپ يۈرۈشىدۇ. كۆك غازنىڭ گۆشى
مەززىلىك، پەيلىرىدىن ماموق قىلىنىدۇ. مەن بۇ بايلىقلارنىڭ
ھەممىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ھەممە جاينى ئارىلاپ
بىلدىم. شۇڭا يايلاقلىرى رەڭدار، سۈيى مول، چارۋىغا باي،
ئاشلىق كانى بولغان بىزنىڭ ئىلىنى «ئىلىخو» دېيىشىدۇ.
راستتىن ئېيتقاندىمۇ بۇنىڭدەك جەننەت ماكان يەر يۈزىدە ئاز
تېپىلىدۇ.
ياسىن تارانىڭ تەسىرلىك تەسۋىرىي بايانلىرىدىن لۇتۇن
ھاياجانلىناتتى. ھارۋىكەشنىڭ تەبىئەت مەنزىرىسىنى جانلىق تەس-
ۋىرلەشلىرى كەلگۈسى شائىرنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئىلھام رىشتى-
نى تۇتاشتۇردى. لۇتۇن ھارۋىكەشنىڭ ئوبرازلىق سۆزلىرىدىن،
رىتىملىق ئوخشىتىشلىرىدىن ھەيران بولاتتى.
— شائىر ۋە رەسسام بولغان ئەزىمەتلەر، — دېدى يەنە
ياسىن تاران، — ئىلى ئالەمنى بىر قېتىم ئايلىنىپ كۆرسە
بولىدۇ.
كۈن غەربكە قىيسايغان چاغدا، ھارۋا غۇلجا شەھىرىگە —
گۈزەل مەدەنىيەت مەركىزىگە يېتىپ كىردى. لۇتۇن يۈرەك شاد-

لىقىنى باسالماي شەھەر كوچىلىرىغا ھاياجانلىنىپ قارايتتى، ئۆتۈشۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ تەقى - تۇرقىغا نەزەر سالاتتى، ئەتراپقا تويماي قارايتتى.

تارىختا «ئالمىلىق» نامى بىلەن شۆھرەت قازانغان، ئالتۇن تۇپرىقى بۇك - باراقسان تاللار ۋە باغۇ بوستانلار بىلەن پۈركىلىپ تۇرغان بۇ گۈزەل شەھەر كىشىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. شەھەرنىڭ پاكىز - رەتلىك كوچىلىرىدا قاتار قەد كۆتۈرگەن ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئالدى - ئارقا ھويلىلىرىدىكى ئالمىلىق باغچىلار شەھەرگە تېخىمۇ ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. ھەر دانىسى قوش مۇشتتەك يوغىناپ، قىزىرىپ پىشقان ئالمىلار كۆزنى چاقنىتاتتى. كۆز ئايلىرىدىكى مەمۇرچىلىق پەسلىدە رەڭدار ئالمىلىرىنى سېۋەتلىرىگە قاچىلاپ، كوچىلاردا كۆتۈرۈشۈپ، ئالما سېتىپ يۈرگەن بالىلارنىڭ شوخ ۋالڭ - چۇڭلىرى ئاشخانىلاردا ئېيتىلىۋاتقان ناخشا ئاۋازلىرىغا جور بولۇپ، ئاۋات كوچىلارغا ئاجايىپ جۇشقۇن ھايات بېغىشلايتتى، لېكىن ھەممىدىن مۇھىمى، ئۇ چاغلاردا بۇ گۈزەل شەھەر تەڭرىتاغ ئېتىكىدىكى باشقا ھەرقانداق شەھەرلەرگە قارىغاندا ئىلىم - مەرىپەت ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ داڭقى چىققانىدى. بۇ يەردە ئاتاقلىق بىلىم ئەھلىلىرى، يازغۇچىلار، شائىرلار، دراماتورگلار، مەشھۇر مۇزىكانتلار ۋە داڭلىق ناخشىچىلار پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. «مىللەتلەر كۇلۇبى»نى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان «دراما ئۆمىكى» — ئۇيغۇر دراما تىياتىرچىلىقى ۋە سانايىنەپىسە تارىخىنىڭ تۇنجى ئاساسىنى تىكلىگەنىدى.

مۇشۇنداق بىر يېڭى مەدەنىي مۇھىت لۇتۇننىڭ تېز يېتىلىشى، ئەقىل - ئىدراكىنىڭ كامال تېپىشى ۋە ياشلىق تالانتىنىڭ بىخ سۈرۈشىگە ماددىي ۋە مەنىۋى شەرت ھازىرلاپ قويغانىدى.

كەچ پېشىن مەھەلدە ھارۋا ھەرەمباغ كوچىسىغا ئايرىلىدىغان چوڭ كوچا دوقمۇشىغا كېلىپ توختىدى - دە، ياسىن تاران



دەرھال لۇتۇنغا بېشارەت قىلىپ:

— يېتىپ كەلدۇق، شاكىچىك ... ئەنە ئاۋۇ دوقمۇشتىكى دېرىزىلىرى كوچا تەرەپكە قاراپ تۇرغان ئۆي — ھەدەڭنىڭ ئۆيى بولىدۇ. خوش ئەمىسە، — دېدى.

لۇتۇن چاقچاقلىق بىلەن سومكىسىنى ئېلىپ، كىيىم - كېچەكنى قولتۇقلاپ ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى - دە، ھارۋىكەشكە تەبەسسۇم بىلەن قاراپ:

— ياسىن ئاكا، يۈرۈڭ ئۆيگە، چاي - پاي ئىچىپ دېمىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ، — دېدى.

— رەھمەت، ئۇكام، مەن ئاۋۋال سارايغا باراي، ئاتلارنى ئوتقا قويۇۋېتىپ، ئاندىن كېلەي.

— رەھمەت سىزگە، ياسىن ئاكا!

ياسىن تاران ئاتلىرىنى يەنە ئارقىغا قايتۇرۇپ، ھېلى كەلگەن كوچا بىلەن ساراي تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. لۇتۇن ھارۋىغا خېلى ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن ھەدىسىنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى.

## 2

لۇتۇن كوچىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى ياقىلاپ، بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ئايلانما دوقمۇشقا يېقىن — بىرىنچى نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئالدىدا توختىدى ۋە بىرئاز تۇرۇۋالدى. دەرۋازىنىڭ بىر قانىتى يېپىقلىق، بىر قانىتى ئوچۇق ئىدى. ھەجەربۇۋى قورۇسىغا كىرگەن توخۇلارنى قوغلاپ دەرۋازىنى نوكىدا ئىچىدىن ئېلىپ قويۇش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كېلىپ، دەرۋازىنىڭ سىرتىدا تۇرغان لۇتۇننى كۆردى ۋە ئېتىلغان پېتى دەرۋازا سىرتىغا چىقىپ لۇتۇننى قۇچاقلاپ، پېشانىسىگە سۆيۈپ كەتتى ھەم بىلىكىدىن تۇتۇپ ئۆيگە باشلاپ كىرىپ چاي بېرىپ،

ئۈز ۋىنغىچە مۇڭداشتى.

ھەجەربۇۋى ئاق سېمىز، ئۇستىخانلىق، ئارا بوي، مېھماندوست ئايال بولۇپ، ھال - ئوقىتى ياخشى، تۇرمۇشى باياشات ئىدى. دېرىزىلىرى كوچا تەرەپكە قارىتىلىپ سېلىنغان تۆت - بەش ئېغىزلىق ئۆيى، قورۇسىدا بىرقانچە تۈپ ئالما ئۆستۈرۈلگەن باغچىسى بار ئىدى. لېكىن بۇ ئۆيدە كىچىك بالا يوق ئىدى، شۇڭا لۇتۇننىڭ كېلىشى بۇ ئۆيگە خۇددى بەخت قۇشى ئۇچۇپ كەلگەندەك تۇيۇلدى - دە، ھەجەربۇۋى شۇ تاپتا كۆڭلىدە پەيدا بولغان خۇشاللىقنى باسالماي قالغانىدى:

— خويما ئوبدان كېلىپسەن، بالام، — دېدى ئۇ، ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ، — مانا قارا، ئۆيىمىز كەڭتاشا، يېتىش - قوپۇشۇڭ، كىتاب ئوقۇشۇڭ ئۈچۈن بىر ئېغىز ئازادە ھۇجرا راسلاپ بېرىمەن. كىيىم - كېچەك، خەج - خىراجەت، يېمەك - ئىچمەكتىن زادىلا غەم قىلمىغىن!

لۇتۇن ھەرەمباغقا كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى ھەجەربۇۋى ئۇنىڭ زېرىكىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى تاتار قوشنىسىنىڭ ئوغلى رىپقەتكە تونۇشتۇرۇپ قويدى. رىپقەت نوۋىگورتتىكى تاتار باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، لۇتۇن بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىدى. بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا بۇ ئىككى ئۆسمۈرنىڭ خۇلق - مىجەزى كېلىشىپ قالدى - دە، بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان دەرىجىدە ئىناق دوست بولۇشۇپ كېتىشتى. بۇنىڭدىن ھەجەر بۇۋىمۇ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرقى ھەپتىسىنىڭ بىر يەكشەنبە كۈنىسى سەھەردە لۇتۇن ھەدىسىدىن رۇخسەت سوراپ، رىپقەت بىلەن بىرلىكتە نوۋىگورت كوچىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن ماڭدى. ئۇلار ئۇچەرۋازىدىن ئۆتۈپ نوۋىگورت كوچىسىغا يېقىن بارغاندا، بىر توپ باللار گارمون، ئىسكىرىپكا چېلىشىپ، ئالدى تەرەپتىن چىقىپ كېلىشتى. بۇ باللار دەريا بويىغا سەيلىگە مېڭىشقانىكەن. ئۇلارنىڭ



كۆپچىلىكى تاتار باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ئوغۇل - قىزلار بولۇپ، رىپقەتنىڭ ساۋاقداشلىرى ئىدى. رىپقەت ئۇلار بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، گارمونچى تاتار قىز چېلىشنى توختىتىپ، رىپقەتكە:

— يۈر سەيلىگە، — دېدى.

— نەگە؟ — سورىدى رىپقەت.

— زاياكۇمغا، دەريا بويىغا...

رىپقەت تەتىلدە بولۇۋاتقان بۇ سەيلىدە لۇتۇننى ساۋاقداشلىرىغا تونۇشتۇرۇپ قويماقچى بولۇپ، سەپكە قوشۇلۇپ ماڭدى.

رەتلىك ۋە بوك - باراقسان تاللىق كوچىدا، ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىلەردە چوڭ بولغان نوۋىگورتلۇق بۇ ئوغۇل - قىزلارنىڭ كىيىنىشلىرى پاكىز، يۈز - كۆزلىرى سۈزۈك، مۇئامىلىسى خۇش چاقچاق ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى غۇلجا بويىچە مەدەنىيەتلىك باللار دەپ ھېسابلىشاتتى. ئۇلار بىلەن دەريا بويىغا بىرگە ھەمراھ بولۇپ كېتىۋاتقان لۇتۇن ئۆزىنىڭ كىيىم - كېچىكىنىڭ سەل چېنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىيۇ، لېكىن بىلىندۈرمەسكە سالاتتى. باللار ۋاڭ - چۇڭ، ناخشا - ساز سادالىرى ئىچىدە ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئىلى دەرياسى بويىدىكى مەشھۇر سەيلە ماكانى — زاياكۇمغا يېتىپ باردى. باللار دەريا بويىدا بوتكا قۇرۇپ ھەسەلچىلىك ۋە بېلىقچىلىق قىلىدىغان بىر سېرىق ساقال رۇسنىڭ باققان غازلىرىنى، ھەسەل ساندۇقىنى، بېلىق تورلىرىنى كۆرۈشتى. بىر ئازدىن كېيىن بېلىقچى تورلىرىنى كۆتۈرۈپ دەريا بويىغا ماڭدى. باللارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىرگە باردى. بېلىقچى بىرەر سائەت ئۆتەر - ئۆتمەستىن ئىككى چوڭ سېۋەت بېلىق سۈزۈۋالدى. بېلىقچى سۈزۈشنى توختاتقاندىن كېيىن باللار زاياكۇمدىكى چىمەنلىك ئۈستىگە كېلىپ، ساز - مۇزىكا بىلەن جىر ئېيتىشقا كىرىشىپ كەتتى. لۇتۇن ياشانغان بېلىقچىغا

ياردەملىشىپ، يېلىق قاچىلانغان سېۋەتلەرنى بوتكا يېنىغا ئاپىرىشىپ بەردى. ئۇ، مۇشۇ ئەسنادا ئىلى دەريا ساھىللىرىنى، بۇ ئەزىم دەريا سۈيىنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشلىرىنى خېلى ئۇزۇن كۆزەتتى.

لۇتۇننىڭ دەرياغا نەزەر تاشلاپ تۇرۇۋاتقىنىدىن پايدىلىنىپ، ئىسكىرىپكىچى بالا شاخخو قىلىپ، رىپقەتكە:

— ئاۋۇ سەھرالىقنى نەدىن تېپىۋالدىڭ؟ — دېدى.

— ئاغزىڭنى يۇم، — دېدى رىپقەت ئىسكىرىپكىچىغا، — بۇ سۆزۈڭگە كېيىن ئۆزۈڭ خىجىل بولۇپ، باش كۆتۈرەلمەي قالىسەن، ئۇ، چوقۇم بىزنىڭ سىنىپتا ئوقۇيدۇ. ئۇ شېئىر يازالايدىكەن، رەسىم سىزالايدىكەن، نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىدىكەن، سەن ئۇنى كەمسىتكۈچى بولما...

ئىسكىرىپكىچى بالا دەريا بويىدىن قايتىپ كېلىۋاتقان لۇتۇنغا بىر قارىۋېلىپ، ئارقىدىن رىپقەتكە جاۋابەن:

— مۇنداق دېگىنە تېخى! — دېدى.

— ھە، شۇنداق، كېيىن ناماقۇل بولۇپ قالىسەن، شۇڭا غىرت قىسىۋال.

لۇتۇن ئۇنىڭغىچىلىك بالىلارنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. رىپقەت ھېلىلا ئىسكىرىپكىچى بالىغا دېگەن سۆزىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يانچۇقىدىن بىر پارچە ئاق قەغەز ۋە قېرىنداشنى چىقىرىپ، لۇتۇننىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى ۋە قەغەز ـ قەلەمنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ بولۇپ، كۆپچىلىك ئالدىدا ئويۇن نومۇرى ئېلان قىلدى:

— ھازىر ھەممىمىز ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىمىز، يېڭى دوستىمىز لۇتۇن بىزنىڭ رەسىمىمىزنى ۋە دەريا بويى مەنزىرىسىنى سىزىپ چىقىدۇ، قېنى ھەممىمىز رەتلىك تىزىلايلى.

گارمونچى قىز بىلەن ئىسكىرىپكىچى بالا ئوتتۇرىدا تۇرۇپ چېلىشقا باشلىدى، ئۇن نەچچە ئوغۇل ـ قىز ئوقۇغۇچىلار شوخ-



لۇق بىلەن ناخشا ئېيتىپ، سازغا ھەمجور بولدى. زاياكوم سەيلىسى ئوتتەك قىزىپ كەتتى. لۇتۇن ئۇلاردىن بەش قەدەمچە نېرىدا بالىلارغا يۈزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇلارنى سىزىشقا باشلىدى.

ئۇ، ئالدى بىلەن گارمونچى قىز بىلەن ئىسكىرىپكىچى بالىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تاللاپ، تاتار قىزىنىڭ سالقىن، مەيىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان ئالتۇندەك قىزغۇچ ماڭلاي چېچىنى، ھاۋا رەڭ كۆزىنى، قان يۈگۈرۈپ تۇرىدىغان ئاق، يۇمىلاق يۈزىنى، گارمون بېسىپ تۇرغان ئىنچىكە ئەۋرىشىم بارماقلىرىنى، ياقىسى كەشتىلەنگەن قىسقا يەڭلىك كوپتا ۋە تىزىنى سەللا بېسىپ تۇرىدىغان گۈللۈك يوپكىسىنى چىرايلىق ۋە ئېنىق سىزىپ چىقتى. باشقا بالىلارنىمۇ مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇپ سىزدى. تەبىئەت مەنزىرىسىگە — ئۇ ئەڭ يىراق جەنۇبتا سۈس كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كونگوس تېغى بىلەن شەرقىي شىمال تەرەپتىكى ئابرال تېغىنى ۋە ئۇلاردىن يىراقتىكى ئېگىز قارلىق چوققىلارنى، ئىلى دەرياسىغا قوشۇلىدىغان شاۋقۇنلۇق قاش دەرياسى بىلەن كۈنەس، تېكەس دەريالىرىنىڭ يولىنى، ئاخىرىدا ھەيۋەتلىك قېرىنداش بىلەن قارا سىزىۋېلىپ، ئارقىدىن ئۆزىنىڭ يانچۇقىدىن ئاجراتماي بىللە ئېلىپ يۈرىدىغان قىزىل ـ كۆكۈچ رەڭلىك قېرىندىشى بىلەن رەسىمگە مۇناسىپ رەڭ بەردى.

— مانا ... — دېدى ئۇ، سازنىڭ توختىشى بىلەن تەڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ رەسىمنى رىپقەتكە سۇندى. بالىلار چۇرۇدەپ رەسىمنى كۆرۈشكە باشلىدى.

— كېلىشىپتۇ، كېلىشىپتۇ، ئۇستا ئىكەن!

قىزلار چۇرۇۋقلىشىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن لۇتۇننى ماختاشتى، ئىسكىرىپچى بالىمۇ ئىسكىرىپكا ئويناۋاتقان قىياپىتىنىڭ كاملاشتۇرۇلغىنىغا رازى بولدى، لېكىن باشقا بىر ئوغۇل بالا لۇتۇننىڭ قېشىغا كېلىپ:

— قولۇڭدىن خېلى ئىش كېلىدىكەن، سەھرالىق

ئاداش! — دېدى مەسخىرە تەلەپپۇزى بىلەن شاڭخو قىلىپ.
شاڭخوچىنىڭ سۆزى ئېغىزىدىن ئەمدىلا چىقىشىغا گارمونچى قىز ئۇنى جىملەپ قويدى. لۈتۈنمۇ بوش كەلمىدى، ئۇ، تەمكىن تەلەپپۇز بىلەن شاڭخوچى بالىغا:
— ئىلى دەرياسى تاغ سەھرالىرىدىن ئېقىپ كەلگەن. ئىلى دەرياسى بويىدىكى مەدەنىيەتنىڭ قان تومۇرى ئەنە شۇ سىز دېگەن سەھرادا؛ سىز، بىزنىڭ بوۋىلىرىمىزمۇ سەھرادا ھايات باشلىغان. مانا قارالڭ، مېنىڭ سىزىپ چىققان رەسىمىمگە، — دەپ جاۋاب بەردى.
لۈتۈن ئۆزى سىزىپ چىققان رەسىمنىڭ تەبىئەت مەنزىرىسىنى، ئىلى دەرياسىنىڭ باش تارماقلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى. شاڭخو قىلغان بالا ۋىللىدە قىزىرىپ، غىپپىدە بالىلارنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. ئۇ، غۇلجىنىڭ نوۋىگورت كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ھاللىق ئائىلىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغىنى ئۈچۈنمۇ، ئىنتايىن ھاكاۋۇر ئىدى. كىچىكىدىن مۇنازىرىدىن باش تارتمايدىغان لۈتۈن بۇ مۇنازىرىدە ئۇتۇپ چىقىشقا قارار قىلدى-دە، ئاچچىق، تەنە بىلەن:
— نوۋىگورتنىڭ ئاستى-ئۈستى ئاختايلىق ئۆيلىرىنىڭ ياغاچ تاختايلىرى كۆنەس-تېكەس تاغلىرىدىن كەلگەن، سىلەر يەيدىغان شېرىن ھەسەللەرمۇ يېزا-سەھرالاردىن كەلگەن، يەيدىغان گۆشلىرىڭلار يايلاقتىكى قويلىرىمىز، كۆك غازلىرىمىزدىن كەلگەن، ماموق ياستۇقلىرىڭلار غازلىرىمىزنىڭ ماموق پەيلىرىدىن كەلگەن، سارجا كىيىمىڭلار قوي يۇڭلىرىمىزدىن، ئاپئاق ئۇنلىرىڭلار بىنەملىرىمىزدىن، ئىچىۋاتقان قايماق-سۈتلىرىڭلار بىزنىڭ سىيىرلىرىمىزدىن، — دەپ رەددىيە بېرىشكە باشلىدى.
لۈتۈننىڭ ئېغىزىدىن تەسۋىدەك تىزىلىپ چىقىۋاتقان سۆزلەرنى ئاڭلاۋاتقان «مەدەنىيەتلىك» ئوغۇل-قىزلار كۆزلىرىنى لۈتۈندىن ئۈزۈۋشمەي قاراپ قېلىشتى. شاڭخوچى بالا پۇشايمان



قىلىپ بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالغانىدى. گارمونچى تاتار قىز لۈتۈننىڭ چوڭقۇر پىكرىگە، زېھىن-پاراستىگە ۋە مۇنازىرە قابىلىيىتىگە ھەۋەسى كېلىپ، يۈرىكىدە ئوت يېنىپ كەتتى.
لۈتۈننىڭ سۆزى ئاياغلاشقاندا، بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئورىۋېلىشتى-دە، چاۋاك چېلىشىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاشتى. ئاخىرىدا گارمونچى قىز:
— سىز بىزنىڭ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشنى خالامسىز؟ — دېدى.
— ئەلۋەتتە خالايمەن، — دېدى لۈتۈن قىزغىن جاۋاب قايتۇرۇپ، — مەن سەھرادىن بىلىم ئېلىشقا، مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە كەلدىم.
بالىلارنىڭ ھەممىسى خۇشال بولۇشۇپ، «قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز!» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىشىپ كەتتى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي سەيلىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

## 3

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەنىدى، لۈتۈن تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن «بىرىنچى سىنتەبىر» يېتىپ كەلدى. ھەجەربۇۋى ئۇنى يېڭى كىيىم-كېچەك بىلەن كىيىندۈردى، سەھەردە سۈتلەپ چاي بەردى. لۈتۈن ئۆيىدىن ئەكەلگەن ئۇزۇن باغلىق قەدىناس سومكىسىغا دەپتەر-قەلەملىرىنى قاچىلاپ تەييارلىنىپ تۇراتتى.
— لۈتۈن! — دەرۋازىنىڭ سىرتىدىن رېپقەتنىڭ قىچقارغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ، سومكىسىنى بوينىغا تېزلا ئېسىپ، دەرۋازا سىرتىغا خۇددى پەرۋانىدەك ئۆزىنى ئاتتى-دە، رېپقەت بىلەن بىللە خۇشال ھالدا نوۋىگورتقا قاراپ كەتتى. ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتمايتتى. رەتلىك كوچىلار، شەرقتىن يېڭىلا كۆتۈرۈلگەن قىزىل قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرىغا چۆمۈلگەنىدى. ئىككى

دوست قىزغىن پاراڭ بىلەن نوۋەنگورتتىكى تاتار باشلانغۇچ مەكتەپكە يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلمەي قېلىشتى.

— لۈتۈن!

مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان بىر قىزنىڭ يېقىملىق ئاۋازى بىردىنلا لۈتۈننىڭ دىققىتىنى تارتتى، لۈتۈن دەرھال قىزغا قارىدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن ئىلى دەرياسى بويىدا سەيلىدە بىللە بولغان گارمونچى قىز شەۋقىيە ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى نوۋەنگورتتا نوپۇزلۇق، مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولۇپ، جامائەت بۇ كىشىنى غەينۇللا ئەۋزى دەپ ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇنىڭ كەڭتاشا ئۆيلىرى، خۇسۇسىي كۈتۈپخانىسى بار ئىدى. غەينۇللا ئەۋزىنىڭ ئارزۇلۇق ئىككى قىزى بولۇپ، چوڭ قىزى مەرپۇغە مۇشۇ تاتار مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى ئىدى. شەۋقىيە ھەدىسىگە لۈتۈننى سىرتتىدىن تونۇشتۇرۇپ، ئۆزى ئوقۇتقان سىنىپقا ئېلىشنى تەۋسىيە قىلىپ، مەرپۇغەنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ بولغانىدى. مەرپۇغە بولسا ئۈچىنچى سىنىپنىڭ مەسئۇلى ۋە تىل ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، شەۋقىيەمۇ مۇشۇ سىنىپتا ئىدى.

— يۈرۈڭ، بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇيمىز.

شەۋقىيە دەرھال لۈتۈننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلغان پېتى ئۈچىنچى سىنىپقا باشلاپ كىردى. رېقەتمۇ لۈتۈن بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرۇش تەمەسىدە بولغانىدى، لېكىن شەۋقىيە چاققان كېلىپ ئۇنى تارتىۋالدى. رېقەت ۋىللىدە قىزىرىپ، ئارتۇقچە گەپ قىلالماي قالدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي بىرىنچى سائەتلىك دەرسكە زىل چېلىندى ۋە سىنىپقا مۇئەللىمە مەرپۇغە كىرىپ كەلدى.

مەرپۇغە ئاق يۈز، سېرىق چاچ، غۇنچە بوي، كەشتىلەنگەن ئاق كۆيتىسى ئۈستىگە پاختەك توكى رەڭگىدە ئايالچە كاستۇم ۋە يوپكا كىيىۋالغان، ئوچۇق چىراي خانىم ئىدى.



ئۇ، چاققانلىق بىلەن دەرس مۇنبىرىگە چىقىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا بەرگەن ئېھتىرامىغا جاۋابەن ھۆرمەت بىلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، قولىدىكى تىزىملىك دەپتىرىنى ئاچتى. ئارقىدىن سىڭلىسى شەۋقىيە بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرغان يېڭى ئوقۇغۇچى لۈتۈنغا نەزەر تاشلىدى-دە، لۈتۈننىڭ ئىسىم-فامىلىسىنى تىزىملاش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن:

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى.

لۈتۈن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— لۈتپۇللا، — دەپ جاۋاب بەردى.

— فامىلىڭىزچۇ؟

— تارانچى.

ئوقۇغۇچىلار لۈتۈننىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپلا پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. مۇئەللىمە ئۆزىنى بېسىپ كۈلمەسكە ئۇرۇنۇپ كۆرسىمۇ، لېكىن بۇ قىزىقارلىق جاۋاب ئۇنىمۇ ئىختىيارسىز كۈلدۈرىۋەتتى، بىر ھازادىن كېيىن ئۇ، تەسلىكتە ئۆزىنى توختىتىپ:

— ياق، بوۋىڭىزنى سوراۋاتىمەن؟ — دەپ قايتا سورىدى.

— ئاقسۇ ئۈچتۇرپاندىن چىققان ئىسيانچى.

لۈتۈننىڭ كېيىنكى جاۋابىدىن سىنىپتا يەنە كۈلكە سادالىرى ياڭراپ كەتتى. لۈتۈن بولسا غېمىدە يوق مۇئەللىمەنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ، ياسىن تاران ۋە مومىسى سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەرنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇۋالغىنى ئۈچۈن ئۆز جاۋابىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىپ، سىنىپتا پەيدا بولغان كۈلكىگە پىسەنت قىلماي تىك تۇراتتى.

ئاخىرى مۇئەللىمە ئۆز سوئالى بىلەن لۈتۈننىڭ جاۋابى ئوتتۇرىسىدا ئوقۇشالماسلىق بولغانلىقىنى ھېس قىلدى-دە، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ:

— ئاتىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ھېزىم.

— ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى نېمە؟

— مۇتەللىپ.

مۇئەللىمە تىزىم دەپتىرىگە «لۇتپۇللا مۇتەللىپ» دەپ يازدى، ئارقىدىن يېشىنى سوراپ پۈتتۈۋالدى. شۇ سائەتتىن ئېتىبارەن لۇتۇن نامىلىق ئەركىلەتمە ئىسمىنىڭ ئورنىغا لۇتپۇللا مۇتەللىپ دېگەن ئىسىم مەكتەپ باللىرى ئارىسىدا رەسمىي ئۆزلىشىپ كەتتى.

لۇتپۇللا ئۇزۇن ئۆتمەيلا سىنىپتا ئەڭ پائالىيەتچان ۋە ئىقتىدارلىق ئوقۇغۇچى بولۇپ تونۇلۇپ، ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ دىققىتىنى ۋە ھۆرمىتىنى قوزغىدى. ئۇنىڭ تىل، رەسىم ۋە باشقا جەھەتتىكى تالانتى باشقا ئوقۇغۇچىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. شەۋقىيە ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ، دادىسى غەينۇللا ئەۋزىگە تونۇشتۇرۇپ قويغان كۈندىن باشلاپ، ئۇ، بىلىملىك غەينۇللا ئەۋزىدىن تۈرلۈك ساۋاتلارغا ئىگە بولۇپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇ مەكتەپ مەيدانلىرىدا ساۋاقداشلىرىنى ئەتراپىغا توپلىۋېلىپ پات - پاتلا ئۇمۇمىي ساۋاتتىن لېكسىيە سۆزلەيتتى. ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ سۆزىنى، قىزىق ھېكايىلىرىنى، ئالىملارنىڭ تەرجىمىھالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلاپ ھەيران بولۇشاتتى.

كېيىنكى ئوقۇش مەۋسۇمىدىكى بىر قېتىملىق تىل دەرسىدە مۇئەللىم مەرپۇئە دوسكىغا تاتار شائىرى ئابدۇللا توقاينىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىنى يېزىپ، باللارغا تەھلىل قىلدۇردى:

## تۇغان تىل

ئى تۇغان تىل، ئى ماتۇر تىل — ئاتا - ئانامنىڭ تىلى،
دۇنيادا كۆپ نەرسە بىلدىم، سەن تۇغان تىل ئارقىلى.



ئەڭ ئىلىك بۇ تىل بىلەن ئانام بېشىمدا كۈيلىگەن
ئانتارى تۈنلەر بويى ئانام ھېكايەت سۆيلىگەن.

ئى تۇغان تىل، ھەر ۋاقىت ياردىمىڭ بىرلە سېنىڭ،
كىچىكىمدىن ئاڭلاشىلغان شادلىقىم، قايغۇم مېنىڭ...

ئوقۇتقۇچى دوسكىدىكى بۇ شېئىرنى ئاۋۋال ئوقۇغۇچىلارغا يازدۇردى، كېيىن ھەربىر بالىغا دېكلاماتسىيە قىلدۇردى، ئارقىدىن شېئىرنى يادقا ئوقۇپ، تەھلىل يۈرگۈزۈش ئۈچۈن بىر ئاز ۋاقىت بەردى. ۋاقىت توشقان ھامان ئوقۇتقۇچى دەرس مۇنبىرىدە تۇرۇپ:

— قېنى كىم يادقا ئوقۇپ، تەھلىل يۈرگۈزەلەيدۇ؟! — دەپ سورىدى.

ئوقۇغۇچىلار ئۈن - تىنسىز جىم بولۇپ كېتىشتى. ئوقۇتقۇچى يەنە سورىدى. ھېچكىم سادا چىقارمىدى. ئوقۇتقۇچى ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلىۋىدى، لۇتپۇللا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، شېئىرنى جاراڭلىق يادقا ئوقۇدى. سىنىپنىڭ ئىچىگە جان كىرگەندەك زىلزىلە پەيدا بولدى. لۇتپۇللا ئارقىدىن مىسرامۇمىسرا تەھلىل يۈرگۈزدى. ئۇ ئاتالغۇ ئۈستىدە ئەمەس، شېئىرنىڭ جان تومۇرىنى تۇتۇپ، «ئانا تىل»نىڭ ئۇلۇغلۇقىنى مەدھىيىلىدى. ئۇنىڭ جاراڭلىق ۋە مەنىگە باي سۆزلىرى ئوقۇتقۇچىنى ۋە بارلىق ساۋاقداشلىرىنى ھەيران قالدۇردى.

— يارايسىز، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، — دېدى مۇئەللىمە مەرپۇئە، — سىزنىڭ تەھلىلىڭىز تولۇق بولدى. مېنىڭ قوشۇمچە قىلىشىمغىمۇ ھاجەت قالمىدى.

باياتىن بېرى دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپ، بېشىنى پارتا ئاستىدىن كۆتۈرەلمەي، ئوقۇتقۇچىنىڭ سوئال سوراپ قېلىشى-

دىن يۈرىكى پوكۇلداپ تۇرغان ھېلىقى شاڭخوچى بالا ساۋاقدىشى لۇتپۇللانىڭ ئۆز ئۈن تەھلىل يۈرگۈزۈپ، سائەتنى توشقۇزۇۋېتكەنىدىن مەمنۇن بولدى - دە، ئىچىدە «سەھرالىقنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان» لىقىغا تەن بەردى.

## 4

غەينۇللا ئەۋزىنىڭ ياردىمى ۋە دالالىتى بىلەن 1936 - يىلى كۈزدە لۇتپۇللا بىلەن شەۋقىيە رۇس گىمنازىيىسىگە كىرىپ ئوقۇدى. بۇ مەكتەپتە ئۇ رۇس تىلى ئارقىلىق دۇنيا ئەدەبىياتىدىن بىلىم ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. قارارى ئۈچ يىللىق بۇ مەكتەپتە ئۇ، ھەمىشە ئەلا نەتىجە بىلەن ماڭدى، رۇس گىمنازىيىسى لۇتپۇللانىڭ نەزەر دائىرىسىنى كۆپ دەرىجىدە كېڭەيتتى، بىلىمى چوڭقۇرلاشتى. ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى لۇشۈن ئەسەرلىرى بىلەن ئۇ مۇشۇ مەكتەپتە رۇسچە كىتابلار ئارقىلىق تونۇشتى، لۇشۈننىڭ داڭلىق ئەسىرى «ئاكيۇنىڭ ھەقىقىي تەرجىمىھالى» بىلەن بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەن ئۇيغۇر شائىرى دەل لۇتپۇللا ئىدى. ئۇ، لۇشۈننىڭ ئىسيانكار، قەيسەر ئىرادىلىك روھىدىن چوڭقۇر ئىلھام ئالغانىدى.

ئۇ يەنە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى گىرىيازوفنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق رومانتىك شائىر بايرۇن[1] بىلەن ھەمدە بېلىنىسكىنىڭ[2] گوگولغا[3] يازغان مەشھۇر خېتى بىلەنمۇ چوڭقۇر تونۇشتى. ماياكوۋىسكىنىڭ[4] ئىنقىلابىي شېئىر ئۇسلۇبى ئۇنىڭغا ئۆرنەكلىك رول ئوينىدى، لېكىن ئۇ ياۋروپاچە مەكتەپتە ئوقۇغانلىقى بىلەن ئۆز خەلقىنى تاشلىۋەتمىدى. ئۇ ئۆز خەلقىدىن، ئۆز ئانا تىلىدىن

---

① ئالېكساندىر بايرۇن (1788 — 1824) — ئەنگلىيىنىڭ رومانتىك شائىرى.
② بېلىنىسكى (1811 — 1848) — رۇس تەنقىدچىسى.
③ نىكولاي گوگول (1809 — 1852) — رۇس يازغۇچىسى.
④ ماياكوۋىسكى (1893 — 1930) — رۇس شائىرى.



بىر مىنۇتمۇ ئايرىلمىدى.

گىمنازىيىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدىن باشلاپلا ئۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك تالانتى پورەكلەپ ئېچىلىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا روشەن نامايان بولغانىدى. شەۋقىيە ئۇنىڭدىن شېئىر يېزىشنى، رەسىم سىزىشنى ئۆگىنەتتى. لۇتپۇللا بولسا شەۋقىيەدىن گارمون ۋە ماندالىن چېلىشنى ئۆگەندى. ئىككى ياشنىڭ ھەۋەسى ۋە نەزەر دائىرىسى بارغانسېرى جەمئىيەتكە تارتىلغان چاغدا شەۋقىيە يەنە ئۇنىڭغا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى.

1938 - يىل 1 - ئاينىڭ ئاخىرقى شەنبە كۈنى لەپىلدەپ قار چۈشۈپ تۇراتتى. كەچقۇرۇن دەرستىن قايتقان مەھەلدە شەۋقىيە ھەرەمباغقا كەتمەك بولۇپ تۇرغان لۇتپۇللانىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— بۈگۈن بىزنىڭكىگە بارىمىز، — دېدى.

— ياق، بۈگۈن ھەدەمنىڭكىگە باراي، — دېدى لۇتپۇللا.

— ياق، دادام ئالاھىدە تاپشۇرغانىدى.

— قانداق، بۈگۈن زۆرۈر ئىش بارمىكىنە؟

— ھەئە.

— ئېيتىڭا، نېمە ئىش؟

— بىر شائىر كېلىپ، سىز بىلەن كۆرۈشىدىكەن.

لۇتپۇللا ئەمدى تارتىنىپ تۇرماي، شەۋقىيە بىلەن بىللە قىزغىن پاراڭلىشىپ غەينۇللا ئەۋزىنىڭكىگە قاراپ ماڭدى.

لۇتپۇللا ئۆينىڭ مېھمانخانىسىغا كىرگەندە غەينۇللا ئەۋزى بىلەن بىر كىشى پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ كىشى شائىر ئەنۋەر ناسىرى ئىكەن. غەينۇللا ئەۋزى ئىككىيلەننى تونۇشتۇردى. بۈگۈن ئۇلار تۈن نىسپىگىچە ئۇزۇن پاراڭلاشتى، ئۇلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن تارتىپ، شېئىرنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىگىچە، جۇڭگو ئەدەبىياتىدىن تاكى دۇنيا ئەدەبىياتىغىچە، لۇشۈننىڭ «ئاكيۇ» سىدىن بايرۇنغىچە ھەر خىل تېمىلاردا ئىل-

مىي سۆھبەت ئېلىپ باردى. لۇتپۇللانىڭ پىكىر - مەنتىقىسى، ئۆتكۈر زېھنىي ئىقتىدارى، كۆپ تەرەپلىمىلىك ساۋاتى ئەنۋەر ناسىرىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. بۇ سۆھبەت لۇتپۇللانىڭ ئىجتىمائىي سەھنىگە چىقىشىغا ئاساس سالدى. چۈنكى ئەنۋەر ناسىرى «ئىلى گېزىتى»نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە «مىللەتلەر كۇلۇبى»نىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ ئىككى جاي لۇتپۇللانىڭ بۇلبۇل بولۇپ سايرىشىغا، پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇشىغا ئىمكان يارىتىپ بېرىدىغان باغچە مەيدانى ئىدى. ئەمەلىيەتمۇ شۇنداق بولدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇ، دەرستىن بوشىغان ھامان «مىللەتلەر كۇلۇبى»غا بېرىپ كېچىلەپ گىرىم قىلىش، دېكوراتسىيە سىزىش، مۇزىكا ئۆگىنىش، «غېرىب - سەنەم» داستانلىرىنى، ناخشا - غەزەللەرنى ئۆگىنىش پائالىيىتىگە قىزغىن كىرىشىپ كەتتى. ئۇزۇنغا قالمايلا «ل. مۇتەللىپ» ئىمزاسى بىلەن يېزىلغان شېئىرلار كەڭ ئامما ئىچىدە داڭق چىقىرىشقا باشلىدى. گىمنازىيە ئوقۇغۇچىلىرى بولسا ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئۇنىڭ ھەربىر ئەسىرى «ئىلى گېزىتى»گە بېسىلغان ھامان ساۋاقداشلىرى ئۇنى مەكتەپ مەيدانىدا، توۋىنگورتىنىڭ كوچىلىرىدا قورشىۋېلىپ ماختىشاتتى.

شۇنداق قىلىپ نوۋىنگورتىنىڭ بايۋەچچىلىرى، شاڭخوچىلىرى ئۇنى بۇرۇن «سەھرالىق» دەپ قويغىنىغا خىجىل بولۇشۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تىل ياغلىمىچىلىق قىلىش ئۇسۇلىغا ئۆتتى.

— سىزنىڭ «كۆكلەم ئىشقى» دېگەن شېئىرىڭىز ئەجەبمۇ ياخشى يېزىلغان - ھە ...

— سىزنىڭ «مىللەتلەر كۇلۇبى» ئالدىغا سىزغان «غېرىب - سەنەم» رەسىمى زەپمۇ ئوبرازلىق بولغان - ھە...

— سىزنىڭ «ئىككى خەلق قوشىقى توغرىسىدا» دېگەن تەھلىلىي ماقالىڭىز، نېمىدېگەن چوڭقۇر - ھە ...



— سىز، ماڭىمۇ شېئىر يېزىشنى ئۆگىتىپ قويسىڭىز!

— سىز، بىزنىڭ مەدەنىي كوچىمىزنىڭ چولپىنى! بىزنىڭ نوۋرىگورتتىن چىققان بۇلبۇل!

بۇ «مەدەنىيە»لەرنىڭ بەزىسىنىڭ تېگىگە ئىچى قارىلىق، ھەسەتخورلۇق، پىتنە ئەڭگىز يوشۇرۇنغانلىقى ئۇزۇن ئۆتمەيلا سېزىلىپ قالدى.

«سەككىزىنچى مارت» كۈنى لۇتپۇللا ئۆزىنىڭ ساۋاقدىشى شەۋقىيەنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن چۈشكە يېقىن ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. شەۋقىيە بولسا دوكلاتتىن قايتىپ ئۆيگە كېلىۋاتقان پەيتتە، ئۇلار يول ئۈستىدە ئۇچرىشىپ قالدى. لۇتپۇللا تەبەسسۇم بىلەن شەۋقىيەگە:

— بايرىمىڭىزنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! — دېدى.

— كوچىدا، قۇپقۇرۇقلا تەبرىكلىگىنىڭىز ھېساب ئەمەس.

شەۋقىيە چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ، لۇتپۇللانى ئەتەي سۆزگە سالماقچى بولدى.

— ئەمىسە بىر جۈپ پەتنۇستا قىزىلگۈل كۆتۈرۈپ كېلەمدىمەن؟

— بولىدۇ، لېكىن گۈلىڭىزنىڭ يېنىدا ئۆسكەن تىكەن - ياپاقلارنى چاتنۇۋېتىپ كېلىڭ!

شەۋقىيە بۈگۈن بېشىغا زەر تۇتقان تاتارچە توبۇتەي، ئۇچىسىغا ھاۋا رەڭ كەمزۇل، پۇتىغا قىسقا قونچلۇق سېرىق توپلەي كىيگەن، ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرىدىغان ئىككى ئۆرۈمە چېچىغا قىزىل لېنتا باغلىۋالغانىدى.

ئۇنىڭ لۇتپۇللاغا دېگەن ھېلىقى گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىدى. ئۇ، بۇ گەپنى قىلغاندا چىرايىدا غەزەپلىك ئۆڭۈش پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلغان لۇتپۇللا ئۇنىڭغا سوئال قويۇپ:

— مېنىڭ سىزنى تەبرىكلەپ كۆتۈرۈپ كېلىدىغان قىزىلگۈلۈمنىڭ تىكىنى بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ — دېدى.

— قىزىلگۈلنىڭ تىكىنى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمسىز؟
— بۇ ماڭا يېڭى ۋە سىرلىق تېپىشماق.
— تېپىشماقنىڭ سىرىنى مەن يېشىپ بېرەي. بۈگۈن
سىزنى كەچلىك ۋېچېركىغا تەكلىپ قىلىمەن. ۋاقتىدا كېلىپ
بېرىڭ.

× ×

نوۋېگورتلۇق بىر ئۇچۇم كۆرەڭ بايۋەچچىلەر لۇتپۇللانىڭ
كۈندىن - كۈنگە يۈز تېپىۋاتقانلىقىنى ئىچى قارىلىق بىلەن كۆ-
رەلمەيتتى. لۇتپۇللا بىلەن شەۋقىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىلمىي
دوستلۇققا ئاستىرتىن بۇزغۇنچىلىق سىلىشقا ئۇرۇناتتى. ھە دې-
سىلا ئۇلارغا تۆھمەت چاپلاپ، مەكتەپ دائىرىلىرىگە چېقىشتۇراتـ-
تى. بۇمۇ ئىشقا ئاشمىغاندا، ئىچى يامان بىرى لۇتپۇللا ئۈستىـ-
دىن سىياسىي زىيانكەشلىك قىلىش يولىغا يۈزلەنگەنىدى. ئۇ
لۇتپۇللانىڭ «ئىككى خەلق قوشىقى توغرىسىدا»[1] سەرلەۋھىلىك
ئىلمىي ماقالىسىنى «ئالتە سىياسەتكە قارشى» دېگەن پىتنە -
پاساتنى توقۇپ چىقىرىشتىنمۇ باش تارتمىدى. لېكىن ئۇ، ساۋاق-
داشلار ئىچىدە «يانتاقۇپ» دېگەن نام ئېلىپ باش كۆتۈرەلمەس
بولۇپ قالغانىدى. يانتاقۇپ كېيىن ئاچچىقىغا پايلىماي ئىچىمـ-
لىككە بېرىلىدىغان بولدى. يەتتىنچى مارت ئاخشىمى ئاياللار
بايرىمـى ھارپىسـىدا، ئۇ ئۇچىسىغـا تۆمۈر كۆك رەڭلىك كاسـ-
تۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، بوينىغا توخۇڭ گالستۇك تاقاپ،
يانچۇقىغا بىر بوتۇلكا جۇن سېلىپ، كەيپ ھالدا شەۋقىيەنىڭ
ئىشىكى ئالدىغا كەلدى - دە، تىك تۇرۇشقا مادارى يوق، تايتاڭ-
لىغان پېتى ئىشىك ئالدىدىكى سۇۋادان تېرەك تۈۋىگە دومىلاپ

① شۇ چاغدا «ئىلى گېزىتى»گە بېسىلغان «گۈلۈم غۇنچە، گۈلۈم غۇنچە ...» ۋە «ئالتە قانا بىر بولۇپ، ئالدى قۇشۇمنى ئارىغا ...» دىن ئىبارەت خەلق قوشاقلىرى ئۈستىدە يېزىلغان ئىلمىي ماقالە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.



چۈشۈپ، ئۇزۇنغىچە ئورنىدىن تۇرالمىدى. كۈننىڭ نۇرى تەگ-
مەي ھېلىغىچە ئېرىپ بولالمىغان دەرەخ تۈۋىدىكى ئۇيۇل مۇز-
لۇققا قاتتىق ئۇرۇلۇپ، ئىنچىكە قوۋۇرغىسى ئېگىلىپ كەتكەن
يانتاقۇپ ئاغرىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. ئۇ، چىشىنى
چىشلەپ تۇرۇپ، دەرەخكە يۆلىنىپ قوپۇپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپ
كۆرسىمۇ قوپالمىدى. ئۇ نومۇس بىلەن ئاغرىق دەستىدىن قاتتىق
ئازابلىناتتى ۋە كۆك مۇز ئۈستىدە دومىلىنىپ ئىختىيارسىز
ئىڭرايتتى. يانتاقۇپنىڭ قىزلارنىڭ ۋېچېركىسىغا قاتنىشىشقا
ئۈلگۈرتۈپ ئالاھىدە بۇيرۇتۇپ تەييارلىغان ۋە بۈگۈنلا كىيىشكە
باشلىغان كاستۇم - بۇرۇلكىسى لايغا مىلىنىپ كاردىن چىقىپ
كەتتى. يولدىن ئۆتۈشۈۋاتقان ياش - يۈسەن باللار بۇ سەتچىلىك-
نى كۆرۈپ «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» قىلىشاتتى - دە،
بىرى ئىسقىرتىپ مازاق قىلسا، ئىككىنچى بىرى «ۋاي بىچارە
يانتاقۇپ!» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرايتتى. رەسۋاچىلىق بىردەمدىلا
نوۋېگورت ئىچىگە پۇر كەتتى. بەش - ئالتە بالا يانتاقۇپنى كۆتۈ-
رۈپ بىر قول ھارۋىسىغا بېسىپ ئۇدۇل دوختۇرخانىغا تاپشۇرۇپ
بەردى. «سەككىزىنچى مارت» كۈنى يانتاقۇپ بالنىستا ياتاتتى.
ئۇنىڭغا كەلگەن كېلىشمەسلىكنى لۇتپۇللا بۈگۈن شەۋقىيەدىن
ئاڭلىدى. بۈگۈن ئاخشاملىق ۋېچېركا يانتاقۇپ توغرىسىدىكى
شاڭخو بىلەن ئىنتايىن قىزىپ كەتتى. «يانتاقۇپ شاڭخوسى» —
كېيىنكى كۈنلەردىمۇ ئوغۇل - قىزلار ئولتۇرۇشىدىكى قىزىقچى-
لىق تېمىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغانىدى.
بۈگۈنكى ۋېچېركىدىن پايدىلىنىپ، لۇتپۇللا كۈتۈپخانىسىدا
يالغۇز ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتقان غەينۇللا ئەۋزى بىلەن كۆرۈ-
شۇش پۇرسىتىنىمۇ قولدىن بەرمىدى. غەينۇللا ئەۋزى مەقسەتلىك
ساقلاپ قويغان «ئىلى گېزىتى»نى دەرھال لۇتپۇللاغا كۆرسىتىپ
تۇرۇپ:
— بۇ ماقالىنى سىز يازدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەنۋەر ناسىرىنىڭ يارىدىمى بىلەن ...
— سىز بۇ يىل نەچچىگە كىردىڭىز؟
— سەل كەم ئون ئالتە ياشقا.
— بۇ ئىلھامنى نەدىن ئالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى غەينۇللا ئەۋزى كۈلۈپ تۇرۇپ.
— خەلقتىن، خەلق ناخشىسىدىن، روزى ئاكام تەمبۇرچىنىڭ ئاغزىدىن ئەنۋەر ئاكىنىڭ ئۆيىدە ئىككى قېتىم ئاڭلىغان تەمبۇرنىڭ ساداسىدىن.
— بارىكاللا! — دېدى غەينۇللا ئەۋزى، — ئىككى خەلق قوشىقى توغرىسىدا قىلىنغان بۇ تەھلىل ئىنتايىن جايىدا. ئون ئالتە ياشتا تۇرۇپ مۇشۇنداق چوققىغا يېرىپ يەتكەنلىكىڭىز ماڭا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئىلى دەريا ۋادىسىدىن چوقۇم يەنە ئالىم سەككاكى[1] ۋە موللا بىلال نازىمنىڭ ۋارىسلىرى يېتىشىپ چىقىدىغىنىغا ئىشەنچىم كامىل بولدى.
1939 - يىلى لۇتپۇللانىڭ گىمنازىيىدىكى ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنىڭ ئاخىرقى بىر يىلى ئىدى.
1 - ئاينىڭ قەھرىتان سوغۇق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ بىر توپ ساۋاقداشلىرى ئۇنى مەكتەپنىڭ تەنھەرىكەت مەيدانىدا ئارىغا ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن مۇنازىرە ئېلىپ باردى. لۇتپۇللا ساۋاقداشلىرىنىڭ سوئاللىرىغا قىزىق - قىزىق جاۋاب بېرىپ ئۇلارنى كۈلدۈرەتتى. ئۇ، بۈگۈن قولىغا بىر جۈپ كانكى ئېلىۋالغان، بېشىغا ماش رەڭلىك ئۈچقۇچى قۇلاقچىسى، ئۈچىسىغا ئۈچقۇچى كىيىمى كىيگەن بولۇپ، ساۋاقداشلىرىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ توختىماي سۆزلەيتتى.
— ئەزىرايى خۇدا، ھوي نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟
توپنىڭ ئىچىگە يېڭىلا كېلىپ قوشۇلغان شەۋقىيە دەسلەپ

[1] سەككاكى — ئەبۇ ياقۇپ ئابابەكرى سەككاكى (1160 — 1228) — ئىلى دەريا ۋادىسىدا ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان. چاغىتايغا ئىلمىي مەسلىھەتچى بولغان. «ئىلىملەر ئاچقۇچى» ناملىق چوڭ ئەسەرنىڭ ئاپتورى، مازىرى قورغاستا.



لۇتپۇللانىڭ كىملىكىنى پەرق ئېتەلمىدى، كېيىن لۇتپۇللا ئىكەنلىكىنى تونۇۋېلىپ، ھەيران بولۇپ سورىدى.
— مەن ھازىر ئۈچقۇچىمەن، ئۈچۈپ كەلدىم، يەنە ئۈچىمەن، — دېدى لۇتپۇللا كۈلۈپ تۇرۇپ.
ساۋاقداشلار ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىشتى.
— راستتىن ئۈچقۇچىلار مەكتىپىگە يېزىلدىڭمۇ؟
— راستتىنلا، — دېدى ئۇ يېنىدا تۇرۇپ سوئال قويغان ئوغۇل ساۋاقدىشىغا.
— يالغان، يالغان! — بالىلار تەڭلا چۇرقىراشتى.
— سىلەر تېخى ئۇيقۇدىمۇ؟ — دېدى لۇتپۇللا، — مەن ئاللىقاچان قىرغۇچى ئايروپىلاننىڭ ئۈچقۇچىسىمەن. مەن ئەمەلىي جەڭ مەيدانىغا بېرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سوقۇشقا قاتناشتىم. ئالدىنقى سەپتە ھازىر كۆرەش قىزىماقتا، مەن يەنە پات يېقىندا بۇ مۇقەددەس جەڭگە ئاتلىنىمەن!
ئوقۇغۇچىلار قىيا - چىيا كۆتۈرۈپ كۈلۈشۈپ، مەيداننى بىر ئالدى. ئارىدىن بىر ئوقۇغۇچى ئۈنلۈك ئاۋازدا:
— لۇتپۇللا «چۈشىنى سۆزلەۋاتىدۇ»، — دەپ ۋارقىرىدى.
— ياق، دوستۇم، ئالدىراپ كەتمە! بۇ ھەرگىز لاپ گەپ ئەمەس، بۇ، مەندىكى رومانتىك خىيالمۇ ئەمەس. مەن قەلەممۇ، ئەلەممۇ تۇتالايمەن، سۆز مەمەدانلىرى ھەقىقىي ئەر ھېسابلانمايدۇ. مەن يېقىندا، جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىك سەپ ئەزاسى، تارىخچى ئابدۇللا داۋۇتنىڭ شائىرىمىز ئەنۋەر ئاكىغا يازغان بىر پارچە خېتىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ، خېتىدە: ياپون فاشىستلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچراۋاتقان مەھكۇملارغا ياردەم قولىنى سۇنغان كىشى ھەقىقىي ئادالەتپەرۋەر بولالايدۇ، دەپ توغرا ئېيتقان. ھازىر فاشىستلارنىڭ زەمبىرەكلىرى ئېلىمىز يېزا - شەھەرلىرىنى بومباردىمان قىلماقتا، بىگۇناھ خەلقنى قىرماقتا،

خۇاڭخې، چاڭجياڭ دەريالىرىدا قانلار ئاقماقتا، شۇنىڭ ئۈچۈن فاشىزمغا قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىش ھەممىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس بۇرچى.

لۇتپۇللا بۈگۈن ئوقۇغۇچىلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك نۇتقى سۆزلەپ، ساۋاقداشلىرىنى چوڭ كۈرەشكە سەپەرۋەر قىلدى. ئۇ، بۇ خىل سەپەرۋەرلىكنى كوچا تەشۋىقاتلىرىدىمۇ نۇرغۇن قېتىم ئېلىپ باردى. ئوقۇغۇچىلار يېتىشتۈرۈش مەكتىپى ئۇنىڭ يېشىنى كىچىك كۆرۈپ، ئۇنى مەكتەپكە قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، ھازىر كىيىۋالغان بىر يۈرۈش كىيىمنى ئوقۇغۇچىلار مەكتىپى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىپ بەرگەنىدى.

ئۇرۇش پارتلاش بىلەن تەڭ، ئۇ قەلەم قورالىنى ئىشلىتىپ، فاشىزمغا قارشى نۇرغۇن ھەجۋىي رەسىملەرنى سىزىپ تارقاتتى. نۇرغۇن جەڭگىۋار شېئىرلارنى ئېلان قىلدى. باشقىلار بىلەن بىرلىكتە «ئۇچراشقاندا» ناملىق دراما يېزىپ چىقتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى يېزىلغان ئۇنىڭ بۇ تۇنجى دراممىسى شىنجاڭنىڭ كۆپ جايلىرىدا ئوينالدى. ئۇ، بولۇپمۇ شېئىرىيەت سەھنىسىدە كۆپ ئىجادىيەت ياراتتى. «ئىلى گېزىتى»دە كۈن ئارىلاپ دېگۈدەك ئۇنىڭ شېئىرلىرى بېسىلىپ تۇردى.

لۇتپۇللا تۈرلۈك تېمىلاردا ئىجاد قىلغان ئەسەرلىرىنى ئەنۋەر ناسىرىنىڭ تەھرىرلىكىدىن ئۆتكۈزۈپ، نابور سېخىغا ئۆز قولى بىلەن ئېلىپ باراتتى. نابور ئىشچىلىرى ئۇنى پات - پات كۆرۈپ تۇرمىسا كۆڭلى ئۇنىمايتتى. لۇتپۇللا سېخقا كىرگەن ھامان كۈلكە - چاقچاق قىزىپ كېتەتتى.

ماي ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا لۇتپۇللا تەھرىرلىكتىن چىققان بىرقانچە شېئىرىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئىنتايىن خۇشال كەيپىياتتا نابور سېخىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ سېخقا كىرىش بىلەن تەڭ تۆۋەندىكى بىر كۇپلېت قوشاقنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:



دوستلار بولۇڭلار تېز - تېز،
تاغدەك دۆۋە شېئىرىمىز.
يالقۇنلايدۇ ۋەتەنگە،
ئوتتەك بىزنىڭ مېھرىمىز.

قوشاقنى ئاڭلىغان ھامان پۈتۈن ئىشچىلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. راست دېگەندەك، بۈگۈن ئۇ سېخ ئىچىگە «كۆكلەم ئىشقى»، «چىمەن»، «چوڭ كۈرەش قوينىدا» ماۋزۇلۇق شېئىرلىرىنى تىزدۇرۇشقا ئەكەلگەنىدى.

# ئۈچىنچى باب

## قاينام ئۆركىشى

### 1

لۇتپۇللا 1939 - يىلى كۈزدە ئىلى گىمنازىيىسىنى پۈتتۈرۈپ، تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىم تەھسىل قىلىش ئارزۇسىدا ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئەينى زاماندا بوغدا ئېتىكىدە پارلىغان جۇشقۇن ھاياتلىق بىلىم - مەرىپەت سەھنىسىدە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزالىرى ئاساسلىق رول تۇتاتتى. بۇ يەردىكى دارىلفۇنۇن، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە يەنئەن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن مۇنەۋۋەر زىيالىيلار دەرس ئۆتەتتى. ئاتاقلىق «بەينەلمىلەل كۈتۈپخانىسى»دا تۈرلۈك كىتابلار، ئىنقىلابىي ئەسەرلەر تولۇپ تۇراتتى. گېزىت - ژۇرناللاردا، مەرىپەت مۇنبەرلىرىدە ئىلغار ئەدەبىيات - سەنئەت مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. لىن جىلۇ، ماۋدۇن قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئىنقىلابىي يازغۇچىلار پەلسەپە، يېڭى ئەدەبىيات ۋە يېڭى ئىدېيولوگىيىلىك ئارا تۇر - لېكتورلىرى ۋە رولچىلىرى ئىدى. يېڭى، ئىلغار ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تىغ ئۇچى دەل فاشىزمغا، فېئودالىزمغا ۋە جاھالەتكە قارىتىلاتتى. مانا شۇلار ئەينەن زامانىنىڭ مۇئەييەن ۋە روشەن دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ئىدى.

ئىجتىھاتلىق، تالانتلىق ياش لۇتپۇللا ئۈرۈمچىگە كەلگەن



كۈندىن باشلاپ بوغدا ئېتىكىدىكى مۇشۇ قايناق ھايات دېڭىزىدا دولقۇن يېرىپ ئۈزۈشكە، بوغدا چوققىسىدا چاقناپ تۇرغان چولپاندەك يورۇشقا باشلىدى. ئۇ، تەلكە داۋنىدىن ئېشىپ، ئۈرۈمچىگە كەلگۈچە، بوغدا تېغىغا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن يازغان «قىزىلگۈلگە پۈركەنگۈچە يەر - جاھان» سەرلەۋھىلىك شېئىرىنى كۆتۈرۈپ ئۈرۈمچىگە كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا چوڭ كۆۋرۈكتىكى «شىنجاڭ گېزىتخانىسى»غا باردى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ شېئىر گېزىت يۈزىدە ئېلان قىلىنىپ، ئامما ئىچىدە ئاجايىپ تەسىر قوزغىۋەتتى.

لۇتپۇللانى نابور سىبغ ئىشچىلىرى قىزغىن كۈتۈۋالغانىدى. بۇ كۈنى ئۇ سىبغ ئىشچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان شائىر ن. بوساقوف، «ئىلى گېزىتى» نابور سېخىدىن يېقىندىلا يۆتكىلىپ كەلگەن ئىشچى دوستى تۇردى ھوسۇيۇن بىلەن قىزغىن پاراڭلاشتى.

— ئىلىدىكى چېغىڭىزدىكىدەك يازماقچى بولۇۋاتامسەن؟

نابورچىك تۇردى ھوسۇيۇن دوستى لۇتپۇللا بىلەن بولغان سۆھبەتنى مۇشۇ سوئال ئارقىلىق باشلىدى.

— ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ، — دېدى لۇتپۇللا.

— بىراق، چەتنەك تەگمىسۇن، يەنە.

— سەن تىزىشتىنلا قورقمىسالىڭ، مەن چەتنەكتىن قورقمايمەن.

— ياتاقۇپىنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگىنىدىن خەۋەر تاپتىڭمۇ؟

— ئۇ نېمىشقا كېلىپتۇ؟ غۇلجىدا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنتىغۇ؟

— ئۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسىمۇ، خۇسۇسىيىتى يارايدىغان مەكتەپكە كېلىپتۇ.

— قېنى، قايسى مەكتەپ ئىكەن ئۇ؟

— «ساقچى ئەمەلدارلىرىنى تەربىيىلەش» مەكتىپىگە.

— بىر شوخا تىكەن، ئەسكى ياتاق بۇ يەرگىمۇ ئۈنۈپتۇ

دېگىنە؟

— شۇنداق، مېنىڭ ھېلى چەتنەك تەگمىسۇن دېگىنىم، ئەنە شۇ ياتتاقۇپنى كۆزدە تۇتقىنىم ئىدى.

— سەن نوۋگورتتىكى ياتتاقۇپ پاجىئەسىنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟

— ئاڭلىمايچۇ، ئۇنىڭ غەينۇللا ئەۋزى ئىشىكى ئالدىدا پاتقاقتا مىلىنىپ ياتقىنى پۈتۈن غۇلجىغا پۇر كەتمىدىمۇ.

— دېمەك، ياتتاقۇپنىڭ چۈشەر يېرى پاتقاق، ياتتاقتىن قورققان ئۇتۇنچى ھېسابلانمايدۇ. تىرتەك ئادەملەر ئاخىر مىخقا ئۇسۇۋالىدۇ. گۇمانخور كىشى ئازابتا خورايدۇ. پىتنىخور قارغىش تاپىدۇ. بۈگۈن مېنىڭ سىلەرگە ئەكەلگەن شېئىرىم «قىزىلگۈلگە پۈركەنگۈچە يەر - جاھان» سەرلەۋھىلىك شېئىر. يەر - جاھان قىزىلگۈلگە پۈركەنگەن چاغدا، ياتتاقۇپنىڭ تىكىنى كارغا كېلەمدۇ؟

— بىراق «كۆزگە ئىلىنمىغان پۇتقا چوماق» دېگەن خەلق ماقالى بار ئەمەسمۇ؟

ئىككى دوست ياتتاقۇپ ئۈستىدە قىزىق مۇنازىرە قىلىشىۋاتقاندا، ن. بوساقوۋ كىرىپ لۇتپۇللانى ئۆيگە چايغا تەكلىپ قىلدى - دە، ئۇچەيلەن بوساقوفنىڭكىگە كىرىپ، داستىخان ئۈستىدە يەنە ئۇزۇنغىچە سىرداشتى. كېيىنكى چاغلاردىمۇ ئۇلار قويۇق دوستانە مۇناسىۋەتتە ئۆتۈشتى.

ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە دەرس باشلانغان بىرىنچى كۈنىلا، لۇتپۇللا تارىخچى ئۇستازى ئابدۇللا داۋۇت بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ، ئۇستازىغا ئەنۋەر ناسىرى يازغان بىر پارچە سالام خەتنى تاپشۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق — مەڭگۈ ئايرىلماس ئىنقىلابىي دوستلۇققا ئايلىنىپ كەتتى. تارىخچى ئابدۇللا داۋۇت ئۆز ئوقۇغۇچىسىنىڭ جۈرئەتلىكلىكىدىن پەخىرلىنەتتى. ئۇنىڭ تالانتىغا يۇقىرى باھا بېرەتتى.



دەسلەپكى ئوقۇش يىلىدىلا لۇتپۇللا ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر شېئىرىيەت سەھنىسىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا ماڭدى. ئۇنىڭ ئاكتۇئال تېمىلاردا يازغان «ئازادلىق كۈيلىرى»، «باتۇر يىللار»، «توپ يېرىپ ئىزلار باسقاندا»، «لېنىن شۇنداق ئۆگەتكەن»، «يانار تاغلار»، «مۇھەببەت ۋە نەپرەت» قاتارلىق نۇرغۇن شېئىرىي ئەسەرلىرى خۇددى فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنى جاراڭلىتىۋەتتى. ئۇنىڭ شېئىرىي ئىلھامى قاينام بۇلاقتەك ئۇركەشلەپ تاشاتتى، شۇڭا ئۇ ئۆزىگە مۇناسىپ ھالدا «قاينام ئۇركىشى» نامىلىق تەخەللۇسنى قوبۇل قىلدى. كېيىنكى كۈنلەردىكى ئىجادىيىتى مۇشۇ تەخەللۇس بىلەن ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى.

لۇتپۇللانىڭ ئىجادىيەت يولىدىكى مەنىۋى قورالى لىن جىلۇ تەھرىرلىكىدە چىققان «يېڭى نۇر» ژۇرنىلى ۋە ماۋدۇننىڭ «دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى» توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى ماقالىسى بولدى. ئۇ، بۇ ماقالە، ژۇرناللارنى زوق بىلەن بېرىلىپ ئۆگەندى، دوكلاتلىرىدىن ئىلھام ئالدى ۋە ئۇلار بىلەن بىۋاسىتە كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولغانىدى.

ئىككىنچى يىلى مارت ئېيىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى سەھەردە ئەنلىياڭ مويكا كوچىسى يېنىدىكى ئالتىنچى مەكتەپنىڭ ئىككى نەپەر قىز ئوقۇغۇچىسى شۇ مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرىنىڭ بىر پارچە تەكلىپ خېتىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، لۇتپۇللانىڭ قولىغا بەردى. لۇتپۇللا مەكتەپتىن رۇخسەت سوراپ، قىزلار بىلەن بىرلىكتە ئەنلىياڭ تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

يولدا قىز ئوقۇغۇچىلار لۇتپۇللاغا قىزىقارلىق سوئال قويۇپ ماڭاتتى:

— لۇتپۇللا ئاكا، بىز يېقىندا سىزنىڭ ئاياللار بايرىمىغا بېغىشلاپ يازغان «مارت شامىلىغا ئۇيغۇر قىزى رەيھاننىڭ بۇيرۇقى» دېگەن شېئىرىڭىزنى كۆردۇق، بۇ شېئىرىڭىزدا سىز قايسى

رەيھاننى كۆزدە تۇتتىڭىز؟

قىزلار ئىچىدىكى ئاق يۈز، غۇنچە بوي، ساددىراق بىرى قويغان بۇ سوئالنى ئاڭلاپ، لۇتپۇللا كۈلۈپ تاشلىدى ۋە كۈلكىسى توختىغاندىن كېيىن:

— سىلەرچە مەن قايسى رەيھانغا يازغاندەك تۇرىمەن؟ — دەپ قىزلاردىن سورىدى.

— ئۇنى بىز بىلمەيمىز، ئەتەي سوراۋاتىمىز.

— توغرا، مەن بىر رەيھان ئۈچۈن ئەمەس، ھەممە خوتۇن - قىزلارغا قارىتىپ يازدىم.

— ئەمىسە، نېمىشقا «خوتۇن - قىزلارنىڭ بۇيرۇقى» دەپ يازمىدىڭىز؟

— ھەممە خوتۇن - قىزلار توغرىسىدىكى مەزمۇن شۇ شېئىردا ئېنىق بار. سىلەر يەنە بىر قېتىم ئوبدان ئوقۇپ، شېئىرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ كۆرۈڭلار. مەن رەيھان دېگەن ئىسىمنى ھەممە قىزلارغا ۋەكىل قىلىپ ئالدىم. بۇ ئىسىم بىرەر رەيھاننى ياكى سىنىپلاردىكى بىرقانچە رەيھاننى ئەمەس، بارلىق خوتۇن - قىزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇلار پاراڭلىشىپ مېڭىپ «سەككىزىنچى ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنى»نىڭ ئالدى بىلەن مويكا كوچىسى دوقمۇشىدىن ئايلاندى - دە، ئۇدۇل ئالتىنچى مەكتەپ قورۇسىغا يېتىپ باردى. ئالتىنچى مەكتەپ ئىلمىي مۇدىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرى لۇتپۇللانى قىزغىن قارشى ئالدى.

ئالتىنچى مەكتەپ ئىلمىي مۇدىرى لۇتپۇللانى «تۆتىنچى ماي» ئالدىدىن ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپ ناخشىسى ئۆگىتىپ قويۇشقا تەكلىپ قىلغانىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ بولسا ئەينى زاماندا مەكتەپ ناخشىسى تېكىستىنى كۆپ يازغان ۋە كۆپ ئاھاڭ ئىجاد قىلىپ، ئۇسمۇرلەرگە ئۆزى بىۋاسىتە ئۆگەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئىنقىلابىي ئاھاڭغا سالغان «ياشلىق ئۆگەن»، «بارىمىز ئۇچۇپ



ئالغا»، «ۋەتەننى قوغداشقا»، «يېرى چولق، بايلىقى مول شىنجاڭ» قاتارلىق مەكتەپ شېئىرلىرى پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالغانىدى. ئۇ داڭلىق ناخشا دىرىژورى بولۇش سالاھىيىتى بىلەنمۇ ياشلار ئارىسىدا تونۇلغانىدى.

ئىلمىي مۇدىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ قورۇسىغا رەتلىك تىزىلدى. لۇتپۇللا ساۋاقداشلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆگىتىشنى تېزلا باشلىۋەتتى. ئۇ ئىككىلا قولى بىلەن ئۇدارلىق دىرىژورلۇق قىلاتتى. قورۇ ئىچى جانلىنىپ زىلزىلىگە كەلگەنىدى.

ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ يېقىنلا پەيتۇندىن چۈشكەن ئېگىز بوي، كەڭ پېشانە، دومىلاق يۈز، ئوتتۇرا ياش، چىرايلىق كىيىنىۋالغان سالاپەتلىك بىر كىشى تەرجىماننى ئەگەشتۈرۈۋېلىپ، ئالتىنچى مەكتەپ قورۇسىغا كىرىپ كەلدى - دە، لۇتپۇللانىڭ ناخشا ئۆگىتىش سەنئىتىنى خېلى بىر ۋاقىتقىچە كۆزىتىپ تۇردى. ئۇ كىشى شىنجاڭ دارىلفۇنۇن ئوقۇغۇچىلىرىغا پەلسەپە دەرسى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، دارىلفۇنۇننىڭ مۇدىرى دۇ جۇڭيۈەننىڭ پەيتۇنىدا ئولتۇرۇپ قايتىپ كېلىشى ئىدى. دۇ جۇڭيۈەن بولسا، ئالتىنچى مەكتەپكە قوشنا قىرىق بىرىنچى نومۇرلۇق قورۇدا ئولتۇراتتى...

ناخشا ئۆگىتىش ئاياغلاشقان چاغدا ھېلىقى كىشى تەرلەپ - تەپچىرەپ كەتكەن لۇتپۇللانى چاقىرتىۋېلىپ، لۇتپۇللانىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى سوراش بىلەن بىللە، ئۆزىنىمۇ تونۇشتۇردى. دېمەك، بۇ كىشى شىنجاڭ مەدەنىي ئالاقە باغلاش جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى ماۋدۇن ئىكەن.

— سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى، شېئىر ۋە دراما ئىجادىيىتىدە ئۆسۈۋاتقانلىقىڭىزنى ئاڭلىدىم.

ماۋدۇن ئىللىق كۈلۈپ تۇرۇپ لۇتپۇللاغا ئىلھام بېرىپ:

— بۈگۈن نى ئېر[1] بولۇپ، ئىنقىلابىي ناخشا ئۆگىتىۋاتقانلىقىڭىز مېنى تېخىمۇ خۇشاللاندۇردى ... — دېدى يەنە.

— پېشقەدەملەرنىڭ تەلىمى، — دېدى لۇتپۇللا جاۋابەن، — مېنىڭ ئالغا بېسىش يولۇمنى يورۇتۇپ بەرگەن چىراغ.

ئۇلار مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا قىزغىن قول سىقىشىپ تۇرۇپ خوشلاشتى.

## 2

لۇتپۇللانىڭ ئۆرۈمچىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەتلىرى ئىچىدە دراما مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. ئۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە كومېدىيە، دراما ۋە ئوپېرا بولۇپ سەككىزدىن ئارتۇق ئەسەر ياراتتى — «نەسىردىن ئەپەندى»، «بىرىنچى ئاۋغۇست»، «قورقماس يۈرەك»، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»، «كۆرەش قىزى»، «سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ»، «چىمەن بىلەن پالۋان»، «چىن مودەن»...

كۆپلىگەن درامىلاردا ئۇ ئاساسىي روللارنى ئۆزى ئالاتتى، رېژىسسورلۇق قىلاتتى. ئۆزى گىرىم ئىشلىرىغا، دېكوراتسىيە سىزىشقا، مۇزىكىسىنى ئىشلەشكىچە قاتنىشاتتى.

ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما تىياتىر ئۆمىكى ئۇنىڭ پائالىيەت مەيدانى ئىدى. ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭ دراما ئەسەرلىرىنى كىتاب قىلىپ پۈتۈن شىنجاڭدىكى تىياتىر ئۆمەكلىرىگە تارقىتىپ بېرىپ تۇراتتى. ئەينى زاماندا ئۇيغۇرلارنىڭ دراما ساھەسىدىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرالمايتتى. ئۇنىڭ دراما

[1] نى ئېر (1912 — 1933) — ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر ۋە ئىنقىلابىي ناخشا ئىجادچىسى. ئۇ ئۈچ يىل ئىچىدىلا ئوتتۇزدىن ئارتۇق مەڭگۈلۈك ناخشا ئىجاد قىلغان. جۇڭگونىڭ ھازىرقى دۆلەت شېئىرىمۇ نى ئېرنىڭ ئىجادى. لۇتپۇللا ئۇنىڭ بىرقانچە ئاھاڭلىرىغا تېكىست يازغان.



ئەسەرلىرى ئاساسەن فاشىزمغا قارشى تۇرۇش، فېئودالىزم جاھالىتىنى سۆكۈش، ئىلىم - مەرىپەتكە ئۈندەش قاتارلىق مەزمۇنلار بىلەن يۇغۇرۇلغاچقا، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ زور ئالقىشىغا ئېرىشتى.

لۇتپۇللا يەنە ياش ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن «شىنجاڭ گېزىتى» دە «ياش يازغۇچىلارغا ياردەم» ناملىق مەخسۇس ئىستون ئاچتى ۋە ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ سانائىنەپىسە يېنىدا «مۇزىكا ئۆگىنىش كۇرۇژۇكى» تەشكىل قىلىشقا پائال كۈچ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇيغۇر سانائىنەپىسە تارىخىدا دراما تەنقىدچىلىكىنىڭ باش رولچىسى ئىدى. ئەينى زاماندا سەھنىدە قويۇلغان درامىلارنىڭ ئوينىلىش ئەھۋالى، ھەر بىر رول ئالغۇچىلارنىڭ ئۇتۇق - كەمچىلىكلىرى ئۇنىڭ «سەنئەت خۇمارى» تەخەللۇسى بىلەن يېزىلغان تەنقىدىي ماقالىسى ئارقىلىق ئەتىسىلا «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئەينەكتەك كۆرسىتىلىپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ 1941 - يىل كۈزدە قەشقەرگە بارغان چېغىدا «قەشقەر گېزىتى» دە بېسىلغان «چىمەنگۈل سەھنىدە»، «راۋابىڭنى يېڭى پەدىگە چال» سەرلەۋھىلىك تەنقىدىي ماقالە ۋە شېئىرى جەنۇبىي شىنجاڭ سانائىنەپىسە خىزمىتىنىڭ راۋاج تېپىشىغا تۈرتكە بولدى.

ئەپسۇسكى، لۇتپۇللا ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئاران بىر يىللا ئوقۇيالىدى. ئوتتۇرىدا بىر يىل تەرجىمە خىزمىتى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تاغلىرىدا بولدى. كېيىنكى بىر يېرىم يىل «شىنجاڭ گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىدى، لېكىن ئۇنىڭ دارىلمۇئەللىمىندىن ئايرىلىش چېغىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىككى خىل ئىككى سائەتلىك دەرس ئۇنىڭ كۈرەش روھىنى تاۋلاشتا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى.

ئۇنىڭ بىرى، قەيسەر يازغۇچى لۇشۈن[1] ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان مۇنۇ بىر كۇپلېت شېئىر:

غەزەپ بىلەن ھومىيىمەن قەبىھ زالىملارغا،
كالا بولۇپ باش ئېگىمەن سەبىي بالىلارغا.

ئىككىنچىسى ئابدۇللا داۋۇتنىڭ تارىخ دەرسى. تارىخچى ئابدۇللا داۋۇت سىنىپقا كىرىپ، دەرس مۇنبىرىگە چىققان ھامان لۇتپۇللاغا كۆز تىكىپ «كىچىك تاگور»[2]، بېرى كېلىڭ، دەپ ئۇنى ئالدىغا چاقىردى ۋە لۇتپۇللاغا تارىخ كىتابىنىڭ بىر بېتىنى كۆرسىتىپ، ئىچىدىكى خەرىتىنى دوسكىغا سىزىشقا بۇيرۇدى. لۇتپۇللا چاققانلىق بىلەن سىزىپ چىقتى. لۇتپۇللا قايتىپ ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن، تارىخ مۇئەللىمى دوسكىنىڭ ئۈستى چېتىگە «سپارتاك»[3] دەپ چوڭ خەت يېزىپ لېكسىيىنى باشلىدى.

لۇتپۇللا لۇشۈننىڭ شېئىرىنىمۇ، تارىخ دەرسىنىڭ روھىنىمۇ دائىم ئېسىدە ساقلاپ يۈرەتتى، ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىگە ھەمىشە تەتبىقلاش كويىدا بولاتتى.

1943 ـ يىل ئەتىياز مەزگىلىدە، ئۇ بىر دوستى بىلەن نەنلياڭ تەرەپكە بېرىپ ئىككىنچى دوختۇرخانا قېشىغا كەلگەندە قاتتىق يامغۇر قۇيۇۋەتتى ـ دە، دوستى بىلەن قېچىپ دوختۇرخانىغا كىرىۋالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بىر دوختۇر ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئىلتىماس تەلەپپۇزى بىلەن:

---

① لۇتپۇللا يەنە لۇشۈننىڭ بىر پارچە رەسىمىنى سىزىپ چىققان. لۇشۈننىڭ «ئاكيۇ» تېپىنى قانداق يارىتالىغى توغرىسىدا «باش يازغۇچىلارغا ياردەم» ئىستونىدا مەخسۇس ماقالە يازغانىدى.
② تاگور (1861 — 1941) — ئاتاقلىق ھىندى يازغۇچىسى، ئەللىك توم شېئىر، ئون ئىككى توم رومان، بىر يۈز يىگىرمە يۇۋېست، يىگىرمە دراما يازغان. ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ناخشا ئىجاد قىلغان، بىر مىڭ بەش يۈز پارچە رەسىم سىزغان. ئۆز پۇلى بىلەن بىر ئۇنىۋېرسىتېت قۇرغان، 1921 ـ يىلى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.
③ سپارتاك (مىلادىدىن بۇرۇن 50 ـ يىللار) — مەشھۇر رىم قۇللار قوزغىلىڭىنىڭ سەردارى.



— بالىنىستىمىزدا ئېغىر يۈرەك كېسەللى بىلەن ئاغرىپ ياتقان بىر مۇساپىرنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن قان كېرەك بولۇپ قالدى، خىل كېلىدىغان قان تاپالمايۋاتىمىز. ئەگەر قان بولمىسا بۇ مۇساپىر كىشى ئۆلۈپ كېتىدۇ. مۇبادا سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ قېنى خىل كېلىپ قالسا، ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئازراق قان بېرىشكە رازى بولامسىلەر؟ — دېدى.

يامغۇر يەنە ھەدەپ قاتتىق يېغىۋاتاتتى. دوختۇرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، لۇتپۇللا بىلەن بىللە كەلگەن ھېلىقى «زىيالىي» بويىنىنى تولغىدى ـ دە، نېرى كەتتى. لۇتپۇللا ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن:

— بولىدۇ، مېنىڭ قېنىمنى تەجرىبە قىلىپ كۆرۈڭلار، خىل كېلىپلا قالسا، مەن قېنىمنى بېرىمەن، — دېدى.

دوختۇر خۇشال بولۇپ، لۇتپۇللانى بالىنىستقا باشلاپ كىردى ـ دە، مۇساپىر ئاغرىق بىلەن كۆرۈشتۈردى.

كېسەللەر ياتىقىنىڭ بۇلۇڭ تەرىپىدىكى بىر سىم كارىۋاتتا ئورۇق، چىرايىدا زەررىچە قان يوق، قارا قاش، قاڭشارلىق بىر ئاغرىق مۇساپىر ئارانلا نەپەس ئېلىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ بىر جۈپ نۇرسىز كۆزى ئارانلا پىلدىرلايتتى.

لۇتپۇللا ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەك بولۇپ، مۇلايىملىق بىلەن:

— ئاكا، ئىسمىڭىز نېمە؟ قەيەردىن بولىسىز؟ — دەپ سورىدى.

ئاغرىق جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن قوزغالماق بولۇۋىدى، لۇتپۇللا دەرھال بېرىپ، ئۇنى قوزغاتماي، بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ، ئۆز ئورنىغا ياتقۇزۇپ قويدى. قارىغاندا ئۇ ئورنىدىنمۇ قوزغىلالمايتتى. ئاغرىق كىشى ئاران:

— ئىسمىم يادىكار، ئاقسۇ شەھەر ئىچى لەڭگەر كوچىسىدىن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— تۇغقانلىرىڭىز بارمۇ؟

— بىر تۇل ئانام، دىلبەر ئاتلىق بىرلا كىچىك قىزىم بار، يېقىنۋالغان بىر سىڭلىم بار.

— ئانىڭىزنى زار يىغلىتىپ، قىزىڭىزنى قاقشىتىپ بۇ يەردە نېمە قىلاتتىڭىز؟

لۇتپۇللانىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان ھامان، بىمارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ كەتتى، دوختۇر تەسەللى بېرىپ ئۇنىڭ يىغىسىنى ئاران توختىتىۋالغاندىن كېيىن، يادىكار ئاچچىق بىر تىنىۋېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— نېمە ئامالىم بار، ئەپەندىم. مېنى ۋە مەندەك نەچچە مىڭ كىشىنى زالىملار مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇپ، «ئالتۇن كولايسىلەر» دەپ ئالتايغا ئەۋەتتى. مەن تۇرغان لېيەنىنىڭ جاللاتلىرى ئالتاي تېغى ئارىسىدا ئاقان دېگەن بىر قازاق پادىچىنى تۇتۇۋېلىپ يالىڭاچلاپ، ئۈستىدىن قايناق سۇ قۇيدى، ئاقان پەسەنت قىلماي جاللاتلارغا كۈچلۈك نەپرەت ياغدۇردى، ئاخىرى ئاقاننى قايناپ تۇرغان قازانغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، بۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ چىداپ تۇرالمىدۇق، بەزىلىرىمىزنىڭ كۆزىدىن ياش ئاققانلىقىنى كۆرۈۋالغان باشلىقلىرىمىز بىزنىمۇ يالىڭاچلاپ سىم قامچا بىلەن ئۇرۇپ، نەچچىمىزنى زەخىملەندۈرۈۋەتتى. نۇرغۇن دېھقان باللىرى سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلدى، گاھىلىرى سوقۇشتا ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى چۆلدە قالدى. مېنىڭ چىداشقا تاقىتىم قالماي، ئاخىرى قېلىن قار يېغىۋاتقان بىر كېچىدە قاچتىم، لېكىن ئاچلىقتا، قاتتىق قار - شىۋىرغان ئازابىدا چالا ئۆلۈك بولۇپ ئاران تەسلىكتە مۇشۇ يەرگە كېلىۋالالىدىم.

لۇتپۇللا ئەھۋالنىڭ تېگىگە يەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە باشلىدى:

— ئاكا، سىزگە ھازىر قان بېرىش زۆرۈر ئىكەن. ئەگەر



مېنىڭ قېنىم خىل كېلىپ قالسا، سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئازراق قېنىمنى سىزگە سوۋغا قىلىمەن، كېيىنمۇ سىزنى يوقلاپ تۇرىمەن، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ.

— رەھمەت، ئۇكا، مەندىن يانمىسا بالىلىرىمدىن يانار.

لۇتپۇللا دوختۇر بىلەن بىللە قان ئېلىش بۆلۈمىگە ماڭغاندا، ناتونۇش بىر كىشىنىڭ بۇ ئالىيجاناب پەزىلىتى ۋە ھىممىتىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن يادىكار ئىختىيارسىز ئۈن سېلىپ يىغلاپ تاشلىدى.

## تۆتىنچى باب

# سۈرگۈن

1942 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى.

«شىنجاڭ گېزىتى» تەھرىر بۆلۈم كوررېكتورلىرىدىن ئىككى - ئۈچ ئايال خىزمەتچى ئىشخانا دېرىزىسىنىڭ تۈۋىگە يېقىن قويۇلغان ئىش ئۈستەللىرىنى چۆرىدەپ، بىر - بىرىگە يېقىن چاپلىشىپ ئولتۇرۇشۇپ، ئاڭلىغان - ئىشىتكەنلىرى ئۈستىدە ئۆزئارا پىچىرلىشاتتى. ئىشخانىنىڭ ئىشىكى سەل - پەللا غىچىرلاپ قالسا ھودۇقۇشۇپ، پاراڭلىرىنى تېزلا يىغىشتۇرۇۋېلىشاتتى - دە، سىگنال بەتلىرىنى سېلىشتۇرۇۋاتقان بولۇشۇۋالاتتى. غىچىرلاش توختاپ بۆلۈمگە ئادەم كىرمىگەندىن كېيىن، ھەممىسىلا «ئۇھ، ۋاي يۈرىكىم!» دېيىشىپ، يەنە ئەس - ھوشلىرىغا كېلىشەتتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىۋاتقانلىرى «بۆرۈلۈش يىللىرى» دىكى يېڭى ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەشۋىشلىرى ئىدى. تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر ئارقا - ئارقىدىن تۇتقۇن ۋە سۈرگۈن قىلىنماقتا ئىدى. شىنجاڭ گېزىتخانىسىدا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى كەينى - كەينىدىن قامىلىپ كەتتى. كوررېكتور ئاياللار ئەندىشە قىلىشقاندەك لۇتپۇللانىمۇ بىر يامان قىسمەت قوغلاشماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدە بىر مۇدھىش دىۋىنىڭ سايىسى ئەگىشىپ پايلاپ يۈرەتتى.

لۇتپۇللا تۈنۈگۈن ئاخشام كېچىلىك ئىسمېنىدا ئىشلىگەنلىكتىن، ھازىر ياتىقىدا ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئورنىدا كۈندۈزلۈك ئىسمېنىدا نۆۋەتچى مۇھەررىر ئولتۇراتتى. ئۇ مۇھەررىر



ئەتىگەن قاق سەھەردە ئىش ئورنىغا يېتىپ كەلگەندە ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان بىر باغاقنى كۆردى - دە، ئۇنى قولىغا ئېلىپ دەرھال ئوقۇدى:

... «كېيىنكى سان»، «ئەدەبىيات گۈلزارى» نىڭ «ياش يازغۇچىلارغا ياردەم» ئىستونىغا بىر كىچىك ماقالە يېزىپ تارتمىغا سېلىپ قويدۇم. كۆرۈپ بولۇپ، ئابور سېخىغا ئۆتكۈزۈۋەت. ل. م.

نۆۋەتچى مۇھەررىر تارتمىلارنى ئاختۇرۇۋېتىپ، لۇتپۇللانىڭ بىر كىچىك خاتىرە دەپتىرىنى كۆرۈپ قالدى - دە، ئىچىدىكى خاتىرىلەرنى ئوقۇشقا قىزىقىپ كېتىپ، لۇتپۇللا ھاۋالە قىلغان ۋەزىپىنى يادىدىن چىقىرىپ قويدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي خاتىرە ئىچىگە چۆكۈپلا كەتتى. ئۇ ئارىلاپ - ئارىلاپ «ھېلىمۇ باشقا بىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەپتۇ» دەپ قوياتتى. بىز شۇ مۇھەررىردىن ئاڭلىۋالغىنىمىز بويىچە، لۇتپۇللا خاتىرىسىنىڭ مەزمۇنىدىن قىسقىچە بولسىمۇ كىتابخانلىرىمىزنى خەۋەردا قىلماقچىمىز:

### 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

پەسىل ئۆزگەردى، مۇدھىش سوغۇقتا خازان تاللار مۇزلىماقتا. يېتىم - يېسىرلار كوچىلاردا نالە - زار قىلماقتا. شۇۋىرغانلار بەدەنگە چايانىنىڭ نەشتىرىدەك سانجىلماقتا. قارا بورانلار ئېلېكتر سىم تۈۋرۈكلىرىنى سۇندۇرۇپ، قاراڭغۇ تۇمان ھەر يەرنى قاپلىماقتا. بوغدا ۋە تىلسىم تېغى[1] ئۈستىگە يەتتە باشلىق دىۋە چىقتى، بۇ بىر چوڭ ئاپەتنىڭ بېشارىتى.

① تىلسىم تېغى — ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدىكى يامالىق تېغى.

### 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

بۇرۇلۇش يىللىرىنى خاتىرىگە پۈتۈپ قويۇشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. بۇ ۋەقە «CHACO»[1] دىن كېيىن يۈز بەردى. يەر ئوقى تەتۈر چۆرگىلەشكە باشلىدى. سېنىڭ ئەمدىلا راۋان ئۈزمەكچى بولغان كېمەڭگە دەريانىڭ غەزەپلىك دولقۇنى قاتتىق ئۇرۇلماقتا. بۇ، ساڭا قاتتىق سىناق، دېمەك، بۇ سىناق يىللىرى ...

### 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

دەريا ساھىللىرىدىكى يېشىل مەخمەلدەك گۈزەل چىمەنزار قايدىسەن؟! چىنارلار قۇرۇپ، بۇلبۇللار تەزمەكتە. ئارمانسىز ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئارامگاھلىرى خارابىلىككە ئايلانماقتا، شىددەتلىك ئۆپقۇن! قاچما ... قاينام ئۆركىشى سىردىشىڭ سىڭ. قاينام بولۇپ تاشىمەن، ئۆركەش بولۇپ ئاقىمەن. ئۈمىد چىرىغى قەلبىمدە!

### 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

«بەيتەلمىنەل»[2] تاقالدى، «ئەدەپ، ئىنساپ، دىيانەت، نومۇس» ۋۇۋىسكىلىرى ئېسىلدى. قىزلار يەنە قارا لىچەك ئىچىگە كىرمەكتە. «ئەدەپ» ۋۇۋىسكىلىرى ئېسىلغان قارا دەرۋازىلار ئىچىدە قاراقچىلار غەنىيمەت تەقسىم قىلىشىدۇ؛ «ئىنساپ» چۇقان سېلىنىۋاتقان جايدا باشلار كېسىلىۋاتىدۇ؛ «دىيانەت» توۋلانغان مەھكىمىلەردە پارىخورلار ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ؛ «نومۇس» پەردىسى تارتىلغان ماكاندا پاھىشىخانىلار قۇرۇلۇۋاتىدۇ؛ مانا بۇ

---

① «CHACO» — 1942 ـ يىلى جياڭ جىيېشىنىڭ خوتۇنى ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە ئۇچۇپ كەلگەن ئايروپىلاننىڭ بەلگىسى.
② «بەيتەلمىنەل» — ئەنلىيادىكى ئىلغار كىتابخانىنىڭ نامى.



بۇرۇلۇش يىللىرى ...

### 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

مەن يېقىندا ياڭخاڭ مەسچىتى ئالدىدا ئەرلىرى ھەپسە[1] گە ئېلىنىپ كېتىلگەن ئىككى ئايالنى ئۇچراتتىم: بىرى، خەنزۇ، بىرى ئۇيغۇر ئىدى. ئۇلار ماڭا ئەمدىلا گەپ قىلاي دەپ تۇرۇۋېدى، ماڭا تونۇش بىر كىشى ئارقامدىن كېلىپ ئاياللارنىڭ قېشىدىلا ماڭا: «بۇلار خائىنلارنىڭ پوشتى. ھەزەر ئەيلەڭ، سۆزلەشمەڭ ...» دېدى، مەن دەرھال ئۇنىڭغا: «مەن بۇلار بىلەن سۆزلىشىپ قويدۇم، ئۇنداق بولسا سىزمۇ مېنىڭدىن ھەزەر ئەيلەڭ» دېدىم، راستىنىلا ئۇ مېنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ كەتتى. ئادەملەرنىڭ ئەڭ شەرمەندىسى قورقۇنچاق ئىكەن، ئەمدى بىلدىم راست شۇنداق، قورققانلار — شەرمەندىلەر.

### 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

شۇڭقارنىڭ قانات ـ قۇيرۇقى بوغقۇچلاندى دېمەڭلار، مەن يەنىلا سامانىڭ قەرىدە پەرۋاز قىلالايمەن. يىللارنىڭ بۇرۇلۇشى — ئۆمۈرنىڭ كىچىك بىر بوغۇنىغا توغرا كېلىدۇ. ھايات پىرامىداسى قاتلام ـ قاتلام پەلەمپەيلەردىن پۈتكەن. مەن ئۇزاققىچە كۆكلىيەلەيمەن. بوغۇنلۇق چىنارەدەك ياشناپ ئۆسىمەن. ئەتە ياز كېلىدۇ، زىمىستان چوقۇم كېتىدۇ. غايىلىك ئادەمگە ئىقبال چىرىغى يېنىپ تۇرىدۇكى، ھەرگىز ئۆچۈپ قالمايدۇ.

### 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

پېشانىسىگە مۇشۇ يېقىنغىچىلىكلا ئالتە بۇرجەك بەلگە تاقاپ

---

① ھەپسە — سولاقخانا.

يۈرىدىغان جانابىي يانتاقوۋپ، ئەمدى ئون ئىككى يۈرجەكلىك كەپكە كىيىشكە ئۆزگىرىپ، يەنىلا غادىيىپ يۈرۈپتۇ. كۆرەڭ — نادانلىقنىڭ تەڭلىمىسى، تەكەببۇرلۇق — ئەخمەقلىقنىڭ ھەمجۇرىسى.

12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى

بەزى ئادەملەر ئابدە ئورنىدا مەيدىسىگە «پۇل، مەنسەپ ۋە پەيتۇن» دىن ئىبارەت ئۈچ خەتلىك ئىزناك تاقاشماقتا. ئاڭلىسام ئۇلار «زامانشۇناس» لىق ئىلمىنىڭ مەستانىلىرى ئىمىش. يول بولسۇن، خامبىلبۇنلار!

12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

ئەي قەدىردانىم جانان قىز! سىز مېنى زادى چىن كۆڭلىڭىزدىن سۆيدىڭىزمۇ؟ مېنىڭ ۋىسال ناخشامغا ھەمجۇر بولالامسىز؟!... ھىجران سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەمسىز؟!... ھىجران — ئازابنىڭ سىناق مۇساپىسى، چىن مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي يارقىن ئىلھامچىسى!...

× ×

لۇتپۇللانىڭ تەپەككۇر دۇردانىلىرى بىلەن بېزەلگەن خاتىرە پۈتۈكلىرى 1943 ـ يىلى كىرگەندىن كېيىن كۈن ئارىلاپ ئەمەس، ھەر كۈنلۈكى يېزىلىدىغان بولدى. بۇ خاتىرىلەر بېرىپ ـ بېرىپ، مۇكەممەل پەلسەپە قامۇسىغا ئايلانماقتا ئىدى. ئۇ، مۇشۇ مەلىكە بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى، پىكىر ئىقتىدارىنى تاۋلاپ چېنىقتۇراتتى.

ئۇنىڭ يېنىغا ھىجران پەرىشتىسى يېتىپ كەلگۈچە، ھازىر



ئۇنى مۇھەببەت ئازابىمۇ قىيىنىماقتا. بۇ مۇھەببەت، بۇرۇلۇش يىللىرىنىڭ قاتتىق سىنىقىغا دۇچ كەلمەكتە ئىدى. يانتاقوۋپنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ھەزەر ئەيلەپ، ئۇ، سۆيگۈ جانانىنىڭ نامىنى مەخپىي تۇتاتتى، ھەتتا كۈندىلىك خاتىرىسىگىمۇ «قەدىرلىك جانان» دېگەن سۈپەت سۆزىنىلا ئىشلىتەتتى.

«قەدىرلىك جانان» رىشتىسى ئۇزۇن تۈن ـ كېچىلەردە ئۇنى ئۇيقۇدىن بىدار قىلاتتى.

«تۇتىنچى ماي» ھارپا ئاخشىمى ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا يەنە نابورچىك — ئۇزۇن يىللىق دوستى تۇردى ھوسۇيۇن كىرىپ كەلدى ـ دە، لۇتپۇللاغا بىرلا قاراپ ئۇنىڭدىن:

— بېشىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ نېمە بولدى، كۆزۈڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندەك كۆرۈنىسەنغۇ؟...— دەپ سورىدى.

— ياق، ئۇيقۇسىزلىقتىن بولسا كېرەك، — دېدى لۇتپۇللا.

— نېمىشقا ئۇيقۇسىزلىق؟

— كېچىلىرى يېزىپ، ئىشلەپ.

لۇتپۇللا سەزدۈرمەسلىككە تىرىشىپ، گەپنى ئەپچىللىك بىلەن بۇرىۋەتتى، تۇردى ھوسۇيۇن «يانتاقوۋپ» تېمىسىدا سۆز باشلىدى:

— يانتاقوۋپ قوش تاپانچا ئېسىۋېلىپ يۈرىدۇ، بىر يەردىن مەنسەپ تاپقان ئوخشىمامدۇ؟

لۇتپۇللا مىيىقىدا پىسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ:

— لالىمىنىڭ «ئابرۇيى»، قولىنىڭ «مەنسىپى» بولامدۇ؟ — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، پوپوكلۇك قوش تاپانچىنى ئۇ قانداق ئېسىپ يۈرەلىسۇن؟

— شوخا تىكەنىنىڭمۇ مونچىقى بولىدۇ، ئۇ مونچاقنىڭ ئۈچىدا ئۇزۇن ـ قىسقا پوپوكى بولىدۇ، سەن بەلكى

شۇنى كۆرگەنسەن.
— ئەھۋال شۇنداق، — دېدى لۇتپۇللا سۆزىنى يەنە داۋام-
لاشتۇرۇپ، — ياتاقۇپ ئۆرلىگەنسېرى، بىزگە يېڭى سەپەر
تەييارلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئانچە ھوزۇرلۇق سەپەر ئەمەس، ئەلۋەتتە،
شۇ چاغدا سەن ماڭا سەپەرداش بولالامسەن؟
— كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلىۋاتىسەن، — دېدى تۇردى تې-
گىرقىماستىنلا جاۋاب بېرىپ، — بىز ئىلى دەرياسى بويىدا
تۇغۇلدۇق، ئۆستۇق، ئاخىر بۇ يەرگە يەتتۇق، سېنىڭ كۆزۈڭگە
قادىلىدىغان تىكەن، مېنىڭ كۆزۈمگە قادالسۇن؛ سەن نەدە بول-
ساڭ مەنمۇ شۇ يەردە.
لۇتپۇللا ئىچ - ئىچىدىن شادلىنىپ تۇردى ھۆسۈيۈنگە تە-
شەككۇر بىلدۈردى ۋە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ساندۇقىنى ئاختۇ-
رۇشقا مېڭىۋىدى، نابۇرچىك ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:
— بۈگۈن كېچە سەن ئۇخلىشىڭ كېرەك. بىز ئەتە يەنە
چوڭقۇرلاپ سۆزلىشەيلى، — دېدى.
تۇردى ھۆسۈيۈن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى، لېكىن لۇت-
پۇللا يەنە خاتىرە يېزىشقا كىرىشىپ، خېلى بىركەم بولغاندا
ئاندىن ئۇخلىدى.
ئەتىسى سەھەر ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپلا: «قېنى بۈگۈن باغدا
سىناپ كۆرىمەنغۇ؟» دېگەن سۆزنى بىر نەچچە رەت تەكرارلىدى،
ئارقىدىن چاققانلىق بىلەن كىيىنىپ، گېزىتخانىدىن چوڭ كوچى-
غا چىقتى. ئۇ، چوڭ كۆۋرۈك ئۈستىگە كەلگىنىدە، شىمال
تەرەپتىكى پاكار قىزىلتاغنىڭ ئۈستى شەرقتە قەد كۆتۈرۈپ تۇر-
غان بوغدا چوققىسىدىن يېڭىلا چىققان قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ
گويا ئوتقاشتەك بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئۇ چوڭ كۆۋرۈكتىن جەنۇب
تامان دەريا بويىغا چۈشۈپ، ئېقىن سۇنى بويلاپ ماڭدى. ئۇ،
مۇتەلجان قارىياغاچلىقىغا يېتىپ بارغاندا خېلى ۋاقىت بولۇپ
قالغانىدى.



لۇتپۇللا باغ ئىچىنى نەچچە قېتىم ئايلىنىپ چىقتى، ئۇ،
ھەربىر توپ قارىغاي تۈۋىگىچە ئارىلايتتى ۋە ئۆتۈشۈۋاتقان
قىز - يىگىتلەرگە سىنچىلاپ نەزەر سالاتتى. بىراق يەنىلا ئۇ
تەلپۈنۈۋاتقان شۇ بىر كىشىلا كۆرۈنمەيتتى.
«مەن كېچىكىپ كەلدىممۇ نېمە؟»
لۇتپۇللا تەقەززالىقتا ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەيتتى، ئارقىدىن
باغ ئىچىدىكى ئېرىقنىڭ خالىي بىر يېرىگە بېرىپ، بۇلبۇللار
ساداسىنى ئاڭلاپ ئولتۇردى. ھازىر ئۇنىڭغا مىنۇتلار يىلچە،
دەقىقىلەر ئايچە بولۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ، تازا خىيال
دېڭىزىدا قېيىپ تۇرۇۋاتقاندا كەينى تەرەپتىن چېچىلغان بىر ئو-
چۇم سوغۇق سۇ ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلدى، ئۇ ئەندىكىپ
«كىم؟!» دەپلا ئارقىسىغا قارىدى. سۇ چاچقان قىز ئۇنىڭ
كۆزىگە خۇددى ئاي سۈپەت ھۆر - پەرى بولۇپ كۆرۈندى - دە،
لۇتپۇللا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ
تۇرۇشىغا:
— سەگىپ قالغانسىز؟ — دېدى قىز ئىللىق تەلەپپۇز
بىلەن.
— تېنىم سەگەن بولسىمۇ، بىراق يۈرىكىم ...— دېدى
لۇتپۇللا جاۋابەن يۈرەك سىرىنى ئىپادىلەپ.
لۇتپۇللانىڭ «يۈرىكىم ...» دېگەن سۆزىنى قىز پەقەت ئىش-
قى - مۇھەببەت مەنىسىدىلا چۈشەندى - دە، قىزلارغا خاس
ئوياتچانلىق بىلەن ۋىللىدە بىر قىزىرىپ، ئوڭ قولىنىڭ ئالىقىنى
بىلەن سول مەڭزىنى توسۇپ، نومۇسچانلىق ئىپادىسىنى كۆرسەت-
تى. بىراق، لۇتپۇللا ئۈچۈن ھازىر «يۈرىكىم ...» سۆزىنىڭ
قىسمەت بىلەن مۇھەببەتتىن ئىبارەت قوش مەنىگە ئىگە ئىكەنلى-
كى بەكمۇ ئېنىق ئىدى.
بىزگە ئىسىم - فامىلىسى ھازىرچە نامەلۇم بولۇپ تۇرۇۋات-
قان بۇ ئاق كۆڭۈل قىزغا لۇتپۇللا بۈگۈن دەل يۈرىكىنىڭ چوڭ-

قۇر يېرىدە ساقلىنىپ كېلىنۋاتقان سىرىنى تۆكۈش ئۈچۈن كەلدى. بۇ سىر ئەمەلىيەتتە قىز ئۈچۈن سۆيگۈ سىنىقى ئىدى.
— مۇھەببەت باغدا ئەمەس، تاغدا سىنىلىدۇ، قەسىر بېزەكلىرىدە ئەمەس، باياۋانلاردا سىنىلىدۇ؛ بەخت تاپقاندا ئەمەس، مۆلدۈر ياغقاندا سىنىلىدۇ؛ مەن ئوقۇشىڭىز پۈتكىچە كۈتىمەن. بىراق مەن ھازىر ئېغىر سىناق ئۈستىدە تۇرۇۋېتىمەن، — دېدى لۇتپۇللا.
— «باشقا كەلگەندە باتۇر» دەپتىكەن. شۇ چاغدا بىر گەپ بولامدۇ؟
— ئەگەر سۈرگۈن يا تۇتقۇن قىلىنسامچۇ؟
— ئېغىزىڭىزنى ئۇششۇتۇپ نەدىكى گەپنى قىلىسىز، ھەرقانداق سىناققا مەن تەييار!
لۇتپۇللا قىزلار گىمنازىيىسىنى ئەمدىلا تۈگىتىش ئالدىدا تۇرغان بۇ قىزغا بۇنىڭدىن ئارتۇق سوئال قويۇش ۋە ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتۈشنى رېئاللىققا ئۇيغۇن بولماس، دەپ پەم قىلغان بولسا كېرەك، شۇڭا قىزنىڭ جاۋابلىرىغا ھازىرچە قانائەتلەندى.
دەل شۇ ئەسنادا ئىككى تاتار قىزى كېلىپ، لۇتپۇللا بىلەن قىزنى باغ ئوتتۇرىسىدىكى كۆكتۆل ئېچىش مەيدانىغا تەكلىپ قىلدى. لۇتپۇللانىڭ سۆيگىنى ئوڭايسىزلىنىپ قىزىرىپ كەتتىدە:
— خەير خوش، رەھمەت، — دېدى ئۇ، — ئانام كېسەل ئىدى، ماڭا رۇخسەت بېرىڭلار، مەن كېتەي، رەنجىمەيسىلەر، — دەپ ئاخىر ئۆزرىخاھلىق سوراشقا مەجبۇر بولدى.
لۇتپۇللا سۆيگىنىنى ئۇزاتقاچ بىللە كەتمەكچىدى، لېكىن قىزنىڭ شەنىگە گەپ تېگىپ قالمىسۇن دەپ ئويلاپ، ئۇنى ئاياپ، ئۇنىڭ بىلەن شۇ يەردىلا خوشلىشىپ قالدى. ئۆزىمۇ تاتار قىزلىرىغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى.



ئۇ بۇ يەردىن ئايرىلىپ چوڭ كوچىغا چىقتى. يولدا ئۇچراشقان ئىككى ئاغىنىسى بىلەن تەنمېن يېنىدىكى كىتابخانىغا باردى. ھەممىشە ئادەم ئۈزۈلمەيدىغان بۇ كىتابخانا ئالدىدا بۈگۈن ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيتتى. لۇتپۇللانىڭ ئاغىنىلىرىدىن بىرى ئەھۋالنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن كىتابخانىنىڭ قىيا ئېچىقلىق ئىشىكىدىن ئەمدىلا كىرەي دەپ تۇرۇشىغا بۇرۇندىن تونۇش كىتابخانا خادىمى «ئارقاڭغا يان» دېگەن بېشارەتنى بەردى. شائىرنىڭ بىر دوستى قارىسا، كىتابخانا جىددىي پېچەتلىنىۋاتقانىكەن. ئۇ بېشارەت بويىچە كىتابخانىدىن ئاستا چىقىپ كەتتى.
ئۈچ دوست ئاستا پىچىرلىشىپ، ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، جەنۇبىي كوچا (نەنلياڭ) تەرەپكە قاراپ ماڭدى. توساتتىن نامەلۇم ئىككى كىشىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈۋالغانلىقى سېزىلدى. بۇ ئىككى كىشى كىتابخانىدىكى ئىلغار كىتاب ساتقۇچىلار بىلەن ئالاقە قىلغۇچىلارنى تىزىملاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پېيىگە چۈشكەن يانتاقۇپنىڭ ئادەملىرى ئىدى.
ئۈچ دوست ئارقىسىغا چۈشۈۋالغان ئاپشاركىلارنى دەررۇ سەزدى ۋە قەدەملىرىنى تېزلىتىپ، جەنۇبىي كوچىدىكى بىر چوڭ قورۇ ئىچىگە كىردى-دە، قورۇنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن تار يولغا چىقىپ، ئۆز ياتاقلىرىغا كېتىشتى، لېكىن لۇتپۇللا بۇ ۋەھىمىدىن قىلچە ھودۇقمىدى. ئۇ، مۇدھىش ۋەزىيەتكە كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، جەسۇرلۇق بىلەن كۈرەشكە ئاتلاندى:

قاباھەت ئوردىسىغا نەيزە ئاتتى،
جاھالەت مۇدھىشىنى گاڭگىراتتى.

شائىرنىڭ جاسارىتى ۋە ئىنقىلابىي قەيسەرلىكىگە ئۇنىڭ ئاشۇ تىررورلۇق يىللىرىدا يېزىپ ئېلان قىلغان «يىللارغا جاۋاب» سەرلەۋھىلىك شېئىرى مۇنازىرىسىز ئىسپات بولالايدۇ.

ئىنقىلابىي جەڭگىۋارلىق ۋە ئىنقىلابىي ئۈمىدۋارلىق بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ يالقۇنلۇق خىتاب، يانتاقۇپچىلارغا كۈچلۈك زەربە، تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرگە زور ئىلھام بولغانىدى:

ئىجادىم - شېئىرلىرىمنىڭ ئىز تامغىسى بار،
ئالدىمدىن قېچىپ كەتكەن ھەر يىل بويىدا؛
قىرىماسمەن كۈرەشنىڭ كەسكىن چېغىدا،
شېئىرىم يۇلتۇز بولۇپ يانار ئالدىمدا.

ئېسىلارمەن مىلتىق ئېتىپ تاۋلانغان قولغا،
يېپىشارمەن بايراق بىلەن ئالغا ئاتلىغان يولغا؛
كۈرەش باياۋىنىدا ھارماسمەن ئەسلا،
يېڭىش بىلەن كېلىپ چىقىمىز كەلگ غالىب يولغا.

يىللار مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن ئۆلۈمنى؛
قىرىتىمەن دەپ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى.

كۈرەشچان باللار قوغلىشىپ يىللار،
كۈرەشچان نەۋرىلىرىنى چوقۇم تاپىدۇ؛
ئاخشام بەخت ئۈچۈن قۇربان بولغانلارنىڭ،
قەبرىسىنى يوقلاپ، گۈللەر ياپىدۇ.

يىللار دېڭىزى دولقۇنلۇق بولساڭمۇ،
ئۆپقۇنلىرىڭنى يارىدۇ بىزنىڭ كاراپ؛
يىلنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قورقۇپ باقساڭمۇ،
ئىجاد - يىللارنى قىرىتىدۇ، دەپ بېرىمىز جاۋاب.



ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، لۇتپۇللا «خىزمەت يۆتكەش» ھىيلىسى بىلەن ئاقسۇغا مېڭىش ئۈقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ، ئۆزى بىلەن بىللە نابورچىك دوستى تۇردى ھوسۇيۇنىڭمۇ سۈرگۈن قىلىنغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنى بېسىۋال ھېس قىلدى.

1943 - يىل 9 - ئاينىڭ بىر كۈنىسى ئۇ قاق سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇدى، كىيىم - كېچەكلىرىنى رەتلىك كىيدى، ئاندىن ياتىقىنىڭ سىرتىغا چىقتى - دە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تۆت ئەتراپىغا نەزەر تاشلىدى. غەرب تەرەپتىكى تىلسىم تېغىنىڭ ئۈستىدە ئاز - تولا بۇلۇت كۆرۈنگىنىدىن باشقا، ھاۋا سۈزۈك ئىدى. شەرقتە مۇقەددەس بوغدا چوققىسى روشەن چوقچىيىپ تۇراتتى.

قىزىل رەڭگە كىرگەن شەپەق ئاجايىپ رەڭدار كۆرۈنەتتى. شەرقتىن كەلگەن ئىللىق شامال ئۇنىڭ تەبەسسۇم چىرايىنى سىلاپ ئۆتەتتى.

بىر سائەتتىن كېيىن، لۇتپۇللا تۇردى بىلەن بىللە ھارۋىدا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتى. ئەتىگەن سائەت ئونلار ئەتراپىدا ئۈچتاش مەھەللىسىنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇنى ئۆزىتىش ئۈچۈن توپلانغان نۇرغۇن ئوغۇل - قىز ئوقۇغۇچىلار قايىنام ئۆركىشى بىلەن تۇردى چۈشكەن ھارۋىنى ئۆز ئۇغىچە قورشىۋالدى. ئۇلار ئىچىدىن بوتا كۆز بىر قىز تېخىمۇ پەرۋانە بولۇپ، يىغلاپ تۇراتتى. ئوغۇل - قىزلار ئاخىرى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ:

— خەير خوش، سۆيۈملۈك لۇتپۇللا، سىزگە ئاقيول تىلەيمىز، — دېيىشىپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، خەيرلەشتى. ئۇلار ئۆز ئىزىدا تاكى ھارۋىنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگۈچە ئۇزاققىچە قارىشىپ قېلىشتى.

ئىككى - ئۈچ سائەت ئىچىدە ھارۋا ئۇلانباي ئورمانلىقىدىن چىقىپ، دۆڭسەن تېغىنىڭ جەنۇبىي ئايلانمىسىغا يېتىپ باردى.

— كىچىككىنە خەتنى زەپمۇ ئۇزۇن ئوقۇپ كەتتىڭ، ئىچىدە نېمە سىر بار ئىكەن؟ — نابورچىك تۇردى ھوسۇيۇن سوئال سوراپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تەپەككۇر خىيالىدىن ئۈزۈپ تاشلىدى.

ئۈچتاشتىن ئايرىلىپ، ئۇلانبايدىن ئۆتكەندىن باشلاپ، شائىرنىڭ بىر چىرايلىق گۈل سىزىلغان كونۋېرت ئىچىدىن چىققان ئاق يىپەك قولياغلىققا كەشتىلەنگەن بىر پارچە شېئىر ھەم قولياغلىق بىلەن ئورالغان قىسقا بىر پارچە خەتتىن كۆزىنى ئۈزمەي قايتا - قايتا ئوقۇۋاتقىنىغا بىر سائەتتىن ئېشىپ كەتتى. ئادەتتە بېشىغا ئاسمان يىقىلىپ چۈشسىمۇ پىسەنت قىلمايدىغان شائىرنىڭ خىيالپەرەس بولۇپ قېلىشى، نابورچىكنى سوئال سوراشقا مەجبۇر قىلغانىدى.

— چوڭقۇر تېپىشماق يۈرەك يادىكارى، — دېدى لۇتپۇللا نابورچىكقا جاۋاب بېرىپ ۋە كەشتە ياغلىققا خەتنى قايتىدىن ئوراپ كونۋېرت ئىچىگە سالدى.

شائىرنى ئۈچتاشتا ئۇزىتىپ قويۇشقا چىققان ئوغۇل - قىزلار ئىچىدىن بېشىغا چىرايلىق ئۈنچە دوپپا، ئۈچىسىغا گۈللۈك چىت كۆڭلەك، كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە كۆل رەڭ سارجا كاستۇم، پۇتىغا چىرايلىق قارا توپلەي كىيىۋالغان ئىككى تال ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىق، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئىنچىكە ئۇزۇن قاشلىق، قارا كۆز، غۇنچە بوي بىر قىز بىر پارچە كونۋېرتنى ئاستىرتىن ھارۋا ئۈستىدىكى سومكىنىغا تاشلىدى - دە، ھۇپپىدە قىزىرىپ، ئاستاغىنا توپنىڭ يېنىغا بېرىۋالغانىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ چانىقى لىققىدە ياشقا تولغانىدى، لېكىن ئۇ، لېۋىنى چىڭ چىشلەپ، چاندۇرماسلىققا تىرىشاتتى.

ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىسىنىڭ جەنۇبقا ماڭىدىغان جۇدالىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان مىنۇتتىن باشلاپ، قىزنىڭ ۋۇجۇدىدا مادار، تېنىدە جان قالمىغان، ئەزايى - بەدەنلىرى جانسىز ھەيكەلدەك،



قېتىپ قېلىشقا باشلىغانىدى.

ئۇ، كىچىچە بىر پارچە ئاق يىپەك ياغلىققا شائىرنىڭ مەردپەت لىرىكىسىنى چىرايلىق كەشتىلەپ چىقتى. ئۇ يەنە ئۆز قولى بىلەن بىر پارچە قىسقا خەت يېزىپ، ئۇنى كەشتە ياغلىققا ئورىدى ۋە گۈللۈك چوڭ بىر كونۋېرتقا سېلىپ، ئەتىسى ئۇزىتىش پۇرسىتىدە، لۇتپۇللانىڭ سومكىسى ئىچىگە ئاستا سېلىپ قويغانىدى. مانا بۇلار گۈللۈك كونۋېرتنىڭ ھەقىقىي سىرى ئىدى.

ھارۋا داۋانچىڭ تاغلىرىنىڭ يېنىغا جايلاشقان تۇز كۆلىنىڭ ئۇدۇلىغا بارغاندىمۇ، شائىر يەنىلا خىياللار ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلاتتى.

ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى، شەرق تاغلىرىنىڭ ئۈستىدىن چوقچىيىپ، ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرغان ئۈرۈمچىنىڭ ئېگىز مۇنارى — بوغدا چوققىسى مۇشۇ يەردە تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنەتتى.

لۇتپۇللا بوغداغا يەنە نەزەر تاشلىغىنىدا، ئۇنىڭ ئوتلۇق يۈرىكىدە ئۈرۈمچىدىكى قايناق ھاياتى، ئىجادىي پائالىيەتلىرى بىلەن ئۇنىڭدىن ئۆتتەك كۆيۈۋاتقان يالقۇنلۇق يۈرەك مۇھەببىتى بىر - بىرىگە مۇجەسسەم بولۇپ گىرەلىشىپ كەتتى.

## بەشىنچى باب

# داۋانلار ئاشقاندا

داۋانچىلىق تاغ تىزمىلىرى ئارىسىدىكى جەنۇب تەرەپكە بارىدىغان كارىدور يولىنىڭ غەربىدە تار جىلغىلار، توقايلىقلار ھارۋا يولىنى بويلاپ ئۇزاقلارغا سوزۇلاتتى.

تاغ - ئېدىرلىقلار ئارىسىدا يول خۇددى يىلان باغرىدەك ئەگرى - توقاي بولۇپ، بىردە سولغا، بىردە ئوڭغا بۇرۇلۇپ كېتەتتى. تەسكەي تەرەپتىكى تاغ جىرالىرىدا ئاندا - ساندا تاللىق ۋە قېلىن چاتقاللىقلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. جىلغىلاردىن سىرغىپ چۈشكەن بۇلاق سۇلىرى قوشۇلۇپ، ھاسىل بولغان چوڭ ئۆستەڭنىڭ كۈمۈش سۇلىرى توقايلىقلاردىن شوخ ئەگىپ ئۆتۈپ، ھارۋا يولىغا يانداش بولۇپ، تاكى پادىسايغان سايلىقىغىچە شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى.

قوياش دەل باش ئۈستىگە قادالغان چۈش مەزگىلىدە ھارۋا پادىسايغان ئۈستىدىكى داۋاندىن گويا ئاسماندىن دومىلاپ چۈشۈۋاتقاندەك توقسۇن - تۇرپان ئويمانلىقىغا كىرىپ بارماقتا ئىدى. ئويمانلىقتىن خۇددى تونۇرنىڭ تەپتىدەك بىردىنلا ئىسسىق شامال كېلىپ، كىشىنىڭ دىمىنى سىقىپ، تاماقلارنى قۇرۇتاتتى. ئۇزۇن كەتكەن كۆز يەتمەس سايلىق خۇددى تۈتۈنسىز يالقۇن ئىچىدە كۆيۈۋاتقاندەك ۋىل - ۋىل ئويناپ يالىلداپ تۇراتتى. كۆك ئاسمان گۈمبىزى خۇددى كۆمتۈرۈلگەن قازان گىرۋىكىدەك ئۇپۇق بويلاپ غەربتە ئالغۇي، ئارغىبۇلاق تاغلىرىغا، شىمالدا بوغدا -



داۋانچىلىق تاغ تىزمىلىرىغا، شەرقتە يىراق تارلاڭ تاغلىرىغىچە يېقىن چاپلىشىپ تۇراتتى. ئارىلاپ قامغاقلار ئارىسىدا پەس ئەگىپ يۈرگەن قاغىلار ھەلقۇملىرىنى لەپىلدىتىپ، قىزىپ كەتكەن ساي شېغىللىرى ئۈستىگە دەسسەشكە پېتىنالماي قاقىلداپ ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى.

داۋاندىن ئىنتايىن چۈشكەن ئاتلار ئەمدى تۈز ساي يولىغا چىقىپ، ئېغىر پۇشقۇرۇپ، قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلىتىپ بىر خىل سالماقلىق بىلەن كېتىۋاتاتتى.

ھارۋىكەش كىرلىشىپ كەتكەن شاپاق دوپپىسىنى ئالدىغا ئىتتىرىپ قويۇپ نېمىنىدۇر يېزىش بىلەن بەند بولۇپ كەتكەن شائىرغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ كۈلۈمسىرىدى - دە، قىسقا بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئۈرۈمچىدە تولمىغان دەپتىرىڭىزنى سەپەردە تولدۇرماي دېدىڭىزمۇ، ئۇكا؟ ئۇنى - بۇنى دېيىشىپ ماڭامسىلەر، بۇ ئۇزۇن يوللارنى گەپ قىلماي مېڭىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ - دە؟! — دېدى.

— بولىدۇ، ئاكا، — دېدى لۇتپۇللا ھارۋىكەشنىڭ سۆزىگە دەرھال كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بېرىپ، — ھېكايەڭىزنى كېيىن يازاي.

لۇتپۇللا چاققانلىق بىلەن قەلەم - دەپتىرىنى يىغىشتۇردى - دە، ھارۋىكەشنىڭ كۆزىگە سوئال نەزەرى بىلەن ئىللىققىنا قارىدى.

— سىز تېخى ھېكايە يازماقچىمىدىڭىز، يىگىت؟! ... بەللى مۇنداق دەڭا. «يولنى كارۋاندىن سورا، سۆزنى سەۋدادىن». بىزدەك يېمىگىنى ئوق، كىرمىگىنى گۆر قالغان ئادەملەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى كۆپرەك ئاڭلىسىڭىز، ئاجايىپ ياخشى ھېكايىلەرنى يېزىپ چىقالايسىز.

ھارۋىكەشنىڭ مەنىلىك سۆزلىرى لۇتپۇللانىڭ قەلبىگە بې-

ـرىپ تەگدى ـ دە، ئۇ، ئىختىيارسىز ھالدا:
— شۇنداق، ئاكا، توغرا دېدىڭىز، — دېدى.
لۇتپۇللا ھارۋىكەشنىڭ كۆپنى كۆرگەن، سەرگۈزەشتىلەرگە
باي ئادەم ئىكەنلىكىنى دەررۇ بايقىۋالدى، ئۇ، مۇشۇ ئۇزۇن
سەپەردە ئۆزىگە يەنە بىر ياشىن تارانىنىڭ ھەمراھ بولۇپ كېتىۋات-
قانلىقىنى ھېس قىلىپ، خۇشاللىقى ئىچ ـ ئىچىگە سىغماي
قالدى ۋە ھارۋىكەشنى گەپكە سېلىش ئۈچۈن كۆڭلىدە ئاللىقانداق
سوئاللارنى تەييارلاپ، ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇشىغا قارشى تەرەپ-
تىن كەلگەن ھارۋىلارنىڭ بىرىدىن چىققان ئاۋاز لۇتپۇللانىڭ
خىيالىنى بۆلۈپ تاشلىدى.
— قۇربان قىلىچ! ئەمدى قايتىڭلىمۇ؟
ھارۋىلار تەڭلا توختاشتى. تونۇش ھارۋىكەشلەر ھارۋىدىن
چۈشۈشۈپ يول بويىدا ئولتۇرۇپ پاراڭغا كىرىشىپ كېتىشتى.
بۇ ھارۋىلار قەشقەردىن لەڭ[①] بېسىپ بىللە يولغا چىققانلار بو-
لۇپ، قاراشەھەردە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشكەنىدى.
ئۇلار بىر ھازا پاراڭ سېلىشىپ، سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى ـ دە،
كېيىن يەنە قاراشەھەردە كۆرۈشمەككە ۋەدىلىشىپ يولغا راۋان
بولۇشتى.
— قۇربان ئاكا؟ — دېدى لۇتپۇللا ئاتلار ئىزىدىن قوزغى-
لىپ ھايال ئۆتمەيلا ھارۋىكەشكە سوئال بېرىپ، — سىزنى ئۇلار
نېمىشقا قۇربان قىلىچ دېيىشىدۇ؟!
كەلگۈسىدە «داۋانلار ئاشقاندا» ناملىق نادىر ئەسەر يېزىشنى
قەلبىگە پۈكۈپ كېتىۋاتقان ياش شائىرنى مۇشۇ سوئال بىلەن
باغلانغان يۈكسەك ئىلھام يىپلىرى مەھكەم چىرمىۋالدى. بۇ
سوئالدىن تۇغۇلىدىغان ھېكايىلەر ئۇنىڭچە ھارۋىكەشتىن سورى-
ماقچى بولغان ھەر قانداق باشقا سوئاللاردىنمۇ قىممەتلىك بىلىن-

① لەڭ — مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىڭ دېھقانلارغا ئالۋان قويۇپ يۆتكەيدىغان ئاشلىقى دېھقانلار-
نىڭ تىلىدا «لەڭ» دەپ ئاتىلاتتى.



ـدى بولغاي، ئېھتىمالىم، ئۇ ئىنتىلىش نەزەرى بىلەن قاراپ
ھارۋىكەشتىن جاۋاب كۈتەتتى.
لۇتپۇللانىڭ سوئالى قۇربان قىلىچنىڭ خىيالىنى يىراق ئۆت-
مۈش ساھىللىرىغا ئەكەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئاپتاپلىق ئۇزۇن سەپەر-
دە كۆيۈپ قارايدىغان چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ، ئالدىنقى كۈنى
يولغا چىقىشتىن بىر كۈنلا بۇرۇن ئۇرۇمچى ئوتتۇرا كۆۋرۈك
بېشىدىكى سائىراشخانىدا تەكشى چىرايلىق قىلىپ قىردۇرۇۋالغان
بۇرۇتلىرى سەل ـ پەل تىترەپ كەتتى، قويۇق قاشلىرى ئاستىدى-
كى ئۆتكۈر كۆزلىرى قىسىلدى ـ دە، چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ
تۇرۇپ:
— گەپنىڭ يىلتىزىنى ئېپىۋالدىڭىز، ئۇكام، — دېدى
قۇربان قىلىچ ئاتلارنى بىر تەكشى ماڭدۇرۇپ قويۇپ، بىر يۆگەم
ئاچچىق تاماكا ئوراپ، شورىۋالغاندىن كېيىن، ھېكايىگە چۈش-
تى:
بۇ قىزىق لەقەمنى يېشىپ بېرىش ئۈچۈن گەپنى ئۇزاقتىن
باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭ ئاتام قاسىمئاخۇن دىلى يۇمشاق
مۆمىن بىر كىشى ئىدى. مەن ئۇ كەمدە تېخى كىچىك ئىدىم.
ئۇ چاغلاردا «زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ» بولۇپ، «سۇ
سايغا، پۇل بايغا» ئاقاتتى. مۇشتۇمزورلۇق ھۆكۈم سۈرەتتى.
ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ كۈنى تەس ئىدى، — ھارۋىكەش قول-
ىدىكى تاماكىنى يەنە بىر قېتىم شورىدى ـ دە، ئارقىدىن تاماكا
ئىسىنى ئاسمانغا پۈۋلىۋېتىپ، داۋام قىلدى، — بىر كۈنى يېڭى
ئامبال كېلىپتۇدەك، دېگەن خەۋەر يۇرت ئىچىگە پۇر كەتتى.
كونىسى بولسۇن، يېڭىسى بولسۇن، ھەممىسى پۇقرانى شوراشقا
كېلىدۇ، لېكىن يۇرت بەگلىرى يېڭى ئامبالدىن مەنسەپ تەمە
قىلىپ، ئۇنىڭغا پارا بېرىش ئۈچۈن يامبۇ تەييارلاشقا ئالدىراش-
تى. ئاخىر ئامبالمۇ كېلىپتۇ. بۇرۇن مەنسىپىدىن قالغان زايىت
بەگ توڭچى ئارقىلىق يېڭى ئامبالغا مىڭ سەر كۈمۈش كىرگۈزۈپ-

تۇ. ئۇنىڭ رىقابەتچىسى ئاۋۇت بەگ بىر مىڭ بەش يۈز سەر
كومۇش كىرگۈزۈپتۇ. تۇڭچىنىڭ تاپان ھەققى تېخى ئۇنىڭ سىر-
تىدا. يېگى ئامبال قولىغا چۈشكەن ئولجىنى تۆمۈر ساندۇققا
قاچىلاپ بولۇپ، بىرەر ھەپتىلەردىن كېيىن بەگلەرنى داتاڭ يامۇ-
لى (كۆرۈشۈش زالى) غا قىچقىرىپتۇ، — ھارۋىكەش قولىدىكى
تاماكىنىڭ ئاخىرقى قىسمىنى يەنە بىر شوراپ بولۇپ، يولغا
تاشلىدى ـ دە، داۋام قىلدى، — ئامبال داتاڭغا كەلگەندە خۇشا-
مەتچى بەگلەر بېشىنى يەردىن ئۈزمەي، كامالەك بولۇپ قۇللارچە
تەزىم بىلەن تۇرۇشۇپتۇ. ئامبالچۇ، ئۇنىڭ بېشىدا مانجۇچە قارا
لەمپۈقتىن تىكىلگەن سەككىز تالالىق قۇببە شەكلىدىكى قىزىل
پۆپۈكلۈك تەقىيە — پوسما بۆك، ئۇچىسىدا قارا داچەن گۆللۈك
تاۋاردىن تىكىلگەن ئىككى يان چېكى بار ئۇزۇن چاپان، ئۇنىڭ
ئۇستىدىن يېڭىگە ئاق شايى تۇتقان، كەڭ ۋە ئۇزۇن يەڭلىك ھەم
قولتۇقىدىن سەككىز توگۈنچەك ئىزمىلىنىدىغان جۇيازا —
كەمزۇل كىيگەن، تاكى سوڭىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان بىر تال
ئۆرۈمە چېچى بار، پۇتىغا ئۇچى ئاسمانغا قاراپ تۇرىدىغان قېلىن
چەملىك لاتا خەي كىيگەن، قولىدا گۈللۈك يامبۇك يەلپۈگۈچ
تۇتقان ھالدا گىدىيىپ بىنەزەر تۇرۇپتۇ.
«قېنى، ھازىر ئامبال دارېننىڭ پەرمانىنى ئاڭلاڭلار!»
تۇڭچىنىڭ جاكارسى ئېغىزىدىن چىقار ـ چىقماي تۇرۇپ،
بەگلەر يەنە قۇللۇق بىلدۈرۈپ، يەرگە ئېڭىشىپتۇ. ئامبال پارنى
كۆپرەك بەرگەن ئاۋۇت بەگكە سەككىز مىرابلىق سونى باشقۇر-
دىغان چوڭ بەگلىك مەنسىپىنى جاكارلاپتۇ. ئاۋۇت خۇشاللىقىدا
ئامبالغا كۆچۈكلىنىپ، پەشلىرىنى سۆيۈپ، يەنە ئەللىك يامبۇ،
مىڭ سەر كۈمۈشنى جاراڭلىتىپ تۆكۈپتۇ ۋە مىننەتدارلىقىدا
كەينىچە ماڭغان پېتى داتاڭدىن چىقىپ كېتىپتۇ. لېكىن ئاز پارا
بەرگەن زايىت بەگكە سۆز بولماپتىكەن، ئۇ، تاقەتسىزلىنىپ
ئاستا تۇڭچىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ ئىلتىپات سوراپتۇ. ئامبال



بۇنى سېزىپ: «تا بۇشاڭ» دەپتۇ. تىل بىلمىگەن زايىت يەنە
دەرھال تۇڭچىدىن: «ئامبال دارېن نېمە دەيدىكىن؟» دەپ يېلى-
نىپ تۇرۇۋېلىپتۇ. تۇڭچى زايىت بەگدىن ئېلىپ قويغان پارىسى-
نىڭ يۈزىنى قىلىپ، ئۇنىڭغا: «ئامبال دارېن ئۆزلىرىگە ،تا
بۇشاڭ،[1] مەنسىپىنى ئىلتىپات قىلدى، تەقسىر» دەپ جاۋاب
بېرىپتۇ.
گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە لۈتپۇللا بىلەن تۇردى ھوسۇيۇن
ئۆزىنى بېسىۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ تېلىقىپ كېتىشتى. ئارقى-
دىن لۈتپۇللا كۈلكىسىنى توختىتىپ سۆز قىستۇرۇپ:
— ھەي نادان بەگلەر، ھەي، ئىسسىت نادانلىق. زايىت تېخى
«تا بۇشاڭ» مەنسىپىگە زىياپەت بېرىپ يۈرمىگەندى! — دېدى.
— راست، تېپىۋالدىڭىز. دېگىنىڭىزدەك بوپتۇ، —
دېدى ھارۋىكەش سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — «تا بۇشاڭ» مەن-
سىپى جاكارلانغاندىن كېيىن، زايىتنىڭ شادلىقى قىن ـ قىنىغا
سىغماي ئات چاپتۇرۇپ ئۆيىگە بارغان پېتى، چوڭ زىياپەت ئۆت-
كۈزۈپ، ھېلىقى ئەمىلىنى يۈرت چوڭلىرى ئىچىدە رەسمىي
جاكارلاپتۇ. قاراڭلار، زامان ـ زامانلاردىن بېرى خەلق مۇشۇن-
داق ئادەملەرنىڭ قولىدا تالان ـ تاراج بولۇپ كېلىپتۇ.
قوربان قىلىچنىڭ تارىخىي ھېكايىسىنىڭ تېخى يېرىمىمۇ
تۈگىمىگەنىدى، ھارۋا توقسۇن سايلىقىنىڭ كۆپ قىسمىنى بې-
سىپ ئۆتۈپ، «چەكمەنبارات» دېگەن مەھەللىگە يېقىنلاپ قال-
دى. مەھەللە ياقىسىدىكى دەرەخلەرنىڭ بوران زەربىدىن كونچى-
قىشقا قىڭغايغان شاخلىرى بارا ـ بارا كۆزگە ئېنىق كۆرۈنۈشكە
باشلىدى. بىردەم ماڭغاندىن كېيىن قوربان قىلىچنىڭ ھارۋىسى
ئۇدۇل تەرەپتىن كېلىپ پاتقاققا پېتىپ قالغان، ئۈستىدە لەڭ
بېسىقلىق ھارۋىنىڭ ئالدىغا بېرىپ توختىدى.
ئىككى كۈن بۇرۇن چىققان ئون بال قاتتىق بوراندىن كېيىن

① «تا بۇشاڭ» — «ئۇ بارمايدۇ، بولمايدۇ» دېگەن مەنىدە.

ياغقان يامغۇر داۋانچىلىق ۋە ئالغۇي ئۈستىگىدە چوڭ تاشقىن كەل-
تۈرۈپ چىقىرىپ، يوللارنى نابۇت قىلىۋەتكەنىكەن. تۇرغۇن ئا-
دەملەر پۈچقاقلىرىنى تۈرۈپ، پاتقاقتا هارۋا چاقىنى ئىتتىرد-
شىپ، تەرگە چۆمۈپ كېتىشكەنىدى، لېكىن چاق قىمىرلاپمۇ
قويمايتتى. يول توسۇلۇپ، ئۇرۇمچى ۋە توقسۇن تەرەپتىن كەل-
گەن يولۇچىلار ۋە هارۋىلار يولنىڭ ئىككى قېشىدا تىزىلىپ
تۇراتتى. قۇياش بارغانسېرى كوچەي تاغلىرى كەينىگە سۈرۈل-
مەكتە ئىدى. بايىقى هېكايىنىڭ داۋامىنى ئاڭلاشقا ئىنتىزار
بولۇپ تۇرغان شائىر مۇراجىئەت تەلەپپۇزى بىلەن:
— قېنى، قۇربان ئاكا، گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلەر-
ئىمىش، هارۋىنىڭ تىلىنى، ئاتنىڭ خۇيىنى سىز بىلىسىز،
يارىدەم قولىمىزنى سۇنايلى، — دېدى.
لۇتپۇللانىڭ سۆزى هارۋىكەشكە تەسىر قىلسا كېرەك، قۇر-
بان قىلىچ دەرهال هارۋا ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشتى ۋە بىر
كۈرەكنى ئالدى - دە، پاتقاققا پاتقان هارۋا چاقىنىڭ ئالدىدىكى
پاتقاقنى چىقىرىۋېتىپ، ئورنىغا قۇرۇق شېغىل تۆكتى، ئارقى-
دىن هارۋىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، قامچىنى هاۋادا ئوينىتىپ،
قاتتىق ئاۋاز بىلەن ئاتلارنى چۆچۈتۈپ ئالدىغا دېۋىتىدۇردى. قولاق
تۈۋىدە قارسىلداپ ياڭرىغان قامچا ئاۋازىدىن چۆچۈگەن مەخلۇقلار
بىردىنلا سەگەكلىشىپ، ئالدىغا شۇنداق تارتتىكى، هارۋا خۇددى
بىرى كۆتۈرۈپ ئېلىپ قويغاندەك شىپپىدە قىلىپ پاتقاقتىن چە-
قىپ كەتتى. ئۈستەڭنىڭ قېشىغا توشۇپ كەتكەن يولۇچىلار،
لەڭ توشۇغۇچى هارۋىكەشلەر، نەنسەنىنىڭ كۆزگى بۇغداي ئورمە-
سىدىن قايتقان ئىشلەمچىلەر قۇربان قىلىچقا ئاپىرىن ئېيتىشتى.
— قېنى، هارۋىغا چىقىڭلار، خەير خوش، بىز ماڭدۇق.
قۇربان قىلىچ يولۇچىلاردىن ئايرىلىپ، يەنە چاقىقانلىق بى-
لەن هارۋىسىنى توقسۇن بازىرىغا قاراپ هەيدەپ ماڭدى. بىر ئاز
ماڭغاندىن كېيىن، لۇتپۇللا ئارقا تەرەپتە ئىككى يولۇچىنىڭ



پىيادە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى - دە:
— توختاڭ، قۇربان ئاكا، توختاڭ! ئاۋۇ ئىككى يولۇچىنى
ئېلىۋالايلى … — دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى.
هارۋىكەش شائىرنىڭ سۆزىنى يىرماي، دەرهال هارۋىنى
توختاتتى. يولۇچىلار يېتىپ كەلگەندە لۇتپۇللا ئۇلارنى هارۋا
ئۈستىگە تەكلىپ قىلىپ چىقىرىۋالدى.
بۇ ئىككى يولۇچى ئەسلىي توقسۇندىكى ئويمان كارىزنىڭ
كارىز چاپقۇچىلىرى بولۇپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە مۇشۇ كە-
سىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ياز ۋە كۈز ئايلىرى ئۇلار
نەنسەنگە چىقىپ بايلارنىڭ ئورمىسىنى ئورىدىكەن. ئەللىك ياش
ئەتراپىدىكى سېرىق ساقال، ئورۇق كەلگەن يولۇچىنىڭ گۆشسىز
قوۋۇرغىلىرى بەش بارماقتەك ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. هەر
ئىككى يولۇچىنىڭ قوۋۇرغا ئومۇرتقىلىرى كامالەك شەكلىدە ئې-
گىلىپ كەتكەنىدى. بۇ ئۇلارنىڭ قاراڭغۇ ۋە نەمكەش چوڭقۇر
كارىز تېگىدە قوللىرىغا جوتۇ، تېۋەر[1] ئېلىپ ئۇزۇن زامانلارغىچە
ئېگىشىپ تۇرۇپ، جاپالىق ئىشلىگەنلىكىنىڭ ئىسپات تامغىسى
ئىدى.
— ئاكىلار، شۇ جاپالىق كارىز تېگىگە چۈشۈپ يۈرگۈچە،
ئۇنچىۋالا جاپا تارتماي ياشاش ئىلاجى يوقمۇ؟ — دېدى لۇتپۇللا
كارىزچىلارغا سوئال قويۇپ.
شائىرنىڭ سوئالى ئاياغلىشىشى بىلەن تەڭلا هېلىقى بېلى
كامالەكتەك ئېگىلىپ كەتكەن چوڭ ياشلىق كارىزچىنىڭ كۆزلە-
رىدىن ئاققان ياش مونچاقلىرى لۇتپۇللاغا جاۋاب ئىشارە بولدى.
بۇ كىشىنىڭ ئىچىدە توپلانغان زەردە تۈگۈنلەر ئاز گەپ بىلەن
يېشىلمەيتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى توختىماي تىترەپ تۇراتتى. ئىك-
كىنچى كارىزچى دەرهال سۆز قىستۇرۇپ:
— كارىزنىڭ تېگىگە چۈشمەي نە هەددىمىز، ئەپەندىم. بۇ

[1] تېۋەر — كارىزچىلارنىڭ مەخسۇس تۆمۈر ئەسۋابى.

يەردە كارىزدىن قاچسا نانسىز قالىدۇ، بوراندىن قاچسا جانسىز! — دېدى.

كارىزچىنىڭ بۇ ئاددىي، لېكىن مەنىسى چوڭقۇر ۋە ئوبرازلىق سۆزىنى ئاڭلىغان شائىر بىردىنلا خىيال دېڭىزىغا چۆكۈپ كەتتى. ئۇ خىيالىنى يىغىپ، ئىككىنچى سوئالنى سورىماقچى بولغاندا، هارۋا مەھەللە ئارىسىدىكى يول ئايرىشقا يېتىپ كەلدى - دە، كارىزچىلار مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ هارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ يېزىسى تەرەپكە كېتىپ قېلىشتى.

قۇربان قىلىچ ئاتلارنىڭ يۈرۈشىنى تېزلىتىپ، ياتقۇدىن بۇرۇن توقسۇن بازىرىدىكى ئاقتاش سارىيىغا يېرىپ چۈشتى.

ئەتىسى تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن تەڭ، هارۋا ئارغىبۇلاق داۋىنىغا قاراپ مېڭىش ئۈچۈن سارايدىن قوزغىلىپ، ساراي دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ يېقىنىدىكى بىر كىچىك ۋە تاملىرى ئەسكىرەپ كەتكەن كونا ئىشخانا ئالدىدا بەش - ئالتە مىنۇتچە توختىدى، قۇربان قىلىچ چاققانلىق بىلەن هارۋىدىن چۈشۈپ ھېلىقى كونا ئۆينىڭ ئالدىدا ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۈچۈن بۇ يەنە بىر يېڭى سىر بولغانىدى. هارۋىكەش دۇئادىن كېيىن ئالقىنى بىلەن كۆزىدىن ئاققان ياشنى ئېرتىۋېتىپ هارۋا ئۈستىگە چىقتى - دە، داۋان تەرەپكە قاراپ ھەيدىدى.

قوياش بىر غۇلاچ ئۆرلىگۈچە بولغان روزگاردا هارۋا ئۈستىنى پۈتۈنلەي جىمجىتلىق بېسىپ كەتتى، لېكىن ئوت يۈرەك شائىر ئارتۇقچە سۈكۈت قىلىشقا چىدىماي، يەنە سۆز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى، لۇتپۇللا «هاياتنى ئېنىقلاش — بىلىم دېمەكتۇر» دېگەن ئەقىل - ھېكمەتنى كىچىكىدىن ئۆزىگە ئەڭگۈشتەر بىلىپ كەلگەن. توقسۇننىڭ يىلانلىق يېزىسىنىڭ ئايىغىدىكى «جەرەنقايدى» دېگەن يېرىگە كەلگەندە،



شائىر ئېغىز ئاچتى:

— قېنى، قۇربان ئاكا، پۇرسەت غەنىيمەت، تۈنۈگۈنكى ھېكايىمىزنىڭ قۇيرۇقىنى توقسۇننىڭ قوملىرى بېسىۋالمىسۇن؟!

شائىرنىڭ سوئالى هارۋىكەشنى قاتتىق كۈلدۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى توختىغاندىن كېيىن ئارقىسىغا بۇرۇلدى - دە، لۇتپۇللانىڭ قولىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ:

— يارايسىز، شائىر يىگىت... بىز مانا ئەمدى توقسۇننىڭ بوران يولىدىكى قوم دۆۋىلىرىدىن ئۆتۈۋالدۇق، سىز دېگەندەك قوم دۆۋىلىرى ئاستىدا بېسىلىپ قالغان ھېكايە، خەزىنىلەر كۆپ. تەكلىماكان قوملۇقىدىمۇ، تۇرپان - توقسۇن قوملۇقىدىمۇ ھېكايە بايلىقىمىز كۆپ. يازغۇچىنىڭ قەلىمى گۆرجەك بولۇپ، ھېكايە خەزىنىلىرىنى قېزىپ چىقىرالىسا، ھەقىقىي يازغۇچى بولالايدۇ. چوقۇم ئۇنى قېزىپ چىقىرىش كېرەك، ئۇكا، — دېدى.

هارۋا پەللىمۇ پەللە ئۆرلەپ، داۋانغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. «بەل سىيرىلاڭغۇ» ناملىق ئېگىزلىككە چىققاندا لۇتپۇللا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىدى. توقسۇن گويا بىر چوڭقۇر كولانغان چوڭ ئوچاققا قۇلىقى بىلەن تەڭ قىلىپ ئېسىپ قويغان قازاندەك بولۇپ كۆرۈنەتتى.

— مانا قاراڭ...

قۇربان قىلىچ جىددىي تەلەپپۇز بىلەن لۇتپۇللانىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى - دە، سۆزگە كىرىشىپ كەتتى:

— مېنىڭ ئاتام قاسىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مىڭلىغان غېرىب - يېتىمچىلارنىڭ ئۆلۈكى مۇشۇ جىلغىدا قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولغان.

هارۋىكەش بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. ئۇ، ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى:

— بىز سۆزىمىزنى يەنە تۈنۈگۈن توختىغان يەردىن باشلاي-
مىز. شۇنداق قىلىپ زايىت بىلەن يېڭى ئامبال ئوتتۇرىسىدىكى
مەنسەپ سودىسى يەنىلا ياۋاش پۇقرالارنىڭ جېنىغا زامىن بولدى.
زايىت بەگ ئاتامنى ئۇرۇمچىگە لەڭ سەيسىسىگە مەجبۇرلاپ ئەۋەت-
تى. ئايلار ئۆتتى، يىللار ئۆتتى، ئاتام قايتىپ كەلمىدى. بىز
بەش بالا يېتىم قالدۇق. مەن كېيىن ئاتامنىڭ خۇن دەۋاسىنى
قىلىپ زايىت بەگ ئۈستىدىن ئەرز يازدىم، لېكىن «بېگىڭگە
يەتكۈچە بېلىڭ سۇنۇپتۇ» دېگەن راست بولۇپ چىقتى. ئەسلىدە
«هاسى ئوغرى بىلەن موسى ئوغرى بىر ئىكەن»، ماڭا ئاخىرى
«هۆكۈمەتكە قارشى» دېگەن بەتنامنى چاپلاپ، مېنى ئاستى،
ئۇردى، گاڭزىغا باستى، تېنىمنى تىتما - تىتما قىلىۋېتىشتى.
تېخى «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» قىلىپ، ئۈچ ئاي دېڭزاخا-
نىغا — قاپقاراڭغۇ زىندانغا سولاپ قويۇشتى، مانا قاراڭ، بۇ
ناهەقچىلىكنى! ئاتىسىنى ئۆلتۈر، بالىسىنى ئۇر، قاما، زىندانغا
تاشلا! هەي! رىياكار ئالەم! مانا كۆرگەن كۈن، شۇم تارىخ...
هارۋىكەش هاياجانغا تولۇپ، قايناپ سۆزلەۋاتقان پەيتتە،
داۋان جىلغىلىرىدىكى ئۆلۈكلەرنىڭ قۇرۇپ قالغان ئۈستىخانلى-
رىدىن لوقما چوقىلاپ يەپ تويۇنغان قاغا - قۇزغۇنلار توپ -
توپ بولۇپ ئۇچۇشۇپ، پەس چوققىلارغا قونۇپ يۇرۇشەتتى. بۇ
جانلىق تراگېدىيە هېكايىچىنىڭ سۆزىنى ئەمەلىي هۆججەت بىلەن
ئىسپاتلاپ تۇراتتى.
قۇربان قىلىچ بۇ پاجىئەلىك ئۆتمۈشكە نەپرەت بىلدۈرۈپ،
تەسىرلىك تەلەپپۇز بىلەن:
— هايات ئەنە شۇنداق ئىدى: قۇللارنىڭ تىرىكلىرىنىڭ
بېشىدا غەم بولىدۇ، ئۆلگەندە بولسا قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم
بولىدۇ! — دېدى.
هارۋىكەشنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرى لۆتپۇللا مۇتەل-
لىپ بىلەن نابورچىك تۇردى هۇسۇيۇنگە شۇنچىلىك قاتتىق تەسىر



قىلدىكى، ئۇلار ئۆز ئورۇنلىرىدىن ئىختىيارسىز قوزغىلىپ،
هارۋىنىڭ ئالدى شوتىسىغا كېلىپ ئولتۇردى - دە، هەر ئىككىي-
لەن ئىنتىزارلىق بىلەن هارۋىكەشنىڭ سۆزىگە تەلپۈنەتتى. هار-
ۋىكەش يانچۇقىدىن يەنە بىر ئورام ئاچچىق موخوركا ئېلىپ ئوراپ
چېكىشكە باشلىدى. هارۋا تەكشى جىلغا يولىغا كىرگەندىن كې-
يىن، قۇربان قىلىچ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— مېنى ئۈچ ئايدىن كېيىن تۆمۈرچى ئۇستام مەھەممەت
شەمشەر بورۇن[1] بولۇپ ھەپسىدىن ئاچىقىۋالدى، لېكىن ناهەقچى-
لىككە چىدىغىلى بولسۇنمۇ؟ ئىنتىقام يالقۇنى ۋۇجۇدۇمنى ئۆر-
تەپ ماڭا ئارام بەرمەيتتى. تۆمۈرچى ئۇستام مەھەممەت شەمشەر
ئىنتايىن قەيسەر يىگىت بولۇپ، مېنىڭ ھېسسىياتىمنى چۈشەن-
دى - دە، ماڭا قىزغىن يار - يۆلەك بولدى. ئۇستامنىڭ ئۆيىدە
بىز كېچىسى مەخپىي قىلىچ ياساشقا كىرىشتۇق. كۈندۈزى بىلىنە-
دۈرمەي ئورغاق، كەتمەن، گۈرجەك سوقاتتۇق. مەھەممەت شەم-
شەر دولان بويىچە داڭلىق ھۈنەرۋەن ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىن
ئايروپىلان ياساشتىن باشقىسى كېلەتتى. ئۇنى شۇڭا كىشىلەر
«مەھەممەت پاراڭ» دەپمۇ ئاتىشاتتى. ئۇستام بىلەن مەن زايىت
بەگنىڭ ھەرىكىتىنى پايلاپ يۈرەتتۇق. بىر كۈنى زايىتنىڭ يىل-
لىقچىسى چاۋار بىر كىچىك بالىنى قۇچىقىدا كۆتۈرۈپ دۇكانغا
كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى كىچىك ئوغۇل بالا زايىت
بەگنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغان بالا ئىدى. چاۋار نېمە
ئۈچۈندۇر بۇگۈن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، باشقىچىلا خۇشال ئى-
دى.
«بۇگۈن روھىي ھالىتىڭ بۆلەكچىغۇ، چاۋار؟ بەگ دادىڭ
سېنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلدىمۇ، نېمە؟» ئۇستام مەنىلىك قىلىپ
يىللىقچىدىن سورىدى.
«يېڭى چىققان ناخشىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ سىلەر تېخى

[1] بورۇن — كېپىل مەنىسىدە.

ئۇخلاپ يۈرەمسىلەر؟ بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ ھەممە دېھقانلار خۇشال بولۇشۇۋاتىدىغۇ. ناخشا بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن بەگ بىلەن ئامبال پۈتىي كۆيگەن توخۇدەك ئىززىدا تۇرالماي قېلىۋاتىدۇ.»

چاۋارنىڭ جاۋابىدىن كېيىن ئۇستام بىلەن مەن قولىمىزدىكى ئىشنى ۋاقىتىنچە توختاتتۇق - دە، چاۋارنى يەنە گەپكە سالدۇق.

«قايسى يېڭى چىققان ناخشىنى دەيسەن، بەگ داداڭ بىلەن ئامبال نېمىشقا بۇ ناخشىدىن ئۈركۈپ كېتىشىدۇ؟» مەن چاۋاردىن گەپ كوچىلاش ئۈچۈن ئىچكىرىلەپ سورىدىم.

چاۋار سۆز بىلەن جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا ئاۋۋال يېڭى چىققان «ئاچىل، ئاچىل، گۈل ئاچىل، ئاچىلمىساڭ گۈل قايدا» دېگەن تۇرپان - قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ناخشىسىنى ئۈنلۈك ئېيتىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى بەك ياخشى ئىدى. ئۇستام مەھەممەت شەمشەر ناخشىنى ئاڭلاپ، خۇددى سىمابتەك ئېرىپلا كەتتى. مېنىڭمۇ كۆزۈمدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

«بۇ ناخشىنى، — دېدى چاۋار، ناخشىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاۋازىغا مەستلىكى كېلىپ ۋە ماختىنىپ، — مەن نۇرغۇن كىشىلەرگە ئېيتىپ بەردىم، لېكىن بەگ ئاكام ماڭا ئازار بېرىپ، ئىككىنچى بۇ ناخشىنى ئېيتىپ يۈرگۈچى بولما، تىلىڭنى كېسىپ تاشلايمەن، دەپ قورقۇتتى. ھازىر ئاڭلىسام ئامبال مۇشۇ ناخشا چىققاندىن كېيىن، بۇ يەردىن قېچىپ كېتىدىغان بوپتۇدەك، بەگ ئاكام كۈندە يامۇلغا يورغىلاپ يۈرىدۇ. ئامبالنىڭ يىغقان ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى بىر تۆمۈر ساندۇققا قاچىلاپ قويۇپتۇمىش. بەگ ئاكام ھارۋا تەييارلاپ قويدى. ئامبالنى قوغداپ ئاقسۇغىچە ئۇزىتىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ.»

چاۋار سۆزلەۋاتقاندا ئۇستام مەھەممەت شەمشەر ماڭا مەنىلىك



بىر قاراپ قويدى - دە، ئاندىن دەرۋازا سىرتىغا چىقىپ، تالا - تۈزنى بىر قۇر كۆزىتىپ كىرىپ، چاۋارغا يەنە:

«بۇ ناخشا ساڭا نېمە خۇشاللىق كەلتۈرىدۇ؟» دەپ سوئال قويدى.

چاۋار ئۇستامىنىڭ بۇ سوئالىغا ئانچە دېلىغۇل بولماستىنلا جاۋاب بېرىپ:

«ئاز كۈندە جاھان ئالتۇپىلاڭ بولىدۇ، بەگ ئاكامنىڭ كىچىك خوتۇنى ماڭا قالىدۇ - دە!» دېدى.

«ئالتۇپىلاڭدا بەگ ئاكاڭ ئامان قالامچۇ؟!»

«بەربىر، ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنى ھازىرمۇ مېنىڭكىغۇ؟ بەگ ئاكام شۇنچە كۆپ خوتۇنلىرىغا... مانا قاراڭلار. بەگ ئاكامنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن بولغان ماۋۇ ھارىمىنىڭ قۇيۇپ قويغاندەك ماڭا ئوخشاپ تۇرغىنىنى، شۇنداقمۇ، ئوغلۇم!»

چاۋار قۇچىقىدىكى زايىت بەگنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن بولغان ئوغۇل بالىنىڭ ئىككى مەڭزىگە ياندۇرۇشلاپ سۆيۈپ قويدى. بالا بولسا چاۋارنى سۆيدۈرمەي قولى بىلەن ئىتتىرەتتى.

«چاۋار، — دېدى ئۇستام ئاگاھلاندۇرۇپ، — ئۆزۈڭگە پەخەس بول، بۇ بالىنىڭ ئاكىسى ئاڭلاپ قېلىپ، جاجاڭنى بېرىپ قويمىسۇن، قايسى كۈنى ئاڭلىساق تازا دومبا يەپسەنغۇ؟»

«دومبا يېيىشمۇ كارى چاغلىق، — دېدى چاۋار يەنىلا تەن بەرمەي، — ئاكىسىمۇ مېنىڭ ئوغلۇمغۇ ئاخىر، ئۇ مېنى ئۇرۇۋالغاندىن كېيىن، مەن تامنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ئاستا ئاۋاز بىلەن: سەنمۇ مەندىن بولغانغۇ ھارىمى، دەپ راسا تىللاپ دەردىمنى چىقىرىۋالدىم. ئاپىسى ئۇرۇشقىنىمىزنى ئاڭلاپ ماڭا: «خاپا بولما، چاۋار جېنىم، لېكىن سىرىمىزنى ئاشكارا قىلىپ قويساڭ سەت بولىدۇ، ئىككىمىز ئىچىمىزدە بىلىشسەكلا بولمامدىمۇ؟»، دەپ ماڭا تەسەللى بېرىپ قويدى. قانداق بوشمىكەنمەن؟!»

ھارۋىكەش ھېكايىسىدىكى سۆزلەرنى شۇنچىلىك ماھىرلىق بىلەن تەسۋىرلەپ بەردىكى، ئېغىر تەبىئەتلىك تۇردى ھوسيۇنىنىڭمۇ تولا كۈلۈپ ئۈچەيلىرى ئۈزۈلۈپ كېتەي دەپ قالدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ بولسا، ئۇيغۇر ياللانما دېھقىنى چاۋارنىڭ ئوبرازىنى ئەدىب لۇشۈننىڭ ئاكيۇ جاۋنىڭ ئوبرازىغا ئوخشىتىپ ئۇيغۇر ئاكيۇلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن دەپ ئويلىدى ۋە ھارۋىكەشنى سۆزگە يېتەكلەپ يەنە:

— ئاخىرىچۇ، قۇربان ئاكا؟ — دەپ سوئال قويدى.

— بىز چاۋارنىڭ خوي - پەيلىدىن، — دېدى قۇربان قىلىچ سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئۇنىڭ ئاغزىدا پو ئاتىدىغان، لېكىن قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان نادان بىچارە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدۇق - دە، ئۇنىڭغا ئىچ سىرىمىزنى ئېيتماسلىق قارارىغا كەلدۇق. ئەمما چاۋار ئۈچ كۈندىن كېيىن، دۇكانغا كېلىپ زايىت بەگ بىلەن ئامبالنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشىنى يېسىپ يېرىم كېچىدە غايىب بولغانلىقىنى بىزگە يەتكۈزۈپ ياخشى ئىش قىلدى. بىز ئۇ چاغدا شەمشەردەك تۆت قىلىچ، ئىككى مىلتىق سوقۇپ تەييارلاپ بولغاندۇق. بىزگە ئات كېرەك بولۇپ تۇراتتى. بىز يەنىلا چاۋار ئارقىلىق زايىت بەگنىڭ قوتىنىدىكى ئاتلاردىن تاللاپ ئەكېتىشنى قارار قىلدۇق - دە، گۈگۈم چۈشۈشىنى كۈتۈپ، ئۇستامنىڭ ئىچكەركى ئۆيىدە قورساق تويغۇزۇپ ئولتۇردۇق. ئۇستامنىڭ دەرۋازىسى ئىچىدىن ئىلىقلىق ئىدى. ئۇشتۇمتۇت ئاتنىڭ ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، دەرۋازا قاتتىق ئۇرۇلدى.

«ھىم، پالاكەت باستىمۇ، نېمە؟ نەسچىلىك يۈز بەرمىسە بولاتتىمغۇ» دېدى ئۇستام مەھەممەت شەمشەر ۋە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، تاشقىرىقى ھويلىغا چىقىپ، دەرۋازىنى ئاچتى. مەنمۇ كەينىدىن چىقىپ قاراڭغۇدا مارىلاپ تۇردۇم. ئۈچ ئاتلىق ياش دېھقان ھويلىغا ئاتتىن چۈشمەيلا كىرىپ كەلدى - دە،



ئۇلاردىن بىرى:

«تۆمۈرچى مەھەممەت شەمشەر سىز بولامسىز؟» ۋارقىراپ سورىدى.

«خوش، مەن بولىمەن» دېدى ئۇستام.

ئۇلار تەڭلا ئاتتىن چۈشۈشتى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئاتلىرىنى تۇتۇپ ھويلىدا قالدى. گەپ سورىغان يىگىت ئۇستامنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆيگە كىردى. ئوچاق بېشىدا قاپقارا مايلىشىپ كەتكەن جىنچىراغ پىلدىرلاپ يېنىپ تۇراتتى.

مېھمان يىگىت ئەمدىلا يىگىرمە ياشلارغا تولغان، قاۋۇل، قاڭشارلىق، قارا قاش، ئوتتۇرا بوي، گىرۋى، جىددىي قىياپەتلىك كۆرۈنەتتى. يېنىغا ئېسىۋالغان خەنجىرى كونا يىرتىق غىلاپ ئىچىدىن يالتىراپ تۇراتتى. ئۇستام مېھمان ئالدىغا ھجىر قاچىدا سۇ قويۇپ، بىر پارچە ناننى ئوشۇتتى - دە، مېھماننى تەكلىپ قىلدى.

«رەھمەت، — دېدى مېھمان چاققانلىق بىلەن ئۆزرىخاھلىق بىلدۈرۈپ ۋە ئارقىدىنلا، — مەن توقسۇنلۇق، — دېدى ئۇ، مۇلايىم ۋە ئۆتكۈر كۆزى بىلەن بىزگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — كامال قەرەن دېگەن تېرىنچى ئادەمنىڭ ئوغلى بولىمەن. ئىسيان كۆتۈرۈپ كەلدىم. ئىسيان نەيزە - قىلىچ بىلەن بولىدۇ، سىزلەرنى ئۇستا تۆمۈرچى دەپ ئاڭلاپ كېلىۋاتىمەن» دەپ مەقسىتىنى بايان قىلدى ئۇ.

«بىزگە بىرقانچە قىلىچ سوقۇپ بېرەلەمسىز؟»

توقسۇنلۇق يىگىتنىڭ بۇ سوئالى ئېغىزىدىن چىقىپ بولغۇچە ئۇستام مەھەممەت شەمشەر نەچچە كۈندىن بۇيان ئىشلەپ تەييارلاپ قويغان ھېلىقى قىلىچ ۋە مىلتىقنى مېھمان يىگىتكە تەقدىم قىلدى. مېھمان يىگىت قىلىچتىن بىرنى قولىغا ئالدى - دە، چوڭ بارمىقىنىڭ تىرنىقىنى قىلىچنىڭ بىسىغا قاتتىق چەكتى. قىلىچنىڭ بىسىدىن خۇددى جانان چىنىدەك جاراڭلىغان ئاۋاز

چىقىپ كەتتى.
«پەرەڭ ئۇستام، ئاتىڭىزغا رەھمەت.»
مېھمان يىگىت ئۇستامنىڭ ھۈنىرىنى يۇقىرى باھالىدى ۋە
ئارقىدىنلا بىزنىڭ مەقسىتىمىزنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى. بىز
مەقسەت ـ مۇددىئايىمىزنى ئېلىپ قالماي، مېھمانغا ئىچ ـ باغرى.
مىزنى تۆكتۇق. مېھمان يىگىت قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ:
«بارىكاللا، يارايسىلەر، ئوغۇل بالا ئەنە شۇنداق بولۇشى
كېرەك. بۇ ئىشقا مەنمۇ قاتنىشاي. يۇرۇڭلار ئەمسە» دېدى.
يىگىتنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىمىز ئىچىمىز.
گە سىغماي كەتتى. بىز، بىرنەچچە نان، بىر ـ ئىككى قاپاق
سۇ ئېلىپ تەييارلاندۇق. ئۇستام بىلەن ماڭا ئات يوق ئىدى.
توقسۇنلۇق يىگىتكە ئاتنى زايىت بەگنىڭ قوتىنىدىن ئالماقچى
بولغان پىلانىمىزنى مەلۇم قىلدۇق.
«ياخشى پىلان بوپتۇ، — دېدى توقسۇنلۇق يىگىت، —
ئۆزىنى ئۆز قولى بىلەن بابلاش كېرەك.»
شۇنداق قىلىپ بىز ئۇستامنىڭ ئۆيىدىن قوزغىلىپ، زايىت
بەگنىڭ قوتىنىغا بېرىپ، چاۋارنى قىچقاردۇق. توقسۇنلۇق يى.
گىت چاۋارغا ئات توقۇپ چىقىشنى بۇيرۇدى. چاۋار ھايت ـ
ھۇيت دېگۈچە ئىككى ئارغىماقنى توقۇپ چىقتى. ئارقىدىن مېھ.
مان يىگىت دەرھال يەنە:
«ئۆزۈڭگىمۇ بىر ئات توقۇپ چىق، دوستۇم، سەنمۇ بىزگە
سەپداش بولۇشۇڭ كېرەك» دېدى چاۋارغا.
چاۋار بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ھامان بىردىنلا لاغىلداپ تىترەشكە
باشلىدى. ئۇ ئارانلا جاۋاب بېرىپ:
«مەن... مەنمۇ سىلەرگە تازا سەپداش بولغۇم بار. مەن بىر
قول، يىللىقچى ئىدىم. يېقىندا «ئاچىلمىساڭ گۈل قايدا» دېگەن
ناخشىنى ئېيتىپ دېھقانلارغا تەشۋىقمۇ قىلىپ يۈردۈم. لېكىن
غوجام، ماڭا مەرھەمەت قىلسىلا...، ئەمدى...، قانداق



قىلاي...» دېدى.
«قولىنىڭ تارتىشىدىغان نېمىسى بار؟»
«ھە... ئەمدى نېمە دېسەم بولۇر، راستىنى ئېيتسام، بەگ
دادامنىڭ كىچىك خوتۇنى...»
چاۋار سۆزىنىڭ ئايىغىنى دېيەلمەي دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قال.
دى. ئۇستام مەھەممەت شەمشەر ھەممە ئىشتىن خەۋەردار بولغى.
نى ئۈچۈن توقسۇنلۇق يىگىتنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. شۇنىڭ
بىلەن بىز چاۋاردىن ئايرىلدۇق ـ دە، يولىمىزغا راۋان بولدۇق.
ئامبال بىلەن زايىت بەگنىڭ ئالدىغا ئۆتتۈۋېلىش ئۈچۈن تېتىر
دەشتلەردىكى چىغىر يوللارنى بېسىپ شۇنچىلىك تېز ماڭدۇقكى،
ئاتلىرىمىز قاناتلىق تۇلپاردەك ئۇچاتتى. تاڭ سۈزۈلۈش ئالدىدا
پەيزىۋاتنىڭ شەرقىدىكى «قاۋۇلنىڭ كۆۋرۈكى» دېگەن جاي بى.
لەن مارالبېشىنىڭ قاراقىرچىن ناملىق دەشتى بىنەم ئوتتۇرىسى.
دىكى قومۇلۇق ئىچىدە، قاچقۇنلارنى تۇتۇۋالدۇق. توقسۇنلۇق يى.
گىتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئامبال ۋە زايىت بەگ خۇددى موللامۇ.
شۈك بولۇپ ھارۋىدىن چۈشتى. توقسۇنلۇق يىگىت ئىككى سەپدى.
شىغا بۇيرۇق قىلدى. ئۇلار مەھەممەت شەمشەر بىلەن مەن سوق.
قان قىلىچنى ئېلىپ بۇ ئىككى مەلئۇننى قومۇلۇققا ئاپىرىپ جە.
ھەننەمگە ئۇزىتىپ قويدى.
قۇربان قىلىچ ھېكايىسىنى مۇشۇ يەرگىچە سۆزلەپ كېلىپ،
گويا ئۇزۇن يىللىق دەرد تۈگۈنى يېشىلىپ، يۈرەك پىغانى چىق.
قاندەك بولۇپ، ئەركىن نەپەستە بىر ئۇھ تارتىۋالدى ـ دە،
خۇشاللىقىدا يەنە موخوركا ئوراپ چېكىشكە باشلىدى. قۇياش
ئارغىبولاق تېغىنىڭ غەربىي چوققىلىرى ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇش
ئالدىدا تۇراتتى. لۈتپۇللا بولسا، ھارۋىكەشنىڭ كۆزىگە تەلمۈ.
رۈپ ھېكايىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىشارەت بېرەتتى. قۇربان قىلىچ
قىلچە ئېتىراز بىلدۈرمەستىن ھېكايىسىنىڭ ئاخىرىنى يەنە قى.
زىقىپ داۋاملاشتۇردى:

— ئىنتىقام بۇرچىمىز ئادا بولغاندىن كېيىن، توقسۇنلۇق يىگىت بىزگە خىتاب قىلىپ، ئاتلار ئارام ئېلىۋالسۇن، ئەتراپىمىز تېپتىنچ، بىز خاتىرجەم چاي ئىچىشىۋالايلى، دېدى.

بىز بىر تۈزگە يىغىلىپ چەمبەر بولۇپ ئولتۇردۇق. قاپاقتىكى سۇيىمىز بىلەن نېنىمىزنى يېۋالدۇق، توقسۇنلۇق يىگىت ئۆزىنى بىزگە تونۇشتۇرۇپ، جاراڭلىق سۆزلەشكە باشلىدى:

«مېنىڭ ئىسمىم ئابدۇنىياز كامال، توقسۇن بازىرى ئاقتاش مەھەللىسىدە يېتىملىكتە چوڭ بولدۇم، كىچىكىمدە ئانام ئۆلۈپ كەتكەنىكەن، ئۆگەي ئانام خارلاپ، ئۆيدىن قوغلىنىپ كوچىدا قالدىم. ئاقتاشتىكى مەدرىسىدە ئازراقلا ئوقۇپ، ئاندىن ياز كۈنلىرى ئاتامغا ياردەملىشىپ، تېرە ئەيلەشنى ئۆگەندىم، قىش كۈنلىرى توقسۇن بازىرىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى توپئاتار غوجام[1] ئۆستىڭىدىن مالتاقتا سۇ توشۇپ، بايلارغا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىپ جان ساقلاپ يۈردۈم. ئائىلەم نامرات، يا يېرىمىز، يا ئۆيىمىز يوق ئىدى. مەن سۇ سېتىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا يېشىم ئون ئۈچ - ئون تۆتلەردە ئىدى. مېنىڭ بىللە سۇ توشۇپ ساتىدىغان نامرات باللاردىن ھىدايى، سەپەر، ۋاڭ لەييۇلار يېقىن دوست - ئاغىنىلەر ئىدۇق. بىر كۈنى ئۆستەڭدىن سۇ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتساق رەقىب گەيجاڭنىڭ چېقىمچىلىقى بىلەن لى شۈڭگەن دېگەن ساقچى توقماق كۆتۈرۈپ كەلگەن پېتى ئاغىنەم سەپەرنى ئۇرۇپ، باش - كۆزىنى قان قىلىۋەتتى. سەپەرنىڭ جىنايىتى: ‹ئاچىل، ئاچىل، گۈل ئاچىل، ئاچىلمىساڭ گۈل قايدا› دېگەن ناخشىنى ۋارقىراپ، ‹خەلقنى قوزغىماقچى› دېگەن بەتنامدىن ئىبارەت ئىكەن. مەن ئاغىنەم سەپەرنىڭ قانغا مىلىنىپ، يەردە دومىلىنىپ ياتقىنىغا زادىلا چىدام تۇرالمىدىم - دە، لى شۈڭگەننى بىر مۇشت ئۇرۇپ تىك موللاق چۈشۈرۈۋەتتىم.

① توپئاتار غوجام — بوغدا تېغىنىڭ خەلق ئىچىدىكى نامى. توقسۇن بازىرى يېنىدىكى بۇ ئۆستەڭ بوغدا تاغ تىزمىلىرىدىكى قارلارنىڭ ئېرىگەن سۇلىرى قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان.



ئارقىدىن ئۇ كۆتۈرۈپ كەلگەن توقماقنى تارتىۋېلىپ، بېشىغا بىر سالسام، كاللىسىنىڭ قاق ئوتتۇرىسى تېشىلىپ، شەپكىسى ئاستىدىن قان شورقىراپ ئېقىشقا باشلىدى. يايلار، گوندىپايلار يېتىپ كەلدى - دە، مېنى باغلىغان پېتى يامۇلغا سولىۋەتتى. ئۈچ ئايدىن كېيىن، مەن كېچىدە يامۇلنى تېشىپ قېچىپ چىقتىم. نىسپىي شەپ بولغان چاغدا ئاغىنەم ھىدايىنى باشلاپ گۇچۇڭدا جەڭ قىلىپ تۇرغان تۇرپان - قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى قىسىملىرىغا قاتناشتىم. ئون يەتتە يېشىمدا بىرقانچە چوڭ جەڭلەرنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. بۈگۈن ئاخشام يەنە سىلەر بىلەن جەڭ مەيدانىدا سەپداش بولۇپ تونۇشقىنىم ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشال بولۇۋاتىمەن.

ئابدۇنىياز كامال سۆزىنى ئەمدىلا تۈگىتىپ، قاپاقتىن غورۇلدىتىپ سۇ ئىچىۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت مارالبېشى شاقۇر تەرەپتىن ئورغۇن ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەپ كېلىۋاتقان ئاياغ شەپىسى ئاڭلىنىپ قالدى. بىز ئابدۇنىيازنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قوراللاندۇق ۋە تېزلىكتە مۇداپىئە لىنىيىسى تۈزدۇق. ئابدۇنىياز چاققانلىق بىلەن مەھەممەت شەمشەر ياسىغان بەلدەنكە[1] مىلتىقنى قولىغا ئېلىپ، شەپە كەلگەن تەرەپنى قارىغا ئېلىپ تەييارلاندى. قالغانلىرىمىز قىلىچلىرىمىزنى يالىڭاچلاپ بۇيرۇق كۈتتۇق. مارالبېشى تەرەپتىن قاراۋۇلغا چىققان ئون نەپەر چېرىك بىزنى پەرق ئېتەلمەي ئالدىمىزغا ئۇدۇل ۋە يېقىنلا كېلىپ قالغانىدى. ئابدۇنىياز بىر پاي ئوق بىلەن ئىككى چېرىكنى دومىلاتقۇزۇۋەتتى - دە، قالغان چېرىكلەر ھەمراھلىرىنىڭ ئۆلۈكىنى تاشلاپ قاچتى. بىز قىلىچنى كۆتۈرۈپ ئاتلىق قوغلىدۇق. ئون كىلومېتىر ئارىلىقتا چېرىكلەرگە يېتىشىۋالدۇق، مەھەممەت شەمشەر سوققان قىلىچلار ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. بىز ئون ئات ۋە ئون مىلتىق ئولجا ئېلىپ ئۆز جايىمىزغا قايتىپ كەلدۇق. كوماندىرىمىز

① بەلدەنكە — خەلق ئۆزى ياسىۋالغان ئوۋ مىلتىقلىرىنىڭ بىر تۈرى.

مىنىڭ ئوڭ ۋە سول قولۇمدا تەڭلا قىلىچۋازلىق قىلالايدىغىنىمنى كۆرۈپ مىنى تەقدىرلىدى ۋە ماڭا «قۇربان قىلىچ» دەپ لەقەم قويۇپ قويدى.

ھارۋىكەش تۈنۈگۈن توقمۇننىڭ پادىسايىغان سېيىدا لۈتپۇللا سورىغان «قۇربان قىلىچ» سۆزىنىڭ مەنىسىنى ھازىر ئىزاھلاپ بېرىپ بولغىنى ئۈچۈن، شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى ئىنتايىن يېنىك ھېسابلايتتى. ئۇ قۇرۇپ قالغان گېلىنى سىلىقلىتىش ئۈچۈن يېنىدىكى كىچىك قاپاقتىن بىرنەچچە يۇتۇم سۇ ئىچتى. ھازىر ئۇ ئاجايىپ خۇشال ئىدى. ھارۋا داۋاننىڭ ئۈستىگە يېقىنلاشقاندا، سېرى يورۇقلۇق ئىلاھى ئامۇن[1] غايىب بولۇپ، پۈتۈن ئارغىبولاقنىڭ ئىچىگە تۈن پەردىسى يېيىلدى. ئاينىڭ سۇس شولىسى ھارۋا يولىنى ئارانلا يورۇتۇپ تۇراتتى.

— بۈگۈن داۋاندىن ئېشىپ كېتىمىز!

قۇربان قىلىچ نېمىشقىدۇر بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى - دە، باشقىچە زوقلىنىپ ئارغىبولاق ناخشىلىرىنى باشلىۋەتتى. ناخشا ماھىرى لۈتپۇللا مۇتەللىپ ئۇنىڭغا ھەمجۇر بولۇپ ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ناخشا سادالىرى پۈتۈن داۋاننى زىلزىلىگە كەلتۈرەتتى.

سۇ بېشى ئارغىبولاق،
مەنزىلى ئاندىن يىراق.
بۇ زۇلۇمنىڭ دەستىدىن،
ئۆلدى كۆپ ئادەم، ئۇلاغ.

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
غېرىبنىڭ يولىنى باغلار.

[1] ئامۇن — يورۇقلۇق پىرى دېگەن رىۋايەت بار.



غېرىب ئۆلسە كىم يىغلار،
غېرىبقا غېرىب يىغلار!

ناخشا ئاياغلاشقاندا قۇربان قىلىچ يەنە ھېكايىسىنىڭ داۋامىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەتىگەن قاق سەھەردە ئاقتاش سارىيىدىن چىققان چېغىمىزدا مەن دۇئا قىلغان كىچىك ئۆي ئەنە شۇ بىزنىڭ كەمبەغەل كوماندىرىمىزنىڭ ئۆيى ئىدى. ئۇ، ئون يەتتە يېشىدا قىلىچ يالاڭلىتىپ مۇشۇ داۋان جىلغىسىدىكى ئېيىق دۈشىسى ۋە قاۋان دۈشىسىنى قوغلاپ، داۋاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، پەيزىۋاتقا بېرىپ ماڭا ياردەم قولىنى سۇنغانىدى. بۇ چاغدا ئۇ ئاران ئون توققۇز - يىگىرمە ياشلاردا بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن مەن تەڭ دېمەتلىك كېلەتتۇق. مۇشۇنداق كىچىك ياشلىق بالا كېيىن شى كوماندىرى بولۇپ، ئالتە شەھەرنىڭ ھەممىسىدە ئايلىنىپ ئۇرۇش قىلدى. ئەگەر ئۇ توغرا نىشان تاپالىغان بولسا، ئۇنىڭ قولىدىن زور ئىشلار كېلەتتى، لېكىن...

قۇربان قىلىچنىڭ سۆزى تېخى ئاياغلاشمىغانىدى. ھارۋا تۈن يېرىملاردا داۋاندىن ئېشىپ، كۆمۈش تەرەپتىكى «چوققادەڭ» گە بېرىپ چۈشتى.

## ئالتىنچى باب

# باغراش بويىدا

تاغمۇ تاغلاردىن ئېگىز،
ئارغىبۇلاقنىڭ تاغلىرى.
ئۈستىدە قارلار تۇرۇپتۇ،
ئاستىدا گۈل باغلىرى.

— خەلق قوشىقى

ئەتىسى تاڭ سۈزۈلە - سۈزۈلمەيلا، ئويغۇنۇپ كەتكەن قۇربان قىلىچ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتلىرىنى ھارۋىغا قوشتى - دە، قاراشەھەرگە قاراپ ئىلگىرىلىدى.

سۈپسۈزۈك كۆكۈچ ۋە تىنىق ئاسماندا سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار چاقناپ تۇراتتى. تاڭ سەھەرنىڭ سالقىن شامىلى كىشىنىڭ يۈزىگە مۇزدەك ئۇرۇلاتتى. غەربكە پەسەيگەن ئاينىڭ سۇس شولىسى سۇبھى ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ ئۆتۈپ، ھارۋا يولىنى غۇۋا كۆرسىتەتتى. ئۇۋىسىدىن بالدۇر قوزغالغان چوكىلاڭ قاغىلار ئۇ چوققىدىن بۇ چوققىغا، گاھىلىرى بولسا جەنۇب تەرەپتىكى ئويمان سايلارغا قاراپ ئۇچۇشاتتى. جىلغىنىڭ يانباغىرلىرىدىكى بوزتورغايلارنىڭ چۇكۇلداپ سايراشلىرى ھەممىلا يەرنى قاپلاپ كەتكەنىدى.

داۋاندىن پەسلەپ ئۇچقاندەك تېز ماڭغان ھارۋا بىر ھازادىن



كېيىن كەڭ تۈزلەڭلىككە چىقتى. كۈن قىزىرىپ شەرقتىن كۆتۈرۈلگەندە، ئارغىبۇلاق تاغلىرى خېلى يىراقتا قالدى.

— ئالدىمىزدىكى غىلىڭ ساي، — دېدى قۇربان قىلىچ داۋان جىلغىسىدىن چىقىۋالغاندىن كېيىن چاقچاق باشلاپ، — پايانسىز كەتكەن كۆمۈش سايلىقى. بۇ سايدا كۆمۈش كۆپ، ئاز - پاز كۆمۈش تېرىشتۇرۇۋالالىساق، قاراشەھەردىن ئات سېتىۋالىمىز. يولنىڭ ئىككى چېتىگە سەپسېلىپ قاراپ مېڭىڭلار.

لۇتپۇللا ھارۋىكەشنىڭ شاڭخوسىنى سېزىۋېلىپ:

— كۆمۈش ئۈچۈن ئاۋارە بولمايلى، كۆمۈشنىڭ سايلىرىدىكى تاشنى سانىغىنىمىزدىن ھېكايە ئاڭلىغىنىمىز ئەۋزەل، چۈنكى ھېكايىلىرىمىز زەر - تىللا بىلەن تەڭ، سايىنىڭ قارا تېشىنى دەپ ئالتۇندىن قۇرۇق قالمايلى. قېنى ئەمىسە، قۇربان ئاكا، قارا قىرچىندىكى جەڭدىن كېيىن قانداق بولدى؟ — دېدى جاۋابەن.

قۇربان قىلىچ لۇتپۇللانىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە لۇتپۇللاغا قاراپ يېقىملىق تەلەپپۇز بىلەن:

— ئاغزىمىدىن چىقتى، ساقىلىمغا ياماشتى، دېگەندەك، ھېكايىنى مەنلا ئېيتسام بولماس، قېنى سىلەردىنمۇ ئاڭلاپ باقمادۇق؟ — دېدى.

— بۇ سۆزىڭىز توغرا، — دېدى لۇتپۇللا، — نۆۋەتنى بىزگىمۇ كېلىدۇ، لېكىن تۈنۈگۈنكى ھېكايىنىڭ تېخى ئاخىرى چىقمىدى. بىز شۇنىڭغا تەقەززا.

قۇربان قىلىچ قايىل بولدى - دە، كۆمۈشنىڭ سايلىقىدىكى تۈز يولدا ئاتلارنى مەيلىگە قويۇۋېتىپ، ھېكايىسىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

— قاراقىرچىندىكى قىسقا جەڭ غەلىبىسىدىن كېيىن، كوماندىرىمىزنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بىز چاققانلىق بىلەن ئاۋۋالقى جايىمىزغا توپلاندۇق، ئابدۇنىياز كامال مەن بىلەن مەھەممەت

شەمشەرگە بىردىن قىلىچ قالدۇرۇپ، زايىت ئامبالدىن غەنىيمەت
ئالغان ئات ـ هارۋا ۋە تۆمۈر ساندۇقتىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشنى
دەرهال شۇ چاغلاردا ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان خوجىنىياز هاجىغا يەتكۇ-
زۇپ بېرىشىمىزنى بۇيرۇدى. ئۇ، قالغان قورال ـ ياراغ ۋە
ئاتلارنى ئېلىپ، ئىككى سەپدىشى بىلەن بىرلىكتە يېڭىسار ۋە
مەكىت تەرەپكە قاراپ كەتتى. ئۇستام بىلەن مەن قاراقىرچىنىڭ
شەرقىي تەرىپى بىلەن ئات هارۋىنى هەيدەپ مېڭىپ، سېرىقبۇيا
ۋە ياقاقۇدۇقنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، شاقۇر ۋە دالاشۇر
ئارقىلىق گاهى تېپىرلىق، گاهى پوپاڭ يەرلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ
يايدىغا كەلدۇق. بىز بىر كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىماي ئۇيقۇسىراپ
كەتكەن بولساقمۇ، ئەنسىزلىكتىن بۇ يەردە دەم ئېلىشقا يەنىلا
پېتىنالماي، خوخا تىكەن ۋە چاتقاللىقنى كېزىپ ئىككىنچى كۈنى
كېچىچە يول يۈرۈپ خاڭگۇڭغا بېرىۋالدۇق. ئاقسۇ شۇ چاغدا
ئەمدىلا يېتىپ كەلگەن قۇمۇل ـ تۇرپان دېهقانلار قوزغىلاڭچىلى-
رىنىڭ قولىدا ئىدى. بىز خاڭگۇڭدا بىر ئاخشام خاتىرجەم دەم
ئېلىپ، ئاتلىرىمىزنى تويغۇزۇپ، ئۈچىنچى كۈنى تاڭ يورۇش
بىلەن تەڭ ئاقسۇ شەهەر ئىچىگە قاراپ ماڭدۇق. پېشىن ۋاقتى
بىلەن ئاقسۇنىڭ دولان كۆۋرۈكى يېنىدىكى گۈلباغقا يېتىپ بار-
دۇق. كۆز كۈنلىرى ئىدى. خوجىنىياز هاجى بىر باغدا قۇمۇل-
لۇق سەپداشلىرى بىلەن كېڭەش ئۈستىدە ئىكەن. بىزنى ئۇنىڭ
مۇهاپىزەتچى قىسىم كوماندىرى هامۇتخان لۈيجاڭ ۋە قۇربان
دورغا دېگەن كىشلەر كۈتۈۋالدى. بىز هەممە ئەهۋالنى يېپى-
دىن ـ يىڭنىسىگىچە ئۇلارغا مەلۇم قىلدۇق. ئۇلار هارۋىدىكى
غەنىيمەتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، خوجىنىياز
هاجىغا دوكلات قىلىش ئۈچۈن باغقا كىرىپ كەتتى. خوجىنىياز
هاجى خۇشاللىقىدا بىزنى قوبۇل قىلىدىغان بولۇپتۇ. بىز هامۇت-
خان لۈيجاڭ ۋە قۇربان دورغىنىڭ باشلىشى بىلەن ئۇنىڭ
هۇزۇرىغا كىردۇق.



مەي بولۇپ پىشقان ئۈزۈم بارىڭىنىڭ ئاستىغا سېلىنغان
قىپقىزىل رەڭدار گىلەم ئۈستىدىكى قېلىن تاۋار كۆرپىلەردە
يەتتىمدەك كىشى چەتتان قۇرۇپ شىرە ئۈستىدىكى ئۈزۈم، ياغلىق
توقاچ ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى يېيىشىپ ئولتۇرۇشقانىكەن. ها-
مۇتخان لۈيجاڭ ۋە قۇربان دورغا بىزنى ئۇلارغا تونۇشتۇردى.
ئۇستام بىلەن مەن ئۇلارغا سالام بېرىپ قول باغلاپ ئۆرە تۇر-
دۇق. ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان گەۋدىلىك كىشى كۈلۈپ تۇرۇپ:
«ئاتاڭلارغا رەهمەت، ئوغۇللىرىم، قېنى ئولتۇرۇپ قور-
سىقىڭلارنى توقلاڭلار» دېدى. بۇ كىشى خوجىنىياز هاجى ئىد-
كەن، ئۇ قارا دۇخاۋا دوپپا، ئۈچىسىغا ئۈچ يانچۇقلۇق كەڭ
قايرىما ياقىلىق، كالتە تۆۋتلىق بېغىر رەڭ چاپان كىيگەن،
بېلىگە قارا خۇرۇمدىن كۆمۈش هالقىلىق هەربىي كەمەر باغلاپ،
ئىككى مۈرىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ قوش ۋۇجۇاڭدەي تاقىغان، ئوڭ
بىقىنىدا كىچىك تاپانچا ئېسىقلىق، كەڭ پېشانە، قويۇق قارا
قاش، قارا ساقال، قاڭشارلىق، ئوتتۇرا بوي، ئەللىك ياشلارغا
كىرگەن كىشى ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى گۈللۈك تەكىيە ئۈستىگە
قويۇپ قويغان ماش رەڭلىك شىلەپىنىڭ قىرىغا ئورنىتىلغان قارا
مەشۈت پارقىراپ تۇراتتى. بىز غەنىيمەتنى تاپشۇرۇپ بېرىۋالغى-
نىمىزغا خۇش بولدۇق ـ دە، باغدا ئۇزۇن ئولتۇرماي ئاتقا
قارايدىغانلىقىمىزنى باهانە قىلىپ، خوجىنىياز هاجىدىن ئىجازەت
سوراپ چىقىپ كەتتۇق.
قۇربان قىلىچ داۋاننىڭ جەنۇبىغا ئۆتكەندىن كېيىن، تۇنجى
قېتىملىق موخوركىسىنى ئورىدى ـ دە، پۇرقىرىتىپ چېكىشكە
باشلىدى. ئۇلار خېلى بىر ۋاقىتقىچە جىم مېڭىشتى. ئارىدا
كۆمۈشتە دەم ئېلىپ، قاراشەهەرگە قاراپ ماڭغاندىن كېيىن
لۇتپۇللا هارۋىكەشتىن:
— زايىت بەگنىڭ يىللىقچىسى چاۋارنىڭ كېيىنكى ئەهۋالى-
دىن خەۋەر تاپتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— خەۋەر تاپماي قالامدۇ دەمسىز، — دېدى قۇربان قىلىچ جاۋاب بېرىپ، — ئۇ تازىمۇ ئەقلى گەجگىسىگە ئۆتۈپ قالغان ئەخمەق. باشتا ئۇ، «ئاچىل، ئاچىل، گۈل ئاچىل» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ، دېھقانلارغا تەشۋىق قىلىپ يۈردى، كۆرەشكە ئاتلىنىدىغان پەيتتە بىردىنلا قوشقۇنغا ئولتۇرۇۋالدى. بىز زايىتنىڭ قوتىنىدىن ئاتنى ئېلىپ، قاراقىرچىن تەرەپكە كەتكىنىمىزدىن كېيىن، چاۋار دەرھال زايىت بەگنىڭ چوڭ ئوغلى رامىزان بايۋەچچىنى ئويقۇدىن ئويغىتىپ: «ئاتنى ئوغرى ئالدى» دەپ خەۋەر قىلىپتۇ. رامىزان ئاچچىقىدا چاۋارنى «سەن ئاتقا قارىماي نەگە باردىڭ، غالچا!» دەپ تازا دۇمبالاپتۇ. ئارقىدىن چاۋار بىزنى پاش قىلىپ كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن، رامىزان قوراندىكى باشقا بىر ئاتنى مىنىپ بېرىپ مارالبېشى ئامبىلىغا مەلۇم قىلىپتۇ. ئامبال دارىن رامىزانغا ئون چېرىك قوشۇپ بىزنى تۇتۇشقا ئەۋەتىپتۇ. قاراقىرچىندىكى جەڭ ئەنە شۇنداق كېلىپ چىققان. بۇ جەڭدە رامىزانمۇ بېشىنى يېگەنىكەن. شۇ ئاخشىمى چاۋارغا زايىت بەگنىڭ ئۆيى ئەكچە قالىدۇ-دە، «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەندەك، ئۇ خۇشاللىقىدا بەگنىڭ ساراي ئۆيىگە كىرىپ، ئۇچىسىغا زايىتنىڭ قارا تون چاپىنىنى، بېشىغا تۈلكە مويلۇق قۇلاقچىسىنى كىيىپ، گۈل چېكىلگەن سىرىق شايى ياغلىقنى بېلىگە باغلاپ، زايىتنىڭ كىچىك خوتۇنى سەۋرىنساخان ياتقان ھۇجرىغا پايپاسلىغان پېتى خۇشال كىرىپ كېلىدۇ. سەۋرىنسا خېنىم بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، چاۋار خۇددى زايىت بەگدەك ياسىنىپ تۇرغۇدەك.

«ۋاي دەردىم، نېمە قىلىپ يۈرىدىغانسەن، چاۋار، — دەپتۇ سەۋرىنسا خېنىم، — بەگ داداڭنىڭ كىيىمى بىلەن كىرمىسەڭمۇ، ھېچقاچان مەن سېنى قوغلىمىغانغۇ؟»

«قاراپ بېقىڭا، — دەپتۇ چاۋار، — بەگلىك مەنسەپ ماڭىمۇ يارىشامدىكەن؟ مۇمكىن بولسا، ھازىر موللامنى قىچقىرىپ



ئىككىمىزگە نىكاھ ئوقۇتۇۋەتسەك.»

چاۋارنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان سەۋرىنسا خېنىمنىڭ قويقا چېچى تىك تۇرۇپتۇ-دە، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، چاۋارنىڭ ئۈستىبېشىدىن زايىت بەگنىڭ كىيىملىرىنى تارتىشتۇرۇپ سالدۇرۇۋېلىپ بولۇپ، بىرئازدىن كېيىن يەنە كەيپى ئۆز ئىزىغا چۈشۈپ:

«ئىككىسى باشقا-باشقا ئىش، ئام يوللۇق، سۆز ئورۇنلۇق بولغىنى تۈزۈك. نېسۋەڭگە قانائەت قىلغىن، چاۋار، بېرى كەل، جېنىم» دەپتۇ چاۋارغا.

قۇربان قىلىچ ھېكايىسىنىڭ مۇشۇ نازۇك جايلىرىنى ئىنتايىن قاملاشتۇرۇپ تەسۋىرلەپ، لۇتپۇللا ۋە نابورچىك تۇردى ھوسۇيۇننىڭ دىققىتىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. قۇربان قىلىچ ئاخىرىدا:

— مانا بۇ جەمئىيەتتە چاۋاردەكلەرگە خوتۇن يوق، بولسىمۇ ئۇنىڭ ئورنى، پۇلى يوق. زايىت بەگنىڭ بولسا، بىرنەچچە خوتۇنى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ، مەنسەپ دەۋاسى بىلەن ئايلاپ ئۆيدە بولالمايتتى. ياش سەۋرىنسا خېنىم كېچىلىرى قوتان ئەتراپىنى ئايلىنىپ، «ئاھ، خۇدا» دەپ نالە قىلاتتى. ئۇ، بىر كۈنى كېچىسى كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي چاكىرى چاۋارنى پۇتۇمنى تۇتۇپ قوي، دەپ باھانە قىلىپ ئۆزى يالغۇز يېتىۋاتقان ھۇجرىسىغا باشلاپتۇ-دە، ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ئەنە شۇ يول بىلەن داۋاملىشىۋېرىپتۇ. سەۋرىنسا خېنىم شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن چاۋارنى بەزىدە پەپىلەپ قويسىمۇ، لېكىن كۈندۈزى كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئۇنىڭ چاۋارغا «ئام يوللۇق، سۆز ئورۇنلۇق بولغىنى تۈزۈك» دېگىنىنىڭ مەنىسىمۇ ئەنە شۇ ئىدى، — دېدى.

قۇربان قىلىچنىڭ ھېكايىسى ئاياغلىشىشى بىلەن لۇتپۇللا ھاياجانلانغان ھالدا:

— مەن سىزنىڭ ئىككى كۆڭلۈك ھېكايىڭىزدىن چوڭقۇر
جەمئىيەت دەرسى ئاڭلىدىم. چاۋارنىڭ خاراكتېرى ئارقىلىق
جەمئىيەتنى، سىزنىڭ «قىلىچ» لەقىمىڭىزنىڭ مەنبەسى ئارقى-
لىق تارىخنى ئۆگەندىم، — دېدى.
قۇربان قىلىچ بىلەن نابورچىك تۇردى ھۇسۇيۇن شائىرنىڭ
ئوتلۇق سۆزلىرىگە بېرىلىپ قۇلاق سالاتتى.
— چاۋار، — دېدى لۇتپۇللا سۆزنى داۋاملاشتۇرۇپ، —
قۇللۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇ دەسلەپتە ئىنقىلابىي تەشۋىقات
ئېلىپ بارغان. لېكىن ئۇ، ئۆلۈمدىن قورقۇپ، جەڭدىن باش
تارتقان. ئۇ، باشقىلارنىڭ قولى بىلەن زايىت بەگنى يوقىتىپ،
ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنىغا، بەگنىڭ ئۆيىگە، ھەتتا مەنسىپىگە ئىگە
بولۇشنى، قىسقىسى، «توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش»نى خام
خىيال قىلغان. بىراق بەگنىڭ كىچىك خوتۇنى يەنىلا چاۋارنىڭ
قول نامىدا تۇرۋېرىشىنى خالايدۇ. سەۋرىنسا خېنىمنىڭ «نام
يوللۇق» بولسۇن دېگىنى، قۇلغا مەنسەپ راۋا بولمايدۇ، دېگىنى-
دۇر. چاۋارنىڭ روھى پۈتۈنلەي قۇرۇق خام خىيال بىلەن تول-
غان. ئۇ، تازىمۇ «ئاكيۇ»غا ئوخشايدۇ.
شائىر «ئاكيۇ» سۆزىنى تىلغا ئېلىۋېتىپ، مەشھۇر ئەدىب
لۇشۈننىڭ شۇ ناملىق ئەسىرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى چۈشەن-
دۈردى ۋە:
— چاۋاردىكى «ئاكيۇ» چىلىق ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق
ۋە گوللۇق بىلەن بىرىكىپ كەتكەن. ئۇنىڭ خاراكتېرى خەلق
تەمسىلىدىكى «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش»، «ئاسماندىكى غاز-
نىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېيىش» خام خىيالى بىلەن
باراۋەر، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى.
لۇتپۇللا جۇشقۇن روھ بىلەن سۆزلەيتتى. بىپايان دالىدا
ھېسابسىز قومۇشزارلىقلار، پىچانزارلىقلار، كۆزدە سارغىيىشقا
باشلىغان دالا چۆپلىرى ۋە سازلىقلار ئارقا - ئارقىدىن ئۆتۈشۈپ



تۇراتتى. سازلىقلاردىن ئاق قۇ، غاز، ئۆردەكلەر ئۇچۇپ چى-
قىپ، يېقىن ئەتراپتىكى باشقا سازلىقلارغا كېتىشىپ باراتتى.
قاراشەھەرگە تەخمىنەن ئوتتۇز كىلومېتىر كېلىدىغان پىچان-
زارلىق ئىچىدىكى يولدا بىر ئۇۋچى قاپقان قۇرۇپ تۇتۇۋالغان
بىر سېرىق جەرەننىڭ پۇت - قولىنى مەھكەم بوغقۇچلاپ، ئاتنىڭ
ئالدىغا ئېلىپ كېتىۋاتقانىدى. لۇتپۇللا قاپقاندا قاتتىق زەخمىلەن-
گەن ۋە پۇت - قولى چىڭ باغلانغان بۇ جەرەننى ئۆزىنىڭ ئازاد
يۇرتى — كەڭ باياۋانلارغا قويۇپ بەرگۈسى كېلەتتى، جەرەننىڭ
چىرايلىق بىر جۈپ قارا كۆزىدىن ئېقىۋاتقان يېشىنى كۆرۈپ
ئىچى سىيرىلەتتى.
ئۇۋچى ئېتىنى دېۋىتىپ يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن، شائىر
يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— قۇربان ئاكا، سىز سۆزلەپ بەرگەن ئىككىنچى مەسىلە-
دىكى (20 - يىللارنىڭ بېشىدىكى) تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئاخىرى
خۇددى ھېلى بىز كۆرگەن پۇت - قولى باغلانغان جەرەننىڭ
ھالىغا ئوخشايدۇ. نادانلىق بىلەن بەختسىزلىك سىزنى ئاقىۋەت
تۈيۈق يولغا ئاپىرىپ قويغاندا، «يېغا ياندىن قوپار، بالا قېرىن-
داشتىن!...» بافىڭگۇرت①، ياڭ زىڭخۇي② ۋە شىڭ زىڭخۇي③مۇ
مارىلاپ كېلىپ سىزنى مۇشتلايدۇ. «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا
تەگسە، بۇرنى قاناپتۇ»، «بىتەلەيگە سۇ كەلسە، ئاللاكۇدىن يار
كېتىپتۇ» دېگەن مانا شۇ. بىز ئەمدى ئىشنى ئاڭلىق ھالدا يېڭى
يول بىلەن باشلىشىمىز كېرەك.
شائىرنىڭ سۆزلىرى قۇربان قىلىچنى بارغانسېرى جەلپ
قىلىۋالدى، ئۇ لۇتپۇللانىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ قارايتتى:

① بافىڭگۇرت — 1931 - يىلى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغان ئاق رۇس گېنېرالى.
② ياڭ زىڭخۇي (ياڭ چېمىن) — 1932 - يىلى كۇچا - ئاقسۇ دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغان جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ گېنېرالى.
③ شىڭ زىڭخۇي (شىڭ شىسەي) — 1931 - يىلى قۇمۇل دېھقانلىرىنى قىرغان.

— بىزنىڭ يېڭى يولىمىز، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى لۇتپۇللا، — ھەقىقىي خەلق ئىنقىلابى يولى. بۇ نۆۋەت تەقدىر بىز ئۈچىمىزنى ھەمسەپەر قىلىپ بىرلەشتۈرۈپتۇ. مەن بولسام يازىمەن، ماۋۇ ئاغىنەم تۇردى بولسا كىتاب - ماقالە باسىدۇ. سىز بولسىڭىز ھەم ئىشچى - كاسىپ، ھەم دېھقان. بىز ئۈچەيلەن ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكىگە ۋەكىللىك قىلىمىز. بىز ئەمدى يېڭى يول بىلەن جەڭ باشلايمىز.

لۇتپۇللانىڭ يالقۇنلۇق سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەن قۇربان قىلىچ:

— مېنىڭ ئاساسىي كەسپىمنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويدىڭ، ئەگەر خەلق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش يولىدا لازىم بولسا قىلىچىم بىلەن جەڭگە ئاتلىنالايمەن، — دەپ سۆز قىستۇردى.

ئۇلار قىزغىن پاراڭغا چۆشكەندە، گۈگۈم چۈشكەنىدى. ھارۋا قاراشەھەرگە يېتىپ كېلىپ، ئاتۇش مەھەللىسىدىكى جامال گاسنىڭ سارىيىغا ئورۇنلاشتى.

شائىرنىڭ قاراشەھەرگە يېتىپ كەلگىنىنى ئاڭلىغان مۇنەررىدىن غوجا ئەتىسى قاق سەھەردە سارايغا پەيدا بولدى - دە، لۇتپۇللا چۈشكەن ھۇجرىغا كىرىپ، شائىر بىلەن قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. لۇتپۇللا مۇنەررىدىنغا ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرى قۇربان قىلىچ بىلەن تۇردىنى تونۇشتۇردى. ئۇلار بىر سائەتچە مۇڭداشقاندىن كېيىن ئاخىرىدا مۇنەررىدىن:

— بۈگۈن سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكىنىم ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشالمەن. بۈگۈنكى دەم ئېلىش پۇرسىتىڭلاردىن پايدىلىنىپ، ماڭا مېھمان بولۇپ بېرىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن، — دېدى.

مۇنەررىدىن بىلەن شائىر 1940 - يىلى ئۈرۈمچىدە تونۇشقان قەدىناسلار ئىدى. مۇنەررىدىن ھازىر ئوقۇتقۇچى بولۇپ، سىياسىي جەھەتتىن سىقىلىپ، تەقىب ئاستىدا كۈن كەچۈرەتتى. ئۇ، بۈگۈن لۇتپۇللانى كۆرۈپ قالتىس ھاياجانلىنىپ كەتتى. شائىرنى



ئورۇنغىچە قۇچاقلىۋالدى ۋە خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى.

ئاشۋاقتى بولغان مەزگىلدە ساھىبخانىنىڭ تەكلىپى بىلەن مېھمانلار قوزغالدى - دە، شەھەر رەستىسىگە بېرىپ تاماق يېيىشتى. تاماقتىن كېيىن ئۇلار ئاشخانىدىن چىقىپ، شەھەرنىڭ چوڭ كوچىسىنى توغرا كېسىپ ئۆتتى. شەھەرنىڭ غەربىي شىمال تەرىپى بىلەن بىر سائەت يول يۈرۈپ، قاراشەھەر دەرياسى بويىدىكى «ئېجىل تاللىق» دەپ ئاتىلىدىغان قومۇشلۇق بىلەن ئورالغان ئورمانلىق ئىچىگە بېرىپ توختاشتى.

باش ئېقىنى يۇلتۇز ۋە تېكەس ئېگىزلىكىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى چوڭ بايىنبۇلاق يايلىقىدىن باشلىنىپ، نۇرغۇن تارماق ئېقىنلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بۇ كەڭ دەريا شەھەرنىڭ جەنۇبىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، مەشھۇر باغراش كۆلىگە قۇيۇلاتتى. باغراش كۆلى بۇ يەرگە يېقىن ئىدى.

— بۇ ئەزىم دەريا، — دېدى شائىر لۇتپۇللا بىرىنچى بولۇپ سۆز باشلاپ، — خۇددى يۈرەك تومۇرۇمنىڭ ئوتلۇق قېنىدەك قايناپ، تاشقىن بولۇپ ئېقىپ تۇرۇپتۇ ... لېكىن، ھازىر ۋەزىيەت ئىزىدىن چىقىپ، يەر ئوقى تەتۈرىگە چۆرگىلەۋاتىدۇ، ئۈرۈمچىدە ۋە ھەممىلا يەردە ئەڭ مۇنەۋۋەر كىشىلەر تۈرمىدە ئازاب چېكىۋاتىدۇ، تەڭسىزلىك، خورلۇق، زۇلۇم ھۆكۈم سۈرۈۋاتىدۇ. لېكىن تاڭ خورىزى چىللاش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، يېڭى يول — يېڭى جەڭ بىزنى كۈتمەكتە.

تەبىئەت مەنزىرىسىنى كۆرۈپ بولۇش بىلەن تەڭ شائىر پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، دوستلىرى ئالدىدا ئىنقىلابىي خىتاب ساداسىنى ياڭرىتىۋەتتى. ئۇ، ئاستا يانچۇقىدىن «يېڭىنۇر»[①] ژۇرنىلىغا بېسىلغان بىر پارچە شېئىرنى ئالدى - دە، كۆپچىلىك ئالدىدا ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى. لۇتپۇللانىڭ دوستلىرى شې-

① «يېڭىنۇر» — 1939 - يىللىرى لىن جىلۇ تەھرىرلىكىدە چىقىرىلغان ژۇرنال.

— بىزنىڭ يېڭى يولىمىز، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى لۇتپۇللا، — ھەقىقىي خەلق ئىنقىلابى يولى. بۇ نۆۋەت تەقدىر بىز ئۈچىمىزنى ھەمسەپەر قىلىپ بىرلەشتۈرۈپتۇ. مەن بولسام يازىمەن، ماۋۇ ئاغىنەم تۇردى بولسا كىتاب ـ ماقالە باسىدۇ. سىز بولسىڭىز ھەم ئىشچى ـ كاسىپ، ھەم دېھقان. بىز ئۈچەيلەن ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكىگە ۋەكىللىك قىلىمىز. بىز ئەمدى يېڭى يول بىلەن جەڭ باشلايمىز.

لۇتپۇللانىڭ يالقۇنلۇق سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەن قۇربان قىلىچ:

— مېنىڭ ئاساسىي كەسپىمنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويدىڭىز، ئەگەر خەلق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش يولىدا لازىم بولسا قىلىچىم بىلەن جەڭگە ئاتلىنالايمەن، — دەپ سۆز قىستۇردى.

ئۇلار قىزغىن پاراڭغا چۈشكەندە، گۈگۈم چۈشكەنىدى. هارۋا قاراشەھەرگە يېتىپ كېلىپ، ئاتۇش مەھەللىسىدىكى جامال گاسنىڭ سارىيىغا ئورۇنلاشتى.

شائىرنىڭ قاراشەھەرگە يېتىپ كەلگىنىنى ئاڭلىغان مۇنىرىدىن غوجا ئەتىسى قاق سەھەردە سارايغا پەيدا بولدى ـ دە، لۇتپۇللا چۈشكەن ھۇجرىغا كىرىپ، شائىر بىلەن قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. لۇتپۇللا مۇنىرىدىنغا ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرى قۇربان قىلىچ بىلەن تۇردىنى تونۇشتۇردى. ئۇلار بىر سائەتچە مۇڭداشقاندىن كېيىن ئاخىرىدا مۇنىرىدىن:

— بۈگۈن سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكىنىم ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشالمەن. بۈگۈنكى دەم ئېلىش پۇرسىتىڭلاردىن پايدىلىنىپ، ماڭا مېھمان بولۇپ بېرىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن، — دېدى.

مۇنىرىدىن بىلەن شائىر 1940 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە تونۇشقان قەدىناسلار ئىدى. مۇنىرىدىن ھازىر ئوقۇتقۇچى بولۇپ، سىياسىي جەھەتتىن سىقىلىپ، تەقىب ئاستىدا كۈن كەچۈرەتتى. ئۇ، بۈگۈن لۇتپۇللانى كۆرۈپ قالتىس ھاياجانلىنىپ كەتتى. شائىرنى



ئۇزۇنغىچە قۇچاقلىۋالدى ۋە خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى.

ئاشۋاقتى بولغان مەزگىلدە ساھىبخانىنىڭ تەكلىپى بىلەن مېھمانلار قوزغالدى ـ دە، شەھەر رەستىسىگە بېرىپ تاماق يېيىشتى. تاماقتىن كېيىن ئۇلار ئاشخانىدىن چىقىپ، شەھەرنىڭ چوڭ كوچىسىنى تۇغرا كېسىپ ئۆتتى. شەھەرنىڭ غەربىي شىمال تەرىپى بىلەن بىر سائەت يول يۈرۈپ، قاراشەھەر دەرياسى بويىدىكى «ئېجىل تاللىق» دەپ ئاتىلىدىغان قومۇشلۇق بىلەن ئورالغان ئورمانلىق ئىچىگە بېرىپ توختاشتى.

باش ئېقىنى يۇلتۇز ۋە تېكەس ئېگىزلىكىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى چوڭ بايىنبۇلاق يايلىقىدىن باشلىنىپ، نۇرغۇن تارماق ئېقىنلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بۇ كەڭ دەريا شەھەرنىڭ جەنۇبىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، مەشھۇر باغراش كۆلىگە قۇيۇلاتتى. باغراش كۆلى بۇ يەرگە يېقىن ئىدى.

— بۇ ئەزىم دەريا، — دېدى شائىر لۇتپۇللا بىرىنچى بولۇپ سۆز باشلاپ، — خۇددى يۈرەك تومۇرۇمنىڭ ئۇتلۇق قېنىدەك قايناپ، تاشقىن بولۇپ ئېقىپ تۇرۇپتۇ ... لېكىن، ھازىر ۋەزىيەت ئىزىدىن چىقىپ، يەر ئوقى تەتۈرىگە چۆرگىلەۋاتىدۇ، ئۈرۈمچىدە ۋە ھەممىلا يەردە ئەڭ مۇنەۋۋەر كىشىلەر تۈرمىدە ئازاب چېكىۋاتىدۇ، تەڭسىزلىك، خورلۇق، زۇلۇم ھۆكۈم سۈرۈۋاتىدۇ. لېكىن تاڭ خورىزى چىللاش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، يېڭى يول — يېڭى جەڭ بىزنى كۈتمەكتە.

تەبىئەت مەنزىرىسىنى كۆرۈپ بولۇش بىلەن تەڭ شائىر پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، دوستلىرى ئالدىدا ئىنقىلابىي خىتاب ساداسىنى ياڭرىتىۋەتتى. ئۇ، ئاستا يانچۇقىدىن «يېڭىنۇر»[1] ژۇرنىلىغا بېسىلغان بىر پارچە شېئىرنى ئالدى ـ دە، كۆپچىلىك ئالدىدا ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى. لۇتپۇللانىڭ دوستلىرى شې-

① «يېڭىنۇر» — 1939 ـ يىللىرى لىن جىلۇ تەربىيلىكىدە چىقىرىلغان ژۇرنال.

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. لۇتپۇللا بىلەن مۇنىرىدىن مەھكەم قول ئېلىشىپ تۇرۇپ:

— پات پۇرسەتتە ئاقسۇدا كۆرۈشىمىز، — دېيىشىپ قىيىمىغان ھالدا خوشلاشتى.

× ×

ئەتىسى توخۇ چىللىغان مەھەلدە ھارۋا يولغا چىقىپ، كورلىغا قاراپ ماڭدى.

ئۇلار قاراشەھەر دەرياسى كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈشكە باشلىغان چاغدا شەرق قىزىرىپ، قۇياش باغراش كۆلى تامانىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئوتقاشتەك نۇرىنى بىپايان زېمىنغا سېپىپ تۇراتتى.

دەريانىڭ ئىككى ياقىسى خۇددى ئالتۇندا ھەل بېرىپ قويغاندەك قىزغۇچ كۆرۈنەتتى. تېخى ئورغاق تېگىشكە نۆۋەت كەلمىگەن كۈزگى بۇغداينىڭ ئالتۇن باشاقلىرى غەربىي شىمال تەرەپتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تەڭرىتاغلىرىدىن كەلگەن كۈز سەلكىنى بىلەن نازىنىن يەلپۈنۈپ تۇراتتى. سەھەردىكى قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرىدىن تاۋلىنىپ، يالتىراپ سىماب رەڭگىگە كىرگەن سۇ دولقۇنى ئاجايىپ چىرايلىق مەنزىرە ھاسىل قىلىپ، كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايتتى. دەريا بويىدا ئۆسكەن قومۇشلار تاڭ سەھەرنىڭ مەيىن شامىلىدا دەريا سۈيى ئۈركىشىدىن ئۇرغۇپ چىققان دولقۇنسىمان ئاۋازلارغا ماسلىشىپ ئىرغاڭلايتتى. گويا مەشۇقىنى باغراش كۆلىدىن ئىپپىشقا ئالدىراۋاتقاندەك تۈن بويى ئۇيقۇسىز ئۇچقان توپ - توپ ئۆردەكلەر دەريانىڭ ئېقىشىغا قاراپ، باغراش كۆلى تەرەپكە كېتىۋاتاتتى.

ھارۋا يۈرۈشنى تېزلەتمەكتە ئىدى.

— ئاشۋاقتى بولاي دەپتۇ، — دېدى لۇتپۇللا كۈنگە قاراپ، — قورساق پىژىلداۋاتىدۇ، ئازراقتىن ناشتا قىلىۋالايلى،



لۇتپۇللا قاراشەھەردىن ئېلىۋالغان ناننى ئۇشتۇپ، سەپەرداشلىرىنى تەكلىپ قىلدى. ئۇلار ھارۋا ئۈستىدە نان يېيىشىپ ماڭدى.

— قۇربان ئاكا، توختاڭ! — دېدى لۇتپۇللا يول بويىدىكى بىر كىچىك ئېقىننى كۆرۈپ، — سۇ ئىچىۋالايلى، مۇزدەك سۇ يۈرەككە داۋا!

ھارۋا توختىدى. شائىر ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى - دە، ئېقىننىڭ باش تەرىپىنى ئىزدەپ يۈگۈردى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، ئۇ يول بويىدىكى قاتمۇقات قېلىن پىچانزارلىق ئىچىدىن بىر كىچىك بۇلاقنى تېپىۋالدى - دە، مۇزدەك بۇلاق سۈيىنى ئوچۇملاپ ئىچىشكە باشلىدى. ھارۋا ئۈستىدىكى شائىرنىڭ ھەمراھلىرىمۇ چۈشۈپ بۇلاق سۈيىنى ئىچىشتى. ئاندىن ھارۋا يەنە ماڭدى.

— قورساقلىرىمىز ئاز - پاز ئارام تاپتى، ئەمدى يۈرەكنى، روھىمىزنى ئوزۇقلاندۇرساق، قانداق دەيسىز، قۇربان ئاكا؟ — دېدى شائىر، ھارۋىكەشكە چاقچاق قىلىپ.

— ھېلى مۇزدەك سۇدا يۈرىكىڭىز ئوزۇقلانمىدىمۇ؟ ئۇكا، — دېدى ھارۋىكەش چاقچاق قىلىپ.

— ياق، مۇزدەك سۇ قورساقنىڭ ئوزۇقى، يۈرەكنىڭ ئوزۇقى باشقا.

— قانداق باشقا؟

— ۋەتەنگە، جانانغا مۇھەببەت ئىزھار قىلماق.

— پاھ! گەپلىرىڭىز قالتىس مەنىلىكقۇ، ئۇكا، ئۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

— ئۇنىڭ ئۈچۈن، — دېدى لۇتپۇللا جىددىي جاۋاب بېرىپ، — ئاۋۋال ناخشا ئوقۇيمىز، كېيىن تارىخ يازىمىز... ماڭا ئۇچراشقان ھارۋىكەش ئۇستازلىرىمنىڭ ھەممىسى ماڭا تارىختىن، يىراق ئۆتمۈشتىن دەرس بەرگۈچى ھەقىقىي مۇئەللىم

بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. كىچىكىمدە مېنى ئىلقىدىن ياسىن تاران دېگەن هارۋىكەش غۇلجىغا ئەكەلگەن. يولدا كەلگۇچە ئۇ سادىر پالۋاننىڭ ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بەرگەن، قەھرىمانلىق تارىخىنى سۆزلەپ بەرگەن. مۇشۇنى بىز ۋەتەنگە مۇھەببەت دەيمىز. نەچچە كۈندىن بۇيان سىزدىنمۇ نۇرغۇن تارىخىي بىلىملەرگە ئىگە بولۇپ كېلىۋاتىمەن. نۇرغۇن تارىخىي ھېكايىلەرنى، خەلقىمىزنىڭ سەزگۈزەشتىلىرىدىن، قان - زەرداب يۇتقان يۈرەكلىرىدىن تۇغۇلغان مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئاڭلاۋاتىمەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئۇچۇن قىممەتلىك بىلىم بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئىچىمدە ئۆز - ئۆزۈمگە سوئال قويۇپ دەيمەنكى: نېمە ئۈچۈن بىزدىكى مۇڭلۇق ناخشىلار شۇنچىۋالا كۆپ؟ نېمە ئۈچۈن خەلقىمىز بۇ ناخشىلارنى ئېيتىشقا شۇنچىۋالا ماھىر؟

قۇربان قىلىچ شائىرنىڭ يالقۇنلۇق سۆزلىرىنى ئاڭلىغانسېرى، قۇلىقىنى دىڭ تۇتاتتى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ هارۋىكەشنى يەنە گەپكە سېلىش ئۈچۈن گېپىنى توختاتتى.

قۇربان قىلىچ شائىرنىڭ سوئالىغا خەلقىنىڭ تەسىرلىك ماقال - تەمسىللىرى بىلەن جاۋاب بەردى:

— «قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ» ، «دىلىڭدا نېمە بولسا، تىلىڭغا شۇ چىقىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان، بۇ زامان «هالۋىنى هېكىم يەيدۇ، تاياقنى يېتىم» دەيدىغان زامان بولۇپ كەلدى. «ئان ئىچكۈچى كەتسە، قان ئىچكۈچى» كېلىدىكەن. «ئۇڭدا ياتقان گىردە يەيدىكەن، كەتمەن چاپقان جىگدە» يەيدىكەن. ئۆلۈشكۈن ئاتام رەھمەتلىكنىڭ ئۇرۇلۇپ، قامىلىپ، ئاخىرى ئۆلۈكىنىڭ چۆل - جەزىرىلەردە قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولغانلىقى ھەققىدىكى پاجىئەنى ئاڭلىدىڭلار. ئاشۇنداق «يامان بولساڭ ئاسىدۇ، ياۋاش بولساڭ باسىدۇ» ، بىچارە خەلقىمىز، زامانلاردىن بۇيان، زۇلمەتلىك كۈنلەر دەستىدىن، خارۇزارلىق ئىچىدە «هالى پەرىشان،



كىيىشى تېرە ئىشتان» بولۇپ كېلىپتۇ. نەگىلا بارسا، «بېگىم چىقىپ ئۇردىسىدىن، قورقۇپ كەتتۇق دورغىسىدىن» دېگەندەك ۋەھىمە ھۆكۈم سۈرىدىكەن. چىداشقا تاقەت قالمىغاندا، سادىر پالۋاندەكلەرمۇ چىققانىكەن. «مىلىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» ، هارۋىكەشلەر يۇرتمۇيۇرت يۈرۈپ ھەممىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلەيدۇ. مەنمۇ يۇرتتا زادىلا تۇرۇشقا سەۋر - تاقىتىم قالماي، هارۋا ھەيدەپ، ھەر يەر، ھەر يەرلەردە يۈرۈۋاتىمەن. ئاتا - بوۋىلىرىمىز دەرد سۆزلىتەر، ئەلەم ئۆرلىتەر دەپتىكەن، ياش كۆزدىن بىكارغا ئاقمايدۇ، ناخشا يۈرەكتىن بىكارغا چىقمايدۇ. «تۆمۈرنى دات يەيدۇ، يۈرەكنى ھەسرەت» ئەمەسمۇ؟

قۇربان قىلىچ يۈرىكى ئېزىلگەندەك بولۇپ، بىر «ئۇھ» تارتىپ قويدى - دە، يانچۇقىنى قېقىپ يۈرۈپ، بىر يۇگەم موخوركا تاپتى ۋە ئۇنى كىرلىشىپ كەتكەن گېزىت قەغىزىگە ئوراپ چېكىشكە باشلىدى.

لۇتپۇللا هارۋىكەشنىڭ مەنىلىك سۆزلىرىنى ئاڭلىغانسېرى قىزىقاتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى خەلق ماقاللىرىنىڭ ئىپادىلەش ۋە ۋەقەنى يىغىنچاقلاش كۈچىدىن بەك تەسىرلىنەتتى.

— ناخشا ۋە ھېكايىلەر ئاشۇ ھەسرەتلىرىمىزنىڭ سادىسى، — دېدى هارۋىكەش، ئۆز سۆزىنى تېخىمۇ يىغىنچاقلاپ، ئارقىدىن شائىرنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

ئەجەب بىر زامان بولدى،
ئالەم چۆرگىلەي دەيدۇ.
يۈرەكتىكى زەرداب سۇ،
قانغا ئۆرۈلەي دەيدۇ.

ئۇستۇمدە كۆلاھ جەندە،
مەن ئۆزۈم غېرىب بەندە.
ماڭا بۇ ئېغىر دەردنى،
كىملەر قىلدى بەخشەندە.

كۆڭ ئېگىلدى كەچ بولدى،
شاخ ئېگىلدى پەس بولدى.
بۇ زۇلۇمنىڭ دەستىدىن،
ياشاش بىزگە تەس بولدى.

قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالدۇق،
ئوتۇنچى ئاپىرىپ ساتسۇن.
خېرىدارى يېتىپ كەلسە،
غېرىب بىچارە دەپ ساتسۇن.

ھارۋىكەشنىڭ ناخشا ئېيتىش ماھارىتى شائىرنىڭ قەلبىنى پۈتۈنلەي مەپتۇن قىلىۋالغانىدى. ناخشا يېقى - يېقى ئاھاڭغا يۆتكىلىپ، ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. چوڭقۇر مەنىلىك قوشاقلار ئاڭلىغانسېرى يۈرەكنى ئېزەتتى.

ناخشا توختىغاندا، ھارۋا «يالاڭقىر» دېگەن ئېگىزلىككە چىققانىدى. يىراقتىن سۇس گارمون ئاۋازى ئاڭلاندى. شائىر دەرھال ئارقا تەرەپكە قارىدى، لېكىن ئارقا تەرەپتە يا ھارۋا، يا ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ھارۋا قىردىن - قىرغا، داۋاندىن - داۋانغا ئېشىپ، يەنە بىر - ئىككى سائەت مېڭىپ، ئاخىرى باشئەگىم دەرياسى بويىدىكى مەنزىلگە يېتىپ كەلدى.

لۇتپۇللا قاراشەھەردىن چىقىپ، بالدۇرراق كۆرۈشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن مۇھەببەت دەرياسى — باشئەگىم شائىرنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى.

لۇتپۇللا دەرھال ھارۋىدىن چۈشۈپ يۈز - كۆزىنى يۇدى، ئاندىن دەريا بويىدا چېچەكلەپ كەتكەن تاللاردىن ئىككى تالنى كېسىپ كەلدى - دە، دەريانىڭ تار يېرىگە توغرىسىغا ياتقۇزۇپ قويۇلغان ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، شەرق تەرەپتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېگىز تاغقا يامىشىپ چىقتى.

تاغ چوققىسىدا كۆكلەپ تۇرغان بىر تال جىرىم تۇۋىدىكى تاھىر - زۆھرە قەبرىسى يېنىغا كېلىپ، كۆتۈرۈپ چىققان ھېلىقى سۆگەت تېلىنى قاداپ قويدى. ئۇ خۇددى ئارستوفېن① دەك چوققىدا تۇرۇپ ئەتراپقا نەزەر سالاتتى: شەرقىي شىمال تەرەپتە قاراشەھەر دەرياسى قۇيۇلىدىغان مەشھۇر باغراش كۆلى تۇراتتى. بۇ كۆلدىن كۆنچى دەرياسى ۋە باشئەگىم دەرياسى ئېقىپ چىقىپ، بىپايان چۆللەرنى بوستانلىققا ئايلاندۇرغانىدى. چوققىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدە ئورغۇنلىغان چوڭ - كىچىك ئېدىرلىق ۋە پاكار چوققىلار، تاھىر - زۆھرەنىڭ قەبرىسى قويۇلغان چوققىغا ھەمراھ بولۇپ تۇراتتى، چوققىنىڭ ئاستىدا، باشئەگىم دەرياسى تاغدىن - تاغقا ئۇرۇلۇپ، تاغ دوقمۇشلىرىدا قاينام ھاسىل قىلىپ، ئىككى قىرغاققا سۇ ئۈنچىلىرىنى چاچرىتىپ ئۈركەشلەپ ئاقاتتى. ئۇنىڭ سانسىز ئەگىملىرى، خۇددى يىلان يولىغا ئوخشاش ئەگرى - بۈگرى كۆرۈنەتتى. ئىككى قىرغىقىدا ياپېشىل تاللار، باراقسان ئۆسكەن ئازغانلار، كۆپكۆك يېكەن، پىچانلار كۆكلەپ كەتكەنىدى. ئازغان ۋە يېشىل تاللار ئارىسىدا بۆدۈنە، غورۇلاي، سېرىقتۇشقاچ ۋە يېكەن بۇلبۇللىرى ئاجايىپ مۇڭلۇق ۋە يېقىملىق سايرىشىپ تۇراتتى.

ئۆز زامانىسىدا تاھىر ساندۇققا سېلىنىپ، مۇشۇ باشئەگىم دەرياسىغا تاشلانغان چاغدا، ئۇلار دەريانىڭ ئىككى قېشىدا مۇڭ-

① ئارستوفېن (ئېرادىن بۇرۇن 385 — 446 - يىللار) — قەدىمكى يۇنانىنىڭ ئاتاقلىق كومېدىيە يازغۇچىسى، قىرىق تۆت خىل كومېدىيە يازغان. دۇنيا ئوپېرا - كومېدىيىسىنىڭ ئاتىسى، دېگەن شۆھرەتكە ئىگە. ئۇ، بىزنىڭشىن بۇرۇن، ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باراتتى.

لۇق سايراپ، ئاشىق دوستىغا ئامانلىق تىلەشكەنىكەن.
شائىر، بۇ مەنزىرىلەرگە نەزەر سېلىپ تۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلايتتى:

«تۇرماقتىمەن ئەزىم دەريا ياقىسىدا،
، ئاشىق - مەشۇق، ياتقان تاغنىڭ چوققىسىدا.

باشئەگمىنىڭ ئەگمىسىدە سۇرۇپ خىيال،
دەيمەنكى: ئاھ! ئاقاي مەنمۇ، ساندۇقتا سال!»

شۇ ئەسنادا چىرايلىق بىر جۈپ يېشىل ياۋا كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ، «تاھىر - زۆھرە» — ئاشىق - مەشۇقنىڭ قەبرىسىگە قوندى. بۇ، چىرايلىق كەپتەرلەر، قەبرىگە قاراش نۆۋىتىنى لۈتپۇللادىن ئۆتكۈزۈۋالغاندەك، شائىرنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇشاتتى.
شائىر — تاھىر - زۆھرە قەبرىسى ۋە بۇ قەبرىگە قاراپ قالغان شۇ بىر جۈپ ۋاپادار كەپتەر بىلەن خوشلاشتى - دە، چوققىدىن ئاستا چۈشۈپ، قوشئاۋاتقا قاراپ راۋان بولغاندا، ھېلىقى بىر جۈپ كەپتەر يەنىلا تاھىر - زۆھرەنىڭ قەبرىسى بېشىدا قاراپ ئولتۇرۇشاتتى.



## يەتتىنچى باب

# قوشئاۋاتتا قوش پەرى

دەل پېشىن بىلەن دىگەر ئارىلىقىدا، ئۇلار باشئەگمىدىن قوزغىلىپ قوشئاۋاتقا قاراپ يولغا چىقتى.
شائىر يولىدا كېتىۋېتىپ، قولىغا دەپتەر بىلەن قەلەم ئالدى - دە، باشئەگمە دەرياسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى سىزىشقا باشلىدى. خەرىتە سىزىلىپ بولغاندىن كېيىن، دەپتەرنىڭ ئىككىنچى بېتىگە تاھىر - زۆھرە ھەققىدە ئاڭلىغان چۆچەك - رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى قىسقا قىلىپ خاتىرىلىدى. مانا بۇ ماتېرىيال شائىر ئاقسۇغا بېرىپ يازماقچى بولغان «تاھىر - زۆھرە» ئوپېراسىنىڭ قىسقا لايىھىسى ئىدى.
— شائىر يىگىت، يەنە نېمە يېزىۋاتىسىز؟ — دېدى ھارۋىكەش شائىرنىڭ بىرنېمە يېزىۋاتقىنىنى كۆرۈپ.
— خىيالىمغا بىر ئىش كېلىپ، شۇنى خاتىرىگە يېزىپ قويدۇم، — دېدى لۈتپۇللا.
— ۋاي - ۋۇي، «پالچىدا داڭگال تولا، شائىردا خىيال» دېگەن سۆز راست ئىكەن - دە!
— راست دېدىڭىز، مەن ئاجايىپ خىياللار ئىچىدە پاشايمەن، — دېدى شائىر ھارۋىكەشكە ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن ھېلىراق تاغ چوققىسىدىكى تاھىر - زۆھرە قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ چۈشتۈم. بۇ بىر چوڭ تارىخىي رىۋايەت. مۇھەببەت ۋە ھەققانىيەت يولىدا تاھىر مۇشۇ دەريادا ئاققان.

زالىم پادىشاھ ئۇنى ساندۇققا سېلىپ، دەرياغا تاشلىغان. تاھىر مۇھەببەت ۋە ئادالەت ئۈچۈن نۇرغۇن جاپالارغا چىداپ، كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، ئاخىرى ياۋۇزلۇق ئۈستىدىن، زالىملار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان. ئۇنىڭ كۈرەش روھى بارلىق ۋىجدانلىق كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقىي نەمۇنە. مەن باياتىن بېرى مۇشۇ تارىخىي ۋەقەنى خىيال قىلىپ ئۇنى خاتىرەمگە يېزىۋالدىم.

— يېزىۋېلىپ نېمە قىلىسىز؟

— بارغان يېرىمدە كىتاب يېزىپ چىقىمەن. ئەۋلادلىرىمىز ئوقۇيدۇ. تىياتىر سەھنىلىرىدە مىڭلىغان كىشىلەر كۆرىدۇ. تاھىردەك ۋاپادار بولۇشنى، چىدامىلىق بولۇشنى، باش كەتسىمۇ زالىملارغا قەتئىي تىز پۈكمەيدىغان ئىرادىلىك بولۇشنى ئۆگىنىۋالىدۇ. مەنمۇ ھازىر خۇددى ئاشۇ تاھىردەك پالىنىپ، دەريا ئىچىدە ئېقىپ كېتىۋاتىمەن. تاھىر مېنىڭ ئۈچۈن شەرەپلىك نەمۇنە، تىز پۈكۈش — شەرمەندىلىك. مەردلىك — ئەركىنلىكنىڭ شان - شەرىپى.

— يارايسىز، شائىر يىگىت، ناۋاتتەك سۆزلىرىڭىزگە قايىلمەن، — دېدى قۇربان قىلىچ تەسىرلىنىپ.

ھارۋا كىچىك - كىچىك داۋانلاردىن ئۆتۈپ تۈزلەڭلىككە چۈشتى. قۇياش يىراقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تەڭرىتاغنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغانىدى. تەڭرىتېغىنىڭ ئۈستىدىكى شالاڭ بۇلۇتلار پەسلەپ كەتكەن كۈن نۇرىنىڭ ئەكس ئېتىشىدىن قىزغۇچ بولۇپ كۆرۈنەتتى. يېرىم سائەتكە قالماي بۇلۇتلاردىكى قىزغۇچ نۇر يوقىلىپ، ھارۋا كېتىۋاتقان يولنىڭ يۈزىنى شەرقتىن يېڭىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان تولۇن ئاينىڭ شولىسى ئېنىق يورۇتۇپ تۇراتتى، لېكىن قۇربان قىلىچنىڭ قەلبىنى لۇتپۇللانىڭ «مەنمۇ تاھىردەك پالىنىپ كېتىۋاتىمەن» دېگەن بىر جۈملە سۆزى قاتتىق مۇجۇۋالدى - دە، تېگى - تەكتىنى چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن شائىردىن:

— سىزدەك بىلىملىك شائىرنى نېمىشقا پالىشىدۇ؟ — دەپ



تەكىتلەپ سورىدى.

— زامان ناداننىڭ قولىغا قالغاندا، — دېدى شائىر، — گالۋاڭغا ئامراق بولىدۇ، يۇرت زالىمنىڭ قولىغا قالغاندا، ئالۋانغا ئامراق بولىدۇ. پادىشاھ ساراڭ بولغاندا، يالغانغا ئامراق بولىدۇ. دۇنيادىكى ھەممە زالىملار، ئالدى بىلەن ئالىمغا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ. ئىلىم ئەھلى، ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەرنى سۈرگۈن قىلىدۇ، پالايدۇ، زىندانغا تاشلايدۇ، لېكىن «سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ، ئوسما كېتىدۇ قاش قالىدۇ»، «زالىم تۈگەيدۇ، زامان قالىدۇ، ھەقىقەت دائىم ئامان قالىدۇ!» — دەپ جاۋاب بەردى لۇتپۇللا ھارۋىكەش دوستىغا.

— مەنىلىك سۆزلەر، — دېدى ھارۋىكەش لۇتپۇللانىڭ ھېكمەتلىك پىكرىدىن تەسىرلەنگەن ھالدا كۈلۈپ.

— ھازىرقى دەۋردە، — دېدى شائىر يەنە چۈشەندۈرۈپ، — بارلىق چارە - تەدبىر ۋە كۈچ - قۇۋۋەت ئىلىم - مەرىپەتنىڭ قولىدا بولىدۇ. تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولىدۇ. ئىلىم - پەندىن غالىب تۇرىدىغان ھېچقانداق كۈچ يوق. بىلىم زالىمنىڭ قىلىچىنى سۇندۇرالايدۇ.

— «ئاي تۈندە كېرەك، ئەقىل كۈندە» دېگەن قەدىمكىلەرنىڭ سۆزى بەكمۇ توغرا ئىكەن، — دېدى ھارۋىكەش.

ئۇلار ھېكايە، چۆچەك ئېيتىشىپ، چاقچاق قىلىشىپ، چۆل - باياۋاندىكى ئۇزۇن يوللار بىلىنمەي قالدى. ھارۋا بارغانسېرى كورلا شەھىرىگە يېقىنلاشماقتا ئىدى. ساي تورغايلىرى ئاللىقاچان ئۆز ئۇۋىلىرىدا پاناھ تېپىپ، ئۇيقۇغا كېتىشكەن، پۈتۈن زېمىننى تۈن پەردىسى قاپلاپ تۇراتتى. ئەتراپ جىمجىتلىق. ئوچۇق ئاسماندىكى تولۇن ئاي ئۆزىنىڭ گۈزەل نۇرىدىن يەر يۈزىگە داۋاملىق يورۇقلۇق بېرىپ، تۈن پەردىسىنى يىراققا سۈرەتتى.

— ئەجەب گۈزەل ئايدىڭ كېچە - ھە! — دېدى شائىر،

سوزۇك ئاسماندا نۇر چېچىپ تۇرغان ئايغا قاراپ، — قېنى، قۇربان ئاكا، «ئاي تۈندە كېرەك، ناخشىڭىز كۈندە» . ئاي توغرىسىدىكى ناخشىلىرىڭىزدىن ئاڭلايلى.

قۇربان قىلىچ شائىرنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ئاينىڭ شەنىگە توقۇلغان مۇھەببەت قوشاقلىرىنى قەشقەرنىڭ مۇڭلۇق ئاھاڭىدا ئېيتىشقا باشلىدى:

ئاسمىنىڭدا ئاي بولۇپ،
جىمى ئالەمنى تەڭ كۆرسەم.
پىيالەڭدە چاي بولۇپ،
لەۋلىرىڭنى كۆيدۈرسەم.

ئاقمۇ ئايدىڭ كېچىلەر،
ئاپئاقمۇ ئايدىڭ كېچىلەر.
گۈل بىلەن رەيھان پۇرايدۇ،
يايرىم يۈرگەن كوچىلار.

ئايدىڭدا ئۇرغان ئورما،
ئېتىزلاردا باغ قالدى.
ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق،
يۈرەكلەردە داغ قالدى.
……

قۇربان قىلىچنىڭ تۈگىمەس ناخشىلىرى خۇددى تۈگمەندىن چۈشكەن ئۇگۈتتەك، بىردەممۇ ئۈزۈلمەيتتى. ئۇنىڭ پەقەت ئاينى تەرىپلىگەن ۋە ئاي سىمۋول قىلىنغان ناخشىسى بىرنەچچە سائەت داۋام قىلدى. ئۇلار مۇشۇنداق ئىككى كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، بىر كۈنى قۇياش چۈشتىن قايرىلغان مەزگىلدە كۈچا



ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى گۈزەل يېزا — قوشئاۋاتقا يېتىپ چۈشتى.

× ×

قوشئاۋاتنىڭ شىمال تەرىپى تەڭرىتېغىنىڭ ئاق داۋان، قارا داۋان يوللىرى ئارقىلىق يۇلتۇزغا ئۇلىشاتتى. جەنۇب تەرىپى بىپايان ئېكىنزارلىق ئارقىلىق تەكلىماكانغا تۇتىشاتتى. لۇتپۇللا قوشئاۋاتقا كەلگەن چاغ — كۈزنىڭ ئەڭ مەمۇرچىلىق ۋاقتى بولۇپ، قوغۇن - تاۋۇز، ئۈزۈم - شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلەر تازا مەي باغلاپ پىشىپ ۋايىغا يەتكەن چاغلار ئىدى. لۇتپۇللا بۇ گۈزەل يېزىنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئېتىز بويلىرىنى ئايلىنىپ، بىر بوۋاينىڭ بېغىدا مېھمان بولدى، بوۋاي ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇلار باغ ئىچىدە بىر سائەتچە ھال - مۇڭ بولۇشقاندىن كېيىن، شائىر باغۋەنگە رەھمەت ئېيتىپ، باغدىن قايتىپ چىقتى.

لۇتپۇللا قوشئاۋاتنىڭ شىمالىدىكى چوڭ ئۆستەڭنى بويلاپ مېڭىپ، چوڭ يولدىن يېرىم كىلومېتىر يىراق جايدىكى غولى مۇكچىيىپ كەتكەن بىر چوڭ سۆگەتنىڭ ئۈستىگە چىقتى ۋە پىنھان ئولتۇرۇپ، سۆگەت ئۈستىدىكى ئاق قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلىشىغا قۇلاق سالدى. بۇ قۇشقاچلار يېڭىلا ئورۇپ بولغان قوناق ئېتىزلىرىدىن قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ ئۇچۇپ كېلىپ، سۆگەتنىڭ تاللىرىغا قونۇپ غەمسىز سايرىشىۋاتاتتى. قورسىقىنى بەكرەك تويغۇزۇۋالغانلىرى سۆگەتنىڭ ئىنچىكە شېخىغا مەيدىسىنى چاپلاپ، كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ، ئۈگدەپ ئولتۇراتتى. بىرنەچچە ئوغۇل - قىزلار ئېتىزلىقتا قويۇپ بەرگەن ماللىرىغا قارىغاچ، قىرنىڭ ئۈستىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى.

شائىر يانچۇقىدىن ئورۇمچىدە سۆيگىنى سوۋغات قىلغان

ھېلىقى گۈل بىلەن كەشتىلەنگەن ئاق يىپەك ياغلىقنى ئېلىپ ئاچتى. يول ئۈستىدە، ھەمراھلىرىدىن قورۇنۇپ ۋە ناخشا-ھېكايىلەر بىلەن بەند بولۇپ، قانغۇدەك ئوقۇيالمىغان بۇ يۈرەك سوۋغىسى — ئۈزىتىش خېتىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن زەن سېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«... بۇ ئېغىر جۇدالىق كۈنلەردە، مېنىڭ پاك يۈرىكىم تارتىۋاتقان ئازابنى ئۆزۈم بىلىمەن، بۇ يىل باھاردا سىز مېنى سىناپ كۆرمەكچى بولغان ئاشۇ ئاخىرقى مىنۇتتا قەلبىمنى سىزگە ئىزھار قىلغانمەن، ئۇ، ۋىجدان ۋەدىسى، مەن سىزنى سۆيىمەن. تۈن قاراڭغۇسىنىڭ يوقىلىپ، تاڭ نۇرىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە چوقۇم ئىشىنىمەن. مۇھەببەت ۋە ئەركىنلىكنىڭ غەلىبىسىگە ئىشىنىمەن. مەن كەشتىلەپ سىزگە سوۋغا قىلغان بىر كۇپلېت مەرىپەت لىرىكىڭىز يىپەك ياغلىقتىلا ئەمەس، بەلكى مېنىڭ قەلبىمگە كەشتىلەكلىك. ئاشۇ گۆھەر سۆز مېنىڭ تىلتۇمارىم، دىل چىرىغىم، مەن ئۇ ئەڭگۈشتەر سۆزنى يەنە ياستۇقۇمغا كەشتىلەيمەن، ئۇ بىزنى ۋە بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنى مەڭگۈ باغلاپ تۇرىدىغان رىشتە.

ئاخىرىدا سىزگە ئاقيول تىلەيمەن.»

لۇتپۇللا بۇ يارقىن، مەزمۇنلۇق خەتنى تەكرار ئۈچ قېتىم ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭدا سۆيگۈ-مۇھەببەت ئىزھار قىلىنىپلا قالماي، بەلكى يۈكسەك ئىرادە ۋە غايە سىڭدۈرۈلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ چوڭقۇر تەسىرلەندى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە سۆيگۈ يالقۇنى گۈلخاندەك يېنىشقا باشلىدى.

ئۇ خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، يىپەك ياغلىققا كەشتىلەنگەن مەرىپەت لىرىكىسىغا كۆز تاشلىدى:



مەرىپەت ئىزدە، ئېرىنمە،
سەرپ ئەتكىن كۈچ-كۈچۈڭنى.
بوياق بىلەن بويىغىچە تېشىڭنى،
بىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى.

«تەشەككۈر، تەشەككۈر!... دېدى شائىر ئىچ-ئىچىدىن مەمنۇن بولۇپ، — مانا بۇ مۇھەببەت پەزىلىتىنىڭ نەمۇنىسى، سۆيگۈ ئۈچۈن پۇلنى، مەنسەپ-ئابرۇينى، نادانلىقنى ئەمەس، ئىلىم-مەرىپەتنى شەرت قىلىش، ... بۇ نېمىدېگەن يۈكسەك غايە-ھە!»

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئاكا! قېشىڭىزغا كەلگىنىمىزگە يېرىم سائەت بولدى، يا خېتىڭىزنى ئوقۇپ تۈگىتەلمەيسىز، يا بىزگە قارىمايسىز، موخوركا چېكىشكە ئازراق گېزىت قەغىزى سوراپ كېلىۋىدۇق، — دېدى قىر بېشىدا مال بېقىۋاتقان ئون يەتتە-ئون سەككىز ياشلاردىكى ئىككى بالا.

لۇتپۇللانىڭ شېرىن خىياللىرى بىردىنلا ئۈزۈلۈپ قالدى. باللار خېلى بۇرۇن سۆگەت تۈۋىگە كېلىپ، شائىرنىڭ ئوقۇۋاتقان خېتىنىڭ تۈگىشىنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئۇلار كۆڭلىدە، بۇ كىشىنىڭ قولىدا يا گېزىت يوق، يا كىتاب يوق، نېمىنى شۇنچە ۋالا ئۇزۇن ئوقۇيدىغاندۇر؟ بىر ياغلىققا تىكىلىپ، كۆزىنى ئۈزمەيدۇ، دەپ ئويلىشاتتى. باللار تاقەت قىلىپ تۇرالماي، ئاخىرى لۇتپۇللاغا سالام بېرىپ، ئۇنىڭ ئوي-خىيالىنى ئۈزۈپ قويغانىدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئۇكىلار، — دېدى شائىر ياش باللارنىڭ سالىمىغا جاۋاب بېرىپ، — مەن سىلەرنى كۆرمەي قېلىپتىمەن، ئەپۇ قىلىڭلار.

لۇتپۇللا يانچۇقىدىن بىر گېزىت پارچىسىنى چىقىرىپ باللارغا بەردى ۋە باللار بىلەن سۆھبەتكە چۈشتى:

— ئۇقۇش يېشىدىكى باللار ئاماكا چەكمەسلىكى كېرەك ئەمەسمۇ، سىزلەر ئوقۇمامسىزلەر؟ — دېدى شائىر سۆز باشلاپ.

— ياق، بۇ يەردە مەكتەپمۇ يوق، — دېدى ئېگىز بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك، شاپاق دوپپا كىيىۋالغان بالا.

— كۆچا يېقىنغۇ، شۇ يەرگە بېرىپ ئوقۇساڭلار بولماسمىدى؟

……

باللار جاۋابمۇ بەرمىدى ھەم تارتىنىپ موخوركىسىمۇ چېكەلمىدى.

— سىلەر ئايروپىلاننى كۆرگەنمۇ؟ — دېدى لۇتپۇللا يەنە ئۇلارغا سوئال قويۇپ.

— ياق، ئاتاملار كۆرگەنىكەن، — دېدى ئىككىنچى بالا، — بىز كۆرمىدۇق.

— سىلەر ماشىنا كۆرگەنمۇ؟

— مۇشۇ يولدا يىلىغا بىرەر قېتىم كوڭكا ئۆتۈپ كېتىدۇ، شۇنى كۆرگەن. ماشىنا كۆرمىدۇق، — دېدى يەنە بىرىنچى بالا.

— سىلەر يىراقتىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلار بىلەن خەت - ئالاقە قىلىشماڭلار خېتىڭلارنى كىمگە يازدۇرىسىلەر؟

— كۆچاغا بېرىپ، ئاتاملار ئەپەندى تېپىپ يازدۇرىدۇ، — دېدى ئېگىز بويلۇق بالا.

لۇتپۇللا ئۇزىنىڭ كىچىك سۆھبەتداشلىرىنىڭ تەلەتىگە، ئۇلارنىڭ يېڭىلا پاساڭ سويمىسى يەپ شالتاق بولۇپ كەتكەن يۈز - كۆزلىرىگە قاراپ بىر پەس خىيال سۈرۈپ قالدى.

ئۇ مۇشۇ باللار بىلەن تەڭ قۇراملىق چاغلىرىدا «ئەجەل ھودۇقۇشىدا» ناملىق فېلىيەتون يازغان… ئۇ، ئەنە شۇنداق ئۈسمۈرلۈك چاغلىرىدا دۇنيا جۇغراپىيىسىنى بەش قولدەك بىلەتتى، بۇ باللارچۇ؟…



— مەن سىلەرگە، — دېدى لۇتپۇللا، — ئازراق سۆزلىگۈم كېلىۋاتىدۇ، بۇ سۆزلىرىمنى سىلەر قايتىپ بېرىپ باشقىلارغىمۇ يەتكۈزۈپ قويۇڭلار!

لۇتپۇللا باللارنىڭ قېشىغا يېقىن كېلىپ تۇرۇپ:

— ئاسماندا ئۇچىدىغان ئايروپىلان، يەردە تېز ماڭىدىغان كوڭكا — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇشتىن كېلىدۇ. ئۇ نەرسىلەرنى ئوقۇش — بىلىم ياسىغان. ئوقۇمىغان كىشىنى قارىغۇ، نادان دەپ ئاتايدۇ. نادانلىق بىر چوڭ بالا، ھەممە ئىشى چالا. نادانلارنى ئالۋان - ياساق باسىدۇ، ئۇرىدۇ، قىينايدۇ، دارغا ئاسىدۇ؛ نادانلارنىڭ ماكانىنى قاراڭغۇ غەپلەت ئورايدۇ، ئۇنىڭ قېنىنى زۇلمەت شورايدۇ… — دەپ سۆزلەشكە باشلىدى.

باللار شائىرنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ھاڭ - تاڭ قېلىشتى. سۆز جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرىنى چۈشىنىپ، بەزىلىرىنى چۈشەنمەيتتى، لېكىن بۇ يارقىن خىتابلار ھەر ھالدا، ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە تەسىر قالدۇردى.

— خەير، ئۇكىلار، — دېدى شائىر ئورنىدىن تۇرۇپ، — كەچ كىرەي دەپ قالدى، بىز كېيىن يەنە كۆرۈشەرمىز.

لۇتپۇللا باللار بىلەن خوشلىشىپ ماڭدى، باللار ئېتىزلىقتىكى قويلىرىنىڭ يېنىغا كېتىشتى.

ئۇ، بۈگۈن قونالغۇ بولىدىغان ئۆيگە قايتىپ بېرىپ، تاماق يەپ ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسى كۈن چىققان مەزگىلدە، ئۇزۇن يولدا ھېرىپ چارچىغانلىقتىن، ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدا خىيال سۈرۈپ ياتقانىدى، بىردىنلا گارمون ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ بىردەم يېتىپ تۇرۇپ ئاڭلىدى. گارمونىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنسېرى ياتالماي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

«بۇ كىملەردۇر؟» دەيتتى شائىر، كىيىم - كېچەكنى كىيىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە.

... داۋانچىكدا قۇربان قىلىچ بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇرۇمچىگە كەتكەن ھېلىقى ئىككى - ئۈچ هارۋا، ئۈرۈمچىدە پەقەت بىر كۈنلا تۇرۇپ، قۇربان قىلىچقا يىتىشىۋېلىش ئۈچۈن يەنە يولغا چىققانىدى. ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن ۋە قىزلار گىمنازىيىسىنى پۈتتۇرۇپ، قەشقەر ۋە يەكەنگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان ئون نەپەر ئوقۇغۇچى شۇ هارۋىدا كېلىۋاتاتتى. قۇربان قىلىچ قاراشەھەردە بىر كۈن دەم ئالدى، كەينىدىكى هارۋىلار، ئۇنى قوغلاپ يېتىشىۋالىمىز دەپ، قاراشەھەردە ئۇزۇن توختىمىغانىدى. باشئەگىم يېنىدىكى «يالاڭقىر» دا يېتىشىۋېلىشقا ئاز قالغان چاغدا، تاتار قىز چېلىپ كېلىۋاتقان گارمون ئاۋازى ئاررالقلا ئاڭلانغان. قۇربان قىلىچ باشئەگىمدە دەم ئالغان چاغدا، كېيىنكى هارۋىدىكىلەر «يالاڭقىر»نىڭ ئېرىسىدىكى ئورماندا دەم ئالغانلىقتىن، ئارىلىق يەنە ئۇزىراپ كەتكەنىدى.

تۈن يېرىم بولغاندا ئۇلارمۇ قوشئاۋاتقا كېلىپ چۈشتى. ئۇلارنىڭ كۆپلىرى شائىرنى تونۇيتتى، بولۇپمۇ قەشقەرگە خىزمەتكە ماڭغان ئىككى نەپەر تاتار قىز لۇتپۇللانى ئوبدان بىلەتتى.

لۇتپۇللا ئالدىراشلىق بىلەن كىيىم - كېچەكنى كىيدى - دە، سەھەردىكى مۇڭلۇق ساز ئاۋازىغا مەپتۇن بولۇپ ماڭدى. تاتار قىز گارمون چېلىۋاتقان قوشئاۋات كۆۋرۈكى يېنىدا ئادەملەر توپلىشىۋالغانىدى. لۇتپۇللا يارغان يېتى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن:

— سالام يولداشلار، غەيرەتىڭلارغا بارىكاللا! ... شۇنچە ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ كېلىپمۇ يەنە چارچىدىم دېمەي، تاماقمۇ يېمەي، ئەتىگەندىلا تاماشا قىلغىنىڭلار، راستىنىلا چوڭ غەيرەت! ... — دېدى سالام بېرىپ.

— سىلەرگە يېتىشىۋالىمىز دەپ، توپا - چاڭلارغا تازا تويۇنۇۋالدۇق، — دېدى گارمونچى قىز، — ئەمدى بەخىرامان چالىمىز - دە!

— سازنىڭ مۇڭىدا، قوشئاۋاتنىڭكىلەرمۇ تاماقسىز



قالمىسۇن يەنە!

لۇتپۇللانىڭ چاقچىقىغا ھەممەيلەن كۈلۈشتى.

— مۇزىكا ھەقىقەتەن جەلپ قىلغۇچ كۈچكە ئىگە، — دېدى شائىر يەنە، — قېنى ئەمىسە، بايىقى مېنى شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋەتكەن پەدىدىن باشلاپ چېلىڭ. مېنىڭمۇ كەچكىچە تاماق يېمەي ئاڭلىغۇم بار.

شائىرنىڭ بۇ سۆزى گارمونچى قىزنى تېخىمۇ كۆلدۈرۈۋەتتى.

تاتار قىز چېلىشقا باشلىدى، بىردەمدە قوشئاۋاتنىڭ ئىچى قىزغىن كەيپىياتقا چۆمدى. بىرمۇنچە كىشىلەر گارمونچى قىزنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىۋالغانىدى.

بىرەر سائەت ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، قوشئاۋاتلىق بىر پېشقەدەم باغۋەن بوۋاي ئۈرۈمچىدىن كەلگەنلەرنى ئۆزىنىڭ شاپتۇللۇق بېغىغا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ ماڭدى.

— قېنى چېلىۋېرىڭ، گارمون ئوينىماپ ماڭمىز، — دېدى شائىر تاتار قىزنى تەكلىپ قىلىپ، — قوشئاۋاتنى بۈگۈن تېخىمۇ ئاۋات قىلىمىز.

ئۇلارغا نۇرغۇن قوشئاۋاتلىق ئوغۇل - قىزلار ئەگىشىۋالدى. لۇتپۇللا بىلەن تاتار قىزلار تاتارچە جىرلاپ، باغ ئەتراپىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى.

باغۋەن ئۇلارنى شاپتۇللۇق باغقا باشلاپ كىردى.

— قېنى، مەرھەمەت، بەھۇزۇر ئېلىڭلار، بىزنىڭ بۇ باغ مۇشۇنداق كەڭ، ئاتا - بوۋىلىرىمىز «مال سەمرىسە ياغ بولۇر، يەر سەمرىسە باغ» دەپتىكەن، تارتىنماڭلار! — دېدى باغۋەن مېھمانلارنى تەكلىپ قىلىپ.

كەڭ باغنىڭ ئەتراپى جىگدە دەرىخى، ئازغان، ئاق تېرەك بىلەن ئوسۇلغانىدى. باغدا كۆچا مېۋىلىرىنىڭ ھەممىلا خىللىرى يېتىشتۈرۈلگەن. بىراق يازلىق مېۋىلەر تۈگەپ قالغانىدى. مېۋە-

مانلار باغ ئىچىگە يېيىلىپ، مەي بولۇپ پىشقان شاپتۇللاردىن ئۈزۈپ، خالىغىنىچە بەھۇزۇر يېيىشەتتى.

— ئۈزىڭىز نەگە ماڭدىڭىز؟ — سورىدى شائىر شاپتۇل يېگەچ گارمونچى تاتار قىزدىن.

— قەشقەر شەھىرىگە، — دېدى گارمونچى قىز.

— نېمىشقا؟

— قىزلار گىمنازىيىسىنى تۈگىتىپ، بىر يىل ئۆيدە خىزمەت كۈتۈپ تۇردۇم، — دېدى ئۇ، يېنىدىكى يەنە بىر تاتار قىزنى كۆرسىتىپ، — ئاخىرى، مۇشۇ ئىككىمىزنى قەشقەرگە بارسىلەر، دېدى.

— بۇرۇن بارغانمۇ؟

— ياق، ئۇلانباينىڭ بىرىسىغا ئۆتۈپ باقمىغان.

— كەلمىسىڭىز بولماسمىدى؟

— سىزمۇ كەلمىسىڭىز بولماسمىدى؟ — چاقچاق بىلەن قايتۇرۇپ سوئال قويدى تاتار قىز.

لۇتپۇللا بىرئاز جىم بولۇپ قالدى. ئۇلار يەنە باشقا بىر شاپتۇل تۈۋىگە يۆتكەلدى، بۇ شاپتۇلنىڭ مېۋىسى خېلى تەملىك ئىدى. بۇ يەردە شاپتۇل يېگەچ ئۇلار يەنە سۆزلەشتى:

— مەن پالىنىپ كېلىۋاتىمەن، — دېدى شائىر، — مېنىڭ يولۇم باشقا.

— مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا، — دېدى تاتار قىز ۋە ئاتىسىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، — شېڭ شىسەي ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيلارنى ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى قاماشقا باشلىغاندا، ئاتامنىمۇ قاماپ، تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋېتىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، بىز «خائىن»نىڭ «پۇشتى» دېگەن بەتنام بىلەن ياشىدۇق، خورلاندۇق، كېيىنرەك مېنىڭ بىر تەسلىكتە قىزلار گىمنازىيىسىگە ئوقۇشقا كىردىم. ئاپاممۇ، ئاتامنىڭ دەردىنى تارتىپ، ئەلەم-ھەسرەت بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. بولتۇر ئوقۇش تۈگەتسەم، ماڭا



يەنىلا ئىشلەش پۇرسىتى بېرىلمىگەنلىكىنىڭ ئۈستىگە بۇ ياققا قوغلىدى.

— باشقا تۇغقانلىرىڭىز يوقمىدى؟

— غۇلجىدا غەينۇللا ئەۋزى دەيدىغان ئاتاملار بىلەن قازان شەھىرىدە بىللە ئوقۇغان شېرىم تۇغقىنىمىز بار ئىكەن. مەن غۇلجىغا بارمىغان، ئۇ چاغدا مەن كىچىك ئىدىم، ئۇلارنىمۇ تازا بىلىپ كېتەلمەيمەن.

تاتار قىزنىڭ سۆزى بىلەن لۇتپۇللانىڭ خىيال كەپتىرى بىردىنلا غۇلجىغا قاراپ پەرۋاز قىلدى... تاتار قىز تىلغا ئالغان غەينۇللا ئەۋزى، شائىر گىمنازىيىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئۇستازى ئىدى. ئۇنىڭ خۇسۇسىي كىتابخانىسى شائىرنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇشتا چوڭ ياردەم بەرگەن. قىزى شەۋقىيە شوخ بىلىم خۇمارى ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە شائىر نۇرغۇن ئوغۇل-قىز ئۆسمۈرلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، غۇلجا كوچىلىرىنى ۋە ئىلى دەرياسى بويلىرىنى ئايلىنىپ تاماشا قىلاتتى.

— شاپتۇلدىن ماۋۇ قوغۇن تاتلىق، كېلىڭلار، — دەپ چاقىردى ئېرىق تۈۋىدە تۇرغان باغۋەن. ئۇ باللىرىغا ئىككى لېگەن شاپتۇل ۋە بىرقانچە قوغۇننى كۆتۈرگۈزۈپ كەلگەنىدى.

باغۋەننىڭ چاقىرىشى شائىرنىڭ گارمونچى قىز بىلەن بولغان سۆھبىتىنى ۋاقىتلىق ئۈزۈپ قويدى. ئۇلار باغۋەننىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى.

— ئەجەب چىرايلىق ۋە يوغان قوغۇن ئىكەن، — دېدى يەكەنلىك ئوقۇغۇچى سەمەت قوغۇن پوستىنىڭ خۇددى كەشتە باسقاندەك تورلىشىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ.

— ئۇنىڭ چىرايلىقلىقى تېشىدا ئەمەس، تېخى ئىچىدە، — دېدى باغۋەن ئۆزى يېتىشتۈرگەن قوغۇندىن زوقلىنىپ.

ئۇلار قوغۇن يېيىشكە باشلىدى. باغۋەن دېگەندەك، قوغۇن-

نىڭ تەمى تىلنى ياراتتى.

— نېمىدېگەن تاتلىق، بۇ قوغۇننىڭ راستتىنلا تېشىمۇ، ئىچىمۇ چىرايلىق ئىكەن، — دېدى يەكەنلىك ئوقۇغۇچى.

— بۇ يەرنى شۇڭا «قوشئاۋات» دەيمىز، — دېدى باغۋەن، — بۇ يېزىمىز ئىككى بىلىكىمىزنىڭ كۈچى بىلەن باغلىرى ئاۋات، مېۋىلىرى ناۋات بولۇپ يېتىشتى.

باغۋەننىڭ «ناۋات» سۆزىنى «ئاۋات» سۆزىگە قاپىيە قىلغانلىقىدىن لۇتپۇللا ۋە باشقىلار خۇشال بولۇپ كۈلۈپ كېتىشتى. لۇتپۇللا قوغۇن يېگەچ:

— قوشئاۋاتنىڭ سۈيى نەدىن كېلىدۇ؟ — دەپ سورىدى باغۋەندىن.

— كۆپرەكى مانا ماۋۇ ئۈستىمىزدىكى ئاقتاغ ئارىلىقىدىكى ئايقۇمۇش ۋە ئۈچكىلىك دېگەن جىلغىدىن ئېقىپ كېلىدۇ، — دېدى باغۋەن.

— كۇچا تەرەپتىن كەلمەمدۇ؟

— كۇچا تەرەپتىن بۇ يەرگە سۇ يېتىپ كېلەلمەيدۇ، لېكىن كۇچانىڭ بىر قىسىم سۈيى يەنە شۇ يۇقىرىدىكى تاغدىن كېلىدۇ.

— يەنىلا تەڭرىتاغنىڭ سۇلىرى ئىكەن - دە، — دېدى شائىر، بۈيۈك تەڭرىتاغنىڭ ھايات بايلىقىمىزنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىگە يەنە بىر قېتىم قايىل بولۇپ.

قوغۇننىڭ شىرنىسى بىلەن مېھمانلارنىڭ كالپۇكلىرى ۋە قوللىرى شىلىملىشىپ كەتكەنىدى. مېھمانلار يۈز - قولىنى باغ ئىچىدىن ئېقىۋاتقان ئېرىق سۈيىدە يۇيۇپ بولۇپ، باغۋەنگە رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتى.

ئۇلار ئۆز ياتاقلىرىغا بېرىپ دەم ئالدى، لېكىن تاتار قىزنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان ئىككى ئوت ئۇنى قاتتىق ئازابلايتتى. ئۇنىڭ بىرى، يېتىملىك ۋە سەرگۈنلۈك دەردى؛ يەنە بىرى، تۇرمۇش — مۇھەببەت دەردى ئىدى.



يەنە بىر قىز، گارمونچى قىزغا قارىغاندا بىپەرۋاراق ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلە ئەھۋالىمۇ تۈزۈكرەك بولۇپ، گارمونچى قىزدەك قوش دەردلىك ئەمەس ئىدى.

بۈگۈن چۈشتە، گارمونچى قىز دەم ئالماي، قەشقەرگە بېرىش يولىدىن ۋاز كېچىش خىيالىغا چۆكۈپ كەتتى. ئۇ ئاقسۇدا قېلىش يا ئارقىغا يېنىپ چۆچەككە كېتىش، يا ...

بۇ مۇرەككەپ خىياللارنىڭ بەزىلىرى، ئۇ قوشئاۋاتقا كەلگەندىن كېيىن پەيدا بولدى؛ بەزىلىرى، خېلى ئۇزۇندىن بېرى ئۇنىڭغا چىرمىشىۋالغانىدى.

ئۇ، بۈگۈنكى چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا، خېلىدىن بۇيان ئۆزى ئويلاۋاتقان «قىز ئارتىنچاق، يىگىت غەم يېمەس»تىن ئىبارەت زىددىيەتتىن قانداق ھەل قىلىش خىياللىرى بىلەن بەند بولدى.

چۈشتىن كېيىن لۇتپۇللا بىلەن ئىككى نەپەر تاتار قىز بىرلىكتە باشقىلارنىمۇ ئەگەشتۈرمەي، شائىر تۈنۈگۈن قوشئاۋاتلىق ئىككى بالا بىلەن سۆھبەتلەشكەن چوڭ سۆگەت تۈۋىگە باردى. گارمونچى قىز مۇشۇنداق خالىيراق مۇڭدىشىشنى كۈتۈپ تۇراتتى. لۇتپۇللا قەشقەرنى ماختاپ، ئالدى بىلەن قىزلارغا تەسەللى بېرىش نىيىتىدە بولدى، لېكىن قىزلارمۇ ئۆز مۇددىئاسىنى يوشۇرمىدى:

— بىز ئاقسۇغا بارساق دېيىشىۋاتىمىز، — دېدى ئىككىنچى قىز لۇتپۇللا مۇتەللىپكە جاۋاب بېرىپ.

«بىز» سۆزىدىن، بۇ ئالدى بىلەن گارمونچى قىزنىڭ پىكرى ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئىككىنچى قىز ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى شائىرغا يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى لۇتپۇللا دەرھال بايقىۋالدى، لېكىن ئۇ، يەنىلا بىلمەسكە سېلىپ:

— قەشقەر ئەڭ چوڭ مەدەنىيەت مەركىزى، ئۇ ئاقسۇدىنمۇ چوڭ، — دېدى.

— ئاقسۇنىمۇ گۈزەل شەھەر دەپ ئاڭلايمىز، سىز بىلەن بىرگە ئىشلىسەك دەيمىز، — دېدى گارمونچى قىز.
— بۇ پىكرىڭلارنى... مېنىڭ ھەل قىلىشىم...
لۇتپۇللا سەل ئويلىنىپ قالدى. سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرۈشكە ئوڭايسىزلىنىپ، باشقىچە قويۇشقا مەجبۇر بولۇپ:
— ئەگەر ئۈرۈمچىدىكى چېغىمىزدا، بۇرۇنراق ئۇقۇشقان بولساق ھەممىسى بىر يولى ... — دېدى.
شائىر گەپنىڭ يېرىمىنى يەنە بوغۇزىدا يۇتۇۋەتتى، لېكىن گارمونچى قىز «ئۈرۈمچىدە»، «بۇرۇنراق» دېگەن سۆزلەرنى نىشانلاپ، شائىرغا مۇتەلجان قارىياغاچلىقىدا سادىر بولغان بىر ۋەقەنى ئەسلەتتى:
— ئۈرۈمچىدە سىزگە قوغلىشىپ يەتكىلى بولاتتىمۇ؟!
كىتابخانلىرىمىزغا سىر بولۇپ كېلىۋاتقان تېپىشماق مانا ئەمدى يېشىلىدۇ:
— بۇ يىل — «تۆتىنچى ماي» كۈنى ئۈرۈمچىدىكى مۇتەلجان قارىياغاچلىقىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆزۈن كۈتكەندىن كېيىن ئارقا تەرەپتىن يوشۇرۇن كېلىپ يۈزىگە سوغۇق سۇ سەپكەن ۋە يېقىندا شائىر سۈرگۈن بولۇپ ئاقسۇغا ماڭىدىغان كۈنى، بىر توپ ئوغۇل - قىزلار ئارىسىدىن چىقىپ بىر دانە گۈللۈك كەشتە يىپەك ياغلىقنى شائىرنىڭ سومكىسىغا ئاستا سېلىپ قويۇپ، قارا كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان قىز — گۈلباھار ئىدى. دەل ئەنە شۇ «تۆتىنچى ماي» كۈنى شائىر بىلەن گۈلباھار قىزغىن سۆزلىشىۋاتقان چاغدا، بۇلارنى ئىككىنچى بىر قارىياغاچ تۈۋىگە تەكلىپ قىلىپ كەلگەن ئىككى نەپەر تاتار قىز — مانا ھازىر لۇتپۇللا بىلەن مۇڭدىشىۋاتقان گارمونچى قىز — زۆلپىيە ۋە ئۇنىڭ دوستى رەئىسە ئىدى.
«تۆتىنچى ماي» كۈنى زۆلپىيە تەكلىپ قىلغاندا، گۈلباھار ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ كېتىپ قالغاندىن كېيىن، لۇتپۇللامۇ «بۇ-



گۈن بىر ئاغرىنىم قارايتتى» دەپ زۆلپىيەدىن ئەپۇ سوراپ كېتىپ قالغانىدى.
ئۇ، بۇنىڭدىن بۇرۇن زۆلپىيە بىلەن ئايرىم سورۇنلاردا ئۇچراشقان ۋە ئۇنىڭ گارمون چېلىش ماھارىتىنى يۇقىرى باھالىغان چاغلارمۇ بولغان.
زۆلپىيە ئاق يۈزلۈك، ئىككى مەڭزى خۇددى ئاناردەك قىزىل، جۈپ كۆزى سەل ھاۋا رەڭ، نېپىز كالپۇك، ئويماق ئېغىز، قىسقا بىر جۈپ ئۆرۈمە چېچى دۈمبىسىگە سەللا چۈشۈپ تۇرىدىغان ئوتتۇرا بوي، ئوماق قىز ئىدى.
بىراق، ئۇلار «تۆتىنچى ماي» دىن بۇرۇن يۈرەك سىرلىرىنى بېرىشمىگەن، «تۆتىنچى ماي» دىن كېيىن، زۆلپىيە شائىردىن بىر ئاز رەنجىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ رەنجىشى شۇ كۈندىكى ئۇلتۇرۇشقا شائىرنىڭ قاتناشمىغانلىقىدا ئىدى. كېيىن ھەر ئىككىسىنىڭ جەنۇبقا — بىرى ئاقسۇغا، بىرى قەشقەرگە سۈرگۈن بولۇشى بىرەر يىل بۇرۇن ھېچقايسىسىنىڭ ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى.
تەقدىر ھازىر بۇلارنى قوشتاۋاتتا — سۈرگۈن سەپىرىدە كۆرۈشتۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن سۆگەت تۈۋىدىكى بۇ مۇڭدىشىش ھازىر ئىنتايىن سىرلىق ۋە كومېدىيىلىك بىر باسقۇچقا بېرىپ تاقالماقتا ئىدى:
— «سۆز تېپىلغاندا يار يوق، يار تېپىلغاندا سۆز» دەپتىكەن قەدىمكىلەر، بەزى گۇمانلىرىمىزنى ئەتىگىچە يېشەيلى، — دېدى شائىر، زۆلپىيەنىڭ ھاياجىنىنى بېسىش ئۈچۈن...
...ئۇلار پارىڭىنى باشقا چاقچاق ۋە ئوقۇش دەۋرىدىكى كەچۈرمىشلىرىگە يۆتكىدى. كەچ كىرىشكە يېقىن ئۇلار يەنە خۇشال - خۇرام قايتىپ كېلىشتى.
بۇگۈن كېچە لۇتپۇللا ۋە زۆلپىيە ھەر ئىككىسىگە ئىنتايىن قىيىن ۋە ئازابلىق كېچە بولدى:

«ئەگەر گۈلباھاردىن بۇرۇن زۇلپىيە بىلەن ۋەدىلەشكەن بولسام، — دېدى شائىر زادىلا ئۇخلىيالماي، خىياللار قايىنىمىغا چۆمۈپ، — ئۇ چاغدا، زۇلپىيە بىلەن ئۈرۈمچىدە بىر يولىلا ھەل قىلىپ يولغا چىقسام يوللۇق بولاتتى. لېكىن زۇلپىيە بىلەن بۇنداق ۋەدىمىز يوق. گۈلباھار بىلەن بولسا... بۇ ۋەدىنى بۇزۇش، مېنىڭ ئۈچۈن ۋاپاسىزلىق بولماسمۇ؟ ئۇنى زۇلپىيەگە قانداق چۈشەندۈرۈشۈم كېرەك؟ گۈلباھارنىڭ سوۋغىتى — خەت، يىپەك ياغلىق... بۇنى زۇلپىيەگە كۆرسەتمىسەم ئۇ ئىشەنمەيدۇ، كۆرسەتسەم رەنجىيدۇ، بۇنى قانداق قىلىشىم كېرەك؟... مۇھەببەت ۋەدىسىنى بۇزۇش — دۇنيادا ئەڭ چوڭ ۋاپاسىزلىق! ئەڭ زور جىنايەت! !... باشئەگىم دەرياسىدا ئايلاپ سۇرگۈن ئازابى بىلەن ئېقىپ، رۇم[1] قىزى قۇندۇز چاچ كۆمۈشئاي[2] تەرىپىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىنغان تاھىرغا، قۇتۇلدۇرۇۋالغۇچى مۇھەببەت شەرتىنى قويغاندا، تاھىرنىڭ زۆھرە بىلەن ۋاپا ۋەدىسىنى بىلگەندىن كېيىن، كۆمۈشئاي مەردانىلىك بىلەن تاھىرنى زۆھرەگە ئۆتۈنۈپ، يولغا سېلىپ قويغان ئالىيجانابلىقىنى زۇلپىيەگە قانداق چۈشەندۈرۈشۈم كېرەك؟ مېنىڭ ئۈچۈن گۈلباھارنىڭمۇ، زۇلپىيەنىڭمۇ بىر - بىرىدىن قېلىشقۇچىلىكى يوق، ھەر ئىككىسىلا گۈزەل پەرىگە ئوخشاش، پەقەت ۋەدە مەسىلىسى.

مۇشۇ خىل خىياللار ئۇنىڭ قەلبىنى چىرمىۋالدى. ئۇ بىر كېچە ئۇخلىيالماي قىينالدى.

بۇ ئىشتا ئۇ، «دەقيانۇس»[3] خانى ئارسلانخان[4] بىگۇ[5] بىلەن نىكاھلانغان يولنى تۇتۇش مۇمكىنمۇ؟

---

① رۇم — رىۋايەتلەردىكى باغراش بويىغا جايلاشقان بىر قەدىمىي دۆلەتنىڭ نامى.
② كۆمۈشئاي — رۇم خانىنىڭ قىزى، تاھىرغا كۆيۈپ قالغان، كېيىن زۆھرە بىلەن ۋەدىسى بارلىقىنى بىلىپ، تاھىرنى يولغا سېلىۋەتكەن.
③ «دەقيانۇس» — تورپان ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئىدىقۇت پايتەختى قوچۇنى خەلق «دەقيانۇس» دەپ ئاتىشاتتى.
④ ئارسلانخان — XII ئەسىردىكى قوچۇ خانى.
⑤ ئالتۇن بىگۇ — چىڭگىزخاننىڭ كەنجى قىزى. 1211 - يىلى ئارسلانخان چىڭگىزخاننىڭ ئالدىغا بارغاندا، ئالتۇن بىگۇنى خانىشلىققا بەرگەن. لېكىن ئارسلانخاننىڭ يەنە باشقا خانىشلىرىمۇ بار ئىدى.



بىراق، سىياسىي سۈرگۈن بولۇپ كېلىۋاتقان زۇلپىيەنىڭ رايىغا باقمىسا، ئۇنىڭ غەمكىن دىلىنى ئايىمىسا، ئەلۋەتتە نامەردلىك بولاتتى. لۇتپۇللا بۇ كېچىنى مۇشۇنداق ئازابلىق ئۆتكۈزدى.

بۇ كېچە ئۇ ئاز ئۇخلىغىنىغا قارىماي، ئەتىسى يەنىلا ئورنىدىن ئىنتايىن سەھەر تۇرۇپ كەتتى. ئۇ سومكىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ھېلىقى قەدىناس دۇمچەك سۆگەتنىڭ قېشىغا باردى.

سومكىسىدىن چوڭ ئاق قەغەز ۋە رەڭلىك قېرىنداشلىرىنى ئالدى - دە، رەسساملىق ماھارىتىنى جەۋلان قىلىپ، پارللېل سىزىق بويىچە ئوڭ تەرەپكە گۈلباھارنىڭ، سول تەرىپىگە زۇلپىيەنىڭ رەسىمىنى سىزىپ چىقتى، ئارقىدىن ئىنچىكىلەپ رەڭ بەردى:

گۈزەللىكتە — قاش - قاپىقى، بۇرۇن، كۆز، باش، چاچ، ئىككى مەڭزى، بوي - تۇرقى، كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇشلىرى — ھەر ئىككىسىلا بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان كۆڭۈلنى مەپتۇن قىلغۇچى قوش پەرىلەرگە ئوخشايتتى.

رەسىمنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «قوش پەرى» دېگەن چوڭ رەڭلىك ھۆسنخەتنى يېزىپ، ئاندىن ھەربىر رەسىمنىڭ ئاستىغا يەنە «گۈزەل گۈلباھار»، «گۈزەل زۇلپىيە» دېگەن چوڭ رەڭلىك خەتنى يېزىپ قويدى ۋە ئىككى رەسىمنىڭ ئاستىغا تۆۋەندىكى بىر كۇپلېت شېئىرنى يېزىپ، قوش پەرىلەرنىڭ ھۆسن - جامالىغا ئۆزۈنىچە تىكىلىپ تۇردى، ئارقىدىن شېئىرنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

قوشئاۋاتتا قوش پەرى،
قېلىشمايدۇ ھېچبىرى.

ئىككىلىسى گۈزەل ئاي،
ئايدىن گۈزەل تەسۋىرى!

... باشقىگىم تەرەپتىن كېلىۋاتقان مەيىن شامال شائىرنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. بالدۇر سارغىيىشقا باشلىغان يوپۇرماقلار يەرگە شىلدىرلاپ تۆكۈلەتتى. تاھىر - زۆھرە قەبرىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان چوققىدىن قىپقىزىل قوياش ئاللىقاچان كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ نۇرلىرى قوشتاۋاتنىڭ گۈزەل يېزىلىرىنى چاقنىتىۋەتكەنىدى.

باللار قوتاندىن ھەيدەپ چىقىپ، ئېگىزلىققا قويۇپ بەرگەن قوي - قوزىلار مەرىشەتتى ۋە ئېگىزلىقتا قىيغىتىپ سەكرىشەتتى.

شائىر ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە مەمنۇن بولۇپ، ئورنىدىن تۇردى - دە، تېز - تېز قەدەم تاشلاپ ياتاققا قايتىپ كەلدى.

ئەتىگەنلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، قۇربان قىلىچتىن بۈگۈن ئاخشام يولغا چىقىدىغان خەۋەرنى ئاڭلىدى، لېكىن يەكەن، قەشقەرگە ماڭىدىغان هارۋىلار بولسا، يەنە بىر كۈن تۇرۇپ ماڭماقچى بولۇشتى.

لۇتپۇللا سومكىسىنى ئېلىپ، زۆلپىيە چۈشكەن ياتاققا كىردى. زۆلپىيە بىلەن رەئىسە ئۇنى سەممىي كۈتۈۋالدى. بىراق زۆلپىيە، ئۇيقۇسىزلىقتىن بولسا كېرەك، كۆزلىرى ئىششىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، ئۇلار بىردەم مۇڭداشقاندىن كېيىن:

— بىز بۈگۈن ئاخشام ماڭىدىكەنمىز، — دېدى شائىر، — لېكىن سىلەر يەنە بىر كۈن تۇرىدىكەنسىلەر.

— بىز يەنە قوغلاپ يېتىشەلمەيدىكەنمىز - دە؟ — دېدى زۆلپىيە سۆھبەت تۈۋىدىكى سۆزىنى يەنە ئەسلىتىپ.

— ياق، بىزنىڭ كۆرۈشۈش پۇرسىتىمىز دائىم



بولۇپ تۇرىدۇ.

لۇتپۇللا سومكىسىدىن ئەتىگەن سىزغان رەسىمنى ئېلىپ، زۆلپىيەگە سوۋغا قىلدى، زۆلپىيە بىلەن رەئىسە رەسىمگە سىنچىلاپ قاراشتى.

— ۋاي - ۋۇي ئەجەب ئوخشىتىپسىز! — دېدى رەئىسە رەسىمنى ماختاپ، لېكىن زۆلپىيە گۈلباھارنىڭ رەسىمنى كۆرۈپ، شۇئان ئۇلۇغ - كىچىك تىنندى. ئۇ گۈلباھارنى تونۇيتتى. «ئۆتىنچى ماي» كۈنى مۇتەلجان قارىياغاچلىقىدا لۇتپۇللا بىلەن ئىككىسىنىڭ قىزىق مۇڭدىشىپ تۇرغانلىقىنىمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. ھازىر بۇ قوش رەسىمدىن شائىرنىڭ گۈلباھار بىلەن ۋەدىلىشىپ قويغانلىقىغا گۇمان قالمىدى.

— ھەممىنى چۈشەندىم، — دېدى ئىنتايىن تەسلىك بىلەن، زېھنى ئۆتكۈر زۆلپىيە، — مېنىڭ رەسىمىمنى ئېتىبار بىلەن سىزغانلىقىڭىزغا رەھمەت. مېنىڭ ئەمدى سىزدىن ئاغرىنىشقا ھەققىم يوق.

لۇتپۇللا زۆلپىيەنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ھەل بولغىنىدىن ئىچىدە خۇشال بولۇپ تۇراتتى. زۆلپىيە دەرھاللا رەئىسە قىزىقىپ كۆرۈۋاتقان «قوش پەرى» رەسىمىنى قولىغا ئالدى - دە، لۇتپۇللا رەسىمنىڭ تېگىگە يېزىپ قويغان بىر كۇپلېت شېئىرنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى ۋە ئازراق ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، لۇتپۇللانىڭ شېئىرىغا يانداش قىلىپ تۇرۇپ، تۆۋەندىكى جاۋاب قوشقىنىنى يېزىپ قويدى:

ئاينى ئاسماندا دېسەم،
ئاي قاشىدا ئاي بار ئىكەن.
يارنى مەن يالغۇز دېسەم،
يار قاشىدا يار بار ئىكەن.

## سەككىزىنچى باب

# بوز تورغاي ھېكايىلىرى

ھاۋادىكى بوزتورغاي،
سايرىمىساڭ نېم بولغاي.
كىچىككىنە جېنىمنى،
قىينىمىساڭ نېم بولغاي.

— خەلق قوشىقى

لۇتپۇللا سىزغان «قوش پەرى» رەسىمىنىڭ تېگىگە زۇلپىيە تەرىپىدىن يېزىلغان جاۋاب قوشاق، رەئىسەنى شۇنداق كۈلدۈرۈۋەتتىكى، ئۇنىڭ ئۈچىيى ئۈزۈلۈپ كېتىشكە تاسلا قالدى. زۇلپىيەمۇ «جايىدا كەلتۈرۈۋالدىم» دەپ خۇشال بولۇپ، قەلبىدىكى پىغانى بىردىنلا تارقىلىپ كەتكەندەك، ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلدى. لۇتپۇللا بولسا، «قوش پەرى» مەسىلىسىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلغىنىدىن خۇرسەن بولدى.

— بوش كەلمىدىڭىز، — دېدى شائىر، رەئىسەنىڭ كۈلكىسىنىڭ پەسىيىشىگە ئۈلگۈرتۈپلا زۇلپىيەگە قارىتىپ، — ھەي يامان قىز، ھەي...

— سىز ھارۋىغا چىققاندا تېخى دەۋالىدىغان گەپلىرىم بار، — دېدى زۇلپىيە چاقچاقلىق بىلەن ۋە رەئىسەگە كۆز قىسىپ قويدى.

لۇتپۇللا بۇ كۆز قىسىش ھەرىكىتىنى سېزىۋالدى - دە:



— تاتلىق سۆزلىرىڭىز قانچە بولسا، شۇنچە ئاڭلىغۇم بار، — دەپ گەپنى چاقچاققا يۆتكىدى.

— «دوستۇمنىڭ سەن دېگىنى — سىز دېگىنى» دەپ قوبۇل قىلسىڭىز بولۇۋېرىدۇ، — دېدى زۇلپىيە، — ھەسەلنىڭ ئاچچىقى بار، لازىنىڭ تاتلىقى.

بىر ئازدىن كېيىن لۇتپۇللا قىزلار بىلەن خوشلاشتى - دە، قەشقەر، يەكەنگە كېتىۋاتقان ئوغۇل - قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتىقىغا باردى. لۇتپۇللا بۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ئۇلارنى مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا دالالەت قىلاتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ، شۇ ھەقتە سۆزلەشتى:

— مېنىڭچە، — دېدى لۇتپۇللا، — ھازىر بىرلا ئۇلۇغ خىزمەت بار. ئۇ بولسىمۇ، مائارىپچىلىق، مۇئەللىملىك. «بىلىملىك ئەل غېمىدە، نادان گال غېمىدە» دېگەن گەپ بار. بۇنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز كېرەك.

شائىر خوشلىشىپ سىرتقا چىققاندا، يەكەنلىك يىگىتلەردىن سەمەت ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ:

— سىزگە دەيدىغان بىر ئېغىز سۆزۈم بار ئىدى، — دەپ لۇتپۇللانىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

لۇتپۇللا توختاپ يەكەنلىك يىگىتنىڭ ئاغزىغا تەلمۈردى.

— قەدىمكىلەر «گۈل چېغىڭدا گۈل قىس، قېرىغاندا غىرت قىس» دەپتىكەن. مېنىڭچە بولسا، زۇلپىيەنى ... ئاقسۇغا بىرگىلا ... — دېدى يىگىت.

يەكەنلىك يىگىت شۇنچىلىكلا دارىتمىلاپ سۆزىنى توختىتىۋالدى. لۇتپۇللا يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. بۇ ئىشنىڭ چىگىشلىكىدىن يەكەنلىك يىگىت خەۋەرسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىگىشلىك تېخى ھېلىلا ئوڭشالغانىدى.

لۇتپۇللا يەكەنلىك ئاق كۆڭۈل دوستىغا باشقىچىرەك تەرزدە:

— ماڭا ئامەت قوش كېلىۋاتىدۇ، دوستۇم. ئىككى گۈزەل

پەرى مېنىڭ ئىككى بىلىكىمنى مەھكەم تۇتماقتا. ئىلاھىي ئېروش[1] نىڭ غەمخورلۇقىدىن مىننەتدارمەن. بىراق، مېنىڭدە بىرلا غايە — پېتوفى[2] غايىسى بار. بۇ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە رەھمەت، لېكىن ماڭا ھازىرچە تەنھالىق مۇھىم، — دېدى.

يەكەنلىك يىگىت سەمەت ئۆز پىكرى ئۈستىدە قايتا ئېغىز ئاچمىدى. ئۇ، لۇتپۇللانىڭ مەتىنلىك سۆزلىرىدىن ھوزۇرلانغىنىچە ئىزىدا تۇرۇپ قالدى. لۇتپۇللا يەكەنلىك يىگىت بىلەن سەمىمىي خوشلىشىپ، ئاللىقاچان مېڭىشقا تەييار بولۇپ قالغان ھارۋا قېشىغا كەلدى.

دەل پېشىن ۋاقتىدا شائىر لۇتپۇللا كۆۋرۈك ئۈستىدە توپلىشىۋالغان قوشئاۋاتلىقلارغا سالام بېرىپ، بۇ يەردىن قوزغىلىپ ئايرىلدى.

توپنىڭ ئىچىدە تۇرغان زۇلپىيەنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغانىدى. ئۇ، ھېچكىمگىمۇ قارىماي چاققانلىق بىلەن ياتىقىغا كىرىۋالدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى قىپقىزىل مەڭزىدىن سىيرىلىپ چۈشەتتى. ئۇ كاڭنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى، يەنە تولغىنىپ ياتالماي قالدى-دە، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ يۈزىدىكى ياش تامچىلىرىنى قولياغلىقىدا ئېرتتى، ئارقىدىن لۇتپۇللاغا سوۋغاتلىق ئۈچۈن يېزىپ تەييارلىغان قوشىقىنى كۆزىدىن كەچۈرۈپ چىقتى. ئۇ، بۇ قوشاقلىرىنى نومۇس كۈچىدىن شائىرغا بېرەلمىگەنىدى. ئۇ، ئۆزى يازغان بۇ مۇھەببەت قوشاقلىرىدىن كۆزىنى ئۈزمەي خىيال سۈرۈپ تۇرغاندا، رەئىسەنىڭ ياتاققا يۈگۈرۈپ كىرىشى ئۇنىڭ شېرىن خىيالىنى ئۈزۈپ:

— قارا، قوشئاۋاتنىڭ قوش ئالمىسى، — دېدى رەئىسە كۆتۈرۈپ كىرگەن بىر جۈپ ئالمىنى زۇلپىيەگە كۆرسە-

① ئېروش — «مۇھەببەت پەرىسى» دېيىلگەن رىۋايەت بار.
② پېتوفى ساندور (1823 — 1849) — ۋېنگرىيىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر شائىرى. 1849-يىلى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان، ۋەتەن مۇھەببىتى ئۈچۈن شەخسىي مۇھەببىتى ھەم ئەزىز جېنىدىن ۋاز كەچكەن.



تىپ، — تۇت مانا، بىرى سېنىڭ، بىرى مېنىڭ، ساقلاپ يەيمىز، — دەپ قويدى.

رەئىسە ئىشىكتىن كىرىپلا زۇلپىيەنىڭ قەغەز تۇتۇپ خىيال ئىچىدە ئولتۇرغانلىقىنى سېزىۋالدى، ئۇ قەغەزدىكى قوشاقتىن خەۋەردار ئىدى.

— قوشاقنى بەرمىدىڭمۇ؟

— ياق... ئۇنى رەنجىتمەي دېدىم.

— بوپتۇ، مەردلىك دېگەن ئەنە شۇ، قوشاقنى گارمون ئاھاڭىغا سېلىپ، ئۆزىمىز كۆڭلىمىزنى ئاچىمىز. قېنى ئۆزۈڭ بىر ئوقۇغىنا، ئاڭلاپ باقاي!

زۇلپىيە قوشاقنى رەئىسەگە سۇنۇپ:

— سەن ئوقۇ، — دېدى.

— ئۆزۈڭ ئوقۇ، — دېدى رەئىسە قوشاقنى ئەتەي زۇلپىيەگە ياندۇرۇپ بېرىپ، — سەن ئوقۇساڭ باشقىچە ئاڭلىنىدۇ.

زۇلپىيە قوشاقنى ئاستا ۋە يېقىملىق قىلىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

كەتكىنىڭ قىلدى ئەلەم،
ئەمدى يىراق يول ئارىسى.
كەتتىڭغۇ سېنىڭ بىلەن،
بۇ يۈرەكنىڭ پارىسى.
......

قوشئاۋاتتىكى كومېدىيىلىك ھايات ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشتى. ياق، ئۇ تېخى بۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشمايتتى! ...

× ×

قۇربان قىلىچ ھارۋىسىنى كېچىچە ھەيدەپ مېڭىپ ئەتىسى

كۈن چىققاندا كۇچا شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى پولات شاڭيۇنىڭ سارىيىغا بېرىپ چۈشتى. بۇ يەرنى كىشىلەر «دۆڭمازار مەھەللىسى» دەپ ئاتىشاتتى. بۇ جاي شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن چەتتىرەك ئىدى. لۇتپۇللانىڭ قوشئاۋاتتىن كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ، دۆڭمازاردا ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئۇستازى ئابدۇللا داۋۇت پەيدا بولدى - دە، ئۇ، لۇتپۇللا بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئابدۇللا داۋۇت بۇنىڭدىن يېرىم يىلچە بۇرۇن ئۈرۈمچىدىن سۈرگۈن بولۇپ باي ۋە كۇچادا تەقىب ئاستىدا ھايات كەچۈرەتتى. بۇ قېتىم تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن كۇچاغا كېلىپ يەنە بايغا قايتىپ كېتىشكە ھارۋا ئىزدەپ يۈرەتتى.

لۇتپۇللا ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئۆزىگە تارىخ دەرسى بەرگەن بۇ ئۇستازىنى تۇردى ھوسىيون ۋە قۇربان قىلىچقا تونۇشتۇردى. ئابدۇللا داۋۇت ئۇلار بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ، ئاخىرىدا:

— بىز سىلەرنى كۈتۈپ تۇراتتۇق، بۈگۈن بىر كۈن دەم ئېلىپ، ئەتە ئەتىگەن يولغا چىقساق، مېنىمۇ بايغىچە ئېلىۋالساڭلار. بۈگۈن كۇچانىڭ بىر قىسىم زىيالىيلىرى شامالباغدا ساقلاپ تۇرماقچىدى ... ئۇلار لۇتپۇللانىڭ كېلىشىگە تەقەززا بولۇپ تۇرغان، — دېدى.

— بولىدۇ، — دېدى قۇربان قىلىچ قىزغىنلىق بىلەن ئابدۇللا داۋۇتنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، — مەن ئات - ھارۋىغا قاراپ تۇراي، سىلەر بېرىپ كەچتىرەك كەلسەڭلارمۇ بولىدۇ.

ئابدۇللا داۋۇت خۇشال بولۇپ، لۇتپۇللا بىلەن ئابورچىكنى باشلاپ شەھەر ئىچىگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار قول ھۈنەرۋەنلەر بازىرىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇدۇل چوڭ كۆۋرۈك بويىدىكى چولاق تۇڭگاننىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ غىزالاندى. ئۇلار ئاشخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا خالىي ئولتۇرۇشۇپ، قاراشەھەر دەرياسى بويىدىكى «ئېچىلتال» يېنىدا مۇنىرىدىن بىلەن بولغان ئىنقى-



لابىي سۆھبەتنى ئەسلەشتى. ئابدۇللا داۋۇت ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ:

— مەن چىن يۈرىكىمدىن قوللايمەن. كۈرەش — بىزنىڭ چىقىش يولىمىز. بىز بىرلىكتە كۈرەش قىلايلى! — دېدى.

ئۇلار سۆھبەتنى ۋاقىتلىق ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاشخانىدىن چىقىپ كېتىشتى. لۇتپۇللا كۇچانىڭ چوڭ كۆۋرۈكىگە نەزەر تاشلاپ:

— بۇ كۆۋرۈك قاچان ياسالغانلىقىنى بىلەمسىز؟ — دەپ ئۇستازىدىن سورىدى.

— بىلىمەن، بۇنى پۈتۈن كۇچا خەلقى بىلىدۇ. بۇ كۆۋرۈك 1939 - يىلى لىن جىلۇ تەرىپىدىن ياسالغان، كۆۋرۈك پۈتكەندە داغدۇغىلىق تەبرىكلەش يىغىنى تولۇپ، ناخشا - ئۇسسۇل، نەغمە - ناۋا بىلەن پۈتۈن شەھەرئىچى خۇشاللىق دېڭىزىغا چۆمگەنىدى.

— خەلقپەرۋەر ئىنقىلابچى پېشقەدەملەرنىڭ ماڭغان يولى باشقىچە - دە، بۈگۈنكى كۈندىكى زالىملارنىڭ يۈرگۈزگەن ئۇسۇلى بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇۋاتىدۇ، — دېدى لۇتپۇللا ئابدۇللا داۋۇتنىڭ سۆزىدىن كېيىن.

ئۇلار بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ، ساي بويلاپ شامالباغقا يېتىپ باردى. شامالباغدا ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان بىر تۈركۈم ياشلار چېلىنىشىۋاتقان مۇزىكىسىنى توختىتىپ قويۇپ، يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، لۇتپۇللا بىلەن ئابدۇللا داۋۇتنى قورشىۋالدى، ئارقىدىن ساھىبخانا يىگىتلەر مېھمانلارنى داستىخانغا باشلىدى. لۇتپۇللا كۇچا ياشلىرى بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

— سىلەردە ھازىر دراما - تىياتىر ئىشلىرى قانداق كېتىۋاتىدۇ؟

— ئىككى يىللا بۇرۇن تىياتىر - سەھنىلىرىمىزدە «ساماق ئاكاڭ قاينايدۇ»، «چىمەنگۈل»، «كۈرەش قىزى»، «بوراندىن

كېيىنكى ئاپتاپ» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى ئوينىلىپ تۇراتتى. ھازىر بولسا، يېڭى ئەسەر يازىدىغان دراماتورگ يوق، تىياتىر ئىشلىرىمىز توختاپ قېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇتەئەسسىپ كۈچلەر، ھەتتا «چىمەنگۈل» ۋە «ساماساق ئاكاڭ قايىنايدۇ» درامىلىرىنى ئويناشقىمۇ قارشى تۇرۇۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى بىر تىياتىر ھەۋەسكارى شائىرنىڭ سوئالىغا.

— دەرۋەقە شۇنداق، — دېدى ئابدۇللا داۋۇت سۆز قىستۇرۇپ، — مۇتەئەسسىپ كۈچلەر دەۋر چاقىنى ئارقىغا بۇرىماقچى. ياق، بۇرىيالمايدۇ. نادانلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكنىڭ تەگلىمىسى — ھالاك بولۇش. لۇتپۇللانىڭ ئەمگەك مېۋىسى — «چىمەنگۈل»، «ساماساق ئاكاڭ قايىنايدۇ» قاتارلىق درامىلار ئەنە شۇ نادانلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىككە قارشى ئوق ئاتقان، بىز گېزى كەلگەندە تۆمۈر ھارۋىكەش[1]كە يېڭىچە قامچا تۇتقۇزۇپ، بارلىق مۇتەئەسسىپلەرنى قامچىلىشىمىز مۇمكىن.

— ئۇستازىمىزنىڭ پىكرىگە تولۇق قوشۇلىمەن، — دېدى لۇتپۇللا ساھىبخانا ۋە يىگىتلەرگە قاراپ، — مەن ئاقسۇغا بېرىپلا بىرقانچە ئوپېرا، دراما ئىشلەش كويىدا بولۇۋاتىمەن. بىز ئۆز ئارا كۆرۈشۈپ تۇرىمىز ۋە بىر-بىرىمىزگە يېقىندىن يار-يۆلەك بولىمىز. جۈرئەتلىك بولساقلا، ئېگىز چوققىلاردىن ھالقىپ كېتەلەيمىز.

خۇش چاقچاق، قىزىق سۆھبەت ۋە ساز-ناخشا بىرقانچە سائەت داۋام قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار خوشلاشتى.

سەپەر يەنە داۋام قىلدى. تاڭلا كېچىسى تاڭ سۈزۈلگەن چاغلاردا ئۇلار قىزىلنىڭ داۋىنىغا يېتىپ باردى. بۇ لۇتپۇللا ھالقىپ كېلىۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى داۋان ئىدى. قۇربان قىلىچ

① تۆمۈر ھارۋىكەش — تۆمۈر ئېلى (1886 — 1939) — كۇچا شامالباغ ئۇدۇلىدىكى ساي بويىدا ئولتۇرۇشلۇق ھارۋىكەش ئىدى. 1931-يىلى كۇچادا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، جىن شۇرېن قوشۇنلىرى ۋە مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بىلەن كۆپ قېتىم كۈرەش قىلغانىدى. ئۇنىڭ نامىدا «تۆمۈر غازى» مەكتىپىمۇ قۇرۇلغان.



ھارۋىدىن ئاتلىرىنى چىقىرىپ، بوغۇز بېرىشكە باشلىدى. لۇتپۇللا، ئابدۇللا داۋۇت، تۇردى ھوسۇيۇن ھارۋىدىن چۈشۈپ ئەتراپنى كۆزىتەتتى.

كۈن چىقىش ئالدىدا داۋان ئۈستىدە سوغۇق ئادەمنىڭ بەدىنىگە يىڭنىدەك سانجىلاتتى. ئۇلار داۋان ئۈستىدىكى تۈزلەڭ سايدا يۈگۈرۈشۈپ توڭلاشنىڭ ئالدىنى ئالاتتى.

كۇچانىڭ قۇتلۇقئورۇدا تەرىپىدىن كۆرۈنگەن قىزىل شەپەق، قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىدىن بەلگە بەردى. تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن مۇزداۋاننىڭ ئېگىز قار قاتلىمى خۇددى ئاق لىباس كىيىۋالغان بوۋايدەك ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. جەنۇب تەرەپتە بولسا، قىزىل دەرياسى بويىدىكى «مىڭئۆي» تاغلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

— بۇ نېمىدېگەن خۇش ئاۋاز جانىۋار-ھە! — دېدى شائىر، — ئۇ خۇددى ئىلى تورغايلىرىغا ئوخشاش مۇڭلۇق سايرايدىكىنە؟

قۇياش ئىككى غولاچ ئۆرلىگەن مەھەلدە، ھارۋا قىزىلغا قاراپ قوزغالغانىدى. لۇتپۇللا داۋان ئەتراپىنى كۆزەتكەچ، بىپايان سايلىقتا سايراپ ئۇچۇشۇپ يۈرگەن بوز تورغايلارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىغا قۇلاق سالاتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قەلبىدە يېڭى-يېڭى شائىرانە ئىلھام قوزغىلىشقا باشلىدى، شۇڭا ھارۋىغا چىققاندىن كېيىن، تارىخچى ئۇستازىنى سۆزگە سېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا يۇقىرىقى سوئالنى تاشلاپ قويۇپ، جىم بولۇۋالدى.

— ھا... ھا...— تارىخچى ئابدۇللا داۋۇت كۈلۈپ كەتتى، — سېنىڭ مەكتەپتىكى مىجەزىڭ ھېلىمۇ بار ئىكەن، مەكتەپتىمۇ مۇشۇنداق قىزىق سوئال سوراپ تۇراتتىڭ، — تارىخچى بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەسلىدە ئىلى تورغايلىرى بىلەن سايرام تورغايلىرى قان-قېرىنداشلار، شۇڭا سايراشلىرىمۇ ئوخشايدۇ-دە!

پۈتۈن زېھنى بىلەن پاراڭغا قۇلاق سېلىۋاتقان قۇربان قىلىچ تارىخچىنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى ئىچىدە بىر قېتىم تەكرارلىۋېلىپ:

— خوش، قېنى، ئەپەندىم، گەپنىڭ ئايىغى... بۇ تورغايلار ئېلىدىن قاچانراق بۇ تەرەپكە ئۇچۇپ ئۆتكەن؟ — دەپ سورىدى.

ھارۋىكەشنىڭ سوئالى تارىخچىنى يەنە كۈلدۈرۈۋەتتى. ئۇ كۈلكىسىنى توختاتقاندىن كېيىن، جاۋاب بېرىشكە باشلىدى:

— تورغايلارنىڭ تارىخى بىر مۇھەببەت تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇلارنىڭ مۇشۇ جايدىن قەپەسكە سېلىنىپ، تاغ ئارقىسىغا ئەكېتىلگەنلىكى توغرىسىدا تارىخىي رىۋايەت بار. بىر چاغلاردا يەنە ئۇلار قەپەس بىلەن قايتۇرۇۋېتىلگەن. ئۇلارنىڭ جىنىمۇ چىدامىلىق، مۇزداۋان ۋە تەلەمەتنىڭ ئەللىك گرادۇسلۇق قەھرىتان سوغۇقىدا چېنىققان، ئۇنىڭ مۇڭلۇق سايرىشى — قەپەس كۆرگەنلىكىدىن.

كىمكى بالا چەكمىدى ئاشىق ئەمەس،
بۇلبۇل شۇدۇركى ئەسىر قەپەس①.

مانا بۇ نەزم بىكار چىققان ئەمەس.

قۇربان قىلىچ تارىخچىنىڭ سۆزلىرىگە بارغانچە قىزىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئېغىزىدىن يەنە قانداق ھېكمەت تاماركىن دەپ بېرىلىپ زەن قوياتتى.

— ئەنە قاراڭلار، مۇزداۋاننىڭ ئاستىغا، — دېدى ئابدۇللا داۋۇت قولى بىلەن مۇزداۋان تەرىپىنى ئىشارەت قىلىپ، — ئەنە شۇ يەردىن ئېقىپ چۈشىدىغان مۇزات دەرياسى سايرام ۋە قىزىل بوستانلىقىدىن ئۆتۈپ، جەنۇب تەرەپتىكى مەشھۇر «مىڭئۆي»

① تارىخچى بۇ يەردە يەكەنلىك شائىر پېقىر مۇھەممەت زەلىلىنىڭ ئاشۇ بىر كۇپلېت بېيىتىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆز سۆزىنى كۈچەيتىدۇ.



تاغلىرىنى يۆيۈپ، ئاخىرى تەكلىماكانغا كېتىدۇ. مەن مىڭئۆيىنى تەكشۈرۈپ، تارىخ ئۆگىنىش ئارزۇيۇم بىلەن ئىككى قېتىم پىيادە باردىم. ئۇ يەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت جەۋھىرى بار. تارىخىي رىۋايەتكە قارىغاندا، بۇ «مىڭئۆي»نى كۆسەن (قەدىمكى كۇچا) پادىشاھىنىڭ قىزى شېرىنگە ئاشىق بولۇپ قالغان مۇشۇ سايراملىق كەمبەغەل يىگىت پەرھات ياسىغانىكەن. پادىشاھ قىزىنى پەرھاتقا بېرىشتە «مىڭئۆي» قېزىشنى شەرت قىلىپتۇ. ئاشىق يىگىت بۇ شەرتنى ماقۇل كۆرۈپ، «مىڭئۆي»نى قېزىشقا باشلاپ، توققۇز يۈز توقسان توققۇز ئۆينى قازغان چېغىدا ماغدۇرىدىن كېتىپتۇ، شېرىن ئاڭلاپ كېلىپ ئاشىقىنى قۇچاقلاپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز زار - زار يىغلاپ ئاشىقى بىلەن بىللە ئۆلۈپتۇ. پادىشاھنىڭ قەسىر ئايۋانلىرىدا قەپەستە بېقىلىۋاتقان بوز تورغايلارمۇ مۇڭلىرىنى تۆكۈپ سايراشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ شۇ چاغدا شىكاردا ئىكەن، قىزى شېرىننىڭ ھالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، شاھلىق تونلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، قۇللىرىنى ۋە قەپەستىكى تورغايلىرىنى ئازاد قىلىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ تورغايلار ئاشىق - مەشۇقلار دەردىدە ھەسرەت چېكىپ، ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، چۆل - جەزىرىلەردە مۇڭلۇق سايرىشىپ يۈرۈپتۇ. بۈگۈن داۋان ئۈستىدە ئاڭلىغان تورغاي ئاۋازى ئەنە شۇ تارىختىكى تورغايلار ئەۋلادىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى.

قۇربان قىلىچ رىۋايەت ئاڭلاشقا پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ كېتىپ، ھارۋىسىنىڭ پاتقاقلىق كاتاڭغا كىرىپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قالدى. ھارۋا ئۆرۈلۈپ كېتىشكە تاسلا قالغانىدى.

— ئاپلا! سۆز قىزىۋاتقاندا، قاراڭ، ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى! ؟ — دېدى ھارۋىكەش ۋە دەرھال تارىخچىغا مۇراجىئەت قىلىپ، — ئەپەندىم، ئايىغىنى ئاڭلايمىز، سۆزلىرىنى قاچۇرۇپ قويماي تۇرسىلا.

— بەللى، قۇربان ئاكا، ھوشىڭىزنى يوقىتىپ قويۇپ، ھارۋىنى ئۆرۈۋېتەمەك يەنە، — دېدى، ھارۋا كاتاڭغا چۈشۈپ كەتكەندە سىلكىنىپ چۆچۈپ كەتكەن كەم سۆزلۈك نابورچىك تۇردى ھوشيۇن.

— ۋاي - ۋوي، تېخى مەنمۇ بار دەڭا، ئۇيقۇڭىز ئېچىلدىمۇ؟ قورقماڭ، نى داۋانلارنى ئېشىپ سالامەت كەلدۇق، تۈپتۈز يەردىكى كاتاڭدا نېمە بولاتتىڭىز؟

قۇربان قىلىچ بىر تەرەپتىن چاقچاق قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ھارۋا چاقىنى كاتاڭدىن چىقىرىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

ھەممەيلەن ھارۋىدىن چۈشۈپ، چاقنى ئىتتەردى، يەنە بولمىدى.

— «ئات ھارسا ئېغىل ياخشى، پاتقاقتا شېغىل» دەپتىكەن، بۇ پاتقاققا شېغىلدىن باشقىسى بىكار، — دېدى شائىر، شۇئان ھارۋىكەشتىن بىر تاغار ئېلىپ، شېغىلغا ماڭدى. يېرىم - يېرىم ئىككى تاغار شېغىل تۆككەندىن كېيىن، ھارۋا پاتقاقتىن چىقىپ كەتتى.

— «ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا» دېگەن راست - دە، شېغىل تۆكمىسەك، كەچكىچە ئاۋارە بولاتتۇق، — دېدى ھارۋىكەش خۇشاللىقىدا شائىرغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ.

كاتاڭدىن ھارۋىنى چىقىرىپ، ئاتلارنى بىرئاز دەم ئالدۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە يۈرۈپ كەتتى.

— قېنى، ئەپەندىم، رىۋايەتنىڭ ئايىغى ... — دېدى ھارۋىكەش.

— كۆسەن ئېلىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى يولتۇزدا ھونلارنىڭ زابىندىر قەبىلىسى ھاكىمىيەت تۇتۇپ تۇرغان چاغلاردا، كۇچا بىلەن زابىندىرلىقلار تەلەمەت داۋىنى ئارقىلىق بېرىش - كېلىش ۋە قودا - باجىلىق قىلىشىدىكەن. ھەر ئىككى ئەلنىڭ خەلقلىرى سەنئەتكە ماھىر بولۇپ، ئۆزئارىسىدا پات - پاتلا مۇزىكا مۇسابىقىسى بولۇپ تۇرىدىكەن. ئۆزئارا تويلاشقاندا مەلىكىلەر ۋە كېنە-



زەكلەرگە قوشۇپ مال - بىسات، چارۋىلارنى ماڭدۇرۇشتىن باشقا يەنە نەچچە يۈز قەپەستە بېقىلغان خۇش ئاۋازلىق تورغايلارنىمۇ بىرگە ماڭدۇرىدىكەن. ئىلى تەرەپتىكى تورغايلارمۇ تەلەمەت داۋىنى ئارقىلىق كۇچا، سايراملارغا كەلتۈرۈلگەن نەچچە مىڭ تۇياق ماللارغا قوشۇلۇپ بۇ ياققا ئۆتۈپ تۇرغانىكەن. شۇنداق قىلىپ، قېرىنداش خەلقلەرنىڭ تورغايلىرىمۇ بىر ئۇرۇقداش ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئەنە شۇنداق تارىخىي رىۋايەت داۋام قىلىپ كەلمەكتە. بۇ قېرىنداشلىق شۇ ئۇزۇن تارىختىن بېرى ئۈزۈلگىنى يوق، — دەپ تارىخچى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

تارىخچىنىڭ سۆزى تېخى ئاخىرلاشمىغانىدى. ھارۋا سايرام — قىزىلنىڭ بازىرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار بۇ يەردە بىرنەچچە سائەت دەم ئالدى.

كۈن چۈشتىن ئېگىلگەندىن كېيىن، سەپەر يەنە داۋام قىلىندى. سۆز تېمىسىنى، نابورچىك تۇردى ھوشيۇن چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ باشقا بىر مەزمۇنغا يۆتكىدى:

— قۇربان ئاكام ھېلى سايرام بازىرىدا قېتىق ئىچكىلى ئۇنىمىدى، بىز بىر چوڭ چىنىدىن ئىچىپ ھۇزۇر قىلىشتۇق، سايرامنىڭ قېتىقىغا گۇمانى بولغاچقا، ئىچمىدىمىكىن، دېگەن خىياللاردىمەن، قانداق دەيسىز، قۇربان ئاكا؟

نابورچىكنىڭ سۆزى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى، بولۇپمۇ ئۆزى بايلىق بولغان تارىخچى تېخىمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— راست دەيسىز، ئۇكا، «قېتىقنى ئىچكەن قۇتۇلۇپ، تاۋىقىنى يالىغان تۇتۇلۇپتۇ» دەپتىكەن. قېتىقنى ئىچكەندىن كېيىن، ئاشقازىنىڭىزدىن ھەرگىز گۇمانلانماڭ، — دېدى ھارۋىكەش.

ئۇلار شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن كۈلۈشتى. ئۆزئارا شاڭخو قىلىشتى، لېكىن سايرام قېتىقى ۋەقەسى بىر تارىخىي ۋەقە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. «قېتىق پاجىئەسى» نى تارىخچى ئابدۇللا داۋۇت يەنە ئاخىرى ئۆزى يېشىپ بەردى:

— ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 65 - يىللىرى بەدەۋلەت قوشۇنلىرى

كۇچا خەلق قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن مۇشۇ يەردە تۇتۇشىدۇ[1]، ياقۇپبەگنىڭ بىر ئەسكىرى سايراملىق بىر مومايىنىڭ قېتىقىنى ھەقسىز ئىچىۋالغاندا، موماي ئەرز قىلىپتۇ. ئەسكەر ياقۇپبەگكە ئىقرار بولماپتۇ، ياقۇپبەگ ئاخىرى ئەسكەرنىڭ قورسىقىنى يېرىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. ھېلىلا ئىچكەن قېتىق ئەسكەرنىڭ قورسىقىدىن ئاپئاق پېتى ئېقىپ چۈشۈپتۇ. مومايىنىڭ دېگىنى راست بولۇپ، ئۇنى رازى قىلىپ ياندۇرۇپتۇ، لېكىن ئەسكەر باشلىقى ۋەقەنىڭ يەنە سادىر بولۇپ، ئاخىرى ئۆزى جازالىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئەسكەرلىرىگە «بۇ يەرنىڭ قېتىقىدا گۇمان بار، ئىچمەڭلار» دەپ يالغان سۆز - چۆچەك تارقىتىپتۇ. ئىغۋانىڭ پەيدا بولۇشى — مانا مۇشۇنداق كېلىپ چىققان. بۇ ۋەقە توغرۇلۇق مۇشۇ سايرامدىن چىققان ئاتاقلىق تارىخشۇناس موللا مۇسا سايرامى[2] ئۆز زامانىسىدا سايراملىق ئەل - ئاغىنىلىرى ئوتتۇرىسىدا تۆۋەندىكى بىر كۇپلېت نەزمىنى ئوقۇپ بەرگەنىكەن:

ئانىنىڭ سۈتىدىن قايماق ئىچىپ، پەرزەنتى زوقلاندى،
سۈتىنى ئىچتىيۇ، يۈز ئۆرىدى، تەقدىرى پوقلاندى.

ھارۋىكەش موخوركا ئورىدى. ئۇ خېلىدىن بۇيان سۆزلىنىۋاتقان ھېكايىلەرنى ئىچىدە باشتىن - ئاياغ بىر قېتىم ئەسلەپ چىقتى.

— ئاتا - بوۋىلار «ئۇستا بار يەردە قولۇڭنى تارت، موللا بار يەردە تىلىڭنى» دەپتىكەن، — دېدى ھارۋىكەش تەسىرلە-

① 1865 - يىلى ئەتىيازدا ياقۇپبەگ (بەدەۋلەت ۋە ئاتالىق غازى دېگەن سۆزلەر ئۇنىڭغا باشقىلار تەرىپىدىن بېرىلگەن خاتالىق ئۇنۋان) «بىرلەشتۈرۈش» ھىيلىسى بىلەن كۇچا، ئاقسۇ خەلقىنىڭ مەنجىڭ ئىستىبداتىنى يوقىتىپ قۇرۇپ چىققان يېڭى ھاكىمىيىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئون ئىككى مىڭ ئەسكەرگە باش بولۇپ، قەشقەردىن يولغا چىقىپ، ئاۋۋال ئاقسۇ ھاكىمى جالالىدىننىڭ قوشۇنلىرىنى يېڭىدۇ. كېيىن باينىڭ قوشتام ۋە قىزىل، سايرام كەنتلىرىدە كۇچا قوشۇنلىرى بىلەن قانلىق جەڭلەر ئېلىپ بارىدۇ.

② موللا مۇسا سايرامى (1840 — 1915) — باي ناھىيىسىنىڭ سايرام يېزىسىدىن، ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى ۋە شائىرى. «تارىخىي ئەمنىيە» ۋە «تارىخىي ھەمىدىيە» ناملىق تارىخىي ئەسەرلىرى ۋە شېئىر نەزمىلىرى بار.



نىپ، — مەن بۈگۈن ئۇرغۇن بىلىمگە ئىگە بولدۇم. بولۇپمۇ بوز تورغاي توغرىسىدىكى بىلىم مېنى ھەيران قالدۇردى. سايرامنىڭ تورغىيىدىن بىر جۈپ ئەكەتكۈم كېلىۋاتىدۇ.

— بۇلبۇل بىلەن تورغاي ھەممىلا جايدا تېپىلىدۇ، لېكىن «قىزىلگۈلنىڭ تىكىنى بار، چىرايلىقنىڭ سەپكۈنى» دېگەندەك، بۇلبۇل، تورغاي بار يەردە قاغا - قۇزغۇنمۇ بولىدۇ، — دېدى تارىخچى جاۋابەن.

باي شەھىرى يېقىنلاشقانسېرى، گەپ ئېشىپ قالمىسا ئىكەن دەپ ئەنسىرەپ تۇرغان ھارۋىكەش ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ، مېڭىشىنى ئاستىلاتتى ۋە سۆز كوچىلاپ، تارىخچىنى بىكار قويماسلىققا تىرىشاتتى. ئابدۇللا داۋۇت ئېرىنمەستىن سۆزلەپ ماڭاتتى:

— بۇنىڭغا تارىخىي مىساللار ناھايىتى كۆپ، — دېدى تارىخچى، يۇقىرىدىكى تەمسىلنى ئىسپاتلاپ، — سىيىت ھېكىمبەگ[1] ۋە ۋۇ شەنگۈيلەر[2] ئەنە شۇلارنىڭ تىپى، لېكىن تارىخ ھەمىشە كومېدىيە ۋە تراگېدىيە بىلەن تەكرارلىنىپ ماڭىدۇ. بۇ ھەقتە خەلقىنىڭ ئاددىي ۋە تىرەن مەنىلىك ماقال - تەمسىللىرى بار:

ھەر كىم قىلار ئۆزىگە، قارا سۈرتەر يۈزىگە،
ئۈستۈن بېقىپ تۈكۈرسە، يېنىپ چۈشەر ئۆزىگە.

ئۆتكەن زاماندا بىر تارىخچى، زامان كومېدىيىلىرىنى خۇلاسە قىلىپ، مۇنداق بىر نەزمىنى قالدۇرۇپ كەتكەنىكەن:

① سىيىت ھېكىمبەگ — 1860 - يىللاردىكى ئاقسۇ - كۇچا خەلق قوزغىلىڭىنىڭ چوڭ خائىنى.

② ۋۇ شەنگۈي (1612 — 1678) — مىڭ سۇلالىسىنىڭ چوڭ گېنېرالى. دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باشلىقى لى زىچىڭ بېيجىڭنى ئىشغال قىلغاندا، خائىن ۋۇ شەنگۈي سەددىچىن سىرتىدىن مانجۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ كىرگەن ۋە باسقۇنچىلارغا ياردەم بېرىپ قوزغىلاڭنى قانلىق باستۇرغان.

سېنىڭ ئېتىڭ سېمىز، ئېگىرى گۆھەر،
مەغرۇر بولما ئۇنىڭغا، ئەقلىڭ بولسا گەر؛
بۇگۈن سۇنسا پىيالە، ئەتە كوزىغا كېلەر.

ۋۇ شەنگۈي[1]، ياقۇپبەگ[2]تراگېدىيىلىرى جاھان كومېدىيىلىرىنىڭ ئاشۇنداق مىساللىرىغا كىرىدۇ.

كۈن پېتىشقا ئاز قالغانىدى، ھارۋا باينىڭ شەھەر ئىچىگە كىردى. ئابدۇللا داۋۇت مېھمانلارنى ئۆيىگە باشلاپ:

— سىلەر ئەمدى بۇگۈن مېنىڭ مېھمىنىم، لېكىن سىلەرگە پاقلان سويۇپ بېرىمەن، ھەرگىز قېتىق ئىچكۈزمەيمەن، خاتىرجەم بولۇڭلار، — دېدى.

تارىخچىنىڭ چاقچىقى ھەممەيلەننى تەڭلا كۈلدۈرۋەتتى.

① ۋۇ شەنگۈي 1640 ـ يىللىرى مانجۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ كىرىپ دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى مىڭ يۇنلىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، مەنچىڭ قوشۇنلىرى ۋۇ شەنگۈينى يوقاتقان.

② ياقۇپبەگ 1860 ـ يىللىرى خوتەننىڭ سەركەردىسى ھەبىبۇللا ھاجى ۋە ئاقسۇ ـ كۇچا خەلق قوزغىلىڭىنىڭ باشلىقى راشىدىنخاننى ئالداپ ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. ئاخىرى ئۆزىمۇ باشقىلار تەرىپىدىن زەھەر بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ.



# توققۇزىنچى باب

## قايىنام ئۆركىشى — ئاقسۇدا

تارىخچىنىڭ كىچىك ساراي ئۆيى خۇددى كۇتۇپخانىغا ئوخشايتتى. ئاتىسى بۇ يەردىكى داڭلىق مەرىپەتپەرۋەر ئادەم بولۇپ، ئۆمۈر بويى توپلىغان قىممەتلىك كىتابلار، نادىر قوليازمىلار بىلەن ساراي ئۆينىڭ ئويۇق ـ تەكچىلىرىنى تولدۇرۋەتكەنىدى.

لۇتپۇللا كىتابلارنى كۆرۈپ ھەيران بولاتتى ۋە ئۇ بولۇڭدىن بۇ بولۇڭغىچە مېڭىپ يۈرۈپ، كىتابلارنى ئېرىنمەستىن ئاختۇرۇپ كۆرەتتى: «جاۋاھىر بۇخارى»، «مەسنەۋىي شېرىپ»، «فۇزۇلى»، «بوستان ـ گۇلىستان»، «خەمسە نەۋائى»، «كۇللىيات بېدىل»، «چاھار دىۋان»، «ھۇۋەيدا»، «دىۋان مەشرەپ»، «باياز» ...

قۇربان قىلىچ بەزى چوڭ مۇقاۋىلىق كىتابلارنى قولىغا ئېلىپ يۈزىگە سۈرتۈپ قوياتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئوقۇيالماي ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىگە ھەسرەت بىلدۈرۈپ:

— «ئالىم بولساڭ، ئالەم سېنىڭكى» دېگەن سۆز ئەلھەق راست ئىكەن ـ دە! — دەيتتى.

لۇتپۇللا كىتابلارنى كۆرۈپ بولۇپ، ئاخىرىدا ئۇستازىدىن ئىككى شېئىرىي كىتابنى سورىۋېلىپ سومكىسىغا سالدى، كېيىن ئۇ دەم ئېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ سۆزگۈن سەپىرىدىكى ۋەقەلەر، سۆھبەت، ھېكايە مەزمۇنلىرىدىن خاتىرە يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى.

«بۇلارنىڭ ھەممىسى، — دېدى ئۇ ئىچىدە، — كەلگۈسىدىكى «داۋانلار ئاشقاندا» ناملىق رومانىمنىڭ تەركىبىي قىسمى بولىدۇ.»

ئۇ، كىچىك تۇرۇپ نۇرغۇن داۋانلارنى ئاشتى. تېخى ئۇنى ئالدىدا يەنىمۇ جاپالىق ۋە شەرەپلىك كۈرەش داۋانلىرى كۈتمەكتە.

تارىخچى كىتاب جاۋەنلىرىدىن ئاللىقانداقتۇر بىر نېمىنى ئىزدەپ يۈرۈپ، ئاخىرى «بوستان - گۈلىستان» ناملىق كىتاب ئىچىدىن بىر نەرسىنى تېپىۋالدى - دە:

— ھە ... مانا تاپتىم، مانا تېپىۋالدىم! — دەپ خۇشاللىقىدا ئۈنلۈك ۋارقىرىۋەتتى.

ئۇنىڭ ئىزدەپ تېپىۋالغىنى «سايرامى نەزمىلىرى» دىن كۆچۈرۈۋالغان ئىككى كۇپلېت شېئىر ئىدى. ئۇ، ھەممەيلەننى يېنىغا چىقىرىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بۇ شېئىرنى ئوقۇپ بەردى:

مۇشەررەپ بىلدى ئەۋلادىكى ئانا قەرزىدە ئۆلمەكنى،
ۋەتەن تۇپرىقىدا ئوقيا تۇتۇپ جەڭدە كۆمۈلمەكنى.

ساناقسىز مەرد قېنىدىن بولدى ھاسىلكى قىزىل دەريا،
سەۋەب ئەرگە نومۇس بولغاچ ۋەتەنسىز ياشىماق تەنھا.

لۇتپۇللا دەرھال ئۇستازىنىڭ قولىدىن بۇ مەنىلىك شېئىرنى سورىۋالدى - دە، دېكلاماتسىيە قىلىپ ئىنتايىن جاراڭلىق بىر قېتىم ئوقۇدى، ئارقىدىن بۇ شېئىرنى خاتىرىسىگە يېزىۋالدى. كۆڭۈللۈك ئۆتكەن بىر يېرىم كۈنلۈك دەم ئېلىشتىن كېيىن، تارىخچى مېھمانلىرىنى ئاقسۇغا يولغا سېلىپ قويدى. بىر كېچە - كۈندۈز ئوبدان تويۇنغان ئاتلار ئاقسۇ يولىدا



خۇددى قوپيۇندەك تېز يۈرەتتى. ئارىدا بىر قونۇپ ئۇلار مۇزداۋانغا ئايرىلىدىغان يول ئايرىش مەنزىلى — جامغا يېتىپ باردى.

مۇزات تاغلىرىدىن غەربكە سوزۇلغان قاتمۇقات تاغ تىزمىلىرى — پاقىلىق، تاغلاق، بوزدۆڭ، ئاتئوينىاق، قىزىلبۇلاق تاغلىرى ئاقسۇ يولىنىڭ شىمال تەرىپىدە بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ غەربىدە تەڭرىتاغنىڭ ئىككىنچى ئېگىز چوققىسى — تۆمۈر چوققا خۇددى قاراۋۇل جەڭچىدەك تىك ۋە مەزمۇت كۆرۈنەتتى. بۇ چوققىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى قار ئېرىتمىلىرىدىن ھاسىل بولغان مەشھۇر تەرەك دەرياسى سۈيى بىلەن كۆزگى بوغدايلىرىنى كانجىلاپ يۈرگەن ئىشچان دېھقانلار كەتمەنلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئېتىز باشلىرىدا يۈرۈشەتتى. ھارۋا ياردا ئېگىزلىكتىن پەسلەپ چۈشكەندە، قەدىمكى دەريا ئىزىدا بىنا بولغان مۇنبەت ئېتىزلىقتا ئۆرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان شاللىقلار ۋە ياڭاقلىق، شاپتۇللۇق باغلار بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەنىدى.

دەل چۈش بولغان مەزگىلدە ھارۋا ئاقسۇ شەھىرىنىڭ داڭلىق كوچىسى — لەڭگەرنىڭ بېشىدىكى چوڭ كۆۋرۈككە يېتىپ باردى.

كوچا بېشىدا بىر توپ بالىلار خوراز سوقۇشتۇرۇپ تۇرۇشاتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاللارنىڭ غازاڭ بولغان سارغۇچ يوپۇرماقلىرى ئات ئايىغىدا ئۇچۇپ يۈرەتتى. ھارۋا مۇشۇ لەڭگەر كوچىسىنىڭ شەرقىي قاسىنىقىدىكى گېزىتخانا دەرۋازىسى ئالدىدا توختىغاندا، دەرۋازىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۇن قەدەمچە نېرىدا قانات قېقىپ تۇرغان ئالتۇن قاناتلىق بىر خوراز گويا شائىرنىڭ بۇ شەھەرگە يېتىپ كېلىشىنى قىزغىن قارشى ئالغاندەك ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ھە دەپ قىرقىراتتى.

— «ياخشى دوست يولدا سىنىدىلار، ئۆتكۈر قىلىچ قولدا ...»، — دېدى شائىر دەرۋازا ئالدىدا قۇربان قىلىچ بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، — بىز ئۇزۇن سەپەردە سىناشتۇق، سەپداش

بولدۇق. سىزنى بىز مەڭگۇ ئۇنتۇمايمىز، ۋەدىمىز بويىچە ئاقسۇغا كېلىپ تۇرۇڭ.

— ۋەدىمىز ۋەدە، — دېدى قۇربان قىلىچ شائىرنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ، — مەن كارۋانلىق مەجبۇرىيىتىم بىلەن سىزگە ھەقىقىي يار - يۆلەك بولىمەن، خەير، ئامان بولۇڭلار.

— مېھمان كەلدى!

لۇتپۇللا بىلەن ھارۋىكەش خوشلىشىۋاتقاندا، دەرۋازا ئالدىغا چىققان ئون تۆت ياشلار ئەتراپىدىكى بىر قىز سۈرەن سېلىپ، گېزىتخانا ئىچىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى - دە، ھايت - ھۇيت دېگۈچىلىك ئارىلىقتا شائىر بىلەن نابۇرچىكنىڭ ئەتراپىغا ئادەملەر توپلىشىۋالدى.

— سىلەرنى مانا كېلىدۇ، ئەنە كېلىدۇ، دەپ يولغا قارىغىنىمىزغا ئۇزۇن بولدى، — دېدى ئادەملەر توپى ئىچىدىكى بىر مويسىپىت كىشى لۇتپۇللا بىلەن ئېسەنلىك سوراشقاندىن كېيىن.

تەن قۇرۇلۇشى ۋىجىككىنە ۋە ئورۇق، ئوتتۇرا بوي، ئاق يۈزلۈك كەڭ پېشانە، تار ئېڭەك، كەكە ساقال، شالاڭ بۇرۇت، بېشىغا سەرپۇش، ئۇچىسىغا قارا مەخمەلدىن پەشمەت، پۇتىغا مەسە - كالاچ كىيگەن، مەيدە يانچۇقىغا سېلىپ يۈرىدىغان يانچۇق سائىتى زەنجىرىنىڭ يېرىمى يانچۇقتىن پەسكە ساڭگىلاپ كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇرغان مۇلايىم قىياپەتلىك بۇ مويسىپىت كىشى — ئاقسۇ گېزىتخانىسىنىڭ پېشقەدەم مۇھەررىرى — شائىر نىمشېھىت ئارمىيە داموللا ئىدى.

— رەھمەت سىلەرگە، — دېدى لۇتپۇللا قارشى ئالغۇچىلارغا.

دەرۋازا ئالدىدىلا شائىرنى ئورىۋالغان كىشىلەرنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. نابۇر سېخىدىكى ئىشچىلار ئىشنى توختىتىپ يۈگۈرۈپ چىقىشتى، ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىن ئەر - ئايال، ئوغۇل - قىز بالىلارغىچە قالماي، «ل. مۇتەللىپ-



نى كۆرىمىز!» دېيىشىپ ئارقا - ئارقىدىن كېلىشەتتى.

— ل. مۇتەللىپ بىلەن تۇردى ھۇسەيىن، — دېدى ئارمىيە داموللا كۆپچىلىككە قاراپ، — ئاقسۇدا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن كەلدى، بىز ئەمدى دائىم يۈز كۆرۈشۈپ تۇرىمىز، ئۇلار ئۇزۇن سەپەردە چارچىدى، بۈگۈنچە دەم ئېلىشقا رۇخسەت بېرەيلى.

شائىرغا ئالدىن تەييارلاپ قويۇشقان چوڭ دەرۋازىدىن كىرىشتە ئوڭ قول تەرەپتىكى كىچىك بىر ھۇجرا ئۆيگە يۈك - تاقلىرى جايلاشتۇرۇلدى. ئىشچىلاردىن بىرى ئاپتۇۋىدا ئىسسىق سۇ كەلتۈردى.

لۇتپۇللا يۈز - كۆزىنى يۇغاندىن كېيىن، ئارمىيە داموللا ئۇلارنى ئۆز ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، ھاردۇق ئېشى بىلەن مېھمان قىلدى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، ئىككى شائىر شەھەرنى ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن مېڭىشتى. نىمشېھىت ئارمىيە داموللا ئۇنىڭغا ئاقسۇنىڭ مۇھىم كوچىلىرىنىڭ نامىنى، دولان دەرياسى بويلىرىنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇراتتى. ئۇلار گېزىتخانا كوچىسى — لەڭگەر كوچىسىدىن يۈرۈپ شەھەرنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى — ئۈرۈمچى دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى تاشقىرىقى بازاردىن شەرققە بۇرۇلۇپ، دوختۇرخانا يېنىدىكى يولدىن ئۆتۈپ كۇچا دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. ئاندىن جەنۇبىي دەرۋازا — خوتەن دەرۋازىسى سىرتىدىكى يېڭىبازار مەھەللىسىنى ئايلاندى، كېيىن غەربىي دەرۋازا — گۈلباغ (قەشقەر) دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى، يېڭىبىنا مەھەللىسى ئارقىلىق دولان دەرياسى بويىغا بېرىپ، دەريانىڭ غەربىي قىرغىقىغا قاتار جايلاشقان باغلارنى كۆرۈشتى ۋە بۇ يەردە خېلى پاراڭلاشتى.

لۇتپۇللانىڭ كۆزى دولان دەرياسى ئۈستىدىكى كۆۋرۈككە ۋە كۆۋرۈك ئاستىدىكى دەريانىڭ ئېقىشىغا چۈشتى - دە، نىمشېھىتتىن:

— بۇ دەريا نېمىشقا «دولان» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ ئىسىم، — دېدى نىمشېھىت ئارمىيە دامولla، — رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، تۇغلۇق تۆمۈرخان[1] دەۋرىدىن كېيىن سىڭىشىپ قالغان موڭغۇلچە سۆز ئىكەن، كېيىن پېشقەدەم ئىنقىلابچى لىن جىلۇ[2] ئاقسۇدا تۇرغان چاغلىرىدا بۇ كۆۋرۈككە «قىزىل كۆۋرۈك» دەپ نام بەرگەن.

ئىككى شائىر سۆزلىرىنى ئاياغلاشتۇرۇپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن يېنىدىكى يول بىلەن يەنە قەشقەر دەرۋازىسى ئارقىلىق شەھەر ئىچىگە كىردى. ئۇلار ساڭگالدى كوچىسى بىلەن مېڭىپ، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ چوڭ كۆلۈبى — ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى تىياتىر كۆلۈبىغا كىردى. لۇتپۇللانى كۆلۈب خادىملىرى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

شائىر كۆلۈبنىڭ سەھنىسى ئۈستىگە چىقىپ قەدەملەپ ئۆلچىدى:

«ئۇزۇنلۇقى سەككىز مېتىر، ئىنى بەش مېتىر! پاھ، يارايدۇ!» دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە.

سەھنىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى گىرىمخانىسى، ئارتىسلارنىڭ دەم ئېلىش ئۆيى ۋە غەربىي تەرىپىدىكى كىيىم ئۆيىنىمۇ كۆرۈپ چىقتى.

— قانچىلىك كىشى سىغار؟ — سورىدى ئۇ كۆلۈب زالىنى كۆرۈپ كېتىۋېتىپ، پېشقەدەم شائىر نىمشېھىتتىن.

---

① چىڭگىزخان ئەۋلادىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخان (1347 — 1367 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان). دەسلەپ ئاقسۇدا مۇسۇلمان بولۇپ خانلىق ئېلان قىلغان، كېيىن ئالمىلىق (ئىلىنىڭ ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى تەۋەسىدە) شەھىرىگە كۆچۈپ بېرىپ پايتەخت تىكلىگەن. شۇ چاغدا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى دولان (يەتتە شەھەر، يەتتە دەريالىق ئاپاقلار)، شىمال تەرىپىنى ئالمىلىق دەپ ئاتىغان. دولان دەرياسى، دولان ئۆستەڭى — يەتتە شەھەرلىكلەر دەرياسى مەنىسىدە ئىكەن. ئاقسۇ شەھىرىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىنى قورشاپ ئاقىدىغان بۇ سۇنى يەرلىك خەلقلەر شۇڭا دولان ئۆستىڭى ياكى دولان دەرياسى دەپ ئاتاشاتتى. ئۆستەڭ ئۈستىگە سېلىنغان كۆۋرۈكنىمۇ «دولان كۆۋرۈكى» دەپ ئاتاش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان.

② لىن جىلۇ — 1939 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ ئىدارىسىگە مۇبجالىق بولغان.



— مىڭ كىشى بىمالال سىغىپ كېتىدۇ.

لۇتپۇللا چوڭ ئوپېرا ۋە درامىلارنىڭ سەھنىلەشتۈرۈلۈشىگە سەھنە ۋە مەيدان ئىمكانىيىتىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، نىمشېھىت بىلەن بىرگە قايتىپ ياتىقىغا كەلدى.

ئۇ، ئۇدا بىرنەچچە كۈنگىچە ئىشقا چۈشەلمىدى. ئۇنىڭ شۆھرىتى تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا ئاللىقاچان داڭق كەتكەنلىكتىن، زىيالىيلار، ئىدارە خادىملىرى ۋە خەلق ئاممىسى ئۇنى ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ زىيارەت قىلىپ تۇرۇشتى.

تەھرىر بۆلۈمىگە ئىشقا چۈشۈشكە تەييارلانغان كۈننىڭ ئاخشىمى — ئۇ چېچى تارالغان، ئۇچىسىغا گىمناستۇركا، پۇتىغا قارا شىبلىت كىيگەن ھالدا ھۇجرىسىدا يالغۇز ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى، كېيىن ئۇ كىچىك پانارنى يورۇتتى - دە، شىرە يېنىدا ئولتۇرۇپ، خاتىرە يېزىشقا كىرىشىپ، تاكى تاڭ يېرىمىغىچە يېزىق شىرەسىدىن نېرى بولمىدى. ئاخىرىدا ئۇ يازغان ھەممە خاتىرىسىنى دەسلەپكى بىر ئايلىق كۈرەش نىشانىسى قىلىپ، تۆۋەندىكى تۆت جۈملىگە يىغىنچاقلىدى:

«جەنۇب شامىلى» ئەدەبىيات بېتى تەسىس قىلىش؛ «غېرىب - سەنەم» ئوپېراسىنى تەييارلاش؛ «تاھىر - زۆھرە» ئوپېراسىنى تېز يېزىپ چىقىش؛ كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئۆگىنىش.

تەھرىر بۆلۈمىدە ئېچىلغان يىغىندا «جەنۇب شامىلى» ئەدەبىيات بېتىنى تەسىس قىلىش ھەققىدە:

— بىزنىڭ تالىشىدىغىنىمىز، — دېدى لۇتپۇللا قەتئىي تەلەپپۇز بىلەن، — ھەرگىز شۆھرەت، پۇل، مەنسەپ بولماسلىقى كېرەك. خەلقىمىزنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، بىز پەقەت مەدەنىيەت - مائارىپنى تالىشىمىز. بۇ مەقسەتنىڭ ئەلچىسى ۋە تەشۋىقات ۋاستىسى — ئەدەبىيات! — دەپ جاراڭلىق

غان، مەيداننىڭ چەت تەرىپىدە رېمونت قىلىنماي كونىراپ كەتكەن سىنىپنىڭ تاملىرى ئادەمنىڭ كۆزىگە ھېلىلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

«بىزنىڭ تالىشىدىغىنىمىز — مەنسەپ، پۇل، شۆھرەت ئەمەس، پەقەت مەدەنىيەت ـ مائارىپ.» مانا بۈگۈن ئۇ مۇشۇنداق جاراڭلىق خىتاب ۋە ۋىجدان تۈرتكىسىدە ئۆزىنىڭ ئاقسۇدىكى تۇنجى ئىنقىلاب پائالىيىتىنى ياش ئەۋلادلار ئارىسىدا باشلىدى.

ئۇ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ مەكتەپ مەيدانىغا كەلگەندە، تەپكۈچ ئويناۋاتقان بالىلار ئىچىدىن لەڭگەرلىك بىر قىز شائىرنى تونۇۋالدى ـ دە، دەرھال «لۇتپۇللا ئاكام كەلدى!» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى. ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن يىغىلىپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپنى ئورىۋېلىشتى.

— لۇتپۇللا ئاكا، بىزگە ناخشا ئۆگىتىپ قويۇڭ! — دېدى بالىلار ئارىسىدىن بىر ـ ئىككىسى تەڭلا.

— بولىدۇ، بۈگۈن مەن سىلەرگە ناخشا ئۆگىتىپ قويۇشقا كەلدىم، — دېدى شائىر ئوقۇغۇچىلارغا سەمىمىي غەمخورلۇق تەلەپپۇزى بىلەن.

ئوقۇغۇچىلار تەنتەربىيە مۇئەللىمىنىڭ كوماندا بېرىشى بىلەن ھەممىسى بىر يەرگە توپلىنىپ رەتمۇرەت تىزىلدى. لۇتپۇللا خۇددى مەكتەپنىڭ ناخشا مۇئەللىمىدەك ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دىرىژورلۇق قىلىپ، ئۆزى ئىشلىگەن تۆۋەندىكى ناخشىنى جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ئۆگىتىشكە باشلىدى:

يېرى چوڭ، بايلىقى مول شىنجاڭنىڭ
ئىستىقبالى پارقىراۋاتىدۇ.
كەڭ ئېتىز، قىر ياۋان داللىرىدا،
چىمەنلەر ھامان چېچەك ئاتىدۇ.



ھەر مىللەت خەلقى ئەركىن دەم ئېلىپ،
بەخت قۇشىنى ئېتىپ ماڭىدۇ.
توسقۇنلارنى يىمىرىپ تاشلاشقا،
ئالغا چامداپ كېتىۋاتىدۇ.

يېرىم سائەتتىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بۇ ناخشىنى خېلى پىششىق ئۆگىنىۋالدى. بۇ چاغدا مەيدانغا يىغىلغان بالىلارنىڭ سانى نەچچە يۈزگە يېتىپ قالغانىدى.

بالىلار ناخشىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، شائىر قول ئىشارىسى بىلەن سەمىمىي خوشلاشتى، مەيداندىكى بالىلار چاۋاك چېلىپ، لۇتپۇللاغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

شائىر قايتىپ مەكتەپ دەرۋازىسىغا يېقىن كەلگەندە، يەنە ھېلىقى لەڭگەرلىك قىز يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى ھەم قولىدىكى دەپتەر ـ قەلىمىنى شائىرغا سۇنۇپ:

— لۇتپۇللا ئاكا، ماڭا ئازراق قوشاق يېزىپ بېرىڭ، — دەپ كۈلۈمسىرەپ ئىلتىماس قىلدى.

مەرىپەتپەرۋەر شائىر بۇ قىزچاقنىڭ قولىدىكى دەپتەر ـ قەلەمنى ئېلىپ، چاققانلىق بىلەن تۆۋەندىكى مەرىپەت لىرىكىسىنى يېزىپ چىقتى ـ دە، ئاندىن قىزغا ئۈنلۈك ئوقۇپ بەردى:

تۇغدى ئاناڭ، سېنى چوڭ قىلدى،
شۇنىڭ ئۈچۈن —
تەربىيىلىدى، ئوڭ قىلدى.
لېكىن سەن يەنە تىرىش، ئوبدان ئادەم بول،
ئۇنىڭ ئۈچۈن —
ئىككىنچى مەرىپەت ئانىسىدىن تۇغۇل.

كۆزى ئۆتكۈر شائىر، دەپتەر ـ قەلەمنى قىزغا بېرىۋېتىپ،

غان، مەيداننىڭ چەت تەرىپىدە رېمونت قىلىنماي كونىراپ كەت-
كەن سىنىپنىڭ تاملىرى ئادەمنىڭ كۆزىگە ھېلىلا ئۆرۈلۈپ چۈ-
شىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

«بىزنىڭ تالىشىدىغىنىمىز — مەنسەپ، پۇل، شۆھرەت ئەمەس، پەقەت مەدەنىيەت - مائارىپ.» مانا بۈگۈن ئۇ مۇشۇنداق جاراڭلىق خىتاب ۋە ۋىجدان تۈرتكىسىدە ئۆزىنىڭ ئاقسۇدىكى تۇنجى ئىنقىلاب پائالىيىتىنى ياش ئەۋلادلار ئارىسىدا باشلىدى.

ئۇ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ مەيدانغا كەلگەن-دە، تەپكۈچ ئويناۋاتقان بالىلار ئىچىدىن لەڭگەرلىك بىر قىز شائىرنى تونۇۋالدى - دە، دەرھال «لۇتپۇللا ئاكام كەلدى!» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى. ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئۇياقتىن - بۇياقتىن يىغىلىپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپنى ئورىۋېلىشتى.

— لۇتپۇللا ئاكا، بىزگە ناخشا ئۆگىتىپ قويۇڭ! — دېدى بالىلار ئارىسىدىن بىر - ئىككىسى تەڭلا.

— بولىدۇ، بۈگۈن مەن سىلەرگە ناخشا ئۆگىتىپ قويۇشقا كەلدىم، — دېدى شائىر ئوقۇغۇچىلارغا سەمىمىي غەمخورلۇق تەلەپپۇزى بىلەن.

ئوقۇغۇچىلار تەنتەربىيە مۇئەللىمىنىڭ كوماندا بېرىشى بىلەن ھەممىسى بىر يەرگە توپلىنىپ رەتمۇرەت تىزىلدى. لۇتپۇللا خۇددى مەكتەپنىڭ ناخشا مۇئەللىمىدەك ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دىرىژورلۇق قىلىپ، ئۆزى ئىشلىگەن تۆۋەندىكى ناخشىنى جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ئۆگىتىشكە باشلىدى:

يېرى چوڭ، بايلىقى مول شىنجاڭنىڭ
ئىستىقبالى پارقىراۋاتىدۇ.
كەڭ ئېتىز، قىر ياۋان دالىلىرىدا،
چېمەنلەر ھامان چېچەك ئاتىدۇ.



ھەر مىللەت خەلقى ئەركىن دەم ئېلىپ،
بەخت قوشىقىنى ئېيتىپ ماڭىدۇ.
توسقۇنلارنى يىمىرىپ تاشلاشقا،
ئالغا چامداپ كېتىۋاتىدۇ.

بىرنىم سائەتتىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بۇ ناخشىنى خېلى پىششىق ئۆگىنىۋالدى. بۇ چاغدا مەيدانغا يىغىلغان بالىلارنىڭ سانى نەچچە يۈزگە يېتىپ قالغانىدى.

بالىلار ناخشىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، شائىر قول ئىشارىسى بىلەن سەمىمىي خوشلاشتى، مەيداندىكى بالىلار چاۋاك چېلىپ، لۇتپۇللاغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

شائىر قايتىپ مەكتەپ دەرۋازىسىغا يېقىن كەلگەندە، يەنە ھېلىقى لەڭگەرلىك قىز يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى ھەم قولىدىكى دەپتەر - قەلىمىنى شائىرغا سۇنۇپ:

— لۇتپۇللا ئاكا، ماڭا ئازراق قوشاق يېزىپ بېرىڭ، — دەپ كۈلۈمسىرەپ ئىلتىماس قىلدى.

مەرىپەتپەرۋەر شائىر بۇ قىزچاقنىڭ قولىدىكى دەپتەر - قەلەمنى ئېلىپ، چاققانلىق بىلەن تۆۋەندىكى مەرىپەت لىرىكىسىنى يېزىپ چىقتى - دە، ئاندىن قىزغا ئۈنلۈك ئوقۇپ بەردى:

تۇغدى ئاناڭ، سېنى چوڭ قىلدى،
شۇنىڭ ئۈچۈن —
تەربىيىلىدى، ئوڭ قىلدى.
لېكىن سەن يەنە تىرىش، ئوبدان ئادەم بول،
ئۇنىڭ ئۈچۈن —
ئىككىنچى مەرىپەت ئانىسىدىن تۇغۇل.

كۆزى ئۆتكۈر شائىر، دەپتەر - قەلەمنى قىزغا بېرىۋېتىپ،

بۇ نامرات قىزنىڭ ئوماق چىرايىدىن، ئۆزى ئۈرۈمچىدىكى دوختۇرخانىدا ئۇچراتقان بىر ئادەمنىڭ چىرايىدىكى ئوخشاشلىقنى بايقىۋالدى ـ دە:

— سىڭلىم، ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ قىزدىن دەرھال سورىدى.

— دىلبەر.

— ئۆيۈڭلاردا كىملەر بار؟

— قېرىپ قالغان ئانام بار، بىر ئاچام بار ...

— ئاتىڭىزچۇ؟

— خەقلەر ئاتامنى، ئالتايغا كان كولاشقا كەتكەن دەيدۇ، ھازىرغىچە قايتىپ كەلمىدى.

— ئاتىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟

— يادىكار!

دوختۇرخانىدا ۋە يادىكار ئۈچۈن بەرگەن تۆت يۈز گرام قان... يادىكار بىلەن قىلىنغان سۆھبەت... كېيىن يادىكارنى بىرنەچچە قېتىم يوقلىغانلىقى، يادىكار كېيىن مۇشۇ يېتىم قالغان دىلبەرنى ئۆز باغرىغا ئېلىش ئارزۇسىدا يولغا چىقىپ، ئارغىبۇلاق ئارىسىدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ... قاتارلىق ۋەقەلەر لۇتپۇللانىڭ خىيالىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى ۋە كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئۆزىنى ئارانلا بېسىۋالدى.

— ئۆيۈڭلار نەدە؟ — سورىدى ئۇ يەنە.

— مۇشۇ لەڭگەر كوچىسىدا، گېزىتخانىغا يېقىن.

— ناھايىتى ياخشى، سىڭلىم، بىز تام قوشنا ئىكەنمىز. مەن سىلەرنىڭكىگە بېرىپ تۇرىمەن، قالغان گەپنى كېيىن سۆزلىشەيلى!

— لۇتپۇللا ئاكا، ئالتاي ئۈرۈمچىگە يېقىنمۇ؟ سىز ئۈرۈمچىدە ئاتامنى كۆردىڭىزمۇ؟

دىلبەرنىڭ بۇ سوئالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شائىر ئەمدى



ھاياجىنىنى باسالماي قالدى ـ دە، ئىككى كۆزىدىن بىراقلا ياش تۆكۈلۈپ كەتتى.

شائىرنىڭ كۆزىدىن چىققان ياشنى كۆرگەن دىلبەرنىڭ ئېسىگە جۇدا بولغان ئاتىسى كېلىۋالدى ـ دە، ئىككىنچى سائەتلىك دەرسكە قوڭغۇراق چېلىنغاندا، دىلبەر ئىككى كۆزىدىن ياش تامچىلىغان پېتى سىنىپقا كىرىپ كەتتى.

ئونىنچى باب

# تۆرگە چىقىڭ، مۇئەللىم

لۇتپۇللا ئۆز پىلانى بويىچە بىر تەرەپتىن، ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇپ، كلاسسىك ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلدى ۋە ئەرەبچە ـ پارسچە تىللارنى ئۆگەندى. «خەمسە نەۋائى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى بىمالال ئوقۇيالايدىغان بولدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا «غېرىب ـ سەنەم»، «تاھىر ـ زۆھرە» ئوپېرالىرىنى يېزىپ چىقتى. ھەر ئىككى ئوپېراغا ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلدى ۋە باش رولنى ئۆزى ئۈستىگە ئالدى. مۇزىكا ـ ناخشىلىرىنى ئۆزى ئۆگەتتى. «غېرىب ـ سەنەم» ئوپېراسى ئۇيغۇر ئۇيۇشما تىياتىر ئۆمىكى تەرىپىدىن، «تاھىر ـ زۆھرە» ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى تىياتىر ئۆمىكى تەرىپىدىن سەھنىدە ئوينالدى. لۇتپۇللا بۇ ئوپېرالارنى چەت ناھىيىلەرگە ئېلىپ بېرىپ، ئويناشقا تەقەززا بولۇپ تۇراتتى.

1944 ـ يىل باش ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىر يەكشەنبىسى سەھەردە لۇتپۇللانىڭ ھۇجرا ئىشىكى چېكىلدى ـ دە، مۇنىرىدىن بىلەن مۇزىكانت زەۋقى كىرىپ كەلدى. شائىر مۇنىرىدىن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. لۇتپۇللا قاراشەھەردىن ئاخشاملا يېتىپ كەلگەن قەدىناس سەپدىشى بىلەن قىزغىن مۇڭدىشىپ كەتتى.

— سىزنىڭ كېلىشىڭىز، — دېدى لۇتپۇللا، — بىز ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىق.

— ئىككىنچى خۇش خەۋەرمۇ بار، — دېدى مۇزىكانت



زەۋقى ئىككىلەننىڭ پارىڭىغا سۆز قىستۇرۇپ، — ئەتە ئەتىگەن «تاھىر ـ زۆھرە» ئوپېراسىنى ئاۋاتقا ئېلىپ بارىدىكەنمىز.

— بەللى، بەللى، — دېدى لۇتپۇللا، — ھەقىقەتەن قوشلاپ كەلگەن خۇش خەۋەر. ئۇنداقتا بۈگۈن تاماشا، قېنى باشلاڭ، زەۋقى.

سازەندە زەۋقى ئوپېرا نەغمىچىسى بولۇپ، لۇتپۇللا ئاقسۇغا يېتىپ كېلىپلا تونۇشۇپ قالغان سازەندە ئاغىنىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. زەۋقى ئۇلارنى باشلاپ ماڭدى. ئۇچەيلەن لەڭگەر كوچىسىدىن تاشقىرىقى بازارغا ئۆتۈپ، غەربكە بۇرۇلدى ـ دە، ئاندىن بۇ يەردىكى «خەندەك ئېرىقى»نى بويلاپ كۆۋرۈك يېنىدىكى بوزىسى داڭلىق سۆيۈمقان دېگەن قىرغىز ئايالنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

— دوختۇرنىڭ تەۋسىيىسى ئورۇندالدى، — دېدى مۇنىرىدىن بوزىخانىغا كىرىش بىلەن تەڭلا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، — چۈنكى دوختۇرلار مېنىڭ ئۆپكە كېسىلىمگە ھەمىشە ئەتىگەندە بوزا ئىچىپ بېرىشنى بۇيرۇغانىدى.

— شۇڭا مەن سىزنى بۈگۈن سەھەردىلا ئايال تېۋىپنىڭ قېشىغا باشلاپ كەلدىم.

مۇزىكانتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، مۇنىرىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. سۆيۈمقان دەرھال شىرداق ئۈستىگە قويۇلغان شىرە ئۈستىگە تۆت چىنە بوزا كەلتۈردى.

سۆيۈمقان يىگىرمە سەككىز ياشلارغا كىرگەن خۇش چاقچاق، ئۇيغۇرچە ھەم قىرغىزچە قوشاق ـ بېيىت ئېيتىشقا ماھىر ئايال ئىدى، بولۇپمۇ ئۇ، مەشھۇر «ماناس» داستانىنى ئېيتىشقا ئۇستا ئىدى. زەۋقى دەرھال سۆيۈمقانغا كۆزى بىلەن بىشارەت بېرىپ، داستاننى ئېيتىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلدى.

سۆيۈمقان بىر چىنە بوزا كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئاۋۋال قوشاق ئوقۇدى:

كىرپىك سانجىپ قارايسەن،
قانىكەي[1]نى مارايسەن.
قانىكەيگە ماناستەك،
باتۇر بولساڭ يارايسەن.

قوشاقتىن لەززەتلەنگەن لۇتپۇللا قاقاقلاپ كۈلۈپ، زەۋقىنى
جاۋاب قايتۇرۇشقا ئۈندەيتتى. زەۋقىمۇ بوش كەلمەيتتى. ئۇ
سۆيۈمقاننىڭ بېيىتىگە جاۋاب بېرىپ بولۇپلا، سۆيۈمقاننى يەنە
داستان ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. داستانچى ئايال ماناس
باتۇر داستانىدىن تۆۋەندىكى ئۈزۈندىنى ئوقۇدى:

ئالدىدىكى بۇ گۈزەل،
پەرىشتىمۇ، بەندىمۇ؟
ياكى يارىم قانىش[2]نى،
قىزلار ئېلىپ كەلدىمۇ؟

سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار،
چىم - چىم قىلىپ پارقىراپ.
قانىكەينى كۆرۈشكە،
چىقتى كۆككە ئالدىراپ.

ئايدىن نۇرلار قۇيۇلدى،
نۆۋەت بەرمەي يۇلتۇزغا.
گويا سۈتلەر قۇيۇلدى،
چىچى قارا قۇندۇزغا.

① قانىكەي — ماناس باتۇرنىڭ سۆيگىنى، دانا قىز. ماناسنىڭ ئەقىل مەسلىھەتچىسى.
② قانىش، خانىش — قانىكەينىڭ ئەركىلەتمە ھەم ھۆرمەت نامى.



ئۇلار سۆيۈمقانغا رەھمەت بىلدۈرۈپ، ئورۇنلىرىدىن تو-
رۇشتى. ئەتىگەنلىكى يولغا چىقىش ۋەدىسى بويىچە مۇزىكانت
بىلەن خوشلىشىپ، لۇتپۇللا بىلەن مۇنىرىدىن ئۇدۇل گېزىتخانى-
غا قايتىپ كەلدى. لۇتپۇللا نابۇرچىك دوستى تۇردى ھۇسىيۇننى
قىچقىرىپ كىردى - دە، ئۇچەيلەن كىچىك داڭقانغا شورپا ىپ-
لىپ، ئىچىشىپ پىنھان سۆھبەتلەشتى.
— ئاكام مويدىن غوجىنى، — دېدى مۇنىرىدىن سەپدىشى
لۇتپۇللاغا، — تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپسىز. پۈتۈن ئۇرۇق
- تۇغقانلىرىم سىزدىن تولىمۇ مىننەتدار ئىكەن.
— مويدىن غوجىنى تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، —
دېدى لۇتپۇللا جاۋابەن، — ساقچى باشلىقىغا شەرت قويدۇم.
ئۇلار مېنى ئۇزلىرىنىڭ تىياتىر ئۆمىكىگە رېژىسسورلۇققا تەك-
لىپ قىلدى. مەن ئەگەر كومپوزىتورنى ئازاد قىلساڭلار ...
دېدىم. ئۇلار شەرتىمگە كۆندى. ھازىر مويدىن ئاكا بىلەن بىرگە
ئىشلەۋاتىمىز. ئۇ، ھەقىقەتەن مۇزىكا ئىجادكارى ئىكەن.
— بۇ يەردە قىلىدىغان ئىشلىرىمىز كۆپ تۇرسا، نېمىشقا
جەت ناھىيىلەرگە بارىدىغان بولدىڭىز؟
— شەھەر ئىچىدىكى ئىشلار سىز كەلگىنىڭىزدىن كېيىن
ئوڭۇشلۇق مېڭىۋېرىدۇ. كونا شەھەردە بىلال، دارىلمۇئەللىمىندە
ئا. روزى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا يۇسۇپجان، گېزىتخانىدا تۇر-
دى ... بار. تۇردى ھازىر مېنىڭ تەكلىپىم بىلەن نابۇر سىخنىنىڭ
مۇدىرى، يېقىندا بايدىن ئابدۇللا داۋۇت كېلىدۇ. مېنىڭ ناھىيە-
لەرگە ئويۇن قويۇش پۇرسىتى بىلەن بېرىشىم كەلگۈ ئالاقە ئورنى-
تىش ئۈچۈن، — دەپ جاۋاب بەردى لۇتپۇللا مۇنىرىدىننىڭ
سوئالىغا.
— ئاۋاتتا كىملەر بىلەن؟ — مۇنىرىدىن يەنە سورىدى.
— خەلق ئىچىدە بىزگە دوست كۆپ، ئازادلىققا تەشنا دىللار
نۇرغۇن. يۈرەك - يۈرەكنى تاپىدۇ. مەن بۇ قېتىم ئورۇمچىدىن

يولغا چىقىشىمدا ئاقسۇلۇق ئىككى ئىنقىلابچى بىلەن كۆرۈشتۇم. ئۇنىڭ بىرى يادىكار، مۇشۇ لەڭگەرلىك؛ يەنە بىرى، مەۋلانجان تۇردى، مېنىڭ ئۇستازىم، تاشكەنتچى، ئاقسۇ كونا شەھەرلىك. مەۋلانجان قاماقتىن چىققاندىن كېيىن ئەما بولۇپ قېلىپ، دوختۇرخانىدا قالدى، ئۇ ئاتىسى تۇردى خەلپىگە سۆز ئامانەت قىلغان. تۇردى خەلپە بولسا هازىر ئاۋاتتا ئىكەن، ئۇ، تەرەققىيپەرۋەر زات، مېنىڭ بۇ قېتىمقى پۇرسىتىم شۇ كىشى بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ئۇ ئارقىلىق … ئەگەر ئۇ يەردە خالىي كۆرۈشۈش پۇرسىتى بولماي قالسا، ئاقسۇغا كېلىشىنى مەخپىي جېكىلەپ قويىمەن.

— هېلىقى قەشقەرلىك هارۋىكەش قۇربان قىلىچچۇ؟

— قۇربان قىلىچ، — دېدى لۇتپۇللا مەغرۇرلانغان هالدا، — كەلگۈسى بىزنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق جەڭچىمىز بولغۇسى. ئۇنىڭ ئىچى كۆيۈپ تۇرغان ۋولقان. ئۇ، بىز بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ، دالاشور[1]نىڭ نېرىسىدا هەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ.

— ئابدۇللا داۋۇت «ئېچىلتال» بويىدىكى قەسەملىرىمىزدىن ۋە ئۇ يەردە ياندۇرغان ئۇچقۇندىن خەۋەر تاپتىمۇ؟

— بۇنى ئوبدان سورىدىڭىز. ئۇ كوچادا خەۋەر تاپتى، خەۋەر تاپتىلا ئەمەس، قەتئىي قوللاپ ۋەدە قىلدى. «ئېچىلتال» يۆنىلىشىنى تەدرىجىي كېڭەيتىشىمىز لازىم.

مۇنىرىدىن سەپدىشىنىڭ سۆزلىرىگە قايىل بولغانلىقىنى ئىزهار قىلدى ۋە كەچقۇرۇن بولغاندا خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

ئىككىنچى كۈنى شائىر سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، «مەدەنىيەت كۇلۇبى» ئالدىغا بېرىپ، ئاۋاتقا مېڭىشقا تەييارلانغان هارۋىلار قاتارىدىن مۇزىكانت زەۋقى بىلەن بىر هارۋىغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتى. بۈگۈن ئۇلار چۈش ۋاقتى بىلەن قومباش بازىرىغا يېتىپ بېرىپ، ئىككى سائەتچە دەم ئالدى.

① دالاشور — ئاقسۇ بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدىكى بىپايان شورلۇق دالا.



لۇتپۇللا مۇزىكانت زەۋقى بىلەن قومباش بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى مەھەللىلەرنى ساياھەت قىلىپ، چوڭ خانىقا ئالدىدا توختىدى. بۇ يەرنىڭ سول تەرىپىدىكى ئاللىق تۈزلەڭدە ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئادەم هالقىسىمان بولۇپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار، ئوتتۇرىدا سۆز قىلىۋاتقان بىرلا كىشىگە كۆز تىككەن بولۇپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن قۇلاق سېلىشماقتا ئىدى. ئىككىيلەن بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ، ئادەملەر توپىغا كەلدى. ئاڭلىغۇچىلارنى شۇ قەدەر كۈچلۈك جەلپ قىلىۋاتقان كىشى بىر مەدداھ ئىكەن. بېشىغا كىچىك سېرىق سەللا ئورىغان، ئۈچىسىغا سالما ياقىلىق ئۇزۇن بەقەسەم چاپان، پۇتىغا قونچىلىرى قاتلىنىشىپ كەتكەن كونىراق مەسە ـ كالاچ كىيگەن، قىرىق بەش ياشلىق بۇ مەدداھ ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سول قولى بىلەن چەپ قۇلىقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، تەلقىن سالغاندىن كېيىن:

— مەن هازىر بۇ دارىلنەزەر[1]دە تۇرۇپ، ئەۋلىيالارنىڭ قىسسەسىدىن بىر ـ ئىككى كەلىمە مەرىپەت قىلماقچىمەن، — دەپ سۆزلەشكە باشلىدى.

ئۇ گاھ بىر كۆزىنى، گاھ ئىككى كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالاتتى ۋە گاھىدا چاقماق تېزلىكىدە مەيدان ئىچىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ، يەنە مەيدان ئوتتۇرىسىغا كېلەتتى، ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانچە سازلىشىپ، ئېغىزى ـ ئېغىزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى. ئۇ، گاھىدا مەيداندا يەكپاي تىزلىنىپ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، سول قولى بىلەن كۆكسىدىكى ئوڭ قولىغا قاس چىقىرىپ ئۇراتتى. يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، بىردەمدە ئىككىلا قولىنى ئالدىغا سوزۇپ، چاۋاك سوقۇپ قوياتتى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئىككى قولى بىلەن ئىككى قۇلىقىنى تۇتۇۋېلىپ ۋە ئىككىلا كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ، هاياجانلانغان هالدا، شۇنداق ئۈنلۈك تەلقىن سالاتتىكى، مۇشۇ مەيدان يېنىدىكى سۆگەتلەرگە يېڭىلا كېلىپ قونغان

① دارىلنەزەر — ئەۋلىيالارنىڭ نەزىرى چۈشكەن جاي.

ئاق قۇشقاچلارمۇ ئۈركۈپ ئۇچۇپ كېتەتتى.

مەدداھ بۈگۈن مەشھۇر فىردەۋسى[1]نىڭ «شاھنامە» ناملىق ئەسىرى ئىچىدىكى رۇستەم[2] بىلەن ئاپراسىياپ[3] توغرىسىدىكى جەڭنامە ئۈستىدە مەدداھلىق قىلماقتا ئىدى.

لۇتپۇللا مەدداھنىڭ بۇ جەڭنامىنى ئازماي، ھودۇقماي ۋە شۇنچە تەمكىن بايان قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

بۇ مەدداھ قەشقەر خانئېرىق ۋە ھېيتگاھتا ئۇزۇن يىللار مەشىق قىلىپ، ئاندىن مەدداھلىق ساياھىتىنى باشلاپ، بۇ يەرگە يېڭىلا كەلگەنىكەن. شائىر بىلەن سازەندە مەدداھنىڭ ھېكايىسىنى قىزىقىپ ئاڭلاۋاتقان چاغدا، ئۇلارنى يول بويىدا تۇرغان ھارۋىكەش قىچقاردى، ئۇلار دەرھال ھارۋىغا ئولتۇرۇپ، ئاۋاتقا قاراپ مېڭىپ كەتتى.

يولدا كېتىۋېتىپ، شائىر بىلەن سازەندە يەنىلا «شاھنامە» ۋە مەدداھ ھەققىدە ئۆزلىرىنىڭ تەسىراتلىرىنى سۆزلىشەتتى. سازەندە بايا ئۆزى دېگەندەك مۇشۇ قۇمباش بازىرىدا ئۆسمۈر ۋاقتىدىن تارتىپ مۇزىكا ئۆگەنگەن ھەم نۇرغۇن قېتىم مەدداھنىڭ «شاھنامە» توغرىسىدىكى تارىخىي ھېكايىلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلىغان.

— «شاھنامە» ئۈچۈن بىزنىڭ مەدداھلىرىمىز، — دېدى شائىر سازەندىگە، — ئىككى چوڭ تۆھپە قوشۇپ كېلىۋېتىپتۇ: ئۇنىڭ بىرى، مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۇنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇنىڭ شۆھرىتىنى كۈندىن - كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈپ كېلىۋېتىپتۇ؛ يەنە بىرى، ئۇنىڭ قەلەم ھەققىنى داۋاملىق تۆلەپ كېلىۋېتىپتۇ. ئىرانلىق ئاپتورنىڭ بۇ يىرىك تارىخىي ئەسىرىگە شۇنچىۋالا جان

① فىردەۋسى — ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (921 — 1020) — پارس يازغۇچىسى ۋە ئالىمى، مەشھۇر «شاھنامە»نىڭ ئاپتورى.
② رۇستەم — ئېرادىن بۇرۇن ئۆتكەن ئىران قەھرىمانى.
③ ئاپراسىياپ — مىلادىيىدىن بۇرۇن ئۆتكەن تۇران شاھى. رۇستەم بىلەن ئاپراسىياپ ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن جەڭلەر بولغانلىقى ھەققىدە «شاھنامە»دە كۆپ رىۋايەت قىلىنغان.



كۆيدۈرگەن يەردە، ئۆزىنىڭ مىللىي تارىخىغا كىچىككىنە بولسىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ قويسا ئىدى، كاشكى!

ئەل ئايىغى بېسىقىشقا ئازلا قالغاندا، ھارۋا ئاۋات ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كەلدى.

ئىككىنچى كۈنى ئاخشامدىن باشلاپ «تاھىر - زۆھرە» ئوپېراسى بازار ئىچىدە قويۇلۇشقا باشلىناتتى. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، يىراق يېزىلاردىن ئوپېرانى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەرنىڭ سانى كۆپەيمەكتە ئىدى.

لۇتپۇللا بۈگۈنكى ئويۇننىڭ سەھنە تەييارلاش ۋە باشقا ئارقا سەپ ئىشلىرىنى مەخسۇس كىشىلەرنىڭ ئورۇندىشىغا قالدۇرۇپ، ئۆزى سازەندە زەۋقى بىلەن بىرگە سەھەردىلا بازار ئارىلاپ چىقىپ كەتتى.

تەكلىماكان بويىغا جايلاشقان بۇ چىمەنزار، باغۇ بوستانلىق ناھىيە ئەمگەكچان دېھقانلارنىڭ قان - تەرى بەدىلىدە مۇنبەت يەرگە ئايلانغانىدى. بىر زامانلاردا تەكلىماكاندىن يېيىلىپ كەلگەن قۇملار قۇمباش يېزىلىرىغىچە كېڭىيىپ بارغان. قۇم دۆۋىلىرى ئارىلىقىدا سازلىق كۆللەر، تۇرغۇن سۇلار، زەيكەشلىكلەر ھېسابسىز ئىدى، غورۇچۆل ئەتراپى ئۆز مەنىسىگە ئوخشاش بىپايان چۆل ۋە توغراقلىق ئىدى. ئەسىرلەردىن بۇيان، دېھقانلارنىڭ تەبىئەت بىلەن جەڭ قىلىشى ئارقىلىق سازلىق كۆللەر، زەيكەشلىكلەر قۇرۇتۇلۇپ، مەشھۇر ئايكۆل يېزىسى بەرپا قىلىندى. چۆل توغراقلىق ئورنىدا ھەرخىل مەززىلىك مېۋە بېرىدىغان ھېسابسىز باغلار، ئالتۇن بۇغدايلىق ئېتىزلار مەيدانغا كەلگەنىدى.

لۇتپۇللا بىلەن مۇزىكانت بازار ئىچىنى ئارىلاپ كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، تۆت كوچىغا جايلاشقان مەھەممەت ئابلاخاننىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ تاماق بۇيرۇدى. ئۇلار ئەمدىلا تاماققا ئولتۇرۇشىغا ئېگىز بوي، ئۆڭى ئاق سېرىق، ئاپئاق ساقال، ئۇچلۇق بۇرۇن، ئىككى مەڭزى قىپقىزىل، ئاق ماتا كۆڭلىكى ئۈستىگە

قارا چەكمەندىن پەشمەت چاپان كىيىۋالغان بىر مويسىپىت ئادەم ئاشخانىغا كىرىپ كەلدى ۋە شائىر ئولتۇرغان جاينىڭ يېنىدىكى بوش ئورۇندا ئولتۇردى. زەۋقى دەرھال بۇ كىشىنىڭ ئالدىغا بىر قاچا ئاش كەلتۈردى.

بۇ مويسىپىت كىشىنىڭ قولتۇقىدا قىزغۇچ خۇرۇم مۇقاۋىلىق چوڭ بىر كىتاب بار ئىدى. قارىماققا بۇ ئادەم ئاتمىش بەش ياشلاردا ئىدى، ئۇنىڭ مەيدىسىگىچە كۆمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان ئاپئاق ۋە قويۇق ساقىلى ساغلام بەدىنىگە ئاجايىپ يارىشىپ تۇراتتى.

— تاماققا مەرھەمەت، ئاتا، — دېدى سازەندە، بوۋاينى ئاشقا تەكلىپ قىلىپ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر پىيالە ئىسسىق چاينى ئالدىغا قويدى.

— ئاتا، نەدىن بولىسىلا؟ — دېدى شائىر لۇتپۇللا. مۇشۇ تاپتا ئۇ، گويا جاۋاھىر تېغىدا خىزىر جۇنەيدىل باغدادىغا ئۇچرىشىپ قالغان كارامەتنى تەسەۋۋۇر قىلاتتى.

— ئەسلىم پىرىيانە يەكەندىن، يۇرۇشۇم شەھىدانە خوتەن، ئەزىزانە قەشقەر، غازىيانە ئاقسۇ، ۋەلىيانە كۇچا، غېرىبانە تۇرپان، سوپىيانە قۇمۇل ...— دېدى بوۋاي شائىرغا جاۋاب بېرىپ.

— ئاتا قولىلىرىدىكى قايسى كىتاب؟ — لۇتپۇللا بوۋاينىڭ قولىدىكى چوڭ كىتابقا كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى ۋە كىتابنىڭ نامىنى بىلگۈسى كېلىپ سورىدى.

— «كۇللىيات بېدىل»[①]، — دەپ جاۋاب بەردى بوۋاي، — بىراق بۇ كىتاب پارسچە يېزىلغان بولۇپ، يۈز مىڭدىن ئوشۇق بېيىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تىلى تىرەن، پەلسەپىۋى پىكىردە يېزىلغان جەۋھىرى دۇردانىلەردىن تەركىب تاپقان دېسە بولىدۇ. بۇ كىتابنى كەمىنىلىرى يەكەن خانلىق مەدرىسىدە بىلىم

① «كۇللىيات بېدىل» — ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان پەيلاسوپ شائىر مىرزا ئابدۇقادىر بېدىلنىڭ شۇ ناملىق بىرىنچى ئەسىرى، ئۆز زامانىسىدا چوڭ شۆھرەت قازانغان كىتاب.



تەھسىل قىلىۋاتقان چېغىمدا ياخشى كۆرۈپ قالغانمەن. بېدىل ھەقىقەت يولىدا تەۋرەنمەي كۈرەش قىلغان ئاتاقلىق شائىردۇر.

بوۋاي بېدىلنىڭ تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇردى. سۆھبەت پەللىمۇ پەللە چوڭقۇرلاشماقتا ئىدى. شائىر تەقەززا بولۇپ ئاڭلايتى ۋە سوئال سوراپ تۇراتتى.

— جانابلىرى شېئىر يازامدۇ؟

— ئازراق يازغان، — دېدى بوۋاي كەمتەرلىك بىلەن ۋە ئۆزى يادقا بىلىدىغان بىر شېئىرنى ئوقۇپ بەردى:

ۋەتەننىڭ ھەر گىياھى بىباھا، دىلغا داۋاسى بار،
دانچىدەك تۇپرىقىدا ئەتىر - پۇراق ھاۋاسى بار.

غېرىبلىق يەتتى باشىمغا دېمە زەخمەت چېكەر بولساڭ،
ۋەتەننى سۆيسە ئادەم، خەلقىنىڭ ئالەم ئاشناسى بار.

دېمەڭكى تەختى ئالتۇن، تاجى گۆھەر، بەختى يار بىردەم،
نەزەردىن قالدىمۇ ئۇل چاغ، شۇ گۆھەرنىڭمۇ بالاسى بار.

بېشىغا ئۇنچە - مەرۋايىت ۋە زەر تۆكتى، كۆرەرسەنكى،
ئۇنىڭ ھەر مونچىقىنىڭ ئاستىدا ھەجۋى قاراسى بار.

راۋاقىنىڭ ئالدىدا خوش - خۇش دېمە، دىۋاننى پوش - پوش،
دېگەي تارىخ گاداي - شاھلىقتا سائەت پەرق ئاراسى بار.

ھازا ئۆتكەن كوچادىن توي ئۆتەر - قانۇنى ئالەمدە،
پەخەس بول نى خۇشاللىق كەينىدە ماتەم ساپاسى بار.

بۇ مويسىپىت يۇقىرىقى شېئىرنى ئوقۇۋاتقاندا، ئاشپەزلەر-

مۇ، خېرىدارلارمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىۋېلىپ ئاڭلاپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا، سىرتتىن بىر قانچە كىشى سالام بەرگىنىچە ئاشپۇزۇلغا كىرىپ كەلدى.

— ئەتىگەندىن بېرى ئىزلەپ يۈرۈۋاتىمىز، — دېدى شاكىر، لۇتپۇللا مۇتەللىپكە تەلمۈرۈپ قاراپ.

باياتىن بىر بۆلۈك ئاۋات زىيالىيلىرى شائىرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ياتىقىغا زىيارەت ئۈچۈن بېرىپ، تاپالماي قايتىپ كېتىشكەنىدى. شاكىر بىر دوستىنىڭ ئۆيىدە زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، مۇشۇ ئاشخانىغا شائىرنى ئىزلەپ كەلگەنىدى.

— هازىر بارىدىغان يېرىمىزگە بىرگە بارساق، ئاتا، ئەگەر مالال كۆرمىسىلە، — دېدى سازەندە ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويغىنىچە بوۋايغا تەۋەززۇلۇق بىلەن يۇمشاق تەلەپپۇزدا. ساھىبخانا شاكىرمۇ بوۋاينى سەمىمىي تەكلىپ قىلدى. بىراق، بوۋاي رەھمەت ئىزهار قىلىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئاستا خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

— تەكلىماكان قۇملىرىغا كۆمۈلۈپ قالغان گۆھەر، — دېدى لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھېلىقى بوۋاينىڭ بىلىمىگە ۋە ئۇنىڭ خانىۋەيران بولۇپ يۈرگىنىگە ئېچىنىپ، — مانا بۇنداقلار ئۇلۇغۋار ئادەملەردۇر، مەن بۇ ئادەمدىن بىر كۈن ئەمەس، ئون يىل بىلىم تەھسىل قىلساممۇ يەنە ئازلىق قىلىدۇ.

ئۇلار بوۋاينىڭ ئارقىسىدىنلا، ئاشخانىدىن چىقىپ تەكلىپ قىلىنغان ئورۇنغا قاراپ مېڭىشتى.

شاكىر مېھمانلارنى باشلاپ كىچىك ئېرىقنى بويلاپ ماڭدى. ئېرىق بويلاپ قاتارىغا پاكار - پاكار ئۆيلەر سېلىنغان بولۇپ، ئايرىم ئۆيلەرنىڭ قورۇسىدا تال باراڭلىرىغا ئىشلەۋاتقان ئادەملەر پاكار تاملار ئارقىلىق ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

باھارنىڭ ئىسسىق تەپتىدە مۇزلار ئېرىپ، ئېرىق ئىچىدە سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىشاتتى. ئېتىز - ئېرىق بويىدىكى تال -



تېرەكلەرمۇ كۆكىرىشكە باشلىغانىدى. باھار ئەلچىسى قارلىغاچلار مەجنۇنتاللار ئارىسىدىن ئۇچۇپ چىقىپ، كوچىدا ئويناۋاتقان ئوغۇل - قىزلارنىڭ يېنىدىن پەس ئۇچۇشۇپ ئۆتۈشەتتى.

مېھمانلار بىر كىچىك دەرۋازىلىق قورۇغا كىرگەندە، ئۇلارنى خۇش پېئىل بىر كىشى ئىچكەركى ئۆيدىن سالام بەرگىنىچە يۈگۈرۈپ چىقىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇ ئىككىسى شائىرنى ئوتتۇرىدىكى دالان ئارقىلىق ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىك بىلەن ساراي ئۆيگە باشلاپ كىرگەندە، تەڭلىمات كىگىز ئۈستىدە ئىككى كىشى ئولتۇراتتى. شائىر سالام بېرىپ، ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى.

بۇ ئولتۇرغانلارنىڭ بىرى، بېشىغا تىيىن مويلۇق كەمچەت تۇماق، ئۇچىسىغا قىزىل چەكمەن چاپان، پۇتىغا خۇرۇم ئۆتۈك كىيىۋالغان قىرىق ياشلار ئەتراپىدىكى بىر مەھەللە بېگى ئىدى. ئۇ، تۆردە باداشقان قۇرۇپ، تەكەببۇرلۇق بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئايىغىدا ئاددىي ماتا پەشمەت چاپان كىيىۋالغان ئاق ساقال بىر كىشى ئولتۇراتتى. ئۇ ئىككىسى شائىرنى تۆرگە تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. لېكىن شائىر ئاق ساقال كىشىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ قېشىدا سازەندە زەۋقى ئولتۇراتتى.

— بۈگۈن كەچتە قويۇلىدىغان «تاھىر - زۆھرە» ئوپېراسىنىڭ سەھنە تەييارلىقىغا ۋە باشقا خىزمەتلىرىگە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن يېتەرلىك ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇق. مېھمانلىرىمىزنىڭ بەخۇدۇك ئولتۇرۇپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىمىز.

زىياپەت ئۇيۇشتۇرغۇچى شاكىرنىڭ سۆزى ئەمدىلا ئاياغلىشىشىغا ئۆيگە بىر قانچە يېڭى مېھمانلار كىرىپ كېلىشتى. بۇ يېڭى مېھمانلار مۇشۇ يېقىن ئەتراپتىكى مەلۇم بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىدى. شاكىر بۇ يېڭى كەلگەنلەرنى شائىرغا بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

— تۆرگە چىقىڭلار، ئۇستازلار، — دېدى شائىر ۋە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇئەللىم - ئۇستازلارنى تۆرگە تەكلىپ قىلدى.

— رەھمەت، سىلەر بىزگە ئەزىز مېھمان، بىز سىلەرنى كۈتۈۋالغۇچىلار، — دېدى ئوتتۇرا بوي، ئوتتۇرا ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئوقۇتقۇچى.

— ياق، ئۇستازلار، سىلەر ھەممە جايدا، ھەر قانداق ۋاقىتتا ھۆرمەتلىك ئادەملەر، — دېدى شائىر ئۆزىنىڭ تەكلىپىنى ئاقلاپ، — سىلەر جەمئىيەتنىڭ چىرىغى، قەلبلەرنىڭ ئاچقۇچى، شۇڭا ھەر قاچان ۋە ھەرقانداق سورۇنلاردا سىلەر تۆرنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇشقا مۇناسىپ.

ئوقۇتقۇچىلارغا قىلىنىۋاتقان بۇ سەمىمىي ھۆرمەت، باش سورۇندا ئولتۇرۇپ قىمىرمۇ قىلىپ قويمىغان، ھاكاۋۇر مەھەللە بېگىنى خىجالەت ئىچىدە قالدۇرغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ يۈزلىرى بىردىنلا تاتىرىپ - كۆكىرىپ، رەڭگى ئۆچتى.

ئۇ تېخى يېقىندا شاڭيولۇق مەنسىپىگە ئېرىشكەنىدى. ئۇنىڭ زىكرى - پىكرى پۇل، ھوقۇق ۋە مەنسەپتە بولغانلىقى ئۈچۈن خەلقنىڭ ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا ھېچنېمە ئويلىمايتتى. ئويلايدىغىنى — ئات ئۈستىگە چىقىۋېلىپ قامچا ئوينىتىش، يېتىم - يېسىرلارنى بوزەك قىلىش، يۇقىرىنىڭ تاپىنىنى يالاپ، تۆۋەننىڭ يۈرىكىنى مۇجۇش، كېچە - كۈندۈز ئەيش - ئىشرەت، ھاۋايى ھەۋەستە بولۇش، يۇرت ئىچىدە تەپرىقە پەيدا قىلىش، شۇنىڭ بىلەن توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش ئىدى.

ئۇ شاڭيولۇق مەنسىپىگە چىققاندىن كېيىنلا، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئەلا ئوقۇۋاتقان ئون ئۈچ ياشلىق كەمبەغەل بىر قىزنىڭ ئانىسىنى ئالداپ ۋە زورلۇق - زومبۇلۇق ئىشلىتىپ، بۇ قىزنى تۆتىنچى كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىۋالغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكىدىن



لۇتپۇللا قىسمەن خەۋەر تاپقانىدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بۈگۈن ئوقۇتقۇچىلارغا ھەقلىق رەۋىشتە چەكسىز ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىكى، بەگنىڭ جېنىغا قاتتىق تەگدى - دە، بىردىنلا ئۇنىڭ ھەيۋىسى چۈشۈپ، بۇ ئىزا - ئاھانەتكە چىدىماي، غىپپىدە تىكىۋەتتى.

نېرىقى ئۆيدىكى ئاياللار ئىچىدە باش سورۇندا ئولتۇرغان بەگنىڭ چوڭ خوتۇنى — ئاغىچا خېنىممۇ، بەگنىڭ ئەلپازى بۇزۇلۇپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاياللار ئىچىدىكى باش سورۇننى بوشىتىپ، يولغا راۋان بولدى. ئايالار ئۆيىدىكى باش سورۇنمۇ ئايال ئوقۇتقۇچىلارغا خاس قالدى. بۇ كۈرەشتە غەلىبە قىلغان شائىر ۋە باشقا مېھمانلار شۇنداق كۈلۈپ كەتتىكى، ئۇلار ئۇزاقىچە ئۆزىنى باسالماي قېلىشتى.

— ھايات كومېدىيىسى دېگەن مانا شۇ، — دېدى شائىر ھاياجان ئىچىدە كۆپچىلىككە قاراپ، — ھازىر مانا مۇشۇنداق بىر ئوچۇم قارا قورساق، ئاڭسىز مەخلۇقلار پۇل، ھوقۇق، مەنسەپ ۋە قۇرۇق شۆھرەتنىڭ كەينىگە بېشى بىلەن كىرىپ كېتىپ، خەلق ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوينىشىۋاتىدۇ. ئۇلارنى سورۇندىن بۈگۈنكىدەك قوغلايدىغان چاغ تېخى ئالدىمىزدا، شۇنداق چاغلارمۇ كېلىدۇكى، تۆر ھامان جاپاكەش خەلققە — ئەمگەك ئەھلىگە مەنسۇپ بولىدۇ، بارلىق خەلقپەرۋەر ئاقارتقۇچىلارغا، بىلىم ئىگىلىرىگە مەنسۇپ بولىدۇ، چۈنكى بىلىمسىزلىك بىلەن بۇ دۇنيادا ھېچقانداق ئادەم ئىنسانىي سورۇنغا، ئەركىنلىك سورۇنىغا سازاۋەر بولالمايدۇ.

شائىرنىڭ بۇ يالقۇنلۇق سۆزىدىن ھۇزۇرلانغان ۋە روھىي كۈچ تاپقان ئوقۇتقۇچىلار چوڭقۇر ھاياجانلىنىپ، ئۇنىڭغا ئىنتايىن سەمىمىي رەھمەت بىلدۈرۈشتى.

## ئون بىرىنچى باب

# توققۇزبۇلاقتا بىر كۈن

### 1

ئاۋات سەپىرى لۇتپۇللا ئۈچۈن ئاسما بىلەن تېخىمۇ قويۇق ئۇچرىشىش ۋە ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ رېئال ئەھۋالىنى چۈشىنىش پۇرسىتى بولدى. ئۇ ئاۋاتتىن قايتىپ كېلىپ، دەم ئېلىۋاتقان بىر شەنبە كۈنى ئۆز ھۇجرىسىدا دوستى مۇنىرىدىنغا سەپەر تەسىراتلىرىنى قىزغىن ھېكايە قىلىپ بېرىۋاتاتتى. توساتتىن ھۇجرا ئىشىكى ئۇرۇلدى. لۇتپۇللا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىكنى ئاچتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ...

شائىرنىڭ تونۇش - بىلىشلىرىدىن پېشقەدەم تۇردىئاخۇن، مۇزىكانت زەۋقى ۋە دوستى ھوسۇيۇنلەر سالام بېرىپ ھۇجرىغا كىرىپ كەلدى. لۇتپۇللا ئۇلارغا جاۋاب سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئورۇن كۆرسىتىپ ئەھۋال سوراشتى. ئاندىن تۇردىئاخۇن بىلەن مۇنىرىدىننى بىر - بىرىگە تونۇشتۇرۇپ:

— مانا بۇ پېشقەدەم تۇردى خەلپە بولسا مېنىڭ ئۈرۈمچىدە قالغان ئۇستازىم مەۋلانجاننىڭ ئاتىسى بولىدۇ. ئۇستازىنىڭ سالىمىنى بۇ قېتىمقى ئاۋات سەپىرىمدە تۇردىئاخۇن ئاكىغا يەتكۈزدۈم. قايتىشتا بىز ھەمسەپەر بولۇپ بىللە كەلدۇق ۋە يول ئۈستىدە كۆڭۈلدىكىدەك پاراڭلاشتۇق، — دېدى.



مۇنىرىدىن تۇردىئاخۇن ئاكا بىلەن سەمىمىي قول سىقىشىپ كۆرۈشتى.

— بۈگۈن مەن سىلەرنى كونا شەھەردىكى ئۆيىمىزگە تەكلىپ قىلىپ كەلدىم. مالال كۆرمەي قەدەم تەشرىپ قىلىپ بېرىشسىلە، — دېدى تۇردىئاخۇن.

— رەھمەت، — دېدى لۇتپۇللا، — ئۈچتۇرپاندىن قايتىپ كېلىپ، ئاندىن بارمايمىزمۇ ...

— قاچان مېڭىشىدىكەنلا؟ — دەپ سورىدى تۇردى خەلپە.

— ئۈگۈنلۈككە، دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەن...

لۇتپۇللانىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تۇردىئاخۇن چاي ئىشىنى ئارقىغا سۈرۈشكە رازى بولدى.

لۇتپۇللا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بۇ پېشقەدەم كىشىدىن:

— ئۈچتۇرپانغا بارغىنىمدا مېنىڭ ئارزۇلاپ ئۆگىنىدىغان تارىخىي تېمىلىرىمنىڭ بىرى «جىگدە يېغىلىقى»، مۇشۇ ۋەقەنى بىلىدىغان مويسىپىت كىشىلەر ئۈچتۇرپاندىن تېپىلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

لۇتپۇللانىڭ بۇ سوئالى كۆپ مەلۇماتلىق تۇردى خەلپىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى - دە، ھاياجانلانغان ھالدا:

— ۋىجدانىي قەلبىڭىزدە پەيدا بولغان - ئارزۇ ئۈمىدلىرىڭىزگە مانا مەن ياردەم كۆرسىتىمەن. ئۈچتۇرپاندا تونجى پەننىي مەكتەپلەرنى تەسىس قىلغۇچىلارنىڭ بىرىمەن، تەسىس قىلغاندىمۇ خۇسۇسىي پۇلۇم بىلەن مەكتەپ ئېچىپ، ئۆزۈم ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. شۇڭا ئۇ يەردە مېنىڭ سۆھبەتداشلىرىم كۆپ، شەيخ سۇلايمان پىر بوۋا ناملىق زات بار. بۇ كىشى «جىگدە يېغىلىقى» تارىخىنى مۇپەسسەل بىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئۆزلىرىدە بۇنىڭغا ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىيال بولسا ...

— مېنىڭ قولۇمدا بىرقانچە يەشىك «شۇرا»[1] ژۇرنىلى ۋە باشقا ماتېرىياللار بار. مەن ئېدىل[2] غىچە قىلغان سەپىرىمدە ۋىجدانىي بۇرچۇمنى ئۆتەپ، تاپقان پۇلۇمغا نۇرغۇن كىتاب - ماتېرىيال توپلاپ كەلگەن، بۇ ئىشتا قۇربىنىمنىڭ يېتىشىچە ياردىمىنى ئايىمايمەن.

پېشقەدەمنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭ لۇتپۇللا بىلەن مۇنىرىدىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ، چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتى. شۇ ئارىدا تۆردى ھوسۇيۇن دوستى لۇتپۇللاغا خەۋەر يەتكۈزۈپ كىرىپ:

— بايىراق قۇربان قىلىچ ئىزدەپ كېلىپتىكەن، سەن بولمىغانلىقتىن، ئەتە سەھەر كېلىدىغان بولۇپ، قايتىپ كەتتى، — دېدى.

— ئۇ، قەشقەردىن قاچان كېلىپتۇ؟ — دېدى لۇتپۇللا.

— ئاخشام.

— بەللى، ئىش ئۇچىغا تارتتى دېگەن مانا شۇ، — لۇتپۇللا ھەمسۆھبەتلىرىگە ئۆزىنى ئۈرۈمچىدىن ئەكەلگەن ھارۋىكەش قۇربان قىلىچنى ئۇنىڭ سىرتىدىن تەرىپلەپ تونۇشتۇردى. ئارقىدىن مۇزىكانت زەۋقىگە، — بىز بۇ قېتىم ئۈچتۇرپانغا بېرىشتا قۇربان قىلىچنى بىرگە ئېلىۋالايلى، ئۇنىڭ ھارۋىسىغا كىرا قىلايلى، بىزنى ئاۋاتقا ئېلىپ بارغان يىگىت رۇستەم بىلەن قۇربان قىلىچ ئوبدان چىقىشالايدۇ. ئۆگۈنلۈككە بىز بىرگە ماڭىمىز، — دېدى.

كەچ كىرگەن چاغدا لۇتپۇللانىڭ سۆھبەتداشلىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، شائىرنىڭ يېڭى سەپىرىگە ئامانلىق تىلەپ قايتىشتى.

---

① «شۇرا» — ئابدۇللا توقاي زامانىسىدا قازاندا چىقىدىغان كاتتا ھەجىملىك ئىلمىي، تارىخىي ژۇرنال.

② ئېدىل — ھازىرقى ئورال تېغى، ئورال دەرياسى ئەتراپى.



× ×

ئەتىسى — يەكشەنبە كۈنى سەھەرلىكتە قۇربان قىلىچ، رۇستەم ۋە زەۋقى شائىرنىڭ ھوجرىسىغا يىغىلىشتى، يېڭى سەپەر ئۈستىدە ئۇلار ئۆزئارا پاراڭلىشىپ بولغاندىن كېيىن، يەكشەنبىلىك دەم ئېلىشنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن لۇتپۇللا ئۆز دوستلىرىنى باغ سەيلىسىگە باشلاپ ماڭدى.

تومۇز مەۋسۇمى كىرگەندىن بۇيان، ئىسسىقنىڭ ھارارىتى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققانىدى. قۇياشنىڭ ئوتتەك تەپتىدىن قىزىپ كەتكەن توپىلار ۋە تام - تورۇسلار گويا تونۇردەك يالقۇنلايتتى. تىنچىقتىن دەم ئالالماي قالغان توخۇ - ئۆردەك، ئۇچار قۇشلار ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ھاسىرايتتى ۋە سايە جاي ئىزدەپ تەرەپ - تەرەپكە يۈگۈرۈشەتتى. ئىسسىقتىن قاچقان شەھەرلىكلەر سەگىدەش ئۈچۈن دولان دەرياسى ۋە گۈلباغ ئەتراپىغا يۈگۈرۈشمەكتە ئىدى. ئۇلار دەريادا ئۈزۈشەتتى ۋە دەريا ساھىلىدىكى قۇم ئۈستىدە سوزۇلۇپ راھەتلىنىپ يېتىشاتتى.

لۇتپۇللا ۋە ئۇنىڭ ئۈچ دوستى دەريا ياقىلاپ مېڭىپ، ئېگەرچى يېزىسىدىكى مەسۇم بەگنىڭ سەيلىگاھ بېغىغا يېتىپ باردى. ئۇلار بۇ يەردە يېڭى پىشقان مېۋە - چېۋىلەرنى يەپ، ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىشىپ تاكى زاۋال چۈشكۈچە كۆڭۈللۈك دەم ئالدى.

— ئەتە نەكەم بىلەن يولغا چىقىمىز؟ — شائىر يولدا قايتىپ كېلىۋېتىپ سازەندە زەۋقىدىن سورىدى.

— يولۇچىلارنىڭ رەسمىدە يازدا يول يۈر تاڭ ئاتماستا، قىشتا يول يۈر كۈن چىققاندا، دەيدىغان سەقىمىسى بار، شۇڭا كۈن چىقىشتىن بۇرۇن يۈرۈپ كېتەيلى، بولمىسا ئالدىمىزدىكى ئىككى دەريادىن ئۆتۈپ بولغۇچىلىك كەچ قالىمىز، دەريا سۈيى

ئۆلگىسىپ كەتسە، خەتەر تۇغۇلىدۇ.

ئۇلار يەنە ئۈچتۇرپاننىڭ ھاۋاسى ۋە مەنزىرىسى ئۈستىدىمۇ سۆزلىشىپ ماڭدى.

— توققۇزبۇلاق، — دېدى زەۋقى، — شائىر ۋە رەسساملارنىڭ ئىلھامىنى قوزغايدىغان گۈزەل جاي، سىز ئۇ يەردىن چوقۇم نۇرغۇن ئىلھام قاچىلاپ كېلىسىز.

— ياق، يالغۇز بۇلا ئەمەس، — دېدى شائىر زەۋقىگە، — شائىر ئۇچۇن يالغۇز مەنزىرە كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇ يەردە يەنە مول تارىخىي بىلىملەر بار، مېنىڭ قەلبىم شۇ نۇقتىغا تەلپۈنۈۋاتىدۇ.

ئۇلار پاراڭلىشىپ مېڭىپ، شەھەرنىڭ جەنۇبىي قاپقىسى — خوتەن دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنى تۇيماي قېلىشتى، بۇ چاغ خۇپتەن ۋاقتى ئىدى. شائىر بۇ يەردە دوستلىرى بىلەن خوشلىشىپ، سېپىلنىڭ ئۇلۇغ ياقىسى بىلەن ئايلىنىپ لەڭگەر تەرەپكە ماڭدى. ئۇ، لەڭگەر كوچىسىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە، لەڭگەرلىك ئوغۇل - قىزلار كوچا بويلىرىدا توپ - توپ بولۇپ سالقىنداپ ئولتۇرۇشۇپ، «تاھىر - زۆھرە» ئوپېراسىنىڭ دىلغا ئارامبەخش ناخشا - كۈيلىرىنى خوش ئاۋاز توۋلىشىپ، پۈتۈن مەھەللە ئىچىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەنىدى. بۇ ئوپېرانىڭ ناخشىلىرىمۇ شائىرنىڭ ئۆز ئىجادىيىتى بولۇپ، ئۇ ھازىر ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ مۇشۇنداق مول مېۋە بەرگەنلىكىدىن ھۇزۇرلانغان ھالدا مەغرۇر قەدەم تاشلاپ ھۇجرىسىغا كىردى - دە، ئىنتايىن خۇشال كەيپىيات ئىچىدە ئۇخلاپ قالدى.

× ×

ئەتىسى سەھەر — دۈشەنبە كۈنى تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تەڭ، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، گېزىتخانا دەرۋازىسى ئالدىغا چىقىپ ھارۋىلارنى كۈتۈپ تۇردى. ئۇزۇنغا قالماي، قۇربان قىلىچ بىلەن



رۇستەم ھەيدىگەن ھارۋىلار يېتىپ كەلدى. لۇتپۇللا ۋە مۇزىكانت مويىدىن غوجا، زەۋقى قاتارلىقلار بىر ھارۋىغا ئولتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى.

قۇياش ئۇپۇق سىزىقىدىن ئەمدىلا قىزىرىپ چىققان مەھەلدە ھارۋىلار كونا شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى «ئۈچتۇرپان سارىيى» ئالدىغا يېتىپ باردى ۋە بۇ سارايىنىڭ غەربىگە ئىككى يۈز چامدامچە كېلىدىغان چوڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئىككى تەرىپى بۈك - باراقسان تۈز يولغا چىقتى.

بۈك - باراقسانلىق بۇ چوڭ يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى كۆپكۆك مەجنۇنتال شاخلىرى بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەچكە، چوڭ يول گويا كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان كارىدورغا ئوخشايتتى. قۇربان قىلىچ سازەندە زەۋقىنىڭ بېشارىتىگە بىنائەن، ئاتلارنىڭ مېڭىشىنى تېزلەتتى - دە، ئارقىدىن كېلىۋاتقان باشقا ھارۋىلارنى قارىسى كۆرۈنەر - كۆرۈنمەس يىراقلىقتا قالدۇرۇپ قويدى. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى قويۇق يېشىل تاللىق ئېھتىمال شائىرنىڭ ئىلھامىنى قوزغىغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ يادىغا تاتارلارنىڭ «تال قوشىقى» كېلىپ قالدى - دە، كومپوزىتور مويىدىن غوجىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ:

— ماندالىننى ماڭا بېرىڭ، بىردەم جىرلاپ ماڭايلى، — دېدى.

— ياخشى دېدىڭىز، — دېدى كومپوزىتور، — مەنمۇ شۇ خىيالغا كېلىپ تۇراتتىم.

مويىدىن غوجا ماندالىننى شائىرغا ئۇزاتتى. لۇتپۇللا ماندالىننى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن جىر باشلىدى...

يولنىڭ ئۇلۇغ ياقىسىدىكى تاللىق ئىچىدە شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇنىڭ ئاۋازى ماندالىن ۋە جىرنىڭ ساداسىغا تەڭكەش بولۇپ، يېقىملىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئېرىقنىڭ ئىككى ياقىسىدا سەگەكلەپ ئولتۇرغان دېھقان قىز - يىگىتلەر شائىرنىڭ ناخشا ساداسىغا زوقمەنلىك بىلەن

قولاق سېلىشىپ، تاكى ھارۋىنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ قېلىشاتتى. تال - بوستانلىق پەيدىنپەي شالاڭلاپ، ھارۋا ئوچۇق دالىغا چىققاندا ئاندىن لۇتپۇللا چېلىشنى توختاتتى.

— تازا خۇماردىن چىقمۇالدىڭىزغۇ؟ دەيمەن.

— ياق، ئىنى، تاكى توققۇزبۇلاقنى كۆرمىگۈچە خۇماردىن چىققان بولمايمىز.

لۇتپۇللا قولىدىكى ماندالىننى دەرھال ماندالىن ماھىرى مويدىن غوجىغا ئۇزاتتى. مويدىن غوجا پەدىنى تەڭشەپ، ئاۋۋال پۇرقەت①نىڭ «سىغىنىش» ناملىق مەشھۇر غەزىلىگە، ئاندىن «چەكپارىدۇر كۆڭلۈم» ناخشىسىغا چالدى. شائىر پۈتۈن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ناخشىنىڭ ئاھاڭى ۋە تېكىست مەزمۇنىنى تەھلىل قىلاتتى. ناخشىنىڭ مۇڭلىرى كەڭ دالىنى زىلزىلىگە كەلتۈرەتتى:

پۇراق دەشتىدە مەجنۇندەك،
ئەجەب ئاۋارەدۇر كۆڭلۈم؛
مۇھەببەت تىغى بىلەن پارە -
پارە - پارەدۇر كۆڭلۈم.

يېتەلمەي ئارزۇيۇمغا،
جۇدالىق ئىچىدە قىينالدىم؛
پۇراق ياچاقلىرىنىڭ -
ئوقلىرىدىن پارەدۇر كۆڭلۈم.

يەنە ئۈستىگە قانداق دەرد،
ۋە مېھنەتلەر چۈشەركىن؛
بالا ھىجرى باياۋاندا،
تۈمەن چەكپارەدۇر كۆڭلۈم.

① پۇرقەت — زاكىرجان خالمۇرات ئوغلى (1858 — 1909) — يەكەندە ۋاپات بولغان ئۆزبېك شائىرى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خېلى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.



ناخشا ئاياغلاشقاندا ھارۋا قۇمئېرىق دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا بېرىپ قالغانىدى. شائىر ھارۋىدىن سەكرەپ پەسكە چۈشتى - دە، يەر تەكشۈرگۈچى گېئولوگلاردەك دەريانىڭ ئەتراپىدىكى تەبىئەت مەنزىرىسىنى كۆزىتىشكە باشلىدى:

تەكلىماكاننىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىلىرىدىن بىرى بولغان تۆمۈر چوققا ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى يىل بويى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئاپئاق قار مۇنارلىرى بۇ يەردىن ئېنىق كۆرۈنەتتى. قۇمئېرىق دەرياسى ئەنە شۇ تۆمۈر چوققىنىڭ ئېگىدىكى ئائتۇيناق جىلغىسىدىن ئۆركەشلەپ ئېقىپ چۈشەتتى. دەريانىڭ ئۇ چېتىدىكى ئارال كەنتىدىن ئۆتكەندە يەنە بىر چوڭ دەريا — توشقان دەرياسى بويىغا بارغىلى بولاتتى. بۇ ئىككى دەريا ئارالدىكى «ئاياقچىلار» مەھەللىسىنىڭ ئايىغىدا قوشۇلۇپ، ئاقسۇ دەرياسىنى ھاسىل قىلاتتى. ھارۋىلار يەنە سەپەرنى داۋام قىلىپ، قۇمئېرىق دەرياسىدىن ئۆتۈپ كېتىپ، ئارال كەنتىنىڭ غەربىدىكى توشقان دەرياسىغا يېتىپ باردى. كۈن دەل چۈش بولاي دېگەنىدى. «تاھىر - زۆھرە» سانائىنەپىسە ئۆمىكىنىڭ خادىملىرى چۈشۈپ ماڭغان ۋە دېكوراتسىيە قاتارلىق تىياتىر سايمانلىرى بېسىلغان ھارۋىلارمۇ دەريا بويىغا يېتىپ كېلىپ جەم بولدى. توشقان دەرياسىنى كۆپ قېتىم كېچىپ ئۆتكەن ئۇچتۇرپانلىق مۇزىكانت مويدىن غوجا ئېرىگەن قار سۈيىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن سەمەپ تۇرغان ئۇلۇغ سۇنى كۆزىتىپ تۇرۇپ، ئەھۋالنىڭ بىر ئاز خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بايقاپ:

— كۈننىڭ قاتتىق ئىسسىشى بىلەن دەريانىڭ سۈيى ئۇلغىيىپ كېتىپتۇ. ئەگەر يەنە بىر ئاز كېچىكسەك، سۇ تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كەتكۇدەك. ھېلىھەم بولسىمۇ، سۇچىلارغا ئاز - تولا ھەق بېرىپ، شۇلارنىڭ ياردىمىگە سۈيۈنۈپ تېزرەك ئۆتۈۋالايلى، — دېدى. لېكىن باقى قىزىلمۇچ ھارۋىكەش مويدىن غوجى-

نىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ، تەۋەككۈل دەرياسىغا ئۆزىنى ئاتتى، ئۇنىڭ ھارۋىسىغا دېكوراتسىيە قاتارلىق مۇھىم سايمانلار بېسىلغانىدى.

— توختاڭ، تىرتەكلىك قىلماڭ!

مويدىن غوجا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن باقى قىزىلمۇچنى توسۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ كۆردى. لېكىن ئۇ قۇلاق سالمىدى - دە. سۇچىلار كەلگۈچە ھارۋىسىنى ھەيدەپ دەرياغا كىرىپ كەتتى.

— ھىم، مانا دېمىدىممۇ، — دەپ ۋارقىرىدى مويدىن غوجا قىردا تۇرۇپ، — باقى قىزىلمۇچ ئىشنى ئوخشاتتى، ئەنە سۇ ھارۋىنىڭ شوتىسىنى بېسىپ كەتتى!!! قاراڭلار، ئەنە دېكوراتسىيە سۇنىڭ تېگىدە قالدى! ئەنە، ئەنە! ئاتلارنىڭ قۇلىقى ئارانلا كۆرۈنۈپ قالدى! «كاچىنى بازار ئوڭلار» دېگەن مانا شۇ.

ئۇزۇنغا قالماي تۆت - بەش سۇچى كېلىپ، ئۇلاردىن ئىككىسى دەرھال باقى قىزىلمۇچ تەرەپكە ئۈزۈپ ماڭدى، ئۇنىڭغىچە باقى ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ بولغانىدى.

باقىنىڭ قىزىلمۇچ دېگەن لەقىمى بىكار قويۇلمىغان. ئۇ، ئۇنىڭ تىرتەك، بىغەرەزلىكىگە قاراپ سىڭىشكەن لەقەم ئىدى. مانا قاراڭلار، بوۋىلارنىڭ «جەڭگە ئالدىرىما، ئاتقاننى كۆرىسەن، سۇغا ئالدىرىما، ئاققاننى كۆرىسەن» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى تازا ئىسپاتلاندى.

ئارقىدىن ئىككى سۇچى قۇربان قىلىچ بىلەن رۇستەمنىڭ ھارۋىسىنى كېچىككە كىرگۈزۈپ، ساق - سالامەت ئۇچتۇرپاننىڭ ئاقيار تەرەپتىكى دەريا لېۋىگە ئۆتكۈزۈپ قويدى. باقى قىزىلمۇچ ۋە ئۇنىڭ ئات ھارۋىسى مىڭ تەسلىكتە قۇتۇلدۇرۇۋېلىندى، لېكىن ھارۋا ئۈستىدىكى دېكوراتسىيە ئاللىقاچان تۈگىشىپ كەتكەنىدى. باقى قىزىلمۇچ خۇددى كەچ كۈزدە ئۇششۇك تېگىپ يىگىلىشىپ قالغان كۆكمۇچتەك كۆكىرىپ، دەريا بويىدا شۈمشەيگەن



پېتى مادارسىز يېتىپ قالدى.

— ھەيدەڭ، قۇربان ئاكا، — دېدى لۇتپۇللا، — دېكوراتسىيىنى ئۆزۈم سىزغان، ئۇچتۇرپانغا بېرىپ يەنە سىزىمەن. بىز كېتىۋېرەيلى، بولمىسا تارىخىي ھېكايىلىرىمىز ئېسى قالىدۇ.

تۇشقان دەرياسىدىن ئۆتۈپ خېلى ئۇزۇن ئەس ئالدۇرۇلغان ئاتلار ئۇچقانىدەك ئىلگىرىلەپ، ئاقيار بازىرىغا يېقىنلىشىپ قالدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى بىپايان ئېتىزلىقتا ئورۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بۇغدايلارنىڭ ئالتۇن باشاقلىرى غەربىي شىمال تەرەپتىن كېلىۋاتقان شامالنىڭ ئۇرۇشى بىلەن لەرزان يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

— مانا بىز ئەمدى ئۇچتۇرپان زېمىنىدا كېتىۋاتىمىز، — دېدى مويدىن غوجا پەخىرلىنىپ، — ئۇچتۇرپاننى كىشىلەر جەنۇبنىڭ غۇلجىسى، دەپ ئاتايدۇ، بۇ ھەرگىز مۇبالىغە ئەمەس. بۇ يەر ئاشلىق ۋە مېۋە - چېۋە كانى، تەڭرىتېغى بۇ يەرگە بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كېلىدۇ، شۇڭا ياز ھاۋاسى سالقىن، بولۇپمۇ توققۇزبۇلاق ئەتراپى شۇنداق.

لۇتپۇللا كومپوزىتورنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاچ، ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلماقتا ئىدى. ئېرىق بويلىرى ۋە قىر بېشىدا بوي تارتىشىپ ئۆسكەن جىگدىلەرنىڭ چېچەكلىرى خۇش پۇراق چېچىپ، دىماغقا گۈپ - گۈپ ئۇرۇپ تۇراتتى. كومپوزىتور ئەتەي جىگدىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئۇچتۇرپان جىگدىسى ئادالەت ئۈچۈن بولغان كۈرەشنىڭ جانلىق سىمۋولى، تارىخنىڭ بۇ ماھىيىتى بىز توققۇزبۇلاققا يېتىپ بارغاندا تولۇق ئېچىلىدۇ، — دېدى.

كەچ پېشىن مەھەلدە ھارۋىلار «تۇمشۇق تاغ ئېغىزى» ئالدىغا كەلدى. تۇمشۇق تېغى ئېغىزى بۇ يەردە مەغرۇرانە قىياپەتتە تىك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ، دەل ئۇچتۇرپان شەھەر دەرۋازى-

سى ئىدى، شەھەر بۇ يەردىن ئېنىق كۆرۈنەتتى.

شەھەرنىڭ شىمالىدىن جەنۇبقا قاراپ ئۈچ دەرياسى ئېقىپ تۇرىدۇ. تۇمشۇق تېغىدىن غەربكە سوزۇلغان قاتمۇقات تاغلار — ئاقتوقاي تاغ تىزمىلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. تاغلارنىڭ ئارىسىدا مەشھۇر قەدىمىي جايلار، نۇرغۇن يايلاق ۋە چىمەنزارلىقلار بار. شەھەرنىڭ شىمال چېتىگە ھۆكۈمەت مەھكىمىسى جايلاشقان بولۇپ، ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپى قەلئە تېمى بىلەن تۇتىشىپ كەتكىنى ئۈچۈن شەھەرنىڭ تەبىئىي سېپىلى بولغانىدى. تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن مەشھۇر «توققۇزبۇلاق»نىڭ مەرۋايىت سۇلىرى خۇددى فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىپ، سەيلە قىلغۇچىلارنى مەپتۇن قىلىپ تۇرىدىغان داڭلىق ئىستىراھەتگاھلىققا ئايلانغان.

بۈگۈن شەھەرنىڭ خالتا كوچىلىرىغىچىلىك ھەممىلا يېرىدە ئادەملەر مىغىلداپ كەتكەنىدى. تۇمشۇق تاغ ئېغىزىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ھارۋىلار ماڭالماي قالدى. ئىيۇننىڭ ئاخىرلىرى بولىدىغان «قومبۇلۇڭ» سەيلىسى باشلانغىنى ئۈچۈن، تەرەپ - تەرەپتىن سەيلىچىلەر كەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياش قىز - يىگىتلەر ل. مۇتەللىپ «تاھىر - زۆھرە» ئوپېراسىنى ئەكېلەۋاتقۇدەك دەپ ئاڭلاپ «قومبۇلۇڭ سەيلىسى»گىمۇ قارىماي، لۇتپۇللانىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، تۆت كۆز بولۇشۇپ تۇراتتى.

قۇربان قىلىچنىڭ ھارۋىسى ئادەملەر ئارىسىدىن يېرىپ ئۆتۈپ، ئاستا ئالغا سىلجىيتتى. بىردەمدە قىز - يىگىتلەر گۇرۇلدىشىپ بېرىپ، ھارۋىنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋېلىشتى ۋە ھە دەپ لۇتپۇللانى تونۇۋېلىش ئۈچۈن ئىنتىلىشەتتى.

— ل. مۇتەللىپ قايسىدۇر؟

— ئاۋۇ ئاق يۈزلۈك، بادامدوپپا كىيىۋالغان، ئوتتۇرا بوي يىگىت شۇ ئېھتىمال.

ئوغۇل - قىزلار بىر - بىرىدىن سورىشاتتى ۋە قىياسەن



جاۋاب بېرىشەتتى.

لۇتپۇللا ئولتۇرغان ھارۋا توپنىڭ ئىچىدىن ئۆتۈپ، ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بىناسى ئالدىغا كېلىپ توختىغاندا، قۇياش ئاقتوقاي تاغلىرىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇشقا باشلىغانىدى.

## 2

لۇتپۇللا ئۇچتۇرپانغا يېتىپ كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى، «تاھىر - زۆھرە» ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ مەسئۇلى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى كۇلۇبىدا ئۆمەك خادىملىرىنى يىغىپ يىغىن ئاچتى. يىغىندا ئۇ:

— ئوپېرا ئۈچۈن تەييارلاپ كەلگەن دېكوراتسىيىنى توشقان دەرياسىنىڭ كەلكۈن سۈيى ئەكەتتى. شۇڭا دېكوراتسىيە كېرەك قىلماي ئوپېرانى ئويناۋېرىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاھىر رولىدىكى دوبلىر (باش رول ئىز باسارى) ئاغرىپ قالدى، شۇڭا بۈگۈن تاھىرنىڭ رولىنى يەنىلا ل. مۇتەللىپ ئېلىپ چىقسا؛ قالغانلىرىمىز ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى خادىملىرى بىلەن سەھنە تەييارلاشقا كىرىشسەك، — دېدى.

— تاھىر رولىدا مەن ئويناۋېرىمەن، — دېدى لۇتپۇللا، — لېكىن دېكوراتسىيە تەييارلىماي بولمايدۇ، دېكوراتسىيىنى بۈگۈن كەچكىچە سىزىپ ئۈلگۈرتىمەن؛ دېكوراتسىيىسىز ئوپېرا ئويناش كۈلكىلىك بولىدۇ.

— بىر كۈن ئىچىدە دېكوراتسىيە قانداق ئۈلگۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماتېرىيالى، راسخوت نەدىن كېلىدۇ؟

— راسخوتنى ئوپېرا ئۆمىكى چىقىرىدۇ، ھۈنەر - سەنئىتى مېنىڭدىن، ئەمگىكى، جۈرئىتى مېنىڭدىن.

— ياق، ئۆمەكتە ھازىر پۇل يوق، سەھرالىققا دېكوراتسىيە سىزمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

ئۆمەك باشلىقى بىلەن لۇتپۇللانىڭ پىكىردە كېلىشەلمەي كېلىۋاتقىنىغا خېلى ۋاقىت بولغانىدى. ئۇلار ئاۋاتتىمۇ بىر قېتىم تىركىشىپ قالغان. ئۆمەك باشلىقى بۈگۈنمۇ ئەتەي يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ، ئوپېرانىڭ ئوڭۇشلۇق ئوينىلىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولماقتا ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ دېھقانلارنى «سەھرالىق» دەپ ھاقارەتلىشى، يانتاقۇپنىڭ ئىلىدا لۇتپۇللانى «سەھرالىق» دەپ مەسخىرە قىلغىنىغا ئوپئوخشاش ئىدى. نېگىزلىك مەسىلىلەردە ھاتەمگىمۇ يول قويمايدىغان قەيسەر شائىر، «سەھرالىق» دېگەن ھاقارەتلىك ئىبارىنى ئىشلەتكەن ئۆمەك باشلىقىغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قوللىرىنى سىلكىپ تۇرۇپ:

— سىزنىڭ دېھقانلارنى «سەھرالىق» دەپ كەمسىتكىنىڭىز ھەقىقەتكە كۆز يۇمغانلىقىڭىز بولىدۇ. مەن يازغان بۇ ئوپېرانىڭ ھېكايىسىنى ساقلاپ بەرگەن خەزىنە ئىگىسى دەل دېھقانلار. سىزگە ئوزۇق ـ تۈلۈك بېرىپ ئوقۇتقان، بۈگۈنمۇ ئاش ـ نان بېرىۋاتقان مۇشۇ دېھقانلار ئەمەسمۇ؟ بولمىسا ئامبال ـ لويىلار كۈن كۆرەلەمدۇ؟ قەرزدار ئادەم ھەقدارنى ھاقارەتلىسە مۇتتەھەملىك بولمامدۇ؟ قاراپ باقايلى: كوچىلاردا مۇشۇ ئوپېرانى كۆرىمىز دەپ تەشنا بولۇپ يېتىۋاتقان ئوغۇل ـ قىز، قېرى ـ ياش دېھقانلارنىڭ قىزغىنلىقى نېمىدېگەن ئۈستۈن، بىز ئۇلارنى كۆزگە ئىلمىساق ئەسلا بولمايدۇ؛ ئەگەر ئۆمەك پۇل چىقىرىشتىن باش تارتسا، ئۇنىمۇ مەن ھەل قىلىمەن. بۈگۈن ئاخشامدىن باشلاپ ئوپېرا چوقۇم سەھنىدە ئوينىلىدۇ، دېكوراتسىيىمۇ پۈتىدۇ، تاھىرمۇ سەھنىدە ھازىر بولىدۇ.

لۇتپۇللانىڭ جاراڭلىق خىتابلىرىنى ئاڭلاپ، پۈتۈن زالدىكىلەر قىزغىن چاۋاك چېلىشتى ۋە ئۇنىڭ سۆزىنى قوللىدى. ئۆمەك باشلىقى شۇ يەردىلا موللامۇشۇك بولۇپ، ئەمدى توسقۇنلۇق قىلىشقا پېتىنالمىدى ـ دە، يىغىنىنىڭ يېپىلغانلىقىنى جا-



كارلاپ، چىچاڭشىغان پېتى زالدىن چىقىپ كەتتى. ئۆمەك باشلىقى ھەمىشە ئىشنى بۇزۇپ قويۇپ، ئاخىرىغا بېرىپ تېرىكىپ قالاتتى. تىرتەك ئىچى تار باشلىق بېشىنى قېقىپ، يىغىن مەيدانىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن لۇتپۇللا يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— «ئىش ئىگىسى بىلەن، قوش مېڭىسى بىلەن» دېگەن تەمسىل بار، «خۇيى يامان قىز ئۆي تۇتالمايدۇ.» باتناش توغرا كەلمەيدۇ. بىز ھازىر ئىش تەقسىم قىلىپ ئىشلەۋېرىمىز، — دېدى كۆپچىلىككە.

ئىش تەقسىماتى بويىچە خىزمەت ئۇيۇشتۇرۇلدى. لۇتپۇللا ئۇيۇشمىنىڭ زالىدىكى بىر دانە ئاق، لېكىن خېلى كىر باسقان بىرېزېنت پەردىگە كۆزى چۈشتى ـ دە، دېكوراتسىيىنى ئەنە شۇ پەردىگە سىزىشنى پىلانلاپ چىقتى. ئۇيۇشمىنىڭ ئۆزىدىمۇ ئازراق رەڭ بار ئىدى. قالغان رەڭنى مويدىن غوجا ئۆزىنىڭ تونۇشى، بوياقچى توختى پەرەڭ دېگەن ئادەمدىن ئالدۇردى.

تالانتلىق رەسسام لۇتپۇللا ھەرخىل رەڭلەرنى ھېجىر قاچىلارغا تەڭشەپ تەييارلىۋالغاندىن كېيىن، ئىككى يېڭىنى جەينەككىچە تۈردى ـ دە، ئاتاقلىق سىزغۇچى ئېۋگېنى دېلاكرۇ① دەك ماھارىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى:

رەسىمدە يىراقتىن تەڭرىتاغنىڭ قارلىق چوققىلىرى. ئۇنىڭ ئاستىدا گىگانت قارىغايلار، باغراش كۆلىدىن ئېقىپ كېلىدىغان قەدىمكى باشئەگىم دەرياسىغا تاشلانغان ئاشىق تاھىرنىڭ ساندۇقى، تاھىر سۇغا تاشلىنىۋاتقان چاغدا زۆھرەنىڭ خوشلىشىۋاتقان ئوبرازى، دەريا ياقىسىدىكى ئاللىقتا سايرىشىۋاتقان قۇشلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ئىنتايىن كېلىشتۈرۈپ سىزىلغانىدى.

لۇتپۇللا دېكوراتسىيە پۈتۈپ بولمىغۇچە ئېغىزىغا بىر بۇردا نانمۇ سالماي، تاكى كەچ پېشىن ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەمگە-

① ئېۋگېنى دېلاكرۇ (1798 — 1863) — داڭلىق فرانسۇز رەسسامى. ئۇنىڭ ئىنقىلابىي رومانتىك ئىدىيە يېتەكچىلىكىدە سىزغان رەسىملىرى ئوردا رەسساملىرى بىلەن فېئودالىزمغا كۈچلۈك زەربە بەرگەنىدى.

كى كۆڭلىدىكىدەك قولدىن چىقىپ بولغاندا ئاندىن قەلىمىنى توختاتتى.

«تاھىر - زۆھرە» ئوپېراسى شەھەر ئىچىدە ئۈچ قېتىم ئوينالغاندىن كېيىن، لۇتپۇللا تەكلىپ بويىچە «قۇمبۇلۇڭ» سەيلىگاھىغا باردى. بۇ يەردە مويدىن غوجىنىڭ مۇزىكا ئورۇندىشى بويىچە زۆھرە رولىغا چىققان ئايال بىلەن بىرلىكتە «تاھىر - زۆھرە» ئوپېراسىنىڭ پۈتۈن غەزەللىرىنى ئېيتىپ بېرىپ، سەيلىگە چىققان دېھقانلارنىڭ چەكسىز مىننەتدارلىقىنى ئالدى ۋە شۇ كۈنى مويدىن غوجىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

— ئەتە تولۇق بىر كۈن دەم ئالىدىكەنمىز.

مويدىن غوجا ئاخشىمى ئۆز ئۆيىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ لۇتپۇللاغا ئەتىكى دەم ئېلىش خەۋىرىنى يەتكۈزدى. لۇتپۇللا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ:

— راستىنلا شۇنداقمىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— راست بولمايچۇ؟ ھېلىمۇ تۆمۈردەك ئادەم ئىكەنسىز، شۇنچىۋالا ئىشلەپمۇ دەم ئالمىسا بولامدۇ؟

— ئەمىسە ئەتە كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ...

— يەنە نەگە، نېمىگە بۇنچىۋالا ئالدىرايمىز؟

— مەشھەتنى زىيارەت قىلىشتەك مۇھىم ئىش يوق، چوقۇم ئەتىگەنرەك ...

— كۈن چىقسۇن، ناشتا - پاشتا قىلىپ، چاي - پايلىرىمىزنى ئىچىۋېلىپ ماڭساقمۇ ئۈلگۈرىمىز. ئاۋۋال بۈگۈن كېچە قانغۇدەك ئۇخلاپ ھاردۇقىڭىزنى چىقىرىۋېلىڭ.

— ھاردۇق توققۇزبۇلاق زىيارىتىدە چىقىدۇ، ئۇسسۇزلۇق ئۇنىڭ قونتان سۈيىنى ئىچكىنىمىزدە قانىدۇ.

كومپوزىتور مويدىن غوجا يەنە تالىشىپ تۇرماي ماقۇل بولدى ۋە ئاخىرىدا:

— بولىدۇ، بۈگۈن كېچە قانغۇچە ئۇخلىۋالايلى، — دېدى.



مويدىن غوجا لۇتپۇللانى ئايرىم ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، غىپپىدە سىرتقا چىقتى - دە، شۇ تۈن كېچىدە ئۇدۇل ئارتۇق ئاپپاسىنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە ئارتۇقنىڭ قولىغا پىچىرلاپ، لۇتپۇللا ئارزۇلىغان ئىشنى تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە مويدىن غوجا تېخى شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان چاغدا لۇتپۇللانىڭ ئۇيقۇسى ئاللىقاچان ئېچىلىپ كەتتى. ئۇچتۇرپان جىگدىلىرىنىڭ ئېپار پۇرىقى، توققۇزبۇلاقنىڭ شاۋقۇنى شائىرنى ئۇخلاتمىغانىدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۆينىڭ ئىشىكىنى پەم بىلەن ئېچىپ، يېنىك قەدەم تاشلاپ سىرتقا چىقتى. ئۇ، ئەنجان مەھەللىسى دەپ ئاتىلىدىغان ئارقا كوچىدىن ئازراق ماڭغاندا چوڭ خانىقا مۇنبىرىدىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. بېشىغا ئاق سەللە ئورىۋالغان قېرى - ياش ئادەملەر بىرلەپ - ئىككىلەپ مەسچىت تەرەپكە كېتىپ بېرىشاتتى. شائىر جامائەتكە كەمتەرلىك بىلەن سالام بېرىپ، رەستە بازىرىغا، ئاندىن يايما كوچىسىغا باردى. بۇ يەردە قىرغىز ئاياللىرى ئاللىقاچان ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، سەھەردىلا يارما، بوزا قاتارلىق تېرىق ئېچىتقۇسىنى پىشۇرۇشقا كىرىشكەنىدى.

شائىر ئايلىنىپ «توققۇزبۇلاق» يولىغا چىقتى. بۇ يەردىن تەڭرىتاغنىڭ غەربكە سوزۇلغان تىزمىلىرى، ئېگىز چوققىدىكى يىل بويى ئېرىمەيدىغان ئاپئاق قارلار ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

جانغا راھەت تەڭرىتاغ شامىلى كىشىنى ھۇزۇرلاندۇراتتى، ئۇدۇل تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان ئۈچ دەرياسىنىڭ شاۋقۇنى سول تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان توققۇزبۇلاق سۈيىنىڭ شاۋقۇنى بىلەن قوشۇلۇپ، ئاجايىپ بىر مۇڭلۇق تەبىئەت مۇزىكىسىنى ھاسىل قىلاتتى.

لۇتپۇللا توققۇزبۇلاق دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كېلىپ، خېلى بىر ۋاقىتقىچە خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ كۆز

ئالدىدا مۇقەددەس تەگرىتېغى ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. لۈتپۇللانىڭ شائىرانە ھېسسىياتىغا شۇ تاپتا ئاجايىپ چوڭقۇر ۋە جۇشقۇن تۇيغۇ - ئىلھاملار كېلىشكە باشلىدى:

«ئەي قەدىردان ئانا تەگرىتاغ! — دېدى ئۇ، كۆچلۈك ھاياجان بىلەن، — سەن مېنى خۇددى سۆيۈملۈك ئانا مېھرىبان بالىسىنى ئەزىزلىگەندەك ئىللىق قوينۇڭدا ئاسراپ كېلىۋاتىسەن. سەن مېنى تۇغدۇڭ، ئۆستۈردۈڭ، چوڭ قىلدىڭ. مەن بۇنى چىن يۈرىكىمدىن چۈشىنىمەن، ئانا! ... ماڭا سىڭدۈرگەن ئەجرىڭنى، مېنى پەرۋىش قىلىش يولىدا سەرپ ئەتكەن قان - تەرلىرىڭنى، ماڭا بەرگەن ھالال ئاق سۈتۈڭنى، مېنى دەپ ئاققۇزغان كۆز ياشلىرىڭنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن!»

— مانا قاراڭ، — دېدى ئارقا تەرەپتىن ھاسىراپ يۈگۈرۈپ كەلگەن مويدىن غوجا، — كۆپرەك ئۇخلىماي ئېمانچىۋالا ئەتەگەن؟...

مويدىن غوجىنىڭ سۆزى شائىرنىڭ تەگرىتېغى بىلەن قىلىۋاتقان شېرىن سۆھبىتىنى ئۈزۈپ قويدى.

— ئۇچتۇرپاننىڭ مەزىنلىرى قالتىس ئەزان ئېيتىدىكەن، ئەزان ئاۋازى مېنى ئۇخلاتمىدى.

— ياق، ياق، يالغان ئېيتتىڭىز، — دېدى مويدىن غوجا، — توققۇزبۇلاق مۇھەببىتى سىزنى ئۇخلاتماپتۇ - دە!

— راست شۇنداق، ئەمدى تېپىۋالدىڭىز، مۇھەببەت مېنى ئۇخلاتمىدى. ئۇيقۇ مۇھەببەتسىزلەرگە يارىتىلغان. مەن قاق سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، مۇقەددەس قەلئە تېغى ئۈستىگە چىقىپ، جاراڭلىق سادا ياڭراتسام، قەلئە قوشىقىنى ئۈنلۈك توۋلىسام، پالۋان رەخمىتۇللا قايتىدىن ساۋۇت كىيىپ، ساداق ئېسىپ ئورنىدىن تۇرسا، خەلق يەنە بىر قېتىم ئويغانسا، دەپ ئارزۇ قىلىمەن.

شائىرنىڭ بۇ ۋىجدانىي خىتابى كومپوزىتور مويدىن غوجى-



نىڭ يۈرىكىگە شۇنداق تەسىر قىلدىكى، ئۇنىڭ ھەسرەتلىك كۆكسىدىن ئۇرغۇغان ياش ئۇنچىلىرى ئىككى كۆزىنىڭ چانقىدا لىغىلداپ توختىدى.

شەرقتىن قىزىل شار شەكلىدە كۆتۈرۈلۈپ چىققان قۇياش توققۇزبۇلاق باغچىسىدا ئېگىز ئۆسكەن دەل - دەرەخلەرنىڭ كۆمۇش يوپۇرماقلىرىغا ئالتۇن نۇر چېچىپ، ئاجايىپ كۆركەم قىلىۋەتكەنىدى. باغچە تەرەپتىن بىر جۈپ قارلىغاچ جەۋلان قىلىپ ئۇچۇپ كېلىپ، شائىر بىلەن كومپوزىتورنى باغقا تەكلىپ قىلغاندەك ئىككىيلەننىڭ بېشىدا توختىماي ئايلىناتتى. ئىككىيلەن توققۇزبۇلاق باغچىسىغا قاراپ ماڭدى.

باغنىڭ سول تەرىپىدە ئاسمان - پەلەك سەگە تېرەكلەر، ئوڭ تەرىپىدە سۆگەت تاللىرى ئۆسكەنىدى، بولۇپمۇ قەلئە تېغىنىڭ ئوڭ ياقىسىدا ئۆسكەن تاللار تاغ بىلەن بەسلەشكەندەك ئېگىز ئۆسۈپ، بۈك - باراقسان بوستانلىق ھاسىل قىلغانىدى. ئوتتۇرىدا توققۇزبۇلاق سۈيىدىن بەرپا بولغان چوڭ كۆل، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا راۋاق، كۆل ئىچىدە ئۈزۈپ ئويناش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان قولۋاق، قولۋاق بىلەن بەسلىشىپ ئۈزۈپ يۈرۈشكەن ئالىچىپار غازلار ۋە كۆل ياقىسىدىكى يېشىل چىمەنلىك كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى.

لۈتپۇللا بىلەن مويدىن غوجا باغچىنىڭ مەنزىرىسىنى سەيلە قىلغاچ، بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ، مەشھۇر توققۇزبۇلاق بېشىغا يېتىپ كەلدى. مەرۋايىتتەك ئۈنچىلەرنى چاچرىتىپ، ئېگىزگە ئۇرغۇپ تۇرىدىغان قاتار بۇلاقنىڭ سۇلىرى قارىغانسېرى كۆڭۈلنى ھۇزۇرلاندۇراتتى. لۈتپۇللا ئۇزۇندىن بۇيان كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ كەلگەن بۇلاقنىڭ ھەربىرىدىن سۇ ئىچىپ بولۇپ، ئاندىن شاخلىرى ھەر تەرەپكە غۇلاچ يايغان چوڭ بىر تۈپ سۆگەتنىڭ ئاستىدىكى تاش ئۈستىدە ئولتۇردى - دە، بۇلاقنىڭ قايناپ ئۆركىشىنى تاماشا قىلدى. مويدىن غوجا بولسا، كىمنىدۇر كۈت-

كەندەك، باغچىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى تەرەپكە ئىنتىزارلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— ئەنە كەلدى! — دەۋەتتى كومپوزىتور، دەرۋازىدىن كىرىۋاتقانلارنى كۆرۈپ، شادلانغان هالدا، — مانا ئەمدى بۈگۈن سەيلىمىز كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا بولاق بېشىغا پەرىشتە سۈپەت بىر بوۋاي، شەهەرنىڭ مۆتىۋەر ياشلىرىدىن ئارتۇق ئابباس، سىيىت ئابباس، ئىبراهىم مۆمىن قاتارلىق تۆت كىشى يېتىپ كەلدى. لۇتپۇللا ئورنىدىن تۇرۇپ بوۋاي بىلەن، ئارقىدىن ياشلار بىلەن كۆرۈشتى.

بوۋاي تومۇز كۈنلىرىنىڭ ئىسسىقىغا قارىماي، بېشىغا نېپىز سەرپۇش، ئۈچىسىغا سالما ياقىلىق چەكمەن چاپان، چاپاننىڭ ئىچىگە سالما ياقىلىق ماتا كۆڭلەك، پۇتىغا كەش كىيىۋالغانىدى.

بوۋاي لۇتپۇللا ۋە مويىدىن غوجا بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاستا مېڭىپ قەلئە تېغىنىڭ ئېتىكىگە يېقىن باردى ۋە قەلئەگە قاراپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ خېلى بىر ۋاقىتقىچە دۇئا قىلدى. ئۇنىڭغىچىلىك ئۈچتۇرپانلىق ياشلار بازاردىن ئاچىققان بىر سېۋەت ئۆرۈك، بىر چوڭ جاۋۇردا لىقمۇلىق گۆشگىردە، پېتىرمانتا، نان قاتارلىق نەرسىلەرنى داستىخان ئۈستىگە قويدى. بوۋاي دۇئانى تۈگىتىپ قايتىپ كەلدى. ئۇلار كۆل بويىدىكى بىر چوڭ سايىلىك تالنىڭ تېگىگە سېلىنغان پالاس ئۈستىگە يىغىلىپ، تاماق يېگەچ قىزغىن هېكايە-پاراڭ باشلىۋەتتى.

دەل شۇ روزگاردا لۇتپۇللانىڭ هارۋىكەش دوستلىرى — رۇستەم، قۇربان قىلىچ هاسىراپ-هۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى.

— ياپىرىمەي، — دېدى قۇربان قىلىچ، — بىزنى تاشلىۋېتىپ قېچىپ كېلىۋېلىپسىلەر-دە، مىڭ بىر تەسلىكتە تېپىپ كەلدۇق.

— شەيتاننىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدا، — دېدى لۇتپۇللا، —



قوپالماي ياتقان غاپىللارنىڭ بامدات نامىزى ئەلۋەتتە قازا بولۇپ كېتىدۇ، هېلىمۇ ۋاقتىدا كەلدىڭلار.

لۇتپۇللانىڭ بۇ چاقچاق سۆزى بوۋاينىمۇ كۈلدۈرۈۋەتتى.

## 3

ئۇلار پاراڭلاشقاچ ئولتۇرۇپ قورساق تويغۇزۇشۇپ بولغاندىن كېيىن مويىدىن غوجا:

— شەيخ سۇلايمان بوۋاينىڭ دىدارىغا بۈگۈن مۇشەررەپ بولالىغىنىمىز هەممىمىز ئۈچۈن چوڭ شەرەپ. سۇلايمان بوۋا كاتتا مەرىپەتپەرۋەر ئۇستاز، چوڭ مۇدەررىس، يۇرتىمىزدا ئاتاقلىق تارىخچى، داڭلىق ناتىق هەم ۋائىز، — دەپ بوۋاينى كۆپچىلىككە تونۇشتۇردى.

ئاخشام مويىدىن غوجا ئارتۇق ئابباسنىڭكىگە بېرىپ، بوۋاينى بۈگۈن مۇشۇ يەرگە تەكلىپ قىلىپ كېلىش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى.

— مەن ئۇزۇن يىللىق تارىخىي ئاسارەتىقىلەرنى كۆزەتكۈچى، هەر جايدا ئايلىنىپ يۈرگۈچى سەيياھ. گاهىدا «يەتتە قىزلىرىم»غا، گاهىدا ئاقسۇ «ئايكۆل مەۋلانەم»گە ۋە گاهىدا كونا شەهەردىكى «ئالتۇنلىرىم»غا زىيارەت قىلىمەن. قولىيازمىلارنى، كىتاب تەسنىپ قىلىمەن، چولام تەگكەن پەيتلەردە تەپسىرى بايان سۆزلەيمەن، — دەپ سۇلايمان بوۋاي ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

— بوۋا، ئۆزلىرى بۇ يىل قانچە ياشلاردا؟

شەيخ سۇلايمان بوۋاي لۇتپۇللانىڭ بۇ سوئالىغا توقسان يەتتە ياشتا، دەپ جاۋاب بەردى. ئارقىدىنلا ئۇ، مۇشۇ يېشىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تارىخىي يىلنامىلەردىن دەلىل كەلتۈرۈشكە باشلىدى:

— مەن موللا مۇسا سايرامىدىن يەتتە ياش كىچىك. ئۇ، مۇشۇ ئۇچتۇرپاندا زاكاتچى مىرزا بولۇپ تۇرغان چېغىدا، مەنمۇ يىگىرمە ياشلار چامىسىدا ئىدىم. موللا مۇسا سايرامى بوش ۋاقىت تاپسىلا، مۇشۇ توققۇزبۇلاققا كېلىپ تۇراتتى. ئۇ بۇ يەرنى «ئەۋلىيا نەزەر سالغان جاي» دەپ كۆپ تىلغا ئالاتتى ۋە پات - پاتلا كېلىپ تاۋاپ قىلاتتى. قەلئە تېغىغا قاراپ دۇئا ياندۇراتتى. ئۇ بۇ تاغنى «مەشھەتگاھ» دەپ تېۋىناتتى.

لۇتپۇللا سەگەكلىك بىلەن بوۋاينىڭ مۇشۇ سۆزىنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ يەنە ئىچكىرىلەپ:

— بوۋا، موللا مۇسا سايرامى نېمىشقا بۇ تاغقا شۇنچىۋالا تاۋاپ قىلاتتى؟ — دەپ سوئال قويدى.

— بەدەۋلەت ئاقسۇنى ئىشغال قىلىشىنىڭ ئالدىدا[1]، — دېدى بوۋاي، — پۈتۈن ئاقسۇ ۋىلايىتى كۆچا خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قولىدا ئىدى، جالالىدىن دېگەن ئادەم ئاقسۇنىڭ ئەمىر هاكىمى بولۇپ، مېنىڭ تاغام ئابدۇراخمان دادخان ئۇچتۇرپاندا خېلى چوڭ ئىدى. مەن ئۇ چاغدا ئون يەتتە ياشتا ئىدىم. تاغامنىڭ خۇسۇسىي كاتىپى مىرزا لوقمان ئاتامغا قەلئە جېڭىنى سۆزلەپ بېرەتتى. كېيىن موللا مۇسانىڭمۇ مۇشۇ ھەقتە كىشىلەردىن پاكىت سوراپ يۈرگەنلىكىنى بىلىمەن. مەن چوڭ بولغانسېرى ئۆزۈممۇ بۇ تارىخقا قىزىقىپ قالدىم. نۇرغۇن قوشاق توپلىدىم، توپلىغانلىرىمنى يادلىۋالدىم.

— ئەجدادلىرىمىزنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى، — دېدى مويدىن غوجا سوئال قويۇپ، — ئەۋلادلارنىڭ ئۇنتۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، شۇ تارىخىي ۋەقەلەردىن بىزنىمۇ خەۋەردار قىلىپ قويسىلا ئىكەن، بوۋا؟

شەيخ سۇلايمان بوۋاي ئۇلۇغ قول بارمىقى بىلەن قوشنىڭ قانىتىدەك كەڭ يېيىلىپ كۆكسىگىچە چۈشۈپ تۇرغان ئاپئاق

① بەدەۋلەت ئاقسۇنى 1864 - يىلى ئىشغال قىلغانىدى.



ساقىلىنى بىرنەچچە قېتىم تەكشى ئاراپ بولغاندىن كېيىن:

— يۇرت سورىغۇچىلارنىڭ ياخشى - يامىنىنى تارىخ سىنايدۇ، خەلق ئۆلچەيدۇ. جامائەت ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى مەدھىيىلەپ تەرىپلەيدۇ، بەزىلىرىنى بولسا قارغايدۇ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— بۇ يۇرتقا لىن شيەنجاڭ[1] دېگەن ئادىل كىشى كېلىپ، ئالۋان - ياساقنى ئۆزگەرتىپ، خەلقنىڭ دەردىگە يەتكەنىدى. ئۇ مەرىپەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلدى، ئورمان بىنا قىلدى، مۇشۇ توققۇزبۇلاقنىڭ ئورمانلىرىنىمۇ شۇ كىشى بىنا قىلغان. لېكىن بۇ يەرگە سۇ چىاڭ[2] ۋە هاكىمبەگ ئەبەيدۇللا[3] دەك قانخورلارمۇ كېلىپ يۇرتنى سورىغانىدى. ئەمما ئالەمنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىدە «ئەلقىساسۇ مىنەلھەق» دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ. باشقىلارغا ئورا كولىسا، شۇ ئورىغا ئۆزى چۈشىدۇ، مۇبادا ئۆزى چۈشمەي قالسا، ئۇنىڭ پۇشتىپاناھىنىڭ بېشىغا كېلىدۇ.

شەيخ سۇلايماننىڭ تەسىرلىك كىرىش سۆزى، ئاڭلىغۇچىلارنى قىزىقتۇرۇشقا باشلىدى. لۇتپۇللا ۋە مويدىن غوجا دەپتىرىنى ئېلىپ، يىلنامىلەرنى، ئىسىم تەزكىرىلەرنى تەپسىلىي پۈتۈپ ئولتۇراتتى. لۇتپۇللا بولسا، كېيىن چوڭ تىپتىكى تارىخىي ئوپېرا يازماقچىدى.

— ۋەقە مانا شۇنداق باشلانغانىدى، — دېدى شەيخ سۇلايمان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — قالماقلارنىڭ تېغى[4] بىلەن ئىسمايىلخان[5] نى يوقىتىپ، قەشقەردە «قورچاق پادىشاھ» بولۇۋالغان ئىشان ھەزرەت[6] نىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى قالماقلار بىلەن قو-

① لىن جىلۇ — كومپارتىيە ئەزاسى، 1940 - يىلى ئۇچتۇرپانغا شيەنجاڭ بولغان.
② سۇ چىاڭ — 1760 - يىللاردا ئۇچتۇرپاننى قاتتىق ئەزگەن مەنچىڭ ئەمەلدارى.
③ ئەبەيدۇللا — شۇ يىللاردا ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ قېنىنى شورىغان مەنچىڭ خانلىقىنىڭ هاكىمبېگى.
④ قالماقلار تېغى — جۇڭغارنى كۆزدە تۇتىدۇ.
⑤ ئىسمايىلخان — سەئىدىيە سۇلتانلىقىنىڭ ئاخىرقى سۇلتانى.
⑥ ئىشان ھەزرەت — ھىدايىتۇللا ئاپئاق غوجا (1591 — 1687) — كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

شۇپ ئىشىنكرۇ[1] يوقاتتى. ئىشىنكرۇ لەشكەرلىرى ئۇچتۇرپانغا كېلىپ ئەلانۇرخاننى ئەسىرگە ئېلىپ كەتتى. پەرىزات سۈپەتلىك بۇ قىز ئەمىر مۇھەممەتخان[2] بىلەن ئەزىم ئەزىزە پاشا خېنىمنىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئەلانۇرخاننىڭ رايىنى تارتىش ئۈچۈن پادىشاھ ئىشىنكرۇ ساراي خۇشامەتچىلىرىنىڭ پال سېلىشى بويىچە «مېۋىسى ئالتۇن، يوپۇرمىقى كۈمۈش، شېخى پولات، ھىدى ئىپار» بولغان بۇ يەرنىڭ جىگدە كۆچىتىنى سارايغا كۆچۈرۈش ئۈچۈن لەشكەربېشى سۇ چىلىك بىلەن ھاكىمبەگ ئەبەيدۇللاغا پەرمان چۈشۈردى.

ئەسلىدە، ھاكىمبەگ ئەبەيدۇللا بىلەن ئامبال سۇ چىلىك بىرلىشىپ خالىغىنىچە ئادەم ئۆلتۈرۈپ، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ، خوتۇن - قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلغانلىقىدىن، ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىغانىدى. ئۇلار خەلق ئۈستىدىكى سېلىقنى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيتىپ، خەلقنى بىر تېرە، بىر ئۇستىخانغا ئايلاندۇرغانىدى. خەلقتىن شىلىۋالغان مال - دۇنيالىرىنى لەشكەربېشى سۇ چىلىك خانبالىققا، ھاكىمبەگ ئەبەيدۇللا[3] قۇمۇلغا ساندۇق - ساندۇقلاپ ئايىغى ئۈزۈلمەي ماڭدۇرۇپ تۇراتتى.

— بۇ چاغدىكى زۇلۇم - ئوقۇبەتنىڭ چېكىدىن ئاشقانلىقىنىڭ يەنە بىر پاكىتى، — دېدى بوۋاي، — خەلقنىڭ خوتۇن، بالا - چاقىلىرى ئوچۇق - ئاشكارا تالا - تۈزگە چىقالماس بولۇپ كەتتى. خان لەشكەرلىرى ئاياللارغا خالىغانچە باسقۇنچىلىق قىلاتتى. گاھىدا «يامۇلدا زىياپەت قىلىش» نامى بىلەن ئاياللارنى مەجبۇرىي تۇتۇپ كېلىپ، ھەپتىلەپ - ئايلاپ قوندۇرۇۋېلىپ

① ئىشىنكرۇ — مانجۇ پادىشاھلىرىنىڭ فامىلىسى. بۇ يەردە پادىشاھ چيەنلوڭ (1711 — 1799) كۆزدە تۇتۇلغان. چيەنلوڭنىڭ ئۆز ئىسمى ئىشىنكرۇ خۇڭراي ئىدى.

② ئەمىر مۇھەممەتخان — سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سەردارى، ئىسمايىلخاننىڭ ئىنىسى بولۇپ، ئاپئاق خوجا ئۇنى ئۇچتۇرپانغا قوغلىۋەتكەن.

③ ئەبەيدۇللا — قۇمۇل ۋاڭى ئابۇسوپىنىڭ ئىنىسى ئىدى.



ئۆيىگە قايتۇرمايتتى. ئەرلىرى زەردىگۇش بولۇپ، نومۇس كوچىدە باش كۆتۈرەلمەي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالاتتى. ھاكىمبەگ ئەبەيدۇللا ۋىجدانسىز دەللال بولۇپ، بۇ ئاياللارنى سۇ چىلىك باشلىق كىشىلەرنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىغا يول ئېچىپ بەرگەنىدى. خەلق ئىچىدە ئىناۋەتلىك ۋە جىگەرلىك رەھمەتۇللانىڭ گۈلزادە ناملىق چىرايلىق ئايالىنى يامۇلدا ئايلاپ قوندۇرۇۋېلىپ قويۇپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، رەھمەتۇللانىڭ ۋىجدانى چىدىماي، يۈرىكى ئۆرتىنىپ، قان - زەردابقا تولۇپ، پارتلاش پۇرسىتىنى كۈتمەكتە ئىدى. دەل شۇ چاغدا سۇ چىڭنىڭ ئەركە - نايناق ئوغلى سۇلۇڭ بەگچەك بىلەن ھاكىمبەگ ئەبەيدۇللانىڭ بايۋەچچىسى كامال تاماشا ئۈچۈن ئاقسۇغا كېتىۋېتىپ، ئاچا تاغقا كەلگەندە، يول بويىدىكى كۆلگە قاپاق كۆتۈرۈپ سۇغا چىققان بىر بوزچىنىڭ قىزى ئانارگۈلنى كۆرۈپ قالىدۇ - دە، بېرىپ قىزنىڭ ئالدىنى توسىدۇ. سۇلۇڭ قىزنىڭ بىلىكىگە ئېسىلىپ، يول تەرەپكە تارتىدۇ. ئانارگۈل قارشىلىق كۆرسىتىپ، سۇلۇڭ بىلەن كامالنىڭ يۈزىگە تۈكۈرىدۇ. سۇلۇڭ قىزنىڭ بىلىكىنى تۇتۇۋالغىنىچە قويۇۋەتمەي، ئۇنى مەجبۇرىي ئېلىپ ماڭماقچى بولىدۇ. قەھرىمان قىز كۈچىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي جۈمە نامىزىدىن قايتقان جامائەت ۋە بىر تۈركۈم ياشلار ئۈلگۈرۈپ كېلىپ، ئانارگۈلنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش بىلەن بىرگە، سۇلۇڭ بىلەن كامالنى تۇتۇۋېلىپ دۇمبالايدۇ. ئېغىز - بۇرنى قانغا بويالغان بۇ ئىككى بەگچەك مەسچىت ئىمامىنىڭ سالا - سۆلھىسى بىلەن قۇتۇلۇپ، شەھەرگە تىكىۋېتىدۇ. بۇ ۋەقە رەھمەتۇللانىڭ تېخىمۇ غەزىپىنى قوزغايدۇ. چۈنكى ئانارگۈل بولسا رەھمەتۇللانىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئامانۇللانىڭ سۆيگىنى ئىدى. ئامانۇللا بولسا مۇشۇ مەھەللىدىكى بىر داڭلىق تۆمۈرچىدىن ھۈنەر ئۆگىنىپ يۈرۈپ ئانارگۈل بىلەن مۇھەببەت باغلىغانىدى. ئۇلارنىڭ تويى «قومبۇلۇك» سەيلىسى باشلانغاندا بولماقچى بو-

لۇپ قارار تېپىشقانىدى. جەڭگەرلىك ئاشىق - مەشۇقلار بۈگۈن
يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ ئاقىۋىتىنى سەگەكلىك بىلەن مۆلچەرلەپ،
ئەتراپىغا قىران ياشلارنى تەشكىللىدى ۋە قىلىچ - ئورغاق،
پالتا - كەكە، كالتەك - چوماقلار بىلەن قوراللاندى. خان
لەشكەرلىرىنىڭ ئۈچ ئېلىشىغا قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن،
ئامانۇللا بىلەن ئانارگۈل ئۆز كىشىلىرىنى باشلاپ شۇ كۈنى تۈن
كېچىدە «قولتۇق» تاغلىقىغا چىقىپ كەتتى.
ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتى سۇ چىڭ بىلەن ھاكىمبەگ ئەبەيدۇل-
لانى ساراسىمىگە چۈشۈرۈپ قويدى. ئەتىسى خانبالىقتىن ئۇزۇن
يوللۇق پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن «جەڭدە كۆچۈرۈش» توغرى-
سىدىكى جىددىي پەرمان يېتىپ كەلدى - دە، خاننىڭ بۇ يارلىقى-
نى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، سۇچىڭ بىلەن ئەبەيدۇللا سۈيىقەست
ئويلاپ چىقىپ، رەخمىتۇللا بىلەن ئامانۇللا ئاتا - بالا ئىككىيلەن-
نى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىپ، بۇيرۇق چۈشۈردى. سۇ چىڭ
بىلەن ئەبەيدۇللانىڭ قورسىقىدىكى خام چوت ئاتا - بالىنى يولغا
سېلىۋېتىپ، ئۇلارنى ئارغىمبۇلاق چۆللۈكىدە قەتل قىلىپ گۈلزا-
دە بىلەن ئانارگۈلنى تارتىۋېلىش ئىدى. زېرەك ئامانۇللا بىلەن
ئانارگۈل بۇ زەھەرلىك قاپقانغا چۈشۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئاقتو-
قايدىن رەخمىتۇللاغا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش توغرىسىدا مۇراجىئەت
قىلىپ تۆۋەندىكى خەتنى يازدى:

قارا تاشلار زار يىغلايدۇ،
باشقا چۈشكەن دەردلەرگە.
سەركەردە بولۇڭ ئەمدى،
جاندىن تويغان خەقلەرگە.

جىگدىلىكتىن جەڭ باشلاپ،
شېھىت بولساق ئارمان يوق.



بۇندىن ئارتۇق چىدارغا،
ئەمدى بىزدە دەرمان يوق.

ئاقتوقاينىڭ سېيىدا،
سەلدەك ئاقسۇن قېنىمىز.
ئەركىنلىك دەپ جان بەرسەك،
سۆيۈنمەمدۇ جېنىمىز.
......

سۇلايمان بوۋا سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ھاياجانلىنىپ
بىر پەس توختىۋالدى. ۋاقىت چۈش بولغانىدى. سىيىت ئاباس
سېۋەتتىكى ئۆرۈكنى توققۇزبۇلاقنىڭ مۇزدەك سۈيىدە يەنە بىر
قېتىم چايقاپ كەلدى. ئارتۇق ئاباس ھېجىرلاردا بولاق سۈيىنى
سوزۇپ كەلتۈردى، ئوقۇتقۇچى ئىبراھىم مۇمىن يىگىدىن ئەكەل-
گەن گۆش، ياغلىق نانلارنى داستىخان ئۈستىگە يايدى. ئۇلار
ئارام ئېلىشقاچ قورساق تويغۇزۇشتى.

× ×

— شۇنداق قىلىپ، — دېدى سۇلايمان بوۋا چۈشلۈك غىزا-
دىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئوت تۇتىشىدىغان
سائەت يېقىنلاشماقتا ئىدى. 1765 - يىل 2 - ئاينىڭ 14 -
كۈنى ئاخشىمى جىگدە كۆچەتلىرىنى نەچچە يۈز ياغاچ تۇڭلارغا
قاچىلاپ، ئەتىسى تاڭ سەھەردە قوزغىلىش ئۈچۈن توپلانغان ھا-
شارچىلار ۋە ئۇلارنى ئۇزىتىش ئۈچۈن كەلگەن نەچچە مىڭلىغان
قېرى - ياش، ئەر - خوتۇن دېھقانلار كۆز يېشى قىلىشىپ
تۇرغانىدى. ئۇلار يىغىلغان چوڭ مەيدان ئوتتۇرىسىغا قامەتلىك،
قەيسەر بىر كىشى زەبەردەس دەسسەپ كېلىپ، ئوت چاقناپ

تۇرىدىغان ئۆتكۈر كۆزى بىلەن ھەسرەتلىك قان - ياش تۆكۈۋاتقان قېرىنداشلارنىڭ پەرىشان يۈزلىرىگە تەكشى نەزەر تاشلىدى.

بۇ كىشى ئېگىز بوي، قامەتلىك، بۇغداي ئۆڭلۈك، قاڭشارلىق، كەڭ ساقال، بېشىغا قارا سەرپۇش، ئۇچىسىغا جىگەر رەڭ چەكمەندىن پەشمەت كىيگەن، بېلىنى قىزغۇچ ماتا بەلباغ بىلەن چىڭ باغلاپ، بەلباغنىڭ ئۇچىنى قىسقا قىلىپ ساڭگىلىتىپ قويغان قەھرىمان سەركەردە رەخمىتۇللا ئىدى. ئۇ خەلق ئالدىغا كەلگەندە ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ھاياجان ئىچىدە قاراپ تۇراتتى.

«قېرىنداشلار! بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ بېشىمىزغا چۈشۈۋاتقان زۇلۇم - كۈلپەتكە سايدىكى قارا تاشلارمۇ نالە قىلىشماقتا. بېشىمىزغا كېلىۋاتقان بۇ ئېغىر زۇلۇمغا قول قوشتۇرۇپ ‹لەببەي، دەپ تۇرىۋېرىمىزمۇ؟! ياق، ياق، ئەمدى تاقىتىمىز تاق بولدى، سەۋر - تاقەت چېكىگە يەتتى! بۈگۈندىن باشلاپ مەن سىلەرگە سەركەردە! بىز ئاتلىنايلى! جىگدە قاچىلانغان مالتاقلارنى ئۇرۇپ چېقىڭلار! قولۇڭلارغا ئورغاق، پالتا، توقماق - چوماق ئېلىڭلار! قېنى، ئەي يۈرەكلىرى زەرداب بولغان قېرىنداشلىرىم! قەلئەگە قاراپ ئاتلىنايلى! ئالغا!...» دېدى رەخمىتۇللا خىتاب قىلىپ.

رەخمىتۇللا ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جان - جەھلى بىلەن ۋارقىراپ خىتاب قىلاتتى، قەھر - غەزىپى تېشىپ تۇرغان دېھقان يىگىتلەر شۇئان ئاۋاز قوشۇپ، ھەرىكەتكە ئۆتتى، جىگدە قاچىلانغان ھەممە مالتاق - تۆڭلەر تامامەن چېقىپ تاشلاندى. قولىغا ئاياق - توقماق ئالغان قوزغىلاڭچىلار شۇ كېچىدىلا بىر تۈمەنگە يەتتى. دۇنيادا ‹جىگدە يېغىلىقى› دەپ يېگانە نام ئالغان شانلىق قوزغىلاڭ ئىسپىيشەپ بىلەن ئەنە شۇنداق داغدۇغىلىق باشلىنىپ كەتتى.

ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ بۇ ئۇلۇغ قوزغىلىڭىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا بىر پېشقەدەم شائىر مۇنداق نەزم يازغانىدى:



ئىلاھىم بەندىلەرنى مۇڭغا سالدى،
كۆچۈردى جىگدىلەرنى تۆڭغا سالدى.
تېگىپ باشقا ھەمىشە ئاياق - توقماق،
يېرىپ تەننى تۆمۈر دەررە بىلەن چوقماق.

زۇلۇم ئاشتى، ھاشار - ئالۋان كېلىپ تېز،
ئاياغ ئاستى قىلىندى كۆپ خوتۇن - قىز.
تۈگەپ تاقەت، ئۇنىڭغا سەۋر - ئىمكان،
دېدۇق بولسۇن، پىدا بۇ جان، تۆكۈپ قان.

— رەخمىتۇللا سەركەردە، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى بوۋاي، — دېھقانلارنى تەشكىللەپ ئۈچ چوڭ لىنىيە بويىچە قەلئەگە قاراپ ھۇجۇمغا ئاتلاندى. ئۆزى باشچىلىق قىلغان نەچچە مىڭ دېھقان تومشۇق تېغىدىن تاكى قۇمبۇلۇڭ ئەتراپىغا قەدەر جەڭگىۋار سەپ تۈزدى، چوڭ ئوغلى ئەسمىتۇللا قەلئە تېغىنىڭ غەربىي شىمالىدا — ئوتتېيشى يېزىسىنىڭ شىمالىدا ئىستىھكام قۇردى، قەلئەنىڭ شەرقى ۋە توققۇزبۇلاق ئەتراپىغا ئامانۇللا بىلەن ئانارگۈل باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. پۈتۈن ئۇچتۇرپان يېزىلىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. پەقەت ئامبال مەھكىمىسى — قەلئە ئىچىلا مۇھاسىرىدە تۇراتتى. خان لەشكەرلىرى جېنىنىڭ بارىچە جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى.

— تاڭ سۈزۈلۈشىنىڭ ئالدىدا — دېدى بوۋاي، قولى بىلەن ئۇدۇلدىكى قەلئە تېغىنى ئىشارە قىلىپ، — تاغ ئۈستىگە توساتتىن چىراغ يورۇقى پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ئامانۇللا بايقىۋالدى. بىردەمدە ئارغامچىغا سىيرۇلدۇرۇپ ئىككى ئايال پەسكە تاشلاندى، ئاياللار شەپە چىقارماي سىپىلنىڭ تېمىنى بويلاپ مېڭىپ ئورمان ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. ئامانۇللا بىلەن ئانارگۈل

وە ئۇلار يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان زەربىدار كۆچلەر توققۇزبۇلاق دەرۋازىسى سىرتىدا ئاياللارنىڭ سىرتقا چىقىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

تاڭ ئېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەن ھېلىقى ئىككى ئايال ئورمانلىقتىن يېنىك قەدەم تاشلاپ، توققۇزبۇلاق دەرۋازىسى ئالدىغا چىقتى - دە، ھودۇقۇپ ئەتراپقا قارىشىپ بىردەم گاڭگىراپ تۇرۇشتى، ئاندىن ئۇلار شىمال تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ غەربىي تۈگمەنلىككە چۈشۈۋېلىپ، غىپپىدە تىكىۋەتمەكچىدى. ئەھۋالنى زېرەكلىك بىلەن بايقاپ تۇرغان ئانارگۈل بىلەن ئامانۇللا ئاتلىق بېرىپ ئاياللارنىڭ ئالدىنى توسۇدى.

«توختا!» دېدى ئانارگۈل ئۈنلۈك ۋارقىراپ.

ئاياللار ئىزىدا توختىدى ۋە ھودۇقۇش كۆزلىرىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن باشلىرىغا يۆگىۋالغان ئاق چۈمبەلنى چۈشۈرۈپ ھەر ئىككىسىلا يۈز - كۆزىنى يۆركىۋالدى.

«يۈزۈڭنى ئاچ!» ۋارقىرىدى يەنە ئانارگۈل.

بۇلاردىن ياشراقى لاغىلداپ تىترەپ، خۇددى بەزگەكتەك لاغىلدايتتى. ئۇلارنىڭ ئىككىسىلا يۈزىنى ئاچقىلى ئۇنىمىدى. ئانارگۈل قولىدىكى نەيزە بىلەن ئاياللار ئارتىۋالغان چۈمبەلنى چۆرۈۋەتتى، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئايالچە گىرىم قىلىپ چىققان ئەر ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ قالدى. دېھقان قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنى ئارغامچا بىلەن چېتىپ باغلاپ ئالدىغا سېلىپ ماڭدى ۋە تاڭ سۈزۈلگەن روزگاردا ئۇلارنى ھەيدەپ رەخمىتۇللانىڭ قومبۇلۇڭ يېنىدىكى چېدىر - بارگاھىغا ئاپاردى. ئەتىسى كۈن چىققاندا جادۇگەرلەرنىڭ ئەپت - بەشىرىسى خەلقئالەم ئالدىدا تولۇق ئېچىلدى.

رەخمىتۇللانىڭ چېدىر - بارگاھى ئالدىدىكى تۈزلەڭ يەرگە ئېگىز سەھنە ياسالدى - دە، جادۇگەرلەر سوراققا تارتىلدى. تۈمەنلىگەن ئەر - ئايال دېھقان قوزغىلاڭچىلار ئوڭ قولىغا



قورال، سول قولىغا جىگدە شېخىدىن ساپ قىلىپ ياسالغان قىزىل شەلپەر بايرىقىنى كۆتۈرۈشۈپ سوراق مەيدانىغا توپلانماقتا ئىدى. تۇمشۇق تېغىدىن تاكى ئاقتوقاي تېغىغىچە قىزىل بايراقلار قادالغان بولۇپ، بۇ بايراقلار ئەتىيازنىڭ مەيىن شامىلىدا غالىبانە لەپىلدەپ تۇراتتى. رەخمىتۇللانىڭ چېدىر - بارگاھى ئالدىدا ناغرا ۋە بارابان چېلىنىپ، جەڭگىۋار قوزغىلاڭچىلارغا ئىلھام ۋە كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلايتتى.

سىڭلىغان ئۇسمۇر - باللار سەھنىدە تۇرغۇزۇپ قويۇلغان جادۇگەر «ئاياللار»نى مەسخىرە قىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن چۇقان سېلىشاتتى، باللار ئۇلارنى ئاللىقاچان تونۇۋېلىشقانىدى. ئۇلارنىڭ بىرى قانخور ھاكىمبەگ ئەبەيدۇللا، يەنە بىرى ئامبال سۇ چىلىڭ دارېننىڭ ئوغلى كازراپ سۇلۇن بەگچەك ئىدى.

ئاخشام ئامبال مەھكىمىسى مۇھاسىرىگە ئېلىنغاندىن كېيىن، كىرىۋېلىشقا چاشقان تۆشۈكى تاپالماي پەرىشان بولغان سۇچىلىڭ كېچىچە ھاكىمبەگ ئەبەيدۇللانىڭ ساقال - بۇرۇتىنى پاكىز قىردۇرۇپ، قېشىغا كۆك ئوسما قويغۇزۇپ، خوتۇنىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىندۈرۈپ، گىرىم قىلدۇردى. ئوغلى سۇلۇنغىمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ گۈللۈك شاتىۋار كۆڭلەك - ئىشتانلىرىدىن تاپتۇرۇپ كېلىپ كىيىندۈردى ۋە ئوسما بىلەن ئۇنىڭغىمۇ قاش - كىرپىكلىرىنى چاناس قىلىپ، پەرداز قىلدۇردى. ئارقىدىن سۇ چىلىڭ ئۈچ پارچە جىددىي «قۇتۇلدۇرۇش» تەلىپىنى قويۇپ، كورە جياڭجۈنىگە ھەم قەشقەر، ئاقسۇدىكى خان لەشكەرلىرىگە ئىلتىماسنامە يېزىپ، ئەبەيدۇللا بىلەن سۇلۇن كىيگەن شاتىۋار تامبالنىڭ يانپاش تەرىپىگە تىكىپ جايلاشتۇرۇپ، ئاندىن ئۇلارنى تاڭ سۈزۈلۈش ئالدىدا قەلئە تېغىدىن ئارغامچا بىلەن سىيرىلدۇرۇپ چۈشۈرگەندە جادۇگەر تۈلكىلەر قويرۇقىدىن ئىلىنىپ قالدى.

— خەلق سوتى باشلانغاندا، — دېدى بوۋاي، — ئۈچتۇرپان

ئىماملىرىم يېزىسىدا تۇرۇشلۇق چوڭ مۇدەررىس ئىمام نىزامىددىن رەببانى ئوتتۇرىغا چىقىپ ھۆكۈم جاكارلاپ:

«، شەرىئەت ئىزدىسەڭ ئۆلتۈر يىلاننى، تەرىقەت ئىزدىسەڭ ئاغرىتما جاننى»، بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغان جادۇگەرلەر — قان - قەرزگە بوغۇلغان ئەشەددىي قانخورلار، زەھەرلىك چايانلاردۇر، ئۇلار يەنە قان تۆكمەكچى، يەنە خۇن ئىچمەكچى، مانا قاراڭلار، ئۇلار ئاچىققان مەخپىي خەتنى» دېدى.

نىزامىددىن رەببانى جادۇگەرلەرنىڭ يېنىدىن ئاختۇرۇپ تېپىلغان خەتنى جامائەت ئالدىغا جانلىق پاكىت قىلىپ يايدى. بۇ خەتتە خان لەشكەرلىرىنىڭ ئوچتۇرپان خەلقىنى قىرىشقا تېز ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىنغاندىن تاشقىرى، خەلق قوزغىلاڭچىلىرى «ئوغرىلار» دەپ ھاقارەتلەنگەنىدى. پۈتۈن قوزغىلاڭچىلار ئىككى جادۇگەرگە كېچىكتۈرمەي ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىشتى. مۇدەررىس نىزامىددىن رەببانى جادۇگەرلەرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى.

نەچچە مىڭلىغان قوزغىلاڭچىلار ئىككى جادۇگەرنى ئالدىغا سېلىپ، سازايى قىلىپ ماڭدى ۋە ئوتتىبېشى يېزىسىنىڭ غەربىدىكى بىر سايلىققا ئاپىرىپ ھۆكۈم ئىجرا قىلىندى.

چۈشتىن كېيىن قەلئەگە شىددەتلىك ھۇجۇم باشلاندى. ئامبال سۇ چىڭ قەلئە تېمىغا چىقىپ كۆزىتىپ، ھاكىمبەگ ئەبەيدۇللا بىلەن سولۇننىڭ قوزغىلاڭچىلار قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكىنى سېزىۋالدى - دە، ئىستىقبالىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزۈپ، قەلئە ئىچىدە ئۆسكەن بىر تۈپ ئېگىز سۆگەتنىڭ شېخىغا ئارغامچا سېلىپ ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى. قەلئە ئىچىگە مۆكۈنۈۋالغان خان لەشكەرلىرىمۇ ئىلاجسىزلىقتىن قاتتىق ۋەھىمە ئاستىدا قېلىپ، يامۇل مەھكىمىسى يېنىدىكى قورال - ياراغ، ئوق - دورا ئىسكىلاتىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، ئىسكىلاتنى پارتلىتىش يولى بىلەن ھەممىسى ھالاك بولدى.



بىرەر سائەت ئۆتەر - ئۆتمەي قوزغىلاڭچىلار ناغرا - سۇناي، داقا - دۇمباق سادالىرى ئىچىدە قەلئەنى ئۆز قولىغا ئالدى.

× ×

— 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئەتىگەندە، — دېدى بوۋاي، — رەخمىتۇللا «ئوتتىبېشى» دىكى چېدىر - بارگاھىدا ئىنتايىن ھاياجان ئىچىدە ئامانۇللا بىلەن ئانارگۈلنى كۈتۈۋالدى:

ئانارگۈل — سۈزۈك بۇغداي ئۆڭلۈك، ئىنچىكە قارا قاش، يۇمىلاق يۈز، ئىككى مەڭزى قىپقىزىل، بىر جۈپ قاپقارا ئاھۇ كۆزىدە يېقىملىق ۋە جاسارەتنىڭ نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان جەسۇر قىز بولۇپ، بۈگۈن ئۇ قۇندۇزدەك قارا سەككىز تال ئۆرۈمە چېچىنى بېشىغا يۆگەپ، ئۈستىدىن قىپقىزىل تاۋار ياغلىق ئورىۋالغانىدى. ئۇچىسىغا جىگدە پوستى رەڭگىدە كالتە نېپىز چاپان كىيىپ، ئۈستىدىن كەمەر باغلىغان ۋە ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا سەللا چىشلىتىپ تۇرغۇدەك قىلىپ، بىسى پارقىراق كالتە قىلىچ ئېسىۋالغانىدى. ئۇنىڭ بوي - تۇرقىغا، سىيمىزمۇ، ئورۇقمۇ ئەمەس بەدەن قۇرۇلۇشىغا ئاددىي قوزغىلاڭچىلار كىيىمى بەكمۇ ياراشقانىدى.

«رەھمەت، جىگەرلىك بالىلىرىم» دېدى رەخمىتۇللا پالۋان ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە بىر قولىدا ئامانۇللانىڭ پېشانىسىنى، بىر قولىدا ئانارگۈلنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ، — پۈتۈن ئوچتۇرپان خەلقى، پۈتۈ ۋىجدانلىق ئىنسانلار بۈگۈن سىلەرنى تەبرىكلەيدۇ.

رەخمىتۇللا ئارقىدىن چېدىرنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغان — بېشىغا چوڭ داستار يۆگەكلىك ئالىم نىزامىددىن رەببانىنى نىكاھ ئوقۇشقا تەكلىپ قىلدى. نىكاھ رەسمىيىتى تۈگىگەندىن كېيىن، ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ «باتۇرلارنىڭ تويىغا مۇبارەك!» دەپ

بىر ئېغىزدىن تەبرىكلەشتى.

چېدىر - بارگاھنىڭ سىرتىدا ناغرا - سۇناي، داقا - دۇمباق، نەغمە - ناۋا سادالىرى ياڭرىدى. بۇ ئىككى قەھرىمان كۈرەش غەلىبىلىرى ئىچىدە مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىشتى.

— رەھمىتۇللا باشلىق خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئالدىدا، — دېدى شەيخ سۇلايمان بوۋاي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — تېخى قىيىنچىلىق كۆپ ئىدى، ئۇچتۇرپاننى مۇداپىئە قىلىشتىن باشقا، ئەتراپ رايونلاردىكى خەلقنى قوزغىتىش ئۈچۈن كۈچ ئەۋەتىش لازىم بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ مەۋسۇم دەل ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋاقتى بولۇپ، يەرلەرنى ئاق تاشلىۋېتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. رەھمىتۇللا ئۇچتۇرپاننىڭ ئەتراپىنى قوغداش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بىللە ئۆزى بىۋاسىتە ساپان تۇتۇپ، دېھقانلار بىلەن بىللە ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا كىرىشتى. ئۇ، يامۇل مەھكىمىسىگە كۆچۈپ كىرمەي، يەنىلا يېزىدىكى چېدىر - بارگاھىدا يېتىپ - قوپۇپ، دېھقانلاردىن ئايرىلمىدى، ئۆزىنى خەلقتىن ئۈستۈن قويمىدى، لېكىن تېرىلغۇ ئالدىراشلىقى ئاخىرلاشقان بىر كۈنى چۈش مەھەلدە چېدىر - بارگاھىغا ئىمام نىزامىددىن رەببانى ۋە يۇرت بەگلىرىدىن سابىر، شېرىپ قاتارلىقلار كىرىپ كەلدى. رەھمىتۇللا ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، تۆرگە باشلىدى، ئالدىلىرىغا ئاش تارتتى. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، سابىر بىلەن شېرىپ تەڭلا نىزامىددىن رەببانىغا كۆز قىسىپ بېشارەت قىلدى. ئۇلار بۈگۈن چېدىر - بارگاھقا ئالدىن سۆز پىشۇرۇپ، بامەسلىھەت كېلىشكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولۇپ تۇراتتى.

مۇدەررىس ئىمام نىزامىددىن رەببانى قولىدىكى قىزىل كۆن جىلدلىق بىر چوڭ كىتابنى ئېچىپ، ئاۋۋال ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تۆۋەندىكى رۇبائىيسىنى ئوقۇدى:



ئىلاھا، پادىشاھا، كەردىگارا،
ساڭا ئاچتۇق نىھانۇ ئاشكارا؛
قاچانكىم زاھىر ئەتسەڭ تەنەززۇلمۇلك،
ئىسكەندەر[①]نىڭ بولۇر مەغلۇبى دارا[②].

ئارقىدىن نىزامىددىن رەببانى بۇ رۇبائىينى شەرھلەپ:

— غەلىبە تەنتەنىلىرىمىز سەلتەنەتنى چەتكە قاقمايدۇ، تەڭرىم ئۆزلىرىنى غەلىبە لىباسلىرى بىلەن كىيىندۈردى، سەلتەنەت تاجىغا مۇيەسسەر قىلدى. دارا مەغلۇپ بولغاندا ئىسكەندەرنىڭ سەھرا چېدىرىدا يېتىپ - قوپۇشى، تاج - تەخت ياساتماسلىقى شان - شەۋكەتكە مۇخالىپ ۋە ئەقەللىي نامۇناسىپتۇر، — دەپ مەقسىتىنى بايان قىلدى.

— مەن دېھقانلاردىن ئايرىلالمايمەن، مېنىڭ شاھلىقتىن ھەم تەمەيىم يوق، بىزنىڭ كۈرىشىمىز شاھلىق ئۈچۈن ئەمەس، ئادالەت، تەڭلىك ئۈچۈن بولغان كۈرەش، ئۇنىڭ ئۈستىگە خان لەشكەرلىرى ئەتراپىمىزنى قورشاپ كېلىۋاتىدۇ، بىز مەنسەپ كويىدا بولماي، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، دېھقانلار بىلەن يەمەك - ئىچمەكتە بىللە بولۇپ، ئالدىمىزدىكى قىيىنچىلىققا تاقابىل تۇرۇشىمىز لازىم، — دېدى رەھمىتۇللا پالۋان دەرھال نىزامىددىن رەببانىغا جاۋابەن.

رەھمىتۇللا پالۋان ئۆزىنىڭ سۆزىگە سابىر بىلەن شېرىپ قايىل بولماسلىق پوزىتسىيىسىدە بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى بولغاي:

— مانا قاراڭلار، قولىمىزدا پاكىت بار، ناشتۇڭ[③]ھازىر

---

① ئىسكەندەر — ئالېكساندىر ماكادونىسكى (مىلادىيەدىن بۇرۇن 356 — 323) — يۇنان سەركەردىسى. شەرقتە ئۇ «ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن» دەپ نام ئالغان.
② دارا (مىلادىيەدىن بەش ئەسىر بۇرۇن) — ئىران شاھى. ئۇنىڭ نەۋرىسى دارا III ئالېكساندىر ماكادونىسكى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغان.
③ ناشتۇڭ — قەشقەر ئامبىلى ۋە شۇ يەردىكى لەشكەر بېشى.

قەشقەر تەرەپتىن نۇرغۇن لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتىدۇ. بەن تا.
خەي[1]بولسا ئاقسۇ تەرەپتىن خان لەشكەرلىرىنى باشلاپ يولغا
چىقتى. ئۇلار پات يېقىندا يېتىپ كېلىدۇ. بىز شاھلىق ـ
پاھلىق دېگەن گەپلەرنى خىيالىمىزغا كەلتۈرمەسلىكىمىز، ھا.
زىردىن باشلاپ كۈرەشكە تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشىمىز
لازىم، ــ دەپ ئۇلارغا دەلىل ـ ئىسپات قويۇپ بەردى.
رەخمىتۇللانىڭ مۇشۇ سۆزىدىن كېيىن، نىزامىدىن رەببانى
ۋە سابىر بىلەن شېرىپ جىم بولۇپ قالدى ۋە رەخمىتۇللا بىلەن
خوشلىشىپ قايتىپ كېتىشتى.
رەخمىتۇللا قوزغىلاڭچىلارنى ئىككى سەپكە تەقسىم قىلىپ
تەشكىللەپ، ئۇرۇشقا جىددىي تەييارلىق قىلدى. ئارىدىن بىر ئاي
ئۆتكەندى، ئۇرۇش شەرق ۋە غەرب تەرەپتە تەڭلا باشلاندى.
رەخمىتۇللانىڭ چوڭ ئوغلى ئەسمىتۇللا باشچىلىقىدىكى قوزغى.
لاڭچىلار باشئاقما دېگەن جايدا قەشقەردىن تاغ يولى بىلەن كەلگەن
خان لەشكەرلىرىگە توسۇپ زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن
قورال ـ ياراغلىرىنى قولغا چۈشۈردى. رەخمىتۇللانىڭ ئىككىن.
چى ئوغلى ئامانۇللا بىلەن ئاناركۆل باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى.
لار «خاندى» دېگەن يەردە ئاقسۇدىن كەلگەن خان لەشكەرلىرىنى
تارمار قىلدى. ئىككى سەپتىكى ئۇرۇش بىر ھەپتە ئىچىدە غەلىبە
بىلەن ئاياغلاشتى. غالىب قوزغىلاڭچىلار مۇشۇ ئىككى سەپتىكى
جەڭ غەلىبىسىدىن خۇشال بولۇپ، تۆۋەندىكى قوشاقنى ئوقۇپ
يۈرۈشەتتى:

باشئاقمىنىڭ يېنىدا،
ئاشتۇڭنى مات قىلدۇق.
بەن تاخەينى خاندىدا،
تۇغقۇلغانغا داد قىلدۇق.

[1] بەن تاخەي — ئاقسۇ ئامبىلى ۋە شۇ يەردىكى لەشكەر بېشى.



مۇشۇ جەڭدىن كېيىن رەخمىتۇللا پۈتۈن تۇمۇرچى ئۇستىلا.
رنى قىلىچ ـ نەيزە ۋە مىلتىق ياساشقا تەشكىللىدى؛ يېزىمۇيېزا
يۈرۈپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىمۇ چىڭ تۇتتى. ئاقسۇ، كۇچا
خەلقى بىلەن جىددىي مۇناسىۋەت باغلاپ، ئاقسۇ رايونىدا قوزغىلا.
ڭ تەييارلىقى قىلىپ قويغانىدى. لېكىن قاتتىق تەشۋىشكە چۈش.
كەن ئىشتىكرۇ كۈرە جياڭجۈنى مىنرۈي بىلەن ئىشتىكرۇ ئاگۇي.
نى ئون مىڭدىن ئارتۇق خان لەشكەرلىرىگە قوماندان قىلىپ،
ئىلىدىن ئۇچتۇرپانغا ئەۋەتتى. رەخمىتۇللا پالۋان ۋەقەدىن ئالدىن
خەۋەر تېپىپ، جىددىي مۇداپىئە كۆرۈشكە كىرىشتى. بۇ قېتىم
كېلىۋاتقان خان لەشكەرلىرىنىڭ قورال ـ جابدۇقتا خىل ۋە
مۇنتىزىم، سان جەھەتتىنمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى پالۋان ئالدىنئالا
مۆلچەرلىدى، لېكىن ئۇ كىنىدىك قېنى تۆكۈلگەن ئەزىز تۇپراقتا
بىر تامچە قېنى قالغۇچە جەڭ قىلىشقا بەل باغلىدى. خەلقنى
ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپ، ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشقا قەتئىي ئۇنىمى.
دى، شۇڭا ئۇ، ئۇچتۇرپاننى تاشلاپ، سەپەرۋاي تەرەپكە ياكى
يامانسۇ ئارقىلىق توقماق ۋە ئاق پېشىن[1]تەرەپكە چېكىنىپ كې.
تىش توغرىسىدىكى پاسسىپ پىكىرلەرنى قەتئىي رەت قىلدى.
قەلئە تېغى ۋە سېپىل ئەتراپىغا بىر كىلومېتىر يىراقلىقتىن
ئايلاندۇرۇپ چوڭقۇر لەخمە كولاتقۇزدى. سېپىل ئاستىدىن تو.
نىل قازدۇرۇپ، لەخمىلەر تۆت تەرەپتىن سېپىل ئىچى بىلەن
تۇتاشتۇرۇلدى. قەلئە ئىچىگە بىر تۈمەن كىشى ئالتە ئاي يېگۈ.
دەك ئاشلىق توپلاندى. يازلىق يىغىم ئاياغلىشىشى بىلەن تەڭ خان
لەشكەرلىرى ئۈچ تەرەپتىن يېتىپ كەلدى.
شەيخ سۇلايمان بوۋاي سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئاسما.
غا بىر قارىدى ـ دە، كۆزىنىڭ غەرىبكە قىيسىيىپ، پېشىن مەھەلى
بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. بوۋاي ئىككى قولىنى كۆتۈ.

[1] ئاق پېشىن — قەدىمكى بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ئەترابى.

رۇپ، دۇئا باشلىدى ۋە دۇئا ياندۇرۇپ بولۇپ، ئورنىدىن تۇرغان
پېتى قەلئە تېغى يېنىدىكى بىر تۈزگە سالما ياقىلىق چەكمەن
چاپىنىنى سېلىپ، پېشىن نامىزى ئۆتەشكە كىرىشتى.
لۇتپۇللا مۇتەللىپ كىچىك دەپتىرىگە يېزىۋاتقان تارىخىي
خاتىرىلىرىنى بېشىدىن بىر قۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن:
— بوۋاينىڭ ھېكايىسى تېخى ئاياغلاشمىدى. «قۇمبۇلۇڭ»
سەيلىسى بۈگۈن بىزگە ئازادىلىك يارىتىپ بەردى. بۈگۈنكىدەك
دەرسكە ئالىي ئۇنىۋېرسىتېتلاردىمۇ ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس.
بىز بۇ ھېكايىنى ئاخىرغىچە ئاڭلىساق دەپ ئارزۇلايمەن، —
دېدى دوستلىرىغا.
ھەممەيلەن شائىرنىڭ تەكلىپىگە قىزغىن قوشۇلدى.

× ×

پېشىن نامىزىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، شەيخ سۇلايمان
بوۋاي لۇتپۇللانىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ھېكايىسىنى يەنە داۋاملاش-
تۇردى:
— كۆرە جياڭجۇنى مىنرۇي ۋە ئىشىنكىر ۋائاگۇي ئاقسۇ
لەڭگەر كوچىسىدا لاگېر قۇرۇپ، ئۇچتۇرپانغا ئالدى بىلەن ئۈچ
مىڭ لەشكەر ئەۋەتتى. بۇ لەشكەرلەر كېلىپ ئاقتوقاي سايلىقى،
باشئاقمىنىڭ ئۈستى ۋە لاتاجاي دېگەن يەرلەرگە بۆلۈنۈپ ئورۇن-
لاشتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئاقتوقاي سايلىقىدىن ئېشىپ كىر-
گەن خان لەشكەرلىرى جىگدىلىككىچە قاپساپ كەلدى. ھەربىر
تۈپ جىگدە ئۈچۈن قانلىق ئېلىشىش داۋام قىلاتتى. قەھرىمان
ئانارگۈل تاللىۋالغان ئالتە قىز سەپدىشىمۇ بىر - بىرىدىن قې-
لىشماي قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنىدى. جىگدىلەرنىڭ ئارىلىرى
خان لەشكەرلىرىنىڭ ئۆلۈكى بىلەن تولۇپ كەتتى. ئۇلار ئاخىرى
مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. خان لەشكەرلىرى ئىچىدە ئانارگۈل



توغرىسىدا «ئۇچ ئۆتمەس ئەۋلىيا قىز» ۋە «سېھىرگەر
ئايال»، «ئايال پەرىشتە» دېگەن سۆز - چۆچەكلەر پەيدا بولۇپ،
يۈرەكلىرى جىغىلدايدىغان دەرىجىگە يەتتى. بۇ سۆز - چۆچەكلەر
شەرقىي سەپتىكى لاتاجايغا ئورۇنلاشقان خان لەشكەرلىرى ئىچى-
گىمۇ تارقىلىپ كەتكەنىدى. ئانارگۈل باشلىق يەتتە قىز بۆرۈلۈپ
خاندى تەرەپكە بېرىپ، ئاتلىق قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ جەڭگە
كىرگەندە، خان لەشكەرلىرىنىڭ سېپى بۇزۇلۇپ، ھەر تەرەپكە
پىتىراپ قېچىشتى، بەزىلىرى دەريا بويىغا قېچىپ بېرىپ، ئۆز-
لىرىنى سۇغا ئاتتى. باشئاقمىدا جەڭ قىلىۋاتقان ئەسمەتۇللا تون
قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، ئون نەچچە ئاتقا ئېچىتقۇ سۈيى ئىچۈ-
رۈپ، كەينىگە ئەسكى داس - چېلەك سۆرىتىپ، خان لەشكەرلە-
رى ئىچىگە قويۇپ بەردى. مەست ھالەتتىكى ئاتلار قامچىلانغان-
دىن كېيىن، ساي تاشلىرى ئىچىدە داس - چېلەكلەردىن قاتتىق
تاراڭ - تۇرۇڭ ئاۋاز چىقىرىپ، لەشكەرلەر تۇرغان لاگېرغا
يېقىنلاشقاندا، خان لەشكەرلىرى قورال - ياراغلىرىنىمۇ قارىماي
دەريا تەرەپكە پىتىراپ قاچتى. قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنى قوغلاپ
بېرىپ يىغىشتۇردى.
لېكىن، قاتتىق غەزەپكە كەلگەن كۆرە جياڭجۇنى ئاخىر
پۈتۈن كۈچى بىلەن جەڭگە ئۆزى ئاتلاندى، ئۇچتۇرپان ئەتراپىغا
خان لەشكەرلىرى خۇددى قارا چۈمۈلىدەك مىغىلداپ كېلىشمەكتە
ئىدى. زەمبىرەكچى لەشكەر باشلىقى ئىشىنكىر ۋائاگۇي زەمبىرە-
كىنى ئىشقا سېلىپ، قوزغىلاڭچىلار سېپىنى بۇزۇپ تاشلىدى.
غەزەپكە كەلگەن ئانارگۈل ئاچاتاغ يېنىدا — ئۆزىنىڭ كىنى-
دىك قېنى تۆكۈلگەن ئاشۇ تۇپراقتا ئالتە قىز سەپدىشى بىلەن
قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ مېھرىبان ئېرى
ئامانۇللا قۇربان بولدى. ئانارگۈلنىڭ ئانىسى خەيرىنگۈل قەھرى-
مان قىزىنىڭ جىنازىسى ئالدىدا ئېيتقان مۇڭلۇق قوشاقلار تاكى
كېيىنكى چاغلارغىچە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ يۈرەك - باغرىنى پارە -

پارە قىلىپ، ئىختىيارسىز يىغلىتاتتى.

شۇنداق قىلىپ، رەھمىتۇللانىڭ پىلانى بويىچە قوزغىلاڭچىلار قەلئە ئىچىگە چېكىنىدى. خان لەشكەرلىرىنىڭ جىياڭجۇنى ئۇتىبىشىنىڭ جەنۇبىدا ئىستىھكام قۇردى. پارتىزانلار ئالتە ئاي مۇھاسىرىدە قالدى. ئۇزۇق - تۈلۈك ئۈزۈلۈپ قېلىۋاتقان ئېغىر مىنۇتلاردا كۆرەشتىن ۋاز كەچكەن سابىر بىلەن شېرىپ مەخپىي تىل بىرىكتۈرۈپ، رەھمىتۇللاغا: «تەسلىم بولۇپ، جانىنى قۇتۇلدۇرۇش» توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

«سىلەر ئەسلىدە تۇرپان بىلەن قۇمۇلدىن سابىق ئامبال سۇ چىڭ لەشكەرلىرىگە قوشۇلۇپ، بۇ يەرگە كەلگەنىدىڭلار، كېيىن سۇ چىڭ بىلەن ھاكىمبەگ ئەبەيدۇللا سىلەرنى چەتكە قاققان، قورساق كۆپۈكۈڭلار بولغىنى ئۈچۈن ماڭا ئەگەشتىڭلار. ئەمدى بولسا، تەسلىم بولۇپ، يەنە خان لەشكەرلىرىنىڭ تاپىنىنى يالايمىز، دېيىشىۋاتامسىلەر؟! چوتنى خام سوقۇشماڭلار، سىلەرنىڭ خام خىيالىڭلار، ئاخىر بېشىڭلارغا چىقىدۇ. بىقارار خائىنلار ئىككىلا ئالەمدە قارا يۈز بولىدۇ» دېدى رەھمىتۇللا پالۋان ئۇلارغا قاتتىق دەككە بېرىپ.

رەھمىتۇللا پالۋان سۆزىنى تۈگىتىپلا قەلئە تېمى ئۈستىگە چىقىپ كەتتى. ئۇ قوزغىلاڭچىلارغا مەدەت بېرەتتى، ئۇلارنى ئاخىرقى قېتىم پىداكارلىق كۆرسىتىشكە رىغبەتلەندۈرەتتى؛ ئۇ، بۈگۈن ئاخشام مۇھاسىرىنى بۆسۈپ تاشلاشنى يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆرمەك بولۇپ، جەڭ ئۈستىدە قەھرىمانلىق بىلەن قۇربان بولدى. قوزغىلاڭچىلار ئۈچۈن بۇ چوڭ يوقىتىش بولدى. بۇ زىياننى تولدۇرۇپ بولمايتتى. ئاخىرقى جەڭگە چوڭ ئوغلى ئەسمىتۇللا قوماندانلىق قىلدى. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، سابىر بىلەن شېرىپ خائىنلىق ئەپت - بەشىرىسىنى تولۇق ئاشكارىلاپ، ئەسمىتۇللانى باغلاپ خان لەشكەرلىرىگە تاپشۇرۇپ بەردى. خەلق قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولدى.



— لېكىن تارىخ سەھنىسىدە ئاجايىپ كومېدىيىلەر بولىدۇكى، — دېدى شەيخ سۇلايمان بوۋا، — خان لەشكەرلىرى ئالدى بىلەن سابىر بىلەن شېرىپكە ئۆلۈم جازاسى بەردى، بۇ، رەھمىتۇللانىڭ ئالدىن كۆرەرلىكىنى ئىسپاتلىدى.

خان لەشكەرلىرى خەلق قوزغىلىڭىنى باستۇرغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭغا قاتناشقان دېھقانلاردىن ساق قالغان ئون مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى زىمىستان قىشتا ئىلىغا پالىدى. نۇرغۇن كىشىلەر يولدا ئۆلۈپ كەتتى. تىرىك يېتىپ بارغانلىرى ئىلى تارانچىلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرى ھېسابلىنىدۇ.

— ئىلىغا پالانغانلار ئىچىدە، — دېدى تارىخچى بوۋاي، — تاھىرخان دېگەن يىگىتنىڭ مۇڭلۇق قوشاقلىرى قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئەر - ئايال دېھقانلارنىڭ تارتقان دەرد - ئەلەملىرى ۋە قانلىق كۆز ياشلىرىنىڭ ئەينەن گۇۋاھ - ئىسپاتى بولالايدۇ.

شەيخ سۇلايمان بوۋاي تاھىرخاننىڭ قوشىقىنى ئوقۇشنىڭ ئالدىدا سىيىت ئابباس تولدۇرۇپ ئەكەلگەن بىر ھىجىر توققۇزبۇلاق سۈيىنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتى - دە، ئارقىدىن ئۇ ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ، قوشاقنى ئوقۇشقا باشلىدى:

خوش دەي دېسەم يۇرتۇمدا،
ئادەم ئىزى كۆرۈنمەس.
قورۇسىدا ھېچكىمنىڭ،
ئوغۇل - قىزى كۆرۈنمەس.

يوپۇرماقلار سارغىيىپ،
شاخلار سۇندى غولىدىن.
ساق قالمىدى ھېچ كىشى،
زالىملارنىڭ قولىدىن.

سۇرگۈن بولۇپ ماڭدۇق بىز،
مۇز داۋانغا پىيادە.
زۇلۇم يەنە بولۇرمۇ،
مۇندىن ئارتۇق زىيادە.

ئالما تۇتقان ئاقسۇلۇق،
رەھمەت سىزگە قېرىنداش.
كۆزۈڭلاردىن ئاقمىسۇن،
بىزنىڭكىدەك يىرىك - ياش.

مۇز داۋاننىڭ يولىدا،
توڭلاپ تۈگەشتى پۇتلار.
ئېلىپ قالدى كۆپ جاننى،
ھاڭغا ئىتتىرىپ جۇتلار.

تىغ ئۆتمىگەن ئۇستىخان،
ھالى تېگىدە مىلى پارە.
بولدى شۇنچە ھالىمىز،
كۆرمەي ئۇنى نەچارە؟!

قاچان يېتەر ئەرزىمىز،
قاچان چىقار دەردىمىز؟
ۋىجدان - نومۇس ئالدىدا،
قاچان تۈگەر قەرزىمىز![1]

---

① ئۇچتۇرپاننىڭ قەدىمكى نامى «ئۇچ» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ قېتىمقى قانلىق بېسىقتۇرۇشتىن كېيىن، بۇ قەدىمكى جاي ئادەمسىز قالدى. شۇڭا بۇ يەرگە تۇرپان، پىچان، قۇمۇلدىن ئاھالە كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇردى. ھازىرمۇ بۇ يەردە تۇرپان، پىچان مەھەللىرىنىڭ نامى كۆپ. شۇڭلاشقا كېيىنكى نامى «ئۇچتۇرپان» بولۇپ قالغان.



× ×

بوۋاي ھاياجان ئىچىدە قوشاقنى ئوقۇپ ئاخىرلاشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدىن ئاققان ياش مونچاقلىرى ئاق سەدەپتەك يالتىراپ تۇرىدىغان ساقىلىنىڭ ئۈستىگە سىرغىپ چۈشكەندى. لۇتپۇللا باشلىق ئاڭلىغۇچىلارمۇ بوۋاينىڭ تارىخىي ھېكايىسى تەسىرىدىن ئاللىقانداق خىياللار دېڭىزى ئىچىگە چۆكۈپ كېتىشتى، لېكىن، بۇ تارىخىي ھېكايىلەر ئاڭلىغان شۇنداق ھېكايىلەرنىڭ پەقەت بىرلا قىسمى ئىدى.

لۇتپۇللا، بۇ بوۋاينىڭ شۇنچە ياشقا كىرگىنىگە قارىماي، ئەقىل خاتىرىسىنىڭ پاخشىلىقى، بەدىنىنىڭ تىمەنلىكى، ئىككى مەڭزىنىڭ خۇددى ئالمىدەك قىپقىزىل تۇرغانلىقىغا قاراپ ھەيران بولاتتى ۋە ئاخىرىدا:

— ئۆزلىرىگە رەھمەت، بوۋا، بۈگۈن بىز بىر ئۇنتۇلغۇسىز دەرس ئاڭلاپ، قەلبىمىز ھاياجانغا تولدى. تارىخ — ھاياتنىڭ ئەينىكى، ھەققانىي سوتچى ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشەندۇق. دېمەك، تارىخ ئەۋلادلارنىڭ ئۇستازى، — دەپ بوۋايغا تەشەككۈر بىلدۈردى.

لۇتپۇللانىڭ سۆزىدىن كېيىنلا كومپوزىتور مويدىن غوجا ئاخىرىدا بوۋايغا:

— بوۋا، مۇشۇ توققۇزبۇلاقتا سەيلە قىلغۇچىلار ئىچىدە سىيىت نوچىمۇ بولۇپتىكەن، مۇشۇ ھەقتە بىر - ئىككى كەلىمە سۆزلەپ بەرسىلە ئىكەن؟ — دەپ بىر يېڭى تېمىدا سوئال قويدى.

— بۇ، ئوتتۇز يىلدىن بۇرۇنقى ئىشلار، — دېدى بوۋاي جاۋاب بېرىپ، — سىيىت نوچىمۇ شۇ چاغدا بۇ يەرگە كەلگەن، ئۇ، توققۇزبۇلاقتا ھەر كۈنى دېگۈدەك كېلىپ تۇراتتى. مەن ئۇنى

كۆپ قېتىم مۇشۇ يەردە كۆرگەن، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىۋالاتتى، كىشىلەر ئۇنىڭ رۇستەمدەك ئەلپازىدىن تەپتارتىشاتتى، ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىپ ئۇخلىيالمىغان ئۇچتۇرپان ئامبىلى ما دارىن[1] ئۇنى ئاسانلا ئالداپ، قەشقەرگە يولغا سېلىۋەتتى. ئۇزۇنغا قالماي ئۇنى قەشقەردە ئېتىپ تاشلاپتۇ، دەپ ئاڭلىدۇق، خەلق ئىچىدە بولسا، سىيىت نوچى ئۇچتۇرپاندىن ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئۆزى قەشقەرگە ئاپىرىپتۇ، دېگەن سۆز - چۆچەك تارقىلىپ كەتتى. يەنە ئۆلۈم مەيدانىدا ئۇ بەك مەردلىك كۆرسىتىپتۇ، دېگەن خەۋەرلەرمۇ پۇر كەتتى. رەھمەتۇللا پالۋاندەك باتۇرلۇق نامىغا مۇناسىپ بۇ نوچى نېمىشقىمۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ يۈرگەندۇر، دېگەن خىيال ھازىرمۇ ماڭا ئارام بەرمەيدۇ!

بوۋاي سىيىت نوچى توغرىسىدا سۆز باشلىغان ھامان لۇتپۇللا بىر ئاق قەغەزگە سىيىت نوچىنىڭ ئوبرازىنى سىزىشقا باشلىغانىدى، رەسىمنى سىزىپ بولۇپ، ئاستىغا ئاجايىپ تېز ئىلھام بىلەن قىسقا نەزم يېزىپ، بوۋايغا ئوقۇپ بەردى. بوۋاي دەرھال شائىرغا تەشەككۈر بىلدۈردى. لۇتپۇللا مۇنداق يازغانىدى:

سپارتاكتەك قىران قامەت،
سپارتاك بولمىغان گاڭگۇڭ.
بىلىم بىلەن قوراللانماي،
بىھۇدە ئويىنىغان گاڭگۇڭ.

رەقىبى سالسا قىلتاقنى،
ئۇنى ھەم تۇيمىغان گاڭگۇڭ.
لېكىن مەردانە مەيداندا،
پولاتتەك سۇنمىغان گاڭگۇڭ.

[1] 1910 - يىلى ما دارىن ئۇچتۇرپانغا ئامبال بولغان.



تارىخچى شەيخ سۇلايمان بوۋاينىڭ بۈگۈنكى خاسىيەتلىك ئۇچرىشىشتا سۆزلىگەن بىرنەچچە سائەتلىك ئۇزۇن تارىخىي ھېكايىسى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، يەنە ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، قەلئە تەرەپكە يۈزلەندى - دە، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاخىرقى قېتىم دۇئا قىلىشقا باشلىدى.

ئۇلار قايتقان چاغدا كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى بۈك - باراقسان تاللارنىڭ شېخىغا ئۇچۇپ كېلىپ قونغان قۇشقاچلار ۋە قەلئە تېغىنىڭ چوققىسىدا قاتار تىزىلىپ تۇرۇشقان سان - ساناقسىز قارلىغاچلار، توققۇزبۇلاق شارقىراتمىسىنىڭ شاۋقۇن ئاۋازىغا ھەمجور بولۇپ توختىماي سايرىشاتتى. تېخى كۈن پاتمىغان سۈزۈك ھاۋادا تۆمۈر چوققىنىڭ ئۈستىدىكى ئاپئاق قارلار يىراقتىن ئېنىق كۆرۈنەتتى. ئۇ قارلار خۇددى بوۋاينىڭ ئاپئاق ساقىلى ئۇنىڭ جامالىغا ھۆسن قوشقاندەك گۈزەل تەڭرىتاغنىڭ سەلتەنەتلىك ھۆسنىگىمۇ ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. ئۇ، يەنە ھېلىراق بوۋاي سۆزلەپ تۈگەتكەن ھېكايىلەردەك يۈز مىڭلىغان ئۇزۇن تارىخىي ھېكايىلەرنىڭ گۇۋاھچىسى ئىدى.

## ئون ئىككىنچى باب

## سىرلىق كۆلەڭگە

### 1

لۇتپۇللا ئۇچتۇرپان سەپىرىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاقسۇغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ يېڭى ئىجادىي ئەمگىكىنى باشلىۋەتكەندى. ئۇ، ھەر كۈنى تۈن يېرىمىغىچىلىك قادىلىپ ئولتۇرۇپ يازاتتى.

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئۇدۇلىدىكى — ئىشچىلارنىڭ ئۆيلىرى قاتارىدىكى ئۇنىڭ ھۇجرىسىدا كېچىچە پانار ئۆچمەيتتى. تار ھۇجرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان شىرەنىڭ ئۈستى يېزىق قەغەز - ئورىگىناللىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئاۋات، ئۇچتۇرپان ۋە باشقا جايلاردىن توپلاپ كەلگەن كلاسسىك قوليازمىلار، كلاسسىك ئەسەرلەر ئۇنىڭ ياغاچ كارىۋىتىنىڭ ئاستىدىكى يەشىك - ساندۇقلار ئىچىگە سىغماي قالغانىدى.

بۈگۈن شەنبە، ئۇ يېڭىلا ئىشتىن چۈشۈپ ھۇجرىسىغا كىرگىنىدە، يەنىلا شىرە ئۈستىدىكى ئورىگىناللار دۆۋىسىگە كۆزى چۈشتى - دە، ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ: «ھەي ۋاقىت! ئەجەب تېز كېتىۋاتىسەن، بىراق ماڭا ئازلىق قىلىۋاتىسەن - دە!» دېدى.

شىرەنىڭ بىر بۇرجىكىدە مائارىپچى ئابدۇللا روزى يېزىپ چىقىپ، لۇتپۇللانىڭ تەھرىرلىكىگە ئەۋەتكەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى



دەرسلىكى»، يەنە بىر بۇرجىكىدە شائىر ئۆزى ئوپېرالاشتۇرغان «لەيلى - مەجنۇن» ۋە «پەرھاد - شېرىن» كىتابلىرى يېيىقلىق ئىدى. شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولسا، يېزىلىۋاتقان «داۋانلار ئاشقاندا» رومانىنىڭ بەشىنچى بابى ھەم يېزىلماقچى بولغان «جىگدە تراگېدىيىسى»نىڭ دراما پىلانى تۇراتتى.

لۇتپۇللا قايناق سۇ قويۇلغان ئىستاكاننى قولىدا تۇتقان پېتى شىرەنى چۆرىدەپ يۈرۈپ، تەپەككۇر قىلىۋاتقاندا، ئىشىك ئۇرۇلدى. ئۇ چاققان بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى - دە:

— كېلىڭلار! كېلىڭلار! — دېدى مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ.

مېھمانلار ئىچىدىن ئۇ ئۇستازى مەۋلانجاننى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ، سەمىمىي كۆرۈشۈپ كەتتى.

بىلال ئەزىزى، مۇنىرىدىن غوجا، يۈسۈپجان توختى، ئابدۇللا روزىلار ئۈرۈمچىدىن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن مەۋلانجاننى باشلاپ لۇتپۇللانىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كېلىشكەنىدى.

لۇتپۇللا دەرھال شىرە ئۈستىدىكى ئورىگىنال دۆۋىلىرىنى يىغىشتۇرماقچى بولۇۋىدى، بىلال ئەزىزى چاققان كېلىپ:

— يىغىشتۇرما، بىز مۇشۇ گۆھەر بايلىقتىن بەھرىمەن بولايلى، دەپ كەلدۇق، — دەپ لۇتپۇللانىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

لۇتپۇللا ئورىگىناللاردىن قولىنى تارتتى - دە، قالغانلار بۇ ئەسەرلەرنى كۆرۈپ تۇرۇشقىچە، ئۆزى ئۇستازى مەۋلانجان بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

مۇنىرىدىن بىلەن يۈسۈپجان ئىككىيلەن ھۇجرىنىڭ بۇلۇڭ تەرىپىگە تۇرغۇزۇلغان جاۋەندىكى پەسىللىك ژۇرنال «جەنۇب شامىلى»نىڭ ئەدەبىيات بېتىنى ۋاراقلاپ كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭدا لۇتپۇللا تەھرىرلىكى بىلەن بېسىلغان نىمشېھىتنىڭ «پەرھاد - شېرىن» داستانى، ئابدۇللا روزىنىڭ «لەيلى - مەجنۇن سەھنىدە» ناملىق ماقالىسى ھەم بىلال ئەزىزى بىلەن

ئابدۇللا روزىنىڭ بىرمۇنچە شېئىرلىرىمۇ بار ئىدى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن نابورچىك تۇردى ھۇسۇيۇن «جەنۇب شامىلى» ئەدەبىيات بېتىنىڭ بىر پارچە سىگنالىنى كۆتۈرۈپ كىردى - دە، ئۇنى لۇتپۇللانىڭ كۆرۈپ بېرىشىگە تاپشۇردى.

— پاھ، تازىمۇ ئۇختاسىغا كېلىپتۇ - دە! — دېدى لۇتپۇللا گېزىتنىڭ سەرلەۋھىسىگە قاراپ ۋە گېزىتنى دەرھال بىلال ئەزىزىنىڭ قولىغا سۇنۇپ، — مانا، بۇنى ئاۋۋال ئۆزۈڭ بىر قېتىم ئوقۇپ چىق، ئارقىدىن ئۆزۈڭ تەھرىرلە. نابورچىك ئاغىنەم سىگنالنى ئۆز قولى بىلەن ئېلىپ ماڭسۇن، چۈنكى بۇ ئەتە تارقىلىدىغان يېڭى سان، — دېدى.

ھۇجرىدىكى دوستلارنىڭ دىققىتى گېزىت بېتىگە مەركەزلەشتى. ئۇنىڭدا لۇتپۇللانىڭ «باھار ھەققىدە مۇۋەششەھ» سەرلەۋھىلىك شېئىرى تىزىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ «مۇۋەششەھ» بىلال ئەزىزىنىڭ نامىغا ئاتالغانىدى. شېئىرنى ھەممەيلەن قولدىن - قولغا ئېلىپ كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى بىلەن لىرىكىلىق سەۋىيىسىنى يۇقىرى باھالاشتى.

— ئاۋارنىڭ باھا نەرخى بەك ئۆرە بولۇپ كەتمىسۇن، سۈيۈنچىسىگە پۇلۇم يوق، تۈزىتىدىغان پىكرىنىلا قىلىڭلار.

لۇتپۇللانىڭ بۇ سۆزىدىن ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— سەن بېرىپ، — دېدى لۇتپۇللا نابورچىك دوستى تۇردىغا، — ئوسمانغا خەۋەر قىل، ئىككىڭلار دىلبەرنىڭ بېغىدىن «جانان كىشمىشى» ناملىق ئۈزۈكتىن بىر سېۋەت ئەكېلىڭلار.

نابورچىك تۇردى ھۇسۇيۇن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن:

— بۈگۈن بىزنىڭكىگە كەتسەك بولامدۇ؟ — دېدى مۇنىردىن.

— ياق، جىم ئولتۇرۇڭ، بۈگۈن مېنى باھالايسىلەر. ئەتە سىزنى ... — دېدى لۇتپۇللا.



— مېنىڭ يازغان ئەسىرىم بولمىسىچۇ؟

— مۇزىكا چالالايسىز، داستىخىنىڭىزمۇ كەڭرى! ھەممىدىن داستىخىنىڭىزنى باھالايمىز - دە!

لۇتپۇللانىڭ بۇ سۆزى كۆپچىلىكنى يەنە بىر كۈلدۈرۈۋەتتى.

ئۇلار بىر تەرەپتىن، ئۆز ئارا قىزىقچىلىق قىلىشىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، گېزىتنىڭ سىگنال بېتىنى قېتىرقىنىپ كۆرۈپ بۇ شېئىرنىڭ ئۈچ جايدىكى يېتەرسىزلىكىنى تۈزىتىشتى.

— مانا بۇنى دادىللىق ۋە ئالغا بېسىش دەيمىز، مۇشۇنداق ئەمگەك ھەققىي مېۋە بېرىدۇ، — دېدى لۇتپۇللا بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ.

لۇتپۇللانىڭ سۆزى تۈگىشىگە ئۇلگۈرۈپ، تۇردى، ئوسمان ۋە دىلبەر پاكىز يۇيۇلغان بىر سېۋەت ئۈزۈمنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىشتى. بىلال ئەزىزى ئورنىدىن تۇرۇپ ئوسمان بىلەن قول سىقىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇنى تونۇشتۇرۇپ:

— مانا بۇ ئىنىمىز، مېنىڭ خوتەندە ئىشلىگەن شائىر ئاغىنەم ئەمەت غوپۇرنىڭ نەۋرە ئۇكىسى بولىدۇ، ئۆزى ئاق كۆڭۈل، جەسۇر بالا، — دېدى.

لۇتپۇللا ئارقىدىن مەرھۇم يادىكارنىڭ قىزى — ئون تۆت ياشلىق دىلبەرنى تونۇشتۇردى. دىلبەر شائىرنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇلتۇر كۈز قىزلار مەكتىپىدە لۇتپۇللادىن يېزىۋالغان مەرىپەت لىرىكىسىنى شۇنچىلىك جاراڭلىق ۋە خۇش ئاۋاز ئوقۇۋەتتىكى، ئابدۇللا روزى ئۇدا ئۈچ قېتىم تەكلىپ قىلىپ قايتا - قايتا ئوقۇتتى. ھەربىر قېتىم ئوقۇغاندا، مۇنىردىن باشلىق ھەممەيلەن بۇ قېتىم قىزغا ئىختىيارسىز چاۋاك چېلىپ ئاپىرىن ئوقۇشتى. ئاخىرىدا لۇتپۇللا ئۇنىڭغا ئاتاپ قويغان دەپتەر - قەلەمنى بېرىپ قىزنى ئۇزىتىپ قويدى.

— كەچ كىرىپ كەتتى، — دېدى مۇنىردىن، — ئەمدى بىز قايتايلى، ئەتە كەچتە مېنىڭ ھۇجرامدا بولىمىز. يەكەندىن

كەلگەن شاھىبدىن ئاملىق مۇزىكانت مېھمىنىم بار. ئۇنىڭدىن ساز ئاڭلايسىلەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېھرىخان باغ سەيلىسىگە چىللاپ قويدى. ئەتە چۈشتە ھەممىمىز شۇ باغقا بارىمىز.

ئەل ئايىغى بېسىققان چاغدا مېھمانلار ھۇجرىدىن تارقىلىپ كېتىشتى. لۇتپۇللا ھۇجرىسىدا تەنھا قالدى.

ئۇ بايا ئۈرۈمچىدىن يېڭى كەلگەن ئۇستازىدىن ئۈرۈمچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراشتۇرۇۋېتىپ گۈلباھارنىڭمۇ ئىسمىنى ئاغزىدىن چىقىرىۋېتىشكە تاسلا قالغانىدى. شۇڭا، ھازىر ئۇنىڭ خىيالىغا يەنە سۆيگۈسى كىرىۋېلىپ، قەلبىنى مەھكەم چىرمىۋالدى: گۈلباھاردىن ھېلىغىچە يا خەت، يا گەپ يوق. لۇتپۇللا بولسا، ئۇنىڭغا نۇرغۇن خەت يازدى. جاۋاب كەلمىگىنىگە ئۇنىڭ ئىچى تىت - تىت بولاتتى. بۇنىڭدا زادى نېمە سىر بار يا قوشئاۋاتتا قالغان زۇلپىيە ئارىنى بۇزدىمۇ؟

لۇتپۇللا ئويلا - ئويلا تاكى تاڭ سۈزۈلگۈچە بۇ سىرنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ئارانلا ئىككى سائەت ئۇخلاپ، ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپلا قولىغا قەلەم ئالدى ۋە گۈلباھارغا يەنە بىر پارچە سالام خەت يېزىشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ تەسىرلىك ۋە ئۇزۇن خېتى يېرىم سائەتچە ۋاقىت ئىچىدە يېزىلىپ تۈگىدى. ئۇ بۇ خەتنى يەنە بىر قېتىم ھاياجان بىلەن ئوقۇپ چىقىپ، كونۋېرت ئىچىگە قاتلاپ سېلىپ تۇرۇشىغا، ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكى قاتتىق چېكىلدى:

— كىم؟

— مەن!

بىر قىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. لۇتپۇللا دەرھال بېرىپ ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى ۋە قىزنى ھۇجرىسىغا تەكلىپ قىلدى.

مېھمان قىز ئۇدۇل بېرىپ تام تۈۋىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، لۇتپۇللانىڭ ھۇجرىسىدىكى شىرە ئۈستىدە تۇرغان يازما ئورىگىناللارغا بىر قۇر نەزەر تاشلىدى، ئۇ بۇگۈن خېلى چىرايلىق ياسىنىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن تەلەتىدىن بىر خىل سۈرۈن-



لۈك يېغىپ تۇراتتى. ئىككى كۆزىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكىنىدىن قارىغاندا، قانداقتۇر بىر خاپىلىقتىن كېچىچە ئۇخلىمىغانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى. ئۇ قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن لۇتپۇللاغا زەردە قىلىپ:

— بىر دۆۋە قەغەز ئىچىدىلا ياشايدىكەنسىز، كەچكىچە يېزىۋېرەمسىز؟ — دېدى قىز مەمەدانلىق بىلەن.

— شائىرنىڭ ھەۋىسى — يېزىش!

لۇتپۇللا ئۇنىڭ تاپا - تەنە بىلەن قويغان سوئالىغا توپتوغرا جاۋاب بەردى، لېكىن قىز بۇ جاۋاب بىلەن توختىمايتتى. ئۇ يەنە ئاچچىق كىنايە بىلەن:

— بىلىۋاتىمەن، ھېلىمۇ بۇ يەردە داڭق چىقىرىپ كېتىۋاتىسىز، تىل تېگىپ كەتمىسۇن يەنە؟ — دېدى.

لۇتپۇللا قىزنىڭ بۇ سۆزىگە ئانچە ئېرەن قىلماي ئۆتكۈزۈۋەتتى، لېكىن مېھمان قىز بۇگۈن لۇتپۇللانى چېكىپ بېقىش ئۈچۈن كەلگەچكە، يەنە سۆزلەش ئۈچۈن ئېغىزىنى ئۆمەللەيتتى.

بۇ قىز يېقىندىلا ئۈشتۈمتۇت ئاقسۇغا ئۇنگەندىن كېيىن، لۇتپۇللانى قوغلىشىدىغان بولۇۋالدى، ئۇ ھازىر مەلۇم بىر ئورۇندا ئىشلەيتتى. لۇتپۇللا بولسا ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى. قىز ھەر كۈنى ياتىقىدا يالغۇز زېرىكىپ، جۆپسىز كەپتەردەك مەست يۈرەتتى. ئۇ تۈن كېچىدە ئۆيىدە زېرىككىنىدىن خىيالىي بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تانسا ئوينايتتى - دە، ياتاق ئىچىدە خۇددى تۈگمەن تېشىدەك پىرقىراپ كېتەتتى. گاھىدا ئۇدۇل تامدىكى چوڭ ئەينەككە قاراپ ئۆزىچە خۇشاللىقىدىن بىر ھازا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ سېزەلمەي قالاتتى. ئۇ مۇشۇنداق كۈلۈپ كەتكىنىدە ئۇنىڭ ئاۋازى تام قوشنىلىرىغا خۇددى بىرنەچچە كىشىنىڭ ئاۋازى قوشۇلۇپ، ئاڭلانغاندەك سېزىلەتتى.

— ھە، راست، — دېدى ئۇ لۇتپۇللانىڭ دىققىتىنى تارتماق

بولۇپ، — ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قىلىپتىمەن، سىز ئۇچتۇرپانغا كەتكەندە، «تاھىر ـ زۆھرە» ئوپېراسىنى سوراپ، قاراشەھەردىن بىر كىشى كېلىپتىكەن، سىزنى تاپالماي كېتىپ قالغان بولسا كېرەك. يەنە يەكەن، خوتەن، قەشقەردىنمۇ كىشىلەر كېلىپتۇدەك.

— قولىقىڭىز ئېمىدېگەن ئۇزۇن ـ ھە؟ — دېدى شائىر ئۇنىڭغا، — بۇ ئىشلارنى نەدىن ئاڭلاپ يۈرىسىز؟!

— سىز تېخى مېنى قولىقى پاك دەپ چاغلامسىز؟ مەن سىزگە يەنە «ئالاھىدە» خەتلەرنىڭ كېلىۋاتقىنىنىمۇ ئوبدان بىلەمەن.

مېھمان قىز بىردەمدىلا كۆكەرمىلىك قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، كۆكىرىپ كەتكەنىدى.

— قېنى، ئۇ قانداق «ئالاھىدە» خەت ئىكەن؟ — دەپ سورىدى لۇتپۇللا ئۇنىڭدىن تەمكىنلىك بىلەن.

— پاھ، تېخى سىز مېنىڭدىن سىر يوشۇرماقچىمۇ؟

— يوقسۇ، يوشۇرىدىغان قانداق سىر بولسۇن، دەيسىز؟

— ياق، مەن تازا ئوبدان بىلىمەن، مېنىڭدىن قېچىپ يۈرۈشىڭىز ...

— بۇ قىزىق گەپقۇ، مېنىڭ سىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىم بار ئىدى؟!

— مەنمۇ ئۇرۇمچىدىن ...

مېھمان قىز سۆزىنىڭ ئاخىرىنى بوغۇزىغا يۇتۇۋېلىپ، دېيەلمەي تۇرۇپ قالدى، كېيىن:

— بولدى، قالغان گەپنى بۈگۈن چۈشتە ھېكىم ئاكام، گۈلبوستان ئاچاملارنىڭكىدە سۆزلىشەيلى، بۈگۈن چۈشتە سىزنى شۇ يەردە ساقلايمەن، — دېدى ئۇ.

مېھمان قىز سۆزىنى توگىتىپ، كۆڭلى غەشلىكتە پېشىنى قاققان پېتى ھوجرىدىن چىقىپ كەتتى. لۇتپۇللانىڭ ئۇنىڭغا



«مېنىڭ سىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىم بار ئىدى» دېگەن سۆزى تازىمۇ ئار كەلگەن بولسا كېرەك.

«‹سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۆرۈچ دەم يەپتۇ›، دېگەن ماقال راست ئىكەن ـ دە!»

لۇتپۇللا، مېھمان قىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ھوجرىسىدا يالغۇز قېلىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەيتتى. كېيىن ئۇ، ئەستايىدىل ئويلانغاندىن كېيىن، بۈگۈنكى مۇنازىرىگە سەل قارىماسلىقنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى ـ دە: «توختا، ‹قورققان يەردە جىن بار›، دېگەن ماقالمۇ بىكار بولمىسا كېرەك. ئەجەبا، مېھمان قىز نېمىشقا ئۆز سايىسىدىن ئۆزى ئۈركۈپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ تېگىدە بىر جىن ئويۇنى بولۇشى مۇمكىن» دېدى يەنە ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ.

ۋاقىت چۈش بولۇپ قالاي دېگەنىدى. ئۇ ئازراقلا ناشتا قىلدى ـ دە، ھېكىمنىڭكىگە بارماي ئۇدۇللا ئېگەرچى يېزىسىدىكى مېھرىخانىنىڭ بېغىغا يۈرۈپ كەتتى.

## 2

دولان دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىدا مېۋىلىك باغلار بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ. باغ چۆرىلىرىدە ئېگىز ئۆسكەن چىنار، سەرۋە، سۆۋادان، ئاق تېرەك دەرەخلىرىنىڭ ئېگىز شاخلىرىغا قونۇپ ئۈنلۈك سايرىشىۋاتقان «كۆكتولغاق»[1] بۇلبۇللىرىنىڭ خوش ناۋا ئاۋازلىرى يىراقلارغا ئاڭلىنىپ، كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايدۇ.

لۇتپۇللا ئۆزى يالغۇز شەھەر سىپىلىنىڭ غەربىي تېمىنى ئايلىنىپ، يېرىم سائەت ماڭغاندىن كېيىن، مېھرىخانىنىڭ بېغىغا

[1] كۆكتولغاق — بۇلبۇلنىڭ بىر خىلى.

يېتىپ كەلدى. باغنىڭ تۆت ئەتراپى قويۇق ئازغان ۋە ئازغان ئارىلىرىغا قاتار تىكىلگەن كۈمۈش يوپۇرماقلىق جىگدىلەر بىلەن چىتلاقلىق بولۇپ، باغنىڭ ئىچىدە ياڭاق، ئەنجۈر، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما، ئانار قاتارلىق مېۋىلەر رەتمۇرەت ئۆستۈرۈلگەنىدى، بولۇپمۇ ئۈزۈم بارىڭى يېنىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ تۇرىدىغان ئېرىق ياقىسىدىكى رەڭگارەڭ گۈللەر كۆزنى قاماشتۇرۇپ، خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى. ئايال باغۋەن چارباغدىكى گۈلچى مومايدەك گۈل ئۆستۈرۈشنىڭ ماھىرى ئىدى.

— سالام دوستلار!

باغقا كېچىكىپ بارغان لۇتپۇللا باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ بىر تۈپ ياڭاق تۈۋىگە سېلىنغان گۈللۈك تەڭلىمات ۋە پالاس ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆرۈك يېگەچ پاراڭغا چۈشكەن دوستلىرىغا سالام بەردى. لۇتپۇللانىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ يېتىپ كەلگىنىدىن خۇشال بولۇشۇپ، ئۇنى تۆرگە تەكلىپ قىلىشتى.

— تولىمۇ كېچىكىپ قالدىڭىز؟ — دېدى مۇزىكانت زەۋقى، — سىز يوق، ئولتۇرۇشىمىزنىڭ پەيزىگە تەسىر يېتىۋاتىدۇ.

— رەھمەت، زەۋقىڭىزنى مۇزلىتىپ قويماي ئوبدان چېلىڭ، تۆگىلەر ئۇسسۇلغا چۈشۈۋېرىدۇ.

شائىرنىڭ شاڭخوسىدىن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كېتىشتى. مۇزىكانتنىڭ «مۇز»، بىلال ئەزىزنىڭ «تۆگە» دېگەن لەقىمى بار ئىدى. لۇتپۇللا چاقچاقتا بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش ماھارىتىنى كۆرسەتتى ـ دە، مۇزىكانت كۈلكىگە زورلاپ ئۆتكۈزۈۋېتىشتىن باشقا ئىلاج قىلالمىدى، مېھمانلار بولسا ئۇزۇنغىچە كۈلۈشتىن توختىمىدى.

يەكەنلىك دۇتارچى يىگىت شاھابىدىننىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، لۇتپۇللانىڭ ئالدىغا كېلىپ، تونۇشلۇق بېرىپ كۆرۈشۈشى كۆپچىلىكنىڭ كۈلكىسىنى ئۈزۈپ قويدى. لۇتپۇللا يەكەنلىك يىگىت



بىلەن خېلى ئۇزۇنغىچە قىزغىن پاراڭلاشتى.

— ئىنىمىز شاھابىدىن بىلەن بىز يەنە ئۇچرىشىپ تۇرىمىز. ھازىر بىز ئۇنىڭ دۇتار بىلەن ناخشىسىنى ئاڭلىساق، — دېدى مۇنىرىدىن ئارقىدىن.

شاھابىدىن مۇنىرىدىننىڭ تەكلىپىنى ئاڭلىغان ھامان دۇتارنى قولىغا ئالدى ـ دە، نۇرغۇن كلاسسىك غەزەللەرگە — بابۇر[1] ۋە مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفى[2]نىڭ تېكىستلىرىگە ناخشا ئېيتتى. بۇ ناخشىلارنىڭ خېلى بىر قىسمى ئاقسۇغا يېڭى بولغىنى ئۈچۈن كۆپچىلىككە ئىنتايىن تەسىر قىلدى. شاھابىدىننىڭ چېلىش ماھارىتىمۇ ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى. شاھابىدىن توختىماي ئىككى سائەتكە يېقىن چالغاندىن كېيىن، ئاندىن دۇتارنى توختاتتى.

ئارىدىكى دەم ئېلىش پەيتىدە لۇتپۇللا باغنىڭ بىر چېتىدە تارتىنىپ تۇرۇۋاتقان ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئۈچ نەپەر ئوقۇغۇچىسىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، قول ئىشارىتى بىلەن ئۇلارنى قېشىغا چاقىردى. ئوقۇغۇچىلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، لۇتپۇللا ئۇلارنى ئۆرۈككە تەكلىپ قىلدى.

ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن سالى نىياز تۈز كۆڭۈل بولغاچقا، لېگەندىكى ئۆرۈكنى يەپ كۆرۈپ: «توڭ ئىكەن» دېدى ـ دە، باغۋەننىڭ كىچىك ئوغلى ئابلىزنى باشلىۋېلىپ، باغنىڭ بىر بۇلۇڭىدا مەي بولۇپ پىشقان تاتلىق ئۆرۈكتىن يېڭى بىر سېۋەت ئۆرۈك يۇيۇپ ئەكېلىپ داستىخانغا تۆكتى.

— لۇتپۇللا ئاكا، ھازىر ئەكەلگىنىمىز پىششىق ھەم تاتلىق ئۆرۈك، بايىقى لېگەندىكىسى توڭ ئىكەن. قېنى ماۋۇ پىشقىنىنى يەيلى، — دېدى ئوقۇغۇچى سالى نىياز. ئاندىن ئۇ يانچۇقىدىن بىر پارچە گېزىتنى ئېلىپ شائىرغا سۇندى. لۇتپۇللا گېزىتنىڭ

① بابۇر (1483 — 1530) — مەشھۇر «بابۇرنامە» ۋە چوڭ ھەجىملىك «غەزەلىيات»نىڭ ئاپتورى.

② لۇتفى (1367 — 1466) — ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرى.

تۈتىنچى بېتىدىكى «شائىر توغرىسىدا مۇۋەششەھ» ماۋزۇلۇق ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىگە نەزەر تاشلىدى. بۇ شېئىر شۇ بەتنىڭ باش ئۈستۈنىغا بېسىلغانىدى.

— بۇ شېئىرىڭىزدىكى، — دېدى ئوقۇغۇچى سالى ئىنياز، — «ئالمان - تالمان ئىجاد بېغىڭدا مېۋە پىشمىسۇن، ئەلگە غورا بەرمەيدىغان سادىق باغۋەن بول» دېگەن مىسرالارنى قانداق چۈشىنىمىز؟

ئوقۇغۇچىنىڭ سوئالى لۇتپۇللا باشلىق مېھمانلارنى كۈلدۈرۈۋەتتى. لۇتپۇللا كۈلكىسىنى توختىتىۋېلىپ:

— مانا توك غورىنىڭ سىرى ئەمدى ئېچىلدى. ئەقىل - ئىدراكنى مانا مۇشۇنداق ئورۇندا ئىشلىتىش كېرەك. بۇنى «تەپەككۇر» دەپ ئاتايمىز، — دېدى.

لۇتپۇللا «مۇۋەششەھ»نى ئالدىن بىر قېتىم ئۈنلۈك ئوقۇدى:

يىراقتىن سۆزلە شائىر، نازاكەت بۇلبۇلىغا بوستان بول،
ھەتتا كەلگۈسى ئەۋلادلىرىڭ تىلىدىمۇ داستان بول.

ئالمان - تالمان ئىجاد بېغىڭدا مېۋە پىشمىسۇن،
ئەلگە غورا بەرمەيدىغان سادىق باغۋەن بول.

شۆھرەت ئىزدىمە شائىر، خالىسا ئۇ، ئۆزى كەلسۇن،
ئىجاد - مېھنەت مەيدانىدا باتۇر - پالۋان بول.

ئارام ئالما مۇقام بەزمىسىدە مۇقام ئېيتماي،
يىراق زامان كۆرگەزمىسىگە سەنئەتتىن مەيدان بول.



شەرەپ - شان ئۈنۈملۈك ئىجادنىڭ ھەردەم يولدىشى،
ئىلھام سەنەم، سەن ئاشىق غېرىبجان بول.

ئۆلۈم يوق شائىر ساڭا، شائىر زادى ئۆلمەيدۇ،
ئەلنىڭ يۈرەك گەۋدىسىدىكى ساپ قىزىل قان بول.
......
رىشتە باغلاندى شائىرلىقتىن يات ئادەم ئىدىم،
دېدى خەلق تۈيغۇسى مېنىڭ ئۈچۈن جانان بول.

شەۋكەت تاپمايسەن ئىجادىيەت بېغىدا تۇرمىساڭ خالىس،
......

— بىز بۇ شېئىرىمىزدا شائىر ئورنىدا باغۋەننى، ئوغا ئورنىدا غورىنى سىمۋول قىلدۇق. دېمەك، شائىر، خەلقنى زەھەرلىگۈچى بولماي خەلققە مەنىۋى ئوزۇق بېرىدىغان ئۇستازدۇر، خەلقنى تەربىيىلىگۈچى باغۋەندۇر. شائىرلىقنىڭ تۈپ ماھىيىتى — ئاجىزلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش، ئۆزىنىڭ تەبىئىتى — خۇشامەتتىن خالىي بولۇش. بۇ ئىككى پەزىلەت — شائىرنىڭ تۈپ خىسلىتى، — دەپ ئىزاھلىدى لۇتپۇللا.

لۇتپۇللانىڭ بۇ تەسىرلىك ۋە مەنىلىك ئىزاھلىشىدىن قانائەت ھاسىل قىلغان ئوقۇغۇچىلار بۈگۈنكى بۇ خاسىيەتلىك ئۇچرىشىشتىن زىيادە مەمنۇن بولۇشتى ۋە شائىر بىلەن خوشلىشىپ قايتىشتى.

— قېنى يەنە بىردەم، — دېدى ناخشىچى يۈسۈپجان، — گۈلىستان پەيزىنى ئاڭلايلى.

يۈسۈپجاننىڭ تەكلىپى بىلەن زەۋقى ساتارىنى قولىغا ئالدى - دە، نەۋائىي غەزەللىرىگە مۇقام مۇزىكىسىنى چېلىشقا باشلىدى.

ھاۋانىڭ سەگىنشى بىلەن بىللە ساتارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ
«كۆكتولغاق» بۇلبۇلى تەرەپ - تەرەپتىن ئۇچۇشۇپ كېلىپ،
مېھمانلار ئولتۇرغان جايدىكى چىنار ۋە ياڭاق دەرىخى ئۈستىدە
مۇڭلۇق سايراپ، كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىۋالدى. بۇ
چىرايلىق قۇشنىڭ چوڭلۇقى بۇلبۇلچىلىك بولۇپ، تۇمشۇقى
ئۇزۇن، ھاۋا رەڭ، قۇيرۇقى ئىنچىكە يېشىل، پەيلىرى كۆ-
كۈچ، ئالا بويۇن، كۆرۈنۈشى ئىنتايىن گۈزەل ئىدى. ئاۋازى
باشقا بۇلبۇلدىن ئۈنلۈك، ئاۋاز ئۆزگىرىشى خىلمۇخىل، ئادە-
لەرگە ئېجىل، زىمىستان پەسلىدىن باشقا ھەممىلا ۋاقىتلاردا
توختىماي سايراپ تۇرىدىغان ئىشقىۋاز جانىۋار ئىدى.

ۋەتەن ئىشقىدا قەلبى گۈلخان بولۇپ ئۆرتىنىۋاتقان
شائىر — قايىنام ئۆركىشى، تەبىئەت قۇشىنىڭ بۇ مۆجىزىلىك
خىسلىتىدىن دىلى مۇجۇلغاندەك بولۇپ، ئۇنىڭ شائىرانە خىيالىغا
ئاجايىپ ئوتلۇق ئىلھاملار كەلمەكتە ئىدى.

ئۇ، زەۋقىنىڭ مۇزىكىسى توختىشى بىلەن تەڭلا قوشاق
ئوقۇدى:

باھار ئىشقىدا سەن تولغاق،
كېچە - كۈندۈز بولۇپ ئويغاق.
كى بۇلبۇل سايرىسا ئۈچ ئاي،
داۋامەت سايرا كۆكتولغاق.

باھارنىڭ ئىشقىدا دەردمەن،
سېنىڭدەك مەنمۇ بىر دەردمەن.
باھار ئىشقىدا تولغاقتىن،
بولامدۇ، دەرد يەنە چوڭراق؟!

لۇتپۇللا قوشاقنى ئېيتىپ بولۇپ، پەسكە چۈشكەندە كۈن



دىگەر ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. باغۋەن مېھرىخان مېھمانلارنىڭ
ئالدىغا داستىخان سېلىپ ئاش كەلتۈردى. مېھمانلار خۇش چاق-
چاق كۈلكە ئىچىدە تاماق يەپ بولۇشتى - دە، گۇگۇم ۋاقتى
بىلەن شەھەرگە قايتىشتى.

ئۇلار باغنىڭ ئالدى دەرۋازىسىدىن كوچىغا چىقىۋاتقاندا،
باغنىڭ ئارقا تېمىنىڭ كەينىدە غېرىبى ئىككى كۆلەڭگە كۆرۈن-
دى، لېكىن ئۇنىڭغا بىلال ئەزىزىدىن باشقا ھېچكىم پىسەنت
قىلماي ئۆز يولىغا كېتىۋېرىشتى.

— قېنى ئەمدى ئاكا مويدىن غوجىنىڭ رولىنى جارى قىل-
دۇرۇپ، جىرلاپ ماڭمىمىز، ماندالىنىنى قولىڭىزغا ...

ناخشىچى يۈسۈپجان ماندالىن ماھىرى مويدىن غوجىنى چې-
لىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار «تەڭرىتاغ قوشىقى»غا جىرلاپ
ماڭغاندا، ئېگەرچى يېزىسى ۋە يېڭىبازار كوچىسىدا توپ - توپ
ئادەملەر ئۇلارنىڭ ناخشا - مۇزىكىسىغا مەھلىيا بولۇپ قارىشىپ
تۇرۇشاتتى:

تەڭرىتاغنىڭ قارلىرى،
دەريا بويى باغلىرى.
ساقايمىدۇ يارىمنىڭ،
يۈرەكتىكى داغلىرى.

تەڭرىتاغدىن چۈشكەن سۇ،
ئېقىپ كېتەر تارىمغا.
ئېگىز ئۇچقان قارلىغاچ،
سالام دېگىن يارىمغا.

بۇلبۇل سايرار سەھەردە،
گۈلنىڭ ئىشقىدا — باغدا.

بىز ئېيتارمىز ناخشىنى،
يارنىڭ ئىشقىدا — داغدا.
......

ئۇلار ئىككى تەرىپى باراقسان دەرەخلىك يولدا جىرلاپ مېڭىپ، شەھەرنىڭ خوتەن دەرۋازىسى يېنىغا بارغاندا بىر - بىرى بىلەن خوشلاشتى. ئۇلارنىڭ بىر بۆلىكى مۇتىرىدىنىڭ ئاخشامقى لەۋزىگە بىنائەن ئۇدۇللا ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا قايتىپ كېلىشتى.

## 3

مۇتىرىدىنىڭ ھۇجرىسىدا ئۇلار ئۇزۇنغىچە قاراشەھەر دەرياسى بويىدىكى «ئېجىلتال» روھى ئۈستىدە پاراڭ قىلىشتى.

— لېكىن، — دېدى بىلال ئەزىزى، — بۈگۈن باغقا يىغىلغانلار ئوتتۇزدىن ئارتۇق، بىزگە بۆرىمۇ، تۈلكىمۇ ئارىلىشىپ يۈرمەكتە، شۇڭا تۈپلىشىپ پائالىيەت يۈرگۈزمەسلىكىمىز كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە مەرھۇم شائىر ئەمەت غوپۇرنىڭ نەۋرە ئىنىسى ئوسماننى ئالاقىچى قىلىۋالساق دېگەن پىكىردىمەن، چۈنكى ئۇ، جەسۇر ھەم چىداملىق يىگىت.

— مەن يەنىلا، — دېدى مۇتىرىدىن، — ھېكىمدىن خۇدۇكسىرەيمەن. ئۇنىڭ بىزگە بارغانسېرى سېخىيلىق بىلەن يېقىنلىشىپ كېتىشى مېنى چوڭقۇر ئويغا سېلىۋاتىدۇ.

لۇتپۇللا ئارقىدىنلا سۆھبەت تېمىسىنى بۈگۈن ئەتىگەندە «مېھمان قىز» بىلەن بولغان مۇنازىرە مەزمۇنىغا يۆتكىدى - دە، قىزنىڭ سىرلىق ھەرىكىتىنى ۋە ھېكىم بىلەن قىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى بايان قىلدى.

— دېمەك، — دېدى بىلال ئەزىزى، — مېنىڭچە، ئەنە شۇ قىز بىزنىڭ بويىنىمىزغا تاشلىنىۋاتقان سالما. بۇ مەرەز تانابىنى



ئۈزۈپ تاشلىشىمىز كېرەك. ساڭا ھېلىغىچە «توپئاتار غوجام» دىن خەت يوقمۇ؟!

بىلال ئەزىزى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا سوئال قويۇپ گۈلباھاردىن خەت كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى سورىدى.

— ياق، ھېلىغىچە گەپ - سۆز يوق، — دېدى لۇتپۇللا.

— بولتۇر يىل ئاخىرىدا، — دېدى بىلال ئەزىزى تەكىتلەپ، — ئابدۇللا داۋۇتنى مېھمان قىلىش ئاتىقى بىلەن ھېكىمنىڭ ئۆتكۈزگەن زىياپىتى ۋە مېھمان قىزنىڭ ئورۇمچىدىن كېلىپلا، شۇ زىياپەتنىڭ ئەزىز مېھمىنى بولۇپ قېلىشى مېنىمۇ چوڭقۇر ئويغا سالغانىدى ... مەن ھېلىمۇ شۇ زىياپەتتىن گۇمانلىنىمەن. بۈگۈن باغچىدىن چىقىشىمىزدا باغنىڭ ئارقىسىدا پەيدا بولغان سىرلىق كۆلەڭگىنى ھېچكىم كۆرەلمەي قالدى. بىز چوقۇم سەگەك بولۇشىمىز كېرەك!

سۆھبەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن، لۇتپۇللا دوستلىرى بىلەن خوشلىشىپ، يالغۇز ئۆز ھۇجرىسىغا قايتىپ ماڭدى. ئۇ گېزىتخانا قورۇسىغا كىرگەندە يەنە قانداقتۇر بىر قارا كۆلەڭگە شىپىر - شىپىر قىلىپلا بۇلۇڭ تەرەپكە ئۆتۈپ غايىب بولۇپ كەتتى.

جىن - ئالۋاستىدىن ئانچىۋالا ئۈركۈپ كەتمەيدىغان قاپ يۈرەك لۇتپۇللا بەخۇدۇك بېرىپ، ئىشىكنى ئېچىپ، ھۇجرىسىغا كىردى ۋە پانارنى يورۇتتى. ئۇ ئىشىك قىسىلچىقىدىن تاپىسىغا تاشلانغان بىر پارچە پوچتا كونۇۋېرتىنى كۆرۈپ قالدى - دە، يۈگۈرۈپ بېرىپ خەتنى ئالدى ۋە ئالدىرىماي كونۇۋېرتنىڭ ئالدى - كەينىگە سىنچىلاپ قارىدى:

خەت ئادرېسى ئورۇمچى بولۇپ، گۈلباھاردىن دېيىلگەنىدى. ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، كونۇۋېرتنى يىرتىپ، خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى، شۇ تاپتا ئۇ، ۋۇجۇدىغا ئوت تۇتىشىپ، يۈرەك تومۇرلىرى يىرىدىنلا قىزىپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتى. خەتنى ئوقۇپ

قاق ئۇتتۇرىسىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئۇتتەك قىزىپ تۇرغان بەدىنى بىردىنلا سوۋۇشقا باشلىدى. كەڭ پېشانىسىدە مۇزدەك تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى.

ئۇ، ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك، خەتنى قايتا ئوقۇغلى تۇردى. ئۇچىنچى، تۆتىنچى قېتىم ئوقۇپ چىقتى، بىراق، يەنىلا شۇ خەت، يەنە شۇ پوچېركا، يەنىلا بىر مەزمۇن ئىدى:

... «بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئۈچ پارچە خېتىمدە سىزگە بولغان چىن مۇھەببىتىمنى، تارتىۋاتقان ئاھۇ زارىمنى ئىزهار قىلغانىدىم، سىزدىن جاۋاب بولمىدى. بۇ، مېنىڭ يۈرەك ئازابىمنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جەنۇبتىن كېلىۋاتقان سۆز - چۆچەكلەر يارا ئۈستىگە تۇز سەپكەندەك بولۇپ، مېنى تېخىمۇ قاتتىق ئازابلىماقتا. بەرىنىڭ ئېغىزىدىن گۇلپىيە، بىرىنىڭ خېتىدىن زۇلپىيە ... شۇنداق بولسا مەيلىڭىزچە بولسۇن، ماڭىمۇ بىر بۇيرۇق ئېيتار ...»

بۇ خەتنىڭ مەزمۇنى لۇتپۇللانىڭ يۈرىكىنى بىر دەقىقە ئىچىدىلا پارە - پارە قىلىۋەتتى. ئۇ، شىرە يېنىغا كېلىپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، خېلى ئۇزۇنغىچە خىيال سۈردى ۋە يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇ، ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويۇپ دېدى: «بۇ، نېمە گەپ، نېمىشقا ئۇنىڭ ئۈچ پارچە خېتى ماڭا تەگمەيدۇ، نېمىشقا مېنىڭ يازغان خەتلىرىمدىن بىرىمۇ ئۇنىڭ قولىغا تەگمەيدۇ، زادى بۇ نېمە سىر؟!»

شائىر گاھى ئولتۇرۇپ، گاھى ئۆي ئىچىدە ئۇياقتا - بۇياقتا مېڭىپ يۈرۈپ، ئەنە شۇ بىر خىيال ئۈستىدىلا تەكرار ئويلىناتتى.

تۈن يېرىم بولغاندا، ئۇ، كارىۋات ئۈستىگە بېرىپ،



كىيىم - كېچەكلىرى بىلەنلا سوزۇلۇپ يېتىپمۇ باقتى، لېكىن زىنھار ئۇيقۇسى كەلمىدى.

ئۇ، يەنە كۆزىنى يۇمۇشقا ئىمكانىيەت ئىزدەپ چىراغنى ئۆچۈردى، لېكىن تولۇن ئاينىڭ شولىسى دېرىزە ئەينىكىدىن ئۆي ئىچىگە ئەكس نۇر بېرىپ، ئۆينىڭ ئىچىنى پانار يورۇتقاندەكلا يوپيورۇق قىلىپ تۇراتتى.

شائىر چىراغىنى قايتا يورۇتۇپ، ھۇجىرا ئىشىكىنى تاقىدى - دە، سىرتقا چىقىپ ئۇزۇنغىچە ئايلاندى.

ئەتراپ جىمجىت، ھاۋا ئوچۇق ۋە سالقىن ئىدى. ئاسماندىكى تولۇن ئاي غەربكە سەل قىيسايغان. ئاينىڭ يورۇقىدا لەڭگەر كوچىسىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرى، كوچا ئارقىسىدىكى باغ مېۋىلىرىنىڭ ئېگىلىپ تۇرغان شاخلىرى كۆزگە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بۇ كېچە ئالەم بوشلۇقىدا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار، باشقا ھەرقانداق كېچىدىكىدىن كۆپ كۆرۈنەتتى. بۇ ئىمىر - چىمىر يۇلتۇزلارنىڭ شولىسى قوشۇلۇپ، ئاينىڭ يەرگە چېچىۋاتقان نۇرىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنىدى، لېكىن مۇھەببەت شامى ۋاپاسىزلىق بىلەن ئۆچۈرۈلگەندە، ئالەم ئۇنىڭغا يەنىلا قاپقاراڭغۇ كۆرۈنەتتى.

لۇتپۇللا گېزىتخانا دەرۋازىسىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇلۇغ تەرەپكە بۇرۇلۇپ، كوناشەھەرگە بارىدىغان يول ئېغىزىدىكى چوڭ لەڭگەر كۆۋرۈككە قاراپ ماڭدى.

«ئۇيقۇ — مۇھەببەتسىزنىڭ، بىكارچىلىق — ھورۇننىڭ» دېدى ئۇ، يولدا كېتىۋېتىپ، ئۆزىنى ئۆزى روھلاندۇرۇپ، ئۇ، كۆۋرۈك ئۈستىگە بارغاندا، كۆۋرۈكنىڭ سول تەرىپىدىكى باجگىرنىڭ قورۇسىدىن تاڭ سوزۇلۇشتىن خەۋەر بېرىپ قىچقىرىشقا باشلىغان خورازنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. باجگىرنىڭ يولۇچىلار ئۈستىدىن نارازەت قىلىش ئۈچۈن باغقا باغلاقتىكى ئىتىمۇ تەڭلا قاۋاشقا باشلىدى.

دەل شۇ چاغدا شىمالدىكى بوزدۆڭ تەرەپتە تاغ ئارقىسىدىن بىر پارچە قارا بۇلۇت پەيدا بولۇپ، شۇ ئەتراپتىكى يۇلتۇزلارنىڭ يۈزىنى توسۇۋالغانىدى. شەھەردىكى ناۋايلارنىڭ ئەتىگەنلىك تونۇرىغا ئۈلگۈرتۈش ئۈچۈن قىزىل ۋە يارىبېشى تەرەپتىن يۇلغۇن بېسىپ كېلىۋاتقان بىرمۇنچە يارىيار ھارۋىلارنىڭ غىچىرلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

شائىر ئاستا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مېڭىپ، ھۇجرىسىغا قايتىپ كەلدى - دە، قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئۆزىنى پۈتۈن بىر كېچە ئۇخلاتمىغان گۈلباھارنىڭ خېتىگە جاۋاب يازماقچى بولدى. ئۇ، يېزىشنى باشلاشتىن بۇرۇن گۈلباھارنىڭ خېتىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى.

ئاخشام خەتنى قولىغا ئالغاندا، يۈرىكى ھاياجان ئىچىدە تېز سېلىپ، قەلبىدىكى مۇھەببەت يالقۇنلىرى ئۇنى تەمتىرىتىپ قويغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھاياجان تەدرىجىي پەسكارىغا چۈشۈشكە باشلىدى.

«ياق، توختا، — دېدى ئۇ، ئەقىل - ئىدراكىنى قايتا ئىشقا سېلىپ، — گۈلباھارنىڭ ماڭا يازغان ئۈچ پارچە خېتى ۋە مېنىڭ يازغان شۇنچە كۆپ خەتلىرىم زادى نەگە كەتتى؟ دېمەك، بۇنىڭدا بىر سىر بار، تېگىدە بىر ئويۇن بار.»

لۇتپۇللانى ئەمدى مۇشۇ ئوي - پەرەز بەند قىلىۋالدى - دە، ئاخىرىدا بىر قارارغا كېلىپ دېدى: «‹مېھمان قىز›، يەنە قانداق كارامەتلەرنى ۋە يەنە قانداق سېھىر - ئويۇننى كۆرسىتەركىنە! دېمەك، ئۈرۈمچىدىن ئۇنىڭ ئاقسۇغا غىپپىدە پەيدا بولۇشى ۋە ‹ئون بىرىنچى نومۇرلۇق› ئۆيدىكى زىياپەتنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى بىكار ئەمەس ئىكەن - دە!»



# ئون ئۈچىنچى باب

## گۇمانلىق زىياپەت

دوست كەينىڭدە ماختار،
دۈشمەن ئالدىڭدا.

— خەلق ماقالى

بۇ ۋەقە لۇتپۇللا ئاقسۇغا كېلىپ ئىككى ئايچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنلا سادىر بولغانىدى.

يانۋارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قەھرىتان سوغۇق تازا ئەۋجىگە چىققان بىر شەنبە كۈنى چاي ۋاقتى ئىدى. شائىر ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدىن تۇغقىنىنىڭ كېسىلىگە قاراۋاتقان ئۇستازى ئابدۇللا داۋۇتنى باشلاپ، تاشقىرىقى بازاردىكى بىر سامساخانىدا تاماق يېيىشتى. ئاندىن ئۇلار بازار ئارىلاپ مېڭىپ، يېڭىدىن ئېچىلغان سەكسەنخالتا (دورىگەر) دۇكىنى ئالدىغا كەلدى ۋە دۇكان يېنىدا دورىگەر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئابدۇللا داۋۇتنىڭ تونۇشى سەيدۇللا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. دورىگەر لۇتپۇللا بىلەن ئابدۇللا داۋۇتنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، يېنىدىكى سەيدۇللانى ئىككىيلەنگە تونۇشتۇرۇپ:

— بۇ كىشى ماڭا ھازىر ھېكايە سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، سىلەرنىڭ كېلىشىڭلار ئوبدان بولدى. سەيدۇللا موللا ھېكايىچىلىقنىڭ پىرى. پەيلاسوپ ئارىستو①، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن،

① ئارىستو — ئارىستوتېل (مىلادىيىدىن بۇرۇن 384 — 322 - يىللار) قەدىمكى يۇناننىڭ ئاتاقلىق ئالىمى، داڭلىق پەيلاسوپ.

«شاھنامە»، «كېلىلە - دەمنە»، «مىڭ بىر كېچە» ... ئەيتاۋۇر جاھاندىكى ئىلمىي ھېكمەتنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلىدۇ. سىلەر بىرنېمە يازماقچى بولساڭلار، بۇ كىشىدىن كۆپ ماتېرىيال ئالالايسىلەر، — دېدى.

لۇتپۇللا دورىگەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى قىزىقىپ ئاڭلىدى ۋە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، سەيدۇللاغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، قايتا قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— «گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نە پايدا» دەيدىغان تەمسىلىمىز بار، — دېدى دورىگەر يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — خەلق ئىچىدىكى ئەسكى چاپانلار ئىچىدە گۆھەر كۆپ.

شۇنىڭدىن كېيىن لۇتپۇللا ھەمىشە سەيدۇللانى يوقلاپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن نۇرغۇن ھېكمەتلىك سۆز، ماقال - تەمسىللەرنى ئاڭلايتتى ھەم ئۇنى دەپتىرىگە خاتىرىلىۋالاتتى.

— قېنى ئەمىسە، بىر ئاز سەۋر قىلىپ بەرسەڭلار، سەيدۇللا موللا بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، — دېدى دورىگەر، سەيدۇللانى سۆزگە تەكلىپ قىلىپ.

سەيدۇللا دورىگەرنىڭ ئىلتىماسى بويىچە، سۆزىنى ئەمدىلا باشلاپ تۇرغان چاغدا، قاياقتىندۇر بىر قېرى موماي كىچىك قىز نەۋرىسىنى ئەگەشتۈرۈپ دورىگەرنىڭ دۇكىنى ئالدىغا كەلدى - دە، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «خۇدا ۋە روسۇل ھەققىدە» سادىغا تىلىگىلى تۇردى.

مومايىنىڭ تېنىدە قىرىۋالغۇچىلىك ئەت يوق ئىدى، ئۇنىڭ بېشىدىكى ئاق لىچەكى كىرلىشىپ كەتكەن، كۆكۈچ ماتا كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە كىيىۋالغان كونا پاختىلىق چاپىنىنىڭ ئون نەچچە يېرىگە ياماق چۈشكەن، ئىككى كۆزى ئولتۇرۇشۇپ، ئارالا پارقىراپ قالغانىدى.

مومايىنىڭ ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن نەۋرە قىزى زىمىستان قىشتا يېلىڭ كىيىم بىلەن دىر - دىر تىترەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سامانىدەك سارغىيىپ كەتكەن رەڭگىگە قارىغان كىشى ئىچى سىي-



رىلىپ زادىلا چىداپ تۇرالمايتتى.

— كېلىڭ، موما، كېلىڭ، سىڭلىم! — دېدى شائىر ئۇلارنى دورىگەرنىڭ دۇكىنى ئىچىدىكى كىچىك سەندەلگە تەكلىپ قىلىپ.

موماي بىلەن قىزچاق سەندەل يېنىغا كېلىپ ئىسسىنىشقا باشلىدى.

— موما، يېنىڭىزدىكى بۇ قىزچاقنىڭ ئاتى نېمىچۇ؟ — دەپ سورىدى لۇتپۇللا تىلەمچى مومايدىن.

موماي لۇتپۇللاغا بۇرۇلۇپ بىر قارىۋېتىپ، ئارقىدىن يەنە سەندەلگە قولىنى قاقلىدى ۋە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى - دە، ئىچىنى سەل - پەل بوشىتىۋالغاندەك بولۇپ، ئاندىن جاۋاب بېرىشكە كىرىشتى:

— بۇ دەردىمنىڭ نېمىسىنى سورايدىغانسىز، بالام، — دېدى ئۇ، ئاستا سۆزلەشكە باشلاپ، — بۇنىڭدىن تۆت يىلچە بۇرۇن، مۇشۇ نەۋرە قىزىمنىڭ ئاتىسىنى — مېنىڭ دۇنيالىقتا بىرلا ئوغلۇمنى، «ئالتۇن كولاش» سەيسە[1]سىگە تۇتۇۋېلىپ، ئالتاي دېگەن يەرگە ئەكېتىشكەن، كېيىن شۇ يەردىن ئۆلۈم خەۋىرى كەلدى. شۇنىڭدىن بۇيان باققۇچۇم يوق مۇشۇ يېتىم نەۋرە قىزىم بىلەن، خانىۋەيران بولۇپ، تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرۈۋاتىمەن.

موماي پات - پاتلا ئۇھ تارتىپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قوياتتى، دەرد ئىچىدە مۈجۈلۈپ تۇرغان كۆكسىنى ئىككى قولى بىلەن بېسىۋالاتتى.

— بۇ پاجىئەلىك تارىخنى مەن سۆزلەپ بېرەي، — دېدى سەيدۇللا ۋە ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى، — بۇنىڭدىن نەچچە يىللار بۇرۇن مۇشۇ ئالتە شەھەردىن «ئالتۇن كولاش» ئالدامچىلىقى بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ نەچچە ئون مىڭلىغان ياش پەرزەنت-

[1] سەيسە — ھاشار، ئالۋان.

لىرىنى مەجبۇرىي تۇتۇپ كەتتى. «ئاللا، ئاللا، ۋاي باللا، بۇ دەردكە نىمە دەيلا» دېگەن ناخشا شۇ چاغدا چىققانىدى.

نەدىكى «ئالتۇن كولاش» بولسۇن!... بۇ ئالتايدىكى قازاق خەلقىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، ئەسكەر يېتىشتۇرەلمىگەن ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ جەنۇبتىكى دېھقانلارنى شىمالدىكى چارۋىچىلارغا سېلىشقا، قېرىنداش خەلقلەرنى بىر - بىرىنى قىرىشقا ئىشلەتكەن ھىيلىسى بولۇپ چىقتى. ئۇلار جەنۇبتىكى كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى «ئالتۇن كولاپ باي بولۇپ قايتىسىلەر» دەپ ئالداپ، ئۇرۇشقا سالدى. ھېسابسىز ياشلار شۇ ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتتى. «قان پۇلى» دەپ بەرگەن ئازغىنە پۇلنىمۇ، ئەمەلدارلار، باي - بېگىملەر قان ئورنىدا ئۆزلىرى شورىۋېلىشتى. نۇرغۇن ياش ئاياللار تۇل قالدى، نارەسىدە ئوغۇل - قىز پەرزەنتلەر ئايانچىسىز بىچارە يېتىم - يېسىرلارغا ئايلاندى. بوۋايلار، مومايلار بولسا، مانا مۇشۇ ئانامدەك، دىۋانىلەرگە ئايلاندى!

لۇتپۇللا بىلەن ئابدۇللا داۋۇت بۇ تراگېدىيىنى — تارىخىي رېئاللىقنى يۈزەكى بىلەتتى. بۈگۈن مومايىنىڭ دىۋانە بولۇپ كەتكەنلىكىدەك جانلىق پاكىت ۋە سەيدۇللانىڭ تەسىرلىك سۆزلىرى ئۇلارنى بەكمۇ ھاياجانلاندۇردى.

مومايىنى ساقلىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن دۇكاندا ئولتۇرغاننىڭ ھەر بىرى يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ، ئازدۇر - كۆپتۇر پۇل چىقىرىپ مومايغا بېرىشتى. موماي ئىنتايىن رازى بولۇپ، سادىغا بەرگۈچىلەرنىڭ ئۆمرىگە نۇسرەت تىلىدى ۋە نەۋرىسىنى ئەگەشتۈرۈپ دۇكاندىن چىقىپ كەتتى.

مومايىنىڭ ھالىدىن ئېچىنغان تارىخچى ئابدۇللا داۋۇت تۇرالماي قالدى.

— مەن، — دېدى ئابدۇللا داۋۇت، — ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بولساممۇ، بۈ-



گۈن بىر ئوقۇغۇچى سۈپىتىم بىلەن ھەقىقىي خەلق تارىخىدىن دەرس ئالدىم. مەن ھە دېسىلا قەدىمكى مېسوپوتامىيە①، بابىل - ئاسۇرىيە② تارىخىنى سۆزلەشكىلا بېرىلىپ، قەدىمكى تارىم بويىدىكى ئەردەۋىل③ تارىخىنى ئاز بىلىپ كېلىپتىمەن. ھەقىقىي تارىخىي بىلىم — ھەممىدىن بۇرۇن، ئۆزىنى ئۆزى ئېنىق چۈشىنىشى ئىكەنلىكىنى مۇشۇ دىۋانە مومايىنىڭ ھالىدىن بىلدىم.

— ئۆز - ئۆزىنى چۈشىنىش يەنىلا مەرىپەتكە باغلىق ئىش، — دېدى سەيدۇللا موللا سۆز باشلاپ، — بىزنىڭ ساۋاتسىز بايلىرىمىز، فېئودال بەگلىرىمىز ئەركىنلىك ۋە مەرىپەتنىڭ دۈشمەنلىرى بولۇپ كەلدى، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى ساق قالمىدى. مېنىڭ چوڭ دادام ئاقسۇدىن چىققان چوڭ شائىر موللا شاكىر بىلەن ئاغىنە بولۇپ ئۆتكەن مەرىپەتلىك ئادەم ئىكەن. ئەمما ئاتام بولسا، بايلىققا ھېرىس، خەلققە كۆيۈمسىز كىشى ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ پۇلى ۋە مەنسىپى ۋاپا قىلماي، ئاخىرى خانىۋەيران بولۇپ كەتتى. ئەنە شۇ چاغدا، ئۇ چوڭ دادامنىڭ شائىر موللا شاكىر بىلەن «سىيىت ھېكىمبەگ توغرىسىدا» ئۆز ئارا يېزىشقان بىر مۇشائىرە شېئىرىنى ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ نادانلىقىدىن ھەسرەت چېكىپ يىغلاپ كېتەتتى. سىيىت ھېكىم بەگ بولسا، شۇ چاغدىكى كۇچا، ئاقسۇ خەلق قوزغىلىڭى④نىڭ خائىنى بولۇپ، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ساپ قېنى بەدىلىگە ئەيش - ئىشرەت قىلىپ، ھاراق - شاراب ئىچىپ، ئاخىرى رەسۋايىئالەم بولۇپ، ئالەمدىن تۈگەشكەنىكەن. چوڭ دادام ۋە موللا شاكىر شۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن تارىخنىڭ

① مېسوپوتامىيە — قەدىمكى ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىراق ۋە تىگىر دەرياسىنىڭ ئەتراپلىرى.
② بابىل - ئاسۇرىيە — يۇقىرىدىكى ئىككى دەريانىڭ باش ئېقىنى ۋە ئوتتۇرا ئېقىنىغا جايلاشقان قەدىمكى جايلار.
③ ئەردەۋىل — ئاقسۇنىڭ قەدىمكى تارىخىي نامى.
④ ئاقسۇ - كۇچا خەلق قوزغىلىڭى — 1850 - يىللاردا مەنچىڭ خانلىقىنىڭ زۇلمىغا قارشى «تەيپىڭتيەنگو» قوزغىلىڭى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا كۆتۈرۈلگەن چوڭ قوزغىلاڭ. ئۇ شەرقتە ئۈرۈمچىگىچە، غەربتە قەشقەر، يەكەنگىچە كېڭەيگەنىدى. 1865 - يىلى بەدەۋلەت تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلدى.

جانلىق شاھىتلىرى ئىكەن. دېمەك، قان بەدىلىگە كەلگەن بايلىق ۋە مەنسەپ قىساس ئوغىسى بولىدۇ.

— «سىيىت ھېكىمبەگ توغرىسىدا»، — دېدى لۇتپۇللا. — چوڭ دادىلىرى بىلەن موللا شاكىر ئوتتۇرىسىدا يېزىشقان مۇشائىرە نەزمىدىن ئەسلىرىدە قانچىلىك قالغان بولسا، شۇنچىلىك ئاڭلاپ باقساق بولماسمۇ؟

— مەن بايا دېمىدىممۇ، — دېدى دورىگەر دەرھال سۆز قىستۇرۇپ، — بۇ كىشىنىڭ ئىچى ھەقىقەتەن بىر خەزىنە، قېنى ئوقۇپ بەرسىلە، تەقسىر، ئەپەندىملەر ئاڭلاپ يېزىۋالسۇن.

— بۇ ئۇزۇن نەزم ئىدى، — دېدى سەيدۇللا موللا، — ئېسىمدە قالغىنى ئازراقلا، بولىدۇ، ئازراق بولسىمۇ ئوقۇپ بېرەي:

سىيىت بەگنى، ئەمدى ئاڭلا قايدا كەتتى،
قويۇپ كوزا ئىچىگە قان ئىچەتتى.

بولۇپ ئەلنىڭ ئىچىدە نامى سېسىق،
يەنە ئىتتىن بەتتەركى — دامى سېسىق.

تۇتۇپ گالدىن ئۇنى ئەل قىساسى،
بېلى سۇندى، ئۇنىڭ قايدا ھاساسى.
......

شائىر قولىغا دەپتەر-قەلەم ئېلىپ نەزمنى سەيدۇللا موللىغا قايتا ئېيتقۇزۇپ، يېزىشقا باشلىغان چاغدا، دۇكان ئالدىغا ئۇشتۇمتۇت يەنە بىر يىگىت بىلەن بىر ئايال كېلىپ توختىدى.

يىگىت كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، دۇكاندىكىلەرگە سالام بەردى ۋە دۇكاندا ئولتۇرغانلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، لېكىن



يىگىت بىلەن بىرگە كەلگەن ھېلىقى ئايال دۇكان ئالدىدا ئىككى قولىنى قارا مەخمەلدىن تىكىلگەن پاختىلىق جۇيازا چاپىنىنىڭ يان يانچۇقىغا سېلىۋالغان پېتى قوشنا دۇكاندىكى ئالتۇن ساپاق، كۈمۈش ھالقا، ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك قاتارلىق زىبۇزىنەت بۇيۇملىرىغا نەزەر تاشلىغان بولۇپ، ناز خۇلقى ئارىلاش چىرايىنى سۇزۇپ تۇراتتى.

يۈزىگە پەرەنجە تارتىۋالغان روپاش ئاياللارغا قارىغاندا، بۇ ئايال سىرتىدىن مەدەنىي، ئەركىن ۋە ئازادىرەك كۆرۈنەتتى. بىراق، ئۇنىڭ مەدەنىيىتى ھەقىقىي پاك مەدەنىيەتنىڭ سىرتىدىكى باشقىچە ماركىلىق «مەدەنىيەت» ئىكەنلىكى بىر قاراشتىلا سېزىلەتتى.

ئۇ، دۇكان ئىچىدىكى چوڭلارغا سالام ۋە ھۆرمەت بىلدۈرمەي، گىدەيگەن پېتى بىر ئىمزىدا مۇزدەك قېتىپ تۇراتتى. «قىزنىڭ كۆزى قىزىلدا» دېگەندەك، ئۇ، زەرپۇرۇشنىڭ دۇكىنىدىن زىننەھار كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئۇ، ئارىلاپ-ئارىلاپ سول قولىنىڭ ئوتتۇرانچى بارمىقىغا سېلىۋالغان ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكىنى ئۇزۇن بارماقلىرى بىلەن تۇتۇپ قويۇپ كۆز-كۆز قىلىپ قوياتتى. يۈزىدىكى ئۇپا-ئەڭلىك قويۇق سۇرتۇلگەنلىكى ئۈچۈنمۇ، تەلەتى خۇددى سەھەر ۋاقتىدا قىرو چۈشكەن ئېتىزنىڭ رەڭگىدە كۆرۈنەتتى. ئۇ ئېھتىمال، «ئۇستەڭنىڭ يارىشىقى تال، ئايالنىڭ يارىشىقى خال» دېگەننى ئوبدان بىلىۋالغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى ۋە پېشانىسىگە چەكتۈرۈلگەن كۆكۈچ ئۈچ خال ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بويىدىن ئەتىر ھىدى گۇپ-گۇپ پۇراپ، كىچىككىنە تار كوچا ئىچىنى بىر ئالغانىدى. بۇ «قۇرۇق سۆلەت، ياغاچ پەشمەت» خانىم شۇ چاغلاردا تەخمىنەن يىگىرمە ياشلار ئەتراپىدا ئىدى.

— سىزنى بايدىن كەلدى، دەپ ئاڭلاپ، — دېدى ئايالنى باشلاپ كەلگەن سۆلەتلىك يىگىت ئابدۇللا داۋۇتقا قاراپ، —

ئىككى كۈندىن بېرى كۆپ ئىزدىدىم، دوختۇرخانىغىمۇ باردىم. سىز بىزنىڭ پېشقەدەم ئۇستازىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز بىر يۇرتلۇقمىز. شۇڭا بۈگۈن ئاخشام بىزنىڭكىدە مېھمان بولۇپ بەرسىڭىز.

— رەھمەت. كېسەلگە قاراۋاتىمەن. باشقا بىر كۈنلىرى بارمايمىزمۇ؟ — دېدى ئابدۇللا داۋۇت ھېلىقى يىگىتكە.

— مەن تەييارلىقنى قىلىپ قويۇپ، ئەتەي ئىزدەپ كېلىشىم ئىدى، بۈگۈن ئاخشام باھانە - سەۋەب كۆرسەتمەي، بېرىپ بەرسىلە.

ئابدۇللا داۋۇت تەڭلىكتە قالدى، ئاخىرى رەت قىلالماي، ئىلاجىسىز ماقۇل بولدى. يىگىت ھېلىقى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن ئايال بىلەن بىرلىكتە دۇكان ئالدىدىن ئايرىلىپ ئون نەچچە قەدەم نېرى مېڭىپراق، يەنە ئۆزى يالغۇز قايتىپ كېلىپ:

— ئەپۇ قىلىشسىلا. بابا ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ، بۈگۈن ئاخشام شائىرىمىز لۇتپۇللا مۇتەللىپنىمۇ چوقۇم بىرگە ئالغاچ بېرىشارلا ... — دېدى ئابدۇللا داۋۇتقا ھاۋالە قىلىپ.

— بولىدۇ، — دېدى ئابدۇللا داۋۇت.

يىگىت خۇشال بولۇپ يەنە يۈرۈپ كەتتى.

— سەيدۇللا موللا ئاكا، بۇلار كىم بولىدۇ، بىلەمدىلا؟

لۇتپۇللا ھېلىقى كەلگەن يىگىت بىلەن ئايالنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن كوچىلاپ سورىدى، ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ۋە قانداقلىقىنى ئۇلتۇرغانلار ئىچىدە سەيدۇللا موللىدىن باشقىلىرى تازا بىلىپ كېتەلمەيتتى. ئابدۇللا داۋۇتمۇ بىر يۇرتلۇقى مۇناسىۋىتى بىلەن پەقەت يىگىتنىلا تونۇيتتى، لېكىن ئۇمۇ يىگىتنىڭ ئاقسۇدىكى ھازىرقى ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز ئىدى. لۇتپۇللا يېڭى كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى تېخىمۇ بىلمەيتتى.

— زامان كۆلكىلىك، — دېدى سەيدۇللا موللا، ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ، — زامان كۆلكىلىك بولغاندا، پەلەك تەتۈر چۆر-



گىلەيدۇ. پەلەك تەتۈر چۆرگىلىگەندە، مانا ماۋۇ نەزمىدىكىدەك بولىدۇ:

قاپاقنىڭ قىممىتى بولماس، بولۇر مۇندا بارالڭ ئەتىۋار،
خۇشامەت - تەخسىدىن ئابرۇي، بولۇر تەلۋە - سارالڭ ئەتىۋار.

ھېلىقى يىگىتمۇ، ئايالمۇ ئەنە شۇ تىپتىكىلەردىن، ئۇنىڭدەك قۇرۇق سۆلەت، قۇرۇق پارالڭ خەلق ئۈچۈن ئاپەت كەلتۈرىدۇ. شۇڭا ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرى ئەنە شۇ خىلدىكى «تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال» مېۋىسىز گۈلنى تەنە قىلىپ، ئۆزى يازغان تۆۋەندىكى رۇبائىيسىنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ، ھەمىشە ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي ئوقۇپ يۈرىدىكەن:

ئوتقا سالغىل سەرۋىنى، ئول قەددى رەنا بولمىسا،
ئەلگە بەرمە گۈلنى، ئول رۇخسارى زىبا بولمىسا؛
سەرۋە بىرلە گۈل تاماشىسىغا يوق مەيلىم مېنىڭ،
باغ ئارا ئول سەرۋە گۈل - روھتىن تاماشا بولمىسا.

— ئۆكىنىمەن، — دېدى سەيدۇللا موللا يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە خېلى ئۇزۇن ئوقۇغان، لېكىن تەتۈر پەلەك بىلىم ئەھلىنى خار - زار قىلىپ كەلمەكتە. مەشھۇر ئالىم، شائىر ئابدۇراخمان جامى[1] ئۆزىنىڭ بىر شېئىرىدا مۇنداق دېگەنىدى: «ئەھلى ئىلىمنىڭ دەپسەندە قىلىنىپ، جاھىللارنىڭ ئەتىۋارلىق بولۇشى — دۇنيادا كۆپ كۆرۈلگەن ھادىسە.»

سەيدۇللا موللا نەزمىنى ئوقۇپ بولۇپ تۇرۇشىغا، دورىگەر:

① ئابدۇراخمان جامى (1414 — 1492) — ئاتاقلىق شائىر ۋە تارىخشۇناس، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۇستازلىرىدىن بىرى.

— ئەمدى، ھېلىقى سەتەڭنى ئوبدانراق تونۇشتۇرۇپ قويسىلا، تەقسىر، بۇ زىيالىي يىگىتلىرىمىزگە پايدىسى تېگىپ قالۇر، «گۈزەل يولدا قوپۇر، قاراقچى چۆلدە» دېگەن تەمسىل بار ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

سەيدۇللا موللا ئايال ھەققىدە تونۇشتۇرۇپ:

— بۇ ئايال ماڭا ئوبدانلا تونۇشلۇق، ئۇ ھېلى ئۇنى باشلاپ كەلگەن يىگىتنىڭ خوتۇنىمۇ ئەمەس، ئۇ شۇنچە ياش تۇرۇپ، ئالتە ئەرنى يولغا سېلىپ بولدى. ئۇنىڭ ئۆيىگە توپلىنىۋالغان زىبۇزىننەتلىرى كۆپ، ئۇ «ناز قىزغا يارىشار، غاز كۆلگە» دېگەننى ئوبدان بىلىۋالغان. ئۇ ئىشنىڭ بېشىدا ناز قىلىپ كۆيدۈرىدۇ، ئۈچ ھەپتە ئۆتەر - ئۆتمەيلا كۆيگەن كۆڭلۈڭنى ئۆلتۈرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان ئەرلەر: «سۆيگەن يارىم سەن بولساڭ، كۆرگەن كۈنۈم نېمە بولۇر» دەپ بىزار بولىدۇ. ئۇ، باشتا ۋەدە بىلەن شەرت قىلىدۇ، لولىلىق قىلىپ قەسەم ئىچىدۇ، ئاخىرى «شەرتى كېتىپ پەرتى قالىدۇ»، — دېدى.

— «ساقال قىرىپ» ئۆگىنىپ قالغانىكەن - دە، — دېدى دورىگەر، سەيدۇللا موللىنى «ئىلمىي تەريابۇت»[1] ھېكايىسىدىن يېڭى بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرىشكە قىزىقتۇرۇپ.

— ئەخلاق، ۋىجدان ئۆلچىمىدىن چىقىپ كەتكەن ئىنساپسىز ئەر كىشىلەرنىڭ جىنايىتى، شۇ خىلدىكى ئاياللاردىن ئېشىپ كېتىدۇ، — دېدى سەيدۇللا موللا، ھېكايىسىنى باشلاشتىن بۇرۇن، — بىز ئۇنى ئايرىم بىر كۈنى سۆزلەيمىز. بىراق ھازىر پەقەت ھېلىقى ئايالنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان «ساقال قىرىش» ھۈنىرى ئاملىق ھېكايىمىز بىلەنلا كۇپايە قىلىپ تۇرىمىز. چۈنكى، ئۇ بۇگۈنمۇ «ساقال قىرىش» ھۈنىرىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

① «ئىلمىي تەريابۇت» — تۇرلۇك ھىيلە - نەيرەڭلەر توغرىسىدا يېزىلغان ھېكايىلەر توپلىمى.



سەيدۇللا موللا «ساقال قىرىش» ھېكايىسىنى باشلاپ بىر سائەتتىن ئارتۇق سۆزلىدى. ئۇنىڭ سۆز ماھارىتى، ھېكايىدىكى ۋەقەلىكنىڭ قىزىقلىقى، ئىچىدىكى تەسىرلىك نەزم - شېئىرلار لۇتپۇللا بىلەن ئابدۇللا داۋۇتنى ئىختىيارسىز كۈلدۈرۈپ تۇراتتى.

— بۇگۈن مۇمكىن بولسا، زىياپەتكە بېرىشتىن بۇرۇن ساقال - بۇرۇتۇڭلارنى پاكىز قىردۇرۇۋېلىپ، ئاندىن بېرىڭلار. شۇ چاغدا «بادە - رەيتال»[1] ئىلاجىسىز قالىدۇ، — دېدى چاقچاق قىلىپ سەيدۇللا موللا ئاخىرىدا.

— لېكىن بىز «ئىسھاق ئەگمىسى»[2] نى ئاڭلىنىپ ئۆتكەنلەر، بوش كەلمەسلىكىمىز مۇمكىن، — دېدى ئابدۇللا داۋۇت جاۋابەن.

ئۇلار كۈلكە - چاقچاق ئىچىدە خوشلاشتى. بۇگۈن شەنبە كۈنى بولغاچقا، لۇتپۇللا بىلەن ئابدۇللا داۋۇت ئالدى بىلەن ساتىراشخانىغا كىرىپ چېچىنى ئالدۇردى. ئۇلارنى چايغا تەكلىپ قىلغان ھېلىقى يىگىت ئۇلارنىڭ بارماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ساتىراشخانا ئىشىكى ئالدىدا كۈتۈپ تۇراتتى. لۇتپۇللا بىلەن ئابدۇللا داۋۇت ساتىراشخانىدىن چىققاندىن كېيىن، يىگىت ئۇلارنى باشلاپ ماڭدى.

ئۇلار ئۇلۇغ تەرەپتىكى كوچىغا بۇرۇلۇپ، چوڭ كۆلۈب ئالدىدىن ئۆتۈپ، «ئون بىرىنچى نومۇرلۇق» قورۇ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— قېنى، مېھمانلار، مەرھەمەت! — دېدى ساھىبخانا يىگىت دەرھال دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى ئېچىپ.

① بادە - رەيتال — دەججال ۋە شەددادلىقنىڭ سىمۋولى.

② «ئىسھاق ئەگمىسى» — «تەپپىگتىيەنگو» دېھقانلار ھەرىكىتى بىلەن بىر ۋاقىتتا قوزغالغان كۇچا دېھقانلىرى قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىسى ئىسھاق باقراش كۆلىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، كۈمۈش سايلىقىدا خان لەشكەرلىرىگە زەربە بەرگەن. ئابدۇللا داۋۇتمۇ كېيىن باقراش كۆلىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ بىر قېتىم سەپەر قىلغان. ئۇ، بۇ ئايلانمىنى «ئىسھاق ئەگمىسى» دەپ ھېكايە قىلغانىدى.

شائىر بىلەن ئابدۇللا داۋۇت قورۇغا كىرگەندە، ساھىبخانا دەرۋازىنى ئىچىدىن يەنە مەھكەم ئېلىپ قويدى. ئۇلار چوڭ مېھمانخانىغا كىرىشتى. مېھمانخانىدا لىق ئادەم ئولتۇرۇشاتتى. ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، يېڭى كەلگەن ئىككى مېھماننى قارشى ئېلىپ، ئۇلارنى تۆرگە تەكلىپ قىلىشتى.

ئۆي ئىچىدىكىلەرنىڭ يېڭى مېھمانلارنى كۈتۈشۈپ تۇرغىنىغا خېلى ۋاقىت بولغان بولسا كېرەك، ساھىبخانىنىڭ كۈتكۈچىلىرى — شاللاقراق كەلگەن بىر ئەر كۈتكۈچى ۋە ئىككى ئايال پايپېتەك بولۇپ يۈگۈرۈشۈپ، ھايت-ھۇيت دېگۈچە داستىخان سالدى، گۆشلۈك سەي، كاۋاپ، ھەرخىل ھۆل-قۇرۇق مېۋە-چېۋە، ھالۋا، مۇراببا، نان، سامسا قاتارلىق نازۇ-نېمەتلەر ئارقا-ئارقىدىن كەلتۈرۈلۈپ، داستىخان بىردەمدىلا تۇشقۇزۇۋېتىلدى. بۈگۈنكى سېخىيلىق بىلەن مەمۇرچىلىقنىڭ تېگى-تەكتىدە قانداق ئويۇننىڭ بارلىقى تېخى ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس!

— قېنى، مېھمانلار، داستىخانغا بېقىپ، بەھۇزۇر يەپ-ئىچىپ ئولتۇرۇشسىلا، — دېدى ساھىبخانا يىگىت مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ تۇرۇپ، كۆپچىلىككە.

مېھمانلار مەزىگە كىرىشىپ كەتتى. ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن داستىخان ئۈستىگە بوتۇلكىلاردا ھاراق ۋە كوزىلاردا مۇسەللەس كەلتۈرۈلدى.

ساھىبخانا يىگىت ئۆزىنىڭ ئورنىدا ۋەكىل قىلىپ، ساقىيلىق ۋەزىپىسىنى مېھمانلار ئىچىدىن پاكار ھەم ۋىجىك كەلگەن بىر قىيسىق كۆز كىشىگە تاپشۇرۇپ:

— دوستلار، بۈگۈنكى ئولتۇرۇشىمىزنى قىزىتىش ئۈچۈن ساقىيلىق ۋەزىپىسىنى دوستۇم لوخۇرغا تاپشۇرىمەن ... — دېدى.

قىيسىق كۆز ساقىي دەسلەپ تۆت رومكىغا تولدۇرۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىرىنى ئۆزىگە قالدۇردى، بىر رومكىنى ساھىبخانىغا بەردى، قالغان ئىككى رومكىنى لوتپۇللا بىلەن ئابدۇللا داۋۇتنىڭ ئالدىغا قويدى. ئارقىدىنلا ئۇ ساھىبخانىغا قارىتىپ:



— قېنى، ئاۋۋال ساھىبخانىنىڭ قەدەھ سۆزىنى ئاڭلايمىز، — دېدى قىيسىق كۆز ساقىي لوخۇر.

— ئالدى بىلەن، — دېدى ساھىبخانا، — ھەرقايسىڭلارنىڭ بۈگۈن ئىچىلىپ-يېيىلىپ، ئازادە ئولتۇرۇشۇشۇڭلارنى تەكلىپ قىلىمەن؛ ئىككىنچىدىن بولسا، شەھىرىمىزگە يېقىندا ئۇستازىمىز ئابدۇللا داۋۇت، مەشھۇر شائىرىمىز ل. مۇتەللىپ ۋە سىڭلىمىز نەزىرە قىز قاتارلىق دوستلىرىمىز كېلىپ قالدى. مۇشۇ دوستلار بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ قېلىش مەقسىتىمىز بىلەن بۇ ئەرزىمەس چايغا ھەربىرلىرىنى ئاۋارە قىلدۇق.

نەزىرە؟! شائىر ئىچىدە ئۆز-ئۆزىگە سوئال قويۇپ، ساھىبخانا تىلغا ئالغان «نەزىرە» زادى كىمدۇر؟ دەپ خېلىغىچە ئويلاندىيۇ، لېكىن چاندۇرماي بىنەزەر ئولتۇرۇۋەردى.

كىتابخانلىرىمىزغا تونۇشتۇرۇلۇۋاتقان بۇ زىياپەت شائىر ئاقسۇغا كېلىپ تېخى بىر-ئىككى ئايلا ئۆتكەن، نەزىرە كېلىپ پەقەت بىر-ئىككى كۈنلا ئۆتكەن، شائىر بىلەن نەزىرە تېخى زادىلا ئۇچراشمىغان بىر ئەھۋال ئاستىدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى.

نەزىرە ھازىر زىياپەتتىكى ئاياللار قاتارىدا لام-جىم دېمەي بىر بۇلۇڭدا ئولتۇراتتى.

ئوتتۇرىدىكى كىچىك دالاننىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە جايلاشتۇرۇلغان بۇ زىياپەتخانا خۇددى كىچىكرەك بىر تانسىخانىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىنى چۆرىدەپ شىرە ۋە ئورۇندۇقلار قويۇلغان، ئۈستىگە گۈللۈك داستىخان سېلىنغانىدى. ئۆينىڭ جەنۇبىدا قىز-چوكانلار، شىمال تەرىپىدە ئەرلەر ئولتۇرۇشاتتى. قالغان ئىككى تەرەپتە ئۆي بىساتلىرى تىزىقلىق ئىدى.

— قېنى ئەمىسە، ھەممەيلەننىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن، — دېدى ساھىبخانا سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — قەدەھ كۆتۈرەيلى!

— ساھىبخانا بىلەن ئابدۇللا داۋۇتنىڭ بىر يۇرتلۇق بولغىنىدەك، پېقىرمۇ شائىرىمىز ل. مۇتەللىپ بىلەن بىر يۇرتلۇق، مېنىڭ ئىلقا، چاپچال ۋە غۇلجا تەرەپلەردە تۇغقانلىرىم كۆپ. بۈگۈن بۇ يەردە شائىرىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈشۈم خۇددى ئۆز تۇغقانلىرىم بىلەن دىدار كۆرۈشكىنىمگە ئوخشاش بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەنمۇ شائىرىمىزنىڭ قەدەم تەشرىپ شەرىپى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرۈشىمىزنى تەكلىپ قىلىمەن، — دەپ سۆز باشلىدى قىيسىق كۆز ساقىي ساھىبخانىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا.

«بىز بىر يۇرتلۇق؟» شائىرنىڭ كۆڭلىگە يېڭى - يېڭى گۇمانلار چۈشمەكتە ئىدى.

— قېنى كۆتۈردۇق، — ساقىي ساھىبخانا بىلەن بىرلىكتە قەدەھنى قۇرۇقداپ شىرە ئۈستىگە قويغاندىن كېيىن، شائىر بىلەن ئابدۇللا داۋۇتنى ئىچىشكە زورلىدى ۋە خۇشامەت قىلىشقا باشلىدى.

— رەھمەت، مەن ئولتۇرۇشۇپلا بېرەي، — دېدى ئابدۇللا داۋۇت، — چۈنكى مەن ھازىر يەنە بالنىستقا كېسەلگە قارىغىلى بارىمەن، ئىچسەم بولماس.

— مەنمۇ رەھمەت ئېيتىمەن، — دېدى ل. مۇتەللىپ، — چۈنكى ئانچىنا كېسىلىم بار، ئىچىملىكتىن ھەزەر ئەيلەپ يۈرمەكتىمەن.

— قېنى، ھازىرچە باشقىلارغا ماڭدۇرۇپ تۇرۇڭ، — دېدى ساھىبخانا، دەرھال ساقىيغا كۆزىنى قىسىپ تۇرۇپ، — مېھمانلىرىمىز سەل تۇرۇۋېلىپراق ئىچىشسۇن.

رومكا باشقىلار ئارىسىدا قىزغىن داۋاملىشىۋاتاتتى. ئەرلەر بىلەن تەڭ بەزى ئاياللارمۇ قىزىپ كېتىشتى، لېكىن ئاياللار تولىراق مۇسەللەس ئىچىشتى.

بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ كۆز قىرىدا ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. مېھمانخانىنىڭ پەگاھىدا ئۈچ - تۆت



مۇزىكانت يېنىغا دۇتار، تەمبۇر، ئىسكىرىپكىسىنى قويۇپ، بىچارە قىياپەتتە ئولتۇرۇشاتتى. ئاياللار ئولتۇرۇۋاتقان شىرەدىكى باش سورۇندا بايىراق دورىگەرنىڭ دۆكىنىغا ساھىبخانا يىگىت بىلەن بىللە بارغان ئايال قاپاقلىرىنى سوزۇپ، خۇلق - ناز قىلىپ، كۆرەڭ قىياپەتتە ئولتۇراتتى.

نەزىرە — ئۈرۈمچىدىن يېڭىلا كەلگەن «مېھمان قىز» قاداقتۇر بىر خىل قورۇنۇش، ئەمما بىر خىل ساختا قىياپەتتە، ئوڭ جەينىكىنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ، ئالىقىنى بىلەن ئوڭ مەڭزىنى توسۇۋېلىپ، سول يېنىدا ئولتۇرغان ئىككى ئۆزۈن چاچ، قارا كۆز، بۇغداي ئۆڭلۈك بىر ئايال بىلەن زورمۇزور سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى.

ساھىبخانىنىڭ تەكلىپى بىلەن سازەندىلەر مۇزىكا - ناخشا باشلىدى. شىركەيپلىكتىن «مېھمانلار» نىڭ كۆپىنچىسى بېشىنى بىر يەرگە قىلىشىۋېلىپ، ئۆز پاراڭلىرىغا چۈشۈپ كېتىشتى، ئازلا بىر قىسىم ئادەملەر سازدىن ھۇزۇر ئېلىپ ئولتۇراتتى. كاۋاپلار داستىخانغا ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ تۇراتتى.

ساھىبخانا يەنە ساقىيغا كۆز قىسىپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپكە قوي، دەپ بېشارەت بەردى. شائىر بايا قويغان ھاراقتا تېخىچە نەزەر - قىرىنى سالمىغان بولۇپ، رومكا شۇ پېتى ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى.

— قېنى، كېلىڭ، ئىككىمىز ئەمدى ئىچەيلى، — دېدى ساقىي، ئۆزىگە بىر رومكا قويۇپ كۆتۈرگەن پېتى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئالدىغا كېلىپلا جىر باشلىدى.

ساقىي ھازىر راستتىنلا «مۇلايىم» ئىدى، ئۇ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، تاتارچە، قازاقچە، رۇسچە، شىبەچە تىللارنى بىلەتتى. كېيىنكى تىل بولسا ئۇنىڭ ئانا تىلى ئىدى. دېمەك، ئۇ كۆپ تىللارنى بىلىشتە، شوخلۇقتا، ناخشا - جىرلارنى ئېيتىشتا ۋە ئۇسسۇل - تانسا ئويناشتا، ئۆزىنى بىرلا ھېسابلايتتى. يەنە

كېلىپ، ئۇ، ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان مەمەدان، ھاكاۋۇر يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ لۇتپۇللا بىلەن بىر «يۇرتلۇق» دېگەن كوزىرى ئىدى، تېخىمۇ سىرلىق شۇملۇقتىن دېرەك بېرەتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە كىشىلەر ئۇنى ئۆز ئىسىم - فامىلىسى بىلەن ئاتىماي «لوخۇر» دېگەن لەقەم بىلەن ئاتايدىغان بولدى. بۇ لەقەمنىڭ ئىككى بىسلىق مەنىسى بار ئىدى: ئۇنىڭ بىرى، «يولۋاس»، يەنە بىرى «تۈلكە» دېگەن مەنىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنى ھۆرمەتلەپ چاقىرىشتا «يولۋاس» مەنىسىدە، ئۇنىڭغا نەپرەت بىلدۈرگەنلەر «تۈلكە» مەنىسىدە ئىستېمال قىلاتتى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇ، ھەم يولۋاس، ھەم تۈلكە مىجەزلىك ئادەم ئىدى. لەقەم كىشىگە بىكار سىڭمەيدۇ، سىڭىشمىگىنى لەقەم بولمايدۇ. ئۇنىڭ قوش مەنىلىك لەقىمى دەل جايىدا قويۇلغان.

بۈگۈنكى سورۇندا ئۇ، يەنە شۇ ئىككى بىسلىق قىياپىتىنى ماھىرلىق بىلەن كۆرسەتمەكچى. ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟

ساقىي يىگىت «لوخۇر» قولىدا رومكا كۆتۈرۈپ لۇتپۇللانىڭ ئالدىغا كەلگۈچىلىك لۇتپۇللامۇ چېچەنلىك بىلەن ئاللىقاچان ئاقابىل شېئىرى يېزىپ تەييارلىۋالدى.

ساقىينىڭ جىر ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بۇلۇڭدا چېلىۋاتقان مۇزىكا توختىدى. ھەممىلا كىشىنىڭ قۇلىقى ساقىينىڭ جىرىنى ئاڭلاش بىلەن بولدى.

— قېنى، ئىككىمىز ئىچەيلى.

ساقىي ئىككى - ئۈچ جىر ئېيتىپ بولۇپ، شائىرنى يەنە ھاراققا زورلاپ تۇرۇۋالدى.

— ئانگىنا كېسىلىم قوزغىلىپ تۇرىدۇ، بۈگۈن ئىچەلمەيمەن، رەھمەت، كېيىنچە ئىچىشەرمىز.

لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ساقىي ئۇنىمىغانىنىڭ ئۈستىگە، كۆز ئىشارىسى بىلەن نەزىرەنى يېنىغا تارتىپ كەلدى - دە، شائىرغا سالام بېرىپ:



— ئۈرۈمچىدىن كەلگىنىمگە ئىككى كۈنلا بولدى، سىز بىلەن كۆرۈشەلمىدىم، بۈگۈن كۆرۈشۈپ كېلەي دەپ تۇرسام ...— دېدى.

نەزىرە، خوتۇن - قىزلار ئولتۇرغان ئورۇننىڭ بېشىدىكى ھېلىقى چوكانغا كۆز يۈگۈرتۈپ:

— ئاۋۇ دوستۇم ماڭا سىزنىڭ بۈگۈن بۇياققا كېلىدىغىنىڭىزنى ئېيتتى ۋە مېنىمۇ بۇ يەرگە بىللە باشلاپ كەلدى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

نەزىرە قانچە چاندۇرماي دېسىمۇ، ئۇ، لۇتپۇللا مۇتەللىپكە تىكىلىپ قارىغىنىدا، كۆزىدە نۇرغۇن ھىيلە ئويناپ تۇراتتى. يۈزىدە بىر خىل ئوڭايسىزلىق ئالامەتلىرى بەلگە بېرىپ، ھەرىكىتىدىن سۈنئىيلىك كۆرۈنەتتى. سۆزىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ: «ئۈرۈمچىدىكىلەر سىزگە سالام دېدى» دېگىنى تېخىمۇ ياسىما سۆز ئىدى.

شائىر ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىگە مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، پەسەنتمۇ قىلمايتتى.

— قېنى ئىككىمىز بىرلىكتە جىرلاپ، ئاندىن شائىردىن نۆۋەت كۈتەيلى، — دېدى ساقىي نەزىرەنىڭ كۆزىگە قاراپ ۋە ئۇنى جىرغا تەكلىپ قىلدى.

ساقىي شىركەيپلىكتە ھازىر ئۆزىنى ئۆزى باسالماي قالغانىدى. ئۇ، بۈگۈن ئۆزىنىڭ جىر ۋە ناخشا ماھارىتىنى كۆز - كۆز قىلماقچى... نەزىرە مۇسەللەستىن ئازراق ئىچىۋېلىپ، قاچان جىرلاش پۇرسىتى كېلەركىن، دەپ كۈتۈپ ئولتۇرغاچقا، ئانچە ناز قىلمايلا «جۈپتى» بىلەن جىرلاشقا قوشۇلۇپ كەتتى.

ئۇلار كەينى - كەينىدىن ئۇلاپ شۇنچە كۆپ جىرلاپ كەتتىكى، ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار زېرىكىپ «ئەمدى زاڭلاشقىلى تۇرۇشتى» دېگەن يەرگىچە يەتتى. ساقىي بىلەن نەزىرە ئېيتىۋاتقان جىر كۆپلىرىدە تەنگە مايىل مەزمۇنلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

لۇتپۇللا بۇنى كۆزىتىپ ۋە سېزىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ دەسمايىسى تۈگىگەندە، ئاخىر ئۈزلۈكىدىن توختاشتى. ساقىي دەرھال نەزىرەگە بىر رومكا مۇسەللەس قۇيۇپ كېلىپ تۇتقۇزدى - دە، ئىككىيلەن بىرگە تۇرۇپ، لۇتپۇللانى ئىچىشكە يەنە زورلىدى.

— بۇ زاماندا سېلىقنىڭ تۈرى كۆپ، ماڭا رومكا سېلىقىدىن باشقىچە بىر سېلىق تۆلەشكە ئىجازەت بولسا قانداق؟ — دېدى شائىر ساقىينىڭ كۆزىگە تىكىلگەن پېتى ئورنىدىن مەردانىلىك بىلەن تۇرۇپ.

ئۇنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرغىنىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان مېھمانلارنىڭ كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ، بىردەمدىلا زالنىڭ ئىچىنى جىمجىتلىق ۋە ھاياجانلىق بېسىپ كەتتى، ھەممەيلەن شائىرغا قارايتتى.

— شائىرىمىز بىر شېئىر ئوقۇپ بەرسۇن، ھاراقنى كەچۈرۈم قىلايلى، — دېدى بىر سازچى، خۇددى شائىرنىڭ كۆڭلىدىكىنى سەزگەندەك ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن.

— قوشۇلىمىز! — دېيىشتى سورۇندىكىلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى.

— تاپتىڭىز، سازەندە دوستۇم، بۇنىڭ ئىچىدە يەنىلا سىز كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭىز، — دېدى شائىر ھېلىقى سازەندىگە، — كەسىپ ئەھلى كەسىپنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ، «ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ»، «ئاشىقنىڭ دەردىنى دىلبەر بىلىدۇ».

لۇتپۇللا ھېلىلا يېزىپ بولغان شېئىرنى يانچۇقىدىن ئالدى - دە، ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

مەي تۇتۇپ ساقىي كېلىپ، ئاغرىقتا لوقمان بولغۇدەك،
گەر ئۇنى ئىچمەي دېسە، مەيداندا قورققان بولغۇدەك.



بار ئىمىش مەيدە ھۇنەر - يېقىن قىلىش ياتنى ساڭا،
شول كۈنى ياش قوزىغا ئاچ بۆرە تۇغقان بولغۇدەك.

سۆيگۈنىڭ داۋاسىغا، كەلمەس ئىمىش مەيدىن شىپا،
گەر ئۇنى ماختاپ دېسە، زەھەرنى يۇتقان بولغۇدەك.

ناز بىلەن كۈلسە گۈزەل، چىن كۆڭلىدىن كۈلدى دېمە،
ئىزىدىن چىققان يۈرەك، ئۆزگىچە سوققان بولغۇدەك.

گۈل خىلى ئالەمدە كۆپ، تاللاپ سۆيەر مەشۇق سەنەم،
كىم بىرى تەڭلەپ تىكەن، رەيھاننى تۇتقان بولغۇدەك.

بۇ يۈرەك تەلپۈنىدۇ، ئەل دەردىگە يەتمەك بولۇپ،
ئەلنى دەپ ئاشسا داۋان، زۇلمەتنى ئۇتقان بولغۇدەك.

شائىر جەڭگىۋار شېئىرىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز ئورنىدا ئولتۇردى. كۆپچىلىك قىزغىن چاۋاك ئۇرۇپ ئالقىشلىدى. بولۇپمۇ سازەندىلەر ئورنىدىن ئۆرە تۇرۇشۇپ، ھاياجان بىلەن چاۋاك چالدى ۋە جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن: «رەھمەت، بارىكاللا...» دەپ تەشەككۈر بىلدۈردى.

لېكىن، زىياپەت داۋامىدا، ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا كىرىپىدەك تۈگۈلۈپ، غىپچىنىپ ئولتۇرغان تاتۇق بويۇن بىر كىشى ھاراقمۇ ئىچمەي، سۆزمۇ قىلماي شائىر بىلەن ئابدۇللا داۋۇتنىڭ روھىي قىياپىتىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغانىدى. بۇگۈن ئاخشام ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ قاراپ قويمايتتى. ئەمما ئۇ سورۇنغا سەگەكلىك بىلەن نەزەر سالاتتى.

ئۇ شېئىر ئوقۇش باشلانغاندا، يانچۇقىدىن قەلەم - قەغەز ئېلىپ، مەخپىي يېزىۋالماقچىمۇ بولدى، بىراق ئۆزى

شائىر بولمىغان بۇ ئادەمگە ئوقۇلۇۋاتقان شېئىرنى تېز يېزىۋېلىش ئاسانغا چۈشمەيتتى. ئۇ، قەلەمنى ئېلىپ، نېرى - بېرى قىلىپ بولغۇچە، لۇتپۇللا ئالللىقاچان ئۈچىنچى كۇپلېتنى ئوقۇشقا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كىشىنى بۈگۈن قارا باسقانمۇ نېمە، قەلىمىدىن سىياھ چىقماي قالدى - دە، ئالدىرىغانلىقىدىن ئۆزىنىڭ نېمە كەسىپ بىلەن ئولتۇرغىنىدىن بىخەۋەر، ئاچچىقىدا «ھەي كاساپەت!» دېدىيۇ، قەلەمنى بىر ئۇرۇپ سۇندۇرۇپ قويدى. تاسىدە قىلغان قاتتىق ئاۋازنى ئاڭلاپ، بۇلۇڭ تەرەپكە قارىغان ئادەملەر تاتۇق بويۇن كىشىنىڭ خاپا بولۇپ، چىچىلىپ قالغانلىقىنى دەررۇ سېزىۋالدى.

شېئىر ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن نەزىرە قانداق تەسىرات ئالدى؟ ئۇ، ھازىر كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدۇ؟ ئۇ، قانداق قىلىپ تونۇگۈنلا كېلىپ، بۈگۈن بۇ زىياپەتنىڭ مېھمىنى بولۇپ قالىدۇ؟ ... مانا بۇ تېخى بىر سىر ئىدى.

— قېنى، ئاشقا باقايلى، — دېدى ساھىبخانا.

لېگەن - لېگەنلەردە گۆش بېسىلغان پولۇ داستىخان ئۈستىگە ھازىر بولدى. ساھىبخانا مېھمانلارنى ئاشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن تاماق يېيىش بىلەن بولۇپ كېتىشتى.

— ئوبدان بابلىدىڭ، — دېدى ئابدۇللا داۋۇت، شائىرنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلاپ.

لۇتپۇللا ئۇستازىنىڭ سۆزىگە كۈلۈمسىرەش بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، يەنە جىم بولدى.

تاماق يېيىلىپ ئاخىرلاشتى. داستىخانغا يەنە يېڭى قورۇلغان سەي ۋە مېۋە - چېۋە يەڭگۈشلەپ كەلتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ساقىي كەيپىنىڭ كۈچىدە ئەلەڭ - سەلەڭ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا بوتۇلكا بىلەن رومكىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، ساقىيلىقنى داۋاملاشتۇرۇشقا كىرىشمەكچى بولدى.

— ئەمدى ئولتۇرۇشىمىزنىڭ كۈنتەرتىپى باشقا نومۇرغا،



يەنى تانسا، ئۇسسۇل، مۇزىكا نومۇرىغا يۆتكىلىدۇ، — دېدى ساھىبخانا كۆپچىلىككە جاكارلاپ.

ساھىبخانىنىڭ سۆزىدىن كېيىن تانسا، ئۇسسۇلغا مەيدان تەييارلاش ئۈچۈن، شىرە - ئورۇندۇقلار يۆتكىلىۋاتقاندا، ئابدۇللا داۋۇت بىلەن لۇتپۇللا مۇتەللىپ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئورنىدىن تۇردى.

— دوختۇرخانىدا كېسەلگە قارايدىغان مەندىن باشقا كىشى يوق، رەھمەت، ماڭا رۇخسەت قىلىڭ، — دېدى ئابدۇللا داۋۇت ساھىبخانىدىن رۇخسەت سوراپ.

— ئۇستازغا ھەمراھ بولمىسام بولمايدۇ، رەھمەت، ماڭىمۇ رۇخسەت بېرىڭ، — دېدى ئارقىدىنلا لۇتپۇللا مۇتەللىپ.

زىياپەتكە قاتنىشىۋاتقانلارنىڭ تولىسى مەست بولۇشۇپ كەتكەنىدى. مەستلىكتە ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى بولمىدى. ساھىبخانىمۇ ئىلاجسىز ماقۇل دېدى - دە، دەرۋازا ئالدىغىچە چىقىپ، ئىككىيلەننى ئۇزىتىپ قويدى.

ئابدۇللا داۋۇت بىلەن شائىر بۈگۈنكى ئەجدىھا ئۇۋىسىدىن ئەپچىل سۇغۇرۇلۇپ چىققاندىن كېيىن، ئەھۋالنى تەھلىل قىلىشىپ ماڭدى.

— بۇ ئاخشام، ساقال قىردۇرمىدۇقمۇ دەيمەن، — دېدى شائىر، ئۇستازى ئابدۇللا داۋۇتقا.

— بۇ تېخى باشلىنىش، قىردۇرۇش - قىردۇرماسلىق — كەلگۈسىدە ئۆزىمىزنىڭ سەزگۈرلۈكىمىزگە باغلىق؛ «قوش زەنجىر» تېخى ئالدىمىزدا بولسا كېرەك، — دېدى ئابدۇللا داۋۇت شائىرغا جاۋاب بېرىپ.

ئۇلار لەڭگەر كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدا ئايرىلىپ كېتىشتى.

## ئون تۆتىنچى باب

# قوش زەنجىر

### 1

— بۇ ئىشنى ئەمدى قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟
— قايسى ئىشنى دەۋاتىسىز؟
— «GG—3» نومۇرلۇق دېلودىن كېيىنكى ئىشنىچۇ؟
......

ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىككى نەپەر رازۋېدكا ئەمەلدارى مەخپىي ئىشخانىنىڭ «ئىككىنچى بۆلۈمى»دە، ئىنتايىن سىرلىق ۋە جىددىي مۇزاكىرە باشلىغانىدى.

ئۆز ئىشىدا كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسىتىپ تەقدىرلەنگەن بۇ رازۋېدكىچىلار ئەسلىدە ئۆلكىلىك ساقچى ئەمەلدارلار مەكتىپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگىتىپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ رازۋېدكا بۆلۈمىگە ئەۋەتىلگەنلەر ئىدى.

ئۇلار ساقچى مەكتىپىنىڭ يوشۇرۇن كۈرەش سىنىپىدا «گۇمانشۇناسلىق» ۋە «گىپنوزشۇناسلىق» ئىلمىنى ئوبدان ئوقۇغان. بۇ ئىلىم «رازۋېدشۇناسلىق ئىلمى»نىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا كىرەتتى. ئۇلار بۇ ئىلىم ساھەسىدىكى بىلىمنى شۇنچىلىك چوڭقۇر ئىگىلىگەنىدىكى، ھەتتا قارا مۈشۈكنىڭ پىسخىك ھالىتى بىلەن ئاق مۈشۈكنىڭ پىسخىك ھالىتى توغرىسىدا قانداق پەرق بولىدىغانلىقى، قارا مۈشۈك قۇيرۇقىنى كۆتۈ-



رۈپ ماڭسا قانداق خىيالغا كېلىدىغانلىقى ۋە قۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ ماڭسا قانداق خىيالدا بولىدىغانلىقىنىمۇ پەرق ئېتەلەيدىغان مۇتەخەسسىسلەردىن بولۇشقانىدى.

ئۇلار رازۋېدكا ئىلمىدىكى «گۇمانشۇناسلىق» نەزەرىيىسىگە ھەددىدىن ئارتۇق چوقۇنۇپ، ھەتتا شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنىدىكى، بىر بۆلۈمدە كەسىپداش بولۇپ ئولتۇرغان بۇ كىشىلەر بىر-بىرىگە ئىشىنىشمەي، ئۆز ئارا خۇدۇكسىنىپ، ھەر ئىككىسى قېلىن قارا كۆزەينەك تاقىۋېلىشاتتى.

بۈگۈن «ئىككىنچى بۆلۈم»نىڭ دېرىزىلىرىدىكى قېلىن قارا پەردە چۈشۈرۈۋېتىلگەنىدى. ئۇلار دېلو ئىچىدىن بىر ياش يىگىتنىڭ گىمناستوركا بىلەن چۈشكەن ھەرخىل سۈرەتلىرىنى كۆرۈپ، تەھلىل ئېلىپ باراتتى.

… «GG—3» نومۇرلۇق دېلو گۇڭئەن گۇەنلىچۇ[1] تەرىپىدىن ئۈرۈمچىدە لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۈستىدە تۇرغۇزۇلغان مەخسۇس رازۋېدكا دېلوسى بولۇپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپنى سۈرگۈن قىلىش بىلەن بىللە ئاقسۇغا مەخپىي يوللاپ بېرىلگەنىدى.

— بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىپ، ئاندىن ئورۇنلاشتۇرايلى، — دېدى ئاتۇق بويۇن رازۋېدكا ئەمەلدارى قاسىم ئۆزىنىڭ كەسىپدىشىغا.

سېرىق چىراي، ئورۇق، ئېگىز، كەپشەك بۇرۇن، ياغاق يۈز قېلىن قارا كۆزەينەكنى بۇرنىنىڭ ئېگىزىگە قوندۇرۇپ تاقىۋالغان كەسپىي بۆلۈم باشلىقى ئىككى قولىنى يانچۇقىغا سېلىۋالغان ھالدا، ئۇ بۇلۇڭدىن بۇ بۇلۇڭغا مېڭىپ، تەھلىل يۈرگۈزەتتى ۋە شېرىكىگە ئارىلاپ-ئارىلاپ سوئال قوياتتى:

— «GG—3»نىڭ ئاخبارات مەزمۇنى نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن؟

[1] گۇڭئەن گۇەنلىچۇ — شىڭ شەھىرىنىڭ ئامانلىقنى ساقلاش باشقارمىسى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىشپىيونلۇق ئورگىنى ئىدى. كېيىن ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسى دەپمۇ ئۆزگەرتىلگەن.

— بۇ دېلونىڭ ئاخبارات مەزمۇنى مۇنداق، — دېدى قاسىم، — بىرىنچى، ئۇ، ماتېرىيالىست، ماتېرىيالىزم تەشۋىقاتچىسى؛ ئىككىنچى، ئۇ، يەر ئاستى كوممۇنىزم تەشۋىقاتچىسى؛ ئۈچىنچى، ئۇ، ئۈچ مەسىلەكنى «ئۈچ پۈتلۈق داڭقان» دېگەن؛ تۆتىنچى، ئۇ، ئۈرۈمچىدە مەلۇم بىر ئۆيدە، «ئات ئۇستىدە كارۋانمەن، كۆرەش يولىدا پالۋانمەن» دېگەن؛ بەشىنچى، ئۇ، مىللەتچى، شېئىرلىرىدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك زەھىرىنى چاچقان؛ ئالتىنچى، ئۇ، يەر شارى تەتۈر چۆرگىلەۋاتىدۇ، دېگەن؛ يەتتىنچى، ...؛ سەككىزىنچى، ...؛ توققۇزىنچى، ...

— خوپ، بەس، يېتەرلىك، ئەمدى گەپ ئۈزۈلدۈرمەي ئىشلەشتە.

قاسىمنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغان رازۋېدكا بۆلۈم باشلىقى قولىغا يەنە ئىككى تال تاماكىنى ئالدى - دە، بىر تېلىنى قاسىمغا تۇتتى، يەنە بىر تېلىنى ئۆزى چېكىپ، ئارقىدىنلا قاسىمغا يەنە:

— ھېلىقى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن قىز بۆلۈمگە كىردىمۇ؟ — دەپ سوئال قويدى.

— كىردى.

— يېڭى ئەھۋال بىلەمدىكەن؟

— مۇھىم ئەھۋالنى بىلىدىكەن.

— يېزىپ بەردىمۇ؟

— يېزىپ بەردى.

— قېنى مەن بىر ئاڭلاي، تەپسىلىي...

قاسىم رازۋېدكا باشلىقىغا تەپسىلىي دوكلات قىلدى. رازۋېدكا باشلىقى مەخپىي دەپتىرىگە دوكلات مەزمۇنىنى يېزىۋالدى:

— بۇ خېلى چويلىدا توختايدىغان ئاخبارات ئىكەن، ئەمدى گەپ يېڭى ۋەزىپىنى جىددىي ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك، — دېدى.



بىرىنچى، تېزدىن بىر زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاۋۋال ئۈرۈمچىدىن كەلگەن قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىش، ...غا ئۇنى يېقىنلاشتۇرۇش. زىياپەت راسخوتى رازۋېدكا كەسپىي راسخوتىدىن ئاجرىتىلىدۇ.

ئىككىنچى، پوچتىخانىنىڭ خەت - چەكلىرىنى دەرھال تىزگىنلەش. مانا بۇ بىرىنچى قەدەم، ئىككىنچى قەدەمدە، يەنى كېيىنكى قەدەمدە بولسا...

ئۇلار خىزمەتنى مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا مەخپىي سۆزلەشتى. چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغان چاغدىلا مۇزاكىرىسىنى ۋاقتىنچە توختىتىپ چۈشلۈك تاماققا مېڭىشتى.

ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ رازۋېدكا خادىملىرى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن قىزدىن نېمىلەرنى ئاڭلىدى. بۇ قىز بۇ يەرگە قانداق كەلدى؟

بىز ئەمدى كىتابخانلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە بۇ سىرلىق كومېدىيىنىڭ بېشىغا قايتىمىز:

... لۈتپۇللا ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا تەكلىماكان سەپىرىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مۇنداق بىر جىددىي مۇنازىرىگە دۇچ كەلدى:

ئۇ، توختىماي لەپىلدەپ قار يېغىپ، ئاچچىق سوغۇق بولۇۋاتقان زىمىستان كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى چوڭ كۆۋرۈكتىكى «شىنجاڭ گېزىتخانىسى» دىن يولغا چىقىپ، ئۇدۇل نەنمېننىڭ سىرتىدىكى ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بىناسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇيۇشما كۇلۇبىغا جايلاشقان ئۆلكىلىك سانائىنەپىسە (تىياتىر ئۆمىكى) نىڭ رېژىسسورى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىككىيلەن سەمىمىي ئەھۋاللاشتى:

— «چەن مودەن» دراممىسىنى قانچە قېتىم ئوينىدىڭلار؟ — سورىدى لۈتپۇللا.

— بىرلا قېتىم، — دەپ جاۋاب بەردى رېژىسسور.

— نېمىشقا داۋاملىق قويمامسىلەر؟

رېژىسسور لۇتپۇللانىڭ كېيىنكى سوئالىغا جاۋاب بېرىشكە ئوڭايسىزلىنىپ جىم تۇرۇۋالدى. لېكىن لۇتپۇللا بۇ يەردە بىر جىن بارلىقىنى پەملىدى ـ دە، يەنە تەكىتلەپ:

— قانداق، بىر گەپ بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بىز بۇ درامىنى داۋاملىق قويماقچىدۇق. لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇيۇشما رەئىسى بىزنىڭ قولىمىزدىن كىتابنى ئېلىۋالدى.

— كىتابنى ئىگىسىگە قايتۇرماي، باشقىلارنىڭ ئېلىۋالىدىغان نېمە ھەققى بار؟

— مەن بۇنىڭغا چوقۇم بىر نەرسە دېيىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن.

— ئۇنداقتا يۈرۈڭ، ئىككىمىز رەئىسنىڭ بۆلۈمىگە كىرىمىز.

لۇتپۇللا بىلەن رېژىسسور ئورنىدىن تۇرۇپ، بىرلىكتە كۇلۇب سىرتىدىكى شەھەر ئىچىگە كىرىپ كېتىدىغان چوڭ كوچا ئالدىغا كەلدى. شىمال تەرەپتىن ۋىژىلداپ ئۇرۇپ تۇرغان سوغۇق شامال لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارلارنى نەنلياڭ تەرەپكە ئۇچۇرۇپ تۇراتتى. جەنۇبىي دەرۋازا يېنىدىكى روزىھاجىنىڭ مەسچىتى ئالدىدىن كېلىۋاتقان ئون نەچچىلىگەن جەنۇبلۇق يېتىمچىلار لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن رېژىسسورغا سالام بېرىپ، دۈگدىيىشكەن پېتى ياڭخاڭ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشتى.

شائىر بىلەن رېژىسسور كوچىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن يولنى توغرا كېسىپ، سول تەرەپكە ئۆتۈۋالدى ـ دە، ئۇدۇل ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا باردى.

ئۇلار ئۇ يەردە، كىيىملىرىگە چاپلىشىۋالغان قارلارنى قاقتى، ئاندىن رەئىسنىڭ ئىشخانىسى ئالدىغا بېرىپ رېژىسسور ئىشىكنى چەكتى.



— كىم؟ — دېدى ئىشخانىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ بىر نېمە يېزىۋاتقان رەئىس بوغۇق ئاۋاز بىلەن.

— مەن ... — دېدى رېژىسسور، جاۋاب بېرىپ.

رەئىس رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن، شائىر بىلەن رېژىسسور ئىشخانىغا كىردى ۋە بۆلۈمنىڭ ئوڭ تېمىغا يېقىن قويۇلغان ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇرۇشتى.

— ئاڭلىشىمچە، «چىن مودەن» دراممىسىنىڭ سەھنە ۋەزىپىسى ئاياغلاشقان ئوخشايدۇ، — دېدى شائىر، رەئىسنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — ئۇنداق بولغاندىكىن ئۇنى قولۇمغا قايتۇرۇپ بېرىشىڭلار كېرەك. مەن ھازىر، شۇنىڭ ئۈچۈن كەلدىم.

— كىتاب تەشكىلنىڭ قولىدا قالىدۇ، شەخسكە بېرىلمەيدۇ، — دېدى رەئىس، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ سۆزىگە مەنسىتمىگەندەك جاۋاب بېرىپ.

رەئىسنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، شائىرنىڭ خورۇجى تۇتتى. ئۇ، قارا چېكىلىكى بار قىزغۇچ مويلۇق قولاقچىسىنى بىرئاز يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويدى ـ دە، سول پۇتىنى ئوڭ پۇتى ئۈستىگە ئالمىشىپ، ئىككى قولىنى قىزغۇچ رەڭلىك كالتە خورۇم چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالدى. ئۇ ئالماپ قويغان سول پۇتىنى توختىماي ھەرىكەتلەندۈرەتتى.

— شەخسنىڭ، — دېدى لۇتپۇللا جىددىي قىلىپ، — ئەمگەك مېۋىسىنى تارتىۋالىدىغان قانداق تەشكىل ئۇ؟

— شەخس ھېچقاچان تەشكىلدىن ئۈستۈن تۇرالمايدۇ.

— كىتابتا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق! ئۇ، مېنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىم! ماڭا قايتۇرۇلۇشى كېرەك!

— بېرىش ـ بەرمەسلىك تەشكىلنىڭ ئىشى، كىتاب قايتۇرۇپ بېرىلمەيدۇ!

— تەشكىل دېگەن بىر كىشىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىمۇ؟ دۇنيادا

مۇشۇنداقمۇ مۇتتەھەملىك بولامدۇ؟ سىنىڭ «خالىس»[1] لىقىڭ قېنى؟

— ئارتۇق كۆپۈپ كەتمە! ئىككى پۈتۈڭ ئاخىرى بىر ئۆتۈككە تىقىلىدۇ!

شائىر رەئىسنىڭ بۇ تەھدىتىنى ئاڭلاپ، غەزەپ بىلەن ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، مۇشتۇمىنى تۈگۈپ تۇرۇپ:

— پاھ، بۇ پوپوزىنى كۆرۈڭ! — دېدى شائىر، قەتئىيلىك بىلەن. — كىم - كىمنىڭ ئىككى پۈتىنى بىر ئۆتۈككە تىقىدۇ، ئۇنى تارىخ ھۆكۈم قىلىدۇ، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل!

شائىر سۆزىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، رەئىسنىڭ بۆلۈمىدىن ئارقىسىغا قارىماي، مەردانە قەدەم بىلەن چىقىپ كەتتى.

ئۇ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى دەرۋازىسىدىن چوڭ كوچىغا چىققاندا، شىۋىرغان تېخىچە توختىمىغانىدى. شائىر جەنۇب تەرەپكە بۇرۇلدى - دە، ياڭخاڭ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ، يېرىم مېتىرغا يېقىن ياغقان قېلىن قارلارنى كېچىپ ماڭاتتى. كوچىدا بۈگۈن ئادەم ئىنتايىن شالاڭ ئىدى. پەقەت ئاق مەسچىتكە يېقىن بىر خالتا كوچا ئېغىزىدا — كۆمۈر بېسىپ كەلگەن ھارۋىلارنىڭ ئەتراپىدا، ئون - يىگىرمىدەك ئادەم كۆمۈر ئېلىش ئۈچۈن توپلىشىۋالغانىدى.

شائىر ئاق مەسچىتنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، شىۋىرغان سەل پەسەيگەندەك بولدى. ئۇ، قەدىمىنى تېزلىتىپ، «بەينەلمىنەل كىتابخانىسى» ئالدىغا يېرىۋالدى. ئۇ كىتابخانىغا كىرىپ، چوغدەك قىزىرىپ كەتكەن چويۈن مەشكە بىر ئاز قاقلىنىپ ئىسسىندى.

— بۇ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئوخشىمامدۇ؟ سەل يىراقراق تۇرۇپ ئىسسىنىڭ، شائىر، بولمىسا قولىقىڭىز ئۈششۈپ قالى-

[1] خالىس — ئۇيۇشما رەئىسىنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى ئىدى. بۇ يەردە، شائىر ئۇنىڭ مۇشۇ تەخەللۇسىنى تەنە قىلىدۇ.



دۇ، — دېدى قەشقەرلىق بىر يېتىمچى[1] يىگىت.

— شىۋىرغاندا ئۈششۈپ قالماي كەلگەن قولاق، مەشنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئۈششۈپ قالامدىكەن؟ — دېدى شائىر، يېتىمچى يىگىتكە چاقچاق قىلىپ.

— راست، شۇنداق بولىدۇ! قولاق ئۈششۈپ قالسا قار بىلەن ياندۇرىمىز، ئوتقا قاقلىغان بىلەن، قولاقنى كاردىن چىقىرىپ قويىمىز.

— توغرا ئېيتتىڭ، — دېدى بېشىغا كەپكە كىيىۋالغان يەنە بىر يېتىمچى، — مېنىڭ قولىقىممۇ نۇرغۇن قېتىم ئۈششۈپ قالغان. ئوتقا قاقلىغان ھامان قاپىرىپ چىقىپ ۋە سۇ ئېقىپ، ئارقىدىن يىرىڭلاپ تەستە ساقايغان. توڭلاپ قالغان قولاقنى قار بېسىپ ئۈششۈكنى ياندۇرۇشنى بىز پېشقەدەم يېتىمچىلەردىن ئۆگەنگەنىدۇق.

لۇتپۇللا يېتىمچىلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، مەشتىن يىراق تۇرۇپ ئىسسىندى ۋە كىتابخانىدا ئانچە ئۇزۇن تۇرمايلا يەنە چوڭ كوچىغا چىقتى - دە، ياڭخاڭ كۆلۈيى يېنىدىكى توغرا كوچا بىلەن ئالتىنچى مەكتەپكە كەلدى.

چۈش ۋاقتى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئۆيلىرىگە كېتىشكەنىدى. لۇتپۇللا مەكتەپ يېنىدىكى بىر قورۇنىڭ ئىچى بىلەن ئالتىنچى مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرىنىڭ ئۆيىگە كىردى.

— كەل، كەل، ياخشى كېلىپسەن، — دېدى ساھىبخانا، ئەمدىلا يەۋاتقان تامىقىنى قويۇپ قويدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، شائىر بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە شائىرنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى.

— بۈگۈن، ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن بۇيان كۆرۈپ باقمىغان جۇت كۈن بولدى، — دېدى شائىر شىرە يېنىغا ئولتۇرغاچ.

[1] ھايات يولىنى ئىزدەپ، ئۈرۈمچىگە كەلگەن سەرگەردانلار ئۆزلىرىنى يېتىمچى دەپ ئاتىشاتتى.

لۇتپۇللانىڭ سوغۇقتا توڭلاپ كەتكەنلىكىنى سەزگەن ساھىبخانىنىڭ ئايالى مېھمانىنىڭ ئالدىغا ئىسسىق چاي ئەكەلدى.

— قېنى چايغا باق، — دېدى ساھىبخانا ئىلمىي مۇدىر.

— تامىقىڭ مۇزلاپ قالمىسۇن، ماڭا قارىما، — دېدى شائىر.

ساھىبخانىنىڭ ئايالى پىلتىلەپ قويغان جىنزىسىنى چاقنان ئېشىپ سېلىپ، لۇتپۇللانىڭ ئالدىغىمۇ بىر تەخسە لەڭمەن ئەكەلدى. ئۇلار تاماقلىرىنى يەپ بولۇشۇپ، پاراڭغا چۈشتى:

— بۇگۈن ئەتىگەندە، — دېدى شائىر، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى رەئىسىنىڭ ئىشخانىسىدا بولغان ۋەقەنى ساھىبخانىغا تونۇشتۇرۇپ، — جۇتلۇق بىر كۈندە، ئەڭ يامان بىر جۇتلۇق مۇئامىلىگە دۇچ كەلدىم.

ساھىبخانا ئەينى زاماندا ئەڭ ئىلغار زىيالىيلاردىن ئىدى ۋە شائىرنىڭ ئىشەنچلىك دوستلىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى، شۇڭا شائىر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا دۇچ كەلگەن ۋەقەنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش نىيىتى بىلەن بۇ ئۆيگە كەلگەنىدى.

— مۇنداق ۋەقە دېگىن، — دېدى ساھىبخانا ۋە ئادىتى بويىچە ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ داۋام قىلدى، — جۇتلۇق ھاۋا كىرگەندىن بۇيان، جۇت ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشىمۇ بارغانسېرى ئەۋج ئالماقتا، ۋەزىيەت ئاللىقاچان ئۆزگىرىپ كەتتى. تونۇگۈن «ئىلغار»لىق نىقابىغا ئورىنىۋالغانلار، بۈگۈن نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، جاللاتلار قاتارىغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئادەملەر ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈندى. ئىلغار كىشىلەر تۇركۈم-تۇركۈملەپ قامالماقتا. ئىلغار كۇتۇپخانىلار پېچەتلىنىپ، ئىنقىلابىي مەزمۇندىكى كىتابلار يىغىۋېلىنماقتا. تۇتقۇن، سۈرگۈن ھەدەپ داۋام قىلماقتا.



ساھىبخانىنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، يەنە نېمىلەرنى تەھلىل قىلىنىدىغانلىقىنى كۈتۈپ شائىر سۆز قىستۇرماي، جىم ئولتۇرۇپ قۇلاق سالدى. ساھىبخانا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇيۇشما رەئىسىنىڭ سۆزى ئادەتتىكى تەھدىت ئەمەس، ئۇنىڭ چوڭقۇر يىلتىزى بار. ئۇ «چىن مودەن» درامىسىنى مۇسادىرە قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە سېنىڭ ئىككى پۇتۇڭنى بىر ئۆتۈككە تىقىۋەدەكمىش! بۇ سۆزنىڭ مەنىسى نەلەرگە يەتتى!؟

— بۇنداق سۆزدىن قورقۇش نېمە ھاجەت؟ — دېدى لۇتپۇللا، ساھىبخانىنىڭ سۆزىگە سوئال بېرىپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

لۇتپۇللانىڭ سوئالىغا قارىتا ئىلمىي مۇدىر سەل سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئىشنىڭ تېگى-تەكتىدىن ئاللىقاچان خەۋەردار بولغان ئۇنىڭ ئايالى لۇتپۇللاغا ئەھۋالنىڭ سىرىنى باشقىچە يول بىلەن بىلدۈرۈش ئۈچۈن:

— ھەممىدىن مۇھىمى، سىزنى بۇرۇنراق ئۆيلەپ قويساق بولاتتى، باش ئاغرىقىدىن، ماجىرادىن بېشىمىز بىر يوللا ساقىيىپ قالاتتى، — دەپ سۆز باشلىدى.

لۇتپۇللاغا بۇ سۆز بىلەن ئۇيۇشما رەئىسىنىڭ سۆزى ئوتتۇرىسىدا ھېچبىر ئالاقىسى يوقتەك تۇيۇلدى-دە:

— مەن مۇشۇ چاغقىچە باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى بىلەن ئاغرىپ باقمىدىم. تۇرمۇش ئىشىغا ھازىرچە ئالدىرىمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، — دېدى ئايال، لۇتپۇللاغا جىددىي قاراپ، — گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار. تۇرمۇشمۇ سەل قارايدىغان ئىش ئەمەس، تۇرمۇشتا «رەشك» دەيدىغان بىر نەرسە بار. ئۇ، ھەمىشە ئادەملەرگە، بولۇپمۇ يىگىتلەرگە ئەگىشىپ يۈرىدۇ. ئۇ، ھەممە چاتاقنىڭ ئانىسى. ھەسەتخورلۇق، قۇۋلۇق، شۇملۇق ئەنە شۇ رەشكتىن تۇغۇلىدۇ. ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك

شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ، رەشك ئاخىر بېرىپ ۋىجداننى بۇلغايدۇ. ئاندىن ئۇ، يامانلىقتىن باش تارتمايدۇ.

ئىلمىي مۇدىرنىڭ ئايالى ئاق كۆڭۈل ئىدى. ئۇ، ئەينى زاماندىكى ئۈرۈمچى جەمئىيىتىدە بولۇۋاتقان ئەڭ نازۇك ئىشلارنىمۇ بىلەتتى، بىلگەندىمۇ يۇقىرى تەبىقىلەر ئارقىلىق ئەمەس، ئەڭ ئاددىي كىشىلەرنىڭ مۇڭ تۆكۈشى ئارقىلىق كۆپ ئىشلاردىن خەۋەردار بولاتتى.

لۇتپۇللا بۇ ئايالنىڭ سۆزىدىن بارغانسېرى تەسىرلىنىشكە باشلىدى. باشتىكى پىسەنت قىلماسلىق كۆز قارىشىدىن يېنىپ، ئەمدى جىددىي زەن قويۇپ ئاڭلاپ ئولتۇردى ۋە قارشى تەرەپنىڭ سۆزلىمەي تۇرۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ:

— ئۇنداقتا رەشك نېمىدىن تۇغۇلىدۇ؟ — دەپ سوئال قويدى.

— دىل ئەگرىلىكتىن، قىزغانچۇقلۇقتىن، كۆرەلمەسلىكتىن تۇغۇلىدۇ؛ ئۇنىڭغا تىل بىلەن قولاق راسا ئىچمتقۇ بولىدۇ، تىل ئارىدا گەپ توشۇيدۇ، قولاق ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، گۇمان تۇغدۇرىدۇ، ئۇنىڭغا يەنە كۆزنىمۇ قوشۇپ قويۇش كېرەك. رەشكنىڭ قورسىقى كۆپۈپ يېرىلاي دېگەندە، كۆز تامنىڭ قىسىلچىقىدىن ئوغرى مۇشۇكتەك مارىلاپ پەملەپ تۇرىدۇ. ئارقىدىن ئۇمۇ نەق مەيدانغا چۈشۈپ، ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسىتىدۇ.

— بۇگۈن ياخشى سائەتتە كېلىپتىمەن - دە، ھازىر پسىخولوگىيە ئىلمىدىن پايدىلىق دەرس ئاڭلاۋاتىمەن. قېنى، ئاخىرىنى؟

— پسىخولوگىيە ئىلمىنى مەندىن شائىرلار ئوبدانراق بىلىدۇ، بۇگۈن كەلمىگىنىڭىزدە، بىز سىزنى چاقىرتماقچىدۇق. ھېلى سۆزلىگەن سۆزۈمنى، ماڭا مەلۇم بولغان مۇھىم پاكىت ئاساسىدا سۆزلەۋاتىمەن. رەشك — ئادەملەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تاشلايدىغان ۋە ئايرىپ تاشلىيالايدىغان بىر خىل دەخمىزە



ۋە مەرەزدۇر. ئالايلۇق، سىز ھازىر بىزنىڭ تالانتلىق ۋە شۆھرەتلىك شائىرىمىز، شۇ تاپتا سىزنى پايلاپ، رەشك ئوقياسىنى تەييارلاپ تۇرغانلار ئازمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەملەر ھازىر ئىلىم كويىدا ئەمەس، ئەمەل كويىدا چېپىپ، ھەممە پەسكەشلىكلەرنى قىلماقتا. ئۇلار پەسكەشلىك مەجبۇرىيىتىنى ئوبدان ئادا قىلىش ئۈچۈن رەشك زېمىنىدىن پاخال ئىزدەيدۇ.

— بۇ سۆزلىرىڭىزنى «ئىككى پۇتنى بىر ئۆتۈككە تىقىش» بىلەن قانداق باغلاشقا بولىدۇ؟

— بۇنى يەنىلا «رەشك» ئارقىلىق باغلاشقا بولىدۇ. سىز مېنى گەپكە سالغىنىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزگىمۇ بەزى ئىشلار مەلۇم. مەن ھېلى سىزنى ئۆيلەپ قويساق، باش ئاغرىقىدىن بىر يولى قۇتۇلۇپ كېتىمىز، دېگىنىمنىڭ مەنىسى ھەم ئاخىر بېرىپ ئۇيۇشما رەئىسىنىڭ يۇقىرىقى سۆزىگە باغلىنىدۇ. پەرىزاتنىڭ ئۆيىدىكى ۋە باشقا ئۆيلەردىكى ئولتۇرۇشلارغا قاتناشقانلار ئىچىدە، مۇشۇ ئالتىنچى مەكتەپتە ئوقۇپ چىقىپ كەتكەنلەر خېلى بار. ئۇلارنىڭ كۆپلىرى بىلەن مېنىڭمۇ كۆڭلۈم يېقىن. بەزىلىرى پات - پاتلا كېلىپ، مېنىڭ بىلەن پاراڭلىشىدۇ. بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشتىن كېيىن، پەرىزات، نەزىرە، گۈلباھارلار ئۆزئارا قاتتىق ئۇرۇشۇپ، ھازىر بىر - بىرى بىلەن گەپلەشمەس بولۇپ قالغانلىقىدىن خەۋىرىڭىز باردۇر؟

ئىلمىي مۇدىرنىڭ ئايالى شائىرغا كۆيۈنۈپ، يېقىنىدىن بۇيان ئۆزىگە مەلۇم بولغان بىر قاتار ئەمەلىي ئىشلارنى يوشۇرماي، ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇشقا باشلىغانىدى.

شائىر قىزغۇچ خۇرۇم چاپىنىنى سېلىۋەتتى ۋە شارپىسى ھەم خۇرۇم چېكىلىك قولاقچىسى بىلەن قوشۇپ كارىۋات ئۈستىگە ئېلىپ قويدى. ئىلمىي مۇدىر ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئەسلىدە شائىرنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئەڭ سىرداش يېقىنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇزۇندىن بۇيان بىر قەلبداش ئىدى. ئۈرۈمچى ۋەزىيىتى-

دىكى بۇرۇلۇش دەۋرىنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە، ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ پاراڭلارنى بىر - بىرىدىن قىلچە يوشۇرۇشمىدى.

— ئازراق خەۋىرىم بار، — دېدى شائىر جاۋاب بېرىپ. — سىز پەرىزات بىلەن كۆپرەك تانسا ئويناپ قويغىنىڭىز ئۈچۈن، نەزىرە رەشك قىلىپ ئۆلۈۋالغىلى تاسلا قېلىپتۇ. ئۇ ئىككىسى مەكتەپتىمۇ پېتىشمايتتى. مانا ئەمدى سىزنى تالىشىپ، بىر - بىرى بىلەن چاچلىشىپ، ئۆلگۈدەك ئۇرۇشۇپ، بىر - بىرى بىلەن گەپلەشمەيدىغان بولۇپ قالدى.

— پاھ! «سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۇرۇچ دەم يەپتۇ» دەڭا! بۇنى يىگىتنىڭ ئامىتى، دېمەمسىز؟

ئەلىمىي مۇدىر ۋە ئۇنىڭ ئايالى شائىرنىڭ سۆزىدىن كۈلۈشتى.

— ئامەت بىلەن ئاپەت، — دېدى ساھىبخانا ئايال ئارقىدىن، — دائىم بىر ئۆيدە قونغۇدەك، قىزىلگۈل بىلەن تىكەن بىر شاختا تۇرغۇدەك، شەيتاندىنمۇ ئادەم شەيتىنى يامان بولغۇدەك.

لۇتپۇللا بۇ ماقال - تەمسىللەرنى ئاڭلاپ، ھاياجانلاندى. ئۇ، بۇ سۆزلەرنىڭ خۇلاسىسىگە تەقەززا بولۇپ تەلمۈرەتتى. ئەلىمىي مۇدىر دەرھال لۇتپۇللانىڭ ھېسسىياتىنى سېزىۋالدى - دە:

— لاچىن قاراپ تاپقۇدەك، تۈلكە ماراپ تاپقۇدەك، بۆرە پۇراپ تاپقۇدەك ... سىلەرنىڭ ئولتۇرۇشۇڭلاردا بىرقانچە ماراپ تاپقۇچى يىگىتلەرمۇ، قىزلارمۇ بار ئىكەن. سەن پەرىزاتنىڭ ئۆيىدىكى ۋېچېركىنىڭ ئۆتمۈشىنى بىر قۇر ئەسلەپ كۆر. شۇ ۋېچېركىدا سېنى ئۆيلەپ قويماقچى بولغان ھېلىقى «كېلىشكەن خۇشخۇي يىگىت»نىڭ خۇي - پەيلىنى ۋە ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى ياتاقۇپنىڭ ھەرىكىتىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ كۆر، — دېدى



ئايالىنىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلىپ.

## 2

لۇتپۇللا بۇ ئاق كۆڭۈل دوستىنىڭ ئۆيىدىن خوشلىشىپ، گېزىتخانا ئىچىدىكى ھۇجرىسىغا بېرىپ، ئەلىمىي مۇدىر ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىنى ئۇزاق ئەسلىدى، لېكىن يوشۇرۇن ئىشلارنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىۋېلىش ئاسانغا چۈشمەيتتى.

پەرىزاتنىڭ ئۆيىدە بولغان ۋېچېركىدا شائىرنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن ئىككى جۈملە ۋەزىنلىك سۆزنى شۇ ئولتۇرۇشقا قاتناشقان «كېلىشكەن خۇشخۇي يىگىت» شۇ كېچىدىلا ئىتتىماي - تېپىمتىماي زەللە قىلىپ رازۋېدكا ئورگىنىغا يەتكۈزۈپ بولغانىدى. ئۇيۇشما رەئىسى بولسا بۇ ئىشتىن باشقا بىر يول بىلەن خەۋەر تېپىپ، ئۇمۇ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلغانىدى. شۇ ۋېچېركىدىن كېيىن، ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتە - ئۆتمەي نەزىرە نېمىشقىدۇر تۇنۇگۈن ئاخشام پۈتۈن بىر كېچە دەككە - دۈككىدە خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدى. ئۇ، ئارىلاپ - ئارىلاپ كارىۋىتى ئۈستىدە ئۇھ تارتىپ، بىردەم ئۇياققا، بىردەم بۇياققا تولغىناتتى. ئۇنىڭ يېنىدا بىرگە ياتقان — ئۆزىدىن بىر ياشلا كىچىك سىڭلىسىمۇ تۈن يېرىمىغىچە ئۇخلىيالماي قىينىلىپ كېتىۋاتقان ئاچىسىنىڭ ئازابىنى سېزىپ، ئىچ ئاغرىتاتتى ۋە تام تەرەپكە چاپلىشىپ يېتىپ، ئاچىسىنىڭ ئەركىن ئۆرۈلۈشىگە كەڭرەك ئورۇن بوشىتىپ بېرەتتى.

«ئىشق - مۇھەببەت مۇشۇنداق يامانمىدۇر؟ توۋا، مېنىڭ بېشىمغا ئەزبىرايى خۇدا بۇنداق كۈن چۈشمىسۇن ياكى ئاچامغا باشقا بىر ئىش دەرد - ئەسەر قىلغانمىدۇر؟» دەيتتى نەزىرەنىڭ سىڭلىسى ھەدىسىگە ئىچ ئاغرىتىپ. لېكىن، ئۇ ئاچىسىغا توغرى-

دىن - توغرا سۆز قىلىشقا پېتىنالمايتتى.

پەرىزات بىلەن كىچىكىدىن بىرنەچچە جەھەتلەردە بەسلىشىپ چوڭ بولغان نەزىرە يا ئايرىلىپ چىدىمايتتى، يا بىللە بولۇپ پېتىشالمايتتى، گاھىدا ئايلاپ گەپلەشمەي ماي تارتىشىپ يۈرۈشەتتى.

پەرىزاتنىڭ ئۆيىدىكى ئولتۇرۇشتا لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن پەرىزات كۆپرەك تانسا ئويناپ قويغىنىغا، نەزىرەنىڭ خۇيى تۇتۇپ قالغانىدى. بۇ ئىشنى پەقەت قىزلار ئۆزئارا بىلىشەتتى، شائىر بۇ ئىشلارغا ئالاقىسىز بولغىنى ئۈچۈن پىسەنتمۇ قىلمايتتى.

لېكىن، بۇ ئولتۇرۇشلارغا قاتنىشىپ كېلىۋاتقان ھېلىقى «كېلىشكەن خۇشخۇي يىگىت» پەرىزات بىلەن نەزىرەنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رەشك سۈركىلىشىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلاندى ۋە ھېچقانداق سەزدۈرمەي:

— بۈگۈن ئاخشامقى ئىشنى سەزگەنسىز - دە، دېمىدىممۇ، ئىش باشقىچە ...— دەپ ئوت قويرۇقلۇق قىلىشقا باشلىدى.

ئولتۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مۇشۇ «كېلىشكەن خۇشخۇي يىگىت» بىلەن نەزىرە يالغۇز ئارقىدا قېلىشتى ۋە يولدا پىنھان كېتىۋېتىپ، يىگىت نەزىرەنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلاپ، يۇقىرىدىكى سۆزى بىلەن ئېچىتقۇلۇق قىلدى.

— ئانچە سېزەلمىدىم، — دېدى نەزىرە، يىگىتكە جاۋاب بېرىپ.

— راست سېزەلمىدىڭىزمۇ ياكى خۇپىيەنىلىك قىلىۋاتامسىز؟ ھېلىقى لۇتپۇللا دېگەن پۈتۈن بىر ئاخشام سىزگە كۆز - كۆز قىلىپ، شۇنچە ئويناپ كەتتىغۇ؟

— كىم بىلەن؟

— پەرىزات بىلەنچۇ؟

— ۋاي ئانىمەي، مېنى دېسە، بىر - بىرىنى چاي قىلىپ يۇتۇۋېلىشسۇن!



ئىككىيلەن سىرلىق سۆھبەتكە كىرىشىپ كېتىۋاتقان چاغدا، باشقا بىر جايدىكى كېچىلىك ئولتۇرۇشتىن قايتقان بىر تۈركۈم ئوغۇل - قىزلار قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى. يىگىت بىلەن نەزىرە دەرھال يولنىڭ ئىككىنچى تەرىپىگە ئۆتۈپ، كوچا ياقىسىدىكى بىر تۈپ قېرى تېرەكنىڭ كەينىگە ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى، قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقانلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، يىگىت يەنە سۆز باشلاپ:

— ياق، نەزىرە، سىز ئۇنداق بىخەستەلىك قىلماڭ، ھەممە ئادەمدە ئازراق بولسىمۇ غۇرۇر بولىدۇ - دە، بىراۋ سىزگە كۆشەندە بولۇپ، قاراپ تۇرۇپلا سىزنى سۈندۈرسەن دېسە، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغىلى بولامدۇ؟ — دېدى.

نەزىرەگە يىگىتنىڭ مۇشۇ سۆزى بىر ئاز تەسىر قىلىپ قالدى. رەشكنى دوست بىلگەن كىشى، گۇمانخور بولىدۇ. ئۇنىڭ قۇلىقى ئاسانلا كىشىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ قالىدۇ. نەزىرە ھازىر يىگىتنىڭ سۆزىگە ئالدىنىشقا باشلىدى:

— ئۇنداقتا، قانداق قىلىش كېرەك؟

— ئۇنىڭ يولى ئاسان: «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» كېيىنكى قېتىمدا لۇتپۇللانى پەرىزاتتىن تارتىۋالىمىز.

نەزىرە ئاللىقانداق خىياللار بىلەن بەند بولۇپ، ئۈن - تىن چىقارماي جىمىپ كەتتى. يىگىت ئۇنىڭ چېچىلىۋاتقان خىيالىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن يارىنىڭ ئۈستىگە تۇز بېسىپ:

— تېخى ئىشەنمەيۋاتامسىز؟ مېنىڭ چارەم بار، مەن سىزگە ياردەم بېرىمەن، بىراق ...— يەنە سۆز باشلىدى.

— قېنى، بىراقنىڭ ئايىغىنى دېمەمسىز؟

— مەن باشلىغان كېچىككە كىرسىڭىز.

يىگىتنىڭ سۆزى بارغانچە سىرلىق تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. نەزىرە بىر ئاز خۇدۇكسىرەپ قالدى. ئۇ، يىگىتنىڭ ئاخىرقى سۆزىگە جاۋاب بەرمەي سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالدى، لېكىن

يىگىت ئۆزۈندىن بۇيان نەزىرەنىڭ خۇي - پەيلىنى، مىجەز - خاراكتېرىنى، تۇرمۇش ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلىگەنىدى. نەزىرە كۆڭۈلدىكىدەك تۇرمۇش قۇرۇۋالسام ۋە كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تېپىۋالسام، دەپ كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ رەشك قىلىدىغان، باشقىلارنى كۆرەلمەيدىغان ئاجىزلىقى، ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا توسقۇن بولاتتى. ئۇنى باشقىلار «ئىچى تار»، «كۆزى كىچىك»، «قىزغانچۇق» دەپ ئەيىبلىشەتتى. ھېلىقى يىگىت ئۇنىڭ مۇشۇ تەرەپلىرىنى تولۇق چۈشىنىپ بولغانىدى. نەزىرەنىڭ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالغىنىغا قويماي:

— ئويلاپ بولدىڭىزمۇ؟ — دەپ ئۇنىڭغا يەنە سوئال قويدى،

— نېمىنى دەيسىز؟

نەزىرە خۇپسەن بولۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ سىرىنى يوشۇرۇپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، بىراق، ھېلىگەر مەخپىي رازۋېدكىچى نەزىرەنىڭ ئۆزىنى قاچۇرۇشىغا يەنىلا يول قويمىدى:

— سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزغا ھەم كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تېپىۋېلىشىڭىزغا مانا مەن چوقۇم ياردەم بېرەلەيمەن، سەيشەنبە كۈنى مېنىڭ ئىشخانامغا بېرىڭ، مەن سىزنى شۇ كۈنى كۈتۈپ تۇرىمەن.

× ×

سەيشەنبە كۈنىمۇ يېتىپ كەلدى. نەزىرە ئاخشام دەزمال سېلىپ، تەقمۇتەق قىلىپ قويغان كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىپ، خۇددى تويى بولىدىغان قىزدەك چىرايلىق ياسىنىپ، چېيىنى ئىچتى - دە، شەھەر ئىچىگە قاراپ يولغا چۈشتى. ئۇ، ئالاھازەل يېرىم سائەتتىن ئارتۇقراق يول يۈرۈپ «يېڭى مانجۇ كوچىسى»①

① «يېڭى مانجۇ كوچىسى» — بۇرۇن مەنجۇڭ ئەمەلدارلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي ئىدى. ھازىر بۇ جايلار «جېننگولۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. «كونا مانجۇ گازارمىسى» بولسا ياماللىق تېغىنىڭ شىمالىغا ئىككى چاقىرىم كېلىدىغان يەرلەرگە توغرا كېلەتتى.



بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

مىڭلىغان سىياسىي مەھبۇسلارنى تىرىك كۆمۈۋېتىشنى ئورۇنلاشتۇرغان بۇ جاللات ئوردىسىنى كۆرۈش تۇگۇل، يىراقتا تۇرۇپ ئىتىنى ئاڭلىغان كىشىنىڭمۇ يۈرىكى سىقىلىپ، پۈتۈن ئەزايىنى تىترەك باساتتى.

نەزىرە جاللات ئوردىسىغا يېقىنلاشقانسېرى ئۇنىڭ روھىدىمۇ قاتتىق چۈچۈش ئالامەتلىرى پەيدا بولدى، لېكىن ئۇنىڭغا يەنىلا شۇ رەشك، مەنمەنلىك، يۇقىرى ئۆرلەش، ئىچى تارلىق قاتارلىق ئىللەتلەر كۈچ بېرەتتى. ئۇ، ئۆز - ئۆزىنى قورقماسلىققا ئۈندەيتتى.

نەزىرە دەرۋازىدىن كىرگەندە، چوڭ قورۇ سەيناسىدا ئۇنى ھېلىقى «كېلىشكەن خۇشخۇي يىگىت» كۈتۈۋالدى - دە، ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىشخانىسى ئارقا بىنادىكى توققۇزىنچى نومۇرلۇق ئۆيدە ئىدى. يىگىت نەزىرەنى ئۆزىنىڭ خاس ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ، ئالدى بىلەن نەزىرەنىڭ ئالدىغا چاي قويدى، ئارقىدىن:

— مەن ئاخشام دېگىنىمدەك، بىز سىزنىڭ تۇرمۇش يولىڭىزغا ياردەم بېرىمىز، لېكىن بۇ يەردە سىزنىڭ سەممىيىتىڭىزنى سىناپ كۆرمەكچىمىز. ھېلىقى كۈنى بىز لۈتپۇللاغا قاچان تۇرمۇش قۇرىسىز؟ دەپ چاقچاق قىلغىنىمىزدا، ئۇ بىر تەرەپتىن پەرىزاتقا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن: «ئات ئۈستىدە كارۋانمەن، كورەش يولىدا پالۋانمەن» دېگەنلىكىنى ھەممەيلەن ئاڭلىدۇق. قالغانلارمۇ ئىسپات بولدى. ئۇنىڭ پەرىزاتقا كۆز قىسىپ قويۇشى — پەرىزات بىلەن ۋەدىسىنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇنى پەرىزاتتىن ئايرىۋېتىپ، ئاندىن سىز بىلەن ... بۇگۈن مۇشۇ ھەقتە بىر ئىسپات يېزىپ بېرىشىڭىز كېرەك، — دەپ سۆزىنى باشلىدى.

يىگىت سۆزىنى تۈگىتىپ بولۇپلا بىر پارچە قەغەز بىلەن

قەلەم ئەكېلىپ، شىرە ئۈستىگە قويدى.

نەزىرەنىڭ پەرىزات بىلەن بولغان مەنمەنلىك تالىشىشى ۋە رەشك خۇسۇمەتلىرى ئۇنى ئاسانلا «ئىسپات» قەغىزى يېزىشقا كۆندۈردى. ئۇ، ئانچە تىترىمەيلا، بۇ «ئىسپات»نى يېزىپ تۈگىتىپ، مەخپىي رازۋېدكىچىنىڭ قولىغا سۇندى. مەخپىي رازۋېدكىچى نەزىرە يازغان «ئىسپات» قەغىزىنى قولىغا ئېلىپ ئىنچىكىلەپ ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، قانائەت ھاسىل قىلىپ:

— قاملاشتۇرۇپ يېزىپسىز، سىز ئەمدى بىر ئاز ساقلاپ تۇرۇڭ، مەن ھازىرلا كېلىمەن، — دەپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ، بۆلۈمدىن چىقىپ، ئۇلۇق قاناتتىكى ئىشىك نومۇرى يېزىلمىغان مەخپىي باشقارمىغا كىردى. ئۇ بۆلۈمدە جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ رازۋېدكا باشقارما مەسئۇلى ليۇ[①] ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ مەخپىي ئالاقىچىسى يانتاقوپ ئولتۇراتتى.

مەخپىي رازۋېدكىچى كىرىپلا ليۇ ئەپەندى بىلەن يانتاقوپقا ئەھۋالنى دوكلات قىلدى. ليۇ ئەپەندى دەرھال يانتاقوپقا:

— ھازىرلا رەسمىيەت بېجىرىلسۇن. ئانكېتىدىن بىر نۇسخا، ئۈچىنچى نومۇرلۇق كىنىشكىدىن بىرنى بېرىڭ، — دەپ بۇيرۇق بەردى.

— بولىدۇ، — دېدى يانتاقوپ.

يانتاقوپ ئورنىدىن تۇرۇپ تارتمىسىدىن كىنىشكا بىلەن جاسۇسلۇق ئانكېتىنى ئېلىپ ھېلىقى رازۋېدكىچىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

مەخپىي رازۋېدكىچى بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ، ليۇ ئەپەندىگە تەزىم قىلىپ، باشقارمىنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى ـ دە، ئۇدۇل بېرىپ نەزىرەنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

— ئانكېتىنى ھازىرلا تولدۇرۇڭ، — دېدى.

① ليۇ — ليۇ بىندى (1901 — 1944 ـ يىللار) شۇ يىللاردا جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە قوشۇمچە مەخپىي تورمە باشلىقى ئىدى. 1944 ـ يىلى مەخپىي خىزمەت بىلەن قولجىغا بارغاندا، پارتىزانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.



نەزىرە ئاۋۋال ئانكېتىنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈردى ۋە ئىشنىڭ باشقىچە بولۇپ، تورغا ئىلىنىپ قالغىنىنى ھېس قىلدى ـ دە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىردىنلا تىترەپ، تەرگە چۆمۈلۈشكە باشلىدى. ئىلاج قانچە؟

ئۇ، ئاخىر ئانكېتىنى تولدۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قوللىرى تىترەيتتى. چۈنكى ھازىر ئۇنىڭ تولدۇرۇۋاتقىنى ئادەتتىكى ئانكېت ئەمەس ئىدى. ئۇ، مەخپىي رازۋېدكىچىنىڭ كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغىنىدىن پايدىلىنىپ، ئىككى كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، ھۆكىرەپ يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇ، تۆۋەن كالپۇكىنى چىڭ چىشلەپ تۇرۇپ، ئاران دېگەندە ئۆزىنى بېسىۋالدى.

نەزىرە ئىلاجسىز جاسۇسلۇق ئانكېتىنى تولدۇرۇپ بولۇپ، يىگىتنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. يىگىت ئانكېتىنىڭ كاتەكچىلىرىگە تولدۇرۇلغان خەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، نەزىرە ئانكېتىنىڭ ئاخىرىسىدىكى كاتەكچىگە ئىمزا قويدى.

«رەسمىيەت» تۈگىگەندىن كېيىن، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار، بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر توغرىسىدا نەزىرە يەنە نۇرغۇن «يوليورۇق» ئاڭلاپ، ئەجدىھا ئۇۋىسىدىن چىققان پېتى ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

ئۇ، بۈگۈنكى كۈندۈزنى ھەر ھالدا ئوڭايلا ئۆتكۈزۈۋەتتى، لېكىن كەچ كىرىپ سىڭلىسى بىلەن بىر كارىۋاتتا ياتقان شۇ سائەتتىن باشلاپ، ئۇ، ئۇخلىماي چۈش كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇ چۆكۈۋاتقان خىيال دېڭىزىنىڭ تېگى كۆرۈنمەيتتى. گاھ ئۇياققا، گاھ بۇياققا ئەۋرىشىمدەك تولغىناتتى. قارا بېسىپ جۆيلۈپ ۋارقىرايتتى. ئۇنى يۇتۇش ئۈچۈن بىر مۇدھىش ئەجدىھا ئالدىغا كېلىپ، دەھشەت كۆزى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلەتتى.

«بۈگۈن بىر كۆز باغلىغۇچى سېھىرگەرنىڭ ئىلكىگە چۈشتۈممۇ، نېمە؟» دەيتتى ئۇ، ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ.

رەشك، كۆرەلمەسلىك، ئىچى تارلىق ئىللەتلىرىنى سەل چاغلىماسلىق كېرەكلىكىنى ئۇ پۇشايمان قىلىپ ئەسلىمەكتە... لېكىن ھازىر پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق ئىدى.

ھەقىقەتتە، ئۇ رەشك ۋە كۆرەلمەسلىكنىڭ قۇربانى بولدى. ئۇ ئالدانغانىدى.

لۇتپۇللا ئالتىنچى مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرىغا ۋە ئۇنىڭ ئايالىغا «سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۈرۈچ دەم يەپتۇ» دېگەن خەلق ماقالى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نە پەرىزات بىلەن، نە نەزىرە بىلەن ھېچقانداق مۇھەببەت ئالاقىسى يوقلۇقىنى ئىزھار قىلغانىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ھەسەتخورلۇق، ھېلىقى «ئاغزى شېكەر، دىلى زەھەر» يىگىتنىڭ «تىرناقتىن كىر ئىزدىشى» گە باھانە بولۇپ بەردى.

نەزىرە بىر كېچە ئازابلانغاندىن كېيىن، ئەتىسى ھەم پۈتۈن بىر كۈن ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي ياتتى. كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار ئۆتتى. ئۇ، ئۆزى باغلىنىپ قالغان بۇ شەرمەندە ئىشتىن باش تارتالمىدى. شائىرنى سۈرگۈن قىلغان «GG—3» نومۇرلۇق دېلو مانا شۇنداق يوللار بىلەن تۇرغۇزۇلدى.

شائىر ئاقسۇغا سۈرگۈن قىلىنىپ، بىر ئاي ئۆتەر - ئۆتمەي، نەزىرە يەنە شۇ «كەسپىي خىزمىتى» بىلەن ئاقسۇغا ئەۋەتىلدى. ئۇ، نۇرغۇن «يېڭى يوليورۇق» تاپشۇرۇۋالدى. يانتاقۇپ ئۆزىنىڭ ساۋاقدىشى «لوخۇر» غا نەزىرەنى تونۇشتۇرۇپ مەخسۇس خەتمۇ يېزىپ بەردى. نەزىرەگە بۇ كەسىپ ئەمدى ئانچە ئار كەلمەيدىغان بولۇپ قالسا كېرەك ... ئۇ، ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتى.

نەزىرە ئاقسۇغا كېتىۋاتقان سەپىرىدە، كۇچاغا چۈشۈپ، شەھەر ئىچىدىكى چولاق تۆگىنىڭ ئاشخانىسىدا زۇلپىيە بىلەن ئۇچراشتى. زۇلپىيە كوچادا ئىشلەپ قېلىش كويىدا بولۇپ يۈرەتتى.



ئۇلار ئاشخانىدىن چىققاندىن كېيىن، نەزىرە چۈشكەن سارايغا بېرىپ، بىر كېچە - كۈندۈز خالىي پاراڭلاشتى. زۇلپىيە قوشناۋاتتا لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بولغان كۆرۈشۈش جەريانلىرىنى، گۈلباھار بىلەن شائىرنىڭ باغلىنىشلىرىنى نەزىرەگە بىر - بىرلەپ ئېزىپ ئىچۈرۈپ ئۇقتۇردى.

— گۈلباھار؟! تېخى مۇنداق ئىش بار دېگىنە؟

زۇلپىيەدىن گۈلباھارنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان ھامان، نەزىرەنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ، جان - پېنى چىقىپ كەتكەندەكلا بولدى ۋە:

— ھوي، راست دەۋاتامسەن يا چاقچاقمۇ؟ مەن ئۈرۈمچىدە بۇ قىز بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغانىغۇ؟! — دەپ تەكىتلەپ سورىدى.

— قىزىق ئىكەنسەن، مەن بىكار چاقچاق قىلىدىغان ئەخمەقمۇ؟ «بازاردا مىڭ كىشى، كۆڭۈلدە بىر كىشى»، ھەممە قىزنى سەن قانداق بىلىپ بولالايسەن؟

— راستىنلا، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «ساپىقى بار بېغى بار» ئىشمىكەن يا تىلىنىڭ ئۇچىدىكى ئىشمىكەن؟

— ئەجەبمۇ ئەزۋەيلەپ كەتتىڭا. راستىنلا «تۇتسا بېغى بار، كۆيگەن دېغى بار» ئىش ئىكەن. يازغان خەت ۋە سوۋغا - سالاملىرىنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن تۇرسام.

زۇلپىيەنىڭ جاۋابىدىن كېيىن، نەزىرە بىردىنلا قارا تەرگە چۆمدى - دە، يېڭى رەشك سەۋداسىدا ئۇ خۇدىنى يوقىتىپ، ئۇلۇغ مۇشتۇمىنى تۈگۈپ تۇرۇپ، پېشانىسىگە بىرقانچىنى ئۇردى. ئاندىن ئۇ، ئۆزىنى كاڭغا تاشلىۋەتتى.

— ۋاي خۇدايىمەي، ئەمدى ساڭا نېمە بالا بولدى؟ — دېدى زۇلپىيە، ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلەلمەي، ھاڭ - تاڭ بولۇپ.

— ياق، ياق، ماڭا گەپ قىلما!

نەزىرە بۇ كېچە ھەم زادىلا ئۇخلىيالمىدى، خىلمۇخىل زىددىيەتلىك پىكىرلەر ئۇنىڭ مېڭىسىنى قوچۇماقتا ئىدى. ئۇ، كۆڭۈل ئازابىنى تىنچىتىش ئۈچۈن ساراي ئالدىغا چىقىپ، بىر سۆگەتنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزدى، لېكىن ئۇ ئاقسۇغا بارماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەتىسى ئۇنى ئېلىپ ماڭغان ھارۋا ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ، «ئون بىرىنچى نومۇرلۇق» ئۆيدىكى گۇمانلىق زىياپەت بولۇشىنىڭ ئالدىنقى كۈنىلا ئاقسۇدا پەيدا بولدى ۋە دەرھال «ئىككىنچى بۆلۈم»گە كىرىپ قولىدىكى «ئۈچىنچى نومۇرلۇق» كىنىشكىسى ئارقىلىق سالاھىيىتىنى مەلۇم قىلدى.

نەزىرە يولغا چىقىش بىلەن بىللىلا ئۇنىڭ ۋەزىپىسى، ئارزۇسى، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە ئاجىزلىقى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «چۈشىدىكى خام خىيالى» قاتارلىق ئىشلار ئۈستىدە، ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە ئالللىقاچان تەپسىلىي مەلۇمات ئەۋەتىپ بولغانىدى. «ئىككىنچى بۆلۈم» رازۋېدكىچىلىرىمۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇپ بولغان. شۇڭا، نەزىرە كېلىشى بىلەنلا، ئۇلار «قەدىناس» كىشىلەردەك سۆزلىشىپ كېتىشتى:

— تويىڭىزنى ئەمدى بىز ئىگە بولۇپ قىلىپ قويىمىز، ئۇ كىشى بىلەن بېرىش - كېلىشنى قويۇقلاشتۇرۇڭ. بولۇپمۇ «خىزمىتىڭىز»نى «غەلىبىلىك» ئىشلەشنى ئۇنتۇپ قالماڭ، — دېدى رازۋېدكىچى قاسىم.

— توي! ... توۋا دېسىلە... ئۇ ئىشنىڭ ئەمدى ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى، مەن كېيىن قايتىپ كېتىمەن.

— قانداقچە ئەمەلگە ئاشمايدۇ؟

— ئۇ كىشىنىڭ ئىگىسى بار ئىكەن.

— نەدىن ئاڭلىدىڭىز؟

— كوچادا.



نەزىرە كوچىدىكى ساراي ياتىقىدا زۇلپىيەدىن ئاڭلىغانلىرىنى رازۋېدكا ئەمەلدارلىرىغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

— بۇ ئىشلار تايىنلىق گەپ، ئۇنى بۇزۇپ تاشلاش قولىمىزدىن كېلىدۇ. خاتىرجەم بولۇڭ.

نەزىرە ئۈن - تىن چىقارماي جىم ئولتۇردى. رازۋېدكا ئەمەلدارى قاسىم ئارقىدىن بىر تال تاماكا يۆگەپ چېكىپ تۇرۇپ:

— سەپەر ئۈستىدە چارچىدىڭىز، بىر - ئىككى كۈن دەم ئېلىڭ، كېيىن بىز يەنە داۋاملىق كۆرۈشۈپ تۇرىمىز، — دېدى نەزىرەگە.

نەزىرە ئورنىدىن قوزغىلىپ ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىشكە تەمشەلگەندە، رازۋېدكىچى قاسىم يەنە ئۇنى توختىتىپ:

— سىز كوچادا ئاڭلىغان ھېلىقى يېڭى ئەھۋاللارنى ھازىرلا يېزىپ بېرىڭ، — دېدى.

ئۇ، نەزىرەنىڭ ئالدىغا دۇۋەت، قەلەم، قەغەز ئەكېلىپ بەردى. نەزىرە يېزىپ بولۇپ رازۋېدكىچىنىڭ قولىغا تۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

لۇتپۇللا بىلەن ھېچقانداق مۇھەببەت رىشتىسى بولمىغان بۇ قىز، باشقا بىر قىز بىلەن مەنمەنلىك تالىشىپ، رەشك قىلىشىپ، ئاساسسىز گۇماننىڭ كەينىگە كىرىپ، مانا ئەمدى بىر چوڭ جىنايى تور ئىچىگە كىرىپ قالدى. ئۇ ھازىرمۇ مەنمەنلىك قىلاتتى. شۇ رەشك ۋە شۇ گۇمانخورلۇق تۈرتكىسىدە يېڭى - يېڭى جىنايەتلەرنى ئىشلىمەكچى بولۇۋاتقىنىنى ئۇ يەنىلا سەزمەيتتى.

## 3

نەزىرە رازۋېدكا بۆلۈمىگە سەپەر ئۈستىدە ئاڭلىغانلىرىنى

«پاكىت» قىلىپ يېزىپ بېرىش بىلەن بىللە، ئۈرۈمچىدە ئۆلكە-
لىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ مەخپىي ئالاقىچىسى
يانتاقوپىنىڭ «ساۋاقدىشى» لوخورغا يېزىپ بەرگەن «ئالاھىدە
مەكتۇپ» نىمۇ ئىگىسىگە تەگكۈزدى. شۇنداق قىلىپ نەزىرە بە-
لەن لوخور «ئون بىرىنچى نومۇرلۇق ئۆيدىكى زىياپەت» بولۇش-
تىن بۇرۇنلا بىر - بىرى بىلەن ئىچ - قارنىنى بىلىپ
بولۇشقانىدى.

«ئون بىرىنچى نومۇرلۇق، ئۆيدىكى زىياپەت» ھىيلىسى،
قېلىن چۈمپەردىنىڭ پەقەت سىرتقى بىر قەۋىتىنى ئېچىپ قويۇش-
لا ئىدى. ئۇنىڭ تەكتىدە نۇرغۇن ئىشلار بار ئىدى. زىياپەتنىڭ
پۈتۈن چىقىمى «ئىككىنچى بۆلۈم» دىن چىقىرىلدى. بۇ سۇنئىي
ھەشەمەت ئۇچۇن ساھىبخانا بىلەن ساقىي ئالاھىدە تاللىۋېلىنىدى،
مېھمانلارنىڭ تىزىملىكىمۇ «ئىككىنچى بۆلۈم» دىن بېكىتىلدى.

«يىلاننىڭ كۆشىشى» نىمۇ سېزىۋالالايدىغان لۇتپۇللا گەرچە
بۇ زىياپەت ھىيلىسىنى بىتچىت قىلىۋېتەلىگەن بولسىمۇ، بىراق،
رازۋېدكا ئورگانلىرى يېڭى بىر ئويۇننى پىلانلاپ، ئىشنى يەر
ئاستىدىن يۈرگۈزۈۋەردى. ئۇلار بۇ يېڭى ئويۇننى ئويناشتا لۇت-
پۇللانىڭ دراما تالانتى ۋە مۇشۇ جەھەتتىكى ئىجادىي پائالىيىتى-
دىن پايدىلىنىشنى نىقاب قىلدى.

لۇتپۇللا ئاقسۇغا بېرىپلا «غېرىب - سەنەم» ۋە «تاھىر -
زۆھرە» ئوپېراسىنى يېزىپ چىقتى، ئالدىنقىسىنى ئۇيغۇر ئو-
يۇشمىسى مەسئۇل بولۇپ سەھنىلەشتۈرمەكچى بولدى، كېيىنكى-
سىگە كۈچ يېتىشمەي قالغانىدى. ئەسەر بولسا ئاللىقاچان يېزى-
لىپ بولدى. دەل مۇشۇ چاغدا ساقچى ئورگانلىرى ئۆز ئالدىغا
«تىياتىر ئۆمىكى» تەشكىل قىلىپ، لۇتپۇللادىن «تاھىر - زۆھ-
رە» ئوپېراسىنى تەلەپ قىلدى ۋە شائىرنى شۇ ئۆمەككە قوشۇمچە
رېژىسسورلۇققا تەكلىپ قىلدى.

ئاق كۆڭۈل شائىر ئىككىلا ئوپېراسىنىڭ كەينى - كەينىدىن



سەھنىدە ئوينىلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارى-
سىنىڭ تەكلىپىنى شەرتلىك قوبۇل قىلدى. بۇ ئالدىنقى شەرت
يۇقىرىدا كىتابخانلىرىمىزغا چۈشىنىشلىك بولغان كومپوزىتور
مويدىن غوجىنى تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ئىدى. ساقچى
ئورگانلىرى بۇ شەرتنى قوبۇل قىلدى.

بىراق، ساقچى ئىدارىسىنىڭ تىياتىر ئۆمىكىگە پىلانلىق
ھالدا «ئون بىرىنچى نومۇرلۇق» ئۆيدىكى گۇمانلىق زىياپەتنىڭ
ساھىبخانى، باش كاتىپ، شۇ زىياپەتنىڭ مەككار ساقىيسى،
يانتاقوپىنىڭ ئاغىنىسى لوخورنى ئۆمەك باشلىقى قىلىپ بەلگىلە-
دى. «قوش زەنجىر» ئويۇنى ئەنە شۇنداق ئوينالدى. باش كاتىپ-
نىڭ پوچېركىسى، خەتنى تېز يېزىش خۇسۇسىيىتى لۇتپۇللانى
باشتا قايمۇقتۇرۇش رولىنى ئوينىدى، لېكىن، لوخورنىڭ تەكەب-
بۇرلۇقى بارغانسېرى لۇتپۇللانى يىرگەندۈردى ۋە بىزار قىلىۋەت-
تى. ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدا ئاۋات ۋە ئۇچتۇرپان سەپىرىدە كەس-
كىن كۆرەشلەر يۈز بەردى. لۇتپۇللا ئاخىر بۇ ئاتالمىش «بىر
يۇرتلۇقى» بىلەن زىنھار گەپلەشمەيلا قويدى. مۇشۇ پۇرسەتتىن
پايدىلانغان «باش كاتىپ» مەككارلىق رولىنى ئويناپ سەھنىگە
چىقتى. ئۇ، كۈندۈزى لۇتپۇللاغا ئەگىشىۋالسا، كېچىسى لوخور
بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ «شۇملۇق تالانتى»
لوخوردىن ئاللىمۇقاچان ئېشىپ كەتكەنىدى. بۇ تۈلكە — ھېكىم
ئىدى.

ئۇچتۇرپان سەپىرى ئاياغلىشىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ھېكىم ھە
دېگەندە لۇتپۇللانى ئىزدەيدىغان بولۇۋالدى. بۇنداق بولۇشىدا نۇر-
غۇن سىرلىق سەۋەبلەر بولغانلىقىنىڭ سىرتىدا، نەزىرەگە تەئەللۇق
سەۋەبلەرمۇ بار ئىدى.

بىر كۈنى ھېكىم مەخسۇس تەييارلىق بىلەن لۇتپۇللانى
ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالدى. لۇتپۇللا ئاخىر ئۇنىڭ
ئۆيىگە بېرىپ، ئەھۋال بىلىپ بېقىشنى مۇۋاپىق تاپتى. ئۇنىڭ

ئالدىدىراق نەزىرە لۇتپۇللانىڭ ھۇجرىسىغا بېرىپ، مۇنازىرىدە يامانلاپ، پېشىنى قېقىپ چىقىپ كېتىشىدە «بۇگۈن ھېكىم ئاكام، گۈلبوستان ھەدەملەرنىڭكىگە بېرىڭ، ئايىغىنى شۇ يەردە ...» دېگەن چاغدىمۇ، شائىر ھېكىمنىڭ ئۆيىگە بارمىغانىدى. بۈگۈن ئۇ ئەھۋال ئۆزگىنىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە باردى. راست دېگەندەك، ھېكىمنىڭ ئايالى گۈلبوستان شىرە ئۈستىگە يېمەكلىكلەرنى تىزىپ، مېھمان كەلگەندەكلا راسلاپ تەييارلىق قىلىپ قويغانىدى.

ھېكىم لۇتپۇللانى ئۆيىگە باشلاپ كىرگەندىن كېيىن:

— خوتۇن، بۈگۈن قاشاڭلىق قىلماي، پوت - قولۇڭلارنى تېز قىلىڭلار، بىزنىڭ يەنە ئىشىمىز بار. لۇتپۇللانى ئاران باشلاپ كەلدىم، — دېدى گۈلبوستانغا.

گۈلبوستان ئېرىنىڭ لاۋزا سۆزىگە جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن لۇتپۇللاغا خۇش چىراي سالام بېرىپ بولۇپ:

— قانداق، تالادىن ئاخشام قارىغۇسى بولۇپ كەللىمۇ؟ ھەممە نەۋسە ئەنە تەل بولدى: «ئەر كىشى تۆشۈككە ئارىلاشسا سۆيۈرسىدا ئۇن قالماس، ئۆي مۈشۈكىگە ئارامخۇدا كۈن قالماس» دەپتىكەن. ئىززەتلىرىنى بىلىپ جايلىرىدا جىم ئولتۇرسىلا، — دېدى ئارقىدىن.

— خاپا بولماڭلار، خوتۇن، — دېدى ھېكىم، گۈلبوستاننى بەزلەپ، — لۇتپۇللا ئۆز ئادەم. چاقچاق قىلدىم، ئانچىۋالا تەرەللى بولۇپ كەتمەڭلار.

گۈلبوستان بىرنېمە دېمەكچى بولۇپىراق، يەنە لۇتپۇللانىڭ يۈزىنى ئايىدى بولغاي، جىم بولۇپ قالدى. بولمىسا بۈگۈن ھېكىمنى تازا تويغۇزۇپ قويماقچىدى.

گۈلبوستان چاققانلىق بىلەن ئالدىن تەييارلىنىۋالغان لەگمەن پىلتىسىنى ئىنچىكە ئېشىپ سىلىپ، بىر تەخسىدىن لەگمەن ئەكەلدى ۋە بىر چوڭ تەخسىدە گۆشلۈك سەي كۆتۈرۈپ كېلىپ،



شىرە ئۈستىگە قويدى. ھېكىم ئىشكاپتىن هاراق ۋە رومكىلىرىنى چىقىرىپ ئىككى قەدەھكە تولدۇرۇپ قويدى - دە، ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى ۋە:

— قەدىمكىلەر «گەپ يۈزدە، ئۇسسۇل توزدە» دەپتىكەن، بۈگۈن سېنى بىز بىر مۇھىم مەسلىھەت بىلەن چاقىرىپ كەلدۇق. پۇرسەت كەلگەندە توي قىلىۋالمىسا، جان راھەت تاپمايدۇ، ھايات لەززەت كۆرمەيدۇ، تۇرمۇشنىڭ خۇۋلۇقى، مەنىسىمۇ بولمايدۇ، — دەپ سۆز باشلىدى.

لۇتپۇللا بۈگۈن يېڭى شاھمات ئويۇنىنىڭ باشلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇن - تىنسىز تاماق يېيىشكە زورلاپ ئۆتكۈزۈۋېتىشنى ئويلىدى. ھېكىم بولسا:

— مەگەرچەندە، پۇل - بىسات جەھەتتىن قىسىلىپ قالغۇدەك بولساڭ، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى مانا بىز — گۈلبوستان بىلەن ئىككىمىز چىقىرىمىز. چىقارغاندىمۇ... «خالىسانە» ، — دەپ توختىماي مەمەدانلىق قىلاتتى.

— يوتقان - كۆرپىسى، مامۇق ياستۇقى مەندىن، — دېدى گۈلبوستان، ئېرىنىڭ سۆزىگە دەرھال قوشۇمچە قىلىپ.

— رەھمەت سىلەرگە، — دېدى ئۇ، ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ سالا - سۆلھىسىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن كەسكىنلا جاۋاب بېرىپ، — لېكىن، ھازىرچە مەن بۇ ئىشلارنى ئويلىنىپ كۆرمىدىم.

— قېنى ماۋۇ ئىككىنچىسى، — دېدى ھېكىم ئارقىدىن لۇتپۇللانى سەي يېيىشكە تەكلىپ قىلىپ تۇرۇپ، — خەلق ئىچىدە «بېشىڭ ئىككى بولمىغۇچە، قاچاڭ ئىككى بولماس» دېگەن ماقال بار. يەنە «خوتۇن كىشىنىڭ تولۇقىدىن يىگىتنىڭ بويتاقلىقى يامان» دېگەن تەمسىلمۇ بار، ساڭا بىز يامان مەسلىھەت بەرمەيمىز، بېشىڭنى ئىككى قىلىپ قويايلى، — دەپ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى.

— بۇ ئىشقا ئالدىراپ ھە ـ پە دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى لۇتپۇللا جاۋابەن، — بۇ، ئۆمۈر سودىسى، خەلق ئىچىدە «قازان ئالساڭ چېكىپ ئال، خوتۇن ئالساڭ بىلىپ...»، «ئات ئالساڭ ئاي كېچەش، خوتۇن ئالساڭ يىل كېچەش...» دېگەن قىممەتلىك ماقال ـ تەمسىللەر بار. بۇ توغرىدا مەن تېخى كېچىكىشىپ كۆرمەدىم.

— سىزگە قاندىقى يارايدۇ؟ — دېدى گۈلبوستان، — ئاۋۋال كۆڭلىڭىزدىكىنى دەپ باقسىڭىز، كېچەش قىلىش ئاسان، بۇ يەردىمۇ ھەر يەر ـ ھەر يەردىن كەلگەن نى ـ نى قىزلار بار، يارايدىغىنى تېپىلىدۇ.

— مېنىڭ شەرتىم ئانچىۋالا يۇقىرى ئەمەس، لېكىن مەن تېخى بۇنداق ئىشلارنى ئويلىنىپ كۆرمىدىم.

لۇتپۇللا ئامال قىلىپ ئۆزىنى قاچۇراتتى ۋە گۈلباھارنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ قويۇشتىن ساقلىناتتى. چۈنكى ئۇ، ھازىر يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ۋەقەلەرگە ئىنتايىن سەگەكلىك بىلەن دىققەت قىلىپ، چېكىت ئورماقتا ئىدى.

— ئۇرۇمچىدىن سىزنى ئەتەي قوغلىشىپ پەرۋانە بولۇپ كەلگەن نەزىرە قىزمۇ بارغۇ؟

— خەلق ئىچىدە، — دېدى شائىر، گۈلبوستانغا، — «يېپىشقان قىزدىن قاچ، قاچقان قىزنى قوغلا» دېگەن ماقال بار. بۇنى ئۆزىڭىزمۇ ياخشى چۈشىنىشىڭىز مۇمكىن.

بۈگۈن شائىر مۇنازىرىدە بوش كەلمىدى. ھېكىم بىلەن گۈلبوستان، لۇتپۇللا بىلەن گۈلباھارنىڭ ئارىسىنى ئۈزۈۋېتىشتىن باشقا چارە يوقلۇقىنى بىلدى.

بىراق، بۈگۈنكى شاھمات ئويۇنى «ئىككىنچى بۆلۈم»نىڭ رېژىسسورلۇقىدا ئېلىپ بېرىلغانىدى. ئۇلار رازۋېدكا ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلغان نەزىرىنى شائىرغا ئاتىماقچىدى. شۇڭا گۈلباھار بىلەن شائىر ئوتتۇرىسىدا يېزىلغان خەتنى كونترول قىلىپ،



ئارىنى بۇزۇش سۇيىقەستىنى ئىشلەپ كەلمەكتە ئىدى. ھازىر ئۇلار يېزىشقان خەت بىر ـ بىرىگە تەگمەيدۇ. «ئىككىنچى بۆلۈم» بۇ خەتلەرنى تىزگىنلەپ ۋە پوچتىخانىدىن بىۋاستە ئالدۇرۇپ كېلىپ، مەخپىي ئارخىپتا ساقلايدۇ. بۇنى ھېكىم بىلەن نەزىرە ئېنىق چۈشىنىپ تۇرىدۇ.

— قېنى، كېيىنچە يەنە پاراڭلىشارمىز، ئاڭغىچە دىلىڭ ئېرىپ قالسا ھېچ گەپ ئەمەس. كەل، يەنە بىر رومكىدىن ئىچىشتۇق.

ھېكىمنىڭ سۆزىدىن كېيىن شائىر ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ قالدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بۇ ئۆيگە نەزىرە پەيدا بولدى. ئۇ، شىرە ئۈستىدىكى زاكوسكا، بوتۇلكا، رومكىلارنى كۆرۈپ، قاندىقتۇر ھېچنېمىدىن خەۋەرسىزدەك:

— گۈلبوستان ھەدە، ئۆيۈڭلارغا مېھمان كەلدىما؟! — دەپ سورىدى. گۈلبوستان نەزىرەنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— بىلمەسكە سېلىپ، خۇپسەن بولۇۋالغىنىنى كۆرەي بۇنىڭ. تۇرالماي، ئىز قوغلىشىپ كەلگەنسىز چاغلىق، — دېدى.

— ئەزىرايى خۇدا، بۇ ئىشتىن خەۋىرىم يوق.

— ھەئە. مېھمان كېلىپ، ھېلىلا ئالدىڭىزدا چىقىپ كەتتى، سىزگە ئۇچراشمىدىمۇ؟

— ياق، ئۇچراشمىدى، كىم كەلدى؟

— ھېلىقى... ھېلىقىچۇ!

— ھېلىقى كىم؟

— ھېلىقى، شۇ ھېلىقى!...

— ۋاي خۇدايىمەي، دېسىڭىزا، قايسى ھېلىقى؟

— بالاغا قاپتىمەنمۇ نېمە، سىز قوغلىشىپ كەلگەن ھېلىقىچۇ.

نەزىرە، كېيىنكى سۆزدىن «ھېلىقى» بىلەن «بايىقى»نىڭ كىملىكىنى چۈشىنىپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە يەنە ئەزۋەيلەپ:

— بۈگۈن ئۇ نېمە دېدى؟ — دەپ سورىدى.

— بۈگۈن ئاخشام مۇشۇ ئۆيدە ئىككىڭلارغا نىكاھ ئوقۇتىدىغان بولۇپ ۋەدىلەشتۇق، تويلۇق پۇلىنى سىز چىقىرىدىغان بولدىڭىز، چىدامسىز؟

گۈلبوستاننىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، نەزىرە ئۆزىنى بېسىۋالالماي تېخىمۇ كۈلۈپ كەتتى ۋە كۈلكىسى توختىغاندىن كېيىن:

— ئۇنداق بولسا ... — دېدى.

— ھە، ئۇنداق بولسا، ئايغىنى دېمەمسىز، ھەرگىز ئېلىپ قالماي دەڭ، چىدىغانغا چىقارغان جاھان بۇ!

— كىم يىگىت بولىدۇ؟

— قوغلاشقىنى ئۈستەك بېرىدىغان زامان بۇ.

— ۋاي ئانام، ماڭا تەسللا ياپامدىكەن؟ ئۇ، تېپىلماسنىڭ خورمىسىمىدى، ئۇنىڭ مايىقى دورا بولۇپتىمۇ؟

— نېقى نازىنى كۆرەي، يولى كەلگەندە تايىقىمۇ دورا بولىدۇ. يار ئۈچۈن يېگەن تاياقنىڭ يارىسى يوق.

— ۋاي ئانام، ئەجەب دېدىڭىزا، ئانچە قىلمىسامىمۇ، ماڭىمۇ بىرى چىقىپ قالار.

— مانا ئەمدى ئەقلىڭىزنى تاپتىڭىز، قەدىمكىلەر «ئاشناڭغا ئىشىنىپ ئەرسىز قالما»، «تاز دېمەي تېگىۋال، ماز دېمەي كىيىۋال» دەپتىكەن.

كېيىن ئۇلار ئۆز ئارا رەسمىي پاراڭغا چۈشۈپ، گۈلبوستان ھېلىراق لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن قىلىشقان گەپ - سۆزنىڭ ئەينى ئەھۋالىنى نەزىرەگە دەپ بەردى. نەزىرەنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ، بىردىنلا تاتىرىشقا باشلىدى. ئۇ، ئاچچىقىدا چايمۇ ئىچمەي، گۈلبوستانغا خوشمۇ دېمەي، چىقىپ كەتتى.



«ۋاي ئانام، بۇ جۇۋاينىمەككە بولۇپ بەردىمۇ نېمە، سەپراسى ئۆرلەپ، قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ كەتتىغۇ، ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمىسىمۇ...، ئەمدى نەگە بارار.»

گۈلبوستان ئۆيدە قېلىپ، ئۆز ئىچىدە غودۇڭشىپ، ئۆز - ئۆزىگە بىرمۇنچە سۆزلەپ كەتتى: «راست سۆزنى دېمەي، سىلاپ - سىيپاپ، كۆڭلىنى ياساپ ئۆتكۈزۈۋەتسەممۇ بوپتىكەن.»

ئۇ كاڭنىڭ سۇپىسىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ، ئويغا چۆكۈپ كەتتى، يەنە ئورنىدىن تۇردى، يەنە قايتىپ كېلىپ، ھېلىقى ئىزىدا ئولتۇردى.

«‹تويىنىڭ ئەلچىسى بولغۇچە، بايىنىڭ غالچىسى بول›، دېگەن راست ئىكەن - دە. ‹ئۆزى كەلگەن يارەي، ئۆزى كەتكەن يارەي›، يامانلىسا يامانلاۋەرسۇن، ماڭا نېمىدى؟ ‹يارىم يامانلىغىنىغا خۇش، مەن قۇتۇلغىنىمغا›، بەك يامانلىسا ئۆزۈنغا كەتسۇن، بىر تاۋاق ئېشىم قازىنىمدا قالىدۇ.»

گۈلبوستان ئويلىغانسېرى قورسىقى كۆيۈپ كېتىپ، يۇقىرىدىكى سۆزلەر بىلەن ئىچىنى بىر ئاز بوشىتىۋالغاندەك بولدى. ئاندىن ئۇ، گىلەم ئۈستىدىكى مىخقا ئېسىپ قويغان دۇتارنى ئېلىپ چېلىشقا باشلىدى...

ھېكىم بىلەن نەزىرە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ «ئىككىنچى بۆلۈمى»گە بېرىپ، بۈگۈنكى ئەھۋالنى خەۋەر قىلدى.

— بۇ ئىشتىن كۆڭلىڭىز يېرىم بولمىسۇن، — دېدى تاتۇق بويۇن رازۋېدكا ئەمەلدارى نەزىرەنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — بىز بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى ئىككىنچى قەدەمنى باسىمىز.

رازۋېدكا ئەمەلدارى قاسىم ئاستا ئورنىدىن تۇردى - دە، ئارخىپ ئىچىدىن لۇتپۇللا بىلەن گۈلباھار ئوتتۇرىسىدا يېزىشقان خەتلەرنى سۇغۇرۇۋېلىپ، سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.

بۇ خەتلەر پوچتىخانىغا قىلىنغان ئۇقتۇرۇش بويىچە، پوچ-
تىخانىغا بېكىتىلگەن مەخپىي خادىملار ئارقىلىق ئۇدۇل ساقچى
رازۋېدكا ئىشخانىسىنىڭ «ئىككىنچى بۆلۈمى»گە يەتكۈزۈلەتتى.
خەتلەرنىڭ بىر - بىرىگە تەگمەيۋاتقانلىقىدىن گۈلباھار ئۈرۈمچىدە
قان يىغلىسا، لۇتپۇللا ئاقسۇدا تىت - تىت بولاتتى...

## 4

قاسىم گۈلباھارنىڭ خېتىنى نەزىرەنىڭ ئالدىغا قويۇپ:
— مانا مۇشۇ خەتنىڭ ئىملاسىغا ئوپئوخشاش ۋە بېجىرىم
قىلىپ، ماۋۇ كوپىيىنى تېز كۆچۈرۈپ چىقىڭ، — دېدى.
قاسىم بۈگۈن چۈشتە گۈلباھار بىلەن لۇتپۇللانىڭ مۇناسى-
ۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلايدىغان بىر پارچە يالغان خەت كوپىيىسىنى
يېزىپ تەييارلىغانىدى. بۇ خەت گۈلباھار نامىدىن لۇتپۇللاغا دوق
قىلىپ يېزىلغان ئويدۇرما خەتنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، نەزىرە گۈل-
باھارنىڭ پوچېركىسىغا قاراپ كۆچۈرۈشكە باشلىدى.
— تەلەپ ۋە شەرت شۇكى، خېتىڭىزنىڭ ئۈستىخىنى، —
دېدى ئۇ يەنە، گۈلباھاردىن كەلگەن ئەسلىي خەتنىڭ ئالدىنقى
ئىككى ۋارىقىنى قاتلاپ قويۇپ، پەقەت ئۈچىنچى بېتىنىلا نەزىرە-
گە كۆرسىتىپ، — مۇشۇ خەتنىڭ ئۈستىخىنى بىلەن ئوپمۇئوخ-
شاش بولسۇن، چېنىپ قالسا، ئەپلەشمەي قالىدۇ.
نەزىرە بىر پارچە ئاق قەغەزگە ئاۋايلاپ كوپىيىنى كۆچۈرۈش-
كە كىرىشكەندە، رازۋېدكىچى قاسىم ئۇنىڭ بېشىدا نازارەت قى-
لىپ تۇراتتى. نەزىرەنىڭ قولى تىترەپ ئەسلىي پوچېركىنىڭ
ئىملاسىنى جايىدا چىقىرالمىغىنى ئۈچۈن، بۇ يالغان خەت ئۇدا
ئۈچ قېتىم بۇزۇلۇپ كەتتى. بولۇپمۇ «ل» ھەرپىنى دوڭغاق
يېزىپ قويغانلىقى بەك چېنىپ قالغانىدى. تۆتىنچى قېتىمدا يال-
غان خەت ئاخىر پۈتۈپ چىققان بولدى. ئەگەر خەتنىڭ مەزمۇنى



ئۆزۈنراق بولىدىغان بولسا، نەزىرە بۇ خەتنى ئېھتىمال كېچىچىمۇ
پۈتتۈرۈپ بولالمىغان بولاتتى. ھېلىمۇ خەت يېزىلىپ بولغان
چاغدا خېلىلا كەچ كىرىپ كەتكەنىدى.
رازۋېدكىچى خەتنى نەزىرەنىڭ قولىدىن ئېلىپ، يەنە بىر
قېتىم ئېھتىيات بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى - دە:
— بارايدۇ. ئەمدى چاتناپتۇ، بۇ خەت چوقۇم ئىككىسىنى
ئىككى پارچە قىلىپ تاشلايدۇ، بىرى ئۇياقتا، بىرى بۇياقتا قاق-
شايدۇ. ھەر ئىككىسى ئازابتا قېلىپ بېشىنى قاشلايدۇ، نەزىرە
ئاندىن ئۆز ئىشىنى راۋان باشلايدۇ. ھا ... ھا ... ھا ...— دەپ
كۈلدى.
رازۋېدكىچى بۇ شۇملۇقىدىن ئۆز - ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ
قاقاقلاپ كۈلەتتى. ئۇ تاماكا چېكىپ، ئۇڭ قولىنى گەلەپى
ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا سالغان ھالدا ئىشخانا ئىچىدە ئۇياقتىن -
بۇياققا مەغرۇر ماڭاتتى.
ھەممىنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان رازۋېدكىچى ئار-
قىدىن مەخپىي ئىشكاپى ئىچىدىن «ئۈرۈمچى پوچتىخانا كونۋېر-
تى»نى ئالدى - دە، ئويدۇرما خەتنى كونۋېرت ئىچىگە ئەپچىل
قاتلاپ سالدى، ئارقا بېتىگە ماركىنى چاپلىدى. كېيىن ئۇ،
نەزىرەگە يەنە:
— بېگى كونۋېرت ئۈستىگە ئادرېس پوچېركىسىنىمۇ چىراي-
لىق، چانىمغۇدەك يېزىڭ. مانا ئۈلگىسى، — دېدى.
رازۋېدكىچى ئۈرۈمچىدىن گۈلباھارنىڭ لۇتپۇللاغا يازغان
خېتىنىڭ كونۋېرتىنى نەزىرەنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى. نەزىرە
دەسلەپكى مەشقىنى ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ، بىر ئاز ماھارەتكە ئىگە
بولۇۋالغىنى ئۈچۈنمۇ، كونۋېرت ئۈستىدىكى ئادرېسنى ئۇنچىۋالا
تەمتىرىمەي تېز ۋە جايىدا يېزىپ بولدى. ئاندىن رازۋېدكىچى
كونۋېرتنىڭ ئاغزىنى شىلىم بىلەن ئەتتى. كېيىن تارتمىسىدىن
پوچتىخانىنىڭ خەت - چەكلەر كونۋېرتى ئۈستىگە قارا سىياھ

باسىدىغان تامغىسىنى ئالدى - دە، كونۋېرت ماركىسى ئۈستىگە توك - توك ئۇرۇپ باستى. پوچتىخانا تامغىسىنىڭ رازۋېدكا ئىشخانىسىدا بولغىنىغا نەزىرە ھەيران بولۇپ ئولتۇراتتى. ياز كۈنلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بولۇپمۇ كونۋېرتنى يەملەشكە ئىشلىتىلگەن «ئالاھىدە شىلىم» بولغانلىقى ئۈچۈن، كونۋېرتنىڭ ئېغىزى ۋە ماركا چاپلانغان جاي ئاللىقاچان بىلىنگۈسىز قۇرۇپ كەتكەنىدى. قاسىم نەزىرەگە قاراپ:

— بۈگۈن كۈنگە يەكشەنبە، لۇتپۇللا مېھمانخانىنىڭ بېغىدىن قايتىپ كېلىپ، مۇشۇ تاپتا مۇنىرىدىنىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇش قىلىۋاتىدۇ، بىز بۇنى ئىگىلەپ بولدۇق. سىز ھازىر تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، بۇ خەتنى ئۇنىڭ ئىشىكىنىڭ قىسىلچىقىدىن ھۇجرىسىغا تاشلىۋېتىپ كېلىشىڭىز كېرەك، كېچىدە سىزنى ھېچكىم كۆرمەيدۇ. سىز كەلگۈچە مەن مۇشۇ ئىشخانامدا كۈتۈپ تۇرىمەن ... — دېدى.

نەزىرەنىڭ نېمە ئامالى بولسۇن؟ ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن تىترەپ تۇرۇپ:

— بولىدۇ، — دېدى.

بۈگۈن ئاخشام نەزىرە رازۋېدكىچى قاسىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى تولۇق بەجا كەلتۈردى. ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى ئىنس - جىنمۇ سەزمىدى، لېكىن ئۇ، خەتنى شائىرنىڭ ئىشىكىنىڭ قىسىلچىقىغا قىستۇرۇپ بولۇپ، ئارقىسىغا يانغاندا، ئۇنىڭ بەدىنى پۈتۈنلەي قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ يولدا كەلگۈچە ھېلى بىر ئادەم كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ تۇتۇۋالىدىغاندەك، ئۆز - ئۆزىدىن خۇدۇكسىنىپ، پات - پاتلا ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى، ئالدىغا مېڭىۋاتسىمۇ، كەينىگە كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، ئۇ گاھىدا شاپاشلاپ يۈگۈرەيتتى. شەھەر سېپىلىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى يېنىغا يېقىن كەلگەندە، ئاچچىقسۇ ساتىدىغان بىر قېرى تۇڭگانىنىڭ قورۇسى ئىچىدە بىر ئىتنىڭ ئۈشتۈمتۇت ھاۋ-



شىغىنىنى ئاڭلاپ، قورقىنىدىن يەرگە يىقىلدى - دە، «ۋايجان» دەپ قاتتىق ۋارقىرىۋەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. ئۇ، ئاران تەستە ئورنىدىن تۇردى، لېكىن ئاقساپ ماڭالمىدى. تۇڭگانىنىڭ ئىتى تېخىمۇ قاتتىق قاۋايتتى.

نەزىرەنىڭ يۈرىكى شۇ تاپتا ئاغزىغا قاپلىشاي دەپ قالغانىدى، ئۇ زورۇقۇپ ئاغرىپ كەتكەن تىزىنىڭ لېپىكىنى ۋە پاچىقىنى خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئۇۋۇلاپ، بىر ھازادىن كېيىن، ئارانلا مېڭىپ كەتتى.

بۇ ئەلەمنىڭ دەستىدىن نەزىرە ئۇدۇل ياتىقىغا كەتمەكچىمۇ بولدى، لېكىن «ئىككىنچى بۆلۈم» گە دوكلات بەرمىسە بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ «ئىككىنچى بۆلۈم» گە بېرىپ، تاتۇق بويۇن رازۋېدكىچىغا ئەھۋالنى قىسقىچە دوكلات قىلدى - دە، «قىزىپ كېتىۋاتىمەن» دەپ رۇخسەت سوراپ، بۆلۈمدىن ئاستا چىقىپ كەتتى. راستىنلا ئۇ قىزىپ كەتكەنىدى.

نەزىرە ياتىقىغا بېرىپ، كىيىم - كېچەكنى يەشمەستىنلا كارىۋىتى ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىۋەتتى. ئۇ، ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، ھۆكرەپ يىغلايتتى. ئۇ، كېچىچە كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزۇۋەتتى.

ئەتىسى ئۇنىڭ يۈز - كۆزى ئىششىپ، كالپۇك - قوۋۇزلىرى ئۈستىگە قوقاق يارىسى چىقىپ، قاپارچۇق ئۆرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ چاي ۋاقتىدا ئارانلا ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر يۇتۇم چايمۇ ئىچمەي، يۈز - كۆزلىرىنى ياغلىق بىلەن ئورىغاندىن كېيىن، ئۇدۇل يېڭىبازاردىكى رەمچى موماينىڭ ئۆيىگە پال سالدۇرغىلى ماڭدى، دوختۇرخانىغا بېرىشتىن نومۇس قىلدى.

رەمچى موماينىڭ ئۆيى يېڭىبازارغا چىقىپ كېتىدىغان خوتەن دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىلا ئىدى. موماي ئادەتتە ئۆيىدىلا بولاتتى. نەزىرە، بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن بۇ ئۆيگە بىر قېتىم كەلگىنى ئۈچۈن، بۇ نۆۋەت ھېچكىمنى باشلاتقۇزماي، ئۆزى يالغۇز كېلى-

ۋەردى. بېشىغا ئاق لېچەك ئارتىۋالغان رەمچى موماي ئۆيدە يالغۇز «پالنامە» ئوقۇپ ئولتۇرغانىدى. ئالدىنقى قېتىمدا رەم سالدۇرغاندا، رەمچى ئايال نەزىرەگە: «دۈشمەنلىك بولۇۋېتىپسىز، ئۆزىڭىز كەڭ قورساقلىق قىلسىڭىز، دۈشمەنلىك تۈگەپ كەتكۈدەك» دېگەنىدى.

بۈگۈن نەزىرە كىرىشىگە رەمچى موماي ئۇنى دەررۇ تونۇپ، كاڭ ئۈستىگە تەكلىپ قىلدى. نەزىرە ياغلىقىنى يېشىپ، مومايغا يۈز - كۆزىنى كۆرسەتكەندە، موماي «ھېچ ۋەقەسى يوق، قىزىم، مەن پال سېلىپ كۆرۈپ، دورىسىنى سىزگە ھازىرلا ئېيتىپ بېرىمەن» دېدى - دە، ئاندىن ئويۇق بېشىغا ئېلىپ قويغان خالتىدىكى پال تاشلىرىنى كاڭ ئۈستىگە تۆكتى. ئاق تاش، قارا تاش، ئالىچىپار تاشلاردىن قىرىق نەچچە كىچىك تاشنى قاتار ئويۇنى شەكلىدە تىزىشقا باشلىدى. تاشلار تىزىلىپ بولغاندىن كېيىن، قولىدىكى تەسۋىنى سىيرىپ، ئىچىدە ئۆزۈنىچە ئايەت ئوقۇپ، دۇئا قىلدى. نەزىرەمۇ دۇئاغا ئەگىشىپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈردى. دۇئادىن كېيىن، موماي ھېلىقى تىزىلغان تاشلارنى يەنە چۇۋۇپ تاشلاپ، ئىككى كۆزىنى يۇمۇۋالغان پېتى ئىككى قولىنىڭ ھەممە بارماقلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، تاشلارنى يەنە تىزىپ چىقتى، ئاندىن كۆزىنى ئېچىپ، تاشلارغا بىر مەھەل قاراپ تۇرۇپ، پالنىڭ تەبىرىنى يەشتى:

— «قورققانغا قوش كۆرۈنەر، قارا باسقانغا جۆپ» دەپتىكەن، بالام؛ قاراڭغۇدا يول يۈرۈپلا، يان تەرەپتىن ئىت كۆرۈپلا، بالام، «چۈشىدە كۆيگەن گۈل بولۇر، ئاققان يېشى كۆل بولۇر» ، بالام؛ «قاشقا سانىساڭ كۆزگە، كىشىگە سانىساڭ ئۆزگە» ، بالام، ھېچ ۋەقەسى يوق، ئاخشام ئۆزلىرىگە قوقاق تېگىپتۇ. مەن دەمىدە ئوقۇپ قوياي، ساقىيىپ كېتىلا.

رەمچى موماي تاشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ خالتىسىغا سالدى ۋە ئۇنى ئاۋۋالقى ئورنىغا ئېلىپ قويدى، ئاندىن دەمدە سۈيى تەييار-



لاپ، سۇغا قاراپ ئىككى - ئۈچ ئايەت ئوقۇپ، نەزىرەنىڭ قوقاق تەگكەن ئېغىزىنى سۈپكۈچلىدى.

— رەھمەت، ئانا، — دېدى نەزىرە ۋە مومايغا ئاتىغان ئىككى پار كونا كۆڭلەكنى ۋە ئازراق پۇلنى سۇندى. موماي يەنە ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، ئۇزۇندىن - ئۇزۇن دۇئا قىلدى. دۇئا ئاياغلاشقاندىن كېيىن، نەزىرە يەنە بىر قېتىم رەھمەت بىلدۈرۈپ، رەمچىنىڭ ئۆيىدىن ئاستا چىقىپ ھۇجرىسىغا قايتىپ كەلدى.

نەزىرە ياتىقىغا قايتىپ كەلگەندە، چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ يەنىلا تاماق يېگۈسى كەلمىدى، روھىي چۈشكۈنلۈكى، رەم سالدۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى.

رەمچى مومايىنىڭ «چۈشىدە كۆيگەن گۈل بولۇر، ئاققان يېشى كۆل بولۇر» ، «قاشقا سانىساڭ كۆزگە، كىشىگە سانىساڭ ئۆزگە» دېگەنلىرى، خۇددى دەللەپ چېنىگەن ئوقتەك، ئۇنىڭ يۈرىكىنى پارە - پارە قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ، مومايىنى كۆڭلۈمدىكىنى خۇددى ئەۋلىيادەك بىلىۋالدى، دەپ ئويلايتتى. نەزىرە «ئۇزۇم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك، ئۆزىنىڭ تويۇق يولغا كىرىپ قالغىنىنى جىددىي ھېس قىلىپ، ئازابلىناتتى.

زادى قانداق كۈچ ئۇنى ئىبتىبدا[1] ۋە ياسىمەن[2] بولۇشقا ئىتتىرىپ تاشلىدى؟ پەقەت رەشك، ھەسەت، كۆرەلمەسلىك!

نەزىرە ئىككىنچى كۈنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئاقسۇدىن قېچىپ كەتتى.

① ئىبتىبدا — قەدىمكى قۇللار قوزغىلىڭى — سپارتاكچىلار ھەرىكىتىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق سالغان ئايال جاسۇس. ئۇ يەنە سپارتاكنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى ۋالىرىيە بىلەن سپارتاك ئوتتۇرىسىمۇ بىرىكچىلىك سالغان.

② ياسىمەن — پەرھاد بىلەن شىرىننىڭ مۇھەببىتىنى بۇزغان ئايال جادۇگەر.

## ئون بەشىنچى باب

# دەز كەتكەن تامنىڭ سىرى

لۇتپۇللا نەزىرەنىڭ قېچىپ كەتكىنىنى مۇنىرىدىنىدىن تېخى ئالدىنقى كۈنىلا ئاڭلاپ، كۆڭلىدە «بىر بۇدۇشقاق ـ رودۇپايدىن ئازاد بوپتىمەن» دەپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ، راستىنىلا خېلىدىن بۇيان پۇتىغا چىرمىشىپ كېلىۋاتقان قوش زەنجىرنى ئۈزۈپ تاشلىغان قاۋۇل يولۋاستەك مەغرۇر ئىدى. ھەقىقەتتىمۇ يانتاقۇپ تەرىپىدىن تىكىلگەن بىر تۇپ «يانتاق» يوقالغانىدى.

ئۇ بۈگۈنكى شەنبە ئاخشىمىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈش ئارزۇسىدا تەھرىر بۆلۈمىدىكى بىر كۈنلۈك ئىشنى ئاياغلاشتۇرۇپ بولۇپ، ھۇجرىسىغا قايتىپ كىردى ـ دە، يېڭى بىنادىكى دوستى ئابدۇللا روزىنىڭ قېشىغا بارماقچى بولۇپ، ئىشىكتىن ئەمدىلا چىقىشىغا قولىدا شاھمات تۇتقان، ئاددىي يالاڭ چاپان كىيگەن يىگىرمە ياشلار ئەتراپىدىكى بىر خەنزۇ يىگىت ئۇچۇق چىراي بىلەن ھۇجرا ئالدىغا يېتىپ كەلدى.

لۇتپۇللا ئۆزىنىڭ بۇ بويتاق، قەدىناس، كونا ئارىتام قوشنىسىنى خۇش پېئىللىق بىلەن كۈتۈۋالدى ـ دە، يىگىتنىڭ قولىدىكى شاھماتنى كۆرۈپ، بۈگۈن ئاخشام يېڭى بىناغا بېرىشتىن ۋاز كېچىش قارارىغا كەلدى. چۈنكى خەنزۇ يىگىت بىلەن ئۇ كۆپ چاغلاردا بىللە شاھمات ئوينايتتى، نۇرغۇن ئىشلاردا پىكىرداش ۋە بىر ـ بىرىگە ھېسداش ئىدى.

— كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ.



لۇتپۇللا ئۇنىڭغا بىر ياغاچ ئورۇندۇقنى ئەكېلىپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. خەنزۇ يىگىت:

— قانداق، بىر يەرگە باراتتىڭىزمۇ؟ زۆرۈر ئىشىڭىز بولسا، بېرىۋېرىڭ، مەن باشقا بىر چاغدا كېلەي، — دېدى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— ياق، ياق، بۈگۈن زېرىكىپ يا بىرلىيانت، يا شاھمات ئويناش خىيالىدا بولۇپ تۇراتتىم. كېلىڭ، ئىككىمىز بۈگۈن شاھمات ئوينايمىز. ئەمدى ھېچ يەرگە بارمايمەن.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن شاھمات ئويناشقا كىرىشىپ كېتىشتى.

خەنزۇ يىگىتنىڭ ئىسمى لى كەيمىن ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى تيەنجىنلىك بولۇپ، 1930 ـ يىللاردا ئاقسۇدا كىچىك تىجارەت دۇكىنى ئاچقان. كېيىن بۇ كىشى دۇكىنىدا ئولتۇرغان پېتى تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كەتكەن. ئانىسى بولسا ئۇنىڭدىن بۇرۇن قارا شەھەردە ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. بۇ يېتىم بالا كېيىن لەڭگەرلىك بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ باشپاناھلىقىدا چوڭ بولغىنى ئۈچۈن، ئۇيغۇر تىلىنى ئۆز تىلىدىنمۇ پىششىق بىلەتتى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، ئىنقىلابىي قۇربان لىن جىلۇ ئاقسۇ مائارىپ ئىدارىسىگە مەسئۇل بولۇپ كەلدى ـ دە، ئىككى تىل بىلىدىغان بۇ يېتىم بالىنى ئۆز تەربىيىسىگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ خەت ئالاقىچىسى قىلىۋالدى.

ئۇ، بۇ چاغلاردا تېخى ئەمدىلا ئون بەش ياشلارغا چاپچىغان ئۆسمۈر ئىدى. ئىشچان ۋە چاققان بۇ يېتىم بالا ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى بىلەن لىن جىلۇنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان ئادا قىلىپ، ئۇنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغانىدى. لىن جىلۇ ئۇنى ئۆزى ئوقۇتۇپ، خەنزۇچە ساۋاتىنى چىقاردى. لىن جىلۇ يەنە سالمان ناملىق بىر مۇپەتتىشنى بەلگىلەپ، لى كەيمىنىنىڭ ئۇيغۇرچە ساۋاتىنى چىقاردى. لىن جىلۇ مائارىپ ئىدارىسىدىن

يۆتكىلىپ كېتىپ قالغاندىن كېيىن، 1939 - يىلىنىڭ قىش پەسلىدە لى كەيمىننى مائارىپ ئىدارىسىدىن قوغلىۋەتتى. ئۇ زىمىستان قىشتا ئاشخانا، ناۋايخانىلاردا ئوت قالاپ، مىڭ بىر تەسلىكتە قەھرىتان قىشتىن چىقىۋالدى. كېيىنكى يىلىنىڭ كۈز پەسلىدە ئۇ ئىش تەلەپ قىلىپ ئاقسۇ گېزىتخانىسىغا كەلدى. گېزىتخانىنىڭ شۇ چاغدىكى باشلىقى ئۇنىڭ بىلەن بىر فامىلىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭ ئىككى تىلنى بىلىدىغان ئارتۇقچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ ئىشچىلىقىغا قوبۇل قىلىۋالدى. لىن جىلۇنىڭ تەربىيىسى يۈرىكىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان لى كەيمىن گېزىتخانىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن ئۇيغۇر، خەنزۇ ئىشچىلىرىغا، كادىرلىرىغا تەڭ كۆزدە قارايتتى، ئادىل مۇئامىلىدە بولاتتى. ئۇ، باشقىلار يارىتماي تاشلاپ كەتكەن بىر ناچار ھۇجرىدا ئۆزى بويتاق ياشايتتى. لۇتپۇللا ئاقسۇغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئىككىيلەن ئارىتام قوشنا بولۇپ، ھەر ئىككىيلەن بويتاق بولغانلىقتىن، زېرىككەن ھامان بىر - بىرى بىلەن شاھمات ئوينايتتى ۋە ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتتىن پاراڭلىشاتتى. لېكىن بۇنىڭدىن بەش ئاي بۇرۇن گېزىتخانا باشلىقى ئۆكتۈرۈش قىلىپ، لى كەيمىننى لۇتپۇللاغا قوشنا ئۆيدىن كۆچۈرۈۋېتىپ، ئورنىغا سېلىم ئاتلىق باشقا بىر خادىمنى يۆتكەپ كېلىپ، لۇتپۇللاغا قوشنا قىلىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن لى كەيمىن بىلەن لۇتپۇللا كۈندە ئەمەس، ھەتتا ئىككى ھەپتىدە بىرەر قېتىم ئاران كۆرۈشەلەيدىغان بولۇپ قېلىشتى. بۈگۈن بولسا، لى كەيمىن كۆرۈنۈشتە شاھمات ئوينىغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە كۆڭلىدە خېلىدىن بېرى مەخپىي ساقلاپ كېلىۋاتقان ۋە ھېچكىمگە تىنىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىككى مۇھىم سىرنى شائىر دوستىغا ئېيتىش ئۈچۈنلا كەلگەنىدى.

ئۇلار شاھماتنى تاكى زاۋال چۈشۈپ كەتكەنگە قەدەر قىزىقىپ ئويناشتى. شاھمات ئۇرۇقلىرىنى كۆرۈش مۇمكىن بولمىغاندىن



كېيىن، لۇتپۇللا ئورنىدىن تۇرۇپ، پانار يورۇتۇپ، خەنزۇ دوستىنىڭ ئالدىغا چاي قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شاھمات ئويناشنى توختاتتى - دە، ئۆز ئارا پاراڭغا چۈشۈشتى.

— سىز ئاۋۇ قوشنا ئۆيدىن كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، ماڭا بۇ ھۇجرا ياراشماي قېلىۋاتىدۇ. قارىماسىز ئەنە، — دېدى لۇتپۇللا ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۇجرىسىنىڭ شەرقىي تېمىنىڭ بۇلۇڭ تەرىپىدىكى چوڭ چاكىنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ، — بۇ تېگى زەي ئۆينىڭ تېمى ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكىدىنمۇ ياكى يەر تەۋرىگەنلىكىدىنمۇ، تامدا پەيدا بولغان دەز بارغانچە يوغىناپ كېتىۋاتىدۇ. يازنىڭ يېزىدا خوجىلىق بۆلۈمىدىن تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، تامنى رېمونت قىلىپ بەرسەڭلار بولاتتى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى.

— بۇ قوشنىڭىز قانداقراق؟ — لى كەيمىن ئارقىدىنلا لۇتپۇللاغا سوئال قويدى.

— سول تەرەپتىكى كونا قوشنام ھېلىمۇ بۇرۇنقىدەك ياخشى. يېڭى قوشنام كۆچۈپ كەلگەندىن بۇيان تامدا دەز پەيدا بولدى. ئۆزى بىلەنمۇ تازا ئارىلىشىپ كېتەلمىدۇق.

— مېنىڭ سىزدىن ئايرىلغۇم يوق ئىدى، لېكىن...

لى كەيمىننىڭ گېپىدە بىر سىر يوشۇرۇنغانلىقىنى پەملىگەن لۇتپۇللا:

— ئۇنداقتا نېمىشقا كۆچۈپ كېتىسىز؟ — دەپ ئارقىدىنلا سوئال سورىدى.

— مېنىڭ ئىختىيارىم ئەمەس - دە.

— نېمىشقا سىز كېتىپلا بۇ تامدا دەز پەيدا بولۇپ قالىدۇ؟

— مېنىڭ بۈگۈن كېلىپ سىزگە ئەتەي ئېيتماقچى بولغان ئىككى مۇھىم سىرنىڭ بىرى مانا مۇشۇ ئىدى.

لى كەيمىن دوستى لۇتپۇللانىڭ ئىنقىلابىي شائىر ئىكەنلى-

كىنى بىلگەنىدى. لىن جىلۇ تەربىيىسىگە ئېرىشكەن بۇ يېتىم بالا ئۆزىنىڭ شائىر دوستىغا:

— مېنىڭ ئۆتمۈشىمنى قويماي گېزىتخانا باشلىقى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى بىرلىشىپ مېنى كۆچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، بۇ ئۆيگە سېلىمنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن كېچىلىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە مەخپىي ساقچىلار، گاھىدا ھېكىم پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە زىيالىيلار يىغىلغان ھامان سېلىمنىڭ ئۆيىگىمۇ يوچۇن ئادەملەر ھازىر بولىدۇ. مەن بىر كۈنى ئۆي جاھازلىرىنى تىزىملاش ئۈچۈن سېلىمنىڭ ئۆيىگە كىرسەم، سىزنىڭ ھۇجرا تېمىڭىزنىڭ ئاشۇ دەز كەتكەن يەرنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئۇزۇن ھەم يوغان كاۋاك تۇرىدۇ. بۇ كاۋاكنىڭ پالتا بىلەن چانىلىپ، گەپ ئاڭلاش ئۈچۈنلا تەييارلانغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. بۈگۈن قارىسام سىزنىڭ ھۇجرا تېمىڭىزنىڭ دەل ئاشۇ يېرىدە دەز تۇرىدۇ. مۇشۇ دەز ئارقىلىق بۇ ئۆيدە قىلىنغان سۆزلەر سېلىمنىڭ ئۆيىگە ئوقەتەك ئېنىق ئاڭلىنىدۇ، — دەپ ئىچىدە ساقلاپ كەلگەن بۇ سىرنى تۆكۈپ تاشلىدى.

— دېمەك، — دېدى لۈتپۇللا دوستى لى كەيمىندىن مىننەتدار بولۇپ، — مېنىڭ گۇمانلىرىم بۈگۈن سىزنىڭ پاكىتلىق سۆزىڭىز بىلەن يېشىلدى. بىر مۇھىم سىرنىڭ ئاچقۇچى تېپىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن سىزدىن كۆپ مىننەتدارمەن.

— لېكىن، — دېدى لى كەيمىن، — بۇنى ئالدىراپ ئېغىزىڭىزدىن چىقىرىپ يۈرمەڭ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇشۇنداق مەسىلىلەردە ئېھتىياتچان ۋە سالماق بولۇش توغرىسىدا تەۋسىيە قىلىپ، تارىختىن بۇيان ئېيتىپ كېلىۋاتقان بىر ئىبرەتلىك سۆزى ماڭا بەك يارايدۇ. ئۇ بولسىمۇ «ئېغىز يۈگۈرۈكى باشقا، پۇت يۈگۈرۈكى ئاشقا» دېگەن قىممەت باھالىق ئەقلىيە سۆزدۇر. ناۋادا بۇ سىر ئېغىزىڭىزدىن چىقىپ كەتسە، «ئالدىراپ سۆزلەڭ ئاغرىماي ئۆلەرسەن» دېگەن تېخىمۇ ئىبرەتلىك بولغان



ھېكمەتكە قارىمۇقارشى ئىش قىلغان بولىمىز.

لى كەيمىننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن لۈتپۇللا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— سىز ئىنتايىن مۇھىم خەلق تەمسىللىرىنى بىلىۋاپسىز، دېگەنلىرىڭىز يۈزدە يۈز توغرا، لېكىن خەلقنىڭ ئىبرەتلىك سۆزلىرى ئىچىدە يەنە «قەست قىلغاننى پەس قىل» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆزىمۇ بار. ھايات كۈرىشىدە ھەر ئىككىمىز سۆزلەپ ئۆتكەن ماقال - تەمسىللەرنى ئۆز جايىدا ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ، — دېدى.

لۈتپۇللانىڭ بۇ سۆزىگە لى كەيمىن قايىل بولۇپ، سۈكۈت قىلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئىككىنچى سىرىنى شائىر دوستىغا دېمەكچى بولۇپ تەمشىلىپ بېقىپ، يەنە تۇرۇپ قالدى. لى كەيمىننىڭ ئىچىدىكىنى چىقىرالمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالغان لۈتپۇللا:

— قورسىقىڭىزدىكىنى ئېلىپ قالماي دەۋېرىڭ. بۈگۈنكى پۇرسىتىمىز ئىنتايىن قىممەتلىك بولۇۋاتىدۇ، ۋاپادار دوستلاردا سىر ساقلانمايدۇ، — دېدى ئۇنى سۆزگە دالالەت قىلىپ.

— بۇ مېنىڭ شەخسىي ئىشىمغا دائىر مەسىلە ئىدى. خىجىل بولۇپ دېيەلمەيۋاتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن كەچ كىرىپ كەتتى، مەن ئايرىم بىر كۈنى كېلىپ دېسەم.

— بولىدۇ، — دېدى لۈتپۇللا، — لېكىن بىزدە «تارتىنساڭ سۆزۈڭنى كەم قىلۇر، ئېرىنسەڭ ئىشىڭنى كەم قىلۇر» دېگەن ماقالمۇ بار. بۇنىمۇ ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويماڭ.

لۈتپۇللا خەنزۇ يىگىتنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن ئىلىۋالغاندىن كېيىن تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئويلىنىپ كەتتى. ئاندىن ئۇ شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇردى - دە، ئەتىكى كۈندىن باشلاپ، بىر ئاي ئىچىدە قىلىدىغان پائالىيەت تىزىمىنى يېزىپ قويدى. ئۇنىڭ قەلىمى توختىغان چاغدا تۈن يېرىم بولۇپ قالغانىدى.

× ×

ئەتىسى ئۇ سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، گېزىتخانا يېنىدىكى موللا نىياز بەگنىڭ بېغىغا كىردى. بۇلۇڭدىكى بىر تۈپ ئۆرۈكنىڭ توغرىسىغا ئۆسكەن يان شېخىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ، يېرىم سائەتچە تۇرنىك ئوينىدى، ئارقىدىن باغنىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈگۈردى. چوڭ باغنىڭ تېمىنى ئايلاندۇرۇپ تىكىلگەن تېرەكلەرنىڭ ئېگىز شاخلىرىدا ئاق قۇشقاچ ۋە كۆكتولغاق بىر - بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك تىنىمسىز سايرىشاتتى. كەنجى ئۆرۈكنىڭ ئالىبۇرەك غورىلىرى شاخلار ئارىسىدا تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ، كىشىنىڭ زوقىنى تارتىپ تۇراتتى.

ئۇزۇن تەنھەرىكەتتىن كېيىن، تەرلەپ - پىشىپ كەتكەن لۇتپۇللا باغ ئىچىدىكى ئېرىق بويىدا يۈز - كۆزىنى يۇدى - دە، كۆكتولغاقنىڭ شېرىن سايرىشىدىن ھوزۇرلىنىپ، خېلى ئۇزۇنغىچە تۇردى.

— نېمە قىلىپ ئولتۇرىسەن، يۈر، مەن بازاردىن گۆش، نان ئەكەلدىم. ناشتا قىلىمىز؟!

تۇيۇقسىز باغقا كىرىپ كەلگەن نابورچىك تۇردى ھوسۇيۇننىڭ ئاۋازى لۇتپۇللانىڭ شېرىن خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— كەل، دوستۇم، باشتىكى غەم سەۋدانى، يۈرەكتىكى پىغاننى كۆكتولغاقنىڭ مۇڭى كۆتۈرۈپ تاشلايدۇ. ئۇ يۈرەككە كۈچ بېغىشلىغۇچى ناۋاكەش جانىۋار. مەن بۈگۈن تاڭ سەھەردىن باشلاپ، ئۇنىڭغا ئۇلپەت بولۇۋاتىمەن — دېدى قەدىناس ھەمراھىغا.

ئىككىيلەن كېيىن بىرلىكتە باغدىن قايتىپ چىقتى - دە، شائىرنىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا كەلگەندە، ئېرىقى يان قوشنىسى سېلىمنىڭ كىچىك ئوغلى ئالىم لۇتپۇللانىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:



— لۇتپۇللا ئاكا، «زەمبىرەك» ئېتىپ بېرىمەن، پۇل بېرەمسىز؟! — دېدى.

كىچىك ئالىمنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاسانلىقچە كۈلمەيدىغان نابورچىك تۇردى ھوسۇيۇن، لۇتپۇللا بىلەن تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. كىچىك ئالىم بېشى ۋە قورسىقى يوغان، پۇتى ۋە بويىنى ئىنچىكە، چوڭ كۆز، يوغان بۇرۇن، غەيرىي نورمال ئۆسكەن بالا ئىدى، لېكىن ئۇ، خۇشخۇي، چاقچاقچى، ئاسان تېرىكمەيدىغان ھەم تارتىنمايدىغان، ئادەملەرگە ئېجىل ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىشتىھاسى چوڭ كىشىلەرنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. ئۇ، بىر لېگەن پولۇ ياكى بىر چوڭ جاۋۇر ئاشنى ھېچنېمە كۆرمىدىم دەپ يېۋېتەتتى، لېكىن ئۇ شۇنچىۋالا كۆپ تاماقنى ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى جەھەتتىنمۇ ساغلام ۋە ماھارەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ھېسابسىز كۆپ تاماق يېيىشى، كۆپ يەل قويۇپ بېرىش بىلەن بالانس بولۇپ تۇراتتى. ئۇنى لەڭگەر كوچىسىدىكى بالىلار «ئالىم ئوسۇرغاق» دەپ ئاتىشاتتى، لېكىن لۇتپۇللا ئۇنىڭغا «ئالىم زەمبىرەكچى» دەپ چىرايلىق نام قويۇپ قويدى. شائىر ئۇنىڭغا ئاتىلاپ پۇلمۇ بېرەتتى. زېرىكىپ قالغان چاغلىرىدا ئۇنى ھۇجرىسىغا چاقىرتىۋېلىپ گەپكە سالاتتى.

— بولىدۇ، زەمبىرەكچى ئىنىم، — دېدى لۇتپۇللا، ئالىمنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — مەن ساڭا پۇل بېرىمەن، ئويۇنچۇق سوۋغات قىلىمەن، بۈگۈن كەچتە بىر سېۋەت خامراق پىشقان ئۆرۈك ئۈزۈپ ھۇجرامغا كىرگىن، بولامدۇ؟

— كەچتە، قانداقراق چاغدا كىرەي، لۇتپۇللا ئاكا؟

— كەچتە، نامازشام ۋاقتىدا كىرگىن، ئۇكا.

— بىر يەرگە كېتىپ قالماڭ جۇمۇ ئەمىسە.

— مەن دەل شۇ چاغدا ھۇجرامدا بولىمەن.

كىچىك ئالىم خۇشاللىقىدا يۈگۈرگەن پېتى كېتىپ قالدى. لۇتپۇللا تۇردى ھوسۇيۇننى باشلاپ ھۇجرىسىغا كىرىپ ناشتا

ئۇچۇن مىس داڭقانغا گۆش سېلىشتى. گۆش پىشقۇچىلىك لۇت-پۇللا چولڭ بىر پارچە قەغەزگە نەشتىرى قانغا بويالغاندىن كېيىن بىھوش بولۇپ ياتقان يىلان رەسىمىنى سىزىپ چىقتى ـ دە، ئۇنى ئاپىرىپ بۇلۇڭ تەرەپتىكى ئەگرى ـ بۈگرى دەز كەتكەن تامنىڭ بۇلۇڭىغا مىخلاپ قويدى. رەسىمنىڭ ئۈستىگە «يىلان زەھەر سانجىپ بولۇپ ئۆزى ئۆلەرئىمىش!» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى يازدى. ئۇ ئاندىن بىر ـ ئىككى مېتىرچە ئارقىغا داجىپ كېلىپ، يىلاننىڭ چولڭ رەسىمگە سىنچىلاپ بىر ھازاغىچە قاراپ تۇردى.

— گۆش پىشىپ قالدى، — دېدى تۇردى ھوسىيۈن، — بېرى كەل، ناشتا قىلىمىز. ھوجرىنىڭ ئىچىگە يىلان سىزىپ نېمە قىلغىنىڭ؟ بولدىلا ئېلىۋەت ئۇنى.

تۇردى ھوسىيۈن ئىككى قاچىغا شورپىنى ئۇسۇپ، شىرە ئۈستىگە قويۇۋېتىپ سۆزلەيتتى. لۇتپۇللا تۇردى ھوسىيۈننىڭ سۆزىگە كۈلۈپ قويۇپ ئۆتكۈزۈۋەتتى ۋە شىرە يېنىغا كېلىپ ناشتا قىلىشقا باشلىدى. تاماق ئارىسىدا ئۇ، تۇردى ھوسىيۈنگە سوئال قويۇپ:

— بۇ رەسىم سىزىڭچە قانداق؟ — دېدى.

— قولۇڭىغا بەرىكەت بەرسۇن، — دېدى تۇردى ھوسىيۈن، — بۇ سىزغىنىڭ خانىمۇ يارايدۇ. ئەمما ئۇنى ھوجراڭغا چاپلاپ نېمە قىلىسەن، دەۋاتىمەن؟

— راسا مەستخۇشسەن، تۇردى. كىچىككىنىلا ئاسمان يە-قىلما تېگىدە مانتا يەيدىغانلارنىڭ بىرى ئىدىڭ. بېشىڭدا مىس تاۋاقتا ئوت كۆيدۇرسە پەرۋايىڭ يوق ئىدى. بىلەمسەن، بۇ يىلان نېرىقى ئۆيدىكى چاپاننىڭ جۈپتى. ئەنە ئاۋۇ دەزنى كۆردۈڭمۇ؟ شۇ دەزنىڭ نېرىقى تەرىپىدە بىر چولڭ كاۋاك بار. شۇ كاۋاك چاپاننىڭ ئۇۋىسى.

ئۇلار تاماق يەپ بولدى. تۇردى ھوسىيۈن مىدىر ـ سىدىر قىلماي يىلاننىڭ رەسىمگە قاراپ تۇراتتى. ئۇ لۇتپۇللانىڭ سۆ-



زىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەنىدى. چۈنكى، بۇ ھوجرىغا ئۇ كۈندە دېگۈدەك كىرىپ تۇرسىمۇ، تامدىكى دەزنى كۆپ قېتىم كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە قىلچە گۇمان كەچمىگەنىدى.

× ×

ئىككىيلەن ناشتا قىلىپ بولۇپ، يەكشەنبىلىك دەم ئېلىش ئۈچۈن كوچىغا مېڭىشتى. ئۇلار بازار تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، لەڭگەردىكى چولڭ خانىقا ئالدىغا توپلىشىۋالغان نەچچە يۈز ئادەم-نىڭ ئارىسىغا يېتىپ كەلدى. چەمبەر بولۇپ قاتار تىزىلغان ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇچىسىغا جۇل ـ جۇل كىيىم كىي-گەن، چاچلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، قولىدا ساپايى سوقۇپ، «دىۋان ھېكمەت»① كىتابىدىن ھۆكمەت ئېيتىۋاتقان تۆت نەپەر خوتەنلىك دەرۋىش تۇراتتى. دەرۋىشلەر ئۆزۈلدۈرمەي كۆچەپ ۋارقىرىغان-لىقتىن، قارا تەرگە چۆمۈپ كېتىشكەنىدى. دەرۋىشلەرنىڭ ئىس-سىققا قارىماي مازلىرى چۈۋۈلۈپ كەتكەن پاختىلىق چاپان كىيە-شىۋالغانلىقى كىشىلەرنى تەئەججۈپلەندۈرەتتى. كىر چاپاننىڭ تېشىغا سىرغىپ چىققان تەر قىزىق ئاپتاپنىڭ تەپتىدىن پارغا ئايلىنىپ تۇراتتى. دەرۋىشلەر «دىۋان ھېكمەت»تىن نۇرغۇن ھۆكمەت ئېيتقاندىن كېيىن، پەدە يۆتكىدى ـ دە، تېخىمۇ ھايا-جان ھېسسىياتلىرى بىلەن خوتەنلىك ھاجى ئاغىچىخاننىڭ قوشى-قى②نى ئىنتايىن تەسىرلىك قىلىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

تاغۇ تاشلار تەۋرەيدۇ،
باغدا بۇلبۇل سايرايدۇ؛

① «دىۋان ھېكمەت» — سوپىلارنىڭ پىر ـ ئۇستازى قول خوجا ئەخمەت يەسەۋى (1086 — 1166) تەرىپىدىن يېزىلغان سوپىزم دەستۇرى.
② 1860 ـ يىللىرى خوتەن دېھقانلىرى قوزغىلىڭىنىڭ باشلىقى ھەبىبۇللا ھاجى (ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن) نىڭ خوتۇنى ھاجى ئاغىچىخان ئۆزىنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى ئابدۇراخمان خان توغرىسىدا ئېيتقان قوشىقى.

ئۆلمەي قالغان لەشكىرىڭ،
خان غوجا دەپ يىغلايدۇ.

ئاتخاناڭغا كىرسەم مەن،
مىنگەن ئېتىڭ تۇرۇپتۇ.
بۈگۈن ئۈچ كۈن بولۇپتۇ،
......
ئوت بەرسەڭمۇ يېمەپتۇ،
سۇ بەرسەڭمۇ ئىچمەپتۇ.
ھايۋان جىنىدا بالام،
ساڭا ماتەم تۇتۇپتۇ.

بولتۇر ئەتىياز ئېيىدا،
بالدۇر كەلدى قارلىغاچ؛
پىيالما[①]دا جەڭ قىلىپ،
ئون كۈن ياتتىڭ يالىڭاچ.

پىيالمىنىڭ چۆلىدە،
ئىچمەككە سۇ يوقكەن؛
تەنلىرىڭگە پاتقاندۇر،
تاشلىقتا قامغاق تىكەن.

ئېگىز تېرەك يىقىلدى،
يۆلىنىۋالغۇچە كەچ بولدى؛
ئۈنچە - مارجان چېچىلدى،
تېرىۋالغۇچە كەچ بولدى.

① پىيالما — قاراقاشنىڭ غەربىگە ئوتتۇز سەككىز كىلومېتىر كېلىدىغان قۇملۇق جاي.



جىنازاڭنىڭ ئالدىدا،
ئالتۇن داستار يۆگەكلىك؛
يېتىم قالدى بىر قىزىڭ،
بۆشۈكىدە بۆلەكلىك.

تۇل قالغان ئايالىڭنى،
سول قولۇمدا يېتىلەي؛
يېتىم قالغان بالاڭنى،
ئوڭ قولۇمدا كۆتۈرەي.

قولۇمغا ھاسا ئېلىپ،
دىۋانە بولۇپ كېتەي.
سەرگەردان بولۇپ كېتەي،
......

دەۋرىشلەر ھە دەپ قوشاق ئېيتىشىۋاتقان چاغدا، ئادەم توپى ئىچىدە ھاسا تۇتۇپ تۇرغان يەتمىش ياشتىن ئاشقان بىر موماي «ئاھ! بالام!» دېگەن پېتى يەرگە يىقىلىپ چۈشتى.

جۇدەڭ، ئوتتۇرا بوي، سۇزۇك بۇغداي ئۆڭلۈك، كۆزى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، قاڭشارلىق، ئاپئاق چاچ بۇ موماي — بېشىغا ئاق داكىدىن قارا سېلىۋالغان، بېلىگە قارا باغلىغان، پۇتىغا كونىراپ كەتكەن قىرىمىدىن مەسە - كالاچ كىيگەن، ئۇچىسىغا گۈللۈك سەرگەز كۆڭلەك، كۆڭلەك ئۈستىگە كونىراق سۆسۈن رەڭلىك چەكمەن چاپان كىيىۋالغانىدى.

— ئانا، ئانا، جان ئانا، نېمە بولدىڭىز!

مومايىنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرگەن دىلبەر، ئادەم توپى ئىچىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ، مومايىنىڭ قۇچىقىغا يىقىلدى. دىلبەر يۇمشاق قوللىرى بىلەن مومايىنىڭ يۈزىنى سىلاپ پېشانى-

سىگە مېھرى بىلەن ئىللىق سۆيەتتى.

لۇتپۇللا دىلبەرنى كۆرۈپ، يېقىلغان موماينىڭ كىملىكىنى بىلىۋالدى ـ دە، دەرھال يۈگۈرۈپ بېرىپ، موماينىڭ بېشىدا تۇرغان ئۇسمانىنى بىر ھارۋا تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. لۇتپۇللا بىلەن تۇردى ھوسۇيۇن مومايىنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ھارۋىغا سېلىپ، ئۇدۇل دوختۇرخانىغا ئېلىپ مېڭىشتى؛ موماي ئوغلى يادىكارنىڭ ئىچ كۆيۈكىدە ھالسىزلانغانىدى. ئۇلار دوختۇرخانىغا يېتىپ بېرىشى بىلەن تەڭ لۇتپۇللانىڭ دوختۇر دوستلىرىدىن ئەيساجان، ئىۋان ئالىكسى كېلىپ موماينىڭ كېسىلىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. موماي تېخىچىلا ھوشسىز ياتاتتى. شۇ ئەسنادا دىلبەر ئۇچىسىغا خالات كىيگەن ئون سەككىز ياشلاردىكى بىر سېستىرا خەنزۇ قىزنى باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ كىرگەن پېتى ئىككى كۆزىدىن ياش تۆكۈلۈپ، «ۋاي ئانا!» دەپ يىغلىغان ئاۋازى كېسەلخانىنى بىر ئالدى. دوختۇر ئەيساجان ئۇنى ئىشارە بىلەن توختىتىپ، ئاندىن تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئېلان قىلىپ:

— خاتىرجەم بولۇڭلار، موماي قاتتىق ھاياجانلانغان. تىنىقى نورمال، تېزلا ئويغىنىپ كېتىدۇ. قالغانلار قايتىپ كېتىڭلار. موماينىڭ قىزلىرى گۈلەندەم بىلەن دىلبەر نۆۋەتلىشىپ قارىسا بولىدۇ، — دېدى.

دوختۇر ئەيساجان شۇ يەردىلا دىئاگنوز قەغىزى يازدى ـ دە، ئۇنى ئىۋان ئالىكسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، ئاندىن:

— گۈلەندەم، سىز ئانىڭىزغا سىڭلىڭىز بىلەن نۆۋەتلىشىپ قاراڭ. يۈرەكنىڭ سېلىشىنى نورماللاشتۇرىدىغان ئوكۇلنى ئۇرۇڭىز سىلىڭ. بىر سوتكىدا تۆت قېتىم بولسا بولىدۇ، — دەپ تاپىلىدى سېستىرا قىزغا.

— بولىدۇ، — دېدى خەنزۇ قىز كۆزىدىن ھېلىغىچە توختىماي ئېقىۋاتقان ياش تامچىلىرىنى قولياغلىقى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ.



— ئەگەر تاجىنىساخان ئانامغا، — دېدى لۇتپۇللا، — قان بېرىش توغرا كەلسە، مېنىڭ قېنىم خىل كېلىدۇ، ئوغلى يادىكار ئاكىغا ئۈرۈمچىدە مېنىڭ قېنىم خىل كەلگەن.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان دىلبەر تەسىرلىنىپ كېتىپ، ھاياجىنىنى باسالمىدى ـ دە، لۇتپۇللانىڭ بوينىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ، ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ تۇرغان دوختۇرلارمۇ، نابۇرچىكمۇ تەڭلا يىغلاپ تاشلىدى.

لۇتپۇللا بىلەن تۇردى ھوسۇيۇن بالنىستتىندىن خوشلىشىپ دوختۇرخانا دەرۋازىسى ئالدىغا چىققاندا، شائىرغا تېخىچە چىگىش بولغان بىر خىيال ئۇنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالدى، «ئەجەب بىر ئىش، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە، — ئەسلىدە يادىكارنىڭ بىرلا قىزى بار ئىدى. بۇگۈن بولسا، موماينىڭ ئەتراپىدا ئىككى قىز «ئانام» دەپ يىغلىشىدۇ. دىلبەرغۇ ئۇنىڭ نەۋرىسى، خەنزۇ قىز ئۇنىڭ نېمىسى بولغىيدى، زادى بۇ قىزنىڭ ئىسمى نېمە ئۈچۈن گۈلەندەم بولۇپ ئاتىلىدۇ؟»

بۇ تېپىشماق لۇتپۇللا ئۈچۈن تېخى بىر سىر ئىدى. ئۇ، مۇشۇ خىياللار ئىچىدە بەند بولۇپ مېڭىپ، لەڭگەر كوچىسىنىڭ بېشىغا بېرىپ قالغىنىنى سەزمەي قالدى. بۇ يەردە ئۇنى مۇنىردىن، ئا. روزى، بىلال ئەزىزى ۋە يۈسۈپجان قاتارلىق دوستلىرى كۈتۈپ تۇراتتى.

— نەدىن كېلىۋاتىسىلەر؟

— بالنىستتىندىن، — دېدى لۇتپۇللا.

شائىر ئارقىدىن بايا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى دوستلىرىغا بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىپ بەردى.

ئۇلار تاشقىرىقى بازاردىكى بىر چۆچۈرىخانىدا چۆچۈرە ئىچىپ بولۇپ، ئاندىن دىگەر ئارىلىقىدا لۇتپۇللانىڭ ھۇجرىسىغا قايتىپ كېلىشتى.

ئۇلار ھۇجرىغا كىرگەن ھامان، ھەممىسىنىڭلا كۆزى تامدى-

كى يىلاننىڭ رەسمىگە چۈشتى.

— پاھ! نېمىدېگەن ئوخشىتىپ سىزىلغان! — دېدى يۈسۈپجان توختى رەسىمنىڭ يېنىغا بېرىپ سىنچىلاپ قاراپ.

— كىچىككىنە سەۋر قىلىڭلار، — دېدى لۇتپۇللا. — يىلاننىڭ سىرى بىر دەمدىن كېيىن ئېچىلىدۇ. بىز ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ پىلانىمىز ئۈستىدە سۆزلىشىۋالايلى.

لۇتپۇللا شىرەنىڭ تارتمىسىدىن پائالىيەت پىلانى يېزىلغان ئىككى - ئۈچ بەتلىك قەغەزنى ئېلىپ مۇزاكىرىگە قويدى:

— بىز چوڭ تىپتىكى مۇزىكىلىق ئوپېرالاردىن، — دېدى لۇتپۇللا، — بىرقانچىسىنى سەھنىلەشتۈردۇق. ئۇنى شەھەر - يېزىلاردا كەڭ خەلق ئاممىسى قىزغىن ئالقىشلىدى. ھازىر قولىمىزدا بار ئۈچ چوڭ درامىنىڭ سەھنىدە قويۇلۇشىنى تەشەببۇس قىلىمەن. بۇ درامىلارنىڭ ھەربىرى مەقسەتلىك نىشانغا قارىتىلغان: ئا. روزىنىڭ «ئۆگەي ئانا» درامىسى ھۆكۈمران گۇرۇھقا زەربە بېرىدۇ، خەلقنى ئويغىتىدۇ. يېقىندىن بۇيان مەن قايتا ئۆزگەرتىپ ئىشلەپ چىققان «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» درامىسى خەلققە ۋاقىتلىق قاراڭغۇلۇقتىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىك تەربىيىسىنى بېرىدۇ. «ساماساق ئاكاڭ قاينايدۇ» درامىسى مۇتەئەسسىپ ئىدىيىلەرگە زەربە بېرىدۇ. ۋەزىيەت تەقەززاسى بىزنى مۇشۇ كۈرەشكە جەلپ قىلماقتا. يەنە «جىگدە يېغىلىقى» ۋە «لالە - قۇربان» توغرىسىدىكى تارىخىي ئوپېرا.

شائىرنىڭ بۇ تەشەببۇسى ھەممىگە مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە داۋام قىلىپ:

— بىراق كەسپىي تىياتىر ئۆمىكى بولمىغانلىقى بىزنى پۇلدىن قىستايدۇ، — دېدى ئاخىردا.

— پۇل ۋە باشقا راسخوتنى، — دېدى يۈسۈپجان، — مانا مەن مەسئۇل بولۇپ ھەل قىلىمەن. بىز «غېرىب - سەنەم» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى ئوپېرالارنىڭ پۇل مەسىلىسىنى ھەل



قىلالىغان يەردە، دراما ئۈچۈن پۇلنى چوقۇم ھەل قىلالايمىز. بۇ ئىشقا ھەرقانداق قىلىپ ئۇيۇشما رەئىسى پاشا غوجا[1]نى كۆندۈرەلەيمەن، چۈنكى ئۇيۇشمىنىڭ ئۆزىدە خەلقىمىزنىڭ ئىقتىسادى بار.

— «ئۆگەي ئانا» درامىسىنى، — دېدى ئابدۇللا روزى، — دارىلمۇئەللىمىن راسخوتى بىلەن سەھنىلەشتۈرىمىز. «ساماساق ئاكاڭ قاينايدۇ» درامىسىغا ئانچە كۆپ راسخوت كەتمەيدۇ. ئۇنى بۇ يىلقى تەتىلدە ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ، ناھىيىلەردە ئويناشقا مەن مەسئۇل بولالايمەن.

ۋاقىت شامدىن ئۆتكەن ۋە خېلى قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. ئەتىگەندە شائىرغا بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغان «ئالىم زەمبىرەكچى» قولىدا بىر كىچىك سېۋەت كەنجى ئۆرۈك غورىسىنى كۆتۈرۈپ، ھۇجرا ئىچىگە كىرىپ كەلدى. لۇتپۇللا كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى - دە، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— يارايسەن، زەمبىرەكچى ئىنىم، ھازىر بۇ غورىنى ئۆزۈڭ تويغۇچە يەيسەن، زەمبىرەككە ئوق لازىم. بۇ غورىلارنىڭ ھەر دانىسى كۈچلۈك بىر پاي ئوق بولالايدۇ. ئوقلار قاچىلانغاندىن كېيىن، مەن زەمبىرەك ئېتىش قوماندىسى بېرىمەن. سەن نىشانغا چېنەپ زەمبىرەك ئاتىسەن - دە، مۇنۇ ئولتۇرغان ھەممە ئاكىلىرىڭ ساڭا مۇكاپات بېرىدۇ، — دېدى.

لۇتپۇللانىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى، لېكىن تەكتىدىن نېمە ئۈچۈن چىقىدىغانلىقىنى ئۇلار تېخىچىلا چۈشەنمەيتتى. «ئالىم زەمبىرەكچى» بولسا، ھە دەپ غورا يېيىشكە باشلىغانىدى.

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، سىرتتا قاراۋۇلدا تۇرغان تۇردى ھوسىيۈن ھۇجرا ئىچىگە كىرىپ، لۇتپۇللاغا «كەلدى» دەپ

[1] پاشا غوجا — ئەسلىي ئىسمى نادىرخان، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ شۇ چاغدىكى رەئىسى ئىدى.

بېشارەت بەردى، مۇشۇنىڭدىن قاتارلىق زىيالىيلار ھۇجرىغا مېھمان كېلىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلىشىپ قالدى.

— قېنى، زەمبىرەكچى ئۇكا، ئوقلار قاچىلاندى. ئەمدى ماھارەت مەشقى كۆرسىتىمىز، — دېدى لۇتپۇللا ئالىمغا بۇيرۇق بېرىپ.

بىر سىيۇەت تولۇق غورىنىڭ يېرىمىنى يەپ بولغان ئالىم ئارانلا قورسىقىنى كۆتۈرۈپ، ئورنىدىن قوزغالدى. لۇتپۇللا بىلەن تۇردى ھۆسيۈن ئۇنى كۆتۈرۈپ بۇلۇڭدىكى ئورۇندۇققا ئېلىپ قويدى - دە، شائىر ھۇجرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ تۇرۇپ، زەمبىرەكچى بالىغا بۇيرۇق بەردى. ئالىم زەمبىرەكچى ئارقىسىنى تامدىكى دېرىزىگە توغرىلاپ، خۇددى كاناي ئاھاڭى تەقلىدىدە ئارقا - ئارقىدىن يەل قويۇپ بىرىشكە باشلىدى. تولۇق غورىنىڭ كۈچىدە يەل توختىماي داۋام قىلاتتى. ھۇجرا ئىچىدىكى زىيالىيلار كۈلۈشەتتى. ئوقنىڭ تۈگىگەنلىكىنى بايقاپ تۇرغان لۇتپۇللا بىلەن تۇردى ھۆسيۈن دەرھال بېرىپ، ئالىمنى يەنە ئورۇندۇق ئۈستىدىن پەسكە چۈشۈرۈپ قويدى. لۇتپۇللا زەمبىرەكچى ئالىمنى پۇل بىلەن مۇكاپاتلاپ بولۇپ:

— رەھمەت ساڭا، ئالىم ئۇكا، بۇ مەشىقنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملاشتۇرىمىز، ئەمدى چىقىپ دەم ئال، — دېدى.

ئالىم كۈلگەن پېتى يۈگۈرۈپ ئۆز ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. لۇتپۇللا كۈلكىسىنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ دوستلىرىغا قارىتىپ:

— تامدىكى دەز سۇنىشى ئېچىلغان. ئۇ، مارافچىلارنىڭ ئاخبارات توپلاش ۋاستىسى. ئۇلار قۇرۇق كېتىپ قالمىسۇن ئۈچۈن، ھازىر ئوينالغان كومېدىيە ئارقىلىق بىزنىڭ ئالىمجان ئۇلارنى ھىدلىق ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى، — دېدى جىددىي قىياپەتتە.

لۇتپۇللانىڭ كىنايە سۆزلىرى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋەتكەنىدى.



# ئون ئالتىنچى باب

## كەپتەر ئىلھامى

### 1

تارىخ كالېندارىنىڭ ۋاراقلىرى تېز يىرتىلماقتا. ياشاش ئۈچۈن بولغان كۈرەش جىددىي داۋاملاشماقتا ئىدى.

لۇتپۇللانىڭ دولان دەرياسى ۋادىسىغا يېتىپ كەلگىنىگىمۇ مانا ھايت - ھۇيت دېگۈچە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى.

كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شامىلى كىشىنىڭ يۈزىگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. باغلاردىكى مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن شەھەر كوچىلىرىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى تاللارنىڭ تۆكۈلگەن سارغۇچ يوپۇرماقلىرى كىشىلەرنىڭ ئايىغىدا ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى.

شەھەر ئەتراپىدا، قىرو ئاستىدا قالغان كەنجى زىرائەتلىرىنى يىغىۋېلىشقا ئالدىراۋاتقان دېھقانلار ھە دەپ ئاخىرقى يىغىم - تېرىم ئىشى بىلەن بەند ئىدى. بىر قىسىم شەھەر ئاھالىسى قىشلىق يېقىلغۇ غېمىدە ئوتۇن بازىرىدا ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى.

ئايكۆل، بەشتوگمەن، قاراتال، توپلۇق، قۇمباش ۋە ئارال يېزىلىرىدىن ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىق ئىسكىلاتىغا ئاشلىق يۆتكەپ كېلىۋاتقان ھارۋىلارنىڭ جىقلىقى تۈپەيلىدىن، خەلق ئارىسىدا خىلمۇخىل سۆز - چۆچەكلەر تارقالماقتا ئىدى. دېمىسىمۇ، بۇ خىل سۆز - چۆچەكلەر شەھەردىن يېزىلارغىچە كېڭەيگەنىدى.

ئارپا ـ بۇغداي سامانىنى سەلكىن ئايرىيدۇ،
ئورۇق ـ تۇغقان قېرىنداشنى ئۆلۈم ئايرىيدۇ.
قان ـ تەر بىلەن تەييارلىغان ئالتۇن ئاشلىقنى،
قولىمىزدىن قامچا بىلەن زۇلۇم ئايرىيدۇ.

يېزىلاردىن ئاشلىق توشۇپ شەھەرگە كىرگەن دېھقانلار هارۋا ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۈنلۈك ناخشا ئېيتىشىپ ماڭاتتى ـ دە، زۇلۇمغا قارشى نەپرەت بىلدۈرۈپ، ئىچ ـ قارنىنى بوشىتاتتى.

لۇتپۇللا ئادىتى بويىچە بۈگۈنمۇ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ شەھەر كوچىلىرىنى ئايلاندى. ئۇ دوختۇرخانا ئالدى بىلەن مېڭىپ، ئوتۇن بازىرىدا سەپ ـ سەپ بولۇپ تۇرۇپ كەتكەن ئوتۇن بېسىقلىق هارۋىلارنىڭ قېشىغا باردى ـ دە، قاراتالدىن كەلگەن ئوتۇنچى دېھقانلار بىلەن سىرداشتى. ئۇ دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى، تارىمنىڭ توغراقلىرىنى يىپىدىن ـ يىڭنىسىگىچىلىك سوراپ ئۆگەندى.

كېيىن ئۇ ئوتۇنچى دېھقانلار بىلەن خوشلىشىپ، ياتىقى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. چوڭ خانىقا ئۇدۇلىغا كەلگەندە بىر ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر ياش يىگىتنىڭ يالاڭ ئاياغ لاي ئېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ:

— ئۇكا، ئەتىگەندە سوغۇق لايغا كىرىۋېلىپسىز، سالامەتلىكىڭىز كاردىن چىقمامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ.

— سالامەتلىك جاندىن تاتلىقمۇ، ئاكا؟

يىگىت لاي ئېتىۋاتقاچ، لۇتپۇللاغا سۆرۈنلا جاۋاب بەردى، لۇتپۇللا بۇ جاۋابقا ھەيران بولدى ـ دە:

— ئۇكا، سالامەتلىك بىلەن جان مۇناسىۋەتلىك ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى يەنە.

— نېمىسى مۇناسىۋەتلىك؟! سالامەتلىك بۇزۇلسا جان تېخى تەندە تۇرىدۇ. جان كەتسە سالامەت ـ پالامەتلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى



تۈگىمەمدۇ؟!

يىگىتنىڭ جاۋابى لۇتپۇللا ئۈچۈن يەنىلا چىگىش سېزىلدى ـ دە:

— ئۇنداقتا بۇ سوغۇق لاي بىلەن جېنىڭىزنىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟ — دەپ سورىدى ئۇ يەنە.

— ۋاي ـ ۋۇي، پۇتۇم ئۇششۇپ قېلىۋاتسا، نېمە بالاغا قالدىم مەن... — يىگىتنىڭ كەيپى ئۆرلىدى ـ دە، جاۋاب بېرىشكە باشلىدى، — قارىمامسىز تام ـ تورۇسلىرىمىز ساپلا ئۆتمۈشۈك... يازدا چولام تەگمىدى، ئاڭلىساق ئۇرۇش بولغۇدەك، تۆشۈكنى ئەتمىسە ئوقتىن ساقلانغىلى بولامدۇ؟ جاننى قۇتۇلدۇرغىلى بولامدۇ؟!

— ئۇرۇش بولغۇدەك! قاچان بولغۇدەك، ئۇكا!؟

لۇتپۇللانىڭ كېيىنكى سوئالىدىن يىگىت چۆچۈپ كەتتى ۋە تەتۈر قاراپ، ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەشكە باشلىدى: «ھىم، ئەمدى نېمە پوق يېدىم. تازا گەپ ئوغرىسى بىر رودۇپايغا ئۇچراشتىممۇ، نېمە؟ قاق سەھەردە نېمە بالاغا قالدىم، تام تۆشۈكىنى ئەتكۈچە، ئاۋۋال ئېغىزىمنىڭ تۆشۈكىنى ئەتسەمچۇ؟»

يىگىت «ئۇرۇش بولغۇدەك» دېگەن مەخپىيەتلىكنى ئېغىزىدىن چىقىرىپ قويغىنىدىن بەك قورققانىدى، ئۇ، لايدىن چىقتى ـ دە، لۇتپۇللاغا قاراپمۇ قويماي، دىر ـ دىر تىترەپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

شائىر بۇ يەردىن قايتىپ بېرىپ ياتىقىدا ئالدىراپ ـ تېنەپ چاي ئىچتى ـ دە، كارىۋىتىنىڭ ئاستىدىن بىر جۈپ ئاق مويلۇق پېيمىنى ئېلىپ، يەنە بايىقى لاي ئېتىۋاتقان يىگىتنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇ يىگىتمۇ ئۆيىگە كىرىپ ئىسسىنىپ ۋە ناشتا قىلىپ بولۇپ كېلىپ سوۋۇيدىغان تېمىغا قاراپ تۇراتتى.

— ئۇكا، — دېدى لۇتپۇللا، — سىزگە ماۋۇ پېيمىنى ئالغاچ كەلدىم. بۇنى سىزگە خالىس سوۋغات قىلىمەن. بۈگۈن

يەنە سىزگە يارەملىشىپ، ئۆيىڭىزنىڭ ئىچىنى سۇۋاشقا قارىشىمەن. ئۆيىنىڭ ئىچىنى سىز سۇۋايسىز، مەن لاي توشۇيمەن، قانداق؟!

يىگىت بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، لۇتپۇللانىڭ باش-ئايىغىغىچە سەپسېلىپ ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتى.

لايچىلىق قىلىۋاتقان يىگىت ئەسلىدە تارىم بويىدا مال باقىدىغان مالچى بالا بولۇپ، شەھەرگە يېقىندىلا كەلگەنىدى. ئۇ لۇتپۇللانى كۆرۈپ باقمىغان، لېكىن شائىرنىڭ ئىسمىنى ۋە داڭقىنى ئاڭلىغانىدى. تارىم بويىدا ئۇ، «غېرىب-سەنەم» ۋە «تاھىر-زۆھرە» ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، ئىنس-جىن يېرىپ باقمايدىغان چۆل-جەزىرە، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى.

— ئىسمىڭىز نېمە، ئاكا؟ — دەپ سورىدى ئۇ دەرھال.

— لۇتپۇللا مۇتەللىپ.

— ھە، ھېلىقى ل. مۇتەللىپ دېگەن شائىر سىز بولامسىز؟

— ھەئە، ئىسمىم شۇ، بىراق شائىر ئەمەسمەن.

ئۇ بالا كېلىپلا لۇتپۇللانىڭ قولىنى سىقىپ، قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتى. باياتىن بېرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە كىرىۋالغان گۇماندىن ئازاد بولۇپ ۋە بىردىنلا دىلى شادلىنىپ شائىرنى ئۆيىگە باشلىدى.

لۇتپۇللا بىلەن يىگىت قورۇغا كىرىشى بىلەن تەڭلا يىگىتنىڭ ئانىسى شائىرنى كۆرۈپ:

— كەل، شائىر بالام، بېشىڭدىن ياغاچ ئۆشتۈپ قويامۇ؟ قېرى ئاناڭنى يوقلاپ كەلگىنىڭگە رەھمەت، بالام، — دېدى.

— ئانا، لۇتپۇللا ئاكامنى سەنمۇ تونۇيدىكەنسەن-ھە؟ — دەپ سورىدى ئانىسىدىن لايچىلىق قىلىۋاتقان يىگىت ھەيران بولۇپ.

— ماۋۇ بالىنىڭ گېپىنى قارالڭ، شائىر ئاكاڭنى بەتتە



ئىقلىمىدا تونۇمايدىغان كىشى يوق. «غېرىب-سەنەم»، «تاھىر-زۆھرە» ناخشىسىنى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمەي ئوقۇيسەن-غۇ؟ ھە، شۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئاكاڭنىڭ قورسىقىدىن چىققان.

زەينەپخان ئاچا ھەش-پەش دېگۈچە داستىخان بىلەن مەزە كۆتۈرۈپ كەلدى، ئەتكەنچاي قىلىپ قويدى ۋە شائىرنى چايغا تەكلىپ قىلدى.

— ئانا، مېنى تارىمغا ئەۋەتمىگەن بولساڭلار، — دېدى زەينەپخان ئاچىنىڭ ئوغلى، — بۇ كەمگىچە لۇتپۇللا ئاكامدىن نۇرغۇن ناخشا ئۆگىنىۋالار ئىكەنمەن-ھە؟

زەينەپخان ئاچا ئوغلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ:

— كەمبەغەللىك نېمە كويلارغا سالمايدۇ، دەيسەن، بالام، ئەمدى چوڭ بولۇپ قايتىپ كەلدىڭ. شائىر ئاكاڭنىڭ ياتقى، ئىشلەيدىغان يېرى بىزنىڭ ئۆيدىن ئانچە يىراق ئەمەس. ھېلىمۇ غەيرىتىڭ بولسا نۇرغۇن نەرسىنى ئۆگىنىۋالىسەن، — دېدى.

— ئانا، ماۋۇ پىيمىنى لۇتپۇللا ئاكام ماڭا ئەكېلىپتۇ. بۈگۈن ئۆيىمىزنىڭ ئىچىنى سۇۋاشقا قارىشىمەن دەيدۇ. مەن بەك خىجىل بولۇپ كېتىۋاتىمەن. بايا لاي ئېتىۋاتسام، قېشىمغا كېلىپتىكەن، تونۇمىغاچقا، قوپال تېگىپتىمەن. سەھرادا يۈرگەن ئادەم، تولا تېزەكتەك چوڭ بولۇپ قالىدىكەن. ھازىر بەكمۇ خىجىل بولۇۋاتىمەن.

— نېمىگە خىجىل بولىسىز، ئۇكا، — دېدى شائىر، دەرھال يىگىتنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — بىز بۇرۇن تونۇشمىغان، «تونۇشمىغاننىڭ ئېتى يوق، لېكىن ھېچقايسىمىزنىڭ يېتى يوق»، «بىر كۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن دوست»، بىز بۇنىڭدىن كېيىن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ كېتىمىز تېخى.

— لۇتپۇللا ئاكاڭ راست ئېيتىدۇ، بالام. ئاتاڭ رەھمەتلى

تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن، بىز تۇرمۇشتا قىيىنىلىپ، سېنى
ئوقۇشتىنمۇ قويدۇق؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىشىنىڭ قويىنى باققى۔
لى تارىمغا ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدۇق. بۇنى لۇتپۇللا ئاكاڭ
ئوبدان چۈشىنىدۇ.

— لۇتپۇللا ئاكا، — دېدى يىگىت، ئانىسى سىرتقا چىقىپ
كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، — مەن ئەمدىلا تارىمدىن قايتىپ
كەلدىم. شەھەر ئىچىدىن باشقا يەرگىمۇ بارمايمەن، لېكىن يې۔
قىندا ھەربىي ئىچىدە ئىشلەۋاتقان بىر ئاكام ئۆيگە كېلىپ، ئانام
بىلەن ماڭا بىر مەخپىي سۆزنى ئېيتىپ: «ھېچكىمگە ئاغزىڭلار۔
دىن چىقارماڭلار» دەپ جېكىلەپ كەتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە،
ھازىر ئىلى «بۇزۇلۇپتۇمىش»، گومىنداڭ ھازىر ئاشلىق سېتىۋېلىشقا
ھەدەپ يېزىدىن ئاشلىق توشۇۋاتىدۇ. ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلى۔
قى يۆتكىلىپ، ئورنىغا يېڭى باشلىق كېلىپتۇدەك. ساقچىلىقتا
ۋە ئەسكەرلىككە ئادەم ئالىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەلق ئىچى۔
دىن ئەسكەر تۇتۇپ، «قوغدىنىش ئەترىتى» تەشكىللەيدىكەن.
مېنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېتەرمۇ دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىمەن.
ياتالماستا رۇستەم دېگەن بىر نەۋرە ئاكام بار ئىدى، ئۇ مېنى
«ساقچى بولۇشقا يېزىلىپ كىر» دەيدۇ. ھەربىيدىكى ئاكام تېز۔
دىن ئۆيىنىڭ تاملىرىنى سۇۋاپ ئوق ئۆتمىگۈدەك قىل دەپ قويۇپ
كەتتى. بۇگۈن ئەتىگەندە سىز سورىغاندا مۇشۇ سۆزنى ئاغزىمدىن
چىقىرىپ قورقۇپ كېتىپ، بېشىمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. مەن
چۆل ـ باياۋانلاردا يۈرگەن چاغلىرىمدىمۇ سىزگە چوڭقۇر مۇھەب۔
بەت باغلاپ يۈرگەنمەن.

— ئىشەنچىسىز كىشىلەر ئالدىدا ئېغىزى بوشلۇق قىلىش —
ئەقىللىقنىڭ ئىشى ئەمەس، لېكىن ماڭا ئېيتىپ قىلغان سۆز۔
لىرىڭىزنى مەن ئىچىمگە يۇتتۇۋالىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىش۔
لارنىڭ شەپىسىنى ئۆزۈممۇ بىلگەن يەردە، سىز ماڭا ئىشەن۔
نىڭ، — دېدى لۇتپۇللا ۋە بالىغا سوئال قويدى، — سىز رۇس۔



تەمجان بىلەن مېنىڭ تونۇشلۇقۇمنى ئاڭلىغانمۇ؟
— ئاڭلىغان، — دېدى يىگىت قىزغىن جاۋاب بېرىپ، —
ئاكام ماڭا گېپىڭىزنى قىلىپ بەرگەن. «تاھىر ـ زۆھرە» ئويې۔
راسىنى ئاۋاتقا ئېلىپ بېرىش سەپىرىدە ئىككىڭلار دوست بولۇش۔
قانىكەنسىلەر.

— توغرا، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىزمۇ دوست بولىمىز.

— شائىر بالام، — دېدى زەينەپخان ئاچا، تاشقىرىقى ئۆي۔
دىن كىرىپ ئىللىق مېھرى بىلەن، — بىردەم ئولتۇرۇپ بەر۔
گىن، تىلىڭغا تېتىغۇدەك بىر قاچا ئاش ئېتىپ بېرەي، بۇ يەردە
ئاتا ـ ئاناڭ يوق. مېنى ئۆز ئاناڭدىن چارە كۆر، بالام، زادى
تارتىنما.

— رەھمەت، ئانا، بىز ئاۋۋال تامنى سۇۋىۋېتەيلى، ھازىر
مانا ئوبدان چاي ئىچىۋالدۇق، قېنى تۇرۇڭ، ئىنىم.

يىگىت ئەندۈۋىنى، لۇتپۇللا كەتمەن بىلەن لاي چېلىكىنى
ئالدى. ئۇلار چىقىپ ئۆي تېمىنىڭ ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يەرلىرى۔
نى تۈزەشتۈردى. كېيىن شائىر لاي توشۇيدىغان ئەسكى چېلەك۔
نىڭ بېغىنى بېكىتىپ تەييارلاۋاتقان چاغدا، مەھەللە ياشلىرى ۋە
مەكتەپتىن ئۆيگە قايتقان ئوقۇغۇچى باللار لۇتپۇللانى كۆرۈپ،
دەرھال توپلاشتى.

— لۇتپۇللا ئاكا، بىزمۇ ياردەملىشەيلى، — دېدى بىر
چوڭراق ئوغۇل ئوقۇغۇچى، — بىزنىڭ ئۆيدە ئەندۈۋا بار، ئەنمۇ
سۇۋاشنى بىلىمەن.

— بىزنىڭ ئۆيدە لاي چېلەكى بار، مەن لاي كۆتۈرەلەي۔
مەن، — دېدى ئاقپىشماق، چىرايلىق كەلگەن بىر ئوقۇغۇچى
قىز.

— بىزنىڭ ئۆيدە كەتمەن بار، مەن لاي ئۇسالايمەن.

باللار ئۆزلۈكىدىن سايمانلىرىنى ئەكەلگىلى كېتىشىپ،
يەنە بىردەمدىلا يېتىپ كېلىشتى. بۇگۈن بۇ يەرگە توپلانغان

ئۇسمۇرلەر ۋە ياشلارنىڭ سانى خېلى نۇرغۇن ئىدى.

شائىر ئۇلارنى تەشكىللەپ، ئىش تەقسىملىدى. ئەمگەك قىزغىن باشلىنىپ كەتتى، هايت - هۇيت دېگۈچە ئۆينىڭ ئىچى سۇۋاقتىن چىقىپ بولدى.

— «كۆچ بىرلىكتە، ئىش ئۆملۈكتە»، — دېدى لۇتپۇللا بالىلارغا قاراپ، — مانا بۇ سۆز بۈگۈنكىدەك كۆپچىلىكنىڭ بىرلىكى ۋە غەيرىتىگە قارىتىلغان. بىز بۈگۈن ھەممىمىز بەك ئوبدان ئىش قىلدۇق.

لۇتپۇللا ئۆزىنىڭ خالىس ئەمگىكىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئىنتايىن خۇشال كەيپىياتتا گېزىتخانىدىكى ياتىقىغا قايتىپ كەلدى.

## 2

تۈنۈگۈن ئاخشام «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» دراممىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينالغانلىقى ۋە لايچى يىگىتتىن ئاڭلىغان خۇش خەۋەر لۇتپۇللانى بەكمۇ خۇشال قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنى بۈگۈن تاشقىرىقى بازاردىكى سالاخۇن ئاشپەزنىڭ ئاشپۇزۇلىدا مۇنىرىدىن بىلەن مۇزىكانت زەۋقى كۈتۈپ تۇرماقچى، ئۇلار بۈگۈن ئاخشام كونا شەھەردە قويۇلىدىغان «ئۆگەي ئانا» دراممىسىنى كۆرمەكچىدى.

شائىر ھۇجرىسىنى تاقىدى - دە، ئاشخانىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ، ئاشخانىغا كىرگەندە مۇنىرىدىن بىلەن زەۋقى ئاللىقاچان كېلىپ كۈتۈپ ئولتۇرۇشقانىدى.

— سېمىز گۆشنىڭ پىتىر مانتىسى، — دېدى سالاخۇن، چوڭ تەخسىدە مانتا كۆتۈرۈپ كېلىپ، — سىلەرگە قىسىنىپ تۇراتتىم، خويمۇ ئوبدان كېلىپسىلەر.

ئاق كۆڭۈل ۋە مەردلىكتە ئاقسۇدا شۆھرىتى بار بۇ ئاشپەز لۇتپۇللانى دائىم مېھمان قىلىپ تۇراتتى، ئۇلار ئارىسىدىكى



دوستلۇق قويۇقلىشىپ، ئاخىر ئىنقىلابىي دوستلۇققا ئايلانغانىدى.

— پاھ! نېمىدېگەن مەززىلىك پىشقان - ھە؟ — زەۋقى مانتىدىن بىرنى يەپ تېتىغاندىن كېيىن، — مەن ھېلىلا جامال قاساپنىڭ ئۆيىدە بۇغا گۆشىنىڭ كاۋىپىغا تويۇنۇپ كەلگەن بولسامۇ، بۇ مانتا ئىشتىھانى باشقىدىن ئېچىۋاتىدۇ، — دەپ ئاشپەزنىڭ مانتىسىنى ماختاپ كەتتى.

— ھەربىر تاماقنىڭ، — دېدى سالاخۇن جاۋاب بېرىپ، — ئاشقازىنى باشقا - باشقا، بەھۇزۇر يېۋېرىڭلار.

— كونا شەھەرگە كىرىپ بىلال ئەزىزى بىلەن كۆرۈشكىچىلىك، — دېدى مۇنىرىدىن، — قورساق خېلى تىڭ تۇرىدىغان بولدى. بۇ مانتا راستىنلا بەك ئوخشاپتۇ.

ئاشخانىنىڭ ئىچىرىقى بىر چېتىدە چاي ئىچىپ ئولتۇرغان غەلىتە بىر كىشى بۇ سۆزلەرگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى - دە، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ سول تەرىپىدىكى بوش جايغا كېلىپ ئورۇن ئېلىپ بولغاندىن كېيىن:

— ھېلى سىز كوناشەھەرگە كىرىپ، بىلال ئەزىزى بىلەن كۆرۈشىمىز دېدىڭىزما؟ — دېدى مۇنىرىدىنغا قاراپ.

— ھە، شۇنداق، گەپ بارمىدى؟

زەۋقى دەرھال غەلىتە كىشىگە قاتتىق تەگدى، قالغانلار زەۋقىگە يول قويۇپ سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرۇشتى.

— ياق ئەمدى، دەيمىنا.

— «ياق ئەمدى» دېگىنىڭ نېمىسى؟ گەپنى بوغۇزۇڭغا يۇتۇۋالماي، راست گېپىڭنى ئوچۇق دېمەمسەن؟! — دەپ سورىدى زەۋقى يەنە غەلىتە كىشىنىڭ دۇدۇقلىشىغا قاراپ.

— خاپا بولماڭ، بىلال ئەزىزگە گۇمانلىق قاراش كېرەك، دېمەكچىدىم، سىزلەرگە كۆيۈنگىنىم ئۈچۈن، — دېدى ئۇ كىشى ئۆزىنى ئاخىر ئاشكارىلاپ.

— نېمە ئاساسىڭ بار؟ — دېدى زەۋقى ئىز - دېرەكلەپ.

— ئۇنىڭ ھازىر...

— ھە، نېمە تىلىڭنى چاينايسەن، ئاخىرىنى دېمەمسەن؟!

ئۇ كىشىنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ، جىم بولۇۋالدى، ئاڭغىچە سالاخۇن ئۇستام قايىنىماقچى بولۇۋىدى، زەۋقى دەرھال ئۇستامغا كۆز قىسىپ قويۇپ:

— يوقال، بەزگەك، ئىت يالىقىنى يالاپ كۈن ئالىدىغان بەدرەك! ھېلى خامىرىڭنى يېرىپ چاۋاڭنى چىتقا يېيىپ تاشلاي-مەن! سېنى كىم بىلمەيدۇ. يامان ئادەم ئەيىبىنى يېپىش ئۈچۈن پىتنە بىلەن كۈن كەچۈرىدۇ. تېز يوقال، بولمىسا خەلقئالەم ئىچىدە ھېلى ئەپت - بەشرەڭنى ئېچىپ سازايى قىلىمەن! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

غەلىتە ئادەم چۆچۈپ غىپپىدە تىكىۋەتتى. لۇتپۇللا:

— بۇ كىشىنىڭ بېشىدا ئازراق زاغۇنى بار ئىكەن، شۇڭا تىلىغا كېسەل تەگكەن. ئۇنى ساقايتىش ئۈچۈن مۇنازىرە كار قىلمايدۇ. بۇنداق نائەھلىلەرگە پەقەت ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا①نىڭ تىل داغلايدىغان قارا مومىيادىن ياسالغان دورىسىلا ئەسقاتىدۇ، — دېدى.

ئۇلار تاماقنى يېيىشىپ بولۇپ، سالاخۇن بىلەن خوشلاشتى، ئاندىن مەيىگە چۈشۈپ، كوناشەھەرگە قاراپ ماڭدى. زەۋقىنىڭ ئاشخانىدىكى ئاچچىقى تېخى بېسىلمىغانىدى.

— دۇنياغا ئەجەب مەخلۇقلار يارىتىلغان. «سەن دېگۈچە مەن دەۋالاي، گۇناھىمغا مۇشت يېۋالاي»، — دېدى ئۇ يەنە قايناپ تۇرۇپ.

— قويۇڭ ئەمدى، — دېدى لۇتپۇللا، — پىتنىخورنىڭ

① ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا (980 — 1037) — چوڭ پەيلاسوپ ھەم داڭلىق يازغۇچى، ئاتاقلىق تېبابەتشۇناس. پىتنىخورنىڭ تىلىنى داغلاپ ساقايتىدىغان دورا كەشىپ قىلغان، دېگەن رىۋايەت بار.



ھالى ئەنە شۇنچىلىك. نەگىلا بارسا شەرمەندىسى چۇۋۇلۇپ تۇرىدۇ. ئىچى كاۋاك، ۋۇجۇدى كىر، ئاشالمايدۇ قىر؛ يوق ئۇنىڭدا ئادەملىك نىشان، بولىدۇ بىر كۈنى ھالى پەرىشان؛ كۆڭلى ئۇنىڭ قارا كېلىدۇ، تىلىدىن ھەر چاغ بالا كېلىدۇ؛ بالا يالقۇنى كۆيدۈرەر ئۇنى، شۇ چاغدا تىلىدىن چىقالماس ئۇنى.

شائىر ئۆزى يازغان مەشھۇر «كۆرەش قىزى» ناملىق درامىسىدىكى قاپىيىلىك جۈملىلەرنى ئارقا - ئارقىدىن ئاپتوماتتەك قويۇپ بەرگەندە، زەۋقىنىڭ ئاچچىقى بىردىنلا يەتتە قات ئاسمانغا ئۇچۇپ كەتكەندەك بولدى ۋە:

— توختاڭ، توختاڭ، ھېلىقى قاپىيىلىك جۈملىلىرىڭىزنى يېزىۋالاي، — دېدى شائىرغا مۇراجىئەت قىلىپ.

شائىر ئاۋۋالقى جۈملىلەرنى تەكرارلاش تۈگۈل، يەنە يېڭى جۈملىلەرنى سۆزلەپ تۆگەتتى:

«جاھاندا ئىككى ئىش ياماندىن يامان، مۇپتىلا بولغاننىڭ چىرايى سامان: بىرىدۇر تەمەگەر، بىرى ئىغۋاگەر، مۇپتىلا بولغاننىڭ يېگىنى زەھەر؛ تەمەگەر شۆھرەتنى ئىزدەپ يۈرىدۇ، مەنسەپكە ئېرىشسەم تېز، دەپ يۈرىدۇ؛ ئىغۋاگەر تىلىدىن كېسىلەر كۆپ باش، كۆلگەندەك قىلىدۇ، باغرى قارا تاش؛ تارىختا ئۇلارغا ھۆكۈم يېزىلغان: ئۆكلەن دەپ ۋولقاندىن خەندەك قېزىلغان.»

شائىر ئۆزى يازغان دراما ۋە ئوپېرا جۈملىسىنى مۇشۇنداق قاپىيىداش سۆزلەر بىلەن تۈزۈپ چىقاتتى. زەۋقى لۇتپۇللانىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى ۋە:

— باشتىكىسىنى يازالمايۋاتىمەن، يەنە بىرمۇنچىسىنى قوشۇپ كەتتىڭىز، كېيىن يېزىپ بېرەمسىز؟ — دېدى.

— ھازىر دېگەنلىرىمنى ئىلھامىمنىڭ كەلگىنىچە، ھازىر جاۋاب دېدىم. كېيىن يېزىپ بېرىدىغىنىم، يەنە باشقىچە بولۇشى مۇمكىن.

لۇتپۇللا، مۇنىرىدىن ۋە زەۋقى مەپىدە سۆزلىشىپ مېڭىپ، كونا شەھەرگە بېرىپ قالغىنىنى بىلمەيلا قېلىشتى. سېرىق بۇرۇت مەپىكەش، مەپىنى توخۇ بازىرىغا ھەيدەپ بېرىپ توختاتتى.

ئۇلار مەپىدىن چۈشۈپ، كىرا ھەققىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن كوچىلارغا قاراپ پىيادە ماڭدى. ئۇلار يۈز قەدەمچە نېرىغا بارغاندا، لۇتپۇللا مۇتەللىپكە تونۇش بىر كىشى — بېشىغا دولان تۇمىقى، ئۈچىسىغا قارا چەكمەن چاپان كىيىپ، چاپان ئۈستىدىن كۆك ماتا بەلباغ باغلىۋالغان، قارا قاش، بۇغداي ئۆڭلۈك، قارا كۆز، ئۇزۇن كىرپىك، ئېگىز بوي كەلگەن بىر سودىگەر سوپەت كىشى ئۇچرىشىپ قالدى-دە، شائىر ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كېتىشتى ۋە:

— ھوي، ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ بۇ، سەن قاچان پەيدا بولدۇڭ؟ — دەپ ۋارقىرىۋەتتى شائىر.

— ئاستىراق سۆزلە، ئاخشام كەلدىم، — دېدى سودىگەر سوپەت كىشى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلاپ.

مۇنىرىدىن بىلەن زەۋقى سەزگۈرلۈك قىلىپ، ئىككىيلەننىڭ پاراڭلىشىشىغا ئىمكانىيەت بېرىش ئۈچۈن، كوچا بويىدىكى بىر موزدۇزنىڭ دۇكىنى ئالدىغا بېرىپ تۇردى.

— ئەمدى دېگىنە، ئەدىن، نېمىشقا، قاچان كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى لۇتپۇللا يەنە.

— ۋاي-ۋۇي، مۇئەللىم بولساڭمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ جېنىنى ئېلىپ يەردە قويىدىغان بىرنېمە بولغۇدەكسەن. ئادەمنى ئەمتىرەتمەي، سوئال دېگەننى بىر-بىردىن سورىمامسەن؟

سودىگەر سوپەت كىشى دەرھال يېنىدىن بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ لۇتپۇللاغا تۇتقۇزدى.

لۇتپۇللا بۇ قىسقا خەتنى ئوقۇپ كۆرۈپلا خۇشاللىقىنى ئىچىدە سىغدۇرالماي سەكرىۋەتتى.



— چاندۇرما دەيمەن، — دېدى سودىگەر سوپەت كىشى.

— راستىنى دېگىنە، ئاخشام زادى نەدە قوندۇڭ؟ — سورىدى لۇتپۇللا يەنە.

— يار بېشىدىن چۈشۈش ئېغىزىدىكى كەپتەرخانىدا.

— دۈرۈس، خەتچى كەپتەر، ئەلچى كەپتەر، ئىلھامچى كەپتەر!

شائىر دەرھال زەۋقىگە بېشارەت قىلىپ بىلال ئەزىزىنى مۇشۇ يەرگە چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى ۋە يەنە سودىگەر سوپەت كىشىگە قاراپ:

— رەھمەت ساڭا، بارىكاللا ساڭا، — دېدى.

لۇتپۇللا ئارقىدىن خەتچىنى مۇنىرىدىنغا تونۇشتۇردى ۋە يەنە ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ، ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەشكە باشلىدى:

«تەڭرىتاغ ۋولقانلىرى دەل چاغدا پارتلاپتۇ! ئەسىرلەردىن بېرى ئاققان ساپ قانلار سىڭىپ، غەزەپكە كەلگەن ئانا تۇپراق پارتلاپتۇ!... مىليونلىغان ساپ ۋىجدانلار پارتلاپتۇ! ئاھۇ پەريادلىق كۆز يېشىدىن ھاسىل بولغان سايرام سۈيى، قاش دەرياسى، ئىلى دەرياسى پارتلاپتۇ!»

ئۇ تۇرالماي قالدى. خۇددى ۋولقاندەك پارتلاش ئالدىدا تۇرغان بۇ ئوت يۈرەك شائىر، ئىلھامچى كەپتەرنىڭ قېشىدا، بەش مېتىرچە كېلىدىغان يەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، بوش ئاۋاز بىلەن يەنە خىتاب قىلىشقا باشلىدى:

«ئەي، ئانا تۇپراق — تارىم!... سەنچۇ؟! ئەي، ئىچى زەرداب قانغا تولغان تارىم!... سەنچۇ؟! ئەي، مىليونلىغان بىگۇناھ قۇربانلار قېنىدىن ھاسىل بولغان تارىم!... سەنچۇ؟! پارتلا! پارتلا! پارتلا!»

شائىرنىڭ ئوتلۇق خىتابلىرى ئۈستىگە، بىلال ئەزىزى يېتىپ كەلدى ۋە:

— بۈگۈن ئەجەب باشقىچە خۇشالغۇسەن؟ — دېدى لۇتپۇللا

مۇتەللىپىنى كۆرۈپ.
لۇتپۇللا خۇشاللىقىدىن، بىلال ئەزىزىنىڭ قولىنى تۇتۇۋال-
غان پېتى قويۇۋەتمەي دېدى:

توپىتار غوجامدىن خەت كەلدى،
خەتنى ئېلىپ، مەرد كەلدى.

تاغدا ۋولقان پارتلاپتۇ،
كەپتەر داۋان ئاتلاپتۇ.

مۇنداق بولماس خۇش خەۋەر،
سەن - بىز كۈلمەي، كىم كۈلەر؟

بىلال ئەزىزى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بۇ ھازىر جاۋاب شېئى-
رىدىن ھەيران بولدى ۋە خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆزىمۇ ئىنتايىن
خۇشال بولۇپ كەتتى.
— يۇرۇڭلار، بۇ يەردە ئۆزۈن تۇرمايلى، — دېدى بىلال
ئەزىزى ۋە ئۇلارنى كوناشەھەرنىڭ توخۇ بازىرى يېنىدىكى مەخ-
تۇمخانىنىڭ ئازادە ئاشخانىسىغا باشلاپ باردى. بىلال ئەزىزى چاي
بۇيرۇتۇپ قويۇپ كېلىپ، مېھمانلار يېنىدا ئولتۇردى.
— ماۋۇ تۇمارنى كۆرۈپ باق، — دېدى لۇتپۇللا مۇتەللىپ،
قولىدىكى كەپتەر ئىلھامچىسىنى بىلال ئەزىزىگە تۇتقۇزۇپ.
بىلال ئەزىزى تاماق كەلگۈچە، بۇ خەتنى ياندۇرۇشلاپ ئۈچ
قېتىم ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ خۇددى لۇتپۇللا مۇتەللىپ-
نىڭكىدەك شادلىقتا چۈمۈشكە باشلىدى.
— پاھ، ئارزۇ - ئارمانلار! — دېدى بىلال ئەزىزى ۋە
ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق گەپ - سۆز قىلمىدى.
ئاشخانىدا ئادەم كۆپ بولغىنى ئۈچۈن، لۇتپۇللا مۇتەللىپمۇ بۇ



ھەقتە قايتا ئېغىز ئاچمىدى.
بىلال ئەزىزى تاماق يېگەچ، سۆز تېمىسىنى — بۇگۈن
ئاخشام كونا شەھەردە قويۇلىدىغان «ئۆگەي ئانا» دراممىسىغا يۆت-
كىدى:
— بۇ دراما ئىنتايىن تەسىرلىك، كەچمۇ كىرىپ قالدى،
بۈگۈن كەچتە درامىنى كۆرۈپ، قونۇپ قېلىڭلار. ئەتە يەكشەنبە
دەم ئېلىش كۈنىمىز، ئەتە كەچقۇرۇن چىقىپ كەتسەڭلارمۇ بولى-
ۋېرىدۇ.
— درامىنى كۆرەيلى، لېكىن بۈگۈن كەچتە قايتىپ كېتەي-
لى، — دېدى لۇتپۇللا مۇتەللىپ.
— ئەتە يەكشەنبە تۇرسا، نېمىگە ئالدىرايسىلەر؟
— كەپتەرنى ئۇچۇرۇۋەتمىسەك بولمايدۇ.
«كەپتەر» سۆزى چىققاندىن كېيىن، بىلال ئەزىزى ئۇلارنى
چىڭ تۇتماسلىق قارارىغا كەلدى.
— مەيلى، ئۇنداق بولسا ··· مەن ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىن، بىر
كىراكەش مەپىنى سۆزلىشىپ قوياي، مەپە سىلەرنى ساقلاپ تۇر-
سۇن، خاتىرجەم ئويۇن كۆرەيلى.
11 - ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى، كۈن خېلى قىسقىراپ
قالغان چاغلار ئىدى. ئۇلار دىگەر ۋاقتى بىلەن ئاشخانىدىن
چىقتى - دە، ئۇيغۇر ئۆيۈشمىسى كۇلۇبىغا قاراپ مېڭىشتى.
شەھەر ئاھالىسى، ياشلار، ئوقۇغۇچىلار توپ - توپ بولۇپ
كۇلۇب تەرەپكە قاراپ كېتىپ بېرىشاتتى. بىلال ئەزىزى مېھمان-
لارنى باشلاپ، كۇلۇب ئىچىگە ئەكىردى - دە، ئالدىنقى قاتاردى-
كى ئورۇنغا ئولتۇرغۇزدى.
— ئابدۇللا روزى يازغان بۇ دراما، — دېدى لۇتپۇللا
مۇتەللىپ ئويۇن باشلانغۇچىلىك، درامىنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئۇ-
نىڭ يازغۇچىسىنى تونۇشتۇرۇپ، — ئۇنىڭ دەسلەپكى ئەۋرىشكى-
سى، ئا. روزى ماناس دەرياسى بويىدا خىزمەت قىلغان چاغدا

يېزىلغان ۋە شۇ پەردە سەھنىدە قويۇلغان. ئا. روزى ئۇنى ئاقسۇ دەرياسى بويىدا يەنە قايتىدىن تاكامۇللاشتۇردى. بۇ ئەسەر خەلقىمىزنىڭ كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيانقى ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئەدىبىيە جەھەتلەردىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنى ئەتراپلىق يەكۈنلىگەن چوڭقۇر مەنىلىك بىر نامايەندە.

پەردە ئېچىلغاندىن كېيىن، شائىر بۇ دراممىنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر رولنىڭ خاراكتېرىنى بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ بېرىپ تۇردى:

— ئەنە قاراڭلار! تەلەتىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان، كۆلكىسىدە شۇملۇق يوشۇرۇنغان ئۆگەي ئانا — توقاشخان!

— ئۇ، ئۆز ئانىسىدىن يېتىم قالغان بەش نەپەر ئوغۇل - قىزنى شەپقەتسىز قامچىلاۋاتىدۇ.

— قاراڭلار، ئەنە! ئۆگەي بالىسى ئادىلنىڭ دۈمبىسىگە دەزمال ياقتى! ئۆگەي قىزى ئانارگۈلنىڭ يۈزىگە قىزىتىلغان لاخشىگىر باستى!

— ئەنە قاراڭلار، ئۆگەي بالىلارغا ئاشنىڭ سۆيۈقىنى، نانىنىڭ كۆيۈكىنى بېرىۋاتىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن بالىسى ئەركە نىسانى ھالۋا - قاتلىما بىلەن بېقىۋاتىدۇ. ئۆگەي بالىلارنىڭ رەڭگى سارغۇچ، تېنى جۇدەڭگۈ، كىيىملىرى جۇل - جۇل؛ ئۆزى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن ئەركە نىسا تاۋار - دۇردۇن بىلەن بېزەلگەن!

— قاراڭلار، ئەنە! ئۆگەي بالىلارنىڭ چوڭى ھاشىم ئوقۇسام، دەپ يالۋۇرۇۋاتىدۇ. ئۆگەي ئانا: «ماڭ، ھارىمى! ئۆيىنىڭ قارا ئىشىنى كىم قىلىدۇ؟ كۆزۈڭنى قارا قاغا چوقۇسۇن، قارىغۇ بولۇپ ئۆتۈپ كەتسەڭ، ماڭا شۇ ياخشى» دەۋاتىدۇ.

— ئەنە قاراڭلار، سادىقنى ئۆزىگە تارتىپ: «ئاكاڭ، ئاچاڭ كەينىمدىن گەپ قىلسا، ماڭا خەۋەر قىل، ساڭا ئوبدان قارايمەن، ئېغىر ئىشقا سالمايمەن، پات - پات مېھمان قىلىمەن»



دەپ ئالداۋاتىدۇ. سادىق ئالدىنىپ، ئۆگەي قېرىنداشلىرىنى چېقىشتۇرۇپ، ئازابلاۋاتىدۇ.

— مانا دراممىنىڭ ئۈچىنچى پەردىسى ئېچىلدى: بەش نەپەر ئۆگەي بالا زۇلۇمغا چىدىماي، جۇل - جۇل كىيىملىرى بىلەن تۈن يېرىم بولغان چاغدا ئۆگەي ئانىنىڭ بىر ياققا كېتىپ قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، تاغ باغرىدىكى قەبرىستانلىققا بېرىپ، ئۆز ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىدا زار - زار يىغلاشقا باشلىدى، ئۇلار جۇل - جۇل كىيىملىرىنىڭ ئۈستىگە بىردىن كېپەن كىيىۋېلىشقاندى. ئۇلارنىڭ مۇڭلۇق ناخشىلىرى يەر - جاھاننى يىغلىتاتتى:

«كەلدۇق يېتىم - يېسىرلار،
ئاچ قويىنۇڭنى، جان ئانا!
كېپەن كىيدۇق بېشىڭدا،
ئاچ قەبرەڭنى، جان ئانا!

ئۆگەي ئانا شەرمەندە،
ئۇرۇپ - سوقتى ھەر كۈنى؛
مادار قالمىدى تەندە،
ئاچ قەبرەڭنى، جان ئانا!

دەزمال ياقتى چىرقىرىدۇق،
ۋايجان دېدۇق پىرقىرىدۇق.
جانسىز يېتىپ يىغلىدۇق،
ئاچ قەبرەڭنى، جان ئانا.

ئاققان قاننى دەيلىمۇ؟
ئاچ قالغاننى دەيلىمۇ؟

تىل چاياننى دەيلىمۇ؟
ئاچ قەبرەڭنى، جان ئانا!

ئالتۇن قوزۇق سەن ئىدىڭ،
ئاق سۈت - ئوزۇق سەن ئىدىڭ.
جانغا خوۋلۇق سەن ئىدىڭ،
ئاچ قەبرەڭنى، جان ئانا!

ئوغلۇم دەيتتىڭ، كۆيەتتىڭ،
قىزىم دەيتتىڭ، سۆيەتتىڭ.
بالام دەيتتىڭ، ئۆلەتتىڭ،
ئاچ قەبرەڭنى، جان ئانا!

ئۆز ئانىدەك مېھرىبان،
بولماس ئىكەن ھېچقاچان.
تۆكمەكچىمىز بىز پىغان،
ئاچ قەبرەڭنى، جان ئانا!!!»

بالىلارنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتقان ناخشىلىرىدىن كېيىن قاتتىق گۈلدۈرماما چېقىپ، بىردىنلا قەبرە يېرىلدى. ئانا كېپەنى بىلەن ئورنىدىن سوزۇلۇپ قوپتى.

ئېزىلگەن ۋە يۈرەكلىرى پارە - پارە بولۇپ كەتكەن يېتىم - يېسىرلار «ئانا، ئانا» دېيىشىپ، ئۆزلىرىنى مېھرىبان ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا تاشلىدى. ئانا ئۆز بالىلىرىنى باغرىغا بېسىپ قۇچاقلايتتى، سۆيەتتى، باشلىرىنى ۋە چاچلىرىنى مېھرىبان قولى بىلەن يۇمشاق ۋە يېقىملىق سىلاپ تۇراتتى. بالىلار ئۆز ئانىسىنىڭ قوش مەڭزىگە بەس - بەس بىلەن تويۇنماي سۆيۈشەتتى. قەدىردان ئانا يېتىم قالغان پەرزەنتلىرىنى ئۆۋەت



بىلەن باغرىغا بېسىپ، ئىككى كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكەتتى.

— قاراڭلار، ئاق سۈت بەرگەن ئۆز ئانىسىنىڭ قەدىردانلىقىنى!!! — دېدى لۆتپۇللا ھاياجانلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھېسسىياتىنى باسالماي...

پۈتۈن زالدا ئويۇن كۆرگۈچىلەرنىڭ يۈرەكلىرى پارە - پارە بولۇپ، ئۆكسۈپ يىغلىغان مۇڭ - ناۋالار ئاڭلىناتتى.

قەدىردان ئانا يېتىم قالغان پەرزەنتلىرىنىڭ پىت بېسىپ كەتكەن چاچلىرىنى، دەزمال بېسىلغان جاراھەت ئىزلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدىكى جۇل - جۇل كىيىملىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرۈپ، ئىككى كۆزىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈلۈپ تۇرغان بۇ تراگېدىيىلىك كۆرۈنۈشنى كۆرگەن ھەربىر كىشى چىداپ تۇرالماي، ئىختىيارسىز بۇقۇلداپ يىغلىشاتتى.

— «ئانا، ئانا، جان ئانا!» دەپ يېتىملار كەينى - كەينىدىن ۋارقىرىشاتتى.

قەدىردان ئانا بۇ ھالەتكە تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى - دە، ئاخىر ناخشا بىلەن بالىلىرىنى قايتۇردى:

«ئانا كېتىپ، يېتىم قالغان،
سىلەردەك زار - زار بارمۇ؟!
جۇدالىق دەردىدە يىغلاپ،
سىلەردەك خار - زار بارمۇ؟!

ئۆلۈم قوينىغا ئالغاندا،
كۆزۈم كەينىمدە قالغاندا.
‹ئانا!›، دەپ ئېسىلغاندا،
بۇ تەندە مادار بارمۇ؟!

كېپەننى نەم قىلىپ ياشتىن،
جەسەتكە يېپىشىپ باشتىن؛
چىقىپ ئاۋاز قارا تاشتىن،
يېتىمگە شۇ ئازار بارمۇ؟!

چىرايلار سارغىيىپ شۇنچە،
غازاڭ بولغان كىچىك غۇنچە.
زۇلۇمنى قىلدى كىم مۇنچە؟
چىداشقا بىر قارار بارمۇ؟

يېقىپ دەزمال، ئۆرۈپ ـ دەسسەپ،
قويۇپ ئاچ ـ توق، شوراپ ـ قەستلەپ؛
ئانام، دەپ ياش تۆكۈپ، ئەسلەپ،
سىلەردەك ناله ـ زار بارمۇ؟!

يىغاڭلار توختىسۇن ئەمدى،
ئاناڭلار تىنچىسۇن ئەمدى.
كۆچۈڭلار قوغدىسۇن ئەمدى،
كۆرەشسىز ياز ـ باھار بارمۇ؟!»

ناخشا تۈگەش بىلەن سەھنە قاراڭغۇلاشتى، ئانا قەبرىگە كىرىپ كەتتى.

«ئانا، ئانا، ئانا!»

باللار ۋارقىراپ، ئۆزلىرىنى يەرگە ئېتىپ، ناله ـ پەرياد بىلەن يىغلىشىپ قالدى، لېكىن ئانا ۋەسىيىتىدىن چوڭقۇر ئىلھام ئالغان يېتىم ـ يېسىرلار ئۆز ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، خورلۇققا قارشى بىرلىشىپ كۆرەش قىلىشقا ئاتلاندى.

— مانا، درامىنىڭ تۆتىنچى پەردىسى، — دېدى شائىر



چۈشەندۈرۈپ، — ئۆگەي باللار ئىسيان كۆتۈردى. ئۇلارنىڭ ھەمجەمەتلىك بىلەن قىلغان كۆرىشى غەلىبە قىلىپ، باللارنىڭ ۋىجدانىي قەرزى ئادا بولدى.

ئويۇن ئاخىرلاشقاندا لۇتپۇللا، مۇنبىرىدىن «كەپتەر»نى ئېلىپ بىرلىكتە يېڭى شەھەرگە قايتىپ چىقتى.

## ئون يەتتىنچى باب

# سىناقتا قالدۇرۇلغان مۇھەببەت

### 1

قاش دەرياسى بويىدا قوزغالغان ئىنقىلاب خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ، مەخپىي خەت ئەكەلگەن سودىگەر سۇپەت كىشى — ئەيندىن ئىدى. لۇتپۇللا مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئۈچۈن ئۇنى تۈنۈگۈندىن باشلاپ «كەپتەر» دېگەن نام بىلەن ئاتايدىغان بولدى.

ئاخشام كونا شەھەردىن يېرىم كېچىدە قايتىپ چىققاندىن كېيىن، مۇنىرىدىن، ئەيندىن ۋە لۇتپۇللا ئۈچەيلەن بىرلىكتە يېڭى ۋەزىيەت ئۈستىدە خالىي سۆزلىشىپ، تاڭ ئاتقۇزۇۋەتتى. ئەتىسى تاكى كۈن چىققۇچىلىكمۇ ئۇلارنىڭ گېپى تۈگىمىدى:

— مەن بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرالمايمەن، — دېدى ئەيندىن، — بۈگۈن چۈشتە قەشقەرگە يۈرۈپ كېتىشىم كېرەك، — دېدى ئاخىرىدا.

— بولىدۇ، سەن ئۆز بۇرچۇڭنى ئادا قىلىۋەر، لېكىن ئاۋۋال ناشتا قىلىۋال، ئاندىن ساتىراشخانىدا چېچىڭنى ئالدۇرۇۋال، بىز شۇ يەردە خوشلىشىپ قالايلى.

لۇتپۇللانىڭ سۆزى تۈگەپ تۇرۇشىغا يادىكارنىڭ قىزى دىلبەر ھۇجرىغا يىغلامسىراپ كىرىپ:

— لۇتپۇللا ئاكا، ئانامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، سىزنى قىچقىرىپ كەلگىن، دەپ مېنى ئەۋەتتى، — دېدى.



— بولىدۇ، سىڭلىم، مەن ھېلىراق باراي.

دىلبەر ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى. ئارقىدىن لۇتپۇللا مېھمانلارنى باشلاپ، سالاخۇننىڭ ئاشخانىسىغا ئاپىرىپ ناشتا قىلدۇردى. ئۈچەيلەن قورساق توقلىۋالغاندىن كېيىن شىمالىي دەرۋازىدىن ئۆتۈپ شەھەر ئىچىگە قاراپ ماڭدى - دە، ئۇدۇل بېرىپ مەخسۇتئاخۇننىڭ ساتىراشخانىسىغا كىردى.

× ×

ئاقسۇ بويىچە «مەدەنىي ساتىراشخانا» دەپ نام ئالغان بۇ دۇكان شەھەرنىڭ شەرقىگە قاراپ سوزۇلغان «T» شەكىللىك كوچا ئېغىزىغا جايلاشقانىدى. ساتىراشخانا ئىگىسى مەخسۇت ئوتتۇرا بوي، ئاق چىراي، سېمىزرەك، بىر ئاز چېقىر كۆز، كەكە ساقال، بېلىگە كەشتە ياغلىق باغلاپ، بېشىغا قارا دوخاۋىغا ئۈششاق گۈل چېكىلگەن دوپپا كىيىپ يۈرىدىغان، ئەللىك سەككىز ياشلاردىكى خۇشخۇي ئادەم ئىدى.

مەخسۇت ئاكا تۇرمۇش يولى ئىزدەپ ئىككى قېتىم مۇزداۋاندىن ئۆتۈپ غۇلجىغا بارغان ۋە غۇلجا شەھەر ئىچىدە ئۇزۇن يىل ساتىراشلىق كەسپى بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇ يېقىندىلا غۇلجىدىن ئاقسۇغا قايتىپ كېلىپ، مۇشۇ دۇكاننى ئاچقانىدى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىمۇ سازەندە ھەم ھۈنەرۋەن بولۇپ، مەخسۇت ئاكىغا ياردەملىشىپ، دۇكاندا ھۈنەر قىلاتتى.

بۇ دۇكان ئىچى - تېشىنىڭ پاكىز ئاقارتىلىپ قويۇلغىنى ئۈچۈن ئەمەس، دۇكاننىڭ ئىچى ھەر خىل چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە تۈرلۈك كىتابلار بىلەن تولۇپ تۇرغىنى ئۈچۈن «مەدەنىي ساتىراشخانا» دېيىلەتتى. دۇكان بىر ئېغىزلىق كەڭ ئۆي بولۇپ، دېرىزىسى بازار كوچىسىغا قاراقلىق ئىدى. دۇكاننىڭ

شىمالىي تېمىغا چوڭ ئىككى ئەينەك ئېسىلغان، ئۇنىڭ تېگىدە ھۈنەر جابدۇقلىرى تىزىقلىق ئۇزۇن كەنتىر قويۇلغان، باش چۈشۈرۈش ئۈچۈن كەنتىرگە يېقىن ئۈچ ئۈستەل تۇرغۇزۇلغاندى. دۇكاننىڭ ئىشىكى يېنىدا ساماۋار قايناپ تۇراتتى، ئۇسساپ قالغان خېرىدارلار چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. دۇكاننىڭ جەنۇبىدا كاڭ سۇپىسى بولۇپ، سۇپىغا كىگىز - پالاس سېلىنغان، ئوتتۇرىغا شىرە قويۇلغانىدى. دۇكاننىڭ شەرق تېمىغا كىتاب جاۋىنى ئورنىدا تاختاي تىزىپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە «جامىئۇل ھېكايەت»، «شاھنامە»، «كېلىلە - دەمنە»، «مىڭ بىر كېچە»، «چاھار دىۋان»، «ھۆۋەيدا»، «يۈسۈپ - زىلەيخا»، «شامەشرەپ»، «يۈسۈپ - ئەخمەت»، «ئەپەندى لەتىپىلىرى» قاتارلىق ئەدەبىي، تارىخىي ئەسەرلەر رەتلىك تىزىپ قويۇلاتتى. كېيىنكى كۈنلەردە بۇ دۇكان لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەت مەركىزىگە ئايلاندى. ئىلغار زىيالىيلاردىن مۇنىرىدىن، ئابدۇللا روزى، يۈسۈپجان، مەۋلانجان قاتارلىق ياشلار پات - پاتلا كېلىپ تۇراتتى.

مەخسۇت ئاكا بىلەن شائىرنىڭ بۇرادەرچىلىكى كېيىنكى چاغلاردا بەك يېقىن بولۇپ كەتتى. مەخسۇت ئاكا خەلق ناخشىلىرىنى، بولۇپمۇ نۇزۇگۇم، سادىر پالۋان ۋە يۈسۈپ ئەخمەت ناخشىلىرىنى كۆپ بىلەتتى ھەم ياخشى ئېيتاتتى.

— قېنى، مەخسۇت ئاكا! — دەيتتى شائىر ئۇنى دۇتارغا تەكلىپ قىلىپ، — ياشلار يىغىلىپ قالدى، پىغانىمىزنى تۆكەيلى.

مەخسۇت ئاكا دەرھال دۇتارنى قولىغا ئالاتتى - دە، ئەڭ ئېسىل ناخشىلاردىن باشلاپ چېلىشقا كىرىشەتتى. ئۇ، دۇتارنى شۇنچىلىك ئىشتىياقى بىلەن چالاتتىكى، ئاڭلىغۇچىلار ناخشىدا كۈيلەنگەن ۋەقەلىكنىڭ ئىچىگە ئىختىيارسىز كىرىپلا كېتەتتى. بەزى ياشلارنىڭ كۆزىدىن ياش چىقىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ناخشا



ئېيتىش ۋە ساز چېلىش ماھارىتى بولۇپمۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپكە چوڭقۇر تەسىر قالدۇراتتى:

تاغدىن چۈشكەن لاي سۈيى،
سۈزۈپ ئىچەر ئەر بارمۇ؟
نۇزۇك باشقا كۈن چۈشتى،
ئېلىپ كېتەر ئەر بارمۇ؟

نۇزۇك بىلەك باغلاندى،
ئۆلتۈرمەككە چاغلاندى.
باققان ئاتا - ئانامنىڭ،
يۈرەكلىرى داغلاندى.

ئۇ بىرقانچە ناخشىلارنى ئېيتىپ ۋە سازلارنى چېلىپ، ئاندىن قىسقا - قىسقا ھېكايە ئېيتىپ، تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلاتتى. ئۇنىڭ ناخشىسى ۋە مۇزىكىسى كىشىلەرنى قانداق جەلپ قىلسا، ھېكايىسىمۇ شۇنداق قىزىقتۇراتتى.

مەخسۇت ئاكىنىڭ ناخشا - مۇزىكا ۋە ھېكايىلىرىنى ئاڭلىغۇچىلار ئىچىدە شەھەر زىيالىيلىرىدىن باشقا، يىراق يېزىلاردىن كەلگەن دېھقانلارمۇ كۆپ بولاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دۇكاندىكى ئۇزۇن - قىسقا ئورۇندۇقلاردا، بەزىلىرى كىگىز - پالاس سېلىنغان كاڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشۇپ ناخشا - ساز ۋە ھېكايە تىڭشاپ خۇماردىن چىقىشاتتى، ساز - ناخشا ئاياغلاشقاندا، كاڭ ئۈستىگە قويۇلغان شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ، كىتاب كۆرۈشەتتى.

— دادا، سىلى قانداق قىلىپ مۇزىكىنى شۇنچىۋالا مۇڭلۇق چېلىشنى، ناخشىنى شۇ قەدەر ياخشى ئېيتىشنى ئۆگىنىۋالدىلا؟ بىر كۈنى لۇتپۇللا مەخسۇت ئاكىنىڭ، مۇھەببەت ئەھلىنىڭ

يۈرەك تومۇرلىرىنى مەپتۇن قىلغۇچى تەرەننۇم سادالىق مۇزىكىسى بىلەن مۇڭلۇق ناخشىسىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ كېتىپ، ئۇنىڭغا ئەنە شۇنداق سوئال قويدى.
— ماڭا ناخشا - مۇزىكا ئۆگىتىپ قويغان — تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ۋە يۈرەك پىغانلىرى، ئوغلۇم، — دېدى مەخسۇت ئاكا لۇتپۇللاغا جاۋابەن، — مەن كىچىكىمدە غۇربەتچىلىكنى ئاز تارتمىغان. تۇرمۇش موھتاجلىقىدا، كۈن ئېلىش ئاۋارىچىلىكىدە ئاتام ئاۋۋال مېنى مۇشۇ ساتىراشلىق ھۈنىرىنى ئۆگىنىشكە بەردى، لېكىن غۇربەتچىلىكتىن، كەمسىتىلىشتىن قۇتۇلالمىدىم.
مەخسۇت ئاكا بۇ سۆزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قولىغا دۇتارنى ئېلىپ ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مۇنۇ رۇبائىيسىغا چېلىپ ناخشا ئېيتتى:

غۇربەتتە غېرىب شادىمان بولماس ئىمىش،
ئەل ئاڭا رەپىق - مېھرىبان بولماس ئىمىش.
ئالتۇن قەپەس ئىچى - تېشى گۈل بولسا،
بۇلبۇلغا چىمەندەك ئاشىيان بولماس ئىمىش.

ئارقىدىن ئۇ قولىدىكى دۇتارنى قويۇپ قويدى - دە، يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى:
— تۇرمۇش ۋە روھىي غۇربەتچىلىك ئاخىر يۈرەك پىغانىمنى ئاشۇرۇۋەتتى ۋە مېنى سازغا ئىشتىياق باغلاتقۇزدى. كېيىن مەن تۇرمۇش يولى ئىزدەپ، ئىككى قېتىم مۇزداۋان بىلەن غۇلجىغا چىقتىم. ئۇ يەردە ھۈنەر قىلىپ يۈرۈپ ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئۆگەندىم. تۇرمۇش مېنى نېمە كويلارغا سالمىدى، دەيسەن؟



تەلكىنىڭ داۋانى بار،
ئۈستىدە تۇمانى بار.
سايرام كۆلىدەك سۈنىڭ،
ھەسرىتى - پىغانى بار.

ساز ماڭا مۇڭداش، ناخشا ماڭا يولداش، ھەر ئىككىسى مېنىڭ دەردىمنى يېنىكلەشتۈرىدۇ، روھىي ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرىدۇ ...
ئۇلار خوشلىشىپ دۇكاندىن قوزغالغان چاغدا، لۇتپۇللا مەخسۇت ئاكىنىڭ كىچىك ئوغلىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئۇنىڭ خاتىرە دەپتىرىگە تۆۋەندىكى نەزمىنى يېزىپ قويدى:

ئاق دىلبىرىم، ساق دىلبىرىم، تاق دىلبىرىم،
ساڭا ئېيتار سۆزلىرىمگە باق، دىلبىرىم.

مەن ساڭا يار، سەن ماڭا يار ئاڭلا دىلدار،
قىلغايمۇ سەن بۇنى ئىنكار - ياق، دىلبىرىم.

چاققان ئاققان، دىلغا ياققان ئېقىن سۇدەك،
بىز كۆزلىگەن نىشانىبىرى ئاق، دىلبىرىم.
......

## 2

خوتەنلىك دەۋرىشلەرنىڭ قوشىقىنى ئاڭلاپ، ئوغلى يادىكارنىڭ ئىچ كۆيۈكىدە يۈرەك ئاغرىقى بىلەن دوختۇرخانىدا يېتىۋاتقان تاجىنىساخان ئانىنىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاشماقتا ئىدى. لۇتپۇللا كېسەلنىڭ يېنىغا كىرگەندە تاجىنىساخان موماي-

نىڭ بېشىدا گۈلەندەم بىلەن دىلبەر كۆزىگە ياش ئېلىپ قاراپ تۇرۇشاتتى.

— ئانا، ئانا! — لۇتپۇللا يىغىملىق ئاۋاز بىلەن مومايىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

تاجىنىساخان موماي كۆزىنى ئاچماي تۇرۇپ، بۇ تونۇش يىغىملىق ئاۋازدىن لۇتپۇللا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى-دە، دەرھال كۆزىنى ئېچىپ، ياداپ تارتىشىدەك بولۇپ كەتكەن ئوڭ قولىنى سوزۇپ، شائىرنىڭ بىلىكىنى ئۇچلاپ تۇرۇپ:

— مەن بولالماي كېتىۋاتىمەن. مېنىڭ بىرنەچچە كۈنلۈكۈملا قالغاندەك تۇرىدۇ، بالام، — دېدى.

مومايىنىڭ تىنىقى كېسىلىپ، ئۈزۈپ-ئۈزۈپ ئارانلا سۆزلەيتتى، گۈلەندەم بىلەن دىلبەر قولياغلىقى بىلەن مومايىنىڭ كۆز يېشىنى ئېرتىپ تۇراتتى.

— ماۋۇ ئىككى يېتىم قىزىمنى، — دېدى موماي لۇتپۇللاغا ئىللىق ۋە يېلىنغان مېھرى بىلەن قاراپ، — ساڭا تاپشۇردۇم، مېنىڭ بىر ئاللادىن، بىر سەندىن باشقا پاناھىم يوق، بالام. سېنىڭ ئۆزۈمچىدە ئوغلۇم يادىكارغا بەرگەن قان ھەققىڭنى، بىزگە قىلغان غەمخورلۇقۇڭنى خۇدا ياندۇرار، قىزلىرىم ياندۇرار.

مومايىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، يېتىم قىزلارنىڭ ئىچى ئۆرتىنىپ كەتتى، ئۇلار ئۆپكىدەپ يىغا-زار قىلىشاتتى. موماي قىزلىرىنىڭ يىغىسىغا چىدىيالماي كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالغانىدى. بالنىتسىنىڭ ئىچىنى بىر دەمدىلا قايغۇلۇق سۈر بېسىۋالدى. مومايىنى يوقلاش ئۈچۈن كەلگەن زەينەپخان موماي، ئۇنىڭ ئوغلى يۇنۇس ھەم ئوسمان بىلەن لى كەيمىنىنىڭ ياتاققا كىرىپ كېلىشى بۇ كىچىك ياتاقتىكى ۋەھىمىنى بىر ئاز بولسىمۇ يېنىكلەشتۈردى.

— تاجىنىساخان، تاجىنىساخان!

زەينەپخان موماي ئوڭ قولى بىلەن تاجىنىساخان ئانىنىڭ



پېشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ، مۇلايىم ئاۋازدا قىچقارغاندا، تاجىنىساخان ئانا يەنە كۆزىنى ئېچىپ، ئەتراپىغا بىر قاراپ يوقلاپ كەلگەنلەرگە رەھمەت بىلدۈردى.

يوقلاپ كەلگۈچىلەر قوللىرىدىكى نان، سامسا ۋە ئالما قاتارلىق نەرسىلىرىنى كېسەل كارىۋىتى يېنىدىكى كىچىك ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئۆرە تۇرۇشاتتى.

— ھەممىڭلارغا رەھمەت، — دېدى موماي، — مەن ھازىر يامان ئەمەس، خۇدايىم شىپالىق بېرەر؛ ياشلار ئىشىڭلارغا بېرىۋېرىڭلار، زەينەپخان بىلەن لۇتپۇللا مېنىڭ يېنىمدا بىردەم تۇرۇپ ئاندىن قايتسۇن.

تاجىنىساخان ئانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ياش يىگىتلەر ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ياندى. گۈلەندەم بىلەن دىلبەرمۇ ئوكۇل بۆلۈمىگە چىقىپ كەتتى.

— ئاڭلاپ تۇرغىن، بالام لۇتپۇللا، — دېدى تاجىنىساخان موماي، — زەينەپخان ئاچاڭنىڭ قېشىدا بىر ئىشنى سەمىڭگە سېلىپ قوياي.

تاجىنىساخان موماي بىردىنلا تېتىكلىشىپ قالغاندەك بولۇپ، لۇتپۇللاغا سىرلىق بىر يېڭى ھېكايىنى ۋەسىيەت قىلىپ:

— مەن ئۆلەر چېغىمدا سېنىڭدىن ھېچ نەرسىنى يوشۇرمايمەن. ھېلى كىرگەن ئۈچ يىگىتنىڭ بىرى ماۋۇ بىزنىڭ زەينەپخاننىڭ ئوغلى يۇنۇس، قايسى كۈنى سەن ئۇنىڭغا تام سۇۋىشىپ بېرىپسەن، مەن ئۇنىڭغا دىلبەرنى بېرىشكە ۋەدە قىلغان؛ بىرىنچىدىن، بۇ ئىش سېنىڭ ئېسىڭدە بولسۇن، بالام؛ ئىككىنچىدىن ... — تاجىنىساخان موماي تىنىقى يېتىشمىگەنلىكتىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرالمىدى، بىر ھازادىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ، — ھېلىقى ئىككىسىنىڭ بىرى ئوسمان، بىرى لېتىپ، ھەر ئىككىسى دوختۇرخانىدىكى چوڭ قىزىم گۈلەندەمنى قوغلىشىدۇ، بىر-بىرىنى كۈنلىشىدۇ. تېخى مۇشۇ كۈزدىلا بىر-

بىرىگە پىچاق كۆتۈرۈشۈپ، بوغۇزلاشقىلى تاسلا قېلىشىپتۇ. بۇ
ئىككى چۈجە خورازغا نەسىھەت قىلىپ قويي، بالام، — دەپ
جېكىلىدى.
لۇتپۇللا بۇ سىرلىق ھېكايىنى ئاڭلاپ، ھاڭ - تاڭ قالدى
ۋە:
— تاجىنىساخان ئانا، بۇ سىرلىق گەپلەرغۇ، مەن ئىشنىڭ
تېگى - تەكتىنى بىلىپ باقسام قانداق؟ — دېدى.
— سەن پۇت - قولۇڭ يەرگە تەگمەي، كۆرسەملا ئالدىراش
يۈرسەن. ئالدىرىمىساڭ سۆزلەپ بېرەي. ئالدىراش بولساڭ
مەيلى.
— ياق، ياق، سۆزلەڭ. بۈگۈن ئەتەي سىز بىلەنلا پاراڭ-
لاشقىلى كەلدىم.
لۇتپۇللا ئاستا مومايىنىڭ بېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.
— بىزنىڭ ئۆيىمىز جايلاشقان لەڭگەر كوچىسىدا بىر زامان-
لاردا ئادەم قېنى دەريا بولۇپ ئاققان ... بۇنىڭدىن ئون بەش يىل
بۇرۇن قارا يۇلغۇندا كۆچالىقلار بىلەن ياڭ زىڭخۇي① ئوتتۇرىسىدا
سوقۇش بولدى. ياڭ زىڭخۇي قەشقەرگە قاچىدىغان چاغدا گۇلەن-
دەمنىڭ ئاتىسى گو دەيفۇ دېگەن سەندۈڭلۈق ئادەمنى تۇتۇپ
كەتتى. گو دەيفۇ ئۆزىنىڭ بەش ياشلىق قىزى گۇلەندەمنى كېچە-
سى بىزنىڭكىگە ئەكېلىپ قويدى. كېيىن ئاڭلىساق، گو دەيفۇنى
مارالبېشى بىلەن كەلپىن ئارىسىدىكى تۇمشۇق ۋە شاقۇر دېگەن
يەردە بولغان قىرىق كۈنلۈك جەڭدە ياڭ زىڭخۇي ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.
شۇ چاغدىكى قاچ - قاچتا يەنە لىتىپىنىڭ ئاتىسى — تيەنجىنلىك
لى مازى قاراتال ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە قاچىدىغان بولۇپ، ئوغلى-
نى بىزنىڭ ئۆيگە يوشۇرۇپ قويدى. بىزنىڭ ئەر كىشى مىجىت
موللا دىيانەتلىك ئادەم بولغىنى ئۈچۈن، بۇ يېتىم ئوغۇل بىلەن

① ياڭ زىڭخۇي (ياڭ جېڭشىن) — جىن شۇرېننىڭ چېرىك ئەمەلدارى. بۇ 1931 - يىلى بولغان ۋەقە. بۇ يەردە ياڭ جېڭشىن بىلەن تۆمۈر ئېلى ئوتتۇرىسىدىكى سوقۇش سۆزلىنىۋاتىدۇ.



يېتىم قىزنى قازناقتا يوشۇرۇپ، ھېچكىمگە تىنماي ساقلىدۇق.
جاھان تىنچىغاندىن كېيىن، ئوغۇلنىڭ ئىسمىنى لىتىپ، قىز-
نىڭ ئىسمىنى گۇلەندەم قىلىپ يۆتكەپ، ئۆز بالىمىزدەك تەربى-
يىلەپ قاتارغا قوشتۇق. شىڭ شىسەينىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، لى
مازى يەنە ئاقسۇغا كېلىپ كىچىك تىجارەت دۇكىنى ئېچىپ،
ئۆزىنى قالماي ئۆلۈپ كەتتى. لىتىپمۇ، گۇلەندەممۇ مېنى ئانا
دەپ چوڭ بولدى، مەن تىلىم كەلمىگىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەس-
لىي ئىسمىنى ئاتىمايمەن، — دەپ موماي ۋەقەنىڭ بېشىدىن
سۆزلىگىلى تۇردى.
— ئۇلارنىڭ ئەسلىي ئىسمى نېمە ئىكەن، ئانا؟
لۇتپۇللانىڭ سوئالىغا تاجىنىساخان موماي جاۋاب بېرىپ
بولغۇچە، زەينەپخان ئاچا سۆز قىستۇرۇپ:
— لىتىپنىڭ ئىسمىنى لى كەيمىن، گۇلەندەمنىڭ ئىسمىنى
گو مېيخۇا، دەيتتى، — دېدى.
— قوشۇق سېلىشقا ئەجەبمۇ ئالدىراپ كەتتىڭلار، كونا
خاماننى سورۇشنىڭ ئورنى يوق، بولدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردىلا
قالسۇن، — دېدى تاجىنىساخان ئېتىراز بىلدۈرۈپ ۋە زەينەپخانغا
زەردە بىلەن كايىپ.
تاجىنىساخان مومايىنىڭ رايىغا بېرىپ، لۇتپۇللا سۆزىنى
ئەگىتىپ باشقا بىر نۇقتىغا يۆتكىمەكچى بولۇپ:
— تاجىنىساخان ئانا، مەن ھەممىنى چۈشەندىم. كەلگۈسى-
دىن خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى.
— ساڭا ئىشەنگىنىم ئۈچۈن خاتىرجەم بولىمەن، بالام،
سەن ئۈرۈمچىدە ئوغلۇم يادىكارنىڭ بېشىنى سىلىغانىكەنسەن، بۇ
يەردە مېنىڭ ۋە يېتىم قىزلىرىمنىڭ بېشىغا سايىۋەن بولۇپ
كېلىۋاتىسەن. بۈگۈن ئالايىتەن قىچقارتىپ كېلىپ ساڭا ئىچىمە-
دىكىنى تۆكۈۋالدىم. ئەمدى ئۆلسەم ئارمان يوق.
لۇتپۇللا ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلىشىشقا تەمشەلگەنىدى، تا-

جىنىساخان موماي يەنە بىر ئىشنى ئېسىگە كەلتۈردى - دە، لۇتپۇللانىڭ قولىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ:

— يەنە بىر ئاز ئولتۇرۇپ بەرگىن، بالام، يېڭى بىر ئىش ئېسىمگە كەلدى، ئۇنىمۇ دەۋېتەي، — دېدى.

لۇتپۇللا ئۆز ئورنىغا ئولتۇرۇپ، مومايىنىڭ كۆزىگە مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

— ئاڭلاپ تۇر، بالام، گۈلەندەم بولسا بىر قۇللۇق تەربىيە ئالدى، لىتىپ بولسا ئىككى قۇللۇق چوڭ بولدى، بۇنىڭدا خېلى پەرق بار، بۇ پەرق ئارىلىشىپ كەتسە بولمايدۇ. ئاڭلىسام، مۇشۇ پەرقنى يوقىتىش ئۈچۈن يېقىندا ھېلىقى ئورۇس دوختۇر ئۇۋان ئالىكسى لىتىپنى ياتقۇزۇپ خەتنىسىنى قىلىپ قويۇپتىمىش؛ «ناسارا»[①]نىڭ ئۇستىرىسى ھالال بولامدۇ؟... ئادەمنىڭ خەتنىسى يىگىرمىدىن ئاشقاندا قىلىنامدۇ؟... لىتىپ مېنىڭ ئالدىمغا كىرگەندە باشتىلا سۈننەت قىلدۇرۇۋەتمىگەن گۇناھ مەندە، لېكىن گۈلەندەم بۇ ئىشقا ھوشيار. سەن بۇ گەپنىمۇ ئېسىڭگە سېلىپ قويغىن، بالام، بۇنى ھەرگىز ئېسىڭدىن چىقىرىۋەتمە، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى تاجىنىساخان موماي يەنە.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئانا، سىز تېخى ھايات، بېجىرىم تۇرسىز، ھەممە ئىشنى بامەسلىھەت قىلىمىز.

بۇ قىزىق ھېكايىنى ئاڭلاپ، لۇتپۇللانىڭ كۈلكىسى قىستاپ ئۆزىنى ئارانلا بېسىۋالدى.

لۇتپۇللا تاجىنىساخان موماي بىلەن خوشلىشىپ سىرتقا چىققاندا، ئاللىقاچان زاۋال بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ گېزىتخانا تەرەپكە قايرىلدى. ئۇ دوقمۇشتىن ئايلىنىپ تېخى يۈز قەدەمچە ماڭغان ئارىلىقتا يولنىڭ ئىككى چېتىدە بىر - بىرىنى مارىشىپ ۋە خىرىس قىلىشىپ ئولتۇرغان

① «ناسارا» — خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى مۇسۇلمانلار بەزى چاغلاردا «ناسارا» دەپ ئاتايدۇ.



ئوسمان بىلەن لىتىپ تەڭلا قوزغىلىپ لۇتپۇللانىڭ ئالدىغا كېلىشتى. شائىر ئۇلارنى باشلاپ ھۇجرىسىغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار ئەمدىلا ھۇجرىغا كىرىپ تۇرۇشىغا، ئابورچىك تۇردى ھوسۇيۇن كىرىپ كەلدى.

— ئەجەب پەيتىدە كەلدىڭ! — دېدى لۇتپۇللا تۇردى ھوسۇيۇنگە.

— تېخى پەيتىدە كېلىپتۇمىشمەن، — دېدى تۇردى ھوسۇيۇن قېيىدىغاندەك قىلىپ، — مەن بۈگۈن سېنى ئۈن قېتىم ئىزدەپ كەلگەندىمەن. نەلەردە يورغىلاپ يۈرسەن؟

— خەپشۇك، ئاز گەپ قىل، يۈگۈر، بېرىپ بىر جۈپ شاھمات تېپىپ كەل. بۈگۈن كېچىچە شاھمات ئويناپ، مېڭىمىزنى دەم ئالدۇرىمىز.

لۇتپۇللانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، لىتىپ بىلەن تۇردى ھوسۇيۇن شاھماتقا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭغىچە ئوسمان تۆمۈر مەشكە ئوت قالاپ، چاي قاينىتىشقا كىرىشتى. ئۇلار ئىككى جۈپ بولۇپ تاكى نېسپىيىشەپكىچە شاھمات ئويناشتى. ئويۇن ئاخىرلىشىپ، ئوسمان بىلەن لىتىپ قايتىش ۋاقتىدا لۇتپۇللا ئۇلارغا:

— مەن بۈگۈن تاجىنىساخان موماي بىلەن سۆزلىشىپ كۆپ ھېكايىلەرنى ئاڭلىدىم ۋە نۇرغۇن ئىشلارنى بىلدىم. ھەر ئىككى دوستۇمنىڭ قەلبى ماڭا چۈشىنىشلىك، ھازىر بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھايات - ماماتلىق سىنىقى تۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ سىناق بىزنى كۆرەشكە جەلپ قىلماقتا. ھېچقانداق ئارزۇ ۋە شەخسىي ھەۋەس بۇ كۆرەشنىڭ ئالدىغا سېپىل سوقماسلىقى كېرەك. بىز ئاۋۋال كۆرەش سىنىقىدا تاۋلىنىمىز، مۇھەببەت سىنىقى بولسا كېيىن، مەن سىلەرنى مۇشۇ سۆزۈمگە قايىل بولىدۇ، دەپ ئىشىنىمەن. بىز يەنە كېيىن داۋاملىق سۆزلىشىپ تۇرىمىز، — دەپ سەممىمىي مۇراجىئەت قىلدى.

لۇتپۇللانىڭ مەنىلىك سۆزلىرىگە ئوسمانمۇ، لىتىپمۇ ئىك-

كىلەنمەستىن ئۆز قايىللىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئۇلار قايتماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا لۇتپۇللا يەنە ئۇلارنى توختىتىۋېلىپ:

— مەن يەنە تەكىتلەيمەنكى، ئالدىمىزدا جەڭ سەپىرى بار. چوڭ سىناق ئالدىمىزدا! — دەپ قايتا جېكىلىدى، — «ئات قولدا سىنىلار، دوست يولدا، قۇش ئوۋدا» دېگەن ئەقىل - ھېكمەتنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتۈشىمىز كېرەك!



## ئون سەككىزىنچى باب

## غەزەپ ئۇچقۇنلىرى

### 1

1944 - يىل 12 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلانغان قەھرىتان سوغۇق ئەۋجىگە چىقماقتا ئىدى. شەھەر كوچىلىرىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى دەل - دەرەخلەر ۋە باغلاردىكى ئالما - ئۈرۈكلەرنىڭ شاخلىرىغا چىڭ يېپىشىۋالغان قىرو - قارلار كىشىلەرگە گويا تەڭرىتاغنىڭ قارلىق چوققىلىرى كۆچۈپ كەلگەندەك كۆرۈنەتتى. تېخى يېقىنغىچە باغلاردا ئەركىن پەرۋاز قىلىپ ۋە شادىيانە سايراپ، دىللارغا ھۇزۇر بېغىشلىغان گۈزەل قۇشلار ئاللىقاچان ماكان يۆتكەپ، ئىللىق تەرەپلەرگە كېتىپ قېلىشقانىدى. كوچىلاردا قار توزغۇنلىرىنى ئۇچۇرتۇپ، ھەر كۈنى دېگۈدەك توختىماي چىقىۋاتقان شىۋىرغاننىڭ ئۇشقىرتقان ئاۋازى قۇلاققا يىرگىنچلىك ئاڭلىنىپ، كىشىنى بىزار قىلاتتى ۋە يىراق - يېقىنغا بېرىشتىن بەزدۈرەتتى.

مۇشۇ كۈنلەردىكى ھاۋا رايىدا بولۇۋاتقان غەلىتە ئۆزگىرىش بىلەن بىللە، كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىدىمۇ كەسكىن ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتاتتى.

يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان «قوغدىنىش ئەترىتى»نىڭ ئاتارمەنلىرى شەھەر كوچىلىرىدا خالىغانچە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشىپ، بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتەتتى.

ئېغىر زۇلۇم ۋە دەرد ـ ئەلەمدىن ئاران ـ ئاران چىداپ تۇرغان ياشلارمۇ بىر ئامال قىلىپ قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن باھانە ـ سەۋەب ئىزدىشەتتى. ئۇلار گاھىدا توپلىشىۋېلىپ، پات ـ پاتلار ساقچىلار بىلەن ئېلىشاتتى. ئۇششاق باللار «قوغدىنىش ئەترىتى» خادىملىرى بىلەن ساقچىلارنى ئاشكارا «قارا ئىتلار» دەپ تىللىۋېلىپ، ئارقا ھويلىلارغا قېچىپ كېتىشەتتى.

لۇتپۇللا شىۋىرغانلىق قەھرىتان سوغۇق كۈنلەردە ماھىر تەنھەرىكەتچىدەك ھەممىدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇراتتى ـ دە، تالاغا چىقىپ، ئاق قار، كۆك مۇز ئۈستىدە يۈگۈرۈپ بەدەن چېنىقتۇراتتى. گاھىدا لەڭگەر كوچىسىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە بىرقانچە قېتىم يۈگۈرۈپ ئايلىناتتى، گاھى كۈنلىرى گېزىتخانا بېغىدىكى ئۆرۈكلەرنىڭ ئەگمە شاخلىرىغا ئېسىلىپ تورنىك ئوينايتتى.

12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە لۇتپۇللا بىلەن مۇنىرىدىن يەنىلا تەشكىلىي ۋە تەشۋىقىي خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، مەخپىي ھەرىكەتلەرنى كۈچەيتتى. ئۇچۇق سورۇنلاردا ھېكايە ئېيتىش، تارىخ سۆزلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق تەرغىبات ئېلىپ باردى. قانۇنلۇق مەتبۇئاتتىن پايدىلىنىپ، جەڭگىۋار شېئىرلارنى داۋاملىق ئېلان قىلىش ئارقىلىق، ئويغىنىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر قانۇنىي تەشۋىقات قورالى يەنىلا «جەنۇب شامىلى» — ئەدەبىيات مۇنبىرى ئىدى. بۇ مۇنبەردە لۇتپۇللا، ئابدۇللا روزى، بىلال ئەزىزى ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابىي مەزمۇنلۇق ئەسەرلىرىنى كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلىپ تۇردى. بۇ ئەسەر ۋە شېئىرلارنىڭ ھەربىر مىسرا، ھەربىر جۈملىسى مەلۇم مۇددەتتە پارتلايدىغان بومبا بولۇپ تەييارلانماقتا ئىدى.

12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن لۇتپۇللا تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقاندا، كومپوزىتور مۆيدىن غوجا ئەكەلگەن بىر



باغاقنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ باغاقتا شائىر 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى كەچتە ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان تەبرىكلەش يىغىنىغا تەكلىپ قىلىنغانىدى. بۇ يىغىندا ئەمەلىيەتتە لۇتپۇللانىڭ ئۇيغۇر درامىچىلىقتا قوشقان تۆھپىسىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش مەزمۇن قىلىناتتى، لېكىن بۇ نۇقتا لۇتپۇللاغا ئالدىنئالا ئۇقتۇرۇلمىغان ھەم تەكلىپ باغىقىغىمۇ يېزىلمىغانىدى.

لۇتپۇللا ئىشتىن چۈشۈپ، ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، ئاۋۋال يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇدى، ئارقىدىن دەزمال سېلىپ تەييارلاپ قويۇلغان ئاپئاق كۆڭلىكىنى كىيدى ۋە بويىنىغا چېپار گالىستۇكىنى چىرايلىق باغلىدى، ئۇچىسىغا قىزغۇچ كالتە خۇرۇم چاپىنىنى، بېشىغا قىزغۇچ تىۋىتلىق قارا خۇرۇم قۇلاقچىسىنى، پۇتىغا كالتە قونچلۇق خۇرۇم ئۆتۈكىنى كىيىپ تەييارلاندى.

ئۇ ھۇجرىسىدىن چىقىپ، گۈلباغ دەرۋازىسى ئارقىلىق يېڭى بىنادىكى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئويۇشمىسى ئالدىغا بارغاندا ئالللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. يېڭى بىنادىكى دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرى «كونسېرت كېچىلىكى» ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدىرىشىپ، ئويۇشمىنىڭ كۇلۇبىغا كېتىشىپ باراتتى. شائىرنىڭ دوستلىرى ئويۇشمىنىڭ ئىچىدىكى بىر چوڭ ئىشخانىدا ئادىي زىياپەت تەييارلاپ قويغانىدى. لۇتپۇللا زىياپەت زالىغا كىرگەندە، ئۇنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان يارۇ بۇرادەرلىرى ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى. لۇتپۇللانىڭ دوستى، مەشھۇر ناخشىچى يۈسۈپجان ئورنىدىن تۇرۇپ، يېڭى يىل كېچىسىنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈش يۈزىسىدىن ۋە شائىرنىڭ ئۇيغۇر دراممىسىغا قوشقان تۆھپىسى ھەققىدە سۆزلەپ:

— ئۆتكەن بىر ـ ئىككى يىل ئىچىدە لۇتپۇللا مىللىي دراما ـ تىياتىر ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆپ

تۆھپە قوشتى. ئۇ ئەمدىلا يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، شۇنچىلىك قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئاز بولمىدى. يالغۇز دراما ساھەسىدىن ئالساق، «ئۇچراشقاندا»، «كۆرەش قىزى»، «پارتىزان بوۋاي»، «سامساق ئاكاڭ قايناپدۇ»، «چىمەنگۈل»، «چىن مودەن»، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» درامىلىرىنى يېزىپ، سەھنىلەشتۈردى. «غېرىب - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە» قاتارلىق تارىخىي ئوپېرالارنى يېزىپ سەھنىلەشتۈرۈشتە چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇنىڭ سىرتىدا «پەرھاد - شىرىن»، «رابىئە - سەئىدىن»، «لەيلى - مەجنۇن» قاتارلىق ئوپېرالارنى قايتا ئىشلەپ سەھنىلەشتۈردى. «ئارشىن - مال ئالان» درامىسىنى سەھنىلەشتۈرۈشكىمۇ بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلدى، — دېدى.

— يالغۇز بۇلا ئەمەس، — دېدى يۇسۇپجان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇ مۇشۇ دراما - ئوپېرالارغا باشتىن - ئاخىرغىچە ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلدى، كۆپلىرىدە ئۆزى باش رول ئېلىپ چىقتى، ناخشىلىرىنى ئىجادىي ئىشلىدى، دېكوراتسىيىسىنى ئۆز قولى بىلەن سىزدى. بىز يەنە ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيەتلىرىنى قوشۇپ باھالىساق، ئۇ چاغدا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە دراما ساھەسىدە ئۇنىڭغا تەڭلىشىپ تۇرالايدىغان، ئۇنىڭدەك كۆپ تەرەپلىمىلىك تالانت ۋە ئىختىساس ئىگىسىنى تېخى ئۇچرىتالمايمىز. بىز لۇتپۇللا بىلەن پەخىرلىنىمىز. بىز بۈگۈنكى يېڭى يىل ھارپىسىدا لۇتپۇللانىڭ ئىجادىي تۆھپىسىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز.

— بىز ھەممىمىز بىرگە ئەمگەك قىلىپ، ئازراق ئىجادىيەت ياراتتۇق، بۇ تېخى بەك ئاز. ھايات كىتابىنىڭ نۇرغۇن سەھىپىلىرىدە ياشلىق ئەزىز، ھايات قىممەتلىك، دەپ يېزىپ قويۇلغان، لېكىن ھاياتتا قارىغۇ مۇھەببەت قېينىقىدا ئۆزگۈچىلەر نەپرەتلىك ئىبرەتلەر بېتىنى يېزىپ قالدۇرىدۇ. شانلىق ئۆلگىلەر غايىلىك



مۇھەببەتنىڭ مېۋىسى. غايىلىك ئىنسان ئۆلۈش ئۈچۈن ياشىمايدۇ، ئەكسىچە، ياشاش ئۈچۈن ئۆلىدۇ. دېمەك، غايە — ئىنسان قەلبىگە يېقىلغان نۇرلۇق مەشئەل، يۈرەكتىكى قان! بۈيۈك مەقسەت، ئۇلۇغ ئارزۇ — يۈكسەك غايە بىلەن ئالغا قەدەم تاشلايلى. جانان قۇچاق ئاچماقتا، ۋىسال تويلىرى يېقىن، جەڭ دۈمبىقىنى ياڭرىتىپ، شۇ قۇتلۇق كۈنلەرنى كۈتۈۋېلىشقا ئاتلىنايلى! — دېدى لۇتپۇللا كەمتەرلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ جاۋابەن.

لۇتپۇللانىڭ بۇ تەسىرلىك سۆزلىرى دوستلىرىنىڭ قەلبىنى ئىنتايىن ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى.

بۈگۈنكى كۈتۈۋېلىش قىسقا، لېكىن ناھايىتى مەنىلىك ئۆتتى. ئاخىرىدا ئابدۇللا روزى ئورنىدىن تۇرۇپ، لۇتپۇللا باشلىق دوست - بۇرادەرلىرىنى «كونسېرت كېچىلىكى»گە قاتنىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى.

ئىنقىلابىي زىيالىيلار ئابدۇللا روزىنىڭ باشلامچىلىقىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى كۇلۇبىغا كىرىپ، دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كونسېرت نومۇرلىرىنى كۆردى. كونسېرت نومۇرلىرى ئىچىدە «بىر يېتىم قىزنىڭ ئېتىز ئۇسسۇلى» تاماشىبىنلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى:

دولان دەرياسى بويىدا يېتىم قالغان بىر قىزنىڭ چوڭ دادىسى سېپىل ئاستىغا كۆمۈلىدۇ، ئاتىسى ھاشار - ئالۋان دەستىدىن قەرزگە بوغۇلۇپ، كېسەل ئازابىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئاتىسىنىڭ قەرزى ئۈچۈن بۇ يېگانە قىز بىر بەگكە قۇل بولۇپ، ئەمگەكتىن باش كۆتۈرەلمەيدۇ. بويىغا يېتىپ قالغۇچە تۈزۈك كىيىم - كېچەك كىيەلمەيدۇ. تەنىنى ياپالمايدىغان جەپپىرە كىيىملەر ئىچىدە ئۇنىڭ بەدىنى كۆرۈنۈپ قالىدۇ. كۈندۈزى بەگنىڭ ئېتىزلىقىدا ئىشلەپ، كېچىلىرى بەگنىڭ قوتىنىدا يېتىپ، ئاھۇ زارلىقتا كۈن كەچۈرىدۇ.

بۇ يېتىم قىز مۇشۇ ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىككى چارە تاپىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، كۆكتولغاق (يېكەن بۇلبۇلى) نىڭ سايرىشىنى دوراش؛ يەنە بىرى، كىچىكىدە مەرھۇم ئانىسىدىن ئۆگەنگەن دولان مەشرىپى ئۇسسۇلىنى ئويناش. يېتىم قىز بۇ ئىككى ئىشنى ئېتىزلىقتا ئەمگەك قىلىۋېتىپ ئۇزاق ۋاقىت مەشىق قىلىپ، كۈندىن - كۈنگە ئۇستا بولۇپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا قىزنىڭ بويى ئۆسۈپ، بەدىنى تولۇپ، يېزا يىگىتلىرىنىڭ نەزىرىنى تارتىدۇ. ئاخىرى قوشنا يېزىلىق بىر يىگىت ئېتىز بېشىدا مەشرەپ ئۇسسۇلى ئويناۋاتقان بۇ يېتىم قىزنىڭ ماھارىتىگە ۋە ئۇنىڭ غۇبارسىز ساپ قەلبىگە شەيدا بولۇپ، ئىككىيلەن توي قىلىپ، زۇلۇمدىن قۇتۇلغان كۈرەش تارىخى تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇسسۇلنىڭ ۋەقەلىكىنى ئابدۇللا روزى ئۆزى يېزىپ چىققان. ئۇنى يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇللۇق تارىخىي دراما دېيىشكە بولاتتى.

ئۇسسۇلنىڭ ماھىيىتىنى ئالدىن چۈشەنگەن بىلال ئەزىزى ھاياجانلىنىپ، ئۆز ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى - دە، قولىغا قەغەز - قەلەم ئېلىپ، دەرھال «سىڭلىم — ئويناڭ» ماۋزۇلۇق شېئىر يېزىپ چىقتى ۋە «كونسېرت كېچىلىكى»نىڭ ئاخىرىدا سەھنىگە چىقىپ، جۇشقۇن ھاياجان ئىچىدە بۇ ئىجادىيىتىنى ئوقۇپ بەردى. كۆپچىلىك تۆۋەندىن ئۇنىڭغا گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى.

× ×

بۈگۈن كېچىلىك كونسېرت نومۇرلىرى ئاخىرلاشقان چاغدا، تارىخنىڭ كالېندارى يېڭى بىر يىلغا قەدەم قويغانىدى. ۋاقىت ئىسترېلكىسى 1945 - يىلنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.



دەل مۇشۇ چاغدا قورچاق ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى بىر ئېگىز سەگە تېرەككە «ئۈچ مەھبۇس»نىڭ كاللىسى ئېسىپ قويۇلغانىدى!

دەل مۇشۇ چاغدا، جاللاتلار ئۆتكۈزۈشكەن كېچىلىك زىياپەتتە، بۇ گۇناھسىز مەھبۇسلارنىڭ يۈرەكلىرى سەي قىلىنىپ يېيىلمەكتە، قانلىرى شارابقا قوشۇپ ئىچىلمەكتە ئىدى.

شائىر ئەتىسى بۇ پاجىئەلىك پاكىتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن ئۈچ باش ئېسىقلىق تۇرغان ئېگىز تېرەك يېنىغا كەلدى.

لۇتپۇللانىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، چىشلىرى غۇچۇرلايتتى، كۆزىدىن ئوت چاقناپ، مۇشتلىرى تۈگۈلەتتى. ئۇ ئېسىلغان باشلار ئالدىدا بىرنەچچە مىنۇت سۈكۈت قىلدى.

يېڭى يىل كۈنى تاڭ سەھەردىن باشلاپ ياغقىلى تۇرغان قار تېخىچە لەيلەپ چۈشۈۋاتاتتى. جاللاتلار تۈنۈگۈن كېچىچە قان ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكەن شاراب كەيپىدە مەستلىكىدىن يېشىلمەي، تېخى ھارام ئۇيقۇدا ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، شۇ ھاراقنى يەنە ئىچەتتى.

دەرەختە ئېسىلىپ تۇرغان بۇ باشلار ئۈستىگە ئاپئاق قار قونغانلىقتىن، بىر قاراشتا كىشىگە خۇددى ئىچىلغان قار لەيلىسىدەك كۆرۈنەتتى. شائىر ماتەم سۈكۈتىنى تۈگىتىپ، ئىككى قولىنى تۈچ رەڭلىك كالتە خۇرۇم چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا سالدى - دە، قارلىق كوچىدا مەردانە قەدەم تاشلاپ تۆت كوچا ئېغىزىغا كەلدى. ئۇ، ئۇ يەردە ئۇزۇن تۇرماي شىمالىي دەرۋازىدىن ئۆتۈپ، تاشقىرىقى بازارغا چىقتى. بۇ يەردە ئۇنىڭغا يەنە قەدىردان دوستلىرىدىن بىرى بولغان سالاخۇن ئاشپەز ئۇچرىدى.

— يۈرۈڭ، ئەجەب ئوبدان ئۇچراپ قالدىڭىز، چاي ئىچىمىز، تاماق يەيمىز، — دېدى سالاخۇن شائىرنى ئاشخانىسىغا تەكلىپ قىلىپ.

ئاشخانا ئىچىدە سەيدۇللا يالغۇز ئولتۇرۇپ چاي ئىچىۋاتاتتى. شائىر سالام بېرىپ يېنىغا باردى. سەيدۇللا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى - دە، شائىرنى يۇقىرىغا تەكلىپ قىلغاچ، ئالدىغا چاي قويدى، لېكىن لۇتپۇللانىڭ ئىچىدىكى ۋۇلقان تېخى ئۆچمىگەنىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى غەزەپ ئوتلىرى كۆيدۈرۈۋاتاتتى. سەيدۇللا دەرھال شىرە ئاستىغا يوشۇرۇپ قويغان مۇسەللەسنى ئېلىپ، ئىككى پىيالىگە تەڭشەپ ئاز - ئازدىن قۇيۇپ:

— مەن مەدرىسىدە كۆپ ئوقۇغان، ئاڭلىغانلىرىم، ئوقۇغانلىرىم، بىلىدىغانلىرىم ئاز ئەمەس، لېكىن مەن ئىماملىقتا ۋە مۇدەررىسلىككە يارىمايمەن. مېنى بەزىلەر جەدىت[1] ۋە ئۆمەر ھەييامنىڭ[2] مۇرىتى دەپ ھېسابلايدۇ. مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق پەلسەپەم بار. مۇشۇ پەلسەپە ئېتىقادىم بىلەن ئاخىرەتكە كېتىۋېرىمەن، — دېدى شائىرغا.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھەرقاچان سەيدۇللا بىلەن كۆرۈشكەندە، كۆپرەك ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلايتتى، ئۆزى كەم سۆزلەيتتى، بۈگۈنمۇ ئۇ شۇنداق قىلدى.

— مەن، — دېدى سەيدۇللا موللا، — قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان چاغلىرىمدا ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرىنى ئۆزئارا بەزمىلىرىمىزدە كۆپ ئوقۇپ بېرەتتىم. مۇتەئەسسىپ تالىپلار ئانچە ياقتۇرمىسىمۇ يەنە قىزىقىپ ئاڭلايتتى. مەن موللا بولساممۇ ئاز - پاز مۇسەللەس ئىچىپ قوياتتىم، تالىپلار مېنىڭ سۆزلىرىمگە ئامراق ئىدى. مەن دەرد ئۈستىدە ھېكايە سۆزلەيتتىم، ئەلەم ئۈستىدە شىكايەت قىلاتتىم ... مېنىڭ ھېكايىلىرىم، شىكايەتلىرىم، رىۋايەتلىرىم خەلق ئېيتىدىغان مۇنداق بىر قوشاقتىن يىراق ئەمەس ئىدى:

① جەدىت — دىنىي ئىسلاھاتچىلار، ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىق تەرەپدارلىرى «جەدىت» دەپ ئاتىلاتتى.

② ئۆمەر ھەييام (1048 — 1122) — ئالىم، ماتېماتىك، ئاسترونوم ۋە ئاتاقلىق شائىر، دىنىي مۇتەئەسسىپلىككە قارشى كۈچلۈك ئوت ئاچقان ئىران مۇتەپەككۇرى.



دۇتار چالىدۇ دەيدۇ،
ناخشا ئېيتىدۇ دەيدۇ.
ھەركىم ھەرنېمە دەيدۇ،
دەرد كەلمەيدۇ بىلمەيدۇ.

دەرد نەدىن كېلىدۇ؟ زۇلۇمدىن، قان شوراشتىن كېلىدۇ! ... ئۇلۇغ ئالىم ئۆمەر ھەييام ئۆزىنىڭ رۇبائىيلىرىدا بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن:

ئەي مۇپتى بىز سەندىن ئىشچانراقدۇرمىز،
مەي ئىچسەكمۇ، ھوشيارراقدۇرمىز.
بىز ئۈزۈم سۈيى ئىچىمىز، سەن ئادەم قېنى،
ئېيتقىنچۇ قايسىمىز خۇنخورراقدۇرمىز؟

بۇ رۇبائىينى ئاڭلاپ شائىرنىڭ ئىككى كۆزىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. ئۇ رۇبائىينى دەرەخكە ئېسىلغان باشلارغا، جاللاتلار كېچىدىن بويان شارابقا قوشۇپ ئىچىۋاتقان ساپ ئادەم قانلىرىغا تەقلىد قىلىپ، غەزەپ - نەپرىتى ئۆرلەيتتى. ئۇ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، سەيدۇللا موللا بىلەن بىر پىيالىدىن مۇسەللەس ئىچتى.

— بۈگۈن، — دېدى سەيدۇللا موللا سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — بېرىم كېچىدە دەرەخكە ئېسىلغان گۇناھسىز باشلارنى پۈتۈن خەلق ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. بۇ قان ئىچكۈچى جاللاتلارنىڭ ئەڭ چوڭ ۋەھشىيلىكى. بۇ ۋەھشىيلىككە ئىنسان بالىسى چىداپ تۇرالمايدۇ. جاللاتلار مۇشۇ يول بىلەن ئۆزىنىڭ گۆرىنى ئۆزى كولايدۇ. تارىختا مۇنداق مىساللار ئىنتايىن كۆپ:

قىلىچنى ئوينىتىپ قانخور، قىلىچتا ئېلىنار باشى،
كىشىنىڭ يېشىنى تۆكسە، ئاقار ھەم قان بولۇپ ياشى.

بۇ دەۋران ئۆتمۈشى شاھىت، كېچىنىڭ كۈندۈزى باردۇر،
كى زۇلمەت چەكتىن ئاشقاندا، غۇلارمىش تەختى ـ نەققاشى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن سەيدۇللا قىزغىن سۆھبەت قىلىۋاتقاندا، ئاشخانىغا تاماق يېيىش ئۈچۈن يەنە بىرمۇنچە خېرىدارلار كىرىپ كەلدى. سالاخۇن بۇيرۇتۇپ قويغان لەگمەننى كەلتۈرۈلدى. خېرىدارلار باشقا ئورۇنلارغا پېتىشماي، سەيدۇللانىڭ قاتارىغا كېلىپ قىسىلىپ ئولتۇرۇشتى. سەيدۇللا سۆزىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، سۆھبەتنى كېيىنكى نۆۋەتكە قالدۇردى ـ دە، سەيدۇللا بىلەن خوشلىشىپ ماڭدى.

## 2

تېرەك بېشىدا بىر ھەپتىگىچە ئېسقىلىق تۇرغان گۇناھسىز باشلارنىڭ ۋەھىمىسى تاكى فېۋرالنىڭ بېشىدا ئۆتكۈزۈلگەن چاغان بايرىمىغىچىلىك شەھەر خەلقىنىڭ روھىدىن تارقىلىپ كەتمىدى، بەلكى يېڭى ـ يېڭى گەپ ـ سۆزلەر پەيدا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ كۆپەيتىۋەتتى:

«بېشى كېسىلگەنلەردىن بىرىنىڭ يۈرىكىنى يېڭى يۆتكىلىپ كەلگەن ۋۇ جۇيجاڭ يەپتۇدەك؛ بىرىنىڭ يۈرىكىنى جاۋ تۇەنجاڭ يەپتۇدەك؛ يەنە بىر يۈرەكنى ليۇ دوتەي يەپتۇدەك.»

سۆز ـ چۆچەك كۆپەيگەنسېرى كىشىلەرنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى ئوچۇق ـ ئاشكارا كوچىلارغا چىقالمايدىغان بولۇپ كېتىشتى، ھەتتا نۇرغۇن كىشىلەر پەرزەنتلىرىنى يوشۇرۇپ، يېزىلاردىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ماڭدۇرۇۋېتىشتى.

«گەپ تارقاتقۇچىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش» ئۈچۈن كىشى-



لەرنىڭ پېيىدە يۈزلىگەن ماراقچىلار مارىشىپ يۈرۈشەتتى.

ئەمما ئىشنىڭ سىرى باشقا يەردىن چۇۋۇلۇپ چىقتى. ئەسلىدە جاللاتلارنىڭ بۇ سىرىنى ئاشپەز ساۋ شىخۇ مەستلىكىدە ئاغزىدىن چىقىرىۋەتكەنىكەن. ساۋ شىخۇ بىر كۈنى مەست بولۇپ، خۇدىنى بىلمەي يېتىپ قالغان چاغدا، ئۇنى يوقلاپ كىرگەن بىر ئاغىنىسىگە بۇ ئىشنى دەپ سالغانىكەن. ئاشپەز يۈرەكلەردىن سەي قورۇپ بولغاندىن كېيىن، كېچىسى قارا بېسىپ ياتالمايدىغان بولۇپ قالغان. ئۇ ئەمدىلا ياستۇققا باش قويغاندا ئۈچ باشنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ تۇرۇۋالىدىكەن ـ دە، ئۇ شۇئان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى رومكا ھاراق ئىچىپ، قورقۇنچىسىنى باسماقچى بولىدىكەن، لېكىن ئۇ يەنە ئەمدى ياتاي دەپ تۇرۇشىغا ئۆلتۈرۈلگەن مەھبۇسلارنىڭ كۆزى يەنىلا نەپرەت ياغدۇرۇپ چەكچىيىدىكەن، ئاشپەز يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ ھاراق ئىچىدىكەن. ئاشپەز ئاخىر يۈرەك كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ، خىزمىتىگە بارالماس بولۇپ قېلىپتۇ. لېكىن ئىش مەلۇم بولۇپ قالغاندىن كېيىن، جاللاتلار دەرمانىدىن كېتىپ قالغان ئاشپەزنىڭ كۆزىنى ئويۇپ، تىلىنى كېسىۋېتىپتۇ. بۇ ۋەقە ئۇزۇنغا قالماي پۈتۈن شەھەرگە پۇر كەتتى.

چاغان يېتىپ كېلىشىنىڭ سەل ئالدىدىراق، بىر كۈنى لۇتپۇللا ئەتىگەن سەھەردە ئادىتى بويىچە كوچىدا تەنھەرىكەت قىلىپ، تەرىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن لەڭگەر كوچىسىدىكى چوڭ خانىقا ئالدىغا ئاستا مېڭىپ كەلدى. خانىقا ئالدىدىكى سۇپا ـ سۆكىچەكتە ئولتۇرغان بىرقانچە كىشى ئەنە شۇ ھەقتە سۆزلىشىۋاتاتتى. لۇتپۇللا بۇ پاراڭنىڭ مەزمۇنىغا قىزىقتى ـ دە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى. پاراڭ سېلىۋاتقانلار سۆز تېمىسىنى دەرھال ھاۋا رايىغا يۆتكىۋالدى:

— بۇ يىل ئاينىڭ قوتانلىشى باشقىچىرەك تۇرىدۇ، يىل ئوبدان كەلمەيدۇ.

— بۇ يىل چاشقان كۆپىيىپ كېتىدۇ. ئاپەت بولۇپ ئەسچەلىنىك باسىدىغان تۈرى بار.
— ئاخشام ئۈكەرنىڭ يېنىدا بىر قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ يىل مۆلدۈر كۆپ بولىدۇ، قىيان كۆپ كېلىدۇ.
— بۇ يىل «سامانيولى» تۇتۇق تۇرىدۇ. چوقۇم ئەتىيازلىقتا سېرىق توپا يېغىپ كېتىدۇ.
— ئاخشام چولپان بەك چىرايلىق كۆرۈندى. قارلىغاچ، ھاڭگىرىت، غاز ـ ئۆردەكلەر پات ـ يېقىندا كۆپىيىپ كېتىدۇ.
لۇتپۇللا ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى خېلى ئۇزاققىچە ئاڭلاپ تۇردى. كېيىن ئۇ ئۇلاردىن بايىقى سۆزنى سورىماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇراتتى، خانىقا ئالدىغا بىر ئۆسمۈر دىۋانە بالا ساپايى بىلەن ھۆكمەت تولاپ كېلىپ قالدى:

مەن بىر يېتىم قوزىمەن،
ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىلغان.
لاچىن سوققان چۈجىدەك،
قانىتىمدىن قايرىلغان.

يەرگە چۈشتى لەپەڭلەپ،
ئەسكى جۇۋا دولىدا.
ئىككى توقاچ تىلەيمەن،
مەن خۇدانىڭ يولىدا.

ھەق دوست يائاللا،
قىينالدى ئەزىز جانلار.

تىلەمچى بالىنىڭ رەڭگى سېرىق، تېنى ئورۇق، خۇددى



قورۇپ قالغان كۆچەتكە ئوخشايتتى. ئۇ پۇتىغا كونىراپ تاپىنى قالمىغان، بىر پېيىغا ئىككىلا پۇتىنى سالسىمۇ يەنىلا چوڭ كېلىپ قالغۇدەك مالچاق پىيما، ئۈچىسىغا جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەن قورۇق جۇۋا، بېشىغا بولسا پاخپىيىپ جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن ئەسكى سالپاڭ تۇماق كىيىۋالغانىدى.
بالا ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرگەن پېتى دۇئا قىلىپ، ئىككى كۆزىدىن ياش تۆكۈپ تۇراتتى.
لۇتپۇللا ھەممىنىڭ ئالدىدا يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، تىلەمچى بالىغا بەردى. تىلەمچى بالا پۇلنى ئېلىپ يەنە بىر قېتىم دۇئا قىلدى. ئارقىدىن قالغانلارمۇ ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئاتىغانلىرىنى سادىغا قىلىشتى. ئارىدىن بىر كىشى تىلەمچى بالىغا ئىچ ئاغرىتىپ:
— يۈر، بالام، ئۆيۈم يېقىن، قورسىقىڭنى توقلاپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىڭنى يەڭگۈشلەپ قوياي، — دېدى.
— خۇدا رەھمەت قىلسۇن، دادا! — دەپ دىۋانە بالا بۇ كىشىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى.
ئۇلار خانىقا ئالدىدىن قوزغىلىپ كېتىشتى. لۇتپۇللامۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئۆز ھۇجرىسىغا قايتىپ كەلدى.

× ×

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي چاغان يېتىپ كەلدى.
ھاۋا كۈندىن ـ كۈنگە ئىللىپ، قار ـ مۇزلار ئېرىشكە باشلىغانىدى، لېكىن ئۇرۇش ۋەھىمىسى ئىچىدە «قوغدىنىش ئەترىتى» ئالۋان ـ سېلىقنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ «ئۇھ» دېگۈچىلىك دەرمانىنى قويمىغانىدى. يېزىلاردىن شەھەرگىچە ھارۋا ـ ھارۋىلاردا قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي توشۇلۇۋاتقان ئاشلىق، ئوتۇن ـ سامانىنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى، زۇلۇم

ئەدەپ كەتمەكتە ئىدى.

خەلقىنىڭ كۆڭلى دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالغانلىقتىن، ئىككىدىن ئارتۇق ئادەم بىر يەرگە جەم بولۇپ ئارامخۇدا سۆزلەشەلمەيتتى. قورقۇش ۋە خۇدۇكسىرەش كىشىلەرنىڭ قەلبىنى مۇجۇپ تۇراتتى.

قەيسەر شائىر دەل مۇشۇ ئىقىمغا قارشى «خىيالچان تىلەك» ناملىق جەڭگىۋار شېئىرنى ئېلان قىلىپ، پۈتۈن تارىم ۋادىسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. بۇ شېئىر مىڭلىغان كىشىلەرگە مەدەت - ئىلھام بېغىشلىدى ۋە ئۇلارنى غەپلەتتىن ئويغاتتى.

لۇتپۇللا چاغاننىڭ ئۈچىنچى كۈنى قىشلىق كىيىمىنى تاشلاپ، بېشىغا بادامدوپپا، ئۈچىسىغا سارجا گىمناستۇركا كىيىپ، گىمناستۇركا ئۈستىدىن كەمەر باغلاپ، پۇتىغا قارا شىبلىتىنى مايلاپ كىيىپ، «تۇنجى باھار مېنىڭكى!» دېدى - دە، نابورچىك دوستى تۇردى ھوسۇيۇننى باشلاپ كوچىغا چىقتى. لەڭگەردىكى چوڭ خانىقا ئالدىغا كەلگەندە، پېشقەدەم سەيداشلىرىدىن تۇردى خەلىپە ۋە كەلپىنلىك موللا ھاپىز چېكىنى بىلەن ئۇچراشتى. لۇتپۇللا ئۇلارغا سالام بېرىپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم تاغىلار، «ئەلئىبھرام»[1] ياسىلىپ خېلى بىر يەرگە باردىمۇ؟ — دېدى.

لۇتپۇللا بۇ ئۇلىما تاغىلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە دائىم مۇشۇ ئاتالغۇنى ئىستېمال قىلىپ سۆز باشلايتتى. بۇ ئاتالغۇ شۇنداقلا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىنقىلابىي ئالاقە «پارولى» ئىدى.

— شۇنداق ياسىلىۋاتىدۇ. مەدەت سىزدىن، غەيرەت بىزدىن، — دېدى جاۋابەن تۇردى خەلىپە.

ئۇلار يول ئۈستىدە ئازلا سۆزلىشىپ ئايرىلىشتى.

لۇتپۇللا بىلەن تۇردى ھوسۇيۇن مويسىپىتلەردىن ئايرىلىپ،

① ئەلئىبھرام (پىرامىدا) — مىلادىيەدىن بەش مىڭ يىللار بۇرۇن ياسالغان قەدىمكى مىسىرنىڭ دۇنياۋى داڭلىق قۇرۇلۇشى. ئۇ، پەلەمپەي شەكىلدە مەرمەر تاشتىن قەۋەتلىنىپ ياسالغان بولۇپ، دۇنيادىكى يەتتە چوڭ مۆجىزىنىڭ بىرى.



يېزىلاردىن ئاشلىق يۈتكەپ كېلىپ، تاشقىرىقى بازاردىن تا خەندەك كوچىسىغىچە قاتارلىشىپ تىزىلىپ كەتكەن ھارۋىلار توپىغا باردى. بۇ ھارۋىلارنىڭ كۆپىنچىسى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ قۇرباغ، توپقان، قىزىل، جام قاتارلىق جايلىرىدىن كەلگەنىدى. سەھرادىن كەلگەن بۇ دېھقانلار لۇتپۇللانىڭ بېشىدىن - ئايىغىچە قارىشاتتى. شائىر ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلىك تونۇش باللار بىلەن چاقچاقلىشىپ:

— مەن باھار قارلىغىچى، دوپپامغا قارايسىلەرغۇ؟ — دېدى.

ئەتراپتىكى باللار ۋە يېزىدىن كەلگەنلەر تېخى بېشىدىكى تۇمىقىنى، پاختىلىق چاپانلىرىنى تاشلىمىغانىدى. باھار كىيىمى بۈگۈن شائىرغا تولىمۇ ياراشقانىدى.

— دوپپىڭىز خويمۇ چىرايلىق يارىشىپ كېتىپتۇ، لۇتپۇللا ئاكا، مەستلىكىمىز كېلىپ سىزگە قاراۋاتىمىز، — دېدى ئېگىز، ئىنچىكە بويلۇق بىر بالا كۈلۈپ.

— ماۋۇ يىڭناغۇچنىڭ چاقچىقىنى قاراڭ، — دېدى شائىر چاقچاق بىلەن، — مۇشۇنداق دوپپىنى سەن كىيسەڭمۇ يارىشىۋېرىدۇ.

ئەتراپتىكى باللار يىڭناغۇچ سۆزىنى ئاڭلىۋېلىپ، پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە «يىڭناغۇچ!» «يىڭناغۇچ!» دەپ ھېلىقى بالىنى شاڭخو قىلىشقا باشلىدى.

لۇتپۇللا باللار يېنىدىن ئايرىلىپ، قاتار تىزىلىپ تۇرغان ھارۋىلار ئارىسىغا كەتتى. بۇ يەردە ئۇ بىر ئوتتۇرا ياشلىق ھارۋىكەش بىلەن سالاملىشىپ بىردەم پاراڭلاشتى:

— ئاكا، بۇ ئاشلىقىنى نەگە ئاپىرىسىلەر؟ — دېدى لۇتپۇللا.

ئالۋان ئاشلىقى بېسىپ كەلگەن ھارۋىسىنى خەندەك ئۈستىگە بويىغا توختىتىپ قويۇپ، ھارۋا شوتىسى يېنىدا ئولتۇرغان

بۇ دېھقان قارا ساقال، ئورۇق ـ جۇدەڭگۈ كىشى ئىدى. ئۇ بېشىغا دولان تۇمىقى، ئۇچىسىغا قارا ماتادىن ئىشتان ـ چاپان كىيىۋالغان، بېلىنى كەندىر شوينىسىدا باغلىۋالغانىدى. ئۇ چوڭقۇر غەمگە پاتقان ھالدا ھارۋا شوتىسى يېنىدا ئولتۇرۇپ قۇرۇق نان چايناۋاتقاچقا، قوۋزىغا لىققىدە تولدۇرۇۋالغان نېنىنى يۇتۇپ بولماي تۇرۇپ، سوئالغا جاۋاب بېرەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ قېتىپ كەتكەن زاغرا ناننى چايناپ ئاران دېگەندە يۇتۇپ بولدى ـ دە، سۆزلەشكە باشلىدى:

— «بىر ھارغاندىن سورىماڭ، بىر ئاچقاندىن» دېگەن تەمسىلىمىز بار، ئۇكام، ئاغزىمىزغا گىياھ سالماي يېرىم كېچىدە يولغا چىقىپ ئاران مۇشۇ يەرگە كېلىۋالدۇق. قورساق راستىنلا ئېچىپ كەتتى. مانا كۆرۈۋاتىسىز، يەيدىغىنىمىز مۇشۇ، نېرى يۇتسا بېرى چىقىدۇ. يا قورساققا دال بولمايدۇ، يا جانغا! ئالۋاننىڭ دەستىدىن ئۆيدە ئەسلى تۇرالمايمىز، بالا ـ چاقىلىرىمنىڭ كىيگۈدەك كىيىمىمۇ يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جاھاننىڭ كۈندىن ـ كۈنگە قاتتىقچىلىقىنى دېمەمسىز!

دېھقاننىڭ ئېچىرقاپ كەتكەنلىكى — ئورىدەك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئىككى كۆزىدىن ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. دېھقان ئاغزىغا يەنە بىر بۇردا نان سېلىۋالدى ۋە چاينىغىلى تۇردى. دېھقاننىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلاۋاتقان شائىر «ئۇ بۇ ناننى نېمىدە يۇتۇپ بولار؟» دەپ تەقەززا بولاتتى. ئۇ، دەرھال ئارقىغا بۇرۇلدى ـ دە، خەندەك بويىدىكى بوزىچى قىرغىز ئايال سۆيۈمقاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ، بىر چەينەك چاي ۋە بىر چىنە ئاچىقىپ دېھقاننىڭ ئالدىغا قويدى ۋە چىنىگە چاي قۇيۇپ، ئىككى قولى بىلەن دېھقانغا تۇتتى.

— رەھمەت، ئۇكام! خۇدا رەھمەت قىلسۇن! — دېدى دېھقان ۋە تاۋلىنىپ قالغان چاينى بىرلا ئوتلاپ سۇمۇرۇپ تۈگەتتى. شائىر چەينەكتىن يەنە چاي قۇيۇپ:



— زاغرىنى چايغا سېلىپ ئىچسىلە، ئاكا، ئاشخانىغا باشلاپ بارايمۇ ـ يە؟ — دېدى.

— مېنىڭ چايسىز زاغرا ناننى غاجاپ ئولتۇرغىنىم — ھارۋىنىڭ قېشىدىن ئايرىلالمىغانلىقتىن ئىدى، پۇلۇمغۇ يوق، ھارۋىدىن ئايرىلسام بولمايدۇ. مۇشۇ ئەتراپىمىزدا دورغا، يايلىرىمىز بار. ئۇلارنىڭ قامچىلىرىغا يىلاننىڭ زەھىرى يۇغۇرۇلغان. دورغىنىڭ قامچىسى، يايىنىڭ داڭگىسى، يامۇلنىڭ گاڭزىسى كۆرمىڭ ـ كۆرمىڭ بېچارە دېھقانلارنى خانىۋەيران قىلىۋەتكەنلىكىنى بىلەمسىز، ئۇكام؟ بىزنىڭ بۇرنىمىزمۇ ئۆلۈم پۇراپ تۇرۇۋاتىدۇ، جاندىن كېچەي دەپ قالدۇق.

ئالمامەن ئالارىڭنى،
ئىككى پاي ئوقۇڭ يوقمۇ؟
سەن بىزنى يامان دەيسەن،
ياراتقان خۇدا يوقمۇ؟

مانا بۇ غەزەل ـ ناخشىلارنى مۇشۇ بىزدەك جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان، يۈرەكلىرى قان ـ زەرداب بولغان دەردمەنلەر چىقارغان.

— قېنى، چىنىدىكى نان يۇمشىدى، ئاۋۋال چاينى ئىچىۋالسىلا، ئاكا، ئاندىن سۆزلىشەيلى.

شائىر دېھقاننى چايغا تەكلىپ قىلغاچ، چىنىگە يەنە چاي قۇيۇپ قويدى. يۇمشاپ كەتكەن ناننى دېھقان تېزلا يېۋېتىپ، سۆز باشلىدى:

— مۇشۇ يېقىندىن بۇيان، — دېدى دېھقان شائىرغا رەھمەت بىلدۈرگەچ، — گوداڭ[1]لارنىڭ بېشىغا پىت چۈشۈپ قالدى بول-

① گوداڭ — «گومىنداڭ» دېگەن سۆزنى دېھقانلارنىڭ گاھىلىرى بۇزۇپ، گاھىلىرى مەسخىرە قىلىپ، «گوداڭ» دەپ ئاتىشاتتى.

غاي، ئاشلىق ئالۋىنىنى كۆچەيتىپ، مىڭلاپ بەگ، دورغا، يايىلارنى ئاشلىق سەيسىسى ئۈچۈن ئۈجمە، يېڭىشەرىق، ئايكۆل، سايئېرىق، قۇمباش، بەشتوگمەن، ئاۋات، قىزىل، جام، ئارال، كۆكباش، توپلۇق قاتارلىق رايونلارغا ئەۋەتتى. ھەر كۈنى يۈزلەپ هارۋىلار مۇشۇ سېپىل ئىچىدىكى ساڭغا ئاش يۆتكەيدۇ. يېزىلاردا بولۇۋاتقان قىيا - چىيا، دادۇ پەريادنىڭ دەستىگە چىداپ تۇرغىلى بولىدۇ دەمسىز. بۇنىڭغا قارىغاندا ئامباللارنىڭ بېشىغا پىت چۈشتى. ئىچكىرىسىدە بىر گەپ بار، دەپ گۇمان قىلىۋاتىمىز. يېقىندا باشقىراق مىش - مىش پاراڭلارمۇ بار. خەقلەر تاغ ئارقىسى بۇزۇلۇپتۇ، دېيىشىدۇ. ھەر ھالدا بىر گەپ بار، ئۇكام، يا ئىچكىرىسىدە بىر گەپ بار، يا تاغ ئارقىسىدا بىر گەپ بار. بۇرۇنىسىدا «تەيپۇنەم»[①] بۇزۇلۇپ چىققاندا، «ئىچكىرىسىدە بىر گەپ بار» دېگەن ناخشا چىققان. بۇ ناخشا بىكار چىقمىغانىكەن:

ئاللا، ئاللا، ۋاي باللا،
ئىچكىرىسىدە بىر گەپ بار.
ئويىنىۋېلىڭلار ياش باللا،
ئىچكىرىسىدە بىر گەپ بار.

تەيپۇنەملىك چامباشى،
سېرىق ئىكەن چەپ قاشى.
تاشتەك چىڭ ئىكەن باشى،
ئىچكىرىسىدە بىر گەپ بار.

— مەيلى ئىچكىرىسىدە بىر گەپ بولسۇن، تاشقىرىسىدا بىر

① «تەيپۇنەم» — 1850 - يىللىرى ئىچكى جۇڭگودا قوزغالغان بۈيۈك دېھقانلار قوزغىلىڭى «تەيپىڭتيەنگو» ئىنقىلابىنىڭ نامىنى ئۇيغۇرلار «تەيپۇنەم» دەپ ئاتىشاتتى.



گەپ بولسۇن، — دېدى دېھقان سۆزىنى داۋام قىلىپ، — يەنىلا بىز دېھقانلارنىڭ ھالىمىز ياخشىلانمايدىكەن. بېگىم كېتىپدىكەن، غوجام كېلىپدىكەن، بۆز خالتىسى بىرگە بولىدىكەن، گېلىغا ئوغۇز، ئاتلىرىغا بوغۇز بىزدىن بولىدىكەن.

— ئاۋۇ سېپىلنى كۆرۈۋاتامسىز؟ — دېدى دېھقان شائىرغا سوئال قويۇپ ۋە سېپىلنى كۆرسىتىپ، — دېھقانلارنىڭ ئاتا - بوۋىسى سالغان. كۆرمىڭ تۇردىئاخۇن بىلەن توختىئاخۇن سېپىل تېمىغا قوشۇلۇپ قاڭدىلىپ ئۆلگەن. دېھقانلارنىڭ قوشاق توقۇپ، دەرد - پىغانىنى ئىزھار قىلىشتىن باشقا يەنە نېمىمۇ ئىلاجى بولسۇن. بالا - قازا بىزگىلا كېلەمدۇ؟ تۈگمەن تېشى بىزنىلا يانجىمدۇ، پانىي ئالەمنىڭ دوزىخى بىزگىلا باقىمەندىمۇ؟

سۇلتان غوجام سورايدۇ،
سېپىل سوقتانلار نەلىك.
بىز بۇنداق جاپا تارتىپ،
بىكار ياتامدۇ شەلىك.

مانا بۇ قوشاق ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان دېھقانلارنىڭ پەلەك چاقى ئۈستىدىن قىلغان ئەرز - شىكايەتنامىسى.

دېھقان سۆزلەۋېتىپ «ئۇھ» دەپ بىر تىنىۋالدى - دە، ھاياجان ئىچىدە ئۇتلۇق ھېسسىياتىنى باسالماي، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— بۇ ئاشلىقنى ئاپىرىپ ساڭغا تۆكىمىز. ئۇنى هارام تاماقلار بىكار يېتىپ يەيدۇ. بىزنىڭ يەيدىغىنىمىز سىز ھېلى كۆرگەن كۈنجۈرە. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ كەتتىم، بەش بالام، خوتۇنۇم دائىم ئاچ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايىدا قان يوق، تېنىدە شىلىۋالغۇچىلىك ئەت يوق؛ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان. مېنى بولسا ئۆيدە قويۇشمايدۇ، قىشتا هاشار،

ئەتىيازدا ھاشار، يازدا ھاشار، كۈزدە ھاشار! ! ... ئىنسان مۇشۇنداق ياشامدۇ؟ زادى بىزنىڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقىمىز قالدى؟ بۇنداق كۈندىن گۆر ياخشى ئەمەسمۇ؟!

دېھقان ئۆزىنى توختىتالماي ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى.

— يىغلىمىسىلا، ئاكا، — دېدى لۇتپۇللا دېھقانغا تەسەللى بېرىپ، — نېمىگە يىغلايمىز، يىغلىماسلىقنىڭ ئىلاجىمۇ بار.

— شۇنداقمۇ دەيسىز، ئۇكام، مېنىڭ «يېمىگىنىم گەندە، كۆرمىگىنىم گۆر» لا قالدى، مېنىڭ كۆرگەن كۈنۈم شۇ تۇرسا، ئەۋلادلىرىم نېمە كۈن كۆرەر، ئۆلسەم كۆزۈم قانداق يۇمۇلار؟!

— ئوغلىڭىز بارمۇ؟ ئالدى قانچە ياشلاردا؟

— ئۈچ ئوغلۇم بار. ئالدى ئون سەككىز — ئون توققۇزلارغا كىردى.

— ناھايىتى ياخشى. ئات ئۈستىدە ئولتۇرالايدىكەن. ھېلى سىز دېگەندەك، ھازىر «تاغ ئارقىسىدا بىر گەپ بار»، «ئىچىمىزدە بىر ‹خەپ!› بار». ئەمدى يىغلاشنىڭ ئورنىغا ئەنە شۇ تاغ ئارقىسىدىكى بىر «گەپ» بىلەن ئىچىمىزدىكى «خەپ!» نى بىرلەشتۈرۈشىمىز لازىم. مانا بۇ بىزنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولىمىز. «غوجامنىڭ غوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى!...» تارىخ ھامان مۇشۇ قائىدىدە دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ:

بۇ تارىخ ھەممىنى يوقلاپ ئۆتىدۇ،
قولىدا ئوقياسى، ئوقلاپ ئۆتىدۇ.
يالماۋۇز، كازازاپلار خام چاغلاشمىسۇن،
نى مەنمەن دېگەننى يوقلاپ ئۆتىدۇ.

لۇتپۇللا بۇ رۇبائىينى ئەمدىلا ئوقۇپ بولۇپ تۇرۇشىغا بىر ياش ئوفىتسېر ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالدى.



## 3

— لۇتپۇللا ئاكا، — دېدى ئوفىتسېر، — سىز بۇ يەردىمىدىڭىز؟ سىزنى بۈگۈن ئىزدەپ چاپمىغان يېرىم قالمىدى.

ئوفىتسېرنىڭ قولىدا بىر سومكا گۆش بار ئىدى. ئۇ دۈشمەن تۈەننىڭ توپچى قىسىم پەي كوماندىرى بولۇپ، لۇتپۇللا بىلەن ئۇزۇندىن بېرى سىرداش ئىدى. ئۇ، ئېگىز بوي، بەستلىك - تەمبەل كەلگەن، بۇغداي ئۆڭلۈك، يۈزى سوزۇنچاق، قوشۇما قاش، قاڭشارلىق، كۆزلىرى يوغان، يەلكىسى ۋە كۆكرىكى كەڭ بىر نەۋقىران يىگىت ئىدى.

— ھوي، ئابدۇخالىقمۇسەن؟ سالامەت، ئوبدان تۇردۇڭمۇ؟ — دېدى لۇتپۇللا ۋە ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قول سىقىشىپ كۆرۈشتى.

— ناشتا قىلدىڭىزمۇ؟ — سورىدى ئوفىتسېر شائىردىن.

— ياق، بۇ يەرگە سەھەر كېلىۋىدىم. ھازىرغىچە مۇشۇ دېھقان ئاكام بىلەن مۇڭدىشىپ تۇرۇشۇم.

— پاراڭلىرىڭلار ئاخىرلاشتىمۇ؟

— ئاخىرلاشتى، — دېدى شائىر بىلەن دېھقان تەڭلا.

— ئۇنداق بولسا يۈرۈڭ، ناشتا قىلىۋالايلى.

ئوفىتسېرنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن لۇتپۇللا دېھقان بىلەن خەيرلىشىپ ماڭدى. ئوفىتسېر بىلەن لۇتپۇللا مەسلىھەتلىشىپ ئاخىرى سۈيۈمقاننىڭ چىنە - قاچىسىنى بەرگەچ، ئۇنىڭ ئۆيىدە شورپا سېلىپ ئىچىشمەكچى بولۇشتى - دە، ئۇدۇللا شۇ يەرگە مېڭىشتى.

— بەللى، بەللى، — دېدى مۇئىنىردىن بىلەن زەۋقى بۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، — ئەجەب ئوبدان سائەتتە يېتىپ كېلىشتىڭلار، يۇقىرى چىقىڭلار، بىزمۇ ھېلىلا كېلىپ تۇرۇشىمىز.

— تەلىيىڭلار بار ئىكەن، گۆش پىشقاندا ئۈستىگە كېلىشىڭلار، — دېدى سۆيۈمقان، لۆڭپۇللا بىلەن ئوفىتسېرغا چاقچاق قىلىپ.

— ياخشى مېھمان قورۇق كەلمەيدۇ، — دېدى ئوفىتسېر سومكىسىدىن گۆشنى ئېلىپ ۋە ئايالغا سۇنۇپ.

— يارايسەن، بايقۇش[1]لار! — سۆيۈمقان يەنە چاقچاق باشلىدى.

— بىز بايقۇش ئەمەس، ماناس باتۇر، — دېدى ئوفىتسېر.

— ماناس باتۇرنىڭ ئاستىدا دۇلدۇل، قولىدا ئوقياسى بولىدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي بوزىخانىغا ئوتتۇز بەش ياشلار قارىسىنى ئالغان، خېلى كەيپ بولۇپ قالغان بىر كىشى دەلدەڭلەپ كىرىپ كەلدى.

سېمىز، سوزۇك بوغداي ئۆڭلۈك، قوش بۇرۇن، ئوتتۇرا بوي كەلگەن بۇ ئادەم ئىسسىق ئۆيگە كىرىشى بىلەن تەڭ دۈگجۈپ يىقىلغىلى تاس قالدى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ، كالىڭ سۇپىسىغا يېقىن قويۇلغان ئۈستەلگە بېرىپ ئولتۇرۇپ بولۇپ، قايتا ئورنىدىن قوپتى - دە، مېھمانلارغا بىر قۇردىن سىنچىلاپ قاراپ:

— مەن ھەربىرلىرىڭنىڭ ئالدىدا ناماقۇل، مېھمانلار. كۆزۈم تازا كۆرمەيدۇ. ھېلى ھەربىرلىرىڭنى كۆرەلمەي قېلىپتىمەن، ئەپۇ قىلىشىڭلا، ئاڭلىسام، كۆزگە بوزا پايدا قىلىمىش، شۇڭا بۇ يەرگە كىرگەنىدىم. بۇ كېلىنچەكنىڭ ئىسمىنى بىلمەيمەن، قېنى بوزاڭدىن، كېلىنچىكىم، بىر چىنە... — دېدى.

مەست كىشى يەنە دۈگجۈپ، سۆيۈمقاننىڭ ئالدىغا قولىنى سوزۇپ كەلدى. سۆيۈمقان مەستنىڭ تايتاڭلاپ قالغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ چىنە تۇتۇپ تۇرالمايدىغىنىغا كۆزى يەتتى - دە:

① بايقۇش — قىرغىزچە بىچارە مەنىسىدە.



— بېرىپ، چىرايلىق ئورنۇڭدا ئولتۇر، نېمە قىلىپ يۈرىسەن، بايقۇش؟ — دېدى.

مەست كىشى كەينىگە داجىپ بېرىپ، ئارانلا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋالدى ۋە سۆيۈمقانغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ قارىدى. شائىر باشلىق مېھمانلار سۆيۈمقان بىلەن مەستنىڭ مۇنازىرىسىنى كۆرۈپ گەپمۇ ئارىلاشتۇرماي، تاماقلىرىنى يېيىشىپ ئولتۇرۇۋېرىشتى. مەست كىشى سۆيۈمقاننىڭ «بايقۇش» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، بوزا ئىچىشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى - دە، شۇ بىر ئېغىز سۆزنى تەگەشكە باشلىدى:

— مەن «بايقۇش»مۇ، كېلىنچەك، مەيلى، نېمە دېسەڭ ئىختىيارىڭ، كۆك قۇش دەمسەن، سېرىق قۇش، قارا قۇش دەمسەن، ئاق قۇش ياكى يېشىل قۇش دەمسەن، نېمە دېسەڭ دەۋەرگىن، مەن ئۆزۈممۇ ھەرخىل رەڭگە كىرەلەيدىغان، تاغدىمۇ، باغدىمۇ، سەھرادىمۇ، شەھەردىمۇ ئۇچالايدىغان قۇشمەن. قانىتىمنىڭ ئەپچىللىكىدىن ئەمەس، ئۆزۈمنى ھەر خىل رەڭگە كىرگۈزۈپ يۈرەلەيدىغىنىمدىن شۇنداقمەن.

— ئىسمىڭ نېمە، بايقۇش؟ — دەپ سورىدى سۆيۈمقان، ئارقىدىنلا مەست كىشىدىن يەنە.

— ئىسمىم سادىشنىڭ، كېلىنچەك.

— سەن خەنزۇمۇ؟

— ھا، ھا، ھا... — مەست ئۆزۈنىغىچە كۈلۈپ كەتتى ۋە تىزىغا ئىككى قولىنى ئۇرۇپ، ئورۇندۇقتىن تۇردى - دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — تاپتىڭ، كېلىنچەك، مەن ھەم خەنزۇ، ھەم ئۇيغۇر، ھەم رۇس، ھەم ئەرەب، ھەم ئىرانى.

— سېنىڭ نەچچە ئاتاڭ بار؟

— ھا، ھا، ھا... — مەست قاتتىق كۈلگەنلىكتىن، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. قولياغلىقىنى ئېلىپ، ئالدىرىماي كۆزىنى ئېرتتى ۋە، — ھەي، ھەي، قىزىق ئىكەنسەن، كېلىن-

چەك، مەن قانچە مىللەتكە مەنسۇپ بولسام، ئاتاممۇ شۇنچە بولامدۇ؟ مەن ھېلى دېگىنىمدەك، يېنىمدا ھەر خىل بوياق بار. مەن ماتىتەي[①] زامانىسىدا ئىسمىمنى تۇڭگانچە ساخازى دەپ يۈرۈدۈم. خوجىنىياز ھاجى دەۋرىدە سادىر ئاخۇنغا يۆتكىۋالدىم، ئىبن قۇتەيبى[②] زامانىسىدىن باشلاپ، ئىسمىمنى سادىر ئىبن ئوبۇلغازى قىلىپ ئالماشتۇرغان چاغلىرىممۇ كۆپ بولدى. كېيىنچە پارس ئەدەبىياتى سىڭىپ كىرىشكە باشلىغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ قىلىقىنى دوراپ، ئىسمىمنى گاھىدا سادىر مالىكزادە دەپ يۆتكىۋالدىم. مەن دائىم سۇنىڭ ئېقىشىغا، تۈكنىڭ يېتىشىغا بولۇۋالدىم، — دېدى.

— ۋاي، ئۆلگۈر بايقۇش، سەن باراڭ ئاستىدا ھەرخىل چۆپلەر ئارىسىدا چېنىشماي ئۈمىلەپ يۈرەلەيدىغان تىرىكتاپ ئىكەنسەنغۇ؟ — دېدى سۈيۈمقان، مەست كىشىنى يەنە سۆزگە سېلىپ.

— راست دەيسەن، كېلىنچەك، سەن ئۇ قۇرتنىڭ ئىسمىنى دېيەلمەيۋاتىسەن. ئۇ قۇرتنىڭ نامى خامېلېئون! ئۇ، كۆك ئوت ئارىسىدا كۆك بولالايدۇ، سېرىق ئوت ئارىسىدا سېرىق بولالايدۇ، دېگىنىڭ توغرا، مەن دەل شۇ. يەنە ئاڭلاپ تۇر، مەن يەنە ھېلىقى كروپاتكىن[③] زامانىسىدا ئىسمىمنى سادىروف قىلىپ يۆتكىدىم. بۈگۈن مۇشۇ بوزىخانىغا كىرىشىمگە سەن كېلىنچەك ماڭا قىرغىزچە «بايقۇش» دەپ يېڭى ئىسىم قويۇپ قويدۇڭ. ئەتە قوي سويۇپ بۇ يېڭى ئىسمىمنى مۇبارەكلەيمەن. بۈگۈن ئاقسۇنى لىۋدوتەي، جاۋ تۈەنجاڭ سوراپ تۇرۇپتۇ، شۇڭا ئىسمىمنى سادىرشىڭ دەپ يۆتكىدىم. بۇنىڭ نېمە يامىنى؟

① ماتىتەي — ئەسلى ئىسمى ما فۇشىن (1862 — 1923) — خۇيزۇ. 1911 - يىلىدىن 1923 - يىللارغىچە قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئەسلى يۇرتى يۈننەن ئۆلكىسىدىن، 1923 - يىلى قەشقەردە دارغا ئېسىلغان.

② ئىبن قۇتەيبى — ئەمىر قۇتەيبى (670 — 715 - يىللار) — ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستىلا قىلغان ئەرەب گېنېرالى.

③ كروپاتكىن — 1860 - يىللار ئاخىرىدا ئىلىغا بېسىپ كىرگەن چاررۇسىيە گېنېرالى.



— ماڭ، بايقۇش! تۇتامى يوق ئەر ئىكەنسەن.

— خوتۇنلارنىڭ تۇتامى بارمىدى؟ مېنىڭ قوشنام ماڭا ئوخشاش ئادەتتىكى خىزمەتچى بولۇپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ خوتۇنى مېنىڭ خوتۇنۇم بىلەن يېقىن دوست ئىدى. قوشنام ھازىر بىراقلا ئۈچ دەرىجە ئۆسۈپ چوڭ ئەمەلدار بولۇۋېدى، ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ھالى ئوتتۇز گەز ئۆسۈپ، خوتۇنۇم تۇگۇل ماڭىمۇ قارىمايدۇ، ئورۇن يۆتكەلدى، سورۇنمۇ يۆتكەلدى، ئۇ، ھازىر دارېن خېنىملار بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرىدۇ. مېنىڭ خوتۇنۇم «پادا باققاندا دوست ئىدۇق، ياڭاق چاققاندا ئايرىلدۇق» دەپ زار قاقشاپ ئولتۇرىدۇ. ئادەم شۇنداق نەرسە تۇرسا، قاقشاپ قانداق قىلىدۇ. قوشنامنىڭ خوتۇنى بۇرۇن قۇلىقىغا كۈمۈش ساپاق ئاساتتى، يېقىندا ئالتۇن ساپاق ئاسىدىغان بولدى، ئۇنىڭ ئىككى قىزى چوڭ بولدى، قىزىغا ئۈچ - تۆت يەردىن ئەلچى كەلدى، توي باھاسى ئېغىر ئىكەن دەپ، كەلگەنلەر قايتىپ كېتىشتى. قوشنام قىزلىرىغا دائىم: «پۇلى بارنى تاپ، ئەمىلى بارنى تاپ، تېگى بارنى تاپ» دەپ نەسىھەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنداق - مۇنداقنى كۆزگە ئىلمايدۇ. بەگلەر بىلەن، مەنسەپدارلار بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ يۈرىدۇ. كۈنگە ئۈچ قېتىم كىيىم يۆتكەيدۇ. ئويۇن - پويۇنلاردا كونىراق كىيىمى بار يا ئەر، يا خوتۇن قېشىدا ئولتۇرۇپ قالسا، «پۇرايدۇ» دەپ بۇرنىغا ياغلىق تۇتۇۋالىدۇ. كەمبەغەللەرنىڭ ئۆلگىنىنى ئاڭلىسا، «خوپ بولۇپتۇ، گادايغا ئۆلۈم يارىشىدۇ» دەيدۇ. مەنسەپدارلار ئۆلسە، تۇغقان بولمىسىمۇ «ۋاي بەگ دادام» دەپ يىغلاپ ئىككى قاپىقى ئىششىپ كېتىدۇ.

— سۆزۈڭنى توختات، بايقۇش، قۇلىقىم ئاغرىپ كەتتى. بولدى، ئەمدى يۇقىرى چىق، گۆش پىشتى.

يېڭى كىرگەن مېھماننىڭ مەستلىكى بىر ئازدىن كېيىن خېلى يېشىلدى، دەسلەپتە ئۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق كىشىلەرنى ئادەتتىكى كىشىلەر بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى. لۇتپۇللا

مۇتەللىپ ۋە مۇنىرىدىنمۇ بۇ كىشىنى بىر مەست ئاددىي شەھەر ئاھالىسى ئوخشايدۇ ياكى بىر يوشۇرۇن قىياپەتلىك كىشى بولسا كېرەك، دەپ گۇمان قىلىشقانىدى، ئۇلار لېكىن بۇ ئادەمنىڭ سۆزى ئاچچىق تەنقىدىي مەزمۇن بىلەن تولغانلىقىنى بارغانسېرى ھېس قىلىشىپ، ئۇنىڭ مەستلىكى يېشىلگەندىن كېيىن، ئۇلار مېھماننى يۇقىرىغا تەكلىپ قىلىشتى.

— كەلسىلە، يۇقىرى چىقسىلا، مېھمان، — دېدى مۇنىرىدىن، — بىز ھېلى تونۇشماپتۇق، ئەمدى بىرئاز تونۇشايلى، مۇڭدىشايلى.

— رەھمەت، — دېدى مېھمان ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئالماشتۇرۇپ تۇتۇپ، قەشقەرچە ھۆرمەت بىلدۈردى ۋە يۇقىرىغا چىقتى.

سۆيۈملۈك يېڭى پىشقان گۆش، شورپا ۋە بىر چىنىدىن بوزا ئەكېلىپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويدى.

— قېنى ئېلىشسىلا، — دېدى زەۋقى مېھمانلارنى تەكلىپ قىلىپ.

مېھمانلار تاماققا تېگىش قىلدى، شورپا ۋە ئارىلاپ بوزا ئىچىشتى. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مۇنىرىدىن غوجا:

— ئۆزلىرى نەدىن بولىدىلا؟ — دەپ مېھماندىن سورىدى.

— مېنىڭ ئەسلىي يۇرتۇم مۇشۇ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شايار ناھىيىسىدىكى گۈلباغ يېزىسىدىن. دادام كىچىك چېغىمدا ئۆيىمىزنى كۆچۈرۈپ قەشقەرگە ئەكەتكەنىكەن. مەن شايارغا زادىلا بېرىپ باقمىغان. قەشقەردە ئوقۇپ، بىر مەكتەپتە تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بولدۇم، ئىككى يىل بۇرۇن ئوقۇتقۇچىلىقتىن قوغلىنىپ، شۇنىڭدىن بۇيان ئىشسىز يۈرىمەن.

— بۇ يەرگە نەدىن كېلىۋاتىدىلا؟

— تېكەستىن كېلىۋاتىمەن. ئۇ يەردە بىر ئۇكام بار ئىدى، ئۆلۈپ كەتتى، دەپ خەۋەر كېلىپ، شۇنىڭغا بارغانىدىم. تېكەستە



بىرنەچچە ئاي تۇرۇپ قالدىم. باش كۆزدىرەك ئۆرۈمچىگە كېلىپ، مەدىكارلىق قىلدىم. يېقىندا، بىر قەشقەرلىقنىڭ ھارۋىسىغا كىرا قىلىپ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشىم. ھارۋىكەش قاتتىق زۇكام بىلەن ئاغرىپ قالدى، شۇڭا يولغا چىقالماي تۇرۇۋاتىمەن، بۇگۈن ئىچىم پۇشۇپ ئازراق ئىچىپ سالدىم، ھەربىرلىرىدىن ئەپۇ سورايمەن.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، بۇ ئادەتتىكى ئىش.

مېھمانلار تونۇشقاندىن كېيىن، ئۆزئارا كۆڭۈل ئازادىلىك ھېس قىلىشتى، بىر - بىرى بىلەن ئەركىن سۆزلىشىش باشلاندى.

— لۇتپۇللا ئاكا، يېقىندا «جەنۇب شامىلى» دا ئېلان قىلىنغان «خىيالچان تىلەك» ناملىق شېئىرىڭىزنى، — دېدى ياش ئوفىتسېر، — ئۆزىڭىز بىر قېتىم ئوقۇپ بەرسىڭىز، بۇ شېئىر سىڭلىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئوت تۇتاشتۇردى.

مېھمان لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ نامىنى ئاڭلىغان ھامان چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، شائىرغا قايتىدىن سالام بېرىپ، قولىنى چىڭ سىقىپ كۆرۈشۈپ كەتتى ۋە:

— مەن ئۆزلىرىنى راستتىنلا تونۇماپتىمەن، ئەپۇ سورايمەن، ئاللاغا رەھمەت، بۈگۈن ماڭا نۇسرەتلىك كۈن بولۇپتۇ، ئۆزلىرىنىڭ دىدارىنى كۆرۈش، ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن شان - شەرەپ. مېنى بۇ يەرگە باشلاپ كىرگەن پەرىشتىلەرگە رەھمەت، — دېدى مېھمان ھاياجانلىنىپ، كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ يانچۇقىدىن «جەنۇب شامىلى» گېزىتىنى ئېلىپ شېئىرنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى. مېھمان شېئىرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ھېسسىياتى تېخىمۇ قوزغىلىپ، يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ياشاپ كېتىڭ، شائىرىم، سىز يۇرتىمىزنىڭ نۇر چىرىغى، ۋەتىنىمىزنىڭ بۇلبۇلى، ھەممىمىزنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزى!

— بۇ مېنىڭ، — دېدى شائىر، — يۈرىكىمدىن يالقۇنلاپ چىققان غەزەپ ئۇچقۇنلىرى، بىز ھەرگىز زۇلۇم ئالدىدا تىز پۈكۈپ قاراپ تۇرىدىغان ۋە پۈرسەتپەرەسلىك قىلىپ، توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاشنى كۈتىدىغان شەرمەندىلەردىن بولماسلىقىمىز لازىم.

— رەھمەت، شائىرىم، مالال كۆرمىسىڭىز، شائىر، — دېدى مېھمان، — قولىڭىزدىكى گېزىتنى ماڭا بېرىڭ. مەن قەشقەرگە ئاپىرىپ، ۋىجدانلىق يارەنلىرىم ئارىسىدا بۇ ئوتلۇق، جەڭگىۋار خىتابىنى كەڭ تەشۋىق قىلىمەن. قەشقەردە ئولتۇرساق - قوپساق سىزنى ئەسلەيمىز. سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى قىلىشىمىز، سىزنىڭ نامىشەرىپىڭىز بىز ئۈچۈن كۈچ - قۇۋۋەت.

شائىر گېزىتنى مېھماننىڭ قولىغا بەردى. مېھمان گېزىتنى قولىغا ئېلىپ، «خىيالچان تىلەك» بېسىلغان بەتنى سۆيۈپ كەتتى ۋە ھاياجىنىنى باسالماي:

— ئېھ! ئالتۇن مىسرالار، ئېھ! پارلاق مەزمۇنلار، ئېھ! جەڭگىۋار خىتابلار!!! سىنى ئوقۇپ، قانچە مىڭلىغان مەزلۇملارنىڭ يۈرىكى دولقۇنلىنار؟! تۈمەن دەرياسى، زەرەپشان دەرياسى، يۇرۇڭقاش دەرياسى، تارىم دەرياسى قانچە دولقۇنلىنار؟! — دېدى يەنە.

مېھمان ھاياجان ئىچىدە گېزىتنى ئاستا قاتلاپ، يانچۇقىغا سالدى!

4

باش باھارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، دولان دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى كەڭ زېمىندا قىشتىن ئەسەر قالمىغانىدى. كۈزدە تولۇق ياتقۇزۇۋېتىلگەن كۈزگى بۇغدايلىقنىڭ يەر قويىنىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان مايسا بىخلىرى قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىدا كۆپكۆك كۆك-



رىش ئالدىدا تۇراتتى، تال - سۆمبۇللارنىڭ ئەۋرىشىم شاخلىرى تەڭرىتاغدىن ئۇرغۇپ كېلىۋاتقان باھار شامىلىنىڭ ئەركىلىتىشى بىلەن مەيىن يەلپۈنۈپ تۇراتتى. زىمىستان قىشنىڭ شورىدىن ئۆزىنىڭ گۈزەل دىيارلىرىنى تاشلاپ، جۇدالىق ئازابىنى چەككەن چىمەن قۇشلىرى گۈلباغلار ئىچىگە يېڭىدىن جەم بولۇپ، باھار تويىغا خۇش ناۋاتەرەننۇم ئەيلىمەكتە ۋە چىنار شاخلىرىدا ئەركىن جەۋلان قىلماقتا ئىدى. قىشنىڭ مۇدھىش جۇدۇن كۈنلىرىنىڭ جەبرىدىن قىينالغان كەمبەغەل يېتىم - يېسىرلار باھار قۇياشىنىڭ ئىللىق نۇرىدىن سۆيۈنمەكتە ئىدى.

كوچا - كوچىلاردىكى ئۇششاق باللار ئەتىيازنىڭ شامىلىدا لەگلەكلىرىنى ئۇچۇرۇپ ئوينىشاتتى. باھار قارلىغاچلىرى كوچىلاردىكى ئۆيلەرنىڭ پېشايۋانلىرى ئىچىگە ئۇچۇپ كىرىپ، تىرىلغۇ پەسلىنىڭ يېتىپ كەلگىنىدىن خۇش خەۋەر بەرگەندەك خۇشال سايراپ ئايلىنىپ يۈرەتتى.

بۈگۈن شەنبە. دەل چۈش مەھەلدە لۇتپۇللا بىلەن مۇنىرىدىن يېڭى بىنادىكى دارىلمۇئەللىمىنگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار مەكتەپ بىناسى ئىچىگە كىرگەندە، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي دوستى ئابدۇللا روزى بىر توپ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئارقىسىدىكى ئېرىق بويىدا جىرىم قويۇۋاتقانىدى. لۇتپۇللا بىلەن مۇنىرىدىن ئەمگەك مەيدانىغا بېرىپ، جىرىم تىكىش ئەمگىكىگە قاتنىشىپ كەتتى. ئىككىيلەن خىللاپ ئىككى تال كۆچەتنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۆز قوللىرى بىلەن ئېرىقنىڭ ئىككى قېشىغا ئۇدۇل قىلىپ قويدى.

جىرىم تىكىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئابدۇللا روزىنى ئېلىپ، مۇشۇ جايدىن غەرب تەرەپتە ئىككى چاقىرىم كېلىدىغان قىزىل كۆۋرۈك تامان مېڭىشقا تەمشەلگەندە، ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى دەرھال:

— لۇتپۇللا ئاكا، سىز ئاران بىر تاللا كۆچەت قويدىڭىز،

ئۇنى چارۋا غاجاپ قۇرۇتۇۋەتسە، ئەمگىكىڭىزنىڭ ئىزى قالمايدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى چاقچاق ئارىلاش.
— ياق، ئۇنداق بولمايدۇ، ساۋاقداش، — دېدى شائىر، ئارقىسىغا بۇرۇلغان پېتى ئوقۇغۇچىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، — بىز بۈگۈن بىر جۈپ كۆچەتنى تىرەن، سولماس قىلىپ تىكتۇق. ئۇنى پات-پات كېلىپ پەرۋىش قىلىپ ئاسرايمىز، ئۇزاققا قالماي ئۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كۆكلەيدۇ، ئۇ چاغدا، ئۇنى ھايۋانلار غاجاپمۇ قۇرۇتالمايدۇ، سوغۇق قوللار چاتاپمۇ تۈگىتەلمەيدۇ.
— ۋاي-ۋۇي! ئۇنداقتا، كۆچىتىڭىز ئەۋرە-چەۋرىلىك بولۇپ كېتىدىكەن-دە، لۇتپۇللا ئاكا!
— دەرۋەقە شۇنداق، ئۈستىنى كېسىپ كەتسە، يىلتىزىدىن يەنە كۆكلەپ تۇرۇۋېرىدۇ-دە، ساۋاقداش!
شائىرنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئوقۇغۇچىلار پاراقىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.
لۇتپۇللا، مۇنىردىن غوجا ۋە ئابدۇللا روزى ئەمگەك مەيدانىدىن ئايرىلىپ، قىزىل كۆۋرۈك ئەتراپىنى بىر ئاز ئايلانغاندىن كېيىن، ئاندىن شەھەر ئىچىگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار گۈلباغ دەرۋازىسىدىن كىرىپ، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى ئالدىغا كەلگەندە، سوت مەھكىمىسى دەرۋازىسى ئالدىدا نەچچە يۈزلىگەن خەلق توپلىشىپ، بىر كەمبەغەل كىشىنىڭ ئەرز-شىكايىتىنى ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى-دە، ئۇچەيلەن دەرھال بېرىپ، توپنىڭ ئىچىگە كىردى.
بېشىغا سالپاڭ تۇماق، ئۇچىسىغا ماتا كۆڭلەك كىيگەن، يالاڭ ئاياغ، ئاتمىش ياشلاردىكى بىر بوۋاي ئېشەك ھارۋىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئادەملەرگە قاراپ نالە قىلاتتى:
— ئۆيۈمدە يەتتە بالام بار، تۇغقانلار...
بوۋاي كۆزلىرىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ئەلەملىك ياشلىرىنى



قولى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ، ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي:
— ئۇلارنىڭ ئالتىسى قىز، بىرى ئوغۇل، بالىلىرىمنىڭ ئاپىسى ئاغرىقچان، مۇشۇ يېقىندا يېزىنىڭ مىرابلىرى مېنى «پارچىتاش»①نىڭ ھاشىرىغا تۇتۇپ كەتكەن. ھاشاردىن تېخى ئالدىنقى كۈنىلا كەلسەم بالا-چاقىلىرىم قارنىغا يەيدىغىنى، ئۇچىسىغا ياپقۇدەك ئەسكى يوق، ئاچ-زېرىن، قىپيالىڭاچ، قاڭقىر قاقشاپ يىغلىشىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. مەن چىداپ تۇرالماي، ئىچىم سىيرىلىپ قان يۇتقۇدەك بولدۇم، ئاخىر بىر ھارۋا ئوتۇن بېسىپ بازارغا كىرىشىمگىلا ئىككى چېرىك كېلىپ ئوتۇنۇمنى بۇلاپ كەتتى. مەن ئامالسىز شەنگەن يامۇلغا باردىم. مەخسۇت بەگ دېگەن زالىم ئەرز-ھالىمنى ئاڭلىماق تۈگۈل، «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» قىلىپ: «ھەي يالاڭ تۆش، قىزىلپاچاق! تىلىڭنى تارت، جۆيلۈگۈچى بولما، خان ئەسكەرلىرىگە تىل تەگكۈزسەڭ دېڭزا②دا سېسىپ تۈگەيسەن» دەپ پوپوزا قىلىپ قوغلاپ سالدى، ئەتىگەندىن بۇيان ئاغزىمغا بىر ئىلىكچە نان سالمىدىم، گېلىمغا بىر يۇتۇممۇ سۇ ئىچمىدىم. بۇ دەردىمگە مەن قانداق قىلاي، تۇغقانلار؟! دەردىمگە دادخاھ ئىزدەپ مەن يەنە ئايلىنىپ يۈرۈپ، مۇشۇ قانۇن ئورنىغا كەلسەم، بۇلارمۇ تىللاپ قوغلاپ چىقاردى. مەن ئاچ-يالىڭاچ بالىلىرىمنىڭ قېشىغا نېمىدەپ بارالايمەن؟ ماڭا بۇنداق ھاياتنىڭ نېمە كېرىكى بار! ئاللا بىر كۈنى جاجاڭنى بېرەر، مۇناپىقلار! — دەپ سۆزلەيتتى.
— يىغلاش بىلەن ئىش تاڭ ئاتمايدۇ، بوۋا.

① پارچىتاش — ئاقسۇ يېڭىشەھەر ۋە كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ دېھقانلىرى ئۈچۈن تارىختىن بۇيان ئەڭ ئاپەتلىك ھاشار بولۇپ كەلگەن. كەلكۈن كەلگەن يىللىرى ئاقسۇ دەرياسىنىڭ باش تەرىپىدە شۇ پارچىتاش دېگەن يەردە تاشقىن پەيدا قىلاتتى. تارىختا پۈتۈن شەھەرنى ۋە يېزىلارنى كۆپ قېتىم سۇ بېسىپ كەتكەن ۋەقەلەر يۈز بەرگەن. شۇڭا بۇ يەرگە ھەر يىلى ئەمگەك سىلىقى چۈشۈپ تۇرىدۇ. پارچىتاش ھاشىرى كەمبەغەل دېھقانلارغا بالا-قازا كەلتۈرەتتى. بەگلەر، مىرابلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دېھقانلارنى ئالان-تاراج قىلاتتى.
② دېڭزا — يامۇلنىڭ تۈرمىسى، شۇ چاغدا دېڭزا دېيىلەتتى.

توپنىڭ ئىچىدىن «ياتالماس» دېگەن يېزىلىق ياش، تەمبەل، بۈركۈت كۆز نۇرۇللا ئىسىملىك بىر يىگىت يەڭلىرىنى تۈرۈپ، قوللىرىنى شىمايلاپ ئالدىغا سەكرەپ چىقتى ـ دە:

— زۇلۇم ئىسكەنجىسىنى پەقەت تۈرۈلگەن مۇشت ئۈزۈپ تاشلايدۇ. دەرۋەقە بىز كەمبەغەللەرنىڭ چىدىغۇچىلىكىمىز قالمىدى. ھەقىقەت دەۋاسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن باشقا ئەمدى يەنە قانداق ئامال بولسۇن؟ يۈرۈڭ، بىز سىز ئۈچۈن دەۋاگەر! — دېدى بوۋايغا مەدەت بېرىپ.

— يۈرۈڭ، بۇ دەۋا ئۈچۈن ئۆلۈمگە بىز تەييار!

نۇرۇللانىڭ ئاغىنىسى رۇستەم ئىككىنچى بولۇپ ئالدىغا سەكرەپ چىقتى.

— بىز ھەممىمىز تەييار! يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم!

خەلق ئاممىسى ۋاڭ ـ چۇڭ بىلەن چۇقان كۆتۈرۈپ سوت مەھكىمىسى ئىچىگە بۆسۈپ كىردى. لۆتپۇللا قاتارلىق ئىنقىلابىي زىيالىيلار ئارقىدا تۇرۇپ ئىسيانكار ئاممىغا تىرەك بولۇپ، دەۋا مەيدانىغا ئامما بىلەن بىللە ماڭدى.

ياشلار بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا سوت مەھكىمىسى باشلىقى تۇرسۇننى ئۆيىدىن تارتىپ چىقىپ، سوت مەھكىمىسى ھويلىسىغا ئەكەلدى. دېھقانلار تۇشمۇتۇشتىن سوئال قويۇپ، تۇرسۇننى ئالاقزادە قىلىۋەتتى.

— قېنى سۆزلە، كىشىنىڭ ھەققىنى بەرمەسلىك — جىنايەتمۇ، يوق؟

— جاۋاب بەر، ئوغرى ـ بۇلاڭچىغا جازا بارمۇ، يوق؟

— سۆزلە، قانۇننىڭ مەجبۇرىيىتى نېمە؟

— دېمەمسەن، قانۇنىڭدا كەمبەغەللەر ئاچلىقتا ئۆلسۇن، خانزادىلەر، خان چېرىكلىرى، بەگزادىلەر قان ئىچىپ سەمرىسۇن، دېگەن ماددا بارمۇ؟!

خام سېمىز كەلگەن تۇرسۇن يۈەنجاڭ دىر ـ دىر تىترەپ،



ئاغزى كالۋالىشىپ گەپ قىلالماي، بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. خەلق بولسا، غەزىپىدىن ياناي چۇقان كۆتۈرەتتى:

— سۆزلە، بوۋاينىڭ ھەققىنى ئېلىپ بېرەمسەن، يوق؟!

— بولىدۇ، بوۋايغا ئۇۋال بولۇپتۇ، مەن بوۋاينىڭ ھەققىنى ئېلىپ بېرەي.

— قاچان؟!

— مانا، مەن ھازىر سوت مەھكىمىسىدىن بوۋاينىڭ پۇلىنى بېرىپ تۇرۇپ، كېيىن ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلىۋالايلى.

تۇرسۇن ئىشنىڭ ئۇلغىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن بولسا كېرەك، ئۇ سوت مەھكىمىسى كاتىپلىرىغا بۇيرۇق قىلىپ، ئىككى هارۋا ئوتۇن كەلگۈدەك پۇلنى ئاچىقتۇردى ـ دە، بوۋاينىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ۋە بوۋايدىن ئەپۇ سورىدى.

بوۋاي خەلق ئاممىسىدىن رازى بولۇپ، خۇشاللىقى ئىچ ـ ئىچىگە پاتمىغان ھالدا قايتىپ كەتتى، لېكىن سوت مەھكىمىسى ئىچىدىن خەلق توپى تېخى چىقىپ بولالمىغان ئەسنادا ئوندىن ئارتۇق قوراللىق ساقچى يېتىپ كېلىپ، ئاممىنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى.

بۇ چاغدا ئاللىقاچان زاۋال چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى مۆلچەرلىگەن نۇرۇللا بىلەن رۇستەم كېلىپ، لۆتپۇللاغا ئىلتىماس قىلىپ:

— ھازىر كەلگەن قوراللىق ساقچىلارنىڭ پەيلى ـ ئەلپازى بۇزۇق، ئۇلار بىلەن بىر قەپەس ئېلىشىپ كۆرۈشۈشىمىز مۇمكىن. بىراق، سىزنى، مۇنىرىدىن ئاكىنى، ئابدۇللا روزىنى بۇ توپىلاڭغا ئارقا تىرەك بولغۇچىلار، دەپ قاراپ، «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمىنى» قىلىۋالمىسۇن، سىلەرگە تۆھمەت چاپلاشقا ئارانلا تۇرىدۇ، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن بىز چىقالايمىز، سىلەر يان ئىشىكتىن ئاستا كېتىپ تۇرۇڭلار، — دېدى.

بۇ ئۈچەيلەن دېھقان دوستى نۇرۇللا بىلەن رۇستەمنىڭ قاـ

يىل قىلارلىق سۆزىگە كۆنۈپ، مەيداندىن ئاستا يۆرۈپ كەتتى.

رۇستەم بولسا لۇتپۇللا بىلەن ئاۋات سەپىرى ۋە ئۇچتۇرپان سەپىرىدە بىللە بولۇپ، ئىككىيلەن ئەڭ يېقىن سەپداشلارغا ئايلانغاندى.

لۇتپۇللا قاتارلىقلار تۇپىنىڭ ئىچىدىن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن، نۇرۇللا بىلەن رۇستەم قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ ئىتتايىن چەبدەسلىك بىلەن قاۋۇل يىگىتلەردىن يىگىرمىچە كىشىنى مەخپىي تەشكىللىدى.

قوراللىق ساقچىلار نەچچە يۈز ئادەمنىڭ ئىچىگە ئارىلىشىپ كىرىپ، «قورالى بار گۇمانلىق يات ئۇنسۇر»نى تاپماقچىدى. مۇشۇ مەقسەت بىلەن ئۇلار ھەر بىر كىشىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى، قاراڭغۇدا كىشىلەر بىر - بىرىنى تونۇمايتتى.

رۇستەم بىلەن نۇرۇللا تەشكىللىگەن يىگىتلەر پىلانلىق ھالدا ساقچىلارنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالدى. ساقچىلار ئاممىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇھاسىرە ئىچىدە قېلىشقانلىقىنى تۇيۇشماي، ئاختۇرۇشنى ئۆكتەملىك بىلەن داۋام قىلماقتا ئىدى، ئاممىنىڭ بەزىلىرى غەزەپتە، بەزىلىرى تەشۋىشتە تۇرغاندا، رۇستەم ئىسقىرتىپ بەلگە بەردى. ئالدى بىلەن تەشكىللەنگەن يىگىرمە يىگىت ساقچىلارغا تۇشمۇتۇشتىن قول سالدى ۋە ئۇلارنى يەرگە يىقىتىپ، پايخان قىلىپ دەسسەپ، ھەممىسىنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى ماكچايتىۋەتتى.

ئىنقىلابىي ئامما تارقىلىپ كەتكەندە قورچاق ساقچىلارنىڭ ھەممىسى قانغا مىلىنىپ، چالا ئۆلۈك بولۇپ يېتىپ قېلىشقانىدى.



# ئون توققۇزىنچى باب

## قاپقان

### 1

14 - ئاينىڭ دەسلەپكى بىر كۈنى، ھاۋانى دەھشەتلىك قارا تۇمان قاپلىغانىدى، قۇياشنىڭ يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. پۈتۈن شەھەر كوچىلىرىدا ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيتتى. چۈشتىن كېيىن بىردىنلا سېرىق توپا يېغىشقا باشلىدى، دېھقانلار بۇنى «توپا ياغدى» دېيىشەتتى. ئايرىم يىللاردا چېچەك - چوكان ئېچىلىشىنىڭ ئالدىدا، مۇشۇنداق توپا يېغىپ قالاتتى، لېكىن بۈگۈنكى تۇمان سوغۇق جۇدۇن بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەنىدى، ئاچچىق سوغۇقنىڭ دەستىدىن چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى، قويۇق تۇمان كىشىنىڭ دېمىنى سىقاتتى.

«ئەستاغپۇرۇللا، بۇ تازا چىگىش، بېشىمغا بالا بىر ئىش بولدى، ئىدارە باشلىقى بۇنداق دەۋاتسا، نېمە قىلىشىم كېرەك؟
»

ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ «ئىككىنچى بۆلۈمى» دىكى رازۋېدكىچى قاسىم «GG—3» نومۇرلۇق دېلونى ئېچىپ قويۇپ، ئەتىگەندىن بۇيان، كېلىدىن بىر قوشۇق سۇمۇ ئۆتمەي، شىرە يېنىدا ئولتۇرغان پېتى ئۆزىگە غودۇڭشىيتتى.

رازۋېدكا خادىمى تۈنۈگۈن ئىدارە باشلىقىدىن مۇشۇ دېلو ئۈستىدە قاتتىق ئازار يەپ، رەنجىپ چىققانىدى. ئىدارە باشلىقى

ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلىپ، بۈگۈن مەخسۇس يىغىندا دوكلات بېرىشنى تاپىلىغانىدى. دوكلات ئېلىش يىغىنى، بۈگۈن ئاخشام ئەل ئايىغى بېسىققاندىن كېيىن باشلانماقچىدى، ھازىر رازۋېدكا خادىمى شۇ يىغىنغا بېرىدىغان دوكلات تېزىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى: «بۈگۈن سۆزنى نەدىن باشلاپ، نەدە تۈگىتەرمەن، نەدىن كىرىپ، نەدىن چىقارمەن!»

ئۇ، ئېلىشىپ قالغان كىشىدەك غودۇڭشىپ، ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ گاڭگىرىغان بېشىغا ھازىر ھېچنېمە كىرمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئۇ، بىر پارچە ئاق قەغەزنى ئالدى - دە، دوكلات تېزىسى يېزىشقا كىرىشتى. ئاۋۋال ئاخبارات مەزمۇنلىرىنى تۈرلەرگە بۆلۈپ چىقتى، ئاندىن كېيىن تۈرلەر بويىچە رەت نومۇرى قويۇپ، تېزىسنى سىستېمىغا سېلىپ، يېزىشنى داۋاملاشتۇردى، لېكىن ئىككىنچى ۋاراقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، قەلەمنى توختىتىپ، ئۇزۇن ئويلاپ كەتتى ۋە بۇ ۋاراقنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۇنى سەرەڭگە يېقىپ كۆيدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، يەنە باشقىدىن يېزىشقا كىرىشتى. ئۇ، تېزىسنى يېرىم كۈن ئىچىدە ئارانلا يېزىپ بولدى.

يىغىن ئېچىلىشقا بىر سائەتلا ۋاقىت قالغانىدى، ئۇ، بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ، ئۆيىگە تاماق يېيىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

— بۈگۈن بىر كۈن نەگە باردىڭلا، قورساقلىرىنى ئاچ قويۇپ، خىزمەت - پىزمەت دەپ، ئۆلۈپ بەرمىسىلە يەنە، — دېدى تاتۇق بويۇن رازۋېدكىچىنىڭ خوتۇنى ئېرىگە دوق قىلىپ.

— قۇيقامىنى تولا ئۆرلەتمەي، تېز بول! تامىقىڭ بارمۇ؟ — سورىدى رازۋېدكىچى خوتۇنىدىن.

— كۆرسىلە، تېخى، خۇيىنى! «يامانغا ياخشىلىق ياراشماپتۇ، ئۆچكىگە يۇمغاقسۇت!» چۈشتە تاماق ئېتىپ قويسام، كى-



رىپ ئىچىۋالماي، يەنە مەن يامانمۇ، بىركىم ئۈستىلىرىگە تۈگمەن تېشى ئارتىپ باستۇرۇپ قويدىمۇ؟ ئوتۇنى ماڭا، كۆمۈرى ماڭا، سۈيى ماڭا، باللىرىنىڭ ئەڭلى ماڭا، بالاغا قېلىپتىمەن - دە! ئەنە ئوچاق بېشىدا، چۈشتە ئۇسۇپ قويغان بىر چىنە سۇيۇقئاش، قوللىرى بولغاندىكەن، ئېلىپ ئىچسىلە.

— گۆشى بارمۇ؟

— نەدىكى گۆش، مۇشۇ جۇدۇن كۈنلەردە گۆش تاپقىلى بولامدۇ؟ كاۋا سېلىپ ئەتتىم، ئاقسۇنىڭ كاۋىسىغا دۈم چۈشمىسىلە، بۇرۇنراق يۇرتىمىزغا كېتىۋالغان بولاتتۇق.

— ئازراق گەپ قىل دەيمەن، خوتۇن! ئاغزىڭغا نېمە بالا تەگدى بۈگۈن؟

— ئاغزىمغا نېمە بالا تېگەتتى، بۇ شەھەردە ئېرى ماز بولسا، خوتۇنىغا كۈن يوق ئىكەن. قوشنام دوناي كالپۇك بىلەن بالا ئارىسىغا كىرىپ چاپلىشىپ قالدۇق. ئۇ بىر مۇشت ئۇردى، مەن چېچىنى يۇلدۇم. ئۇ، قەلەندەر دېدى، مەن، كاۋىچى دېدىم. ئۇ، سەن كاۋىغا دۈم چۈشۈپ، يۇرتۇڭدىن تېنەپ يۈرسەن، دەپ ئاھانەت قىلدى. بۇ يەردە ئانىلىرىنىڭ ھەققى بارمىدى، كەتسەك بولمامدۇ؟

خوتۇن مۇشۇ سۆزلەرنى قىلىۋېتىپ، يىغلاپ تاشلىدى. ئېرى قورسىقى ئاچلىقتا ئوچاق بېشىدا چۈشتىن بۇيان تۇرۇپ سوۋۇپ قالغان سۇيۇقئاشنى قولىغا ئېلىپ، گەپ - سۆز قىلماي ئىچىشكە باشلىدى.

رازۋېدكىچىنىڭ گەپ - سۆز قىلماي، ئاشقا تېگىش قىلىپ كەتكىنىگە خوتۇنىنىڭ يەنە قورسىقى كۆيۈپ تۇرالمىدى:

— قانداق؟ — دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، — كاۋىسى تاتلىقمىكەن؟ ئەجەب كۆڭلۈمگە يارىشا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىپ قويمايلىغۇ، دەرد - ئەلەمنى مەن تارتسام، راھىتى سىلىنىڭ بولىدىكەن - دە! ئۇنداق بولسا، باللىرىنى قوللىرىغا ئالسىلا،

ئەتە خېتىمنى بېرىپ، مېنى قەشقەرگە يولغا سالسىلا. «ئېرى تاتۇقنىڭ خوتۇنى پوچۇق» بولۇپ يۈرگىنىمدىن كۆرە، ئاتا - ئانامنىڭ قېشىغا كەتكىنىم تۈزۈك.

— ئۆپكەڭنى بېسىۋال! ئۇنچىۋالا چالۋاقاپ كەتمە. قوشنىلار بىلەن چىرايلىق ئۆتكەن ياخشى. ئۆزئارا ئانچە كوچىلاشمايلى. «قوشناڭنى كولىساڭ كۆچەر، ئوتنى كولىساڭ ئۆچەر»، «تەگسەڭ تېرىق، تەگمىسەڭ ئېرىق» دېگەن گەپ بار. سەن بۇنى بىلمەمسەن؟

— هوي، نېمە دېدىڭ، يەنە بىر دېگىنە! مەن كولاپ تېمىنى تېشىۋېتىپتىمەنمۇ - ھە؟ گەپ سەندە ئىكەن - دە! ئەمدى بىلدىم، ئىككىڭنىڭ گېپى ئەجەب بىر يەردىن چىقىۋاتىدىغۇ؟! بالىلىرىڭنى قولۇڭغا ئال دېدىم. ئال! مېنىڭ بۇ ئۆيدە ئەمدى تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى!

خوتۇن يىغلاپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىۋەتتى. رازۋېدكىچى چىنىسىدىكى ئاشنىڭ ئارانلا يېرىمىنى ئىچىشكە ئۈلگۈردى - دە، ئالدىراپ يىغىنغا چىقىپ كەتتى.

ئۇ، بۆلۈمگە كىرىپ، ھېلىقى دوكلات تېزىسىنى يەنە بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. يىغىنغا قاتنىشىدىغان «مەخسۇس» كىشىلەر بىر - بىرلەپ كېلىپ، ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى.

— ۋەزىيەت مۇشۇنداق جىددىيلەشكەن بىر پەيتتە، — دېدى رەڭگى ئۆچۈپ تاتىرىپ كەتكەن ئىدارە باشلىقى، — بىز ئۇخلاپ ياتساق بولامدۇ!

ئىدارە باشلىقى تۈنۈگۈن رازۋېدكا خادىمىغا شۇنچە كۆپ تەنقىد بېرىپ بولۇپمۇ يەنىلا ئاچچىقىدىن يانمىغانىدى. ئۇ، يىغىن ئېچىلىشتىن بۇرۇن، يەنە بىر قېتىم زەھەر سانجىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن رازۋېدكىچىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاشقا باشلىدى.

ئىدارە باشلىقى ئېگىز، ئورۇق، ئەپيۈنى تولا چەككەنلىكى



ئۈچۈنمۇ، يۈزىدە قان دىدارى يوق، خۇنۇك يۈز بىر شەخس ئىدى. ئۇ، ئوڭ قولىدا تۇتقان غاڭزىسىنى ئۈزۈلدۈرمەي شورىغىنىدا، ئىنچىكە بارماقلىرى تىترەپ تۇراتتى.

رازۋېدكىچى دوكلاتىنى تاغدىن - باغدىن سۆزلەپ تۈگەتتى، لېكىن ئۇ خوجايىن يەنە نېمە دەر ئىكىن، دەپ ھودۇققىنىدىن خۇددى بۇتتەك قېتىپ قالغانىدى.

ئۇنىڭ يۈرىكى ھازىر ئىككى خىل بېسىم ئاستىدا قىينىلاتتى: بىرى، ھازىرقى بۇ مەجبۇرىيەتنى قانداق قىلىش؛ يەنە بىرى، كېيىن خەلققە نېمىدەپ جاۋاب بېرىش. «ئادەم بالىسى» بولغىنى ئۈچۈن ھەر ھالدا ئۇ كېيىنكى ئاقىۋەتنىمۇ ئاز - پاز ئويلىماي قالمايتتى.

— گېپىڭ تۈگىدىمۇ؟

ئىدارە باشلىقى خۇددى بەگلەر ئۆزىنىڭ غالچىسىنى سەتلىگەندەك، ئۇنى كەمسىتىپ سورىدى.

— ھازىرچە … مۇشۇنچىلىك، — دەپ جاۋاب بەردى رازۋېدكىچى باشلىققا.

— ئۇلارنىڭ ھەرىكەت دائىرىسى، — دېدى ئىدارە باشلىقى بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ ۋە چېكىپ بولغان غاڭزىسىنى شىرە قىرىغا تاق - تاق ئۇرۇپ قويۇپ، — جىددىي كېڭەيمەكتە، ھەتتا ھەربىيلىرىمىزنىمۇ ئۆزلىرىگە تارتماقتا. ئۇلار مەخپىي ۋە ئاشكارا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

ئىدارە باشلىقى غاڭزىسىغا يەنە تاماكا سېلىپ، تۇتاشتۇرۇپ چېكىشكە باشلىدى. ئۇ قاتتىق شورىغانلىقتىن، تاماكا ئىسى ئۆپكىسىگە كېتىپ، توختىماي يۆتىلىپ كېتەتتى. يۆتىلى توختىغاندىن كېيىن، سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:

— رازۋېدكىشۇناسلىق سەنئىتىدە: ئىلمەك، ئىندەك ۋە پارچىلاش تەدبىرلىرى بار؛ مانا بۇ، يەر ئاستى كۈرىشىدە كەم بولسا بولمايدىغان تەدبىر، ھازىرقى كۈرەش — مۇشۇ تەدبىرگە

موھتاج.

ئىدارە باشلىقى ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، بۆلۈمنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى، ئۇ، شۇ تاپتا كۆڭلىدە ئاللىقانداق شۇملۇقنى ئويلاۋاتاتتى. يىغىنغا قاتناشقان «كەسپىي» خادىملار ئۇنىڭ «ئىلمىي لېكسىيىسى»نى ئاڭلاپ، خاتىرە يازاتتى.

— «ئىلمەك» تەدبىرى، — دېدى ئىدارە باشلىقى شەرھلەپ، — دوللار بىلەن مەنسەپ؛ «ئىنىدەك» تەدبىرى — قەلەمقاش بىلەن پاراماش؛ «پارچىلاش» تەدبىرى — گۇمان تارقىتىپ، ئارىسىنى بۇزۇش! مانا بۇلار رازۋېدكا ماتېماتىكىسىدا 2+2+1=? «فورمۇلىسى» دېيىلىدۇ.

ئىدارە باشلىقىنىڭ سۆزىگە بۆلۈم خادىملىرى، خۇددى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئالىي ماتېماتىكىنى چۈشىنەلمىگەندەك، تازا چۈشىنىپ كېتەلمەي قالدى. ئىدارە باشلىقى ئۇنى بىر - بىرلەپ چۈشەندۈردى. ئۇ، خوتەن ۋىلايىتىدە بۇ تەدبىرلەرنى ئەمەلىي پراكتىكىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنۇم ھاسىل قىلغان، تەجرىبىگە باي ئىدى.

ياتار ۋاقتى بولغاندا، ھېلى سۆزلەنگەن — «ئىلمىي لېكسىيە»نى مۇزاكىرە قىلىشنى تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئىدارە باشلىقى بۆلۈمدىن چىقىپ كەتتى.

بۆلۈم خادىملىرى يېزىۋالغان «ئىلمىي لېكسىيە» خاتىرىلىرىنى قايتا ئوقۇپ چىقتى، بىلمىگەن جايلىرىنى بىر - بىرىدىن سورىشىپ، چۈشەنچىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتى، ئارقىدىن يۇقىرىدىكى «سەنئەت»لەرنى كونكرېت مۇزاكىرە قىلدى.

دەل شۇ چاغدا، توساتتىن بۆلۈمنىڭ ئىشىكى قاتتىق ئۇرۇلدى. مۇزاكىرە ئۈستىدە ئولتۇرغان «ئىككىنچى بۆلۈم» خادىملىرى، يېرىم تۈندە قاتتىق ئاڭلانغان بۇ تاۋۇشتىن چۆچۈپ كېتىپ، قوللىرىدىكى خاتىرىلىرىنى ھاپىلا - شاپىلا يانچۇقىغا



سېلىشتى.

— كىم؟! — دېدى رازۋېدكىچى قاسىم دەرھال ئىشىك ئالدىغا كېلىپ.

— مەن! — دېدى پوستتا تۇرغان ساقچى.

— نېمە ئىش؟ — سورىدى قاسىم ئىشىكنى ئاچماي تۇرۇپ.

— جىددىي ئىش بار.

رازۋېدكىچى ئىشىكنى ئاچتى.

— باياتىن بېرى ھويلىدا ئۆلۈم ۋەقەسى چىقىۋاتىدۇ. خوتۇنىڭىز مەريەمخان ئاچام قوشنىڭىز ھەسەلخان بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئېغىز - بۇرۇنلىرى قان بولۇشۇپ كېتىشتى. شۇڭا... — دېدى ساقچى ئالدىراپ كىرىپ.

— ئاجرىتىپ باقسالىڭ بولماسمىدى؟ — دەپ سورىدى ئەرۋاھى ئۇچقان رازۋېدكىچى يەنە ساقچىدىن.

— مەن پوستتا ئىدىم. قېشىغا يېقىن بارالمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قوشنا خوتۇن ھەسەلخان قىيپالىڭاچلا كۆرۈنىدۇ.

— ئەستاغپۇرۇللا! — دېدى رازۋېدكىچى، — نە ئات، نە نومۇس؟! نېمىدېگەن باش ئاغرىقى!

ئۇ تۇرالماي، بۆلۈمدىن تېز چىقىپ كەتتى.

× ×

ئاخشام ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ، يىغلاپ قالغان مەريەمخان ئېرىنىڭ پەسەنت قىلماي چىقىپ كەتكىنىدىن قورسىقى كۆپۈپ زادىلا جىدىيالماي قالغانىدى. ئۇ، ئاللىقانداق بىر گۇمان ئىچىدە ھەسرەت چېكەتتى ۋە ئېرىدىن ئاغرىناتتى.

ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ، ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ماڭلاي چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى. ئىنچىكە قارا قېشىنى ئىككى بارمىقى بىلەن يېنىك بېسىپ بولۇپ، بىردەم

سول مەگزىنى، بىردەم ئوڭ مەگزىنى ئەينەككە تۇتاتتى. ئۆي
ئىچىدىكى ئۇششاق باللار ئالىلىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. بۇ
ئايال ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەيتتى. ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى ئۆزى
باھالاپ كېتەتتى، «قاراڭلار، مەن قايسى خوتۇندىن كەم. مەن
ھەرگىز، ‹چىرايىڭنىڭ سەتلىكىگە ئەينەك گۇناھكار ئەمەس،
لەر قاتارىغا كىرىدىغان خوتۇن ئەمەس؛ مانا مېنىڭ قاش ـ كۆزۈم
خېلى تۈزۈك! چىرايىم شۇنچە سۈزۈك.»

«ھېلىقى بوينى تاتۇق، — مەريەم يەنە ئېرىنىڭ ئۈستىدە
شىكايەت قىلىپ، سۆزلەپ كەتتى، — تېخى، قىرىچە ـ يېنىچە
تېگىپ يۈرىدۇ. ھەدېسە ھەسەلخانغا قاتتىق تەگمەڭلار. دەپ مېنى
باستۇرۇپ بېرىدۇ. خىزمەت ـ پىزمەت دەپ مېنى ئالداپ،
كېچە ـ كېچىلەپ ئۆيگە كىرمەيدۇ. توختاپ تۇر، قېنى چاۋاڭنى
ئەمدى چىتقا يايمىسام.»

ئۇ ئاستا ئىشىكنى ئېچىپ تالاغا قارىدى. ھاۋا ئاخشامقىدىن
خېلى سۈزۈلگەنىدى. ئاسماننىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە يۇلتۇزلار
كۆرۈنەتتى. ئۇ ئىشىكى يېنىدا بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن، ھويلا
ئىچى خېلى يورۇق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. تۈنۈگۈن بىر كۈن
ياغقان سېرىق توپا، يەرنىڭ يۈزىنى بىرلىك قېلىنلىقتا يېپىۋالغا-
نىدى.

«‹ئوغرى تۇتقىن تۇماندا، ئۆلۈپ كەتمە گۇماندا›، —
دېدى مەريەم ئۆز ـ ئۆزىگە، — مانا، تاڭ ئاتاي دەپ قالسىمۇ
كەلمەيدۇ. ئۇ بۈگۈن كېچە چوقۇم ھەسەلنىڭ ئۆيىدە، ھەسەلنىڭ
ئېرىنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشىدىن پايدىلىنىپ... تېخى مېنى
ئالداپ ‹ئات ئايلىخانغا، يول سارىخانغا›، قىلماقچىمىش.»

ئۇ، يېنىك قەدەم ئېلىپ، ئىز قوغلاشتى. ھەسەلخاننىڭ
ئىشىكىدىن ئاستا ئۆتۈپ، ئادەم ئىزىنى تەكشۈرۈپ چىقتى، ئاڭ-
دىن ئىشىكنىڭ نېرىقى تەرىپىدە بىردەم مارىلاپ تۇردى. ئۇ بىر
تىۋىش ئاڭلايمەن دەپ، قۇلىقىنى ئىشىكنىڭ قىسىلچىقىغا چاپلاپ



تۇرۇپ خېلى ئۇزۇن تىڭشىدى. دەل شۇ چاغدا، ھەسەلخاننىڭ
ئۆيىدىن بىر يۇتەل ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز مەريەمخانغا خۇددى
ئېرىنىڭ ئاۋازىدەك ئاڭلاندى ـ دە، ئىشىكنىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتۈ-
ۋېلىپ، پايلاپ تۇردى ۋە ئىچىدە: «قېنى چىقىپ باققىنا، گې-
لىڭدىن شۇنداق سىقايكى» دېدى.

ئۇ خۇددى قۇشتەك، چىرماقلىرىنى تەييارلاپ تۇرغاندا،
ھەسەلخان ئىشىكنى غاچچىدە ئېچىپ، تالاغا چىقتى. مەريەمخان
يۇر كۆتتەك ئېتىلىپ بېرىپ، ھەسەلخاننىڭ گېلىنى بوغۇۋالدى.
ئىككى خوتۇن ھويلىدىلا يومىلاقلىشىپ كەتتى.

ھەسەلخان كۆڭلىكىنىمۇ كىيمەي، چاپان يېپىنچاقلىۋالغان
پېتىلا تەرەتكە چىققانىدى. ئۇنىڭ چاپىنى ئالىلىقاچان ئۈستىدىن
چۇشۇپ كېتىپ، قىپيالىڭاچ بولۇپ قالدى. ئۇلار سېرىق توپا
ئۈستىدە تۇتۇشۇپ، بىر ـ بىرىنى بېسىشاتتى، چاچلىرىنى يۇڭ-
دىشاتتى، يۈز ـ كۆزلىرىنى تاتىلىشاتتى، بىردەمدىن كېيىن ھەر
ئىككىسىنىڭ ئاغزى ـ بۇرنى قانغا بويالدى. ئىككى ئايال
بىر ـ بىرىنىڭ ئەيىبىنى ئېچىپ، بىر ـ بىرىگە ئەپسانە ياغدۇرات-
تى. مەريەمگە «گۇمان بىلەن كۈنچىلىك» كۈچ بېرەتتى، ھە-
سەلخانغا «تۆھمەتكە قارشىلىق» كۈچ بېرەتتى. «خوتۇنۇڭنىڭ
قانداقلىقىنى بىلەي دېسەڭ، قوشناڭ بىلەن ئۇرۇشقاندا قاراپ
تۇر» دېگەندەك، ئۇلار ئاغزىغا كەلگىنىنى دېيىشىپ، ھارغىنىنى
بىلەلمەي ئېلىشاتتى ۋە تىللىشاتتى.

دەل شۇ پەيتتە، ئەرۋاھى ئۇچقان رازۋېدكىچى نەق مەيدانغا
يېتىپ كېلىپ، ۋارقىراشقا باشلىدى.

— ۋاي! نېمە بولۇشتۇڭلار! قىپقىزىل ساراڭ بولۇشتۇڭ-
لارمۇ، نېمە؟!

مەريەمخان ئېرىنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپلا، ھەسەلخاننى تاش-
لاپ، ئۇنىڭغا ئېتىلدى.

— ھە، سەن ھەزىلەك! تاتۇق! ماۋۇ كوسۇكىنىڭ ئۆيىدىن

قاچان چىقىۋالدىڭ؟ ئەمدى تاماشا كۆرگىلى كەلدىڭمۇ؟ خوتۇنۇڭنى مۇشۇنداق ئاياغ ئاستى قىلماقچىمۇ سەن؟ خېتىمنى بەر!

ئۇ ئېرىنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى مۇشۈكتىن بەتتەر مورىلاپ تويغۇزۇپ تۇرغاننىڭ ئۈستىگە، ھەسەلخانمۇ بېرىپ:

— ھە، شوۋىچى، خوتۇنۇڭ نېمە يوق يېۋاتىدۇ؟ ئاغزىدىن نېمە چىقىۋاتىدۇ؟ بۇ جالاپىڭنىڭ ئالدىدا مېنى يا ئاق قىلىسەن، يا قارا قىلىسەن، مەن ئۆينىسام، سەندەك تاتۇق بىلەن ئۆينامدىمەن؟! — دېدى رازۋېدكىچىنىڭ گېلىنى سىقىپ.

ئىككى خوتۇن بىرلىشىپ، رازۋېدكىچىنى بېسىۋالدى. ئۇلار دەرد - ئەلەمگە پايلىماي، ئۇنىڭ يۈز - كۆزىنى تاتىلاپ، ھېچبىر تازا يېرىنى قويمىدى.

جېدەل بېسىقمىغاندىن كېيىن، ئىدارە باشلىقىغا خەۋەر باردى، ئادەملەر توپلاندى، ئۇلار سالا - سۆلەي قىلىشىپ، مىڭ بىر تەسلىكتە ئۇچەيلەننى ئاجرىتىپ، ھەرقايسىسىنى ئۆز ئۆيىگە ئەكېتىشتى.

## 2

4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇياش نۇرى جىلۋە قىلاتتى، يەر - جاھان كۆكىرىپ، چېچەك - چوكانلار ئېچىلىپ، شەھەر ئەتراپىنى چىمەنزارلىق قاپلىغانىدى. باغلاردا ئېچىلغان رەڭگارەڭ چېچەكلەر پۇراق چېچىپ، كۆڭۈلنى ھوزۇرلاندۇراتتى. باھارنىڭ مەيىن شامىلى ئادەمنىڭ يۈزىگە يېقىملىق ئۇرۇلاتتى.

باھار ئايلىرىنىڭ مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك، پەيزى كۈنلىرىدە ئوغۇل - قىز ئۆسمۈرلەر ئىچىدە تۈرلۈك ئويۇنلار ئەۋج ئېلىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كوچىلاردا ياغاچ ئات مىنىشىپ، يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئېلىپ باراتتى. قىزلار رەڭگارەڭ چېچەك - چوكانلارنى چاچلىرىغا پۆپۈك - سېكىلەك



قىلىپ ئېسىۋالاتتى.

لۇتپۇللا بىلەن مۇئەررىدىن بۈگۈن تۇردىشاخۇننىڭ تەكلىپى بىلەن كونا شەھەرگە بارماقچى بولۇپ، لەڭگەر كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدا ئۇچراشتى. ئۇلار ماڭماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، بىرەر يۈز مېتىرچە يىراقتا، بىر توپ بالىلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، شائىر دەرھال مۇئەررىدىننى باشلاپ، بالىلارنىڭ يېنىغا باردى:

— نېمە بولىدۇڭلار، ئۇكىلار؟ — شائىر بالىلاردىن سورىدى.

— ماۋۇ ئىككىسى ئات چىۋىقىنى تالىشىپ ئۇرۇشۇۋاتىدۇ، — دېدى بالىلاردىن بىرى.

شائىر ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئېرىق بويىدىكى تاللاردىن بىر تۈز چىۋىقنى سۇندۇرۇپ كەلدى - دە، تال چىۋىقى سۇنۇپ كەتكەن دەۋاگەر بالىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

— بۇ چىۋىق يارامدۇ؟ — دېدى.

— يارايدۇ، ئاۋۋالقىسىدىنمۇ ياخشى، — دېدى بالا تەڭلا.

— ياغاچ ئات مىنگەن بالىلارنى بىز «ئىزچى» دەيمىز، — دېدى شائىر بالىلارغا، — «ئىزچى» دېگىنىمىز، جەڭچىلەرنىڭ ئىزىنى باسىدىغانلار، قەھرىمانلارنىڭ ئىزىنى باسىدىغانلار، جەڭدە قۇربان بولغان، شېھىت بولغانلارنىڭ ئىزىنى باسىدىغانلار... جەڭچى بىلەن ئىزچىلارنىڭ جەڭ مارشى — كۈرەش ناخشىسى بولىدۇ. ئۇنىڭ قوماندانى بولىدۇ. مەن ھازىر سىلەرگە قوماندان بولىمەن. بۇيرۇقۇمغا قەتئىي بويسۇنىسىلەر. قانداق، ئۇكىلار؟!

— بويسۇنىمىز، لۇتپۇللا ئاكا! — دەپ تەڭلا ۋارقىراشتى بالىلار.

لەڭگەرلىك بالىلار، لۇتپۇللاغا بەك ھېرىس ۋە ئامراق ئىدى، ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلار بۈگۈن شائىرنىڭ

سۆزىنى يىرمىدى.

— ھازىر سىلەر ئېتىڭلارغا مىنىدىڭلار، سىلەر ئەمدى جەڭ مارشىنى ئۆگىنىشىڭلار كېرەك. مەن ئاۋۋال ئۆگىتىمەن، جەڭ ناخشىسىنى تۆتتۆۋالغىنىڭلاردىن كېيىنكى بۆيرۇقنى ئايرىم ئاڭلايسىلەر! — دېدى شائىر بالىلارنى سەپكە تۇرغۇزۇپ بولۇپ.

— بولىدۇ! — دېدى بالىلار تەڭلا ئاۋاز قوشۇپ.

شائىر تۆۋەندىكى جەڭ مارشىنى ئۆگىتىشكە باشلىدى:

بىز ئوينايمىز ئات مىنىشنى،
ئوينايمىز قىلىچ مىنىشنى.
ئۇنى ئويناپ، ئۇستا بولۇپ،
ئالىمىز دۈشمەننىڭ بېشىنى!

جەڭ ناخشىسىنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن بالىلار بۇ ناخشىنى، لۇتپۇللانىڭ دىرىژورلۇقىدا ئاخىرقى قېتىم ئوقۇدى. شائىر ئاندىن ئىزچى باتۇرلارغا: ئاقسۇ شەھەر سېپىلىنى «ھۇجۇم قىلىپ ئېلىش» توغرىسىدا «ئاتاكا!» قوماندىسى بەردى. ئىزچى باتۇرلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ، سېپىل تامان يۈگۈرۈپ كېتىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن لۇتپۇللا بىلەن مۇنىرىدىن بىر مەيىنى كىرا قىلدى - دە، كونا شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

— بالىلارغا بېرىلگەن بۇ ئىنقىلابىي تەربىيە، بەك جايىدا بولدى، — دېدى مۇنىرىدىن. شائىر دوستىنىڭ ئىزچى تەربىيەلەش يولىدا كۆرسەتكەن ئەقىل - پاراسىتىدىن مەمنۇن بولۇپ.

— ھايات تېز ئۆتۈۋاتىدۇ، — دېدى شائىر، مۇنىرىدىنغا، — ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھەر بىر مىنۇت ئىككىنچى قايتىپ كەلمەيدۇ. بالىلارغا بېرىلگەن تەربىيە تاشقا مۆھۈر باسقاندەك مەھكەم ئورنىشىدۇ.



ئۇلار يولدا بارغۇچىلىك تەشكىلىي ۋە قوزغىتىش خىزمەتلىرى ئۈستىدىمۇ چوڭقۇر پاراڭلىشىپ ماڭدى:

— قاش دەرياسىنىڭ يالقۇنى تېزرەك يېتىپ كەلسە بولاتتى. ئاڭلىساق، بۇ يالقۇن ھازىر شەرقتە ماناس دەرياسىغىچە يېتىپ بېرىپتۇ، — دېدى مۇنىرىدىن.

— قاش دەرياسىنىڭ يالقۇنىنى مۇزداۋان توسۇۋالالمايدۇ، ئۇچقۇن چوقۇم يانغىنغا ئايلىنىدۇ، بۇ يانغىن تارىم بويىدا تېخىمۇ ئۇلغىيىدۇ.

ئۇلار سۆزلىشىپ مېڭىپ كونا شەھەر بىلەن يېڭىشەھەر ئارىلىقىدىكى قورۇل ۋە جىرىمچىل دېگەن جايلاردىن قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى سەزمەي قېلىشتى. بىر سائەتكە قالماي مەيە قۇمدەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ، قاسقانچى مەھەللىسىگە يېتىپ باردى.

لۇتپۇللا بىلەن مۇنىرىدىن مەيىدىن چۈشۈپ، شەھەرنىڭ مەركىزىي كوچىسى — يېڭىساراي ئالدىغا كەلگەندە، ئادەم قايىنىمى ئىچىدىن بىرقانچە بالىنىڭ «بىلال ئاكا، بىلال شوڭگەن!...» دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. ئۇلار ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

بىلال ئەزىزى بىلەن دائىم چاقچاق قىلىشىدىغان شەھەرلىك بالىلار ئۇنى گەپكە سېلىش ئۈچۈن قىچقارغانىدى. بىلال ئەزىزى بالىلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن چاقچاق قىلىشىۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە لۇتپۇللا بىلەن مۇنىرىدىن يېتىپ باردى - دە، بىلىندۇرمەي بىر چەتتە ئاڭلاپ تۇردى.

— بىلال ئاكا، بىر قوشاق ئېيتىپ بېرىڭا؟

ئون ئۈچ ياشلارغا كىرگەن بىر شوخ بالا بىلال ئەزىزىگە ئوماق كۆزى بىلەن تىكىلىپ يېلىنىپ سورىدى. بىلال ئەزىزى بالىلارنىڭ رايىنى قايتۇرماي جاۋابەن دېدى:

— بولىدۇ، ئۇكىلار، مەن سىلەرگە قوشاق ئوقۇپ بېرەي:

مېنى دەيدۇ بىلال شوڭگەن،
قىزىل ماۋزۇر ئېسىپ يۈرگەن.

كىشى بىلمەس بۇ ھالىمنى،
بىلال قانداق خىيال سۈرگەن؟

ئېچىمدە بىر يانار چوغ بار،
يانار تاغ ھالىدا كۆيگەن!

بالىلار قوشاقنى ئاڭلاپ پاراقىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— كىچىك جەڭچىلەرگە، — دېدى لۇتپۇللا، بىلال ئەزىزىنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — جەڭ ناخشىسىنى ئۆگىتىۋاتامسەن؟

— ھوي سىلەرمۇ بارمىدىڭلار، قاچان كەلدىڭلار؟

بىلال ئەزىزى دوستلىرىنى كۆرۈپ، قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— ھازىر كېلىشىمىز، — دېدى مۇنىرىدىن.

بۈگۈن كونا شەھەرنىڭ بازىرى ئىدى. كوچىلاردا ۋاڭ-چۇڭ قايناپ تۇراتتى. ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن كوچىدا مېڭىش تەس ئىدى. ئۈچ دوست يېڭىساراي ئالدىدىن ئايلىنىپ، ئەشمەبۇلاق تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن غەرب تەرەپتىكى يامۇل كوچىسىغا كىردى. ئۇلار شەنگەن يامۇلىنىڭ ئالدىغا بارغاندا يامۇلنىڭ ئىچىدىن چىقىۋاتقان بىرقانچە موماينىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. لۇتپۇللا، مۇنىرىدىن، بىلال ئەزىزى يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ يامۇل ئالدىدا بىردەم توختىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي يامۇل ئىچىدىن خۇددى تۈڭگۈزدەك سەمرىپ كېتىشكەن بىر توپ ئەمەلدارلار گىدىيىشىپ چىقىپ، يامۇل دەرۋازىسى ئالدىدا توختاشتى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەرقايسى يېزا-كەنتلەردىن كەلگەن



شاڭيو، مىڭبېگى، مىراب، يۈزبېگى، بوجاڭ، توپپېشى، جىسا، قوربېشى، دورغا، ئونبېشى، قورچاق «قوغدىنىش ئەترىتى»نىڭ لالما چېرىكبېشى قاتارلىقلار بار ئىدى. كوچىدا كېتىۋاتقان كەمبەغەللەر ئۇلارنى كۆرۈپ غىپپىدە، نېرىدىلا ئات-ئۇلاغلىرىدىن چۈشۈپ، ئېگىلىپ تەزىم قىلغىنىچە ئۈن چىقارماي ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. بەزى دېھقانلار قورققانلىقىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشنىڭ ئېپىنى ئىزدەيتتى.

— ۋاي گادايلار، توختاش!

بەگلەر ئىچىدىن بىر سېمىز مەخلۇق ئوڭ قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ، كوچىدىن ئۆتۈۋاتقان دېھقانلارغا قەھر-غەزەپ بىلەن سۈرەن سالدى. بازارغا كەلگەن دېھقانلار قورقۇشۇپ، ئىزىدىلا توختاپ قېلىشتى.

— ھازىر قانداق چاغ بىلىشەمسەن؟

سېمىز مەخلۇق دېھقانلارغا كۆز چەكچەيتىپ تۇرۇپ، جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراشقا باشلىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا قارىيالماي، باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ، قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشاتتى.

سېمىز مەخلۇق چىڭقىلىپ سۆزلىگەنسېرى ئاۋازى خىرقىراپ يېقىمسىز ئاڭلىناتتى. ئۇ، شۇنچىلىك سېمىز ئىدىكى، سىنچىلاپ قارىمىغان ئادەم ئۇنىڭ بوينى بار-يوقلۇقىنى پەرق ئېتەلمەي قالاتتى. ئۇنىڭ قورسىقى خۇددى سامان تىقىپ قويغان تاغارغا ئوخشايتتى، پاچىقى ئىنچىكە، كېلەر كۆز، دورداي كالپۇك، چاشقان بۇرۇت، سەپكۈن يۈزلۈك، دوقا ماڭلاي بۇ كىشى كونىشەھەرنىڭ مۇئاۋىن ئامبىلى ھاشىر قاگرۇق ئىدى. ئۇ قورسىقىنى كۆتۈرەلمەي ھاسىراپ تۇراتتى.

— مانا، ئىلى ئوغرىلىرى تاغنىڭ كەينىدە مارىلاپ تۇرۇپتۇ. ئالۋان دېسە بېشىڭ ئاغرىشىدۇ، ئاقسۇدىكى جاۋ تۇەنجاڭدىن پەرمان كەلدى. قورغاندا ھەربىي گازارما ياساش ئۈچۈن ھاشارچى كېرەك. ئۇرۇش تەييارلىقى ئۈچۈن سېپىل ئىچىگە ئوتۇن-

سامان، بوغۇز، خان ئەسكەرلىرىگە ئاشلىق ـ تۆلۈك توشۇش لازىم. كىمكى ھاشار ـ سېلىقتا قارشىلىق قىلسا ياخشىلىق كۆرمەيدۇ. ئىلى ئوغرىلىرىغا يار ـ يۆلەك بولغۇچى ھېسابلىنىپ دارغا ئېسىلىدۇ. ھەممەڭ بۇ سۆزۈمنى يۇرتمۇيۇرت ئاڭلىتىشىڭ لازىم.

ھاشىر بەگ سۆزىنى تۈگىتىپ بولۇپ، يەنە يامۇلنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. دېھقانلارمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇپ، تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىلىپ كېتىشتى.

— مانا كۆرۈڭ، «زامانە زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ» دېگەن مانا شۇ! — دېدى لۇتپۇللا ئەشمەبۇلاق تەرەپكە كېتىپ بېرىپ دوستلىرىغا.

— لېكىن، قاراقورساق ئامبال، — دېدى مۇئمىردىن، — بۈگۈن بىزنى بىر مۇھىم ئاخبارات بىلەن تەمىنلەپ قويغىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. «مۇزداۋان يېنىدىكى قورغاندا ھەربىي مۇداپىئە گازارمىسى ياسالماقچى» ئىكەن ـ دە! مانا بۇ، سوقۇشنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىزمۇ تەييارلىقنى جىددىيلەشتۈرۈپ، دېھقانلارنى تەشكىللەش پائالىيىتىمىزنى تېزلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

ئۈچەيلەن تەشكىلىي خىزمەت ئۈستىدە يەنە مەخپىي مۇڭدىشىپ مېڭىپ، يار بويىدىكى چوڭ يولغا چىقتى. بۇ يەردىن بىر ئاز مېڭىپ، ئەشمەبۇلاق ئالدىغا يېتىپ باردى.

كۈن چۈشتىن سەل قايرىلغان چاغ ئىدى. «ئەشمەبۇلاق» ئەتراپى بۇك ـ باراقسان دەم ئېلىش ئورنى بولۇپ، بۇ يەر ياز كۈنلىرى شەھەر خەلقى توپلىشىپ ئارام ئالىدىغان سەيلىگاھلارنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. بازار كۈنى بولغانلىقتىن، بۈگۈن ئۇ يەردە ئادەم تېخىمۇ كۆپ ئىدى. ئۈچەيلەن كىشىلەر توپىغا كىردى.



چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان خەلق توپى ئىچىدە بىر يىگىت قەشقەر راۋابىنى مۇڭلۇق چېلىپ، ئاۋۋال «سىيىت نوچى قوشىقى»نى، ئارقىدىن «ما تىتەي تۇلۇمچاشقان» ناملىق خەلق قوشىقىنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى. كىشىلەر پۈتۈن زېھنىنى قويۇپ قوشاقنى ئاڭلاۋاتاتتى. بولۇپمۇ ما تىتەينىڭ زۇلۇم ـ كۈلپەتلىرى توغرىسىدىكى قوشاق تەسىر قىلىپ، بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن تارام ـ تارام ياش ئېقىپ تۇراتتى. راۋابچىنىڭ ئىككى ھەمراھىمۇ ئۇنىڭغا جور بولۇپ تۇۋلاپ تۇراتتى. بۇلاق بېشى لەرزىگە كەلگەندى.

قوشاق ئاخىرلاشقاندا، ئاڭلىغۇچىلار يانچۇقلىرىنى كوچىلاپ قوشاقچىلارغا ئاتىغانلىرىنى سۇندى. قوشاقچىلاردىن بىرى بادامدوپپىسىنى تۇتۇپ، كىشىلەر سۇنغان پۇلنى توپنى ئايلىنىپ يىغىۋالاتتى.

كىشىلەر بىر ـ بىرلەپ تارقىلىپ، ئادەملەر شالاڭلاشقاندىن كېيىن، لۇتپۇللا بېرىپ راۋابچىنىڭ قولىدىكى راۋابنى سوراپ قولىغا ئالدى ـ دە، قەشقەر راۋابىنىڭ نەپىس نەقىشىنى سىنچىلاپ كۆرۈپ ماختىدى. ئارقىدىن يىگىتلەرگە سوئال قويۇپ:

— سىلەر بۇ ياقتا قەيەردىن ۋە نېمىشقا كەلدىڭلار، يىگىتلەر؟ — دېدى.

— ھەرقايسىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق دەردىمىز، ئىچ پۇشۇقىمىز بار. دەرد بىزنى قامچىلاپ قەشقەردىن مۇشۇ يەرگە ئەكەلدى، — دەپ راۋابچى يىگىت ئاۋۋال جاۋاب بەردى.

ئۈچ يېتىمچى باشلىرىغا ئوخشاش نۇسخىدا بادامدوپپا، ئۇچىسىغا ئوخشاش سالما ياقىلىق ئۇزۇن ماتا كۆڭلەك، ماتا ئىشتان ۋە پۇتىغا كەش كىيىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قاڭشارلىق، قارا كۆز، قىسقا بۇرۇت قويۇۋالغان ھېلىقى راۋابچى يىگىت شائىرنىڭ سوئالىغا يۇقىرىقى جاۋابنى بەرگەندىن كېيىن:

— ئۇنداقتا سىلەرنىڭ دەردىڭلەر بىر ـ بىرىڭلارغا ئوخشىمايدىغاندۇر؟ — دەپ لۇتپۇللا يەنە يىگىتلەردىن سورىدى.

— ئادەملەرنىڭ دەردى ئوخشاش بولامدۇ، ئەپەندىم؟ — سېرىق يۈزلۈك بىر يېتىمچى لۇتپۇللانىڭ كۆزىگە قاراپ سوئال قويدى.

— ئادەملەرنىڭ دەردى نېمىشقا ئوخشاش بولمايدۇ؟ قېنى سۆزلەپ بېقىڭا!

— مېنىڭ دەردىمنى دېسىلە، ئەپەندىم: قوشنانىڭ يامان چىقسا كۆچۈپ قۇتۇلغىلى بولىدىكەن، ئېشىكنىڭ يامان چىقسا سېتىۋېتىپ قۇتۇلغىلى بولىدىكەن، خوتۇنۇڭ يامان چىقسا، ئىلاجى بولمايدىكەن. پۇلىنىڭ يوقسۇزلۇقىدا ئاران بىر خوتۇن ئالسام، كەچكىچە كىيىم غەلۋىسىنى قىلىدۇ. ئوغرىلىق قىلسام تېخى بولمىسا ياكى مېنىڭ بۆلەك كەسپىم بولمىسا، مۇشۇ دەرد بىلەن يۇرتنى تاشلاپ، جاھانسازلىق قىلىپ كېلەي، دەپ چىقىپ كەلدىم.

سېرىق يۈزلۈك بۇ يېتىمچى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، قالغان ئىككى ھەمراھىنىڭ دەردىنىمۇ قوشۇپ سۆزلىگىلى تۇردى:

— ماۋۇ راۋابچى ئاغىنەم بىر بايغا بەش يىل پادا بېقىپتۇ. باي دەسلەپتە، قىزىمنى بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلغانىكەن. بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن، قىزى زار - زار يىغلاپ تۇرسىمۇ، ئۇنى باشقا بىر باينىڭ ئوغلىغا مەجبۇرىي بېرىپتۇ، بۇنى بولسا ئىش ھەققىمۇ بەرمەي، قوغلاپ چىقىرىپتۇ. ئەمدى ماۋۇ يېنىمدا ئولتۇرغان غېرىب دوستۇمنىڭ ھالىنى سورىسىلا، ئەپەندىم، بۇ، تېخى مۇشۇ يېقىندىلا سولاقتىن قېچىپ چىقىپتىكەن، بىزگە يولدا قوشۇلدى. ئۇنى سۆزلەپ كەلسەك، بۈگۈن كەچ بولۇپ كېتىدۇ.

— ئۇنداقتا، سىلەر ئۈچ كىشىنىڭ دەردى — بىرلا دەرد، — دېدى شائىر يېتىمچىلەرگە چۈشەنچە بېرىپ، — ئۇ بولسىمۇ ئېزىلىش - زۇلۇم دەردى؛ ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولۇش دەردى؛ مۇھەببەتتە ئەركىن بولالماسلىق، ئىشسىز قې-



لىپ خوتۇننى باقالماسلىق، بىگۇناھ قامىلىش — مانا بۇلار بىر خىللا دەرد. ئاراڭلاردا سولاقتىن قېچىپ چىققان بىر «سىيىت نوچى»مۇ بار ئىكەن. لېكىن سىيىت نوچىدەك، ما دارىن يېزىپ بەرگەن ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى خەن دارىن①غا تاپشۇرۇپ پۇشايمانغا قېلىشتىن ھەزەر ئەيلىشىمىز كېرەك. سىلەر ئارقاڭلارغا قايتماي، مۇشۇ ئەتراپلاردا تىرىكچىلىك قىلىپ تۇرۇڭلار. تاڭ ۋەسلىگە يېتىدىغان كۈنلەرمۇ كېلىدۇ.

لۇتپۇللانىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ، قەشقەرلىك يېتىمچىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى - دە، قوللىرىنى سۇنۇشۇپ، شائىر بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ كېتىشتى. لۇتپۇللا، مۇئىنىدىن ۋە بىلال ئەزىزى «ئەشمە بۇلاق»تىن ئايرىلغاندا قەشقەرلىك يېتىمچىلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى ۋە يارباغ كوچىسى ئېغىزىغا كەلگەندە راۋابچى يىگىت پىچىرلاپ:

— ئەپەندىم، ئۆزلىرى كىم بولىلا؟ — دەپ لۇتپۇللادىن سورىدى.

— مەن لۇتپۇللا مۇتەللىپ دېگەن كىشى بولىمەن.

لۇتپۇللانىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان ھامان راۋابچى يىگىت بادامدوپپىسىنىڭ قېتىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ، شائىرغا سۇندى. قالغان ئىككى يىگىتمۇ دوپپىلىرىنىڭ قېتىدا يوشۇرۇپ ساقلىغان خەتلىرىنى لۇتپۇللاغا بەردى. بۇ ئىشتىن ھەيران بولغان لۇتپۇللا، مۇئىنىدىن ۋە بىلال ئەزىزى خەتلەرنى بىر - بىرلەپ ئىچىدە ئوقۇپ چىقتى:

بىرىنچى خەت: قەشقەردىن — كەپتەردىن.

ئىككىنچى خەت: پەيزىۋاتتىن — قۇربان قىلىچتىن.

ئۈچىنچى خەت: يەكەن — شاھىبدىندىن.

دېمەك، قوشاقچى يىگىتلەر يەر ئاستى پارتىزان جەڭچىلىرى بولۇپ چىقتى. بۇ ئەھۋال مۇشۇ مەخپىي خەتتە تولۇق ئىزھار

① خەن دارىن شۇ زامانلاردىكى قەشقەر ئامبىلى.

قىلىنغانىدى.

لۇتپۇللا، مۇنىرىدىن، بىلال ئەزىزىلەر خەتنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، خۇشاللىقىنى باسالماي قېلىشتى. ئۇلار قەشقەرلىك يىگىتلەر بىلەن قايتا قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— قۇربان قىلىچ پەيزىۋاتتىن يېتىپ كەلگۈچە سىلەرنىڭ ئالاقە قىلىدىغان ئادىمىڭلار ئىككىلا كىشى بولۇپ تۇرىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، بىلال ئەزىزى؛ يەنە بىرى، نۇرۇللا. بۇنىڭدىن كېيىن تۇرمۇشۇڭلارنى مۇشۇ ئىككى شەپەدىشىمىز ئورۇنلاشتۇرىدۇ. قالغان گەپنى كېيىن سۆزلىشەيلى، — دېدى ئارقىدىن لۇتپۇللا.

— ئەتىگەنلىككە، — دېدى بىلال ئەزىزى، لۇتپۇللانىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلىپ، — سىلەرنىڭ يېتىش - قوپۇشۇڭلارنى خوتەن سارىيىغا ئورۇنلاشتۇرىمەن، بىز دەل پېشىن ۋاقتى بىلەن شۇ سارايدا ئۇچرىشايلى.

ئۇلار بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، لۇتپۇللا باشلىق ئۈچ زىيالىي بۇ يەردىن بۇرۇلۇپ مىسكەر بازىرىغا باردى. ئۇلار مىسكەر بازىرىدا ئاق، تۆمۈر كۆك، قىزىل تۇچلاردىن ياسالغان داڭقان، ئاپتۇۋا، كەپكۈر، تۇچ بىلەزۈك قاتارلىق ھۈنەر بۇيۇملىرىنى كۆرۈپ ماڭدى. كۈن دىگەر ۋاقتى بولغاندا ئۇلار بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر خالتا كوچىغا كىرىپ، يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، غەزنە مەھەللىسىدىكى تۇردىئاخۇننىڭ ئۆيىگە يېتىپ باردى. دەرۋازا ئالدىدا ئۇلارنى مەۋلانجان كۈتۈپ تۇرغانىدى.

— كېچىكىپ قالدىڭلار، بىرەر كاشىلا بولدىمۇ، نېمە؟— دېدى مەۋلانجان.

— ياق،— دېدى مۇنىرىدىن، — باھار كۈنلىرىنىڭ پەيزىنى كۆرۈپ كەلدۇق.

مەۋلانجان بۇ ئۈچەيلەننى مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى. ئۇلار ئۆيدىكى مېھمانلار بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى. بۇ مېھمانلار



ئىچىدە ئوتتۇرا ياشلىق، ساقىلى پاكىز قىرىلغان قىسقىراق بۇرۇت قويۇۋالغان تەمبەل بىر كىشى ئولتۇراتتى. داستىخان سېلىنىشنىڭ ئالدىدا ساھىبخانا بۇ كىشىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇ، ئەسلىي قومۇللۇق بولۇپ، ئۇزۇن يولغا قاتناپ يۈرىدىغان تىجارەتچى كىشى ئىدى.

مېھمانلار ئۆزئارا تونۇشقاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن تاماق يەپ، يەنە بىر تەرەپتىن قىزغىن پاراڭغا چۈشتى:

— يېقىندىن بېرى كەپتەر ئۇچۇپ كەلمىدى، — دېدى مۇنىرىدىن، — ئۈرۈمچى ۋەزىيىتىدىن خەۋەر ئالالمايۋاتىمىز.

— يۈەن داخۇا[1] ئائىلە تەۋەلىرىنى كۆچۈرۈپ يولغا چىقتى، — دېدى تىجارەتچى كىشى، — ۋەزىيەتمۇ خېلى ياخشى.

تىجارەتچىنىڭ مۇشۇ بىرىنچى جۈملە سۆزىدىن ئۇنىڭ تارىخىي بىلىمى مول ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. لېكىن ئولتۇرغانلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلەلمەي قالدى. تىجارەتچى بۇ سۆزنى ئىزاھلاشتىن ئاۋۋال، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى:

— مەن ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ قوراي يېزىسىدىن. ئاتام تۆمۈر[2] قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. مەن 1930 - يىلى سالى دورغا[3] بىلەن بىرگە قورايدىكى دېھقانلار ھەرىكىتىگە قاتناشقان. سالى دورغا ئاقسۇغا دوتەي بولغاندا، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدىم. كېيىن مەن تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغان بولدۇم. تىجارەت قىلىش جەريانىدا مۇشۇ ساھىب-

[1] يۈەن داخۇا — 1911 - يىلىدىن بۇرۇن شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي ھۆكۈمەت رەئىسى ئىدى. كېيىن ياڭ جياڭجۈن تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، ئىچكىرىگە كېتىپ قالغان. بۇ يەردە سىللىي ئارمىيە ماناس دەرياسىغا يېتىپ بارغاندا، ئەكسىيەتچىلەر ئالاقزادە بولۇپ قېچىپ قالغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

[2] تۆمۈر — تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭى — 1911 - ، 1912 - يىللىرى تۆمۈرنىڭ باشچىلىقىدا قومۇل دېھقانلىرىنىڭ قومۇل ۋاڭى شاھمەخسۇتقا قارشى كۆتۈرگەن قوزغىلىڭى. قوزغىلاڭچىلار ۋاقىتلىق تۈزۈمىگە ھەم يەر سېلىقىغا قارشى شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغان. تۆمۈرنى كېيىن ياڭ زېڭشىن ئالداپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

[3] سالى دورغا — 1930 - يىلى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ قوراي دېگەن يېرىدە باشلانغان دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى، 1934 - ، 1935 - يىللىرى ئاقسۇغا دوتەي (ۋالىي) بولغان. 1939 - يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قاماققا ئېلىنىپ، ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن.

خانا تۇردىئاخۇن بىلەن دوست بولۇپ قالدۇق.

تىجارەتچى ئارقىدىن، يۇقىرىدا مۇنىرىدىنغا بەرگەن جاۋاب سۆزىنى ئىزاھلاپ:

— لېكىن ئۇ (يۈەن داخۋا) قۇمۇلغا بارغاندا، دېھقانلار ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قولىنى سېلىشتىن باش تارتمىدى[①]، — دېدى.

تىجارەتچىنىڭ ئىزاھلىشى تۈگىشىگە ئۇلاپ:

— ھازىر ۋەزىيەت، ئۇ چاغدىكىدىن كۆپ پايدىلىق، لېكىن ئاقسۇدا دۈشمەن ئىچىدىكى خېلى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان يالقۇنتاغلىق ئەسكەرلەرنى تارتىپ كېلىش، ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە، — دەپ گەپ باشلىدى بىلال ئەزىزى.

بىلال ئەزىزىنىڭ بۇ سۆزىگە ھېچكىم ئالدىراپ بىرنېمە دېمىدى. بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن، ساھىبخانا تۇردى خەلپە ۋە ئوغلى مەۋلانجان تىجارەتچى دوستىغا تىكىلىپ قارىدى. قۇمۇللۇق تىجارەتچى بىلال ئەزىزىنىڭ سۆزىگە:

— يالقۇنتاغدىن ھەممىلا چاغدا، — دېدى تىجارەتچى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر[②]چىقىۋەرمەيدۇ. «پالتا ساپلىرى»مۇ چىقىپ قالىدۇ. بۇ جاھالەت دەۋرىدە، ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغى بىلەن قورۇش ئەۋج ئالماقتا. — دەپ جاۋاب بەردى يەنە تارىخىي ھېكايە بىلەن.

قۇمۇللۇق كىشى مېھمانلارنىڭ كەيپىياتىنى كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلەرگە قىزغىن قولاق سېلىۋاتقىنىنى ھېس قىلدى ـ دە:

— ياڭ جياڭجۈن[③] 1908 ـ يىلى مۇشۇ ئاقسۇغا دوتەي

① يوەن داخۋا قۇمۇلغا بارغاندا، ۋاڭ بىلەن دېھقانلارنى ياراشتۇرۇش ھېيلىسىنى ئىشلىتىپ، دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ بېسىقتۇرۇلۇشىغا شەرت ھازىرلاپ بەرگەنىدى.

② ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (1901 — 1933) — ئاتاقلىق شائىر ۋە ئىنقىلابچى. لەمجىن، لۈكچۈن قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان، كېيىن تۇرپان قوزغىلىڭىنى تەشكىللەش پائالىيىتىدە بولغان. 1933 ـ يىلى قۇربان بولغان.

③ ياڭ جياڭجۈن — ياڭ زېڭشىڭ (1857 — 1928) — يۈننەن ئۆلكىسىدىن. ئۇ، شىنجاڭغا ئون يەتتە يىل (1912 — 1928) ھۆكۈمران بولغان. 1928 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۆزىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى يەن ياۋنەن تەرىپىدىن ئېتىلغان.



بولۇپ كۈچ توپلىغاندىن كېيىن، 1912 ـ يىلى پۈتۈن شىنجاڭغا ھۆكۈمران بولدى. ئۇ پىششىق «ئۇيغۇرشۇناس» ئىدى. ئۇنىڭ كۇچالىق ھاپىز يىڭجاڭ، تۇرپانلىق نىياز يىڭجاڭ، لۈكچۈنلۈك توختى يىڭجاڭ دېگەن قولچوماقلىرى بار ئىدى، — دەپ سۆزىنى يەنە ئەگىتىپ بايان قىلدى.

بىر كۈنى جياڭجۈننىڭ يېقىنلىرىدىن بىر ئەمەلدار جاڭجۈنغە: «بۇ ئادەملەرنىڭ بىزگە قارشى چىقىشىدىن ئەنسىرەيمەن» دەپتۇ. جياڭجۈن دەرھال ھېلىقى ئەمەلدارغا رەددىيە بېرىپتۇ: «يىڭجاڭلىرىم بولسا مېنىڭ مۇھاپىزەت كالتەكلىرىم. ئۇلار كونا خورۇمدىن ياسالغان ھەربىيچە كەمەرنى، بولۇپمۇ مەنسەپ نامىنى ياخشى كۆرىدۇ. شۆھرەتنى، كۆرەڭلىكنى ئۈستۈن بىلىدۇ. لېكىن مەن ئۇۋغا چىققاندا، قوشلىغان يېرىمگە ئۆزىنى ئاتىدۇ، ئۇلار بىر كۈنى ئەسقاتىدۇ.»

ئۇزۇن ئۆتمەي، 1912 ـ يىلى تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار ھەرىكىتى قوزغالغاندا، جياڭجۈن دېگەندەك، ئۇنىڭ ھېلىقى ئۇۋ ئىتلىرى قۇمۇلغا ئەۋەتىلىپتىكەن، ئىشقا يارايتۇ.

قۇمۇللۇق مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچىنىڭ سۆزلەپ بەرگەن بۇ تارىخىي پاكىتلىرى، بىلال ئەزىزى، مۇنىرىدىن ۋە لۇتپۇللانى چوڭقۇر ساۋاتقا ئىگە قىلدى. ئۇلار قۇمۇللۇق كىشىنىڭ بىلىمىگە قايىل بولۇشتى ۋە مۇشۇ كۆرۈشۈشتىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى.

— ئۆزلىرى، — دېدى مۇنىرىدىن، — بۈگۈن بىزگە خېلى چوڭقۇر دەرس بەردىلە، بىزنىڭ ئورتاق مەقسىتىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە بىر مەزگىلگىچە تۇرۇپ بېرىشلىرى مۇمكىن بولۇرمۇ؟

مۇنىرىدىن ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپ بىلال ئەزىزىنىڭ باشتا سورىغان سوئالىغا ئۇيغۇن ئىدى. ئۇلار يالقۇنتاغلىق ئەسكەرلەرنى تارتىپ كېلىشتە مۇشۇ قۇمۇللۇق كىشى بىردىنبىر سالاھىيەت

ئىگىسى دەپ ئويلاشتىيۇ، بىراق ئۇنى ئۇچۇق ئوتتۇرىغا قويمىدى. قۇمۇللۇق كىشى ئۇلارنىڭ مۇددىئاسىنى پەملەپ:

— مېنىڭ ھازىر قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە قاراپ كېتىۋېتىشىم، ئامان بولسا يەنە بىر - ئىككى ئايلاردىن كېيىن دىدار كۆرۈشەرمىز. شۇ چاغدا بىز بىر سەپتە بولۇپ ئىشلەيمىز، — دېدى.

## 3

كېيىنكى بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە لۇتپۇللا كېچە - كۈندۈز قادىلىپ ئولتۇرۇپ، بېرىلىپ ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەمگىكى — «داۋانلار ئاشقاندا» رومانىنى يېزىش بىلەن بەند بولدى.

ئۇ خەلق ئىچىدىن نۇرغۇن مەنىۋى ئوزۇق توپلىغانىدى. ھەر ساھە كىشىلىرى — دېھقانلار بىلەن، كاسىپ - ھۈنەرۋەنلەر بىلەن، مەدىكارلار بىلەن، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن، يولۇچىلار بىلەن، سەرگەردان - دىۋانىلەر بىلەن، بىلىم ئەھلىلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ تۇرمۇش ئۆگەنىدى، نۇرغۇن جانلىق دەرسلەرنى ئاڭلىدى.

كىشىلەرنىڭ كەسپى ۋە سەرگۈزەشتىلىرى قارىماققا بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىر ئورتاق تەرىپى بار ئىدى. ئەشمەبۇلاقتا قەشقەرلىك يىگىتلەر بىلەن قىلىشقان سۆھبەت بۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرەتتى.

شۇڭا لۇتپۇللا ئۆزىنىڭ بۇ رومانىغا «يىلتىز» دېگەن مۇھىم بىر بابنى قوشتى. بۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن بىر تارىخىي كەشپىيات ئىدى.

«يىلتىز» سەرلەۋھىسى بىلەن باشلانغان بۇ بابتا، يىراق تارىختىن، پېشقەدەم بوۋايلار ۋە مومايلارنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىغان تۈرلۈك - تۈمەن چۆچەكلەردىن نەقىللەر ئالدى، ئاددىي خەلق



تىلىدىن مېغىزلىق قىسسىلەر بەردى، قانلىق تراگېدىيىلەرنى ھېكايە قىلدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر چوڭقۇر ئوقۇمغا مەۋھۇملەشتۈرۈپ «جاھالەت» ۋە «نادانلىق» دېگەن ئىككى سۆز ئارقىلىق بىر يىلتىزغا تۈگۈنلىدى.

لۇتپۇللا بۇ باب ئۈچۈن يېرىم ئايدىن ئارتۇق قان - تەر سەرپ قىلدى. ئاخىرىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىملىك دوستى، مەشھۇر «ئۆگەي ئانا» دراممىسىنىڭ ئاپتورى ئابدۇللا روزىنىڭ كۆرۈپ چىقىشى ئۈچۈن ئەۋەتتى.

بىر كۈنى ئاخشىمى ئابدۇللا روزى ئۆزىنىڭ ئىككى نەپەر دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىسىدىن بىر پارچە خەت بىلەن «يىلتىز» بابىنى قوشۇپ لۇتپۇللاغا يوللاپ بەردى.

ئابدۇللا روزى خېتىدە مۇنداق دېگەنىدى:

«دوستۇم ئۆركىشى: ‹يىلتىز› بابىنى كۆرۈپ چىققىنىمدىن كېيىن، تىل ۋە بەدىئىي ماھارىتىڭ ساڭا بولغان ھۆرمىتىمنى يەنىمۇ ھەسسىلەپ ئاشۇردى. مەزمۇندىكى پاجىئەلىك ۋەقەلەر تەسۋىرىنى ئوقۇغىنىمدا، يۈرەكلىرىم پارە - پارە بولۇپ، ئورىگىنال بەتلىرى كۆز ياشلىرىم بىلەن ھۆل بولۇپ كەتتى.

بۇ قانلىق تراگېدىيىلەر خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، سېنىڭ ئوبرازىڭنىڭ خەلق قەلبىدە مەڭگۈ نۇرلىنىپ تۇرىدىغىنىغا مەن ئەمدى شەك - شۈبھە قىلمايمەن ...»

لۇتپۇللا مۇتەللىپ دوستىنىڭ بۇ خېتىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار بىلەن سۆھبەتلەشتى:

— «ئۆگەي ئانا» دراممىسىنى ئۇچتۇرپانغا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتامسىلەر؟ — شائىر، ئوقۇغۇچىلاردىن ئۆزى يېقىندا مۇشۇ

ھەقتە ئاڭلىغان خەۋەرنى ئېنىقلاش ئۈچۈن سورىدى.

— ئابدۇللا روزى مۇئەللىم سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بېرىپ
بولدى، ھازىر تەييارلىق ئۈستىدە كېتىۋاتىمىز، — دېدى ئوقۇ-
غۇچىلاردىن بىرى.

— بۇ قېتىمقى سەپەر، بىر يېرىم ئايچە بولىدىغان ئوخشاي-
دۇ، — دېدى ئىككىنچى ئوقۇغۇچى قوشۇمچە قىلىپ.

— يەنە نەلەرگە بارىدىكەنسىلەر؟

— قۇمباش، ئاقيار، ئاچىتاغ، ئۈچتورپان شەھەر ئىچى
قاتارلىق جايلارغا بارىدىغان ئوخشايمىز، — دېدى ئۇلار.

— سىلەرنىڭ بۇ يەرگە كىرگىنىڭلارنى سىرتتا بىركىم
كۆرەمدۇ؟

— دەرۋازىنىڭ سىرتىدا بىر كىشى ئالدىمىزغا كېلىپ:
«نەگە بارىسىلەر؟» دەپ سورىدى. بىز ئۇنىڭغا: «تۇغقىنىمىز-
نىڭكىگە!» دەپ جاۋاب بەردۇق. قارىساق ئۇ ئادەم پۇقراچە كىيىن-
نىۋېلىپتۇ، لېكىن بېلىدە تاپانچا باردەك قىلىدۇ. بىزمۇ ھەيران
بولدۇق. بىز ئېرەن قىلماي ئۇدۇل دەرۋازىدىن كىرىپ كېلىۋەر-
دۇق.

— ئۇلۇشكۇن، — دېدى ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى يەنە، —
مەكتەپنىڭ تەرتىپ مۇدىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئايرىملىرىنى چاقى-
رىۋېلىپ: «جەمئىيەتكە ئارىلاشماڭلار، ئاڭلىغان گەپ - سۆ-
زۈڭلارنى مەلۇم قىلىڭلار» دېدى. ساقچى خادىملىرىمۇ مەكتەپنى
چۆرگىلەيدىغان بولۇپ قالدى. بىز پەرۋا قىلماي يۈرۈۋەردۇق.

لۇتپۇللا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئارقىدىن ساۋاقداش
دوستلىرىغا:

— سىلەرگە دەرۋازا ئالدىدا كۆرۈنگىنى يانتاقۇپنىڭ يانتاق-
لىرى. گۈلنىڭ شېخىدا تىكىنى بىللە بولىدۇ. تىكىنى بولمىسا
گۈلنىڭ قەدرى بولمايدۇ. چىمەنزار يېنىدا يانتاق ئۈسىدۇ، بول-
مىسا چىمەننىڭ قىممىتى بولمايدۇ. شۇڭا يانتاقۇپنىڭ يانتاقلى-



رى چۆرەمدە كۆپەيگەنسېرى، مېنىڭ گۈلۈم شۇنچە پۇراقلىق ۋە
خېرىدارلىق بولىدۇ. يانتاقۇپ بەرىبىر كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن
چۈشۈپ قالىدۇ. گۈل بولسا، مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ كۆڭلى-
نى ئۆزىگە مەڭگۈ مەپتۇن قىلىۋېرىدۇ! — دەپ ئىزاھ بەردى
ۋە، — يانتاقۇپلار قاپقان قۇرغۇچىلار، — دېدى لۇتپۇللا يەنە
سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئۇلارنىڭ سىلەردىن سورايدىغىنى
چاغلىق. ھازىر قاپقان باشقا يول ئۈستىدە! سىلەر ھازىر كېتىۋې-
رىڭلار، كەچ كىرىپ قالدى. مەن ئەتە ئۆزۈم بېرىپ ئابدۇللا
روزى بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىمەن.

ئوقۇغۇچىلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ، لۇتپۇللا يەنە پانار يورۇقى-
دا يېزىشنى داۋاملاشتۇردى.

× ×

5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. بىر شەنبە كۈنى كەچتە
لۇتپۇللا ئۆز ھۇجرىسىدا يەنە ئىجادىي ئەمگەك بىلەن جىددىي
مەشغۇل بولۇۋاتاتتى. ھۇجرا ئىچىگە توساتتىن ئىككى نەپەر «سا-
ھىبجامال» ئايالالارنى باشلاپ ھېكىم كىرىپ كەلدى.

لۇتپۇللا دەرھال قولىدىكى ئورنىگىنال قەغەزلىرىنى يىغىش-
تۇرۇپ، بىر چەتكە قاتلاپ قويدى. ئۇنىڭغىچىلىك ھېكىم بىلەن
ئىككى ئايال بوش ئورۇن تېپىپ ئولتۇردى. قارشى ئېلىنمايدى-
غان بۇ يانتاقۇپلارنىڭ بىئەپ بىر چاغدا ئۇشۇپلا كىرىپ كەلگىنى-
نى خۇشلىمىغان شائىر ئۇلارغا چىراي ئاچماي، سوغۇقلا قارشى
ئالدى.

— خېلى كۈنلەر بولدى، — دېدى ھېكىم، —
كۆرۈشمىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈڭ يالغۇز زېرىكىپمۇ قالغاي-
سەن، شۇڭا سېنى يوقلاپ كېلىشىمىز.

ھېكىم سومكىسىدىن ئىككى بوتۇلكا ھاراق، ئۈچ توخۇنىڭ

پىشۇرۇلغان گۆشى ۋە نان قاتارلىق نەرسىلەرنى چىقىرىپ شىرە ئۈستىگە قويدى.

— قورۇق قول، يالغۇز كېلىۋەرسەڭ بولماسمىدى؟ — شائىر كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزى ئۈچۈن پاراماش (ھاراق) ۋە قەلەمكاش ھېيلىسىمۇ ئىشلىنىۋاتقانلىقىنى بارغانسېرى چۈشىنىپ يەتمەكتە ئىدى، شۇڭا بۈگۈن ئۇ، ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان «مېھمان»غا تېخىمۇ گۇمانىي قاراپ، يۇقىرىقى سوئالنى قويدى.

— زېرىككەن چاغدا، بولۇپمۇ يېزىشتىن چارچىغان چاغدا كۆڭۈللۈك دەم ئېلىش كىشىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. گۈزەل ئايال ۋە ھاراق - شاراب چارچىغان يۈرەكنىڭ دورىسى.

ھېكىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قەلەمكاشلار نازلىق ئاھاڭلىرى بىلەن كۈلۈشتى. بۇ كۈلكىنى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ياقتۇرمىغىنىغا قارىماي، ھېكىممۇ ئاياللارغا قوشۇلۇپ تەڭلا كۈلۈپ كەتتى. ھېكىمنىڭ ئىككى كۆزىدىن قۇۋلۇق - شۇملۇق چىقىپ تۇراتتى. قەلەمكاشلار غەمزە - ناز قىلىپ ئولتۇرۇشاتتى.

— بۇ دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ئۆزۈڭىزنىڭ كونا مۇقامى، — دېدى شائىر، — چارچىغىنىممۇ، زېرىككىنىممۇ يوق. ھاياتنىڭ زىننىتى — ھايات ئۈچۈن توغرا تەپەككۇر قىلىشتا. تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي ئۆلچىمى — ئاق كۆڭۈل بولۇشتا.

لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بۇ قەتئىي ھەم ۋەزمىن جاۋابىنى ئاڭلىغان ھېكىم دەككە يېگەندەك بولدى - دە، لام - جىم دېيەلمەي قالدى.

— مەن ھازىر دارىلمۇئەللىمىنگە بارىمەن، — دېدى شائىر يەنە ھېكىمگە جىددىي بىشارەت بېرىپ.

— ئابدۇللا روزىنىڭكىگە؟ — دېدى ھېكىم پارچىلاش تەدبىرىنى ئىشقا سېلىش ئۈچۈن.

— شۇنداق. بۇ ھەقتە سۆزۈڭ بارمىدى؟



— بار ئىدى.

— خوپ بولىدۇ، ئۇنداقتا خانىملارنى يولغا سېلىپ قويۇپ، ماڭا ئايرىم دە.

قەلەمكاشلار شائىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ھامان، ئوڭايسىزلاندى - دە، دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ھېكىم ئۇلارغا بىر توخۇنىڭ گۆشىنى گېزىتكە ئوراپ بېرىپ، يولغا سالدى، ئارقىدىن:

— ئاڭلىشىمچە، ئابدۇللا روزى ئىچىمىزگە ئورۇپ كىرگۈزۈلگەن «گۇمانلىق كىشى» ئىكەن، — دېدى شائىرغا.

— سۆزۈڭ شۇمىدى؟! لۇتپۇللانىڭ غەزىپى ئۆرلىدى - دە،

— ئوبدان ئادەملەرنى قارىسىغىلا پالانچى، پوكۇنچى دەپ قارىلاش، ئىغۋا تارقىتىش — ئەڭ رەزىل - ناقىس ئادەملەرنىڭ، ھەقىقىي ئىشپىيونلارنىڭ كەسپىي ھۈنىرى! بۇ ئىبرەۋىسى ئاجىز كىشىلەرگە ئاز - پاز تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن، لېكىن ئەقىل - ھوشى جايىدا كىشىلەرنى بۇنداق قارا نىيەت ھەرگىزمۇ ئالدىيالمايدۇ، — دېدى ھېكىمگە دەككە بېرىپ.

لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بۇ سۆزلىرى ھېكىمنىڭ يۈرىكىنى خۇددى خەنجەردەك قوچۇۋەتتى - دە، ئۇ ئۇجۇقۇپ تۇرۇپلا قالدى.

— ئۇنداقتا، مەن ... مەن، — دېدى ھېكىم ئىنجىقلاپ، تاتىرىپ ۋە تىلى كالۋالىشىپ، — ئىشەنچىسىز بولۇپ قالدىممۇ؟

— «ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن» دەيدىغان تەمسىل بار. ئۆزى چىشقاق تۇرۇپ، كىشىنى چىشقاق دېسە، كىشىنىڭ غىدىقى كەلمەمدۇ، بۇ نامەردلىك ئەمەسمۇ؟

— دوستۇم، مەن ئۇنداق ئەمەس، مەن ھازىر ئالدىڭدا تۆزغا دەسسەپ بېرەي، قۇرئان تۇتۇپ بېرەي.

— گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس، «سۇنى لېيىتىپ، بېلىق تۇتماق»چى بولغان ئادەملەر چوڭ جىنايەت ئۆتكۈزىدۇ. «تۈلكە تۇمشۇقى-

دىن ئىلىنار، بۆرە ئوشۇقىدىن.» مانا بۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر ماقال!

شائىرنىڭ نىشانلىق ئاتقان ئوقىغا ھېكىم قايتا جاۋاب بېرىشكە پېتىنالمىدى. ئۇ، ئۆزى ئەكەلگەن ھاراقتىن بىر پىيالىگە لىق تولدۇرۇپ قويۇپ، يالغۇز ئىچىۋەتتى-دە:

— مەن كېيىن كېلىپ، ساڭا قەسەم ئىچىپ بېرىمەن. بولدى ئەمىسە، بۈگۈن كېتىپ قالدىم، — دېدى يەنە ئارقىدىن.

ھېكىم تىكىۋەتكەندىن كېيىن، شائىر ئابدۇللا روزى تەرەپكىمۇ بارماي، ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلىۋېلىپ، بۈگۈنكى ئەھۋالنى خاتىرىسىگە تەپسىلىي يېزىپ قويۇپ ئۇخلاپ قالدى.

تۈنۈگۈن ئاخشام ئابدۇللا روزىنىڭ ياتىقىدا، لۇتپۇللا مۇتەللىپنى كۈتۈپ، تىت-تىت بولۇپ كەتكەن مۇنىرىدىن، ئەتىسى سەھەردىلا شائىرنىڭ ھۇجرىسىغا يېتىپ كەلدى.

— نېمە بولدىڭىز؟ ئاخشام شۇنچە كۈتۈپ كەتتۇق، — دېدى مۇنىرىدىن، ئىشىكتىن كىرە-كىرمەيلا، ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز-كۆزىنى يۇيۇشقا تەمشىلىۋاتقان شائىرغا.

— قارىمامسىز، شىرە ئۈستىدىكى ھەشەمەتلەرگە، — دېدى لۇتپۇللا، — بىزمۇ ئاخشام بۇ يەردە كاتتا «زىياپەت» ئۆتكۈزدۇق.

مۇنىرىدىن شىرە ئۈستىدە يېيىقلىق تۇرغان توخۇ گۆشى، ئىككى بوتۇلكا ھاراقنى كۆرۈپ بىرئاز ئىشىنىپ قالدى.

لۇتپۇللا يۈز-كۆزىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، مۇنىرىدىننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى-دە، ئاخشامقى ۋەقەنىڭ جەريانىنى ئەينەن سۆزلەپ بەردى.

— مۇنداق دەڭ، — دېدى مۇنىرىدىن، — ئىش بىز قىياس قىلغىنىمىزدىكىدەك ... بىز بۇنى كۆپ قېتىم تەسەۋۋۇر قىلىشقانىدۇق. بىزگە بۇ ئويۇنلار ئاللىقاچان مەلۇملۇق ئىدى.

— ھېكىم ئاخشام بىزگە قۇرئان تۇتۇپ، قەسەم ئىچىپ



بېرىدىغان بولۇپ كەتتى.

— كازززاپلىقنىڭ نىقابى قەسەمخورلۇق. ھېكىم بىزنى قاپقانغا دەسسىتىش ئۈچۈن ھەرقانداق ھىيلە-مىكىرلىرىنى ئىشقا سالالايدۇ. بىز تارىخىي ساۋاقلارنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىم. بىز قايتىدىن «تاراتو»[1] پۇشايمىنىغا قالماسلىقىمىز كېرەك.

① «تاراتو» — قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى خوجىنىياز ھاجى (1878 — 1941 - يىللار) نىڭ ئاراتۇرۇكتىكى بازىسى. ئۇ، 1940 - يىلى ئالدىنىپ شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قاماققا ئېلىنغان ۋە ئۈرۈمچىدىكى ئىككىنچى تۈرمىگە قامالغان. كېيىن ئۇ، شۇ تۈرمىدە «ئەجەب ئالدىنىپتىمەن» دەپ پۇشايمان يېگەنىدى.

## يىگىرمىنچى باب

# ئاخىرقى باغ سەيلىسى

1

5 - ئاينىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى ئىدى.

لۇتپۇللانىڭ باغ تەرەپكە قاراپ تۇرىدىغان دېرىزىسىگە يېقىنلا جايدا توخۇلۇڭ رەڭدە چېچەكلىگەن ئېگىز ئالما دەرىخى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قونۇۋېلىپ مۇڭلۇق سايراۋاتقان كاككۇكنىڭ ئاۋازى ئۇنى شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋەتتى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، سوغۇق سۇدا يۈز - كۆزىنى يۇدى، ئاندىن رەتلىك كىيىنىپ، بوينىغا گالىستۇكنى تاقىدى. دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈسمۈرلۈك دەۋرىدىكى ئالتۇن چاغلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، چەكسىز خۇشاللىققا چۆمگەنىدى. ئۇ دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ، ھېلىغىچە توختىماي سايراۋاتقان كاككۇك ئاۋازىنى ھەۋەس بىلەن تىڭشىدى.

قۇياش شولىسى ئۇپۇق يۈزىگە نۇر سېپىپ، ھۇجرا ئىچىگە يورۇق چۈشۈشكە باشلىغان چاغدا، ئاخشام يېزىپ چىققان «بىزنىڭ مەمەت» ناملىق شېئىرىنى يانچۇقىدىن ئالدى - دە، شېئىر تېكىستىنى ناخشا قىلىپ ئوقۇش ئۈچۈن ئاھاڭ تاللاشقا كىرىشىپ كەتتى.

گاھىدا ھۇجرا ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ مەشىق قىلاتتى، گاھىدا بىر قولىنى، گاھىدا ئىككىلا قولىنى



ھەرىكەتلەندۈرۈپ، دىرىژورلۇق مەشقى قىلاتتى.

كۈن بىر ئەر غۇلاچ ئۆرلىگەن چاغدا ئىشىك چېكىلدى، لۇتپۇللا بېرىپ ئىشىكنى ئېچىۋىدى، مۇزىكانت زەۋقى ئىسكىرىپكىسىنى كۆتۈرۈپ، كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى.

— خويما ۋاقتىدا كەلدىڭىز، — دېدى لۇتپۇللا مۇزىكانتقا، — قارىمامسىز، ئەتىگەن قاق سەھەردىن بۇيان بىر مۇنچە مۇڭلۇق ئاھاڭلارنى قاچۇرۇپ قويدۇم، ئەمدى ئىسكىرىپكا بىلەن ئاھاڭلارنى باغلىۋالىمىز.

— لېكىن، ئاھاڭ بەك يۇقىرى بولسا تارا چىدىماسمىكىن، — دېدى زەۋقى چاقچاق قىلىپ.

— ياق، ياق، بىزنىڭ بۈگۈن ئىجاد قىلىدىغىنىمىز يېقىملىق ناخشا ئاھاڭى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار تەكرار ئىزدىنىش ئارقىلىق «بىزنىڭ مەمەت» تېكىستىگە بىر جەڭگىۋار ئاھاڭنى باغلىۋالدى.

ئاشۋاقتى بولۇپ قالغان چاغدا، نابۇرچىك تۇردى ھوسيۇن «بىزنىڭ مەمەت» بېسىلغان «جەنۇب شامىلى» گېزىتىدىن بىر مۇنچىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

لۇتپۇللا گېزىتنىڭ تۆتىنچى بېتىگە كۆزىنى يۈگۈرتۈپ شېئىرنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ چىقتى.

— يۇرۇڭلار، سالاخۇننىڭ ئاشخانىسىغا بېرىپ قورساق توقلاپ كېلىپ، ئاندىن ئۆز پائالىيىتىمىزنى باشلايمىز، — دېدى لۇتپۇللا دوستلىرىغا.

ئەته «بىرىنچى ئىيۇن» بالىلار بايرىمى بولغاچقا، ئۇلار بۈگۈن باغقا بېرىپ، بالىلار ئۈچۈن بىرەر كۆڭۈللۈك ئويۇن قىلىپ بەرمەكچى بولۇشقانىدى.

چۈشتىن كېيىن ئۇلار گېزىتخانا يېنىدىكى موللانىيازبەگنىڭ چوڭ بېغىغا كېتىۋېتىپ، «بىزنىڭ مەمەت»نى ئىسكىرىپكا بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇپ ماڭدى. نۇرغۇن ئوغۇل - قىز بالىلار

ئۇلارغا ئەگىشىپ باغقا كىردى. گېزىتخانا ئەتراپى بايرام تەنتەنىسىگە چۆمگەنىدى.

ئۇلار باغقا كىرىپ، يەتتە ـ سەككىز بالىنىڭ ئوشۇق ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردى. لۇتپۇللا ئۇلارنى دەرھال يېنىغا قىچقاردى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر كەڭ بوشلۇققا بىردەمدىلا نۇرغۇن بالىلار توپلاندى ۋە شائىرنىڭ دىرىژورلۇقىدا «بىرىنچى ئىيۇن»① بالىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى باشلىنىپ كەتتى. شائىر بۈگۈنكى پائالىيەت نومۇرىنى ئېلان قىلدى:

— بىرىنچى، چېنەش؛ ئىككىنچى، دوراش؛ ئۈچىنچى، ناخشا.

ئويۇننىڭ كۆنتەرتىپى بويىچە، لۇتپۇللا مۇتەللىپ باغنىڭ جەنۇبىي تېمىغا كۆمۈر بىلەن بىر يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ بېشىنى سىزىپ چىقىپ، ئۇنى بىر چەمبەر ئىچىگە ئېلىپ قويدى، ئارقىدىن ئوتتۇز قەدەم ئارىلىققا سىزىق سىزىپ، بالىلارنى سىزىق بويلاپ قاتار تۇرغۇزۇپ، تاش ئېتىپ، يىرتقۇچنىڭ بېشىنى قارىغا چېنەش ھەرىكىتىنى ئىجرا قىلدى. چېمپىيون بولغانلار چاۋاك بىلەن تەقدىرلەندى.

ئاندىن ئويۇننىڭ ئىككىنچى نومۇرى بويىچە بالىلار چەمبەر شەكلىدە ئولتۇردى. ھەربىر بالىغا يا بىر ھايۋاننىڭ، يا بىر قۇشنىڭ ئاۋازىنى دوراش ياكى بىر ناخشا ئېيتىپ بېرىش مەجبۇرىيىتى يۈكلەندى. بالىلار كۈلكە ـ چاقچاقلار ئىچىدە بۇ نومۇرنى ئاخىرلاشتۇردى.

ئويۇننىڭ ئۈچىنچى نومۇرىغا كەلگەندە، شائىر يانچۇقىدىن «بىزنىڭ مەمەت» ناملىق شېئىر تېكىستىنى قولىغا ئالدى ـ دە، ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى. بالىلار ئاخىرىدا شائىرغا چاۋاك چېلىپ تەشەككۈر بىلدۈردى.

① گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «بىرىنچى ئىيۇن» بالىلار بايرىمىنى تەبرىكلەشنى مەنئى قىلاتتى، لېكىن ئۆسمۈرلەر تەربىيىسىگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان لۇتپۇللا شۇ يىلى ئۆزى باشچىلىق قىلىپ، بىر تۈركۈم بالىلار بىلەن پائالىيەت ئۆتكۈزدى ۋە مەخسۇس شېئىر يازدى.



— بۇ شېئىرنى ئەمدى ناخشا قىلىپ ئوقۇيمىز، — دېدى شائىر ھاياجان بىلەن، — ئورنۇڭلاردىن دەس تۇرۇڭلار!

شائىر ئىنتايىن خۇش كەيپىيات بىلەن دىرىژورلۇق قىلىشقا باشلىدى. زەۋقى ئىسكىرىپكا چالدى، بالىلار ئەگىشىپ ئوقۇشقا باشلىدى. يېرىم سائەتتىن كېيىن بالىلار بۇ ناخشىنى خېلى پىششىق ئۆگىنىۋالدى.

## 2

ئەتىسى «بىرىنچى ئىيۇن» كۈنى سەھەردە مۇنىرىدىن، تۇردى ھوسۇيۇن ۋە زەۋقى يەنىلا لۇتپۇللانىڭكىدە توپلىشىپ، بۈگۈن قانداق پائالىيەت ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا پاراڭلاشماقچى بولۇپ ئولتۇرۇشقانىدى. ئىشىكتىن لۇتپۇللانىڭ ياتالماسلىق دېھقان دوستى رۇستەم كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى ۋە ھۇجرىدىكىلەرگە:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھېلىمۇ بىر ياققا كېتىپ قالماپسىلەر، بۈگۈن تەلىيىم ئوڭ كەلدى، — دېدى سالام بېرىپ.

رۇستەم، دوستى لۇتپۇللانى قاق سەھەردە ئۆيىدىن تېپىۋالغىنىغا خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى. لۇتپۇللا يېزىلىق دېھقان دوستىنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئورۇنغا تەكلىپ قىلدى.

— مەن سىزنى قىچقارغىلى كەلدىم، — دېدى رۇستەم تەكلىپ قىلىپ.

— نەگە بارىمىز؟ — دېدى شائىر.

— ياتالماسقا — بىزنىڭ مەھەللىگە.

— رەھمەت، بۇرۇنمۇ كۆپ بارغانىغۇ، ئاۋارە قىلىۋېرىمىزمۇ؟!

دېھقان يىگىت بىلەن لۇتپۇللا ئاۋات ۋە ئۈچتۇرپان سەپىرىدە تونۇشقانىدى. ئۇ چاغدا رۇستەم ھارۋا ھەيدەيتتى، ھازىر ئۇ

شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان باراقسان گۈزەل يېزىدا دېھقانچىلىق قىلىدۇ.

— كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولدى، — دېدى رۇستەم، — بىز سىزنى سېغىندۇق، مەھەللىمىزنىڭ ئەتراپى ھازىر چېچەك - چوكانلار پۈركىنىپ، كاككۇك - بۇلبۇللار سايرىشىپ، بولەكچىلا گۈزەللىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاخشام پەيزىۋاتتىن قۇربان قىلىچ يېتىپ كەلدى.

— قۇربان قىلىچ!

لۇتپۇللا قۇربان قىلىچنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان ھامان باشقىچە زوقلىنىپ، تارتىشماستىنلا يېزىلىق يىگىتنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولدى.

رۇستەم بىلەن زەۋقى لەڭگەر چوڭ كۆرۈۋۆكى يېنىدا ھارۋا تەييارلاپ تۇرۇشقا ۋەدە قىلىپ، ئالدىن مېڭىپ كەتتى، خېلىدىن كېيىن، لۇتپۇللا، مۇنىرىدىن ۋە تۇردى ھوسۇيۇنلەر كوچىغا چىقتى. ئۇلار ئەمدىلا دەرۋازا سىرتىغا چىققۇندى، بىر قېرى دىۋانە ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ سادىغا تىلەپ تۇرۇۋالدى.

دىۋانە بېشىغا بىر كورەك تۇماق، ئۇچىسىغا سالما ياقىلىق يىرتىق چاپان، پۇتىغا ئەسكى چورۇق كىيگەن، جىگدە ياغىچىدىن ياسالغان ھاسا تايانغان، دۈمبىسىگە كونا چار خۇرجۇن ئارتىۋالغانىدى.

— بۈگۈن پۇلىمىز مېڭىپتۇق، — دېدى مۇنىرىدىن، — ئەتىگىچە كېلەرلا.

دىۋانە كوچىنىڭ ئەتراپىغا كۆز قىرىنى تاشلىدى - دە، ئۆپچۆرىسىدە ئادەم يوقلۇقىنى بايقىغاندىن كېيىن، ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان بىر كىچىك تۇمارچە خەتنى لۇتپۇللانىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈردى - دە:

— ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر، خۇدا رەھمەت قىلسۇن، بالىلىرىم، مەن يەنە ئۇچۇپ كېتىمەن، — دەپلا ئۇلار بىلەن خوشلى-



شىپ كۆزدىن غايىب بولدى. لۇتپۇللا بىلەن مۇنىرىدىن قولىغا چۈشكەن خەتنى بىرنەچچە يۈز قەدەم نېرى مېڭىپ، خالىي بىر يەردە ئاچتى. خەتكە ئىككىلا جۈملە «پارول» خاراكتېرلىك سۆز يېزىلغانىدى:

«جەڭ باشلىنار ئىيۇلدا، جەڭچى كېلەر دۇلدۇلدا!»

ئىككى دوست بىرلىكتە مۇشۇ ئىككىلا جۈملە خەت يېزىلغان خوتەن قەغىزىنىڭ ئوڭ - تەتۈرىنى ئاختۇرۇپ، سىنچىلاپ قارايتتى. يەنىلا شۇ قارا سىياھتا يېزىلغان بايىقى ئىككى جۈملە پارول خاراكتېرلىك سۆز ئىدى.

ھېسسىياتچان ۋە شوخ مىجەزلىك لۇتپۇللا بىردىنلا ھاياجانلىنىپ كەتتى. كۆزلىرىدە ئۈمىد نۇرلىرى ئەكس ئېتىشكە باشلىدى.

— مانا ئەمدى جەزمەن ئۈمىد يۇلتۇزى كۆرۈندى؛ ھېلىقى دىۋانە باشقا كىشى ئەمەس، بۇلتۇر بىز بىلەن كونىشەھەردە كۆرۈشۈپ، خۇش خەۋەر يەتكۈزگەن مۇزداۋان كەپتىرى — ئەيىدىننىڭ ئۆزى. ئۇنىڭ بۈگۈن بىزگە يەتكۈزۈپ كەلگىنى — غەلىبە سىگنالى، نۇسرەت سىگنالى، — دېدى مۇنىرىدىنغا.

— راستتىنلا شۇنداق، — دېدى مۇنىرىدىن، — بۈگۈن بىزگە نۇسرەتلىك كۈن بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇربان قىلىچنىڭ يېتىپ كېلىشى خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق بولۇۋاتىدۇ، بىز ئەمدى تېخىمۇ سەگەك بولۇشىمىز لازىم.

— نۇسرەت شۇ يەردىكى، — دېدى لۇتپۇللا مۇنىرىدىنغا، — جەڭ قارارى «ئىيۇل»[1] بولۇپ بېكىتىلىپ، غالىب قەي-

① «ئىيۇل» — (يەتتىنچى ئاي) لاتىنچە نام. رىم سەركەردىسى يۇلى قەيسەرنىڭ شەرىپى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. «ئىيۇل» — غەلىبە ۋارىيانتى ھېسابلىنىپ، غالىب قەيسەرنىڭ نامى بىلەن باغلانغان.

② يۇلى قەيسەر — (مىلادىيەدىن بۇرۇن 100 — 44 - يىللار) ئاتاقلىق رىم سەركەردىسى، يازغۇچى، ناتىق. يۇلى كالېندار (شەمسىيىنىڭ ئاساسى)نى تۈزۈپ چىققۇچى. ئەسلىي ئىسمى يۇلئۇس كەيسەر، ئەرەبلەر قەيسەر دەپ تەلەپپۇز قىلغان، سلاۋيانلار سېزار دەپ تەلەپپۇز قىلىشىدۇ.

ەر[1]نىڭ نامى بىلەن باغلانغان. قەيسەر دېمەك، غەلىبە دېمەكتۇر. غالىبىيەت چوقۇم ئالدىمىزدا!

— شائىرنىڭ دۇنيا تارىخىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ سۆزلىگەن بۇ چوڭقۇر مەنتىقىسىدىن مۇنىرىدىن ھەيران بولاتتى.

— يۈرۈڭ، رۇستەم كۆۋرۈك بېشىدا ئۇزۇن كۈتۈپ قالمىسۇن، بىز ماڭايلى، — دېدى مۇنىرىدىن ئاخىرىدا.

ئۇلار لەڭگەر كۆۋرۈكى بېشىغا بارغاندا راستتىنلا رۇستەم بىلەن زەۋقى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلار ھارۋىغا ئولتۇردى-دە، «ياتالماس»قا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## 3

شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى باغۇ بوستانلىق بۇ يېزا، 6-ئايلاردا تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتەتتى. باغلاردا ھەرخىل قۇشلار شاختىن-شاخقا قونۇپ مۇڭلۇق سايرىشاتتى. ئۇلار رۇستەمنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئالدى بىلەن قۇربان قىلىچ كېلىپ لۈتپۇللا، مۇنىرىدىن ۋە تۇردى ھوسۇيۇنلەر بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، تىنچلىق سورىدى، ئارقىدىن رۇستەمنىڭ دوستلىرىدىن نۇرۇللا قاتارلىق بىرمۇنچە يېزىلىق يىگىتلەر كېلىپ شائىر بىلەن كۆرۈشتى.

— قېنى ئۆيگە مەرھەمەت، مېھمانلار، — رۇستەم مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىدى.

رۇستەمنىڭ ئۆيى شۇ يەرلىك باشقا دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە ئوخشاش تېگى زەي، تۆت ئەتراپى ياغاچ قورما بىلەن تۇرغۇزۇلغان، ئۈستىگە قارا سىپاق بېرىلگەنىدى. ئۇنىڭ ئاددىي ياسالغان مېھمانلىق ئۆيىنىڭ قىبلە تېمىغا قويۇلغان كۆك ساندۇقنىڭ ئۈستىگە بىرقانچە ئاددىي شايى يوتقان-كۆرپىلەر تىزىلىپ، ئۈستىگە بىر پارچە يېشىل يوللۇق ئەدىيال يېپىپ قويۇلغانىدى.



ئۆي چۆرىسىگە گىلەم، گۈللۈك پالاس، پالاسنىڭ ئۈستىگە ئاددىي تەڭلىمات كىگىز سېلىقلىق تۇراتتى.

رۇستەم ۋە ئۇنىڭ ئايالى گۈلنىسا خۇشاللىقىدا مېھمانلارنى ياخشى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ئۇياقتىن-بۇياققا چاپاتتى. داستىخانغا نان، چاي، جىنەستە، ئۈرۈك، ئۈجمە، قېتىق، پىشۇرۇلغان تۇخۇم ۋە پوشكال كەلتۈرۈلدى.

— قېنى، مېھمانلار، مەزەگە باقايلى، — دېدى رۇستەم، — كەمبەغەلنىڭ چېيى چىشقا دورا، دەپتىكەن. بۈگۈن ھەربىرلىرىڭىزنى كۆڭلۈم تارتتى، «تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر، تاپالمىغان بىر باش پىياز؛ تاپقىنى قوي ئۆلتۈرەر، تاپالمىغان چۈجە-خوراز»، بۈگۈن مەن قوي سويالمىسامۇ، چۈجە سويالايمەن، لېكىن كۆڭۈل ھەممىدىن ئەلا.

رۇستەمنىڭ يالغۇز ئۆزىنىڭلا نامىدا سۆز قىلىۋاتقانلىقىغا گۈلنىسا بىرئاز ئاغرىنچە قىلىپ، خورۇجى ئۆرلەپ قالدى. ئۇ مېھمانلاردىن قورۇنۇپ ۋە ھېيىقىپ ھازىرچە ئۆتكۈزۈۋېتىپ تۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بىراق كۆڭۈلدىكىنى دەۋالماي تۇرالمىدى-دە:

— «كۆڭۈل ھەممىدىن ئەلا» بولغاندىكىن، «مەن» دېگەن سۆزلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، تاختىبېشىغا ئېلىپ قويۇپ، گەپنى «بىز»دىن باشلىسىلا، خاڭگۇڭدىن «مەن» ئەمەس، «بىز» بولۇپ كەلگەن؛ كەتمەننى «مەن» ئەمەس، «بىز» بولۇپ چاپقان؛ بۇ ئەزىز مېھمانلارمۇ «مېنىڭ ئەمەس»، «بىزنىڭ» نامىمىزدىن قىچقىرىلغان، — دېدى چاقچاققا يۆلەپ تۇرۇپ.

گۈلنىسانىڭ بۇ چاقچىقى مېھمانلارنى قاتتىق كۈلدۈرۈۋەتتى ۋە بۇ كۈلكە بۈگۈنكى باغ سەيلىسىنىڭ كۆڭۈللۈك باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

— مەن مۇشۇ كەمگىچە، — دېدى لۈتپۇللا كۈلكىسىنى توختىتىپ، — «يېزىق» تەھرىرلىكىدە خىلى ئۈستىلارنى ئۈچ-

-راتقان بولسامۇ، «ئېغىز» تەھرىرلىكىدە بۇگۈنكىدەك پىشقان تەھرىرنى زادىلا ئۇچراتماپتىكەنمەن!

شائىرنىڭ بۇ سۆزى نابورچىك تۇردى ھۇسىيۇنىنى كۈلدۈرۈپ تىلىقتۇرۇۋەتتى. قالغانلار بولسا، گۈلنىسانىڭ سۆزىگە تېخىچىلا كۈلۈشۈپ، ئۆزلىرىنى بېسىۋېلىشالماي تۇراتتى.

— مەن ناماقۇل، — دېدى رۇستەم، — راستىنىلا يېڭىلىپتىمەن. قېنى سىلەر تاماققا بېقىشىۋېرىڭلار، مەن ناماقۇللۇقنىڭ سىرىدىن سىلەرگە قىسقىچە پاراڭ قىلغاچ ئولتۇراي، بىز ئىككىمىزلا ئاقسۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى سايئېرىق خاڭگۈلۈك دېگەن يەردە بىللە ئۆسكەن. ئون ئالتە يېشىمدا مەن ئابدۇنىياز① نىڭ ئىسيانچى قوشۇنلىرىغا ئەسكەر بولدۇم. كېيىن توپچى بولدۇم، 1937 - يىلى ئەسكەرلىكتىن قايتىپ كەلسەم، گۈلنىسا تازا بويىغا يەتكەن چاغ ئىكەن. كۆزۈمگە ئۇ پەرىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. گۈلنىسانى تۆت يىگىت تالىشىپ قالدۇق. بۇ تۆتىمىزمۇ بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان ئاغىنە باللار ئىدۇق. بىر خوتۇن ئۈچۈن، قىسقىسى، مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆلۈم ۋەقەسى كېلىپ چىقىدىغانلىقى بۇرنۇمغا پۇراپ قالدى. شۇ چاغدا، رەقىبلىرىمنىڭ بىرى ماڭا ئەلچى ئارقىلىق مۇنداق دېدى: «بىز ھەممىمىز گۈلنىسانى دەپ تىغ ئاستىدا ئۆلۈشۈپ كەتمىسەك، چەك تاشلاپ، ئۇنىڭ ئىسمى قايسىمىزغا چىقسا، قالغانلار شۇنىڭغا ئۆتۈنسەك.» مەن شۇئان ئەلچىگە دېدىم: «مۇھەببەت پۇلغا ئالدانمايدۇ، تىغدىن قورقمايدۇ. ئۇنى قىماردا جەزم قىلغىلى بولمايدۇ. چەك مەسلىھەتىنى قىلغان يىگىت ئۈجمە پىشقاندا، ئۈجمىسىنى يېسۇن، تەكلىماكانغا بېرىپ پادىسىنى باقسۇن.»

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مەن گۈلنىسادىن «يۈرەك تومۇرى راستتىن كىمگە سوقىدۇ؟» دەپ سورىدىم ۋە

① ئابدۇنىياز كامال (1903 — 1938) — توقسۇن ناھىيىسىدىن، شەھەر كەمبەغىلى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1935 - يىلىدىن باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىسيانچى قوشۇنلارنىڭ سىجاڭى بولغان. ئۇ ئابكۆل، سايئېرىق ۋە ئاۋات قاتارلىق جايلاردىمۇ ئۇرۇش قىلغانىدى.



نىكاھ ئوقۇتقاندا ئۈچ قېتىم سوراپ ئاران جاۋاب ئالغاندەك، ئۇنىڭدىن تەستە، لېكىن چىن يۈرىكىدىن «سىزگە» دېگەن جاۋابنى ئالدىم. مەن ئارقىدىنلا گۈلنىسانى سىناپ: «ئۇنداق بولسا ئەمىسە دەريانىڭ شەرق تەرىپىگە كېتىمىز» دېدىم. «ئاتام بىلەن ئانامچۇ؟» دېدى گۈلنىسا. «ئاناڭنى سەن ئۇنات، ئاتاڭنى مەن» دېدىم. ئىش ئاخىرى شۇنداق بولدى. بىر كۈنى كېچىسى ئەل ئايىغى بېسىققاندا، يېنىمغا يوغان بىر پىچاقنى ئالدىم ۋە بىر ئاتنى تاپتىم، ئىككىمىز مىنگەشتۇق - دە، مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتۇق.

— «ئاتقا مىنگەشكەن» بولغاندىن كېيىن، ئاخىرىغىچە تەڭ مىنگەشكەن بولىمىز - دە! — دېدى گۈلنىسا ئېرىنىڭ سۆزىگە يەنە سۆز قىستۇرۇپ.

مېھمانلار يەنە ئۇزاققىچە كۈلۈشتى.

— قىزىق ھېكايىنى ئاڭلاپ، چاينى ئوبدان ئىچىشتۇق، — دېدى شائىر، — ئەمدى بىردەم دەريا بويىغا بېرىپ، باغ سەيلىسى قىلىپ كەلسەك، — دەپ ئۆز تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ساھىبخانا ماقۇل بولغاندىن كېيىن، مېھمانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، دەريا بويىغا ماڭدى. دولان دەرياسى بۇ يەرگە بىر چاقىرىمچە كېلەتتى. ئۇلار بىردىن - ئىككىدىن بولۇپ، ئورمان مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ مېڭىشتى.

مېھمانلار دولان دەرياسىدا قارماق ۋە تور بىلەن بېلىق تۇتۇشقا كىرىشىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىككى سېۋەتچە بېلىق سۈزۈۋالدى.

— مەن بېرىپ بېلىق پىشۇرۇپ تۇرىمەن، — دېدى رۇستەم، — سىلەر بىرئاز سەيلە قىلغاندىن كېيىن بارارسىلەر.

رۇستەم بېلىقنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. يېزا يىگىتلىرىدىن بىرنەچچە كىشى، شەھەردىن چىققان ئۈچ كىشى ۋە قۇربان قىلىچ دەريا بويىدىكى بىر چىنار دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، دەريانىڭ

غەربىي تەرىپىدىكى بالداق، سەكپاچى، قاراموقچى يېزىلىرىغا خېلى ئۇزۇن قارىشىپ تۇرۇشتى. ئۇ يېزىلارنىڭ ئەتراپىنى يايپېشىل تاللىق، ئاسمان - پەلەك بوي تارتقان چىنار دەرەخلىرى، كۈمۈش يوپۇرماقلىق جىگدىلەر، ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇل ۋە باشقا مېۋىزار باغلاپ ئوراپ تۇراتتى.

— مېنىڭ بوۋام ئەسلىي ئاشۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان «قاراموقچى» دېگەن يېزىدىن ئىكەن، — دېدى رۇستەمنىڭ يېزىلىق ئاغىنىسى نۇرۇللا، — ئاتامنىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە بىز دەريانىڭ بۇ تەرىپىگە كۆچۈپ كەلگەنىكەنمىز.

نۇرۇللا ئوتتۇرا بوي، قارا قاش، ئاق يۈز، گەۋدىلىك، بېشىغا چېكىت گۈللۈك شاپاق دوپپا كىيگەن، ئۇچىسىغا سالما ياقىلىق قىسقا ئاق ماتا كۆڭلەك، ماتا ئىشتان كىيگەن، كۆڭلىكى ئۈستىدىن كۆك شوينا يىپ باغلىۋالغان تەمبەل ۋە شوخ يىگىت ئىدى.

— بوۋام قاراموقچىدىن دەمسىز؟ — سوئال قويدى مۇنىردىن، — بۇ قىزىقلا ئوخشاش ئىسمىغۇ؟ قاراموقچى شىرۇللا[1] چىقىدىغان جاي، دولان دەرياسى بويىدىكى مۇشۇ قاراموقچى ئەۋلادىدىنمۇ ئەنە شۇنداق باتۇرلار چىقسا ئەجەب ئەمەس.

مۇنىردىن دېھقان يىگىتلىرىگە قومۇل قاراموقچى ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ بۇ تارىخىي ھېكايىسى خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى، ھېكايە ئاياغلاشقاندا، كۈن پېشىن ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار چىنارزارلىق ئىچىدە تاماشا قىلغاچ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ رۇستەمنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىشتى.

مۇنىردىن بىلەن لۇتپۇللا مۇتەللىپ كېتىۋېتىپ، بىر ئېگىز چىنارنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتى.

— مانا بۇ يەكەنلىك يىگىت شاھىدىندىن كەلگەن

[1] شىرۇللا (1890 — 1931) — ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ قاراموقچى يېزىسىدىن بولۇپ، 1930 - يىللاردىكى قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ مەشھۇر پالۋانى ئىدى.



خەت، — دېدى مۇنىردىن ۋە خەتنى شائىرنىڭ قولىغا سۇندى. خەتتە قەشقەر ۋە يەكەن ياشلىرىنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيىتى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغانىدى.

— ئىراق، بۇ يەردىكى ۋەزىيەت، — دېدى مۇنىردىن، — ھازىر يامانلاشماقتا. ھېكىمنىڭ ئاقسۇدا پەيدا بولغىنىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— ياق، ئۇ نەگە بېرىپ كېلىپتۇ؟ — دېدى شائىر مۇنىردىنگە.

— باي تەرەپكە تېزلا بېرىپ، كېچە يەنە تېزلا قايتىپ كېلىپتۇدەك، ئۇ بايدا قانداق ئويۇنلارنى ئوينىدى، بىز تېخى خەۋەرسىز. ئۇ يەنە قانداق ئويۇنلارنى ئويناركىن؟

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى تېخى تۈگىمىگەنىدى، رۇستەم كېلىپ:

— قورساقلار پىژىلداپ ئاچىدىغان چاغ بولۇپ قالدى، سەيناغا يىغىلايلى، — دېدى.

رۇستەمنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى چوڭ بىر توپ ياڭاق دەرىخى ئاستىغا داستىخان تەييارلانغانىدى. مېھمانلار ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كېلىپ، داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. ساھىبخانا بېلىق گۆشى، نان، مۇسەللەسلەرنى كەلتۈردى. رۇستەم ئىككى پىيالىگە مۇسەللەس قويۇپ:

— بۈگۈن كۆڭۈلدىكى دوستلار بىلەن دىدار كۆرۈشەيلى، دېگەن ئۈمىد بىلەن ھەربىرلىرىنى بۇ يەرگە جەم قىلدۇق. باھارنىڭ پەيزى كۆڭۈلنىڭ داغلىرىنى داۋالايدۇ. قېنى، خۇشال ئولتۇرۇشايلى، — دەپ سۆز باشلىدى بىر پىيالىنى شائىرغا سۇنۇپ.

— ئىچمەي توختاپ تۇر، سۆزۈڭنى ئاۋۋال گۈلنىساخان تەھرىرلەپ تەستىقلىسۇن! — دېدى نۇرۇللا چاقچاق قىلىپ.

— ئاتقا مىنگەشمىسەم يالغۇز قالىدىغىنىنى تۇيۇپ قالدى. شۇڭا بۇ قېتىمقى سۆزنى خېلى ئوڭلاپ قىلدى، —

دېدى گۈلنىسا.

ھەممەيلەن پاراقلىدە كۈلۈشتى. ئارقىدىن زەۋقى ئىسكىرىپكىنى، نۇرۇللا دۇتارنى ئېلىپ دولان غەزەللىرىگە چالدى. بىردەمدىن كېيىن ئەر ـ ئاياللار دولانچە مەشرەپ ئۇسسۇلىغا چۈشتى.

ئاخىرىدا لىگەنلەپ نېرىن كەلدى.

— ئاۋاتقا بارغان سەپىرىمىزدە، — دېدى رۇستەم، — شائىرىمىزنىڭ نېرىن بىلەن لەگمەنگە ئامراق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم. گۈلنىسا بىلەن ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ، مۇشۇ تاماقنى ھازىرلاشنى لايىق كۆردۇق. قېنى، ئېلىشسىلا؟

— باشتا گۈلنىسانى ئېغىزىڭغا ئالمايسەن، ئەمدى بولسا ئېغىزىڭدىن چۈشۈرمەيسەن، — دېدى نۇرۇللا، رۇستەمنى شاخو قىلىپ.

— كەتمەن ئەرنىڭ قولىدا بولغىنى بىلەن، چۆمۈچ ئايالنىڭ قولىدا ئىكەن، ئاداش، — دېدى رۇستەم.

— دەسلەپىدە جېنىم، سادىغاڭ بولاي، ئاخىرىسىدا نېمە چاتىقىم بولاي، دېسە بولامتى؟ — دېدى گۈلنىسا، رۇستەم بىلەن نۇرۇللانىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرىپ.

— بۈگۈن، — دېدى شائىر ئاخىرىدا سۆز قىلىپ، — سىلەرنى كۆپ كايىتتۇق، ئەپسۇسكى، بىز قۇرۇق چىقىپ قالدۇق. پەرھاتجانغا بىر ئاددىي دوپپا ئالغاچ كەلدىم. ئۇنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلەيمەن.

شائىر ئورنىدىن تۇرۇپ، ساھىبخانىنىڭ ئالتە ياشلاردىكى ئارزۇلۇق ئوغلى پەرھاتنىڭ بېشىغا سوۋغاتلىق دوپپىسىنى كىيدۈرۈپ، پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى، ئارقىدىن كۆپچىلىككە «بىزنىڭ مەمەت» سەرلەۋھىلىك ھېلىقى شېئىرىنى ئوقۇپ بەردى. ھەممەيلەن قىزغىن چاۋاك چالدى.

ئولتۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، رۇستەمنىڭ يېزىلىق



ئاغىنىلىرى خوشلىشىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى. قاش قارىيىپ، خېلىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. لۇتپۇللا، مۇنىرىدىن، قۇربان قىلىچ، رۇستەم ۋە نۇرۇللا — بەشەيلەن ئىشىك ئالدىدا كىچىك ئېرىقنىڭ سول ياقىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان چىنارلىقنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، نۆۋەتتىكى پائالىيەت ئۈستىدە مەخپىي سۆھبەت ئېلىپ باردى:

— سىزنىڭ ئەۋەتكەن خېتىڭىزنى، — دېدى لۇتپۇللا، قۇربان قىلىچقا، — يېقىندىلا كونا شەھەردە بەشكېرەملىك يىگىتلەردىن تاپشۇرۇۋالدۇق. سىزنىڭ قايتىپ كەلگىنىڭىز ئوبدان بولدى. بىز قاۋۇل قاتارلىق بەشكېرەملىك يىگىتلەرنى بىلال ئەزىزىنىڭ خەۋەر ئېلىشىغا ئورۇنلاشتۇردۇق. ئۇلار ھازىر كونا شەھەردە.

— ناھايىتى ياخشى بولۇپتۇ، — دېدى قۇربان قىلىچ، — مەن ئەمدى قايتمايدىغان بولۇپ، بىرقانچە قىلىچ سوقۇپ ئالغاچ كەلدىم. ۋەزىپە تاپشۇرۇشىڭىزلارنى كۈتىمەن.

— مېنىڭچە، — دېدى مۇنىرىدىن، — ئىشنى قورغاندىن باشلىشىمىز كېرەك. ئۇ يەردە گومىنداڭچىلار گازارما سېلىش ئۈچۈن ئادەم تۇتۇۋېتىپتۇ. بىزنىڭ بەشكېرەملىك يىگىتلىرىمىز كونىشەھەردىن قورغانغا بارىدىغان ھاشارچىلارغا قېتىلىپ، قورغاندىكى ئەمگەك قوشۇنىغا جايلاشتۇرۇلسا، سىز ئەكەلگەن قىلىچلىرىڭىزنى بوزدۆڭ پارتىزانلىرىغا يەتكۈزۈپ بەرسىڭىز ۋە ئۆزىڭىزمۇ شۇلارغا قوشۇلۇپ «ئىيۇل» غا تەييارلىق كۆرۈپ تۇرسىڭىز، نىشانىمىز چوقۇم «ئىيۇل» ئاخىرىدا ... بىزنىڭ قولىمىزغا بۈگۈن يېڭى ئاخبارات يېتىپ كەلدى.

— مەن بۇ ۋەزىپىنى بەجانىدىل قوبۇل قىلىمەن، — دېدى قۇربان قىلىچ قىزغىنلىق بىلەن.

— قۇربان ئاكام بىلەن مەنمۇ بىرگە بارسام، — دېدى نۇرۇللا.

— بولىدۇ، سىز تاغ يولىنى پىششىق بىلىدىغانلىقىڭىز ئۈچۈن، — دېدى لۈتپۇللا سۆز قىستۇرۇپ، — بىلال ئەزىزىگە ئەھۋالنى ئېيتىپ، بۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، قايتىپ كەلسىڭىز تېخى ياخشى. كېيىنكى ئىشنى سىز قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئورۇنلاشتۇرىمىز، لېكىن ئۇ يەردە كۆپ ھايال بولۇپ قالماڭ.

بۇ پىكىرگە ھەممەيلەن قوشۇلدى.



## يىگىرمە بىرىنچى باب

# قارا قول

### 1

بۈگۈن كۈندۈزى مەيخانىدا خېرىدار يوق ئازادە بولۇپ قالغانىدى. زاۋال چۈشكەندىن كېيىن بولسا، ئۇنىڭ ئىچىگە ئادەم توشۇپ كېتەتتى - دە، ۋاڭ - چۇڭنىڭ دەستىگە تۇرۇپ بولمايتتى. ئىچىملىككە بېرىلىپ يولدىن ئازغان ياشلار ھە دېگەندە مەست بولۇشۇۋېلىپ، تا يېرىم كېچىگىچە مەيخانىدىن چىقىپ كېتىشمەي، مەيخانا خوجايىنى چېن شيەنشېڭنى ئاۋارە قىلاتتى. مەستلەر گاھىدا مەست بولغانسېرى نازۇكلىشىپ، بىر - بىرىنىڭ سۆزىنى كۆتۈرۈشەلمەي، مەيخانىدىلا مۇشتلاش چىقىرىشاتتى. مەيخانىنىڭ زاكوسكا تەخسىلىرى، چاي ئىستاكانلىرىنى ئۇرۇپ چېقىپ، قەرز ئۈستىگە قەرز بوغۇلاتتى. چېن شيەنشېڭنىڭ ئاچچىقى كەلسىمۇ، لېكىن پۇل تاپاۋەت ھېرىسلىقىدا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئىچىگە سىڭدۈرۈۋېتەتتى. چۈنكى ھەربىر چېقىلغان مۈلۈككە ئۇ ھەسسىلەپ باھا قويۇپ، پۇل ئۈندۈرۈۋالاتتى. ھەر كۈنى كېچىلەپ مەست خېرىدارلارنى كۈتۈش، چېن شيەنشېڭ ئۈچۈن ئاسانغا چۈشمەيتتى. ئۇ، مەستلەر بىلەن ھەپىلىشىپ، تۈزۈككىنە ئارام ئالالماي چارچاپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇ، كۈندۈزى مەيخانىسىنىڭ ئىچكىرىدىكى كىچىك ئۆيىدە بىردەم كۆز يۇمۇۋالاتتى. ئۇ، بۈگۈن كۈندۈزىمۇ ئۇيقۇدا ئىدى.

— چىن شيەنشباڭ! چىن لاۋخەن!

كۈندۈزى ئازراق ئولتۇرۇپ سۆھبەتلىشىشنى مەقسەت قىلغان ئىككى كىشى مەيخانىغا كىرىپ، بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن بىرى مەيپۇرۇشنى ۋارقىراپ قىچقاردى.

— مانا مەن بار، — دېدى ئۇيقۇسى سەگەك چىن شيەنشباڭ دەرھاللا ئورنىدىن تۇرۇپ.

چىن شيەنشباڭ ئانچە ئۇزۇنغا قالمايلا خېرىدارلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— قېنى، قانچىلىك بېرىمەن، زاكوسكىغىچۇ؟ — دېدى.

— كۈچلۈك جۇندىن، بولسا ئاتمىش بەش گرادۇسلۇقتىن بىر بوتۇلكا بېرىڭ. زاكوسكىسىغا تۇزلىغان بىر تەخسە غاز تۇخۇمى ئەكېلىڭ، مانا پۇلى.

خېرىدارلاردىن ئېگىزرەك بىرى هاراق بىلەن زاكوسكىنىڭ پۇلىنى تۆلىدى، چىن شيەنشباڭ پۇلنى كۆتۈرۈپ ئەمدى بىر قەدەم مېڭىپ تۇرۇشىغا:

— توختاڭ، بېرى كېلىڭ، — دەپ ھېلىقى خېرىدار چىن شيەنشىڭنى يەنە ئالدىغا قىچقىرىپ، — ماۋۇ كىشى مېنىڭ ئىنىم بولىدۇ. ئىسمى ئوسمان، ئۇنىڭ مەيخانىغا بوغۇلۇپ قالغان قەرزى زادى قانچىلىك بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئەللىك سوم! — دېدى چىن شيەنشباڭ تۇزۇت قىلمايلا.

سېخىي خېرىدار دەرھال قارا كاجى چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن ئەللىك سوم پۇلنى ئالدى-دە، چىن شيەنشىڭغا سۇنۇپ تۇرۇپ:

— چىن شيەنشباڭ، سىزمۇ ئوبدان بىلىسىز، دوست تېپىلمايدۇ، پۇل تېپىلىدۇ. دوستنىڭ قەدرىگە دوست يېتىدۇ. ئوبدان دوست بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ياردەم قولىنى سوزۇپ، بېشىڭنى سىلىسا، پۇلنىڭ كۆزىگە قارىمىسا، ئاندىن دوستلۇققا يارايدۇ. مانا ئېلىڭ، جەمئىي ئەللىك سوم. بۇ قەرزنى ئەمدى دەپتەردىن ئۆچۈرۈۋېتىڭ، — دېدى.



«سېخىي» دوستىنىڭ بۇ ھىممەت-شەپقىتىدىن تەسىرلىنىپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالغان ئوسمان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى-دە:

— يۈزمىڭ رەھمەت سىزگە، رەھىمدىل ئاكا، سىز مېنىڭ ھەم ئاكام، جانجىگەر دوستۇم. سىزنىڭ يوتىڭىزغا سانجىلىدىغان تىكەن، مېنىڭ كۆز قارىچۇقۇمغا سانجىلسۇن، — دېدى دوستىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ.

چىن شيەنشىڭمۇ بۇ پۇلنى خۇددى مەيخانىنىڭ تۈڭلۈكىدىن بىرى تاشلاپ بەرگەندەك خۇشال بولۇپ تاپشۇرۇۋالدى ۋە:

— ئەمدى مەن سىلەرنى ئۆزۈم بىر بوتۇلكا بىلەن مېھمان قىلىمەن، — دېدى-دە، ھەش-پەش دېگۈچە ئاتمىش بەش گرادۇسلۇق كۈچلۈك جۇندىن بىر بوتۇلكا ئەكېلىپ، جوزا ئۈستىگە قويدى.

«سېخىي» كىشى بىلەن ئوسمان ئازادە ئولتۇرۇشۇپ، ئىستېمال قىلىشقا كىرىشتى. بۇ «سېخىي» كىشىنىڭ ئىسمى مەمەت ئەيسا ئىدى. ئۇ، بۈگۈن مەيخانىدا ئويۇنلىدىغان ئاجايىپ كومېدىيىنىڭ ئىختىساسلىق رېژىسسورى ئىدى. هاراق قەرزىدىن قۇتۇلغان ئوسمان هازىر كەيپىلىكتە تەقدىرىنى مەمەت ئەيساغا تاپشۇردى. مەمەت ئەيسا سېخىيلىقىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن يېنىدىن يەنە پۇل چىقىرىپ چىن شيەنشباڭ ئەكەلگەن بىر بوتۇلكا جۇننىڭ ۋە تۇخۇم زاكوسكىسىنىڭ پۇلىنىمۇ تۆلىۋەتتى.

— مېنى خىجىل قىلىپ قويدىڭىز، — دېدى چىن شيەنشباڭ، مەمەت ئەيساغا قاراپ تەكەللۇپ بىلەن.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، — دېدى مەمەت ئەيسا، — ئەتىمۇ كۈن بار ئەمەسمۇ، بۈنىڭدىن كېيىن مۇشۇ ئاغىنەم قاچانلا كىرسە، ئوبدان كۈتۈۋېلىڭ، ئىچكەن هارىقىنىڭ پۇلى ماڭا ھېساب.

— شۇنداق، شۇنداق بولمامدىغان، — دېدى چىن شيەنشباڭ مەمەت ئەيساغا يەنە تەشەككۈر بىلدۈرۈپ.

ئوسمان كېيىنكى گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تېخىمۇ تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئېلىپ، ئورنىدىن تۇردى-دە، مەمەت ئەيساغا قايتا-قايتا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە باشلىدى. ئىككىلەن كېيىنكى بوتۇلكىنى ئىچىشكە باشلىدى. مەمەت ئەيسا رومكىنى ئۆزى ساقىيلىق قىلىپ ئايلاندۇردى. ئۇ ئۆزىگە ئاز قۇيۇپ، ئوسمانغا كۆپ ئىچۈرۈپ، يېرىم سائەتكە قالماي ئوسماننى خېلى بىر يەرگە ئاپىرىپ قويدى. ئوسمان كەيپىلىكتە خۇدىنى يوقىتىپ، ناخشا توۋلاپ، مەيخانىنى بېشىغا كىيگىلى تۇردى:

شوپاڭدا ھاراق ئىچسەم،
شيەنسىڭ داڭزىغا ئالدى.
ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە،
كۆلۈۋالغىنىڭ قالدى.

ئۆرگىلىپمۇ بىز كېتىمىز،
چۆرگىلىپمۇ بىز كېتىمىز.
ئالدىرىماڭلار، مەمەت ئەيسا،
قورغانغا چوقۇم يېتىمىز.

كاككۇكتىن خەۋەر كەلدى،
چاپ-چاپ ئېتىمىز.
ئالدىرىماڭلار مەمەت ئەيسا،
مەقسەتكە چوقۇم يېتىمىز!

ناخشا ئوقۇلۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، مەمەت ئەيسا يەنە دەرھال رومكىنى تولدۇرۇپ ئوسمانغا تۇتۇپ:
— ناخشاڭدىن ئايلىنىپ كېتەي، دوستۇم، بۇلبۇلدەك ئاۋازىڭ يۈرەكلەرنى ئېرىتىپ لەختە-لەختە قىلىۋەتتى. مۇشۇ



رومكىدىن كېيىن، ھازىرقى مۇڭلۇق ناخشاڭنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلاشقا خۇشتارمەن، قېنى كۆتۈر! — دېدى.
— بولىدۇ، — دېدى ئوسمان، ماختاش سۆزىدىن كېيىن، مەستخۇشلۇقتا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى، — ناخشا ئايلانسۇن، دوستۇم، بۈگۈن سەن مىسكىن-غېرىبانە ئۆلپىتىمگە شۇنچە كۆپ ياردەمنى ئايىمىغان يەردە، مەن سېنىڭدىن ناخشام تۈگۈل، جېنىمنىمۇ ئايىمايمەن!
ئوسمان ھاراقنى كۆتۈرۈۋېتىپ، يۇقىرىدىكى ناخشىنى يەنە تەكرارلىدى ۋە ئاخىرىغا مۇنۇ تۆتىنچى كۇپلېتنى قوشۇپ قويدى:

كاككۇكتىن خەۋەر كەلدى،
جانانغا يېتىمىز.
ئاتقا مىنىپ ئاز كۈندە،
داۋانغا يېتىمىز.

— دوستۇم بۇ ناخشاڭنى، — دېدى مەمەت ئەيسا قوۋۇلۇق بىلەن، — مەنمۇ ئۆگىنىۋالاي، نېمىدېگەن خۇش ئاۋاز سەن، ناخشاڭ نېمىدېگەن مۇڭلۇق ۋە شېرىن، قايتا بىر ئېيتىۋەتكىنە!
مەمەت ئەيسا قولىغا قەغەز-قەلەم ئالدى-دە، ئوسمان تەكرار ئېيتىۋاتقاندا، ناخشا تېكىستىنى يېزىشقا باشلىدى.
مەمەت ئەيسا ناخشا تېكىستىنى تولۇق يېزىۋېلىپ ئوسمانغا تولدۇرۇپ يەنە بىر رومكا قۇيدى. ئوسمان خۇدىنى يوقاتقانىدى. ئۇ ئاخىرقى بىر رومكىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ:
— ۋاپادار دوستۇمنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى ئۈچۈن! — دېدى.
ئوسمان كېيىنكى رومكا بىلەن تىلى كالۋالىشىپ تۈزۈك سۆزلىيەلمەي قالدى. مەمەت ئەيسا مۇشۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ چىن شيەنسىڭغا:

— ماۋۇ ئاغىنەم ھازىر سىرتقا چىقسا ئانچە ياخشى بولمايدۇ. مەن تەرەت قىلىپ كىرگۈچە سىزنىڭ كىچىك ئۆيىڭىزدە بىردەم ئېلىپ مەستلىكى يېشىلسۇن، ئۇنى سىرتقا قويۇۋەتمەڭ. مەن ئۇزۇنغا قالمايلا كىرىمەن، — دېدى.

× ×

بۇ ۋەقە ئوتتۇز بىرىنچى ماي كۈنى بولغانىدى. بۇ كۈنى لۈتپۇللا گېزىتخانا يېنىدا بالىلار ئارىسىدا «بىزنىڭ مەمەت» ناملىق شېئىرىنى ئۆگىتىپ، «بىرىنچى ئىيۇن»نى تەبرىكلەۋاتقان چاغ ئىدى. ئوسمان بولسا بۈگۈن زېرىكىپ، نەگە بېرىپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي رەستە كوچىدا تېڭىرقاپ تۇرغان چاغدا، تۇساتتىن ئۇنىڭ يېنىغا مەمەت ئەيسا كەلدى-دە، ئوسمانغا سالام بېرىپ، ئۇنى باشلاپ ماڭدى:

— نەگە بارىمىز؟ — دېدى ئوسمان.

— ئىچىمىز، — دېدى مەمەت ئەيسا.

— مەيخانىغا بوغۇلۇپ قالدىم، بارالمايمەن.

— پۇل دېگەن مانا، كۆردۈڭمۇ. مانا مەن قەرزىڭنى ئۈزدەمەن.

مەمەت ئەيسا مەيدە يانچۇقىدا پومپىيىپ تۇرغان پۇلنى كۆرسىتىپ، پاق-پاق قىلىپ ئۇرۇپ قويدى ۋە ئوسماننى تەكلىپ قىلىپ:

— يۈر، بۈگۈن سەنمۇ زېرىككەندەك كۆرۈنىسەن. ئىككىمىز ئەكچە تازا خۇماردىن چىققۇدەك ئىچىشۋالايلى، — دېدى.

ئوسمان بىلەن مەمەت ئەيسا تېخى يېقىندىلا چىن شيەنسېڭنىڭ مەيخانىسىدا قەدەھنىڭ ۋاستىسى بىلەن تونۇشقان، ئاشۇ ئۆلپەتچىلىك ئىككىيلەننى بۈگۈن يەنە بىرلەشتۈرگەنىدى.

ئوسمان ئىچىملىككە بېرىلىپ قالغاندىن بۇيان، شەھەر ئى-



چىدىكى يەتتە مەيخانىنىڭ ھەممىسىنى — تۈگمەنبېشىدىكى سۇڭ تەتەي، گۈلباغدىكى ۋاڭ ساۋزىلارنىڭ مەيخانىلىرىنى قالدۇرماي ئارىلاپ ھاراق ئىچىپ، راستىنىلا نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەنىدى. بۈگۈن ئۇ ئىچەي دېسە پۇلى يوق، رەستىدە بېشى قېتىپ تۇرغاندا، مەمەت ئەيسانىڭ ئۇچراپ قېلىشى بىر سىرلىق ئىش ئىدى.

ئۇلار رەستىگە يېقىنراق كېلىدىغان كونا پوچتىخانا يېنىدىكى تيەنجىنلىك چىن شيەنسېڭنىڭ مەيخانىسىغا باردى. ئوسماننى كۆرۈپ چىن شيەنسېڭنىڭ بىر ئاز جۇدۇنى تۇتقانىدى. مەمەت ئەيسا ئۇنى ئاستا بىر ياققا تارتىپ:

— سىز غەم قىلماڭ، بۈگۈن پۇلىڭىز قولىڭىزغا تولۇق تېگىدۇ، — دەپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

مەمەت ئەيسانىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، چىن شيەنسېڭنىڭ چىرايى بىر ئاز ئېچىلدى ۋە ئۇلارنى خالىي، كىچىك بىر ئۆيگە باشلاپ كىرىپ ئولتۇرغۇزدى، دەسمال بىلەن جوزىنى سۈرتۈۋېتىپ چاي قويدى، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇيرۇغان نەرسىلەرنى ئەكەلدى. كېيىنكى ۋەقەلەر، يۇقىرىدا كىتابخانلىرىمىزغا مەلۇم بولغانىدى.

ئوسمان كەيپ بولۇپ، چىن شيەنسېڭنىڭ كىچىك مەيخانىسىدا يېتىپ قالغاندىن كېيىن، مەمەت ئەيسا دەرھال ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ «ئىككىنچى بۆلۈمى»گە بېرىپ، مېترووبى[1]نىڭ رولىنى ئوينىدى. ئۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ سېپى ئۆزىدىن كەسپىي مېترووبى ئىدى.

بۇنىڭدىن بىرنەچچە ئاي بۇرۇن، مۇشۇ مەمەت ئەيسا شەھەرنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى سىرتىدىكى سالاخۇن ئاشپەزنىڭ ئاشخانىسىدا ئۆزى ئولتۇرغان ئورۇندىن قوزغىلىپ، لۈتپۇللا ئولتۇرغان ئورۇننىڭ يېنىغا قىسىلىپ كىرىپ، ئولتۇرا-ئولتۇرمايلا،

① مېترووبى — سپارتاك تەشكىلاتىنىڭ بىر ئەزاسى. مەيخانىدا تەشكىلاتنىڭ سىرىنى سۆزلەپ قويغانلىقىنى ئاڭلىۋېلىپ، دەرھال رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ساقچىسىغا مەلۇم قىلغان جاسۇس.

بىلال ئەزىزى ئۇستىدىن تۆھمەت قىلغاندا، لۇتپۇللانىڭ دوستلىرى تەرىپىدىن دەككە يەپ قوغلانغانىدى. دېمەك، ئۇ، ئادەم توپلانغانلىكى يەردەدەرھال يانتاق بولۇپ ئۈنۈپ چىقىدىغان يانتاقۇنىڭ ناقىس شېرىكلىرىدىن ئىدى.

مەمەت ئەيسا بۇگۈن ئوسماننى ئەپچىللىك بىلەن تۇزاققا چۈشۈردى. ئۇ ئوسماننى چىن شيەنسېڭنىڭ مەيخانىسىغا گۆرۈگە قويۇپ چىقىپ كەتتى ـ دە، دەرھال بېرىپ ئوسماننىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان ناخشا تېكىستىنى «ئىككىنچى بۆلۈم» دىكى تاتۇق بويۇن رازۋېدكىچى قاسىمنىڭ قولىغا يەتكۈزدى ۋە تېزدىن تەرجىمە قىلىنىپ، كەسپىي بۆلۈم باشلىقى ئارقىلىق ئىدارە باشلىقىغا مەلۇم قىلىندى. ئىدارە باشلىقى مەمەت ئەيسانى شۇئان نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، يەنە بىرنەچچە يۈز سوم «كەسپىي خىراجەت» ئاجرىتىپ بەردى.

— ماۋۇ ساڭا مۇكاپات! ماۋۇ سېنىڭ بۈگۈن ۋە ئەتە ئىككى كۈن ئىچىدە خىراجەت قىلىدىغان كەسپىي خىراجىتىڭ! — دېدى ئىدارە باشلىقى، — تېخىمۇ چوڭ مۇكاپات تېخى كېيىن بېرىلىدۇ، لېكىن بۈگۈنكى يىپ ئۇچىدىن يىپنىڭ تۇگۇنچىسىنى يېشىپ چىقىش لازىم. مۇشۇ ئىككى كۈن — بۈگۈن ۋە ئەتە ئىنتايىن ھالقىلىق پەيت. ئوسماننىڭ بارلىق قەرزىنى مۇشۇ ئىككى كۈن ئىچىدە ئۈزۈۋەتكەندىن كېيىن... شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر چىقىپ، سەن ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىۋال ـ دە، ئاۋۋال ئاشۇ «ئىككى جاي» غا ئاپىرىپ... ئەتە چۈشتىن كېيىن ساڭا ياردەم بېرىدىغان كىشىلەر يېتىپ بارىدۇ.

مەمەت ئەيسا مۇكاپات ـ ئىنئامغا ئېرىشىپ، خۇشاللىقىدا بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولدى ـ دە، ئىدارە باشلىقىنىڭ يېڭى تاپشۇرۇقى بويىچە، كېيىنكى ۋەزىپىنى بەجا كەلتۈرۈشكە كىرىشتى. ئۇ ئىدارىدىن چىقىپ يەنە ئۇدۇل چىن شيەنسېڭنىڭ مەيخانىسىغا باردى. بۇ چاغدا ئوسمان بېشى سەل ئوڭلانغاندەك بولۇپ،



كۆزىنى ئېچىپ ياتاتتى.

— بىرئاز ئوڭلاندىڭمۇ، دوستۇم؟ — دېدى مەمەت ئەيسا ئوسماندىن ھال سوراپ ۋە ئۇنىڭ بېشىنى تۇتۇپ باقتى.

— مېنى، مەست بولۇپ قالدى، دەۋاتامسەن؟ — دېدى ئوسمان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، — سېنىڭ بىلەن تېخى يەنە ئىچىشىمىز، قېنى كەل.

— يۈر ئەمىسە، دەريا بويىغا بېرىپ ئىچىشىمىز.

— بايىقى بوتۇلكىدا ئازراق قالغانمۇ؟

— بەللى، ئاداش، — دېدى مەمەت ئەيسا قاقاقلاپ كۈلۈپ، — راستىنلا مەست بولماپسەن. بوتۇلكا تېگىدە بىر رومكىچە قالغانىدى، ماقۇل، ئىككىمىز ئىككىگە بۆلۈپ ئىچىۋېتەيلى.

مەمەت ئەيسا قېپقالغان ھاراقنى دەرھال تەڭشەپ قۇيدى ـ دە، بىر رومكىنى ئۆزى ئىچىپ، يەنە بىر رومكىنى ئوسمانغا بەردى. ئۇلار ئىچىشىپ بولغاندىن كېيىن، چىن شيەنسېڭنىڭ ئۆيىدىن كۈن كەچ پېشىن بولغاندا چىقىپ كېتىشتى.

ئۇلار ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىدىكى كوچا بىلەن مېڭىپ، تۈگمەنبېشى مەھەللىسىگە يېتىپ باردى. بۇ يەردە دولان دەرياسىدىن ئايرىپ ئاققۇزۇلغان چوڭ بىر ئۆستەڭ سۇ بولۇپ، بۇ سۇغا قۇرۇلغان بىرقانچە تۈگمەن ۋە شال ئاقلايدىغان سوقا، ئۆستەڭنىڭ ئىككى ياقىسىدا قېلىن ئورمان ۋە مېۋىلىك باغلار بار ئىدى. سۇلۇق تەتەينىڭ مەيخانىسىمۇ مۇشۇ يەردە ئىدى. مەمەت ئەيسا بىلەن ئوسمان چەللە ـ بارالڭ ئالدىغا كەلگەندە، سۇلۇق تەتەينىڭ ئۆيدىن ئارتۇق ئالىتاغىل ئۆزۈن سېرىق تۇمشۇقلۇق غازلىرى «غات ـ غات» قىلىپ يۈگۈرۈشۈپ كېلىشتى. كىچىك باغچىدا باغلاقلىق تۇرغان پىستە كۈچۈك ھاۋشىشقا باشلىدى:

— كېلىڭلار، — دېدى قىرىق ياشلاردىن ئاشقان، ئوتتۇرا بوي، قارا كۆز بىر ئايال باراڭلىق ئىچىدىن چىقىپ ۋە ئىككىي-

لەنى مەيخانىغا باشلاپ كىردى.

— بۈگۈن خېرىدارلىرىڭىز كەلمىدىمۇ نېمە، سۇلۇك تەتەي؟ — سورىدى مەمەت ئەيسا، شىرە ئالدىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن.

— كۈندۈزى كەلمەيدۇ، كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇرۇۋېلىپ، كېتىشمەيدۇ، — دېدى سۇلۇك تەتەي. — ھېلى كەچتە بۇ ئۆينى ئادەم بېسىپ كېتىدۇ!

سۇلۇك تەتەي چاي دەملەپ كەلدى، ئاندىن تۇزلۇق غاز توخۇمىدىن بىر تەخسە ۋە ئىككى كىچىك ئىستاكان ھاراق كەلتۈردى.

— پۇلى قانچە؟ — سورىدى مەمەت ئەيسا.

سۇلۇك تەتەي باھاسىنى دەپ بەرگەندىن كېيىن، مەمەت ئەيسا پۇلىنى تۆلەپ بولۇپ:

— ماۋۇ ئوسمانجاننىڭ سىزگە تۆلەيدىغان قەرزى قانچىلىك؟ — دەپ يەنە سورىدى.

— ئۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟ كېيىن ئۆزىمىز سۈرۈشتۈرۈۋالىمىز.

— ياق، كېيىنكىسى كېيىنكى گەپ، ھازىر تۆلەشكە تېگىشلىك قەرزنى ئۈزۈپ تۇرايلى.

— ئون بەش سومچە بارمىكىن، ئېسىمدىمۇ قالماپتۇ.

مەمەت ئەيسا يېنىدىن ئون بەش سوم چىقىرىپ ئوسماننىڭ قەرزىنى ئۈزۈۋەتتى، ئاندىن:

— قېنى، كەل، دوستۇم، يەنە بىر - ئىككى يۇتۇمدىن ئىچەيلى، — دەپ ئوسماننى ئىستاكاندىكى ھاراققا تەكلىپ قىلدى.

— سەن مېنى نومۇستا قالدۇرىدىغان بولدۇڭ ئاخىر، نەگىلا بارساڭ قەرزىمنى تۆلەيمەن، دەپ يۈرسەڭ، مەن قانداقمۇ بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈرەلەيمەن؟

— تازىمۇ مەتۇ ئىكەنسەن. «تۇغۇلۇپ ئۆلمىگىنىڭنى كۆ-



رەي، قەرز بولۇپ تۆلىمىگىنىڭنى» دېگەن تەمسىلنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ. بۇ قەرزلىرىڭنى ئۈزۈۋەتمىسەڭ بولامدۇ؟ لېكىن، ماڭا تۆلەيدىغىنىڭ نەق پۇل ئەمەس، پەقەت ئاغزىڭنىڭ يېلى، — دېدى مەمەت ئەيسا تولكىلىك بىلەن.

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بول، — دېدى ئوسمان مەمەت ئەيسانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ.

سۇلۇك تەتەي دېگەندەكلا، ئاخشام بولۇۋىدى، شەھەرلىك ياشلارنىڭ ئىچىدىكى ئىچەرمەنلەردىن بىرقانچىسى مەيخانىغا كىرىپ كېلىشتى. سۇلۇك تەتەي ئۇلارغا ئايرىم سورۇن راسلاپ بەردى. مەمەت ئەيسا ئىستاكاندىكى ھاراقنى ئىچىپ تۈگىتىشكە ئالدىراپ ئىككى قېتىمدىلا ئىچىۋەتتى، ئارقىدىن زاكوسكىنى قورۇقداپ، ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، تەتەي بىلەن خوشلاشتى.

ئۇلار يەنە بايا كەلگەن يولى بىلەن گۈلباغ دەرۋازىسىغا كېلىپ، شەھەر ئىچىدىكى توخۇ بازىرىغا باردى. ئىككىسى بىردىن توخۇ گۆشىنى يەپ، قورسىقىنى تويغۇزدى - دە، بىرقانچە بىجاق نان ۋە ئۈچ دانە توخۇ گۆشى سېتىۋېلىپ، يەنە كەينىگە يېنىپ، گۈلباغ دەرۋازىسىدىن چىقىپ چوڭ يول بىلەن ئۇدۇل قىزىلكۆۋرۈك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇلار كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، پاشالىق باغنىڭ شەرقىي جەنۇب دوقمۇشىدىن قايرىلىپ، كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، باغ ئىچىدە بىر شىپاڭلىق ۋە تالقالىقى بار يالغۇز ئۆي كۆرۈندى. بۇ ئۆي — داڭقى چىققان قاۋاقخانا خوجايىنى ۋاڭ ساۋزىنىڭ ئۆيى ئىدى.

— بۇرۇن بۇ يەرگە كەلگەنمىدىڭ؟ — ئاستا سورىدى مەمەت ئەيسا ئوسماندىن.

— بىرنەچچە قېتىم كەلگەن.

— بۇ ئايالغا تۆلەيدىغان قەرزىمىز بارمۇ؟

— يوق.

— يوشۇرما، ئاداش، ھەم قىلچە خىجىل بولما، مەن ئۇل-

پەتچىلىكتە ئۆزۈمگە ياراپ قالغان ئاغىنەمگە ھېچ نەرسىنى ئايەمايمەن.

— راست، بۇ ئايال بىلەن ئالغۇ - بەرگۈم يوق. مەن ئۇنىڭ دۇتىرى بىلەن ناخشىسىغا خۇشتار.

— ئۇنداق بولسا، بۇگۈن بۇ ئايالغا ئوتتۇز سوم تۆلەيمىز. كېچىچە دۇتار چالدۇرىمىز ۋە مۇشۇ ئۆيدە تۈنەيمىز.

— بولدى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن قوللايمەن!

## 2

ئۇلار پاراڭلاشقاچ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ۋاڭ ساۋزىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئىچىدىن ئىلىنغان ئىشىكنى چەكتى.

— كېلىڭلار، قارا قاش يىگىتلەر.

ۋاڭ ساۋزى كۈلۈپ ئىشىكنى ئېچىپ، خېرىدارلىرىنى مېھمانخانىسىغا باشلىدى. ۋاڭ ساۋزى ئۆيگە كەلگەن خېرىدار يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىنى ئالىمەن دەپ، ھەمىشە ئاشۇنداق سۆزلەر بىلەن قارشى ئالاتتى.

— ۋاڭ ساۋزى، ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟ — دەپ سورىدى مەمەت ئەيسا، كاڭ سۇپىسىدا ئولتۇرۇۋېتىپ.

— كۆڭۈللىرىگە كېلىشمىسۇن، — دېدى ئايال، — مېنى ۋاڭ ساۋزى① دېمەي، ئايشەمخان، دەپ ئاتاشسىلا، مەنمۇ ئىككى مۇسۇلماندىن تۆرەلگەن. مانا مېنىڭ تەقى - تۇرقۇمغا قاراپ بېقىشسىلا، مەن مۇشۇ لاتاپىتىم بىلەن يىگىتلەرنىڭ يۈرىكىنى سىمابتەك ئېرىتىپ، ھەرقايسىلىرىدەك يىگىتلەرنى دەريانىڭ ئۇ قېتىدىن بۇ قېتىغا تارتىپ كېلىۋاتقان ئايشەمخان مەن.

---

① ساۋزى — ھەدە، يەڭگە، ئاپلا مەنىلىرىدە.



دېمىسىمۇ، ئۇ بېشىغا چىمەندوپپا، ئۇچىسىغا قارا گۈللۈك دۇخاۋا كۆڭلەك، گۈللۈك تاۋار ئىشتان، پۇتىغا ئېگىز پاشنىلىق تۇپلەي كىيىۋالغانىدى. ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى تېقىمىغا چۈشۈپ تۇراتتى، بوينىغا ئېسىۋالغان مارجىنى يالتىراپ تۇراتتى. ئۇ بۇ سۆلىتى بىلەن ئالاھىدە پەخىرلىنىپ، ئۆزىنى خېلى - خېلى كىشىلەرنىڭ نەزەرىنى تارتالايمەن دەپ ھېسابلايتتى.

ۋاڭ ساۋزى سۆزلەپ بولۇپ، مېھمانلار بىلەن تەڭلا كۈلدى. ئۇ، يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى خاپا بولغىنىدىن ئەمەس، بەلكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ماختىنىۋېلىش ئۈچۈن ئېيتقانىدى.

— بۈگۈن بۇ ئۆيگە باشقىلار كېلىپ قالماس؟ — سورىدى مەمەت ئەيسا.

— ئەر كىشىلەر ئۆجمە كۆڭۈل كېلىدۇ، كۈندۈزلىرى قارىسى كۆرۈنمەيدۇ، يېرىم كېچىدە، بىر قېتىم چۈش كۆرۈپ بولۇپمۇ يەنە يۈگۈرۈپ كېلىدىغان ئېزىتقۇلارمۇ بار.

ۋاڭ ساۋزى، مەمەت ئەيسانىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرگەچ، سۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يۇمىلاق شىرە قويدى، ئاندىن بىر چەينەك بىلەن ئىككى ئىستاكان ئەكەلدى. مەمەت ئەيسامۇ بايا ئېلىۋالغان نان بىلەن توخۇم گۆشىنى شىرەگە قويدى.

— بىزگە بىر بوتۇلكا جۇن بېرىڭ، — دېدى مەمەت ئەيسا.

ۋاڭ ساۋزى ھاراق قاچىلانغان كوزىدىن چوڭ بىر بوتۇلكىغا لىق تولدۇرۇپ ھاراق ئېلىپ، رومكا بىلەن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئۆزىڭىزمۇ كېلىڭ، بۇ توخۇ گۆشى بۈگۈن ئاخشام ھەم تامىقىمىز، ھەم زاكوسكىمىز بولىدۇ، — دېدى مەمەت ئەيسا، — ئەتىكى قورساقنىڭ غېمىنى ئەتىگەنلىككە قىلىمىز.

ئۇلار ئولتۇرۇشنى باشلاپ رومكىنى ئىككى قېتىم ئايلاندۇرغاندىن كېيىن:

— مېنى ئايشەمخان دەپ قىچقىرىشىڭلارنى يەنە ئۆتۈنۈپ

قالىمەن. ھېلى كۆپرەك ئىچكەندە قۇلىقىڭلارغا گەپمۇ كىرمەيدۇ. قۇرغۇيۇق بولاي، بۇلبۇلۇق بولاي دەپ، تاپىنىمنى يالىنغۇدەك بولۇشىسىلەر. ئەتىسىگىلا ۋالى ساۋزى، ۋالى تەتەي، دەپ جېنىمغا تېگىسىلەر. ئەسلىدە مەن يامان ئەرلەرنىڭ سولپىسىدىن، «ۋالى ساۋزى» بولۇپ قالغان، — دېدى ۋالى ساۋزى سۆز باشلاپ.

— گەپ ئوبدان جايىدىن باشلاندى، — دېدى مەمەت ئەيسا. — قېنى ئاۋۋال ھېكايىلىرىنى ئاڭلايلى.

مەمەت ئەيسا يەنە بىر رومكىدىن قۇيۇپ، ھەممەيلەننىڭ كۆتۈرۈۋېتىشىگە تەكلىپ قىلدى. ئاندىن ۋالى ساۋزى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مېنىڭ ئاتا - ئانام ئۇلۇغچات بازىرىدىن ئىكەن، ئاتام قىپچاق، ئاپام ئۇيغۇر. بەش يېشىمدا ئاتام ئۆلۈپ كەتتى، ئاندىن ئاپام بىلەن مەن يەكەننىڭ چوڭ بازىرى گەيشاڭ[1]غا كۆچۈپ بېرىپ شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ بولۇپ قالدۇق. ئاپام ئۇستا لەڭمەنچى ئىدى، يېزىلىقلارمۇ ئاپامنىڭ لەڭمىنىگە ئامراق ئىدى، مەن ئون يېشىمدا دۇتار چېلىشنى ئۆگەندىم، ناخشىنى ياخشى ئېيتاتتىم. ئون ئۈچ يېشىمدا دۇتارغا تېخىمۇ ئۇستا بولۇپ كەتتىم. شەھەرلىك ۋە يېزىلىق يىگىتلەرنىڭ ماڭا كۆزى چۈشكەلى تۇردى. بىز تۇرغان بازارنىڭ يېنىدىكى «ھەزرىتىپىر» دېگەن يەردىن كېلىپ دۇكىنىمىزدا لەڭمەن يەيدىغان بىر دېھقان بالا «ئايشەمخانغا كۆيۈپ قالدىم» دەپ ئاپامنىڭ قۇلىقىنى ئاغرىتقىلى تۇردى. ئاپام تەڭلىكتە قالدى. مەن ئاپامغا «دۇتار چېلىشتىن توسۇمىسا، تەگسەم تېگەي» دېدىم. ئاخىرى توي بولدى. يېزىلىق يىگىت دۇتار چېلىشتىن توسۇمايمەن، دەپ تىلخەتمۇ بەردى، لېكىن، بۇ يىگىت مېنى ئادەم ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا مۈشۈك-

① گەيشاڭ — يەكەننىڭ كوناشەھەر بىلەن يېڭىشەھەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاۋات كوچىلىرىدىن بىرى.



تىنىمۇ كۆرمىدى، ۋەدىسىگە تۇرار دەپ دۇتار چالسام، دۇتىرىمنى دەسسەپ سۇندۇردى، مەيدەمگە تىزلاپ ئۇرۇپ، بەدىنىمگە كۆك چۈشۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆيىمىزگە قېچىپ كېلىۋېلىپ، شۇ بارمىغانچە بارماي خېتىمنى ئالدىم.

— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ — دېدى مەمەت ئەيسا.

— ئۇنىڭدىن كېيىن، — دېدى ئايال سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىر يىل ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئاپامغا قاراشتىم، ئۇزۇن ئۆتمەي كوناشەھەرلىك بىر يىگىت ئەلچى قويدى، يەنە ئاپامنىڭ رازىلىقى بىلەن ئۇ كىشىگە نىكاھلاندىم. بۇ كىشى نىكاھىمغا ئېلىۋېلىپ، روپاش قىلىپ قويدى، دۇتار چالسام ئۇردى، «كېچىدە نېمە چۇش كۆرۈپ قوپۇپ، شەيتانغا نەغمە قىلىسەن» دەپ ئۇرۇپ، دۇتىرىمنى سۇندۇردى. بۇنىڭغىمۇ كۆنەلمەي قاچتىم. مۇشۇ چاغلاردا مېنىڭ ئېتىم ئايشەمخان ئىدى.

— ئۇنداق بولسا، ۋالى ساۋزى دېگەن ئات نەدىن پەيدا بولغان؟ — دېدى مەمەت ئەيسا.

— شامەنسۇر[1] ۋاقتىدا، — دېدى ئايال سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ۋالى فامىلىلىك بىر خەنزۇ چېرىك ئىسمىنى ئىسلامغا ئۆزگەرتىپ مۇسۇلمان بولۇپتۇ. ئۇنىڭ قولىدا خېلى پۇلمۇ بار ئىكەن. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ دۇكىنىمىزغا پات - پاتلا كېلىدىغان بولۇپ قالدى، دۇكانغا دەسمايە قوشتى، بىزنىڭ دۇكاننىڭ يېنىغا جاي سالدى. كېيىن بىر كۈنى ئۇ ئاپامغا: «كۈيئوغۇل بولسام» دەپ تەلەپ قويۇپتۇ. ئاپام بۇ گەپنى ماڭا دېدى، مەن: «بولۇپتۇ، مۇسۇلمان بولغاندىكىن…» دەپتىمەن. مۇسۇلمان رەسمىيىتى بويىچە نىكاھ قىلدۇق. ئۇ يېڭى سالغان جايدا بىر كىچىك تىجارەت دۇكىنى ئاچتى. بۇ دۇكاندا ھاراقمۇ سېتىلىدىغان بولدى. ئۇ ھەممىنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى سىرتلار-

① شامەنسۇر — 1930 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا خوتەن قاراقاشتا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭنىڭ ئەسكەر باشلىقى. ئۇلار شۇ چاغدا يەكەنگىمۇ كەلگەنىدى.

دا تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئايلاپ - يىللاپ كەلمەي يۈردى. گەيشاڭدىكى قىمارۋازلار دۇكانغا كىلىپ هاراق ئىچىدۇ، دۇتار چىلىپ بەرسەم تىڭشايدۇ. كىيىن ئۇلار مىنى «ۋاڭ تەتەي» دىيىشكىلى تۇردى، مەن ئۇلارغا ئۇنداق دىمەڭلار، مۇسۇلمانىنىڭ خوتۇنى تەتەي بولمايدۇ، دىسەم، بىر قىمارۋاز قوپۇپ: «خەتنەسىنى قىلمىغان تۇرسا» دەيدۇ. كىيىن ۋاڭ تەتەي دىگەن گەپلەر گەيشاڭ بازىرىدا پۇر بولۇپ كەتتى. مەن چىداپ تۇرالماي، ۋاڭنىڭ شەنشىدىكى يۇرتى — باۋجىغا كەتتۇق. گەنسۇ بىلەن شەنشى چىگرىسىدا دۇتىرىم سۇنۇپ كەتتى. باۋجىغا بىرىپ، دۇتارسىز بىر كۈنمۇ ياشىيالمىدىم. «خىرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىغىڭ نە كىرەك» دىگەندەك، دۇتار بولغاندىمۇ، ئۇ يەردە ئۇنى كىم ئاڭلايدۇ؟ «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» قىلىپ، «ۋاڭ تەتەي» دىگەن گەپتىن قىچىپ باۋجىغا بارسام، باۋجىلىقلار «ۋاڭ ساۋزى» دىيىشىۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ ئات ماڭا چاپلىشىۋالدى، ئۇمۇ مەيلىتى، بولۇپمۇ دۇتارسىز چىدىيالماي، ئاخىرى يەنە بۇ يەرگە قايتىپ كەلدىم. يەكەنگىمۇ بارماي، مۇشۇ يەرگە جايلىشىپ قالدىم. شۇ «ياغلىق قاپاق» ھىلىغىچە پىشانەمدىن ئىرىمەيۋاتىدۇ.

— ئۇنچىلىك گەپكىمۇ شۇنچىۋالا تىرىكىپ كىتەمدىلا؟ — دىدى مەمەت ئەيسا تەسەللى بىرىپ.

— گەپ يالغۇز ئۇلا ئەمەس، — دىدى ۋاڭ ساۋزىنىڭ ئىغىزى ئىچىلىپ، — بىر ئاخشىمى ماڭا ئىچ - پەش تارتىپ يۈرگەن بىر قىمارۋاز بىر قوشاقچىغا قوشاق يازدۇرۇپ، ئەتىسى دۇكىنىمىزنىڭ ئالدىغا چاپلاپ قويۇپتۇ. بۇنى ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ، زادى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. ئاخىرى شەھەرنى تاشلاپ، مۇشۇ سورۇقچىلىقتا يۈرۈۋاتىمەن. ئەر كىشى دىگەننىڭ يۈزىگە ئىككىنچىلەپ قارىماسمەن دەيتتىم، لىكىن تۈزكورلار ئىزا تارتماي يەنە كىلىشىدۇ.



— شۇ قوشاقنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلاپ باقسام قانداق؟ — دىدى مەمەت ئەيسا، يەنە بىر رومكىدىن هاراق ئىچىشكە تەكلىپ قىلغاچ.

ۋاڭ ساۋزى قولىدىكى هاراقنى ئىچىپ بولۇپ، ئۆزىنى يەكەندىن قاچۇرۇۋەتكەن ھىلىقى قوشاقنى ئوقۇپ بەردى:

قاش - قاپىقى كەڭلىكى،
سەككىز مىتىر كەڭلىكتەدۇر.
تولۇق قاپىقى ھۆسنىدىن،
باغدا قاپاق تەڭلىكتەدۇر.

يۈزلىرى قانغا بويالغان،
لەۋلىرى ئاندىن قىزىل.
بول قىزىللىق راست ئەمەستۇر،
ئۇپا ھەم ئەڭلىكتەدۇر.

تىخى باقماي هالىغا،
كۆز قىسىپ ئەتراپىغا.
مىڭىشى بەكمۇ سەتەڭدۇر،
ياشلىرى ئەللىكتەدۇر.

ۋاڭ ساۋزى قوشاقنى ئوقۇغاندىن كىيىن، مەمەت ئەيسا بىلەن ئوسمان بىر هازاغىچە كۈلۈپ، ئۆزلىرىنى ئاران بىسىپ ئولتۇردى.

— قوشاقنىڭ شۇنچىلىك قىسمى ئىسىمدە قىلىپتۇ، — دىدى ۋاڭ ساۋزى، — يەنە بىرمۇنچە سەت ئوخشىتىشلىرى بارئىدى. مەن ئەمدى ئوتتۇز ياشقا كىرسەم، مىنى ئەللىك ياش دەپ تۆھمەت قىلىشتى.

— بۈگۈن سەرگۈزەشتىلىرىنى ئوبدان سۆزلەپ بەردىڭ، — دېدى مەمەت ئەيسا، — لېكىن بىز تۈزكورلۇق قىلمايمىز، ئۆتكىنى ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى بىردەم ئىچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرايلى، بىر پەس دۇتارلىرىڭنىڭ پەيزىنى ئاڭلايلى!

ئۇلار شىرە ئۈستىدىكى توخۇ گۆشىدىن يېيىشتى. ۋالىق ساۋزى يەنە بىر بوتۇلكا ئەكېلىپ تىكلەپ قويدى. مەمەت ئەيسا ئايالنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ چاقچاقلا ئۆتتى. ئوسمان تېخى قىزىمىغىنى ئۈچۈن ئانچە كۆپ گەپ - سۆز قىلماي، ئېغىر - بېسىق ئولتۇراتتى. مەمەت ئەيسا ھەدەپ ھاراق قۇيۇشقا باشلىدى. ۋالىق ساۋزى دۇتارنى سازلاپ بولۇپ، ئىشقۋاز غەزەللەرگە بىر باشتىن چېلىشقا باشلىدى. ئىككى ئەر كىشى بىر تەرەپتىن ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن رومكىنى ماڭدۇرۇپ تۇرۇشتى. مەمەت ئەيسا ئوسماننىڭ گرادۇسىنى پەللىگە كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ، ئۇنىڭغا كەينى - كەينىدىن ئىچۈرەتتى. ئوسمان قىزىپ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغاچقا، ۋالىق ساۋزىغا تەلمۈرۈپ قارايتتى. ئۇ، ئىككى رومكىنى ئالدى - دە:

— ناخشىڭىزدىن ئېرىپ كېتىۋاتىمەن، ئىككىمىز بىر رومكىدىن ... — دېدى ۋالىق ساۋزىغا.

«تەجرىبىلىك» ئايال رومكىنى دەرھال قولىغا ئېلىپ، ئىشقىي قوشاقلىرىدىن يەنە بىر كۇپلېت ئوقۇپ ئىچىۋەتتى. ئوسمانمۇ خۇشاللىقىدا قولىدىكى رومكىنى كۆتۈردى. ئايال يېڭى - يېڭى پەدىلەرگە يۆتكەپ چالاتتى. مەمەت ئەيسادىن سەل ئەيمەنمەيدىغان بولسا، شۇ تاپتا ئوسمان ۋالىق ساۋزىغا قوش بولۇپ ئېيتىلغان بولاتتى. دەل مۇشۇ چاغدا، باش توخۇ قىچقاردى، مەمەت ئەيسا ئۆزى ئازراق بىر رومكا قۇيۇپ ئىچىپ، ئارقىدىن ئوسمان بىلەن ۋالىق ساۋزىغا رومكىلارنى تولدۇرۇپ قويۇپ يەنە ئىچۈردى.

مەمەت ئەيسا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەدەپ قىلىپ كىرەي دەپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ خالىي قالغان پۇرسىتىدىن پايدى-



لىنىپ، ئوسمان كانىدىن چۈشۈپ، ۋالىق ساۋزىغا قول ئۇزاتماقچى بولۇۋىدى، مەمەت ئەيسانىڭ سىرتقا چىقىشى بىلەن تەڭ ۋالىق ساۋزىنىڭ كۆچۈكى ھاۋشىپ كەتتى. ئايال كۆچۈكىنى تۇسۇش ئۈچۈن تالاغا يۈگۈردى. ئوسمان قولىنى چىشلەپ قالدى. مەمەت ئەيسا ۋالىق ساۋزىنى قېشىغا قىچقىرىپ:

— ماۋۇ سىزگە ئوتتۇز سوم، بۈگۈن كېچە ئوسماننى كۈتۈسىز، ماڭا كىچىك ئۆيىڭىزگە ئايرىم ئورۇن سېلىپ بېرىسىز. گەپ شۇ، — دەپ پىچىرلىدى.

مەمەت ئەيسا تەرەتكە كەتتى. ۋالىق ساۋزى كۆچۈكىنى جىمىقتۇرۇپ قويۇپ، ئۆيىگە كىرگەندە، ئوسمان ئىشىك تۈۋىدە مارىلاپ، نەپسى تاقىلداپ تۇراتتى. ئۇ دەرھال ۋالىق ساۋزىغا ئېسىلدى.

— قويۇۋېتىڭ! ئاغىنىڭىز كىرىپ قالىدۇ! سەت بولىدۇ، سەت!

مەمەت ئەيسانىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانغاندا، ئوسمان ۋالىق ساۋزىنى قويۇۋەتتى. ۋالىق ساۋزى دەرھال مەمەت ئەيسانىڭ قولىغا سۇ ئەكەلدى.

ئۇلار يەنە ئورۇنلىرىغا كېلىشىپ، خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئىچىشتى. ئوسمان مەست بولۇپ قالغاندىن كېيىن، مەمەت ئەيسا ئۇنى ۋالىق ساۋزىنىڭكىگە تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى يالغۇز ساقچى ئىدارىسىگە كىرىپ كەتتى.

## 3

مەمەت ئەيسا باش توخۇ قىچقارغان چاغدا، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ رازۋېدكا بۆلۈمىگە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئىدارە باشلىقى ھېكىمدىن ئۇنىڭ بايىغا قىلغان مەخپىي سەپىرىدىن دوكلات ئېلىۋاتاتتى. دوكلات تۈگىگۈچە مەمەت ئەيسا رازۋېدكا بۆلۈ-

مىنىڭ سىرتقى ئۆيىدە كۈتۈپ تۇردى.

بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە بۇرۇن ھېكىم ئىككى سەتەڭنى باشلاپ لۈتپۇللانىڭكىگە بېرىپ، دەككىسىنى يەپ قايتقاندىن كېيىن، ئىدارە باشلىقىنىڭ يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە يوشۇرۇن ھالدا باي ناھىيىسىگە يېتىپ بارغانىدى.

لۈتپۇللانىڭ ئۇستازى ئابدۇللا داۋۇت كۆيباغ دېگەن يەردىكى ئۆيىدە كېسەل ئوغلىدىن خەۋەر ئېلىپ شەيخ سەئىدى[①]نىڭ «بوستان»، «گۈلىستان» ناملىق ئەسەرلىرىنى، موللا مۇسا سايرامىنىڭ قولىيازمىلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇ، يۇرتى قىزىل توغرىسىدا يېزىلغان تۆۋەندىكى مەشھۇر نەزمىنى قىزىقىپ يادلاۋاتاتتى:

كۈن ئولتۇردى مەغرىپ سارىدا قىزىل،
قىزىللىق ئىچىدىن كۆرۈندى قىزىل.

دېدىلەر بۇ يۇرتنىڭ ئېتىدۇر قىزىل،
ئىمارەت ئۇنىڭ تۇپراقىدۇر قىزىل.

كى دەريا ئاقادۇر، ئېتىدۇر قىزىل،
يەنە ئاب جارى ئاقادۇر قىزىل.

بۇ قىز - جۇۋانلار سالاھى قىزىل،
بۇ قىزلار قارادۇر، ئىچىدۇر قىزىل.

قىزىلنىڭ ئىچىدىن، چىقىپ بىر قىزىل،
قىزىلنىڭ تۇرغان يېرىدۇر قىزىل.

① شەيخ سەئىدى (1203 — 1292) — مۇتەپەككۇر يازغۇچى، «بوستان»، «گۈلىستان» ناملىق مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى. ئابدۇللا داۋۇت ئىككى ئوغلىنىڭ ئىسمىنى مۇشۇ ئەسەرنىڭ نامىغا قويغان.



بۇ تارىخچى بۈگۈنمۇ كېسەل ئوغلىنىڭ يېنىدا مۇشۇ شېئىرنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى، تۇساتتىن دەرۋازا سىرتىدا قارا كۆزەينەك تاقىغان بىر كىشى كۆرۈندى - دە، ئابدۇللا داۋۇت دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ دەرۋازىغا باردى. ئۇنىڭغىچىلىك كۆزەينەكلىك كىشىمۇ ھويلىغا كىرىپ كەلدى ۋە ئابدۇللا داۋۇتقا سالام بېرىپ كۆرۈشتى، ئاندىن كېسەل ياتقان بالىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئەھۋالىنى سورىدى. ئابدۇللا داۋۇت كۆزەينەك تاقىۋالغان كىشىنىڭ ھېكىم ئىكەنلىكىنى دەرھال پەرق ئېتەلمىدى - دە:

— نەدىن كېلىۋاتىدىلا، كىم بولىلا، تەقسىر؟ — دەپ سورىدى.

— پېقىر، — دېدى مېھمان كۆزەينىكىنى ئالماي تۇرۇپلا تارىخچىغا تونۇشلۇق بېرىپ، — ئۆزلىرى تونۇيدىغان ھېكىم بولىمەن، ئۇستاز.

ئابدۇللا داۋۇت دەرھال «ئون بىرىنچى نومۇرلۇق ئۆي» دىكى گۇمانلىق زىياپەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كۆڭلى باشقىچە بولۇپراق يەنە سەزدۈرمەسلىككە تىرىشتى ۋە ئارقىدىنلا يەنە:

— بۇ يەرگە قاچان كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆز ئىشىم بىلەن كۈچا تەرەپنى ئايلىنىپ، ھېلىلا كېلىشىم. بۈگۈن كەچتىرەك ئونباشقا ئۆتۈپ، تونۇغانلىرىمنى يوقلاپ بولغاندىن كېيىن ئاقسۇغا كېتىمەن.

سۆھبەت ئارىسىدا، ئابدۇللا داۋۇت مېھمانغا چاي تەييارلىدى.

— بالىنىڭ كېسىلى خېلى ياخشىدەك تۇرىدۇ، تاماققا كىرىشىپ كەتكەندۇر؟ — دېدى ھېكىم يەنە.

— بۇرۇنقىدىن كۆپ ياخشى، — دېدى ساھىبخانا، مېھماننى چايغا تەكلىپ قىلغاچ، — تاماققىمۇ خېلى كۆڭلى تارتىدىغان بولدى.

— ھە، راست، — دېدى ھېكىم سۆز تېكىستىنى ئۆز مۇددىئاسىغا يۆتكىمەكچى بولۇپ ۋە كۆز قىرىدا ئەتراپقا قاراپ قويۇپ، — ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن، مەن يولغا چىقىش ئالدىدا، مۇنىرىدىن غوجا بىلەن ل. مۇتەللىپ سىزگە ئالاھىدە سالام ئېيتقانىدى.

ئابدۇللا داۋۇت ھېكىمنىڭ سۆزىگە باشتا گۇمان بىلەن قارىغان بولسىمۇ، كېيىن نورمال مۇئامىلە قىلىشنى لازىم تاپتى ۋە ھېكىمدىن:

— ل. مۇتەللىپ بىرەر يېڭى ئەسەر يازدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يېزىۋاتىدۇ، «داۋانلار ئاشقاندا» رومانىنى خېلى بىر يەرگە ئاپىرىپ قويدى، لېكىن ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان بىر شەرەپلىك ئىش — ئۇنىڭ باشچىلىقىدا بىزنىڭ ئاقسۇدا ھازىر ئېلىپ بېرىۋاتقان يەر ئاستى ئىنقىلابىي پائالىيىتىمىز!

«بىزنىڭ» دېگەن سۆز ئابدۇللا داۋۇتنى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى ۋە ئىشەنمەسلىك نەزەرىدە ھېكىمنىڭ كۆزىگە بىر قارىدى-دە، لام-جىم دېمەي يەنە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالدى.

— ئىشەنمەيۋاتامسىز؟ — دېدى ھېكىم، تارىخچىنى قاپقانغا دەسسىتىش ئۈچۈن جىددىي ھىيلە ئىشلىتىپ، — «بىز» ئاللىقاچان تەشكىللىنىپ بولدۇق. مەن يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ «سەر كاتىپى»، سىزنى باي ناھىيە شۆبە گۇرۇپپىسىغا مەسئۇل قىلىپ بېكىتتۇق.

ھېكىم سۆزلىگەنسېرى ئابدۇللا داۋۇتنىڭ سەپراسى ئۆرلىگىلى، ۋۇجۇدى تىترىگىلى تۇردى. ھېكىم ھېچنېمىدىن پەرۋا قىلماي:

— يادرو گۇرۇپپىمىز بۇ قېتىم مېنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئالاھىدە سىزنىڭ قېشىڭىزغا ئەۋەتتى. ئۆزىڭىز بىلىسىز، ھازىر خەت ئارقىلىق ئالاقە قىلىش ئىنتايىن خەتەرلىك. جاسۇسلار



ھەممىلا جايدا قاتراپ يۈرۈشىدۇ. مېنىڭ قارا كۆزەينەك تاقاپ يۈرۈشۈممۇ، ئەنە شۇ جاسۇسلارغا ئۆزۈمنى سەزدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئىدى، — دېدى ئارقىدىنلا.

— ئاز بولسىمۇ، — دەپ ۋە يېنىدىكى قارا سومكىسىدىن ئۈچ بوتۇلكا ھاراق، بەش بولاق قەنت چىقىرىپ، ئەدەپ-ئىكرام بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن بۈگۈن ئۇستازنى ۋە كېيىنكى ئىنىمىزنى يوقلاپ كېلىشىم، بۇ ئاددىي سوۋغامنى مەزۇر تۇتۇشلىرىنى مەتلۇب قىلىمەن...

بۇ، شەيتاننى داغۇل ئۇستىدە، تارىخچىنىڭ گۇمانى تېخى يېشىلمەي تۇرغاننىڭ ئۈستىگە، بۇ سوۋغا ئابدۇللا داۋۇتقا يېڭى ئىمتىھان سوئالى بولۇپ تۇيۇلدى.

بۇ ئىشنى «ھىيلە-نەيرەڭ» دەپ رەت قىلىش كېرەكمۇ ياكى ئادەتتىكى ئادەمگەرچىلىك دەپ تونۇش لازىممۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھېكىم بىلەن بىر يۇرتلۇق، ئۇ، ھازىرقى ئاقسۇ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز.

ئۇنىڭ ئالدىغا مۇشۇ سىناقلار كەلدى-دە:

— رەھمەت، ئاۋارە بولۇپسىز، — دېدى ئۇ بىر ئاز ئويلىنىپ قېلىپراق.

— يوقسۇ، ئۇستاز. بۇنداق دېسىلە مەن ئويلىنىپ قالىمەن، بۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. ئەگەر ئىقتىساد كېرەك بولسا، مەن ئېھتىياجلىرىدىن ئاشۇرۇپ خالىس ياردەم قىلىمەن، ئۆزلىرى مېنىڭ ئاغزىمغا ئىلىم سالغان ئەمەسمۇ؟

ھېكىم «ئىككىنچى بۆلۈم» تاپشۇرغان «ئىلمەك» ۋە «پاراماش» تەدبىرىنى تەڭ ئىشقا سېلىشقا كىرىشتى. سۇرگۇن ئازابىدا ئىچى پۇشۇپ، ھاراققا كىرىشىپ قالغان تارىخچىنىڭ پسىخولوگىيىسى ۋە تۈز كۆڭۈللۈكى ھېكىمنىڭ پايدىلىنىشىغا شەرت ھازىرلاپ بېرەتتى.

— خوشلىشىش ۋاقتىمىزدا، ئۇستاز، بىز بىر پىيالىدىن

ئىچىشنىۋالايلى، — دېدى ھېكىم يەنە، — بىز يەنە بىر كۆرۈشكە-
چە مىلىڭ تاغار جان كېرەك.
ئابدۇللا داۋۇت تۇخۇم زاكوسكىسى بىلەن بىر كىچىك پىيالە
ئەكىلىپ، ھېكىمنىڭ ئالدىغا قويدى. ھېكىم هاراقنى پىيالىگە
قۇيۇپ، ئۇزى كۆتۈرگەندىن كېيىن، يەنە بىر پىيالە قۇيۇپ،
زورلاپ ئابدۇللا داۋۇتقا ئىچۈردى. تولدۇرۇپ قۇيۇلغان بىر
پىيالە «پاراماش» هازىر باش ئېرۋىنى قانداق ئۇسسۇلغا دەسسى-
تىدىغانلىقىنى هاراق ئۇلپەتلىرى ياخشى چۈشىنىدۇ. تارىخچى
گەرچە ئۇزىنى خېلى دەرىجىدە تۇتۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن
ھېكىمگە ھېسسىياتىنى ئازراق بولسىمۇ تۆكۈپ تاشلىدى:
— مېنىڭ ئاقسۇدىكى ئىشتىن بىرئاز خەۋىرىم بار. مەن
ۋىجدان ئالدىدا، ئۇ شەرەپلىك ئىشلاردىن باش تارتمايمەن. بىراق
سىزدىن چوڭ گۇمانىم بارئىدى. ئەگەر سىز راستتىن ۋىجدان
تەرەپكە بۇرۇلغان بولسىڭىز، سىزگە ئىشەنمەسلىككە ھېچكىم-
نىڭ ھەققى يوق، بولۇپمۇ يۇرتداش بولغان مېنىڭ ھېچقانداق
ھەققىم يوق. ئاخىرىدا سىزگە تۆۋەندىكى بىر نەزمىنى يادىكار
قىلىمەن:

بۇ مەينەت مەندە تۇرماس، بۇ دۆلەت سەندە،
كى زىنھار، نەپسىنى دەپ بولما شەرمەندە.

قەلەندەر كۆپ ئېمەر ـ كۆن زەررىنى شاھتىن،
قۇتۇلماس شاھمۇ ئاخىر ـ دەر بىلەن ئاھتىن.

نەزم ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ھېكىم ئابدۇللا داۋۇت
بىلەن خوشلاشتى. ئۇ، «بىرىنچى ئىيۇن» كونى مەخپىي ئاقسۇغا
ئۇندى ـ دە، بۇگۇن ئاخشام ئىدارە باشلىقىغا يۇقىرىدىكى ۋەقە
ئۇستىدە تولۇق دوكلات بېرىشكە باشلىغانىدى. يانتاقۇپنىڭ دوس-



تى لوخۇرمۇ يىغىندا بار ئىدى.
ھېكىمنىڭ دوكلاتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىدارە باشلىقى
قانائەتلەنمەي:
— بىزگە قۇرۇق گەپ لازىم ئەمەس، ماددىي پاكىت، يەر
ئاستى تەشكىلاتىنىڭ خاتىرىسى، تىزىمى كېرەك! — دېدى غە-
زەپ بىلەن.
ئىدارە باشلىقىنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىگەنىدى.
— تۈنۈگۈن ئاخشام مەخپىي تەشكىلاتنىڭ بىر ئەزاسىنىڭ
ئاغزىدىن مۇھىم بىر يىپ ئۇچى مەلۇم بولدى. بىر ئادىمىمىز
ئاخشامدىن بېرى شۇ ئىشنىڭ كەينىدە، — دېدى ئۇ ئاخىرىدا.
— شۇنداق، باشلىق، مانا مەن كەلدىم.
ئىدارە باشلىقىنىڭ سۆزىگە ئۇلگۇرۇپلا سىرتقى ئۆيدە كۈتۈپ
تۇرغان مەمەت ئەيسا ئىچكىرىدىكى بۆلۈمگە كىرىپ كەلدى ـ دە،
ئوسمانىنىڭ گۈلباغدا قونۇپ قالغىنىنى دوكلات قىلدى.
ئىدارە باشلىقى كۆكنار سېلىنغان تاماكا غاڭزىسىنى تۇتاش-
تۇرۇپ تۇرۇپ:
— سىلەر ئۇچىڭلار ئەتە ئاخشامغىچە بۇ ئىشتىن نەتىجە
چىقىرىپ دوكلات بېرىشىڭلار لازىم، — دېدى دەرھال بۇيرۇق
بېرىپ.

## 4

ئىدارە باشلىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە مەمەت ئەيسا
يەنە پايپاسلاپ شۇ كېچىدىلا گۈلباغقا قاراپ مېڭىپ، تاڭ سۇزۇ-
لۇش بىلەن تەڭلا ۋاڭ ساۋزىنىڭكىدە پەيدا بولدى. ئۇ، ۋاڭ
ساۋزىنىڭ كىچىك ئۆيىدە ئىككى سائەتچە كۆزىنى يۇمدى ـ دە،
يەنە ئەتىگەندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئوسمانىنى ئويغىتىش-
تىن بۇرۇن، ۋاڭ ساۋزىغا بىردەمدىن كېيىن يەنە ئىككى «يېڭى

مېھمان»نىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويدى، ئارقىدىن ئوسماننى ئويغىتىپ يەنە ئىچىشنى باشلىدى:

— مىجەزىڭ قانداقراق، دوستۇم؟ — دېدى مەمەت ئەيسا ھېيلىگەرلىك بىلەن.

— ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن ئاخشام بۇ كاساپەت خوتۇن كۆزۈمگە قىپقىزىل بىر پارچە ئوت، خۇددى ھۆر - پەرىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— راست ئېيتىسەن، — دېدى مەمەت ئەيسا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، — ھاراقنىڭ نوچىلىقى مانا شۇ يەردە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاخشام بۇ ئۆينى ساڭا ئۆتكۈزۈپ چىقىپ كەتتىم. ئۇخلاپ قالمىغانسەن؟

ئوسمان ھازىرمۇ خېلى كەيپ ھالەتتە تۇراتتى، مەمەت ئەيسانىڭ كېيىنكى سوئالىغا ئۇ كۈلۈپ قويۇپلا جىم تۇرۇۋالدى. مەمەت ئەيسا بايا ۋالى ساۋزىدىن ئاڭلىغىنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن:

— دەلدۈش! بىر كېچىنى ئۇخلاپ ئۆتكۈزدۈڭمۇ؟ — دەپ يەنە ئوسماندىن سورىدى.

— ھاراق سېنى جىم تۇرغۇزامدۇ؟ — دېدى ئوسمان راستىنى ئېيتىپ.

مەمەت ئەيسا كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتكەن بولدى. ئارقىدىن ئۇلار يەنە بىر رومكىدىن ئىچىپ تۇرۇشىغا يانتاقۇپنىڭ ۋارىسلىرى — ھېكىم بىلەن لوخۇر يېتىپ كەلدى.

ئۇلار بىلمەسكە سېلىپ ئۆزئارا قىزغىن كۆرۈشتى، بولۇپمۇ ھېكىم بىلەن لوخۇر ئوسماننى قۇچاقلاپ، ئىنتايىن سەممىي «يار - بۇرادەر»لىك ھېسسىياتلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ۋالى ساۋزى كىرىپ كېيىنكى مېھمانلارنى سۇپىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار ۋالى ساۋزى بىلەن ئۇزۇن يىللىق «قەدىناس» تونۇشلاردىن ئىدى.

— بەك ياخشى كېلىپسىلەر، — دېدى مەمەت ئەيسا، —



قېنى، چاي - مەزىگە بېقىڭلار.

مەمەت ئەيسا ھېچنېمىنى بىلمەسكە سالاتتى. ئۇ «يېڭى مېھمانلار» بىلەن ئۇزۇندىن بۇيان كۆرۈشمىگەندەك بولۇۋالدى، ھېكىم ئوسماننى بەزلەپ چاقچاق قىلاتتى.

چاقچاقلار ئارىسىدا مەمەت ئەيسا رومكىنى ئايلاندۇرۇپ، ئىچىشنى تېزلەشتۈردى. ۋالى ساۋزى بىردەمدىن كېيىن سۇيۇقئاشنى ئەكەلدى. بىر ياقتىن چاقچاق، يەنە بىر ياقتىن ناخشا - ساز، ئىچىش يەنە تەڭلا قىزىپ كەتتى. رومكىنىڭ «ئادىل» ماڭمايۋاتقانلىقىنى ئوسمان زادىلا سەزمەيتتى. ئۇنىڭ كۆزى يەنىلا ۋالى ساۋزىدىن نېرى كەتمەيتتى.

— ھازىرقى رومكىمىزدىن باشلاپ، — دېدى مەمەت ئەيسا، — ناخشا بىلەن ئىچىمىز.

ھەممەيلەن بۇ پىكىرنى قوللىدى. لوخۇر دەسلەپ جىر باشلىدى، ئارقىدىن قاتاردىن كەلدى.

— مەن ھازىر، — مەمەت ئەيسا، — دوستۇم ئوسماننىڭ «شوپاڭدا ھاراق ئىچسەم» دېگەن مۇڭلۇق ناخشىسىنى ئېيتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىمەن. بىز ھەممىمىز ئۆز ئادەملەر، قېنى، ئوسمان، سەن باشلا، ۋالى ساۋزى دۇتارنى تەڭكەش قىلىدۇ.

ئوسمان ۋالى ساۋزىنىڭ دۇتار تەڭكەش قىلىدىغىنىنى ئاڭلىغان ھامان، يەنە خۇدىنى يوقىتىپ ناخشىنى باشلىدى. ۋالى ساۋزى دۇتارنى تەڭكەش قىلدى. ئۇ، چىن شەيەنسېڭنىڭ مەيخانىسىدا تونۇگۈن ئېيتقان تۆت كۇپلېتنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ تاشلىدى. ناخشا تۈگىگەندە «مېھمانلار» چاۋاك چېلىشتى.

ئوسمان ناخشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئارىدا ئازراق دەم ئېلىش بولدى. ھېكىم ئوسماننى باشلاپ سىرتقا ماڭدى. ئوسمان دەلدەڭلەپ ئارانلا ماڭاتتى.

— بۈگۈن مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇۋاتقان مەمەت ئەيسا بىلەن لوخۇر، — دېدى ھېكىم تەرەتخانىغا كېتىۋېتىپ ئوسمانغا، —

بىزنىڭ ئادەملىرىمىز. ئۇلار تەشكىلاتىمىزغا ئەزا بولاتتۇق، دەپ ئىلتىماس قىلغىلى خېلى بىر چاغ بولدى. مەن لوخۇرنى تونۇشتۇرسام، سەن مەمەت ئەيسانى تونۇشتۇرساڭ تىزىمغا ئېلىپ قويساقچۇ؟

— بولىدۇ، مەن مەمەت ئەيسادىن كۆپ رازى، ئۇنىڭدىن ئاكامدىنمۇ زىيادە خۇرسەن بولۇۋاتىمەن. ئۇ، تۈنۈگۈندىن بۇيان نۇرغۇن قەرزىمنى ئۈزۈۋەتتى. دوست بولسا ئەنە شۇنداق بولسا بولىدۇ. مەن چوقۇم ئۇنى تونۇشتۇرىمەن.

— ئەمىسە لوخۇرنىمۇ، مەمەت ئەيسانىمۇ تىزىمغا يېزىپ قويامەن؟

— بولىدۇ، مەن تىزىملىكنىڭ ئايىغىغا ئېلىپلا قويسام بولىدىغۇ؟

— يارايسەن، ئاغىنە، ئۇنداقتا تىزىملىك ۋە يىغىن خاتىرىسى نەدە؟

— نەدە بولاتتى، ئۆيىمىزدىكى كىچىك تۆمۈر ساندۇقنىڭ ئىچىدە، ئەتىگە بېرىپ يېزىپ قويسام، كېيىن مۆتىرىدىن ئاكامغا دەپلا قويساق بولدى.

— ۋالاڭ ساۋزىنىڭ ئۆيىدە بۈگۈنمۇ قونامسەن؟

— ئاخشام قونغىنىمنى بىرى سىلەرگە دېدىمۇ؟

— دېمە نېمە بولۇپتۇ. بەدىنى مامۇقتەك مۇشۇنداق جۇۋاننىڭ قوينىدا يىگىت ياتماي كىم ياتىدۇ؟

ئوسمان كۈلۈپ جىم بولۇپ قالدى. ئۇلار تەرەت سىندۇرۇپ بولۇپ، قايتىپ ئۆيگە كىردى، قوللىرىنى يۇيۇشۇپ، ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— يەنە بىر رومكىدىن ئىچەيلى، ئاندىن لوخۇر بىلەن ئىككىمىز گۈلباغدىكى ئەلا بەگنىڭكىگە بارىمىز. ئۇ كىشى بىزنى چايغا ئېيتقان، شۇ يەرگە كېتىۋېتىپ بۇ يەرگە كىرگەنىدۇق، ئۇلارنى ساقلىتىپ قويساق بولماس، — دېدى ھېكىم.



— بولىدۇ، — دېدى ساقىي مەمەت ئەيسا، — باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى دېمىسەكمۇ بولماس، سىلەرگە رۇخسەت قىلايلى.

مەمەت ئەيسا ھەممەيلەنگە يەنە بىر رومكىدىن ئىچۈردى. ھېكىم بىلەن لوخۇر خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتى.

— ۋالاڭ ساۋزى بىلەن ئىككىڭلار ئولتۇرۇۋېرىڭلار، — دېدى مەمەت ئەيسا ئوسمانغا، — مەن ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ كىرەي.

مەمەت ئەيسا ئۇزىتىپ چىققاندا، ھېكىم ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلىپ، يول ئۈستىگىچە باشلاپ بېرىپ:

— بۈگۈن بىزنىڭ ئەلا بەگنىڭكىگە بارىدىغان ھېچقانداق ئىشىمىز يوق، ئىككىمىز ئۇدۇل ئىدارىگە كېتىمىز. مەن ھېلى ئوسماندىن تەرەتخانا ئالدىدا مۇھىم بىر ئاخباراتقا ئىگە بولدۇم، — دەپ ئاستا پىچىرلىدى.

— ھە، ھە، نېمە دېدىڭ؟ قانداق «ئاخبارات» ئۇ؟ — مەمەت ئەيسا تەقەززالىق بىلەن سورىدى.

— بۇنى سورۇشتۇرمە. بۇ سەن تاپقان يىپ ئۇچى ئارقىلىق يېشىلگەن يىپنىڭ چوڭ بىر تۈگۈنى. سەن ئەمدى يەنە بۇنى ئۇنىڭدىن سوراپ يۈرۈپ، ئۇنى ئۈركۈتۈۋەتمە.

— ئەمدى قانداق قىلىمەن؟

— ئەمدى سەن بۈگۈن كېچە ئوسماننى يەنە مۇشۇ ئۆيدە مەلىكە قىلىپ تۇر. تاڭ ئاتقۇچە «ئىككىنچى بۆلۈم» دىن «خەۋەر» ئاڭلايسەن!

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

# قورقماس يۈرەك

### 1

لۇتپۇللا بىلەن مۇنىرىدىننىڭ «ياتالماس»تىن قايتىپ كىرگىنىگە بۈگۈن توپتوغرا بىر ھەپتە بولغانىدى.

بۈگۈن ئاخشام مۇنىرىدىننىڭ كاللىسىغا ئىنتايىن جىددىي بىر ئىش كىرىۋالدى - دە، ئۇنىڭ كاللىسىنى خىيال چىرمىۋېلىپ تىت - تىت بولاتتى. بىر ئەنسىزلىك ئۇنى بىئارام قىلىپ، قانداقتۇر بىر مۇدھىش ۋەھىمە قەلبىنى ئازابلايتتى. ئۇ، بىردەم كارىۋاتتىكى يوتقان - كۆرپىسى ئۈستىگە بېشىنى قويۇپ، پۇتىنى ئالماپ يېتىپ باقتى، ئاندىن يەنە ئىككى قولىنى گەجگىسىگە گىرەلەشتۇرۇپ، تامنىڭ بۇلۇڭىغا قاراپ يېتىپ، خىيالغا كەتتى. ئۇ، ئازابلىق خىيالدىن ۋە يۈرىكىنى مۇجۇۋاتقان ۋەھىمىدىن زىنھار خالىي بولالمىدى - دە، يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە، ياتىقى ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

«بۇ ئىش، — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — ئىنتايىن نۇرغۇن مۇنەۋۋەر زىيالىيلىرىمىزنىڭ، بۇ جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن ئاق كۆڭۈل كىشىلىرىمىزنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك. بۇ مەسىلىگە سەل قاراشقا، بىخۇدلۇق قىلىشقا ئەسلا بولمايدۇ.» مۇنىرىدىن ئىككى قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ مېڭىپ يۈرۈپ، توختى-



ماي خىيال قىلاتتى. ئۇ، ئاخىرىدا مۇنداق قارارغا كەلدى:
«بىخۇدلۇق — بىھۇدە قۇربان بېرىشكە ئېلىپ بارىدۇ. مەن ھازىرلا ئوسماننىڭ ئۆيىگە بېرىپ بېقىشىم كېرەك!»

مۇنىرىدىن ئەل ئايىغى بېسىققان چاغدا ئۆزى يالغۇز يېتىۋاتقان ھۇجرا ئىشىكىنى تاقىدى - دە، سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئۇ، شىمالىي دەرۋازىدىن چىقىپ، كونا مەپىخانىغا بارغاندىن كېيىن كىچىك خالتا كوچىغا كىرىپ، بىر توپ يالغۇز تېرەكنىڭ تۈۋىدە توختىدى - دە، ئەتراپنى ئىنچىكە كۆزەتتى. ئەتراپتا ھېچنېمە كۆرۈنمىدى ۋە ھېچقانداق شەپىمۇ ئاڭلانمىدى. مۇنىرىدىن تېرەك تۈۋىدىكى ئىشىكى يوق كىچىك قورۇ ئىچىگە غىپپىدە كىرىۋالدى - دە، قورۇنىڭ بۇلۇڭىدىكى كىچىك ئىشىكنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆي ئىچىگە قۇلاق سالدى. ئۆينىڭ ئىچىدىن بىر مومايىنىڭ ئۆكسۈپ يىغلىشى ۋە ئايەت ئوقۇۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. مۇنىرىدىن ئىشىكنى ئاستا چەكتى:

— كىم؟! — دېدى موماي يىغىسىنى توختىتىپ.

— مەن، ئىشىكنى ئاچسىلا، ئانا.

موماي ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، قارا چىرىغىنى يورۇتۇپ، ئىشىكنى ئاچتى. مۇنىرىدىن ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، موماي يەنە يىغلاپ، ئۆزىنى زادىلا توختىتالمىدى.

— يىغلىمىسىلا، موما، نېمە گەپ بۇ، نېمە بولدى؟ — دېدى مۇنىرىدىن، مومايىنى ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ.

— نېمە بولماقچىدى، بالام، — دېدى موماي جاۋاب بېرىپ، — ئوسمان بىرنەچچە كۈن بۇرۇن چىقىپ كەتكىنىچە ئۆيگە قايتىپ كەلمىدى.

«ۋاي يۈرىكىم!...» ئۇ «ۋاي يۈرىكىم!...» دېگەن پېتى ئىككى قولىدا ئاغرىقى قوزغىلىپ تۇرۇۋاتقان كۆكسىنى مۇجۇپ، بىر ھازاغىچە سۆزلىيەلمەي قالدى.

بۈگۈن ئاخشام، مۇنىرىدىن ھۇجرىسىدا خاتىرجەم بولالماي،

مومايىنى يوقلاپ كېلىشىمۇ دەل مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئىدى، چۈنكى، ئۇ بۇگۈن نامازدىگەر بىلەن ئوسمان ھەققىدە بىر شۇم خەۋەر ئاڭلاپ، كۆڭلى دەككە - دۈككە ئىچىدە قالغان، ئاخىرى ئەھۋالنى ئېنىقلىماق بولۇپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى.

— دەم ئېلىۋېلىپ، ئاستا سۆزلىسىلە، ئانا.

مۇنىرىدىن، موماي ئۇخشىلىۋالغۇچە كۈتتى، ئۇ نېمە خەۋەر ئاڭلارمەنكىن، دەپ تەقەززا بولاتتى.

بىر ئازدىن كېيىن موماي يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھېلى گۇگۇم چۈشكەن چاغدا، كۆزەينەكلىك ئۈچ ساقچى كېلىپ، ئەنە ئاۋۇ بۇلۇڭ يېنىدا تۇرغان كىچىك تۆمۈر ساندۇقنى ئاختۇرۇپ، ئىچىدىن بالامنىڭ دەپتەر - كىتابلىرىنى قويماي ئەكېتىشتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيقۇم كەلمىدى. يۈرىكىم ئۆركۈنۈپ، ئۆزۈمنى كاڭغا ئاتتىم. ئاخىرى يەنە تىرمىشىپ ئورنۇمدىن قوپۇپ، خۇدايىمغا نالە قىلىپ ئولتۇرۇشۇم، بالام... ئوسمان نېمە بولغاندۇر، ئۇنىڭغا نېمە پالاكەت يەتكەندۇر، بالام، مەن بىر ئاجىز تۇل خوتۇن، دەردىنى كۆتۈرگىچىلىكىم يوق، بالام. ئوسمان يېتىم بالا ئەمەسمۇ؟ بۇ شور پېشانەمنى نېمە دېسەم بولار، بالا - قازا نېمىشقا بىزگىلا چاپلىشىۋالىدىغاندۇر، بالام!

مۇنىرىدىن بىر تەرەپتىن مومايغا تەسەللى بېرىپ، ئۇنىڭ يىغىسىنى توختىتىشقا تىرىشاتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سادىر بولغان ۋەقەدىن جىددىيلىشىپ، يەنە ئاللىقانداق خىياللار دېڭىزىغا چۆكۈپ كېتەتتى. بىر ئازدىن كېيىن مۇنىرىدىن يەنە ئەس - ھوشىنى يىغىۋالدى - دە:

— غەم قىلمىسىلا، ئانا، سىلى دېگەندەك ئوسمان تېخى ياش، ئۇ ھېچقانداق ئىشمۇ قىلمايدۇ، ئۇنىڭغا سىلى غەم قىلغۇدەك بالا - قازامۇ كەلمەيدۇ، مەن ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپ سىلىگە خەۋەر بېرىمەن، سىلىگە بىز قارايمىز، مەن كېيىن يەنە كېلىمەن. خەير خوش! — دېدى مومايغا.



مۇنىرىدىن، موماي بىلەن خوشلىشىپ كوچىغا چىققىنى ۋە يۈز قەدەمچە مېڭىپ، كوچا ئاغزىدا بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ تەشۋىشى تېخىمۇ كۈچەيگەنىدى:

«ئوسماننى ئۇلار قانداق ئۇسۇل بىلەن قاپقانغا دەسسەتكەندۇر؟ ھېكىم قانداق قىلىپ تۆمۈر ساندۇقتىكى خاتىرە دەپتەر، تەشكىلات تىزىملىكى... بىلىۋالغاندۇر؟» ئۇ ئۆز - ئۆزىگە يولدا كېتىۋېتىپ سوئال قوياتتى، لېكىن جاۋاب تاپالمايتتى، تەكتىگە يېتەلمەيتتى. ئاخىرى ئۇ، بۇ ئىشتىن لۇتپۇللانى تېزرەك خەۋەرلەندۈرۈش قارارىغا كەلدى - دە، ئۇدۇل گېزىتخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

بۇ كېچە ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، ئاسماندا سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار چاقناپ تۇراتتى. ئاي ئاللىقاچان ئولتۇرۇپ كەتكەن، كوچىلار قاپقاراڭغۇ بولۇپ، شەھەر ئۇيقۇغا پاتقانىدى. يىراقتىن پەقەت جېسەكچىلەرنىڭ دەستىكىدىن تاك - تاك قىلغان ئاۋازلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

× ×

ئوسماننىڭ تەقدىرىدىن لۇتپۇللا تېخى خەۋەرسىز ئىدى. ئۇ بۇگۈن چۈشتە يادىكارنىڭ ئانىسى تاجىنىساخان ئانىنى يوقلىدى، تاجىنىساخان ئانا دوختۇرخانىدىن يېڭىلا چىقىپ، ئۆيىدە دەم ئېلىۋاتاتتى. موماي لۇتپۇللانى كۆرۈپلا خۇشاللىقىدا قىزلىرىغا جېكىپ:

— قىزىم گۈلەندەم، مالڭ يۈر، لۇتپۇللا ئاكاڭنىڭ ئايىغىغا ئىسرىق سال، دىلبەر، سەن بېرىپ شائىر ئاكاڭنىڭ بېشىدىن ياغاچ ئوشت... — دېدى.

ئۆينىڭ ئىچىدە پاراققىدە كۈلۈشمەك بولۇپ كەتتى. مومايغا قاراۋاتقان گۈلەندەم بىلەن دىلبەر شائىر ئاكىسىنىڭ كىرىشى

بىلەن تەڭ خۇشال بولۇشۇپ چىرايلىرى بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كېتىشتى.

— ئانا، — دېدى لۇتپۇللا، تاجىنىساخان مومايغا يېقىن كېلىپ، — مەن پات-پاتلا كېلىپ، سىلىنى يوقلاپ تۇرۇۋاتىمەن، ماڭا ئىسرىق سالمىسىلىمۇ بولۇۋېرىدۇ، ئەمەسمۇ؟

موماي، لۇتپۇللانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— ئۇنىڭغۇ راست. بالام، سېنى كۈندە كۆرگىمىز كېلىدۇ. «ئىسرىق سېلىش»، «ياغاچ ئۇشتۇش» كۆڭۈل يېقىنلىقىنىڭ بەلگىسى، سېغىنىشنىڭ ئىپادىسى، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن.

— ئانا، خېلى تىمەن كۆرۈنىلا، سالامەتلىكلىرىدىن خۇشال بولۇۋاتىمەن.

— خېلى ماغدۇرۇمغا كېلىپ، بېجىرىم، تۇرگۇن بولۇپ قالدىم. ئىككى ئاي بۇرۇن كىرپىدەك تۈگۈلۈپ، مادارىم قالمىغانىدى. ئۇ چاغدا جېنىمدىن ئۈمىد ئۈزگەنىدىم. دوختۇرخانىدا سېنىڭ بىلەن رىزالىق ئېلىشىپمۇ بولغانتىم. بالام. سېنىڭ رەھىم-شەپقىتىڭ، دوختۇر ئاغىنىلىرىڭنىڭ ماڭا قىلغان غەمخورلۇقى بىلەن يەنە بىرنەچچە ۋاقىت كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرەلەيدىغان ئوخشايمەن، ھازىر خېلى بېجىرىم بولۇپ قالدىم.

لۇتپۇللا بىلەن موماي خېلى ئۇزۇنغىچە پاراڭلاشتى. تاجىنىساخان موماي بۈگۈن لۇتپۇللاغا يەنە كۆڭلىدىكى ئىچ-سىرىنى تۆكۈۋېلىش ئۈچۈن گۆلەندەم بىلەن دىلبەرنى پاراڭدىن يىراقلاشتۇرۇش نىيىتىدە:

— قىزلىرىم، ئاكاڭلار لەگمەن سېغىنىپ قالغاندۇر. سىلەر ھويلىدىكى ئوچاققا ئوت يېقىپ، ئىنچىكە ئېشىپ، ئوخشىتىپ لەگمەن ئېتىڭلار، — دەپ قىزلىرىغا تاپىلىدى.

— كۆڭلىمىزدىكىنى تاپتىڭ، ئانا، — دېدى گۆلەندەم، — بىزمۇ لۇتپۇللا ئاكامغا لەگمەن ئېتىپ بېرەيلى، دەپ ئويلىشىپ تۇراتتۇق.



— قېنى، ئەمىسە چاققان تۇتۇش قىلىڭلار، ئەقىللىق قىزلىرىم.

گۆلەندەم بىلەن دىلبەر ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. تاجىنىساخان موماي قىزلىرىنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ:

— بەزى ئادەملەرنىڭ ھاياتى باشتىن-ئاخىرى ئىچى قارىلىق، كۆشەندىلىك بىلەن ئۆتىدىكەن. بالام، مەن دوختۇرخانىدا ساڭا مۇشۇ توغرىدا سۆزلەۋاتقان چېغىمدا، يۇنۇسنىڭ ئاپىسى زەينەپخان سۆزۈمگە قوشۇق سېلىپ، گېپىمنى تۈگەتكىلى قويمىدى. تاماق پىشقۇچىلىك مەن يەنە شۇ گېپىمنىڭ ئايىغىنى چۈشۈرۈۋەتمىسەم كۆڭلۈم زادى تىنمايدۇ. بالام، — دېدى لۇتپۇللاغا.

تاجىنىساخان موماي ئىشىك تەرەپكە بىر قارىۋېتىپ:

— ھازىر ياتسام-قوپسام مۇشۇ ئىككى قىزىمنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىدىن ئەنسىرەيمەن، بولۇپمۇ گۆلەندەمدىن بېشىم قېتىۋاتىدۇ. دىلبەر بىلەن يۇنۇسنىڭ بېشىنىغۇ باغلاپ قويدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە دىلبەرنىڭ يېشى تېخى كىچىك. نىكاھ ئىشىنى كېيىنگە سۈرسەكمۇ بولۇۋېرىدۇ. گەپ گۆلەندەمنىڭ بېشىنى قانداق ئوڭلاشتا بولۇۋاتىدۇ.

— سىز بۇ ئىشنى قانداق ئويلاۋاتىسىز، ئانا؟ — سورىدى لۇتپۇللا.

— گۆلەندەمنى سېنىڭ بىلەن قويۇق ئارىلىشىدىغان ئىككى يىگىت — ئوسمان بىلەن لېتىپ (لى كەيمىن) تەمە قىلىپ تالىشىپ يۈرگىلى ئۇزۇن بولدى. مەن بۇ ئىشنى دوختۇرخانىدا سېنىڭ سەممىڭگە ئازراق سېلىپ ئۆتتۈم. لېتىپنىمۇ مەن ئۆز قولۇم بىلەن باققان. گۆلەندەم بىلەن لېتىپ بىزنىڭ ئۆيدە بىر تۇغقاندەك چوڭ بولغان، بىر-بىرىنى ئاكا-سىڭىل دەپ ئاتىشاتتى. كېيىن ئوسمانمۇ، لېتىپمۇ گۆلەندەمنىڭ پېيىگە چۈشىدىغان بولۇپتۇ. گۆلەندەم ھەر ئىككىسىگە پەرۋا قىلماي يۈرۈ-

ۋەردى، لېكىن ئوسمان بىلەن لېتىپ ئىچ ـ ئىچىدىن ئاداپ، بىر ـ بىرىگە قېيىدىشىپ، بىر ـ بىرىدىن كۆڭلىشىپ يۈرۈشتى. بىزنىڭ باغنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ كەتمەيدىغان بولۇشتى. بىر كۈنى باغ ئىگىسىنىڭ كەينىدە ئىككىيلەن تۇتۇشۇپ قېلىپتۇ. ئاخىرىدا تىغ كۆتۈرۈشۈپ، بىر ـ بىرىنى بوغۇزلاشقا تاسلا قېلىشىپتۇ. قوشنىمىز كۆرۈپ قېلىپ، ئاران تەستە ئاجرىتىۋېتىپتۇ. ئەمدى هازىر بۇ ئىككىيلەنگە يېڭى بىر كوشەندە پەيدا بولدى.

تاجىنىساخان موماي سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بىر ئۇھ تارتىپ توختاپ قالدى.

لۇتپۇللا ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى. تاجىنىساخان موماي سەل دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— چوڭ ساقچىنىڭ باشلىقى ۋۇ جۈيجاڭ دېگەننىڭ مۇھاپىزەتچىسى جاڭ دېگەن جاللات گۈلەندەمنى دوختۇرخانىدا كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن، خەقلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، گۈلەندەمنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىۋېلىپتۇ. ئۇ، پات ـ پاتلا دوختۇرخانىغا بېرىپ، قىزىمنى «گو مېيخۇا» دەپ قىچقىرىدىكەن، گۈلەندەم ئۇنى تىڭلاپ، قىچقارغىنىغا تويغۇز ۋۇۋىتىدىكەن. جاڭ كېيىنكى كۈنلەردە قىزىمنى ئەتىۋارلاپ باققان دادىسى مىسجىت موللا قويغان مۇسۇلمانچە گۈلەندەم دېگەن ئىسمىنى ئاتايدىغان بولۇۋېلىپتۇ، لېكىن قىزىم ئۇنى كۆرسە توكۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىدىكەن. جاڭ بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي، قىزىمغا ۋە ماڭا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن لەڭگەر كوچىسىدىكى ئۇششاق بالىلارغا پۇل بېرىپ ۋە يالۋۇرۇپ ـ يېلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىسمىنى «جاڭ مەمەت» دەڭلار دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ مەھەللىدىكىلەر جاڭ پاناقنى بەزىدە مازاقلاشتۇرۇپ، «جاڭ مەمەت» دېيىشىدىكەن.

لۇتپۇللا تاجىنىساخان مومايىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانسېرى قە-



زىقتى ۋە:

— بۇ ئىنتايىن كۈلكىلىك ھېكايە ئىكەن، ئانا، قېنى ئاخىرىچۇ؟ — دېدى مومايغا ئىلھام بېرىپ.

— كۈلكىلىك دېگىنىڭ نېمىسى؟ — دېدى تاجىنىساخان موماي چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، — هازىر ئىش يامان يېرىگە قاراپ كېتىۋاتىدۇ. جاڭ پاناق گۈلەندەمگە زەھەرلىك قولىنى سۇنۇش ئۈچۈن، ئاۋۋال ئۆزىگە كوشەندە دەپ بىلگەن لېتىپ بىلەن ئوسمانىنى يوقىتىشتۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. لېتىپنى «قوغدىنىش ئەترىتى»گە ئەكىرىۋېلىپ چىقارمايدىغان بولدى. ئوسمان بىرنەچچە كۈندىن بۇيان هاراق ئىچىپ يۈرۈپتۇدەك. هاراق ئىچكەن ئادەملەرنىڭ كۆپلىرى روناق تاپمايدۇ، ئاخىرى بېرىپ بىر بالا ـ قازاغا تىقىلىدۇ. گۈلەندەمنى بولسا «قوغدىنىش ئەترىتى»گە سېستىرا بولۇپ بېرىسىز، دەپ كەينى ـ كەينىدىن ئۈقتۇرۇش كېلىپ توختىتالمايۋاتىدۇ. قىزىم گۈلەندەمنىڭ مېنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدۇ. مەن بولمىسام، قىسىنىپ، گېلىدىن بىر قوشۇق سۇمۇ ئۆتمەيدۇ. مېنىڭ هازىرقى ئەندىشەم: مۇبادا زامان بۇزۇلۇپ قالسا، بىزگە قەست يېتىپ قالۇرمىكىن، دەيمەن.

— قايغۇرۇشىڭىزنىڭ هاجىتى يوق، ئانا، — دېدى لۇتپۇللا، — زامان بۇزۇلمىغۇچە تۈزەلمەيدۇ.

— ياق، ئۇنداق دېمە، سېنىڭمۇ يۈرىكىڭ ئاتىڭنىڭ بېشىدىن يوغان، لېكىن بەك قارامىلىق قىلىپ كەتمەڭمۇ بولمايدۇ. سەن بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭلا ئەمەس، ھەممە دەردمەنلەرنىڭ باشپاناھى. دۈشمەن سېنى قەستلەپ قويسا، بىزنىڭ ئىشىمىز تۈگەيدۇ، شۇڭا سەگەك بول، بالام. «ئوتنى سەل چاغلىما كۆيدۈرىدۇ، دۈشمەننى كىچىك دېمە ئۆلتۈرىدۇ» دېگەن ماقال بار ئەمەسمۇ؟

لۇتپۇللا بىلەن مومايىنىڭ سۆھبىتى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە گۈلەندەم بىلەن دىلبەر لەگمەن تەخسىلىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— بۈگۈن لەگمىنىمىز ئانچە ئوخشىماي قالدى، ئانا، — دېدى گۈلەندەم، بىر تەخسە لەگمەننى لۈتپۇللانىڭ ئالدىغا قويۇپ، — لۈتپۇللا ئاكامنىڭ ئاغزىغا تېتارمىكىنتاڭ؟

— ھېچ ۋەقەسى يوق، بالام. لۈتپۇللا ئاكاڭلار بىزنىڭ ئۆيدە تاماق تاللىمايدۇ.

لۈتپۇللا تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، تاجىنىساخان مومايى قىزى گۈلەندەم بىلەن دىلبەرنى قىچقاردى:

— دىلبەر قىزىم، ھېلىقى يازغان شېئىرىڭنى لۈتپۇللا ئاكاڭغا ئوقۇپ بەرگىنە قېنى، ئۆز ئاغزىم بىلەن ئوقۇپ بېرىمەن، دېگەن ئەمەسمىدىڭ؟ — دېدى دىلبەرگە قارىتىپ.

— ياق، ياق، كېيىن ئوقۇپ بېرىمەن، خىجىل بولىدىكەنمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى چالىسى بار.

— ئۆز ئاكاڭدىنمۇ خىجىل بولامسەن، قىزىم، تېخى سەن ئۇ شېئىرنى قولياغلىقىقا كەشتىلەپ، لۈتپۇللا ئاكاڭغا يادىكار قىلىمەن دېگەن ئەمەسمىدىڭ.

— تېخى كەشتىلەپ بولالمىدىم، ئانا.

— ماقۇل، بالام، ئۇنىڭغىچىلىك ئەمىسە قەغەزگە يېزىۋالغىنىڭنى بولسىمۇ ئوقۇپ بەر.

دىلبەر يەنە ئىزا تارتىپ تۇرغانىدى، گۈلەندەم كېلىپ ئۇنىڭ قولىقىغا ئاستا پىچىرلاپ:

— بولغىن، تېزرەك ئوقۇۋەت. ئانامنى چارچىتىپ قويىمىز، — دېدى.

دىلبەر ئاچىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، يازغان شېئىرىنى ئەكەلدى. ئۇ، شېئىرىغا «لۈتپۇللا ئاكام ھېكايىسىدىن تەسىرات» دېگەن ماۋزۇ قويغانىدى.

بۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ كۈن بۇرۇن لەڭگەرلىك بىرمۇنچە ئوغۇل - قىز بالىلار ھېكايە سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، لۈتپۇللانىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەنىدى. لۈتپۇللا ئۇلارغا ئۇچتۇرپان



«جىگدە يېغىلىقى»دا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن ئامانۇللا بىلەن ئانارگۈلنىڭ تارىخىنى، ئانارگۈلنىڭ قەھرىمانلىقى ۋە قوشاقلىرىنى ھېكايە قىلىپ، ياش - ئۆسمۈرلەرگە ئىنقىلابىي تەربىيە بەرگەنىدى. شائىرنىڭ ھېكايىسىنى دىلبەرمۇ ئاڭلىغان.

دىلبەر ھېكايىنى ئاڭلاپ شۇنچىلىك چوڭقۇر تەسىر ئالدىكى: ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچىلىك ئانارگۈلدەك جەڭدە جەۋلان قىلىپ چۈش كۆرىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇ، خۇددى ئانارگۈلدەك قەھرىمان قىز بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ، ئالدى بىلەن شائىرغا ئۆزىنىڭ كۆرەش قەسىمىنى شېئىرىي ئۇسۇل بىلەن بىلدۈرۈپ، كېيىن ئانارگۈلدەك ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكە بەل باغلىغۇچى بولدى. شۇڭا ئۆزىنىڭ بۇ شېئىرىنى يالغۇز قەغەزگىلا ئەمەس، بەلكى قولياغلىقىقا كەشتىلەپ تىكىپ، لۈتپۇللاغا سوۋغا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى بىلدۈرمەكچىدى.

ھازىر ئۇ ئانىسىنىڭ ھەم ئاچىسىنىڭ تەلىپى بىلەن لۈتپۇللاغا «لۈتپۇللا ئاكام ھېكايىسىدىن تەسىرات» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇغىنىدا، تاجىنىساخان مومايلا ئەمەس، ھەتتا لۈتپۇللامۇ بۇ جىگەرلىك قىزنىڭ ئىرادىسى ۋە ئوتلۇق قەسىمىدىن ھاياجانلىنىپ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

لۈتپۇللا بۈگۈن تاجىنىساخان مومايىنىڭ ھېكايىسىدىن، گۈلەندەمنىڭ مەززىلىك تامىقىدىن، بولۇپمۇ دىلبەرنىڭ جۇشقۇن شېئىرىي لىرىكىسىدىن لەززەتلىنىپ، ئۆيىگە قايتىپ كەلگىنىدە، خېلى كەچ كىرىپ قالغانىدى، لېكىن ئۇ، يەنىلا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، تاكى تۈن يېرىم بولغان چاغدا ئاندىن قەلەمنى توختاتتى ۋە يېگىلا يېتىپ تۇرۇشىغا ئىشىكى ئاستا، لېكىن غەيرىي نورمال بىر ھالەتتە چېكىلدى.

— كىم؟

— مەن! ... ئىشىكنى...

لۈتپۇللا مۈنىرىدىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە، ئورنى

دىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى.

مۆمىنىدىننىڭ يۈزىدە قان دىدارى قالمىغان، ئۇ بەكمۇ جىددىيلەشكەنىدى.

لۇتپۇللا ئۇنى ئاۋۋال ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى، ئارقىدىن ئۇنىڭ هازىرقى روھىي هالىتىنى بىلمەكچىگە سىلىپ:

— گەيجاڭ①لار بۈگۈنكى كوچا ئايلىنىش نۆۋىتىنى سىزگە ئۆتكۈزۈپ بەردىمۇ نېمە؟ — دەپ چاقچاق قىلىشقا باشلىدى.

— كۆرۈڭ سىزنىڭ بۇ چاقچىقىڭىزنى، — دېدى مۆمىنىدىن، — بەخىرامانلىق شاھلىقتىن ئارتۇق - دە! هازىر ئىش باشقىچە!

— نېمە بولۇپتۇ، توپان بالاسى كېلىپتۇمۇ؟

— ياق، قوش تاپتىن چىقىپ كېتىپتۇ، ئۇسمان نەچچە كۈندىن بۇيان ئۆيىگە كەلمەپتۇ. بۈگۈن ئاخشام گۈگۈم ۋاقتى بىلەن كۆزەينەكلىك ئۈچ ساقچى ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ ھېلىقى ئامانەت قويغان نەرسىلىرىمىزنى ئەكېتىشىپتۇ. هازىر مەن شۇ يەردىن كېلىشىم.

— ئەندىشە كېرەك ئەمەس، — دېدى شائىر ھودۇقماستىن، — غازىيانە ئاقسۇغا بىز غازات قىلىش ئۈچۈن كەلگەن، ھېچ ۋەقەسى يوق.

— ئۇغۇ شۇنداق، بېشىمىزغا كەلگىنىنى كۆرىمىز، بىراق...

— بىراقىنىڭ ئاخىرىچۇ؟

— سىزنى قاچۇرۇۋەتمىسەك بولمايدۇ!

شائىر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ھۇجرا ئىچىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ مۆمىنىدىنغە:

① گەيجاڭ — شۇ ۋاقىتتىكى كوچا باشلىقى. گەيجاڭلار ئادەم بەلگىلەپ ھەر كۈنى كېچىسى كوچىلاردا چىنەكچىلىك قىلدۇراتتى.



— ياق، مەن قاچقان بولۇشنى خالىمايمەن، — دېدى.

— ئۇنداق دېمەڭ، سىزنى ساقلاپ قالساق، پۈتۈن خەلقىمىزنىڭ بەختى. بىزنىڭ ھەممىمىزنى يۇغۇرسىمۇ سىزگە يېتەلمەيمىز. سىزنى يولغا سېلىۋېتەيلى!

— بۇلتۇر ئىلىدىن بىر ساۋاقدىشىم كېلىپ، كېتىش مەسلىھەتلىرىنى دارىتقاندىمۇ مەن رەت قىلغان. مەن هازىر سىزگىمۇ شۇنى دەيمەن، مەن دار ئالدىدىمۇ شۇنى دەيمەن. مەن تىلى بىلەن دىلى باشقا بولغۇچىلاردىن ئەمەسمەن. مەن سىزگە مۇنۇ شېئىرىمنى ئوقۇپ بېرەي:

چېلىش، پۈكلە دۈشمەننى، ئۆرتە - ئوتقا ياق،
يېپىش غالىبىيەتكە، سائادەتكە، كۆكرەك ياق.
كەسكىن مىنۇت يېتىپ، جېنىڭغا كەلسە ئىمتىھان،
دېمە ھەرگىز: قۇربان بېرەيمۇ - يە - ياق.

شائىر بۇ شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلغاندا، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئۆي ئىچى جاراڭلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىككى مۇشتى قاتتىق تۈگۈلگەنىدى، شۇڭقارنىڭكىدەك كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى پولاتقا ئايلانغانىدى.

— مانا، بۇ مېنىڭ قەسىمىم ۋە خىتابىم. تىنچ شارائىتتا ھەركىم سۆزلىيەلەيدۇ، يازالايدۇ. باشقا كۈن چۈشكەندىچۇ، ئېغىر سىناقلاردىچۇ، ئۆلۈم بېشىڭغا كەلگەندىچۇ! — دېدى ئۇ يەنە مۆمىنىدىنغا تىكىلىپ تۇرۇپ.

مۆمىنىدىن لۇتپۇللانىڭ قەيسەرلىكىگە ئەزەلدىن قايىل ئىدى، لېكىن ئۇنى ئاسراپ قېلىش زۆرۈرىيىتىدىن قانچە قىلىپ باقسىمۇ، ئۇنى هازىر يۇمشىتالمىدى - دە، جىم بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

ئارقىدىن لۇتپۇللا ساندۇقىدىن بىرمۇنچە كىيىم - كېچەك ۋە يىگىرمە سومچە پۇلنى ئېلىپ، مۆمىنىدىنغا تۇتقۇزۇپ:

— بۇنى ھازىر ئوسماننىڭ ئانىسىغا يەتكۈزۈپ بېرەيلى، ئۇ تۇرمۇشىغا ئىشلەتسۇن، قالغان ئىشنى ۋاقتى كەلگەندە كۆرىمىز، — دېدى.

— بولىدۇ، — دېدى مۇنىرىدىن، — مومايغا مېنىڭمۇ ئاتىغانلىرىم بار، مەن بۇگۈن كېچىلا يەتكۈزۈپ بېرەي، لېكىن سىزمۇ مېنىڭ پىكرىمنى ئالسىڭىز. سىزنى تۇردى ھوسيۈن ياتالماسقا ئاپىرىپ قويۇپ كەلسە، شۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ تۇرسىڭىز. ئۇنىڭچە ۋەزىيەت تەرەققىياتىنى كۆزىتىپ، سىزگە خەۋەر بەرسەك، قانداق؟

ياتالماس يېزىسىنىڭ ئېتى چىققان ھامان لۇتپۇللانىڭ ئېسىگە دەرھال رۇستەمنىڭ ئوغلى پەرھاتقا ئويۇنچۇق تاپانچا ئاپىرىپ بەرمەك بولغان ۋەدىسى كەلدى-دە، سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى ۋە ئاخىرىدا قارارلاشتۇرۇپ:

— بولىدۇ، ئىزباسار جەڭچىمىز پەرھاتقا تاپانچا يەتكۈزۈپ بېرىش ۋەدەمنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بارسام باراي، — دېدى.

لۇتپۇللانىڭ ئاغزىدىن «بارسام باراي» دېگەن سۆز چىققان ھامان، مۇنىرىدىن خۇشاللىقىدا تۇردى ھوسيۈننى قىچقىرىشقا ماڭدى. ئۇ، تۇردى ھوسيۈنگە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى تولۇق ئۇقتۇردى ۋە ياتالماسقا بارغاندا رۇستەم بىلەن نۇرۇللاغا شائىرنى بوزدۆڭدىكى پارتىزانلار سېپىگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى ھاۋالە قىلىشنى تاپىلىدى.

ئۇلار لۇتپۇللانىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، شائىر پەرھاتقا ئاتاپ ساقلاپ يۈرگەن تاپانچىنى قولىدا تۇتۇپ تۇراتتى.

لۇتپۇللا بىلەن تۇردى ھوسيۈن ياتالماسقا قاراپ ماڭغاندا تۈن يېرىمىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

## 2

شائىر بىلەن تۇردى ھوسيۈن شۇ كېچىدە پىيادە يول يۈرۈپ، تاڭ سۈزۈلۈشىنىڭ ئالدىدا «ياتالماس»قا يېتىپ باردى.



رۇستەم بالا-چاقىلىرى بىلەن شېرىن ئۇيقۇدا ياتاتتى. تۇردى ئىشىكنى چەكتى.

— كىم؟ — دېدى رۇستەم ئۇيقۇسىدىن دەرھال ئويغىنىپ.

— ل. مۇتەللىپ بىلەن مەن.

رۇستەم شائىرنىڭ نامىنى ئاڭلاپلا دەرھال ئورنىدىن تۇردى-دە، ئىشىكنى ئېچىپ ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى:

— كۆكتولغاقنىڭ تاڭ سەھەردىكى مۇڭلۇق سايرىشىنى ئاڭلىۋالايلى دەپ كېلىشىمىز، — دېدى شائىر، ئۆيگە كىرە-كىرمەيلا چاقچاق قىلىپ.

— بەك ياخشى بولۇپتۇ، — دېدى رۇستەم، — ئىتلارنىڭ قاۋىشى كۆچەيگەندە كىشى كۆكتولغاقنىڭ ئاۋازىنى خۇمار قىلىدۇ. مەن ئەتە ئەتىگەن سىزنى يوقلاپ كىرمەكچىدىم. ھېلىمۇ ئامان-ئېسەن ئىكەنسىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىچ-ئىچىمدىن خۇشال بولۇۋاتىمەن.

لۇتپۇللا رۇستەمنىڭ «ھېلىمۇ ئامان-ئېسەن ئىكەنسىز» دېگەن سۆزىنى بىر قۇر خىيالىدىن ئۆتكۈزدى-دە:

— يېڭى خەۋەر ئاڭلىدىڭىزمۇ، نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

— مېنىڭ يېڭىلا ساقچى ئىدارىسىگە ئورۇنلاشقان نەۋرە ئىنىم يۇنۇس بايا سىزنىڭ ئالدىڭىزدىلا بىر خەۋەر يەتكۈزۈپ كىرىپ كەتتى. ئۇ يەنە مۇشۇ خەۋەرنى سىزگە يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى جېكىلىگەنىدى، شۇڭا مەن سىزنى ئەتە ئىزدىمەكچى بولۇپ تۇراتتىم.

— يۇنۇس نېمە دېدى؟

— ئالدىنقى كۈنى خوپتەن ئارىلىقىدا ئوسماننى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۇرمىسىگە قاماپ قويۇپتۇ.

— ئۇنى نەدىن تۇتۇپتۇ؟

— ۋاڭ ساۋزىنىڭ ئۆيىدىن.

شائىر مەيخانا خوجايىنى ۋاڭ ساۋزى دېگەن ئايالنىڭ نامى چىققاندىن كېيىن، جاسۇس ھېكىم ۋە مەمەت ئېيسالارنى ئەسلەدى ـ دە، مۇشتىنى قاتتىق تۈگۈپ تۇرۇپ:

— دېمەك، قاپقان مۇشۇنداق قۇرۇلغانىكەن ـ دە! — دېدى.

— شۇڭا ئىتلار غالجىرلاشماقتا دەۋاتىمەن. يۈنۇسنىڭ ئېيتىشىچە، چوڭ تۇتقۇن ئەمدى باشلانغۇدەكمىش. سىزنىڭ بۈگۈن چىققىنىڭىز بەك ياخشى بولدى. مەن ھازىرلا نۇرۇللاغا خەۋەر قىلىمەن. سىزنى قورۇلدۇڭدىكى بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىگە ئاتلىق ئاپىرىپ قويماقچىمىز. بۇنى نۇرۇللا بىلەمدۇ كېلىشىپ قويدۇق.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ بۇ سۆزلەر ئەجەب مۇنىرىدىنىڭ سۆزى بىلەن بىر يەردىن چىقىۋاتىدۇ، دەپ ھەيران بولۇۋاتقاندا، ئاتىسىنىڭ سۆزىدىن ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتكەن پەرھاتجان بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆزىنى تازا بىر ئۇۋۇلىۋېلىپ، ئولتۇرغانلار ئىچىدىن لۇتپۇللا مۇتەللىپنى كۆرۈۋالدى ـ دە، دەرھال يوتقىنىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئورنىدىن قوپقان پېتى يۈگۈرۈپ كېلىپ شائىرنىڭ قۇچىقىغا ئېتىلدى ۋە ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىنى سۆيۈپ كەتتى. شائىرمۇ دەرھال ئۇماق پەرھاتجاننى قۇچىقىغا ئېلىپ پېشانىسىگە سۆيدى.

— ماڭا تاپانچا ئەكەلدىڭىزمۇ؟ — دېدى پەرھاتجان، شائىرنىڭ ئېگىكىنى مۇلايىم سىلاپ تۇرۇپ، بىر خىل يېقىملىق ئەركىلەش بىلەن.

— ئەقىللىق باتۇر، تاپانچىنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ، — دېدى شائىر، — مانا ئەكەلدىم.

لۇتپۇللا دەرھال يانچۇقىدىن ئويۇنچۇق تاپانچىنى ئېلىپ پەرھاتجانغا بەردى.

پەرھات تاپانچىنى قولىغا ئېلىپ، قالتىس خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ، تاپانچىنىڭ تەپكىسىنى بېسىپ، چارسىلدىتىپ ئاۋاز



چىقىراتتى. لۇتپۇللا پەرھاتنىڭ خۇشاللىقىدىن ھوزۇرلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۆتكەن يىلى دەل مۇشۇ چاغدا ئېلان قىلغان «يىللارغا جاۋاب» ناملىق جەڭگىۋار شېئىرىدىكى مۇنۇ مىسرالارنى ئېسىگە ئالدى:

يىللار مەيدەڭنى تۇتۇپ، قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن ئۆلۈمنى.
قېرىتىمەن دەپ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويدۇم ئوغلۇمنى.

ئۇنىڭ ئاتاپ قويغىنى ئەنە ھازىر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزى ئەكېلىپ بەرگەن تاپانچىنى مەشىق قىلىپ، كالڭ ئۈستىدە پىرقىراپ ئويناۋاتقان پەرھاتتەك مىڭلىغان ۋەتەن پەرزەنتلىرى ئىدى.

لۇتپۇللا ئاشۇ خىياللار بىلەن رەسمىي تاڭ سوزۇلگەن چاغدا كۆزى ئىختىيارسىز ئۇيقۇغا كەتتى ـ دە، ئورنىدىلا ئۇخلاپ قالدى.

رۇستەم بىلەن تۇردى ھوسۇيۇن ئاستا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، رۇستەم تۇردى ھوسۇيۇنگە چاي بەرگەندىن كېيىن يولغا سېلىپ قويدى.

رۇستەم شائىر ئورنىدىن تۇرۇشتىن بۇرۇن نۇرۇللاغا خەۋەر قىلىپ، ئىككىسى لۇتپۇللانى قانداق يولغا سېلىش توغرىسىدا تەپسىلىي مەسلىھەتلەشتى.

— بوزدۇڭ ئەپلىكرەك، — دېدى نۇرۇللا، — ئۇ يەردە مېنىڭ تونۇشلىرىم بار.

روستەم دوستىنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى، لېكىن شائىرنى بۇنىڭغا كۆندۈرۈش ئاسانغا چۈشمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئات ھازىرلاش توغرىسىدا خېلى ئۇزۇن ئويلاشتى.

— ئاتنى تاغاملارنىڭكىدىن ھەل قىلىمەن. ئېگەر ـ جابدۇق

لىرىمۇ خىل، لۇتپۇللانى ئۆزۈم بىرگە ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرىمەن. شائىر ئويغانغان ھامان بىزنىڭكىگە كېتەيلى. بىزنىڭ ئۆي ئازادە ھەم چەتتىرەك، — دېدى يەنە نۇرۇللا ئاخىرىدا.

رۇستەم دوستىنىڭ بۇ پىكرىگە ماقۇل بولغاندىن كېيىن، نۇرۇللا ئۆيىگە بېرىپ، لۇتپۇللاغا چاي تەييارلاپ بولۇپ، يەنە رۇستەمنىڭكىگە قايتىپ كەلدى. لۇتپۇللا ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرغانىدى. نۇرۇللا شائىرغا سالام بېرىپ:

— ئاخشام چىققانلىقىڭىزنى ھېلىلا ئاڭلاپ، يېتىپ كېلىشىم، ئۇيقۇڭىز قانغاندۇر؟ — دەپ سورىدى.

— نەچچە كېچىلەپ، — دېدى شائىر، نۇرۇللا بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، — يېزىش بىلەن بولۇپ، ئۇيقۇسىراپ كېتىپتىمەن. بۈگۈن ئۇيقۇم سەل قېنىپتۇ.

— مەن سىزنى ئالايتەن چاقىرىۋالماقچىدىم. سىزنىڭ يېتىپ كەلگىنىڭىز خۇيمۇ ئۇقتاسىغا كەلدى. مېنىڭ ئۆيۈم ھەم ئازادە. بۈگۈندىن باشلاپ، بىر - ئىككى كۈن ماڭا مېھمان بولىسىز ھەم دەم ئالىسىز. يېزىشىڭىزغا شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بېرەلەيمەن.

دېھقان يىگىتلىرى لۇتپۇللانى باشلاپ ماڭدى. ئۇلار رۇستەمنىڭكىدىن چىقىپ، قاتمۇقات چىنارزارلىقنى ئارىلاپ، ئاللاھەل بىر چاقىرىمچە ماڭغاندىن كېيىن نۇرۇللانىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىشتى.

— قېنى، ئۆيىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىڭ، — دېدى نۇرۇللا.

نۇرۇللا شائىرنى خالىي بىر ئۆيگە باشلىدى ۋە ئانچە ھايال بولمايلا شىرە قويۇپ، چاي ئەكەلدى، ئارقىدىن ئۆزۈندىن بىرى ساقلاپ كەلگەن مۇسەللەس كوزىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ:

— ئۆزۈم دورىسى تەنگە داۋا. بۇ، بىر يىلنىڭ مابەينىدە راسا ۋايىغا يەتتى. تاماق بىلەن ئەپلىشىدۇ، شۇڭا ئۇنى «دورا»



دەپ ئاتىشىدۇ، — دېدى.

نۇرۇللا سۆزلەۋېتىپ پىيالىلەرگە مۇسەللەس قويۇپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن رۇستەمنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇلار خۇش چاقچاق كۆلكىلەر بىلەن بىرەر سائەت تاماق يېيىشىپ ئولتۇرۇشتى.

— بىز، — دېدى ئاخىرىدا نۇرۇللا، — باشقا پاراڭلىرىمىزنى كېيىن قىلىشىمىز. مەن ھازىر سىزگە ئاشۇ ئازادە - خالىي ئۆيگە ئورۇن جايلاپ بېرىمەن. سىز خاتىرجەم دەم ئېلىڭ.

شائىر جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن، نۇرۇللا بىلەن رۇستەم سىرتقا چىقىپ ئۆزئارا يەنە سۆزلىشىۋالدى:

— ئاتنى تېزرەك تەييارلا، — دېدى رۇستەم ئاغىنىسى نۇرۇللاغا، — مەن يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىمەن. بىز شۇ چاغدا شائىر بىلەن قايتا سۆزلىشىپ، بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن كېچىلەپ يۈرۈپ كېتىڭلار.

— بولىدۇ، — دېدى نۇرۇللا، رۇستەمنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ، — لېكىن شائىرنىڭ كېيىمىنى يەڭگۈشلەش لازىم. مەن ئات تاپسام، سەن بىر قىرغىز قالپىقى، بىر ئۆتۈك، بىر سالما ياقىلىق پۇقراچە چاپان تەييارلىساڭ.

— چاپان بىلەن ئۆتۈك مەندە بار. ناۋادا قىرغىز قالپىقى تېپىلماي قالسا، خامان تەپكەندە كىيىۋالىدىغان ئۇيغۇر قالپىقىمۇ بولۇۋېرىدۇ. مەن شۇنداق قالپاقتىن بىرنى تاپاي.

ئىككىيلەن پۈتۈشكەندىن كېيىن، رۇستەم خوشلىشىپ ئۆيى تەرەپكە ماڭغاندا، نۇرۇللا ئۇنى قىچقىرىپ:

— ئاداش، بۇ ئىشقا پەخەس بولايلى، ئىنس - جىن ئاڭلىمىسۇن، بولۇپمۇ ھەر ئىككىمىزنىڭ بالا - چاقىلىرىمىز ئاڭلىمىسۇن، خوتۇن كىشىنىڭ تىلى چېچىدىنمۇ ئۇزۇن، بۇنى ئۆزۈڭمۇ ياخشى بىلىسەن، — دەپ يەنە ئاگاھلاندۇردى.

— بۇنى ئوبدان دېدىڭ، ھەر ئىككىمىز سىر ساقلايلى.

ئىككى دېھقان يىگىت شۇنىڭدىن كېيىن، جىددىي تەييارلىق بىلەن بولدى. ئات ۋە كىيىم - كېچەك، نان - توقاچ تەلمۈتەل قىلىندى. شائىر ئۆيدە ياخشى ئارام ئالدى ۋە «داۋانلار ئاشقاندا» رومانىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملىق يازدى. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، دەل چۈشتە ئۇنىڭ قېشىغا نۇرۋۇللا بىلەن رۇستەم كىرىپ كەلدى. نۇرۋۇللا بىرىنچى بولۇپ، مەسلىھەت سۆزىنى باشلىدى:

— بىز ھازىر ئات، يەڭگۈشلەپ كىيىدىغان كىيىم ۋە نان - توقاچلارنى تەل قىلىپ بولدۇق. كەچتە بوزدۆڭگە قاراپ يولغا چىقىمىز. سىزنىڭ تاپشۇرۇقىڭىز بويىچە، قۇربان قىلىچ ۋە بەشكېرەملىك قاۋۇل قاتارلىق سەپداشلىرىمىزنى بىلال ئەزىزى ئارقىلىق پارتىزانلىق كۈرىشى ئۈچۈن بوزدۆڭ ۋە قورغان تەرەپكە يولغا سېلىۋەتتۇق. ئۇلارنىڭ يولغا چىقىپ كەتكىنىگە بىر ھەپتە بولۇپ قالدى. ئۇ يەردىكى كۈرەش سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزگە باغلىق.

لۇتپۇللا نۇرۋۇللانىڭ بۇ ئورۇنلۇق پىكرىنى رەت قىلمىدى، لېكىن تۆۋەندىكى بىر تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرۇۋالدى:

— مەن سىلەرنىڭ پىكرىڭلارغا قوشۇلىمەن. بۇ يىل باش باھاردا شەھەردىكى سوت مەھكىمىسى ئالدىدا بولغان دېھقانلار ئىسيانىدا ھەر ئىككىڭلارنىڭ پىداكارلىق روھى مېنىڭ قەلبىمدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ سىلەر بىزنىڭ قوشۇنىمىزنىڭ جەڭگىۋار ئەزاسى بولۇپ كەلدىڭلار. بىزنىڭ ھازىرقى ئورتاق كۈرەش نىشانىمىز مۇنداق بىر ئۇلۇغۋار شوئارنى مۇقەددەس بايراق قىلىپ، جەڭ مەيدانىدا كۆتۈرۈپ مېڭىش:

ئېسىلارمەن مىلتىق ئېتىپ تاۋلانغان قولغا،
يېپىشارمەن بايراق بىلەن ئالغا ئاتلىغان يولغا.

بىز مۇشۇ شوئار ئاستىدا «ياش ئۇچقۇن» بولۇپ ئۇيۇش-



تۇق. بىز چوقۇم ئازادلىق يولىدا چوڭ كۈرەش يالقۇنى چىقىرىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تەڭرىتاغ باغرىغا — ئانا تاغنىڭ قوينىغا ئاتلىنىشقا تەييارمەن. لېكىن، مەن، — دېدى ئۇ، سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — ياتىقىمغا كىرىپلا چىقاي، مېنىڭ قان - تەرىمنى سەرپ قىلىپ يازغان رومان ۋە باشقا ئەمگەك مېۋىلىرىم دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسە.

نۇرۋۇللا بىلەن رۇستەم ئۆزلىرىنىڭ سۆزىگە شائىرنىڭ قوشۇلغىنىغا خوش بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ پىكرىنىمۇ رەت قىلالماي ماقۇل بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كېڭەشنى ئاياغلاشتۇرۇپ، لۇتپۇللانى شەھەرگە ئۇزىتىپ قويماق بولدى.

شائىر شەھەرگە مېڭىشقا تەمشەلگەندە، نۇرۋۇللا:

— ئېغىلغا كىرىپ، تەييارلانغان تۇلپار - ئارغىماقلارنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈپ بېقىڭ. ھەربىرى ئارالنىڭ داڭلىق دۇلدۇللىرى، — دېدى.

نۇرۋۇللا شائىرنى باشلاپ ئاتخانىغا ئەكىردى. راستىنلا ئىككى كۆلۈك ئارغىماق باغلاقلىق تۇراتتى. ئاتلار شائىرنى كۆرۈپ تۇياقلىرى بىلەن يەرنى چاپچىپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ خۇددى «مانا بىز تەييار» دېگەندەك چىرايلىق كىشنىشەتتى.

— ۋەتەن تۇپرىقىنىڭ، — دېدى شائىر تۇلپارلارنىڭ قۇندۇزدەك قارا يالىنى سىلاپ تۇرۇپ، دېھقان يىگىتلەرگە، — ھەربىر چىمدىم تۇپىسىمۇ جەڭ دۇلدۇلىنىڭ بۇرنىغا ئىپاردەك پۇرايدۇ، شۇڭا جەڭگە كىرگەن ئات ئۇسسىمايدۇ، ھارمايدۇ...

لۇتپۇللا تۇلپارلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ، شەھەرگە قاراپ ماڭغاندا كەچ پېشىن بولۇپ قالغانىدى.

يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئېگىز چىنار شاخلىرىدا يېكەن بۇلبۇللىرى چاڭىلداپ سايرىشىپ تۇراتتى. شائىرنىڭ ئوتلۇق قەلبى كۆكتولغاقنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىغا مەپتۇن بولدى - دە، چىنار تۈۋىدە تۇرۇپ قالدى. غەربكە خېلىلا پەسىيىپ چۈشكەن

قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرى چىنار شاخلىرى ئارىسىدىن كۆكتولغاق.
نىڭ گۈزەل قانىتىنى تاۋلاپ، ئۇنى تېخىمۇ گۈزەل كۆرسە.
تەتتى.
شائىر يولنى داۋاملاشتۇرۇپ بىر ئاز ماڭغاندا، يەنە زەڭگەر
تۇمشۇق، ئالا بويۇن ئىككى قارلىغاچ پەس ئۇچۇپ كېلىپ،
شائىرنىڭ ئالدىدىن بىرنەچچە قېتىم توغرا كېسىپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ
كەتتى.
تەبىئەت قۇشلىرىنىڭ دەل مۇشۇ پەيتتە قەھرىمان شائىرغا
بۇنچىۋالا ھېرىسلىق قىلىشىدا ۋە ئۇنىڭ يولىنى توسۇشقا ئىنتى.
لىشىدە ئاجايىپ بىر مۆجىزىلىك سىر يوشۇرۇنۇپ تۇراتتى.
شائىر بۇنى بىر ئاز ھېس قىلدىيۇ، لېكىن ئۇنى كۆتۈۋاتقان ھەر.
قانداق يامان تەقدىر ۋە مۇدھىش قىسمەتكە پىسەنت قىلماي،
تۆۋەندىكى غەزەلنى جاراڭلىق توۋلاپ ئالغا كېتىۋەردى:

ئۇز، غۇلاچ تاشلا، ئازادلىق دېڭىزىنى كەچ،
باتۇرلۇقنى ھەيران قىل، ئەتە ۋە كەچ.
ۋەتەن، خەلق قايغۇسىنى ھەممىدىن ئەلا بىل،
ۋەتەن ئۈچۈن كۆرەشتە سەن، جېنىڭدىن كەچ!



يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# جاللاتنىڭ كۆلكىسى

## 1

ئوسمانىنىڭ كەيپ - ساپا، ئەيش - ئىشرەت كوچىسىدا
ئۆزىنى بۇلغاپ، بىخۇدلۇقتا «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى»نىڭ سىرىنى
ئاغزىدىن چىقىرىۋەتكەنلىكى — يانتاقۇپچىلار ۋە ئۇلارنىڭ خوجا.
يىنلىرى ئۈچۈن «پاكىت» تېپىپ بەردى.
ھېكىم بىلەن لوخۇر ھېلىقى كۈنى ئاخشىمى ۋاڭ ساۋزىنىڭ
ئۆيىدىن چىققان پېتى، ئۇدۇل بېرىپ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارى.
سىنىڭ باشلىقى ۋۇ شاۋبىڭغا ئاخبارات يەتكۈزدى. ئاخباراتنى
ئاڭلاپ ۋۇ شاۋبىڭنىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ دەرھال
قارا دەستىلىك غاڭزىسىغا قۇرۇق كۆكنار پىلىكىنى تاماكىغا
ئارىلاشتۇرۇپ سېلىپ تۇتاشتۇردى - دە، رازۋېدكا بۆلۈمىدە
توختىماي ھېجىيىپ، ئۇ بۆلۈمدىن بۇ بۆلۈمگە ماڭغىلى تۇردى.
ماھىر پايلاقچى ھېكىم بىلەن لوخۇر ئۇنىڭ ئالدىدا قوللارچە
ئېگىلىپ، يېڭى «يولىيورۇق» كۈتۈپ تۇراتتى.
— مول مۇكاپات بىلەن چۆنتەكلىرىڭلارنى تولدۇرىمەن! «تۆ.
مۈر ساندۇق» ئىچىدىكى يازما ئاساسلارنى ھايال قىلماي ئەكې.
لىپ، تېزىملىك بويىچە بىر - بىرلەپ... — دېدى ۋۇ شاۋبىڭ
پايلاقچىلارغا.
— خوپ، بەجانىدىل!... — دېيىشتى پانتاقۇپچىلار.

شۇنداق قىلىپ جازا يۈرۈشى ئىنتايىن خۇپىيانە باشلىنىپ كەتتى.

لۇتپۇللا ئۈستىدە ئۈرۈمچىدە تۈرغۈزۇلغان «GG—3» دېلو ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە يوللاپ بېرىلگەندىن كېيىن، رەزىل سۇيىقەستلەر بىر مىنۇتمۇ توختىمىغانىدى. «تىياتىر ئۆمىكى»نىڭ باشلىقى لوخۇر، باش كاتىپى ھېكىم بۇ رەزىل سۇيىقەستنىڭ ئاساسىي ئىجراچىلىرىدىن بولۇپ كەلگەنلىكى كىتابخانلىرىمىزغا يۇقىرىدا ئايان بولدى.

مۇنىرىدىن كېچىدە لۇتپۇللانى «ياتالماس»قا يولغا سېلىۋېتىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەتىسى تۆردى ھۇسۇيۇن «ياتالماس»تىن يېنىپ كەلگەن كېچىسى تاڭ سەھەردە مەۋلانجان خوتەن يولىدا، بىلال ئەزىزى كونا شەھەردىكى ئىشخانىسىدا ئايرىم-ئايرىم قولغا ئېلىندى.

لۇتپۇللانىڭ دوستى ئابدۇللا روزى «ئۆگەي ئانا» دراممىسىنى قويۇش ئۈچۈن ئۈچتۇرپانغا مېڭىش سەپىرىدە، لوخۇر پىلانلىق ھالدا چوغار[1]نى ئۆمەكنىڭ «باش كاتىپى» قىلىپ كىرگۈزگەنىدى. چوغار دارىلمۇئەللىمىننىڭ پسىخولوگىيە مۇئەللىمى ئىدى. ئۇ لىيۇ بىندېنىڭ رازۋېدكىچىسى بولۇپ، لىيۇ بىندى غۇلجىدا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ كۇچادىكى تەلەمەت داۋىنى ئارقىلىق ئاقسۇغا قېچىپ كەلگەن. چوغار ئۆزىنى ئىشىنكىرۇ نۇرخاچى[2]نەسەبىدىن دەپ، ھەر جايدا داۋراڭ سېلىپ يۈرەتتى. ئۇ، چىيەنلۇڭنىڭ ئىلىغا ئەۋەتكەن قاراۋۇلچى ئەمەلدارلىرىنىڭ پۇشتى ئىدى. ھازىر ئۇ مۇشۇ ۋەزىپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئابدۇللا روزىنى ئاقياردا تۇتۇپ بەردى.

دولان دەريا ۋادىسىنى مۇشۇنداق تېررورلۇق قاپلاپ تۇرغان زاۋال ئاخشىمى لۇتپۇللا ئۆزى يالغۇز گېزىتخانا ئالدىغا يېتىپ

① چوغار — بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ مەخپىي لەقىمى بىلەن ئاتىدۇق.
② ئىشىنكىرۇ نۇرخاچى — (1559 — 1626) چىڭ سۇلالىسىنىڭ بوۋىسى ۋە جولاڭ پېشىۋاسى.



كەلدى-دە، چاققانلىق بىلەن گېزىتخانا قورۇسىغا كىرىپ، ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى ۋە تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيماي، ئۆزىنى ئەجەل قوينىغا سۆرەپ كەلگەن ئەمگەك مېۋىسى ئىجادىي ئەسەرلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ بۇ ئەسەرلەرنى كارىۋات ئاستىدىكى ياغاچ يەشىكلەر ئىچىدىن، ياستۇقى ئاستىدىن، ئىش ئۈستىلى ئۈستىدىن بىر-بىرلەپ يىغىۋاتتى، مۇھىم ئەمەس دېگەنلىرىنى بىر چەتكە تاشلايتتى.

دەل شۇ ئەسنادا بىر سېھىرگەر مەلئۇن نەدىندۇر غىپپىدە پەيدا بولدى-دە، ھۇجرا ئىشىكى ئۈستىگە بىر ئاق بەلگىنى ئېسىپ قويۇپلا غايىب بولدى. ئارقىدىنلا بىرقانچە قوراللىق ساقچىلار ھۇجرا ئىچىگە باستۇرۇپ كىردى. لۇتپۇللا يەنىلا ئەسەرلىرىنى يىغىشتۇرۇش بىلەن بەند بولۇۋاتاتتى.

— سىزنى ئىدارە باشلىقىمىز چاقىرىدۇ، قېنى يۈرۈڭ!

قوراللىق ساقچىلارنىڭ باشلامچىسى — ئوتتۇرا بوي، پاناق بۇرۇن كىشى لۇتپۇللاغا قاراپ ئەنە شۇ سۆزنى قىلدى.

لۇتپۇللا ساقچىلارنىڭ باشلىقىغا ئېرەن قىلماي ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋەردى.

— يۈر دەۋاتىمەن، قاچانغىچە نوچىلىقىڭ تۈگىمەيدۇ؟ — دېدى ساقچى تەكرار.

— چوڭ داداڭنىڭ زىياپىتى بارمىكەن، قېنى باغاق؟

لۇتپۇللا قولىدىكى ئىشىنى توختىتىپ، ئارقىسىغا قايرىلدى-دە، ساقچىغا غەزەپ بىلەن تىكىلدى.

— ئۇنى بارغاندا بىلىسەن، — دېدى ياردەمچى جاسۇس ئاقۇپ.

— گوداڭدا قان يالىغۇچى ئىت بولۇشتەك، — دېدى شائىر ساقچىلارغا نەپرەت ياغدۇرۇپ، — رەزىل كەسىپ يوق. سىلەر بۇ شۇم رەزىللىكتىن قولۇڭلارنى تارتىشىڭلار كېرەك. بۇ، «ئۆتنە جاھان، ھېسابلىق ئالەم»، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ساپ

قانلىرى بىكارغا ئېقىۋەرمەيدۇ. جاللات ئاتاڭلارنىڭ قېشىغا بېرىشقا مانا مەن تەييار.

لۇتپۇللا ئۆز بېشىغا كېلىۋاتقان قىسمەتنى مۆلچەرلىدى-دە، بېشىغا خورزۇم چىپكىلىك قولاقچىسىنى، ئۇچىسىغا قىزغۇچ خورزۇم كالتە چاپىنىنى، پۇتىغا قىسقا قونچلۇق ئۆتۈكىنى كىيدى. ساندۇقىدىن ئىككى پارچە گۆللۈك سەرگەزنى ئېلىپ مېڭىپ، ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بىردىنلا ئارقىسىغا قايرىلدى.

ئۇ باياتىن بېرى ئەكېتىشكە تەييارلىغان ئىجادىيەت مېۋىلىرىگە ئىچى سىيرىلىپ ھەسرەت بىلەن قارايتتى. ئەجەل دامىغا چۈشكەن بۇ يولۋاس يەنە كەينىگە بۇرۇلدى-دە، ھۇجرا ئىشىكىنى تاقاپ، ساقچىلارنىڭ ئالدىغا كىرىپ ماڭدى.

لەڭگەر كوچىسىدىكى ياشلارنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ساقچىلار، شائىرنىڭ كەينىدە خېلى ئارىلىق قالدۇرۇپ ماڭاتتى. چوڭ خانىقا ئۇدۇلىغا يېتىپ كەلگەندە، شائىر يادىكارىنىڭ ئۆيى تەرەپكە قايرىلدى. ساقچىلاردىن بىرى يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— نەگە؟ — دەپ سورىدى لۇتپۇللانىڭ ئالدىنى توسۇپ.

— كېسەل ئانام تاجىنىساخانىڭكىگە...

— نېمىشقا؟

لۇتپۇللا جاۋاب بېرىپ بولغۇچە ساقچىلارنىڭ ھېلىقى پاناق بۇرۇن باشلىقى شائىرغا يول قويۇشنى بېشارەت قىلدى ۋە لۇتپۇللا بىلەن ئۆزى بىللە مومايىنىڭكىگە ماڭدى. قالغان ساقچىلار كوچا بېشىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرۇپ قېلىشتى.

تاجىنىساخان موماي كاڭ سۇپىسىدا دېمى سىقىلىپ، تورۇسقا قاراپ ئۇھ تارتىپ ياتاتتى. گۈلەندەم بىلەن دىلبەر ئۇنىڭ بېشىدا قاراقلىق ئىدى. لۇتپۇللا ئۆيگە كىرىشى بىلەن تەڭ گۈلەندەم مومايغا:

— ئانا، لۇتپۇللا ئاكام كېلىپتۇ، قارىغىنا، تونۇيال-



دىڭمۇ؟ — دېدى.

موماي لۇتپۇللانى كۆرۈپلا تونۇپ، ئورنىدىن قوزغالماق بولۇۋىدى، لۇتپۇللا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، بېشىنى سىلاپ ئورنىدىن قوزغاتمىدى.

— ئانا، — دېدى لۇتپۇللا، مومايغا، — مەن ھازىر سەپەر ئۈستىدە، سىزگە مۇشۇ ئىككى سەرگەزنى قىسىنىپ ئەكەلدىم. كۆڭلەك كىيەرسىز. ئامان-ئېسەن بولساق يەنە كۆرۈشەرمىز.

لۇتپۇللا مومايغا سۆزلەۋاتقان چاغدا پاناق بۇرۇن ساقچى گۈلەندەمگە قاراپ ھىجىيىپ تۇراتتى. گۈلەندەم بولسا ئۇنىڭ سۆرۈن تەلەتىگە كۆز قىرىنى سالماي، چىرايىمۇ ئاچماي، قاپاقلىرىنى تۈرۈۋالغانىدى. ساقچى تاقەتسىزلىنىپ گۈلەندەمنىڭ كىچىك چېغىدىكى ئېتىنى ئاغزىدىن چىقىرىپ قويۇپ بالاغا قالدى:

— گو مېيخۇا، سىز ھەر كۈنى، يەنىلا...

موماي، پاناق بۇرۇنغا شۇنداق قاتتىق گۈلەيدىكى، ساقچى ئۇجۇقۇپلا كەتتى:

— زۇۋانىڭغا پوق، لالما ئىتتەك بىزىرىپ، ئۆيۈمدە نېمە قىلىسەن؟ كۆزۈمدىن يوقال، قانخور! — دېدى موماي ۋارقىراپ.

— گو مېيخۇا، ياق، ياق، مەن يېڭىلىپتىمەن، گۈلەندەم، ئاناڭ نېمە دەيدۇ؟ — دېدى ساقچى يەنە بەزدەك قاراپ ۋە گۈلەندەمگە ھىجىيىپ.

— مانا مۇشۇنداق دەيدۇ؟ — دېدى-دە، گۈلەندەم يۈگۈرگەن پېتى ساقچىغا ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە شالاقلىتىپ ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈۋەتتى، ساقچى ئارقىسىغا داجىدى. دىلبەر بىلەن گۈلەندەم پاناق بۇرۇن ساقچىنى ئىتتەرگەن پېتى ئۆيدىن چىقىرىۋەتتى. ساقچى ئىشىك تاپىنىدىن سەنتۈرۈلۈپ يىقىلغىلى تاسلا قالدى. ئۇ سىرتتا تۇرۇپ زەردە بىلەن:

— توختاپ تۇرۇش، ھىم... — دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

گۈلەندەم نوغۇچنى كۆتۈرۈپ ئۇرۇشقا مېڭىۋىدى، شائىر تاجىنىساخان مومايىنىڭ كېسىلىنى نەزەردە تۇتۇپ، گۈلەندەمنى توختىتىۋالدى ۋە تاجىنىساخان موماي بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

لۇتپۇللا بۈگۈن ئاخشام لەڭگەر كوچىسىدىن مەڭگۈ ئايرىلغانىدى. ئۇ زۇلمەتلىك قاراڭغۇ تۈن كېچىدە مەغرۇر قەدەم تاشلايتتى، كوچا ياقىلىرىدىكى تونۇش ئۆيلەرگە، بۈك - باراقسان تاللارغا، دولان دەرياسى ئەتراپىدىكى باغۇ بوستانلارغا نەزەر تاشلاپ، ئۇلار بىلەن مەڭگۈ خوشلىشاتتى.

بۈگۈنكى مۇشۇ ئېغىر قىسمەتلىك كېچىدە، ئاسماندا پەيدا بولغان قارا بۇلۇتلار زۇلمەتلىك قارا پەرەنجىسىنى يايغانىدى. جاھان بىردىنلا قاراڭغۇلىشىپ شاملار ئۆچۈپ، يۇلتۇزلار كۆچكەنىدى. ئەرشئەلانىڭ ئەڭ يۇقىرى تۆرىدىكى زۇھەل يۇلتۇزى غايىب بولدى. غەزەپلىك مىرىخ يۇلتۇزى كاج پەلەكتىن ئاغرىناتتى. چولپان كۆز يۇمغانىدى.

لۇتپۇللا مەغرۇر قەدەم تاشلاپ ئەجدىھا ئۇۋىسى — ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە بارغاندا، جاللاتلار دەرھال ئۇنىڭ پۇت - قولىنى زەنجىر بىلەن چۈشەپ، قاپ يۈرەك بۇ يولۋاسنى تۈرمىنىڭ «يەتتىنچى كامېرى»غا قاماپ قويۇشتى.

## 2

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەنىدى. جاللات ۋۇ شاۋبىڭ «ئىككىنچى بۆلۈم» ئىشخانىسىدا بىر تەنتەنىلىك زىياپەت ئۇيۇشتۇردى. «GG—3» دېلودا خىزمەت كۆرسەتكەن يانتاقۇپچىلار ۋە ئۇلارنىڭ خوجايىنلىرى بۇ بەزمىگە تولۇق قاتناشتى. رەتلىك تىزىلغان شىرەلەرنىڭ ئۈستى تۈرلۈك يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەر بىلەن تولدۇرۇۋېتىلگەنىدى.



«ئىككىنچى بۆلۈم»نىڭ سىرتىدا قاتمۇقات قاراۋۇل - پوستلار قويۇلدى. بۆلۈمنىڭ دېرىزە پەردىلىرى چۈشۈرۈۋېتىلدى. گازۋاي چىراغنىڭ كۆكۈچ يورۇقىدا پايلاقچىلار بىر - بىرىنىڭ يۈزلىرىنى خىرە كۆرۈشۈپ ئولتۇراتتى.

— بۈگۈن مەن، — دېدى ۋۇ شاۋبىڭ قەدەھ كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، — «GG—3» دېلوسىدا خىزمەت كۆرسەتكەن كەسىپداشلىرىمنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. ئالدى بىلەن ھەممىڭلارنى غەلىبە رومكىسىنى كۆتۈرۈۋېتىشكە تەكلىپ قىلىمەن.

ۋۇ شاۋبىڭنىڭ تەكلىپى بويىچە يانتاقۇپنىڭ بەتبەشىرە چاپارمەنلىرى رومكىنى كۆتۈرۈشتى. ئارقىدىن تۇەنجاڭ جاۋ پارپۇر قاپلىق تاماكىدىن ھەربىر كىشىگە بىر تالدىن تۇتتى.

چېكىلىۋاتقان بۇ تاماكىنى يېقىندا ئاقسۇنى زىيارەت قىلغان غەربلىك ئەجنەبىي مۇخبىر مارى مىچۇر خانىم تەقدىم قىلغانىدى. بۇ مۇخبىر ئاقسۇغا ئۇرۇشنىڭ ئالدىدا ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم كەلدى. ئۇ بۇ يەردە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندى ۋە سۈرەتكە تارتتى. ئۇ، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا داڭق چىقارغان قورچاق پەيجاڭ هاكى، «قوغدىنىش ئەترىتى»نىڭ كوماندىرى جاڭ ۋېيبى، باش جاللات ۋۇ شاۋبىڭ، جاۋ خەنچى ۋە چوڭ جاسۇس ھېكىم، لوخۇر قاتارلىقلارنىڭ سۈرەتلىرىنى تارتىۋالدى، نۇرغۇن خاتىرىلەرنى، جۈملىدىن لۇتپۇللاغا ئالاقىدار ۋەقەلىكلەرنىڭ جەريانىنى سۈرۈشتۈرۈپ يېزىۋالدى. بۇ مۇخبىر ئاقسۇدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش ۋە لۇتپۇللانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدەك پاجىئەلىك تراگېدىيىدىن قانداق ئەسەر يېزىپ، نېمە خۇلاسە چىقارغانلىقىنى بىز ھازىرغىچە بىلەلمىدۇق. بىراق، بىز بۇ قانلىق پاجىئەنىڭ دەۋاگىرى، ھەقدارى ۋە كۆزەتكۈچىسى سالاھىيىتىمىز بىلەن ئۆز خۇلاسىمىزنى يېزىشقا ھەقلىقمىز.

شۇنداق قىلىپ «غەلىبە تەنتەنىسى» كېچىچە قىزىپ كەتتى. يانتاقۇپچىلار ئىچە - ئىچە شىر كەيپ بولۇشقانىدى.

— روناق، ئۆرلەش، — دېدى ئۇ، تېخىمۇ ئالجىپ، — ئاسماندىن دومىلاپ چۈشمەيدۇ، يەردىن كۆكلەپ چىقمايدۇ. غايىب خەزىنىدەك يولدا ئۇچراشمايدۇ. پەقەت ۋە يەنە پەقەت «خىزمەت كۆرسىتىش» ئارقىلىقلا... — دېدى ۋۇ شاۋبىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ.

ۋۇ شاۋبىڭ شۇ تاپتا كېرىلىپ قالتىس كۆرەڭلەپ كەتكەنىدى.

— مانا مېنىڭ... ئىچكىرىدە، ئۈرۈمچىدە، بولۇپمۇ خوتەندە ئەنە شۇنداق «خىزمەت كۆرسەتكەن» تۆھپەم بار. بۈگۈن بولسا يەنە سىلەر بىلەن بىللە. «سۇ كېچىكتىن ئۆتكەن ئەر ئەمەس، قان كېچىكتىن ئۆتەلىسەڭ ھېساب!» — دېدى ئۇ.

ۋۇ شاۋبىڭ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئىچىش ئىختىيارىي داۋاملىشىپ كەتتى.

ھېكىم دەرھال ئىككى رومكىغا لىق تولدۇرۇپ قويۇپ، ۋۇ شاۋبىڭنىڭ ئالدىغا پايپاسلاپ بېرىپ تەزىم قىلغان پېتى بىر رومكىنى ۋۇ شاۋبىڭغا سۇنۇپ تۇرۇپ:

— مۇشۇ رومكىنى سىز بىلەن ئىچكۈم كەلدى، جۇيجاڭ... ئالدى بىلەن سىزگە ئېيتىۋالىدىغان بىر مۇھىم ئىلتىماسىم بار، ئۇنى دېمەي يۈرۈۋېرىشكە كۆڭلۈم قويمىدى. ھازىر مەن سىرتتا تۇرۇۋاتىمەن. «GG—3» نىڭ قوللىغۇچىلىرى جەمئىيەتتە نۇرغۇن، مەن ھاياتىمدىن قايغۇرۇۋاتىمەن. مۇمكىن بولسا ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كېلىۋالسام، — دېدى.

ۋۇ شاۋبىڭ دەرھال غەزەپ بىلەن ھېكىمگە چەكچىيىۋىدى، ھېكىمنىڭ قوللىرى تىترەپ، تۇتۇپ تۇرغان رومكىدىكى ھاراق تۆكۈلۈپ بولدى.

— بايا قىلغان سۆزلىرىم، — دېدى جۇيجاڭ ھېكىمنى قاتتىق سەتلەپ، — ئازراق بولسىمۇ قۇلىقىڭغا كىرمىدىمۇ؟



ھېم، سۆزلە، توخۇ يۈرەك، خۇمدان دەزلىك بولمىسا نېمىدىن قورقاتتىڭ؟!

جۇيجاڭ بارغانسېرى تەرسالاشقانىدى. ئۇ بىردىنلا چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋېتىپ، ئوڭ قولى بىلەن ئۆزى ئولتۇرغان ئورۇندۇقنى بىر چەتكە ئىتتىرىۋېتىپ، ھېكىمگە ھومايغان پېتى ئالدىغا ئىككى قەدەم ماڭدى، ئاندىن ئۇ يېنىدىن بىسى يالتىراپ تۇرغان قىسقا ساپلىق خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ:

— كۆردۈڭمۇ بۇنى!... مەن خوتەنلىكنىمۇ مۇشۇنىڭ بىلەن پىلىك قىلىۋەتكەنمەن! — دېدى سەۋدايىلارچە ۋارقىراپ.

ھېكىم قاياققا قېچىشنى بىلەلمەيتتى. زىياپەت سورۇنى بىردەمدىلا «مۈشۈككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن» ھالەتكە كىردى-دە، «ئىككىنچى بۆلۈم» نىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ قورقۇشقىنىدىن چاشقان تۆشۈككە تاپالماي قېلىشتى.

ۋۇ شاۋبىڭ بىردەمدىن كېيىن سارالڭ قىياپەتكە كىرىپ قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى بارغانچە غەلىتە ئاڭلىناتتى. كېيىن ئۇنىڭ يۈزلىرى كۆكىرىپ، چىشلىرى كىرىشىپ قالدى-دە، قولىدىكى خەنجەر پاققىدە قىلىپ يەرگە چۈشتى. ئۆزىمۇ ئارقا تەرەپكە سەنتۈرۈلۈپ، گۈپ قىلىپ يىقىلدى. ئۇنىڭ ئىككى كۆزى ھوۋۇقۇشنىڭ كۆزىدەك قورقۇنچلۇق پارقىراپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ كانىۋويى — پاناق جاڭ ۋەيبى دەرھال ئەپيۇن سۈيى ئەكېلىپ ئاغزىغا تېمىتتى. بۇ چاغدا «زىياپەت ئەھلى» تارقىلىپ كېتىشكەنىدى. كېيىن كۆكنار پىلىكى سېلىنغان تاماكا غاڭزىسىنى شوراتقۇزغاندىن كېيىن، جۇيجاڭ سەل-پەل ئوڭلانغاندەك بولدى. ئۇنىڭغا راستىنلا ئەپيۇن خۇمار قىلغانىدى.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# تۈرمىدىكى كۈرەش

### 1

گۈلباغدىكى ۋاڭ ساۋزىنىڭ ئۆيىدە مەست ھالىتىدە قولغا ئېلىنىپ، كېچىدە ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۈرمىسىگە تاشلانغان ئوسمان كەيپىلىكتە خۇدىنى بىلمەي بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى. ئەتىسى خېلى بىر ۋاخ ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ مەستلىكى يېشىلىپ، كۆزىنى ئاچتى. ئۇ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ، بېشىنى كۆتۈردى - دە، تۈرمىنىڭ تۆت ئەتراپىغا سەپسېلىپ قارىدىيۇ، ئۆزىنىڭ ھازىر نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى، بۇ يەر ۋاڭ ساۋزىنىڭ مەيخانىسىغا ئوخشاشمايتتى. ئۇ قاتتىق ئاغرىپ تۇرغان بېشىنى سىلكىۋېتىپ يەنە تام - تورۇسلارغا كۆز تاشلىدى، يەنىلا ھېچنېمىنى سېزەلمىدى.

ھاراقنىڭ سۇلبىدىن ئەسىرگە چۈشكەن بۇ مەھبۇس ياتقان ئۆي ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۈرمىسىنىڭ «سەككىزىنچى نومۇرلۇق» كامېرى ئىدى.

زەي، تار، سېسىق بۇ كامېرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا پاكار سۇپا قىلىنغان، سۇپا ئۈستىگە شال پاخلى يېيىلغان، كىچىك تۆڭلۈك تۆمۈر بىلەن قويۇق رېشاتكىلانغان؛ كامېرنىڭ قېلىن ياغاچتىن قىلىنغان ئىشىكى چوڭ ۋە ياپىلاق ئۇزۇن تۆمۈر بىلەن ئۈچ يەردىن چەمبەرلىنىپ قۇلۇپلانغان؛ ئىشىكنىڭ ئۈستى



تەرىپىدە تاۋاق پاتقۇچىلىك تۆشۈكى بولۇپ، مەھبۇسلارغا شۇ تۆشۈكتىن زاغرا، داغ سۇ بېرىلەتتى ۋە كېيىن قۇلۇپلىناتتى.

كامېر سۇپىسىنىڭ بۇلۇڭىدا، ئېغىر يۈرەك كېسىلى بىلەن قىيىنىلىپ ياتقان ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشىنىڭ ئىنجىقلىشى، نالىسى بارغانچە كۈچىيىپ باراتتى. ئوسمان دەرھال بۇ كېسەل مەھبۇسقا قارىدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ قېشىغا باردى.

كېسەل مەھبۇس كۆزىنى سەل ئېچىپ، ئوسمانغا بىر قاراپ، ئاغرىق ئازابىدىن يەنە كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

— ئاكا، — دېدى ئوسمان، ئۇنىڭدىن سوراپ، — بىز يېتىۋاتقان بۇ قەيەر؟

كېسەل مەھبۇس ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ تۇرۇپ، بۇ يېڭى مەھبۇسنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى:

— قەيەر بولاتتى؟ تۈرمە دېگەن شۇ، قېنىڭنى شورايدىغان زىندان دېگەن شۇ!

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئوسمان چۆچۈپ كەتتى - دە، مەھبۇسنىڭ قېشىدىن ئاستا قوزغىلىپ، سۇپىدىن پەسكە چۈشتى. ئۇ، سۇپىنىڭ قىرغىقىدا ئولتۇرۇپ، بىر سائەتچە ئويغا چۆكتى:

ئۇ ئانىسىنى ئەسلىدى، ئۇ، چىن شيەنبىڭنىڭ مەيخانىسىنى، ۋاڭ ساۋزىنىڭ ئۆيىنى، ئىچكەن ھاراقلىرىنى، ھېكىم بىلەن مەمەت ئەيسانى، مەستلىكتە ئېيتقان ناخشىسىنى ۋە مەستلىكتە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن مەخپىي سىرلارنى ئەسلىدى، بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئېسىگە بىر - بىرلەپ كېلىپ، ئۇنى قىيناشقا باشلىدى. ئالدىنىپ قاپقانغا چۈشۈپ قالغان بۇ ئەخمەق، ئەمدى ۋىجدان ئازابىدا بىردەمدىلا ھاياتىدىن ۋاز كېچىش دەرىجىسىگە يەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا دۇنيا قاراڭغۇلاشتى. ئۇ يېنىغا سېلىپ يۈرىدىغان قەلەمتىرىشىنى ئىزدىدى، لېكىن ساقچىلار ئاخشاملا ئۇنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ ئېلىۋالغان-

دى. ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغىلى ھېچ نەرسە تاپالمىغاندىن كې-
يىن، تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ تامنى
تېپىشكە، ئۆزىنى ئۆزى مۇشتلاشقا باشلىدى. ئۇ ئۈن سېلىپ
يىغلاپ، كامىرنىڭ ئىچىنى پىرقىرايتتى. دەرمانسىز ياتقان كې-
ـەل مەھبۇس بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تاقەت قىلالماي، ئوسماننى
ئاستا يېنىغا قىچقاردى ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەك بولۇپ:
— ئۇكام، نېمە بولدۇڭ؟ كەل قېشىمغا، دەردىڭنى ئاۋۋال
ماڭا دەپ باققىنا! مەن بىر ئاڭلاي، — دېدى.
بىراق، ئوسماننىڭ قۇلىقىغا ھازىر ھېچنېمە كىرمەيتتى.
ئۇ كېسەل مەھبۇسنىڭ ناھايىتى پەس ئاۋاز بىلەن ئارانلا قىلغان
سۆزىنى ئېنىق ئاڭلىيالماي قالدى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن گېلى-
نى بوغۇپ خىرقىراشقا باشلىدى، لېكىن ئۆز قولى بىلەن ئۆز
گېلىنى بوغۇپ ئۆلۈۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ، ئۆزىنى
ئۆزى مۇشتلاپ، يۈز - كۆزلىرىنى كۆكەرتىۋەتتى، چاپان -
كۆڭلەكلىرىنىڭ ياقىلىرىنى يىرتىپ، تۈگمىلىرىنى ئۈزۈپ تاش-
لىدى.
ئاغرىق مەھبۇس بۇ پاراكەندىچىلىككە سەۋر قىلالماي، ئاخى-
رى چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ، ئاستا بېشىنى كۆتۈردى - دە:
— ئۇكام، ئۆزۈڭگىمۇ، ماڭىمۇ بىھۇدە ئازاب سالما. مې-
نىڭ قېشىمغا كېلىپ ئەھۋالىڭنى سۆزلەپ باق. مەن ساڭا قو-
لۇمدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىمەن، ئۆزۈڭدىن چوڭنىڭ سۆزىنى
ئاڭلىساڭ، يامان كەتمەيدۇ، — دەپ ئوسماننى قېشىغا قىچ-
قاردى.
ئوسمان بىر سائەتتىن ئارتۇق ئازابلىنىپ، خېلى چارچىغا-
نىدى. ئۇ ئاخىرى ئاغرىق مەھبۇسقا دەردىنى تۆكۈش قارارىغا
كەلدى - دە، ئاغرىقنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، ئىككى ئال-
قىنى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋېلىپ، ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ
يىغىسىنى يېرىم سائەتچە داۋام قىلدۇردى. ئوسماننىڭ يىغىسى



پەسىيىشىگە:
— ئۇكام، سۆزلە. مەن بىر ئاڭلاي، بۇ يىغلايدىغان جاي
ئەمەس، كۈرەش قىلىدىغان جاي! جېنىم ئۇكام، سەن كىچىك
بالا ئەمەسسەن، گۆدەكلىك قىلما، سۆزلە، مەن بىر ئاڭلاي، —
دېدى كېسەل مەھبۇس.
كېسەل مەھبۇسنىڭ بۇ سۆزى ئوسمانغا بىردىنلا تەسىر
قىلدى - دە، ئۇ، يىغىسىنى توختىتىپ:
— مەن چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزدۈم، جېنىم ئاكا، مەن قاتتىق
ئازابلىنىۋاتىمەن، مېنىڭ ھايات تۇرغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخ-
شى، — دېدى.
ئوسمان ئارقىدىن يەنە يىغلىماقچى بولۇۋىدى، كېسەل مەھ-
بۇس يېڭى سوئال بىلەن ئۇنىڭ يىغىسىنى قايتۇرۇۋەتتى:
— ئۇنداق خاتا ئويلىما، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئازابلىماي، بې-
شىڭغا كەلگەن ئىشنى ماڭا دە، مەن ساڭا چوقۇم ياردەم بېرەلەي-
مەن.
— ماقۇل، ئاكا، ئۆلۈپ كەتسەممۇ سىزگە دەردىمنى تۆكۈ-
ۋېلىپ، ئاندىن ئۆلەي، — دېدى - دە، ئۇ يېقىندىن بۇيان هاراققا
بېرىلىپ، چىن شيەنسېڭ بىلەن سوڭ تەتەيىنىڭ مەيخانىسىغا
قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانلىقىنى، بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان مەمەت
ئەيسانىڭ قەرز ئۈزۈپ قويۇش ھىيلىسى بىلەن ئۆزىنى ۋاڭ ساۋ-
زىنىڭ ئۆيىدە قوندۇرۇپ قالغانلىقىنى، ئەتىسى ھېكىم بىلەن
لوخۇرنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى، كەيپلىكتە مۇھىم مەخپى-
يەتلىكنى پاش قىلىپ قويغانلىقىنى ۋە مەيخانىدا ئېيتقان ناخشى-
نىڭ مەزمۇنى قاتارلىق ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ سۆزلىدى.
— ئۇكام، بۇ يىل نەچچىگە كىردىڭ؟ — دەپ سورىدى
كېسەل مەھبۇس ئوسماننىڭ سۆزىنى بىرەر قۇر ئاڭلاپ بولغاندىن
كېيىن، ئۇنىڭ تەرجىمىھالى بىلەن تونۇشۇپ باقماقچى بولۇپ.
— بۇ يىل توپتوغرا ئون سەككىزگە كىردىم.

— سىلەر نەلىك؟
— ئاتام ھۈنەرۋەن ئادەم ئىدى، يازدا تامچىلىق قىلاتتى، كۈزدە يارىيار ھارۋىنىڭ چاقىنى، قىشتا ئۆرۈك ياغىچىدىن تاۋاق ۋە قوشۇق ياسايتتى، ئەتىيازدا بورىچىلىق قىلاتتى. ئاتام يەر - زېمىن تۇتمىغانىكەن، يۇرتمۇيۇرت يۈرۈپ ھۈنەر قىلىپ، ئاپام بىلەن مېنى باقاتتى. مەن ئاۋات ناھىيىسىنىڭ دولان كەلپىن دېگەن يېرىدە تۇغۇلغانىكەنمەن. ئۈچ يېشىمدا ئۇ يەردىن كۆچۈپ قۇمباشقا كەلدۇق، مەن شۇ يەردە باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈردۇم. كېيىن قاراتالغا كەتتۇق. قاراتالدا بىر قىش قىشلاپ، يازغا ئۇلاشقاندا كۇچاغا كەتتۇق. ئاتام ھۈنەر قوغلىشىپ، مۇشۇنداق سەرگەردانلىق تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۈچ يىل بۇرۇن ئاقسۇنىڭ كونا مەپىخانىسىغا كېلىپ ئورۇنلاشتۇق. شۇ يىلى قىشتا ئاتام ئۆلۈپ كەتتى. مەن ئاغرىقچان ئاپام بىلەن قالدىم.
— ئۇكام، سەن كىچىك تۇرۇپ ل. مۇتەللىپ بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالدىڭ؟
كېسەل مەھبۇس كامېر ئىچىدىكى بۇ سۆھبەتنى پەللىمۇپەللە چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا باشلىدى. لېكىن ئوسمان، مەمەت ئەيسا بىلەن ھېكىمنىڭ رەزىللىكىنى ئېسىگە كەلتۈردى - دە:
— خاپا بولماڭ، ئاكا، مەن «ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ئەمدى بىلىۋالدىم. سىزگە يۇقىرىدىكىدىن ئارتۇق سۆزلەپ بېرەلمەيمەن، — دېدى كېسەل مەھبۇسقا.
— مەن سېنىڭ قەلبىڭنى چۈشەندىم، ئۇكا، بىراق، بىر - ئىككى قېتىم ئازغىنىڭ ئۈچۈنلا مۇشۇنداق چۈشكۈنلىشىش يولىغا قاراپ ماڭساڭ، توخۇ يۈرەك بولۇپ قالىسەن - دە، ئاخىرى بېرىپ تەركىدۇنيالىق ۋە قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان جۈرئەتسىزلىك خاتالىقىغا گىرىپتار بولۇپ قالىسەن. مېنىڭ يېشىم سېنىڭكىدىن چوڭ، مەن سېنىڭ ئاتاڭ بىلەن تەڭ دېمەت-



لىك بولۇشۇم مۇمكىن، مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەرنىڭ مىڭدىن بىرىنىمۇ سەن تېخى كۆرمىگەن، مەن ھېلى سەن دېگەن «ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى يۈزمىڭ قېتىم سىناقتىن ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان، لېكىن چۆچۈپ كەتكىنىم يوق.
— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئوسمان كېسەل مەھبۇسنىڭ سۆزىگە يەنىلا ئىشىنەلمەي، — سۆزنى بۇنىڭدىن كېيىن تەڭ قىلايلى، سۆزنىڭ يېرىمىنى سىز قىلىڭ، يېرىمىنى مەن قىلاي، بېشىمىزغا كەلسە تەڭ كۆرەيلى.
— تەڭ كۆرمەيلى، — دېدى كېسەل مەھبۇس كۈلۈپ تاشلاپ، — بولدى مەنلا كۆرەي، ئۇكا. سېنىڭ ئالدىڭدا ھازىر ئىنتايىن چوڭ سىناق تۇرۇپتۇ. سېنى ئۇلار بۇ تۈرمىگە بىكارغا ئەكىرىشمىگەن. سەن ۋاڭ ساۋزېننىڭ ئۆيىدە قۇيرۇقۇڭنى جاسۇسلارغا تۇتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، سېنى يەنىمۇ شەرمەندە قىلىش ئۈچۈن، ل. مۇتەللىپنى سوراق قىلغاندا، سوراق ئۈستىگە سېنى گۇۋاھلىققا ئاچىقىدۇ. ئۇلار سېنىڭدىن ل. مۇتەللىپنى سېتىپ بېرىشنى، ئۇنى قارىلاش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۈتىۋاتقىنى شۇ! قانداق قىلماقچىسەن؟!
كېسەل مەھبۇس ئوسماننىڭ ئەجەللىك يېرىنى تۇتۇۋالدى. ئوسمان بۇنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى - دە، كامېرنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. ئاخىرى ئۇ جېنىنىڭ بارىچە تېپىپ، كامېر سۇپىسىنىڭ بىر بۇرجىكىنى بۇزۇپ تاشلىدى، ئاندىن غەزەپلىنىپ، كامېر ئىشىكىنى بۇزغىلى ماڭغاندا:
— ئۇكام، بېرى كەل، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، سىناق تېخى كېيىن، كارامىتىڭنى سوراقچىنىڭ ئالدىدا كۆرسەت. بىز ھازىر ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن سۆزلىشەيلى. بىزنىڭ بۇ ھېكايىمىز ئۇزۇن ھەم ئەھمىيەتلىك. بۇ سۆزلەرنىڭ ساڭا پايدىسى

كۆپ، — دەپ كېسەل مەھبۇس ئۇنى يەنە قىچقاردى.

ئوسمان، كېسەل مەھبۇسنىڭ بۇ سۆزىدىن كېيىن سەل پەسكويغا چۈشۈپ:

— ماقۇل، ئاكا، سىزنى ئايىمىسام، بۇ دوزاخنى بۇزۇپ چىقىپ، ھېكىم بىلەن مەمەت ئەيسانى سويۇپ تاشلايتتىم، — دېدى.

— توغرا ئېيتىسەن، لېكىن سەن تېخى نادان، ھېكىم بىلەن مەمەت ئەيسا پەردە ئالدىدىكىسى، پەردە ئارقىسىدىكىسىنى بىلەلىسەڭ، ئاندىن ئەقلى كامالەتكە يەتكەن ۋىجدان ئىگىسى بولالايسەن.

— ھە، تېخى مۇنداق دەڭ.

— شۇڭا، ئاۋۋال ھېكايە ئاڭلا، دەۋاتىمەن. سەن بايا مەندىنمۇ گۇمانلاندىڭ، مەن ئاز كۈندە ئۆلۈپ كېتىمەن. سەن يېتىم بالا ئىكەنسەن، يېنىمدا ئازراق پۇل بار، ئۇنى ساڭا خالىسانە قالدۇرۇپ كېتىمەن، ئاغرىقچان ئاناڭغا چىقىرىپ بەر، ئانالىڭ نامىزىدا روھىمغا دۇئا قىلىپ قويسىلا بولىدى.

— ئاكا، سىز ھازىر خېلى ياخشى تۇرۇۋاتىسىز، نېرى - بېرى ئىشنى يادىڭىزغا كەلتۈرمەڭ.

— ياق، ئۇكام، كېسىلىمنى ئۆزۈم بىلىمەن، يۈرىكىمنىڭ تازىسى يوق.

كامېر ئىشىكىنىڭ قۇلۇپ - زەنجىرلىرى جاراق - جۇرۇق قىلدى - دە، ئىشىك ئېچىلىپ، گۈندىپايلار چۈشلۈك تاماق ئەكىردى. ئوسمان بىر قاچا شىغەن ۋە قوشۇپ بېرىلگەن يېرىم زاغرا ناننى ئېلىپ، ئاغرىقنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويۇپ، ئاندىن ئۆزىگە تېگىشلىكنى بېرىپ ئالدى. گۈندىپايلار كامېر ئىشىكىنى تاقاپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئوسمان جان - جەھلى بىلەن ئىشىككە ئېسىلىپ تاقاتقۇزمىدى.

— ھە، نېمە گېپىڭ بار؟ — دېدى گۈندىپايلاردىن بىرى،



ئوسمانغا دېۋەيلەپ كېلىپ.

ياغاق يۈز، قارا چوقۇر، يېشى ئەللىكتىن ئاشقان بۇ گۈندىپاينىڭ قولىدا بىر تۆمۈر ھالقىغا بېكىتىلگەن بىرەر يۈزدەك ئاچقۇچ تۇراتتى. باشقا گۈندىپايلار بۇ جايدا بىر - ئىككى يىللا ئىشلەپ، قىساس تۇتۇشتىن قورقۇپ، بىر ئىلاج قىلىپ كەسىپ ئالماشتۇرۇپ كېتەتتى. لېكىن بۇ گۈندىپاي بولسا مۇشۇ ئىشنى ئەڭ ياخشى كەسىپ دەپ قاراپ، ئۆمۈرۋايەتلىككە تاللىۋالغانىدى. ئۇ، «ئەلقىساسۇمىنەلھەق»نى زادى چۈشەنمەيدىغان مەخلۇق ئىدى. ئۇ، قولىدا تۆمۈر ھالقىغا بېكىتىلگەن تۇرمە ئاچقۇچلىرىنى دائىم شاراقلىتىپ، ئوينىتىپ ماڭاتتى. ئاچقۇچلارنىڭ شاراقلىغان ئاۋازىدىن خۇشال بولۇپ كېتەتتى. ئۇ، مۇشۇ ئاچقۇچلىرى بىلەن نۇرغۇن ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەرنى سېپىل تېگىدىكى خەندەك ئازگاللىغا كۆمۈۋەتكەنىدى. ئۇ، مەھبۇسلارنىڭ ئائىلىسىدىن كەلگەن پۇل - پۈچەك، مال - مۈلۈكلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى يۇتۇپ كېتەتتى. ئۇ كۈندىن - كۈنگە سەمرىپ، پۇتى، قولى ۋە بويىنى قىسقا، قورسىقى يوغان، قۇلىقى غەلىتە چوڭ بىر مەخلۇققا ئايلانغانىدى.

— ئاۋۇ ياتقان كىشى كىم؟ — سورىدى ئوسمان، غەزەپ بىلەن گۈندىپايدىن.

— بۇ يەرگە كىم كىرەتتى؟ جىنايەتچى بولمامدۇ؟ — دېدى گۈندىپاي تەلۋىلىك بىلەن.

— ئۇ كىشىنىڭ جىنايىتى نېمە؟

— ئۇنى ۋۇ جۇيجاڭدىن سورا!

— ئۇنىڭدىن باشقا بىلىدىغانلار يوقمۇ؟

— خوجايىن بىلمەي، باشقىلىرى قانداق بىلىدۇ؟

— سەن بۇ ئادەمنىڭ كېسەللىكىنى بىلەمسەن؟

— ئۇنىڭ كېسەللىكى بىلەن كارىم يوق، ئۆلسە كۆمۈپ تاشلايمەن.

— بۇ كىشى ئۆلۈپ كەتسە، ساڭا نېمە پايدىسى بار؟ — دېدى ئوسمان يەنە گىنجىڭلىكىگە ئېلىپ تۇرگۇن قىياپەتتە.

گۇندىپاي ئوسماننىڭ غەزىپىدىن بىرئاز چۆچۈپ، يەنە ئارتۇقچە تەتۇرلۇك قىلىپ تۇرۇۋالالمىدى. چۈنكى ھازىر ئۇنىڭغا كاجلىق پايدا بەرمەيتتى. گۇندىپاي يا ئالدىغا ماڭالماي، يا تىلىغا گەپ كەلمەي، غىققىدە بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

— ياتقان كىشى، — دېدى ئوسمان يەنە، — يۈرەك كېسىلى بار، جىنايىتى يوق كىشى. سەن ئەتە ماۋۇ پۇلغا بىر قۇتا يۈرەك ئاغرىقى دورىسى يەتكۈزۈپ بېرىسەن. بىر سىبۋەت تاتلىق ئۆرۈك كىرگۈزۈپ بېرىسەن. مانا ماۋۇ بەش سوم تاپان ھەققىڭگە.

— بولىدۇ، بولىدۇ، — دېدى گۇندىپاي، ئوسماننىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇپ.

## 2

گۇندىپاي كامېر ئىشىكىنى تاقاپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، جېنىدىن تويۇپ تۇرغان ئوسمان ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىقىدىن رازى بولۇپ، كۈلۈمسىرەشكە باشلىدى. كېسەل مەھبۇس بولسا، ئوسماننىڭ قاراملىقىدىن مەززە قىلىپ كۈلۈپ كەتتى.

ئىككىيلەن ئاللىقاچان سوۋۇپ قالغان تاماقنى يەپ بولۇپ، بايىقى سۆھبەتنى داۋاملاشتۇردى:

— ئاكا، سىز قانداق قىلىپ يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدىڭىز؟

— ئوبدان سورىدىڭ، ئۇكام، ئەگەر بۇ نەس ئۆيدە يالغۇز يېتىپ ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، ئارماندا كەتكەن بولاتتىم ... مەن ئەسلىي ئۈستۈنئاتۇشتىن، كەسپىم تىجارەتچى. مەن يېقىندا ئىككى ھارۋىغا زىلچا - گىلەم، شايى - ئەتلەس ۋە قەشقەر ھەزرىتىنىڭ شاتىۋارىنى بېسىپ ئۈرۈمچىگە كېتىپ باراتتىم. ئۆتكەن



ئاينىڭ بېشىدا باينىڭ سايرام، قىزىل يېزىلىرىدىن ئۆتۈپ داۋانغا بارغاندا، داۋاننى توسۇپ تۇرغان كۆچادىكى قورچاق ئاتلىق قىسىمنىڭ چېرىكلىرى ھارۋىدىكى ھەممە نەرسىلىرىمنى بۇلاپ كەتتى. مەن قارشىلىق كۆرسەتتىم. ئۇلار: «ئىلى ئوغرىلىرىغا سوۋغات قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغان مال» دەپ تۆھمەت قىلدى. مەن: «ئۈرۈمچىگە ئېلىپ ماڭدىم» دېدىم. ئۇلار: «بۇ بىزنىڭ ئولجىمىز» دېدى. مەن: «بۇ، بۇلاڭچىلىق! پۇقرانىڭ مېلىنى ئولجا ئالغان نەدە بار؟» دېدىم. ئۇلار يولسىزلىق قىلدى. مەن بۇ ناھەقچىلىككە چىداپ تۇرالماي، مال - مۈلكۈمگە ئېسىلدىم. قاراقچىلار ئەللىكتىن ئارتۇق كىشى ئىدى. ئۇلار مېنى بېسىۋېلىپ، مەيدەمگە ئارقا - ئارقىدىن دەسسەشتى. مەن ھوشۇمدىن كېتىپ قېلىپتىمەن. ئارقىدىن مېنى ھارۋىغا ياتقۇزۇپ، بەش ئەسكەر يالغان مەلۇمات بىلەن مۇشۇ تۈرمىگە ئەكېلىپ بېرىشىپتۇ.

كېسەل مەھبۇس سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، تىنىقىدىن توختاپ قالغاندەك بولدى. ئۇ، ئىككى كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى، يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تارامىلاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياش بۇرنىنىڭ ئىككى يېنىدىن ئېقىپ چۈشكەن پېتى، قاپقارا بۇرۇتىنىڭ ئۈستى تەرىپى بىلەن ئىككى جاۋغىيىغا بېرىپ توختاپ قالاتتى.

ئوسمان قولياغلىقىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئەلەملىك كۆز ياشلىرىنى ئاستا سۈرتۈپ قويدى. قورقۇپ كەتكەن ئوسمان ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقتى، ئۇنىڭ تومۇرى سۇس سوقۇۋاتاتتى.

— ئۇكام، قورقما، تېخى بىر - ئىككى كۈنلۈك ئۆمرۈم بار، — دېدى تىجارەتچى تەسلىكتە، — ھېچبولمىغاندا، ھېكايەم تۈگىگۈچە، جېنىم چىقىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. باياتىن بىرئاز ئايلىنىپ كېتىپ قېلىپتىمەن.

— ئاكا، — دېدى ئوسمان كۆڭلى تىنغاندىن كېيىن، يەنە سوئال سوراپ، — سىز ئوقۇغانمۇ؟

— ئوقۇغان، ئۇكام. كىچىكىمدە دىنىي مەكتەپتە، كېيىن يەنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. مەن قەشقەردە باشلانغان يېڭى مائارىپنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد ئوقۇغۇچىسى. مەن ئوقۇغان مەكتەپنى «مەھمۇدىيە»[①] دەپ ئاتايتتى. مەن ئەڭ ياخشى ئوقۇغانلارنىڭ بىرى ئىدىم.

— ئۇنداق بولسا، سىز نېمىشقا ئوقۇتقۇچى بولماي، تىجارەتچى بولۇپ قالدىڭىز؟

— بۇ، تاللاش مەسىلىسى، ئۇكام، مەن ئەسلىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئۆمرۈمنى مائارىپقا بېغىشلىماقچىدىم. كېيىن پۇل بولمىسا مائارىپنى يولغا قويغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدىم. پۇل ئۇ چاغلاردا سودا - تىجارەت يولى بىلەن قولغا كېلەتتى. سودا - تىجارەت بولسا يۇرت ئايلىنىش ئارقىلىق ئاقاتتى. شۇنداق قىلىپ، مەن ھەم تىجارەتچى، ھەم ساياھەتچى بولۇپ قالدىم.

مەھبۇس سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭ ئويىغا ماڭغان - تۇرغان يەرلىرى كېلىۋالغان بولسا كېرەك، يەنە كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ئۇ، ماركوپولو[②] دەك جاھاننى بىر ئايلىنىپ چىقالمىسىمۇ، لېكىن مۇشۇ ئۆلكە دائىرىسىدە ھەممىلا يەرنى بىر نەچچە قېتىمدىن ئايلىنىغانىدى.

— سىز خوتەنگە بارغانمۇ؟ — دېدى ئوسمان، تىجارەتچىنى يەنە سۆزگە تەكلىپ قىلىپ.

— قىزىق ئىكەنسەن، ئۇكام، خوتەنگە بارمىغان كىشى تىجارەتچى ھېسابلانمايدۇ. خوتەن — زىلچا - گىلەم، شايى - ئەتلەسنىڭ ماكانى. بۇ نۆۋەت قىزىلدا قاراقچىلار بۇلاپ كەتكەن ئىككى ھارۋا مېلىم ئۆتكەن ئايدا خوتەنگە ئۆزۈم بېرىپ ئەكەلگەن

① «مەھمۇدىيە» — 1934 - يىلى قەشقەردە مەھمۇد مۇھىتى (1895 — 1944) نامىغا قۇرۇلغان يېڭى مەكتەپ.
② ماركوپولو (1254 — 1324) — ئاتاقلىق ئىتالىيە ساياھەتچىسى. ئۇ 1271 - يىلى شىنجاڭنى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ كۆپ يەرلىرىنى ئايلانغان. ئىچكىرىدە ئون يەتتە يىل تۇرۇپ، نۇرغۇن ئۆلكىلەرنى كۆرگەن. ئۇنىڭ «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرى بار.



زىلچا - گىلەم، شايى - ئەتلەسلەر ئىدى. مەن بۇرۇنمۇ خوتەنگە دائىم باراتتىم.

— خوتەندە ياش ئۆلۈپ كەتكەن شائىر ئەمەت غوپۇرنى تونۇمسىز؟

— تونۇيمەن، ئۇ ئاقسۆڭەك شائىر ئىدى. ئۇ، بوي - تۇرقى كېلىشكەن، زېھنى ئۆتكۈر يىگىت بولۇپ، خوتەن خەلقى ئارىسىدا چوڭ ئابرۇيغا ئىگە بولغان. ئەپسۇسكى، ئۇ ياش تۇرۇپلا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ «يادىكار» تەخەللۇسى بىلەن يازغان شېئىرلىرىنى خوتەن خەلقى ھېلىمۇ قىزىقىپ ئوقۇيدۇ.

ئوسمان بۇنى ئاڭلاپ، بىر نەچچە مىنۇتچە يەرگە قاراپ جىم تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى، لېكىن ئوسمان كېسەل مەھبۇسنى تەقەززا قىلماي، دەرھال ئۆزى سۆز باشلىدى:

— ئاكا، سىز بىر ئاز دەم ئېلىڭ، چارچاپ كەتتىڭىز، ھېكايىمىز بىر - بىرىگە ئۇلىنىدۇ، بۇ ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئەمدى مەن سۆزلەپ بېرەي:

ئەمەت غوپۇر مېنىڭ نەۋرە ئاكام بولىدۇ. ئۇ ئۆرۈمچىدە ئوقۇغان چېغىدىلا ل. مۇتەللىپ ۋە بىلال ئەزىزى بىلەن تونۇشقان ھەم دوست بولۇشقانىكەن. بىلال ئەزىزى ئاقسۇغا كەلگەندە، ئاكام خوتەنگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەتكەن. بىلال ئەزىزى بىلەن ئۇ دائىم خەت يېزىشىپ تۇراتتى. بىلال ئەزىزى ئاقسۇ كونىشەھەردىن يېڭىشەھەرگە كەلسىلا ئانامنى يوقلاپ تۇراتتى ھەم خەت كەلدىمۇ دەپ سورايتتى. ئاكام ماڭا خەت يازسا، بىلال ئەزىزىگە سالام ئېيتىشىمنى ھاۋالە قىلاتتى. مەن ئاتايىن كونىشەھەرگە كىرىپ، بىلال ئەزىزىگە ئاكامنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ قوياتتىم. ئۇ چاغدا ل. مۇتەللىپ تېخى ئاقسۇغا كەلمىگەنىدى. ئاكام ئۆلۈپ كەتكەندە، بىلال ئەزىزى ئۆزى پۇل چىقىرىپ، بىزنىڭ ئۆيدە ئاكامنىڭ نەزىرىنى قىلىپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى چوڭقۇر مۇھەببەتنى ئەنە شۇنىڭدىن ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ل. مۇتەللىپ

ئاقشۇغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىلال ئاكام لۇتپۇللا ئاكامنى ئۆيىمىزگە كۆپ قېتىم باشلاپ كەلدى. كېيىن مۇنىرىدىن غوجا ئاكاممۇ كېلىدىغان بولدى. ئانام ھېكايىچى ئايال ئىدى. ئۇلار ئولتۇرۇپ ئانامدىن ھېكايە ئاڭلايتتى. مېنىڭ ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ قېلىشىم ئەنە شۇ ئەمەت غوپۇر ئاكامنىڭ ھۆرمىتى ئارقىلىق بولغان.

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى تېخى ئاياغلاشمىغانىدى. كېسەل مەھبۇسنىڭ قىزىتمىسى يەنە ئېشىپ كەتتى. ئوسمان ئىككى قولىنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە قويۇپ، ئۇزۇنغىچە قاراپ ئولتۇردى. دىگەر ۋاقتىدا، كامېرنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، گۇندىپايلار كەچلىك تاماق ئەكىردى. بىر سېۋەت كىشمىش ئۆرۈكنى كۆتۈرۈپ كىرگەن گۇندىپاي:

— پۇلۇڭغا يەنە ئىككى سېۋەت ئۆرۈك كېلىدۇ. قالغىنىنى ئەتە - ئۆگۈنگىچە يەتكۈزۈپ بېرىمەن، — دېدى ئوسمانغا قاراپ.

— بولىدۇ، لېكىن، ماۋۇ كېسەلنىڭ ھالى ئېغىر، يۈرەك ئاغرىقى دورىسىنى تېزرەك يەتكۈزۈپ بەر، — ئوسمان دورا توغرىسىدا گۇندىپايغا يەنە جېكىلەپ قويدى.

تۈرمىنىڭ تەمسىز تامىقى ئۇنىڭ گېلىدىن ئۆتمىدى بولغاي، كېسەل مەھبۇس تاماق يېگىلى ئۇنىمىدى. ئوسمان ئىلاج قىلالماي، كىشمىش ئۆرۈكتىن زورلاپ، ئاران دېگەندە ئون نەچچىنى يېگۈزدى. بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، كېسەلنىڭ قىزىتمىسى بىرئاز پەسەيدى ۋە ئارام تېپىپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئوسمانمۇ ئۆزى يالغۇز خىيال سۈرۈپ، بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسى ئوسمان ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ قارىسا، ئاغرىق مەھبۇس تورۇسقا قاراپ، خىيال سۈرۈپ يېتىپتۇ.

— ئاكا، ئەھۋالىڭىز بۈگۈن قانداقراق؟ — دېدى ئوسمان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ.



— رەھمەت، ئۇكام، قىزىتمام يانغاندىن كېيىن، بىرئاز ئارام ئالدىم.

— ئاخشامقى كىشمىش ئۆرۈكتىن، — دېدى ئوسمان، — تومۇرىڭىزنىڭ ئوچۇق چېغىدا ئازراق يەپ باقامسىز؟

ئۇ ماقۇل بولغاندىن كېيىن، ئوسمان يەنە ئون نەچچە ئۆرۈكنى تاللاپ، ئاغرىققا يېگۈزدى. بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار يەنە تۈنۈگۈن باشلىغان ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن ئەزەلدىن ھاراق - شاراب ئىچمەيتتىم. ئانام ھاراق - شاراب ئىچىشنى «ھارام» دەپ يامان كۆرەتتى ۋە مېنى بۇ يولغا يېقىن يولاتمايتتى. لېكىن مەن ئىشسىز قالدىم، بولۇپمۇ يېتىملىكتە كۆپرەك ئوقۇيالمىغىنىمغا ئىچىم پۇشاتتى. بېشىم تازا گاڭگىراپ تۇرغاندا، مەھەللىمىزدىكى بىرقانچە بالا «ئىچ پۇشۇقى» قىلىمىز، دەپ باشلاپ بېرىپ، مەيخانىدا ماڭا ھاراق ئىچكۈرۈپ قويدى. مەن ئانامدىن تەپ تارتىپ، ئۆيگە بارالمىغان كېچىلىرىممۇ بولدى. «دوستۇڭ قاغا بولسا، يېيىشىڭ پوق» دېگەن راست ئىكەن. باشقىلار مېھمان قىلسا، يەپ - ئىچىۋەرسەم بولماس، دەپ مەنمۇ مېھمان قىلدىم. ئەمما پۇلۇم بولمىغاچقا، چىن شيەنسېڭ دېگەن مەيپۇرۇشقا بىرمۇنچە قەرزدار بولۇپ قالدىم. بىر كۈنى رەستىدە تۇرسام، بۇرۇن مەن بىلەن ئازراق ھاراق ئىچىشكەن مەمەت ئەيسا ئۇچراپ، مېنى چىن شيەنسېڭنىڭ مەيخانىسىغا باشلاپ ماڭدى. ئۇنىڭ بىلەن ئىچىشتۇق، قەرزىمنى تۆلەپ قويدى. ئاندىن ئۇ، مېنى ۋاڭ ساۋرىننىڭكىگە ئاپاردى... بۇ ئەھۋالنىڭ باش - ئايىغىنى سىزگە تۈنۈگۈن ئېيتىپ بەردىم. بۇنىڭ ئاقىۋىتىگە ھازىر مېنىڭ ئەقلىم يەتمىدى.

— ئۇكام، سەن، — دېدى كېسەل مەھبۇس، — مۇشۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ۋىجدانىڭ بىلەن ئويلىنىپ، بايا مەن دېگەندەك، ئالدىڭدىكى قاتتىق ئىمتىھانغا قەھرىمانلىق بىلەن جاۋاب بېرەلىسەڭ، ئۇ چاغدا سېنىڭ مەڭگۈ شان - شەرىپىڭ بولىدۇ.

مۇشۇ تەرەپنى ئويلاشتىڭمۇ؟
— ياق، پەقەت ئۆلۈۋېلىشنىلا خالاۋاتىمەن.
كېيىن مەھبۇس ئوسماننىڭ خىيالىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىش يولىدا، كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى:
— ئۆلۈۋېلىش نامەردلىك بولىدۇ ھەم ئۇ ساڭا بىرمۇنچە بەتناملارنى كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. دۈشمەننى كۈلدۈرىدۇ، دوستلار-نى يىغلىتىدۇ. دۈشمەن بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئوق يەپ ئۆلگەن — ئەڭ چوڭ شەرەپ! ئوق يېگەندىمۇ ئالدى تەرەپتىن يېيىش شەرەپ، ئارقا تەرەپتىن ئوق يېسە، ئوغۇزخان[1] خاپا بولىدۇ...
شائىر ل. مۇتەللىپنىڭ ئالدىدا، ئاكاڭ مەرھۇم شائىر ئەمەت غوپۇرنىڭ ئالدىدا قارا يۈز بولۇپ قالمايمەن دېسەڭ، ئاكاڭدەك شەرەپكە ئىگە بولىمەن دېسەڭ، سېنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولۇڭ — باتۇرلۇق ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىش. شۇ چاغدا سېنى خەلق ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ، خۇددى ئاكاڭنى خوتەن خەلقى ئۇنتۇمىغاندەك!
بۇ سۆزلەر ئوسماننىڭ قەلبىگە يېڭى كۈچ بېرىشكە باشلى-دى. ئۇ، ئاغرىقنىڭ كۆزىگە مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلىپ قارايتتى.
— جىگىرى بار ئوغۇل بالا، — دېدى مەھبۇس يەنە، — ئەنە شۇنداق بولۇشى لازىم. جەڭ، زىندان، تۈرمە — ئەڭ باتۇر ئادەملەرنىڭ ئىرادىسىنى سىنايدىغان ئىمتىھان مەيدانى... مەن نۇرغۇن شەھەر - يېزىلارنى كۆردۈم، نۇرغۇن قەھرىمانلارنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى، نەزم - رۇبائىيلىرىنى ئاڭلىدىم، ئوقۇ-دۇم. مەن سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدا، شۇ نەزمدىن تۆتنى ساڭا سوۋغا

① ئوغۇزخان — مىلادىيەدىن بۇرۇن ياشىغان مەشھۇر سەركەردە. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ جەڭدە ئۆلگەن ئەسكەرلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە بۇيرۇق بېرىدىكەن، ئالدىدىن ئوق تېگىپ ئۆلگەنلەرنى شەرەپلىك ئۆلۈم، كەينىدىن ئوق تېگىپ ئۆلگەنلەرنى شەرمەندىلەر، بىقارار - قاچاق-لار، دەپ باھالايدىكەن.



قىلاي. سەن ئۇنى ئېسىڭدە چىڭ ساقلا، ئەڭگۈشتەر ئورنىدا بىل.
مەھبۇس يېنىدىن قارا كۆمۈرگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان كىچىككىنە بىر پارچە يۇمشاق قارا مەدەن تاشنى ئالدى - دە، ئوسمانغا تۇتقۇزۇپ، كامېرنىڭ شەرقىي تېمىغا بىرىنچى رۇبائىي-نى چىرايلىق يېزىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئوسمان ئورنىدىن تۇردى ۋە مەھبۇسنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن تامغا كۋادرات شەكلىدە دائىرە سىزىپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەھبۇس رۇبائىينى ئېيتىش-قا باشلىدى:

شەرقىي تامغا

— تۆمۈر خەلىپە خاتىرىسىدىن:

سۇپۇرسەم، دەر ئىدىم ۋالىڭ[1]نى قوشۇپ بىرگە يەنە يالىڭ[2]نى،
قۇمۇل ئاسمىنىدا دەھشەت بولۇپ يۈرگەن قارا چاڭنى.
قولۇمغا چىقتى ئايپالتا، شۇ كۈن دۇلدۇلغا ئاتلاندىم،
كۆرۈپ تاغ ئۈستىدە چولپان، دېگەنتىم بىر سۆيەي تاڭنى.

× ×

شىمالىي تامغا

— ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خاتىرىسىدىن:

يۈرەككە ئوق تېگىپ ياتسام ئىدى ئاستانىدە ھەي - ھەي،

① ۋالڭ — قۇمۇل ۋالىي شامەخسۇت.
② يالڭ — يالڭ زېڭشىڭ.

مازارىم گۈل قوچۇپ قالسام ئىدى بوستانىدا ھەي ـ ھەي.
ۋەتىنىڭ دانە تۇپرىقى گويا ئالتۇن، ھىدى زەپەر،
تەۋەررۇك نامىنى يازسام ئىدى داستانىدا ھەي ـ ھەي!

جەنۇبىي تامغا

— خوتەن تۈرمىسىدىن خەت:

«شۈبھىتلەر يۇرتى» دەپ بەردى، بۇ تارىخ شان ـ شەرەپ ئۇنۋان،
چېپچەكلەپ ساپ قېنى، «دارىلشاساكىر»①دا بوۋام ياتقان.
«شۈبھىتلەر» ئىزىدىن ئەۋلادىمۇ جەڭدە مىنىپ تۇلپار،
دىيان: ھۆرلۈك ئۈچۈن ئەجدادىمىز شۇنچە قەسەم يۇتقان.

× ×

غەربىي تامغا

— يەكەن مەھبۇسلىرىدىن خەت:

«پىرىم» دەپ قوم ئارا، شاخلار قادالسا سەجدە قىلدۇق بىز.
بېشىدا ئايلىنىپ تائەت سەھەر ـ كەچلەردە قىلدۇق بىز.
تۇفى! ئايپاق②، سېنىڭ ئۈچۈن، تاۋاپ قىلىپ تۆكۈلگەن ياش!!!
بۇ سۆزنى پۈتتا ئىشكەل، قولدا كويزا، دەردتە قىلدۇق بىز.

## 3

ئاتۇشلۇق مەھبۇس بىلەن ئوسمان يۇقىرىقى رۇبائىيلارنىڭ

① «دارىلشاساكىر» — 1860 ـ يىللاردا خوتەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ قاتناشچىلىرى قۇربان بولغان مازار. قوزغىلاڭنى كېيىن بەدۆلەت باستۇرۇۋەتكەن.
② ئايپاق — ھىدايىتۇللا خوجا ئىشان كۆزدە تۇتۇلغان.



مەيدانغا كېلىشىدىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى سۆزلىشىپ، ياتالغۇ ۋاقىت بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قېلىشتى. لېكىن مەھبۇسنىڭ تارىخىي ھېكايىسىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ئوسماننىڭ كۆزىگە زىنھار ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇ پۈتۈن بىر كېچە كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزۇۋەتتى.

ئەتىسى تۈرمە كامېرىغا يورۇق چۈشكەن ھامان ئوسمان كېسەل مەھبۇستىن يىپ ـ يىڭنە سورىۋالدى ـ دە، ئىچ مايكىسىنى سېلىپ، مايكىنىڭ ئالدىغا ل. مۇتەللىپ يازغان تۆۋەندىكى مىسرالارنى كەشتىلەپ تىكىپ چىقتى:

كەسكىن مىنۇت يېتىپ، جېنىڭغا كەلسە ئىمتىھان،
دېمە ھەرگىز قۇربان بېرەيمۇ يە ياق!
......

ئوسمان كەشتىنى خېلى ئۇزۇندا پۈتتۈردى ۋە مايكىسىغا كەشتىلەپ چىققان شېئىرنى كېسەل مەھبۇسقا كۆرسىتىپ:

— ئاكا، قاراڭ ماۋۇ كەشتىلەنگەن شېئىرنىڭ تىكىلىشى بولۇپتۇمۇ؟! — دېدى.

— بارىكاللا، ئوكام، بۇ شېئىرنى دەل يۈرىكىڭنىڭ ئۇدۇلىغا كەلتۈرۈپ كەشتىلەپسەن! — دېدى ئوسمانغا مەھبۇس كەشتىلەنگەن شېئىرنى ئوقۇپ چىقىپ.

— يالغۇز يۈرىكىمنىڭ ئۇدۇلىغىلا ئەمەس، دەل يۈرىكىمنىڭ ئۆزىگە كەشتىلىدىم. بۇ، لۇتپۇللا ئاكام يازغان شېئىر!...

گۈندىپايلارنىڭ ئاچقۇچلىرىنى شاراقلىتىپ كېلىشى ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئۈزۈپ قويدى. تۈرمە ئىشىكى ئېچىلدى، گۈندىپاي كامېرغا بىر سېۋەت ئۈزۈك بىلەن دورا كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئارقىدىنلا تۈرمە ساقچىسى بىر ياش مەھبۇسنى ئىتتىر-

گەن پېتى ئەكىرىپ تاشلىدى. گۆندىپاي بۇ كامىرنىڭ تامىقىنى
تارقىتىپ بولغاندىن كېيىن، تۈرمە ئىشىكىنى تاقىدى ۋە باشقا
كامىر تەرەپكە كەتتى. ئوسمان كېسەل مەھبۇسقا تاماق يېگۈزدى
ۋە دورىسىنى ئىچۈردى، ئاندىن يېڭى كىرگەن ئۆسمۈر مەھبۇس
بىلەن پاراڭ باشلاپ، ئۇنىڭدىن:
— قادىر، سەن بۇ يەرگە ھازىر كېلىشىڭمۇ؟ نېمىشقا كى-
رىپ قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى.
ئوسمان بىلەن قادىر كونا مەپىخانىدا بىرگە ئويناپ چوڭ
بولغان، بىر - بىرى بىلەن تونۇش بالىلار ئىدى. قادىر بولسا
شەھەر بويىچە ماھىر يانچۇقچى بولۇپ، كىچىكلىكىگە باقماي،
چوڭ يەپ، چوڭ ئىچەتتى، تاماكا چېكەتتى. ئوسمان سوئال
سورىغاندا، ئۇ ئالدىرىماي - تەمتىرىمەي يانچۇقىدىن بىر كىچىك
موخۇركا خالتىسىنى ئېلىپ، خۇددى چوڭ كىشىدەك ئورىدى -
دە، تۇتاشتۇرۇپ چېكىشكە باشلىدى. قادىر، ئوسماننىڭ سوئالى-
غا جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن كېسەل مەھبۇسقا قاراپ:
— دادا، مەن يېتىم بالا، ئىسسىق - سوغۇقتا، ئاچ -
توقلۇقتا سەرگەردان بولۇپ، چوڭ بولۇۋاتىمەن. ئالدىلىرىدا
ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ، تاماكا چېكىپ قويدۇم. ئەيىبكە بۇيرۇ-
مىغايلا، — دېدى.
يانچۇقچى بالىنىڭ چاقماقتەك سۆزلىرىنى ئاڭلىغان كېسەل
مەھبۇس كۈلۈپ قويدى ھەم ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشنىڭ ئورۇن-
سىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە، «كېرەك يوق، بالام»
دەپ قويدى. يانچۇقچى ئاندىن ئوسماننىڭ سوئالىغا جاۋاب
بېرىپ:
— مەن تۈنۈگۈن چۈشتە ئاۋۇ سول تەرەپتىكى «ئون بىرىن-
چى نومۇرلۇق» كامىرغا قامالدىم. نېمىشقا قامىلاتتىم؟ مۇشۇ
كۈنلەردە ساقچىلارنىڭ ئاغزىنى قىمارۋاز، ئوغرى، يانچۇقچى.
ساقچىلارنىڭ ئايلىقى ئاز، خوتۇن - بالىلىرىنى باقالمايدۇ. ئۇ-



لارنىڭ ئائىلە كىرىمى يانچۇقچىلاردىن، قىمارۋازلاردىن بولۇۋاتى-
دۇ. مەنسىپى — خۇشامەت ۋە سولامچىلىقتىن بولۇۋاتىدۇ.
ئۆتكەن يىلى مىلىڭ دىڭچاۋ دېگەن جويجاڭغا مۇشۇ يەردىكى لوخور،
ھېكىم، مەمەت ئەيسا ۋە باشقىلار بەس - بەس بىلەن ئاياللارنى
تونۇشتۇرۇپ، سولامچىلىق قىلغانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ؟ مەمەت
ئەيسا دېگە سولامچى خوتۇنىنى بۇگۈزگە يولغا سالىدىغان چاغدا
مېنىڭدىن سەكسەن سوم سورىدى، مەن ئۇ پۇلنى يانچۇقچىلىق
قىلىپ تېپىپ بەردىم. يېقىندا خوتۇنى قايتىپ كەلمەكچى بولغا-
نىكەن، مېنىڭدىن يەنە توقسان سوم سورىدى. مەن بۇ پۇلنىمۇ
يانچۇقچىلىق قىلىپ تاپقانىدىم. كېرەم سوجاڭ بىلىپ قېلىپ،
مەندىن «شېرىنكانە» سورىغان بولۇپ، بۇ پۇلۇمنى قولۇمدىن
موكلا ئېلىۋالدى. بۇنى كېيىن مەمەت ئەيسا ئاڭلاپ قېلىپ ماڭا
قېيىدايدىغان بولۇۋالدى. مېنى كۆرسىلا كۈنلەمچى خوتۇنلاردەك
باتناپ، تەتۈر قاراپ يۈردى. مەن نەدىن بىلەي. ئەسلىدە كېرەم
بىلەن ئىككىسى ئوت بىلەن سۇدەك زىت ئىكەن. «ئېشەككە
كۆچۈك يەتمىسە ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك، مەمەت ئەيسا ئاخىرى
كېرەم سوجاڭدىن ئالالمىغان ئەتتىنى مېنىڭدىن ئالماق بولۇپ،
پېيىمگە چۈشۈپ يۈرۈپتۇ. تۈنۈگۈن چۈش مەھەلدە رەستىدە بە-
خۇدۇك ئولتۇرسام بىر ساقچى تاپا تۆشتىلا مېنى ھەيدەپ كېلىپ،
تۈرمىگە قاماپ قويدى، — دېدى.
— مەن ساقچى ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ خۇي - ئەپھالىنى تو-
لۇق بىلىمەن. بۇ تۆشۈكتىن كىرسەم ئۇ تۆشۈكتىن چىقىپ
كېتەلەيمەن. «ئېشىكىم كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋالغۇچە قازىنىم نە-
زىر» دەپ تۇرۇپ، تۈرمىدىن چىقىۋالغىنىمدىن كېيىن، مەمەت
ئەيسادىن ئۆچۈمنى ئالىمەن، — دەپ قادىر قولىدىكى تاماكىسىنى
بىر شورىۋېلىپ، يەنە سۆزلەشكە باشلىدى.
— ئۇ ساقچى تۈرسا قانداق ئۆچۈڭنى ئالالايسەن؟ — دېدى
ئوسمان.

— سەن تازا ئەخمەق ئىكەنسەن - دە! — دېدى قادىر قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، — مەن بايا دېمىدىممۇ، ھازىرقى ساقچى - پاقچىلىرىڭ، ئەمەلدار - پەمەلدارلىرىڭ قورۇق مەنسەپ كويىدا تەخسە كۆتۈرۈپ يۈرۈشىدۇ، خوتۇنلىرى پۇلنى كۆرسە كۆزى قىزىرىپ، «ۋاي تاتلىقىم» دەيدۇ. بىر يۈز ئەللىك سوم تېپىۋالسام مەمەت ئەيسانىڭ خوتۇنى ماڭا قىزىنى قوشۇپ قويىدۇ، توي قىلماي تۇرۇپمۇ قىزىنى ئۇچتۇرپانغا ئەكېتەلەيمەن! قانداق؟ ئىشەنمەمسەن؟ مۆھۈرلىشەيلىمۇ؟

يانچۇقچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا كېمەل مەھبۇس كۈلۈپ كەتتى:

— ۋاي بالام، بولدى، سۆزلىمەي قوي... ۋاي يۈرەكىم! — دېدى قادىرغا قارىتىپ.

كېمەل مەھبۇس ئۇشتۇمتۇت قان قۇسۇۋەتتى. ئوسمان بىلەن قادىر يۈگۈرۈپ بېرىپ، كېمەلنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئېغىزىغا چاپلاشقان قان ئارىلاش خەپرۇكنى ئېرتتى. ئۇنىڭ قىزىتمىسى يەنە ئۇرلەشكە باشلىدى. ئوسمان يۈرەك دورىسىدىن بىر دانە ئىچۈردى، كېمەل يۆتەلدىن ۋە قۇسۇشتىن توختاپ، سەل ئارام تاپقاندەك بولدى. كامېر ئىچىنى بىرئاز جىمجىتلىق باستى. قادىر ئاستا تۇرۇپ، بىر بۇلۇڭغا بېرىپ، يەنە بىر تال موخوركا ئوراپ تۇتاشتۇردى ۋە بۇرنىدىن ئىس چىقىرىپ بۇلۇڭ تەرەپكە پۈۋلىدى. ئوسمان بولسا لام - جىم دېمەي ئولتۇراتتى.

— قادىر، قېنى سەن؟ — دېدى كېمەل مەھبۇس، بىر ھازادىن كېيىن تەستە كۆزىنى ئېچىپ، — ھازىرقى تۇرمۇشنىڭ جانلىق كارتىنىلىرىدىن بىرى سەن ئىكەنسەن! سۆزلە، كىچىك يولۋاس!

— بولىدۇ، دادا، لېكىن ئاشقازان ئاغرىقى بىلەن يۈرەك ئاغرىقىغا كۈلكە شىپا بولمايدىكەن، دەم ئېلىشىڭىزغا دەخلى يېتىپ قالارمىكىن دەيمەن.



— بىرەر قېتىم بولسىمۇ راھەتلىنىپ، جېنىم چىقىپ كەتسە مەيلى، بالام، سۆزلە.

— بولىدۇ، دادا، — دېدى قادىر سۆزىنى باشلاپ، — مەن بۈگۈن كەچتە چوقۇم بۇ يەردىن چىقىپ كېتەلەيمەن. گەپ - سۆزۈڭلەر بولسا دەڭلار.

— سېنى ھازىرلا مۇشۇ كامېرغا ئەكىرسە، قانداق قىلىپ چىقىپ كېتەلەيسەن؟ — دەپ سورىدى ئوسمان ئىشەنمەي.

— قانداق چىقىپ كەتكىنىمنى كۆرۈپ باق جۇمۇ! مەن سېنىڭ غېمىڭنى يەپ مۇشۇ كامېرغا كىردىم. ساڭا «ئون بىرىنچى نومۇرلۇق» كامېردىن بىر ئاكام ماۋۇ خەتنى يېزىپ بەردى. سەن بۇ خەتكە ھازىرلا جاۋاب بېرىسەن. مەن سېنىڭ خېتىڭنى شۇ ئاكامغا يەتكۈزۈپ بېرىپ، كەچقۇرۇن تۈرمىدىن چىقىپ كېتىمەن.

قادىر يېنىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ئوسمانغا بەردى. ئوسمان خەتنى ئوقۇپ چىقىپ، بىر ئۇھ تارتىپ، لام - جىم دېمەي تۇرۇپ قالدى.

— خەتكە چاپسان جاۋاب ياز دەيمەن! ھېلى، گۈندىپاي كىرسە، بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن.

— بۇ خەتنى راستىنلا مۇنىرىدىن غوجا يازدىمۇ؟ — ئوسمان ئېنىقلاش نەزىرىدە، قادىردىن يەنە سورىدى.

— خەتتە ئىسمى يېزىلماپتۇمۇ؟ — قادىر دەرھال ئۇنىڭغا قايتا سوئال قويدى.

— يېزىلىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟

— سەن مېنىڭ دەردىمنى، بېشىمغا كېلىۋاتقان ئىشنى ئۇقمايۋاتىسەن.

— مەن ھەممىنى بىلىۋاتىمەن، — دېدى قادىر، — مېنى، يانچۇقچىلىقتىن باشقا ئىشنى بىلمەيدۇ، دەمسەن؟ جاسۇس مەمەت

ئەيسا سەن ئارقىلىق نۇرغۇن كىشىلەرنى يوقىتىپ خوجايىنلىرىغا ياخشى كۆرۈنۈپ، بۈگۈرگە جۇيجاڭ بولىمەن، دەپ يۈرىدۇ. سەن ۋاڭ ساۋزىنىڭ مەيخانىسىدا قاپقانغا چۈشكەندىن كېيىن، زىيالىيلارنىڭ نۇرغۇنلىرى قولغا ئېلىندى. ل. مۇتەللىپ ئاكام كوچىدا كۆرۈنمىگىلى بىرنەچچە كۈن بولدى. بىر ئاخشىمى بىرقانچە ساقچى بېرىپ، ئۆيۈڭنى ئاختۇرۇپ، تۆمۈر ساندۇقۇڭدىكى غەزەللەرنى ئەكېتىشتى. ئاناڭ قان يىغلاپ ئولتۇرىدۇ. شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە ل. مۇتەللىپ ئاكام ۋە مۇنىرىدىن ئاكام پۈتۈن ئۆي - بىساتلىرىنى ئاناڭنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن خالىس ياردەم قىلىپ، ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. سەن يەنە مېنى ئۇقمايدۇ، دەمسەن؟!

قادىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئوسماننىڭ پېشانىسىدىن چىپىلداپ تەر ئېقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ مېڭىسىنى بىر تۈتەك قاپلىۋالدى - دە، كۆزلىرى قىزىرىشقا باشلىدى، مۇشتلىرى يەنە قاتتىق تۈگۈلدى. كېسەل مەھبۇس ئوسماننىڭ بۇ روھىي قىياپىتىنى كۆرۈپ، دەررۇ:

— ئوسمان ئۇكا! ئازابلانما، كامېرنىڭ تۆت تېمىغا بايا ئۆز قولۇڭ بىلەن يازغان تۆت نەزمىگە قارا. سەن مايكاڭغا كەشتىلىگەن قەسىمىڭنى ئەسلە! سەن گۇناھسىز، تېخى ساڭا پۇرسەت بار، ئۆزۈڭنى ئاقلىيالايسەن، بۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا غەزەپتىن كۆرە، كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئىرادە كېرەك. سەن مۇنىرىدىن غوجىغا تېز جاۋاب ياز. ئۆزۈڭنىڭ كۈرەش ئىرادەڭنى بىلدۈر، ئۇلارنى خاتىرجەم قىل، مانا بۇ سېنىڭ تېزدىن ئۆتەشكە تېگىشلىك دەسلەپكى بۇرچۇڭ، — دېدى.

كېسەل كىشىنىڭ سۆزى ئوسمانغا قاتتىق تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، ئۇ، ئاۋۋال تامغا يېزىلغان رۇبائىيلارنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى، ئاندىن يەنە قايتىپ كېلىپ، سۇپىنىڭ قىرغىقىدا ئولتۇردى ۋە سۇپا ئۈستىگە سېلىنغان كونا شال پاخ-



لى ئىچىدىن بىر تال قىسقا ياغاچ سۇنۇقىنى ئىزدەپ تاپتى - دە، ئۇنىڭ قاتتىق ئۇچىنى سول بىلىكىنىڭ چوڭ تومۇرى تۇۋىگە تىقىپ يۇرۇپ قان چىقىرىپ، يانچۇق دەپتىرىنىڭ بىر بېتىگە قىسقا قىلىپ، تۆۋەندىكى قانلىق قەسەمنامىنى يازدى:

مۇنىرىدىن ئاكا ۋە سىز ئارقىلىق سەپداشلارغا:

خېتىڭىزنى ئالدىم. نادانلىقىم سىلەرگە ئاپەت كەلتۈرۈپ بەردى. نومۇس، ۋىجدان ئالدىدا ئۆلۈمگە قەرزدارمەن. ئەگەر يېنىمدا ماڭا يول كۆرسىتىۋاتقان بىر ئاتۇشلۇق ئاكام بولمىغان بولسا، ئۆزۈمنى ئاللىقاچان ھالاك قىلغان بولاتتىم. ئەمدى كۈرەش قىلىپ ئۆلۈشكە تەييارلاندىم. ئالدىڭلاردا ئۆزۈمنى چوقۇم ئاقلايمەن! ئىشىنىڭلار، خاتىرجەم بولۇڭلار، ئانامغا ياردەم قىلىپسىلەر، مىننەتدارمەن!

قانلىق قەسەم بىلەن: ئوسمان

ئوسمان خەتنى يېزىپ بولۇپ، ئاتۇشلۇق مەھبۇسقا ئوقۇپ بەردى. مەھبۇس خەتنىڭ مەزمۇنىغا قايىل بولۇپ، تەستىقلىدى. ئاندىن ئوسمان خەتنى قادىرغا بەردى، قادىر خەتنى چىرايلىق قاتلاپ، دوپپىسىنىڭ ئەستىرى ئىچىگە تىقىۋالدى.

— ئاناڭغا ئامانەت سۆزۈڭ بارمۇ؟ — سورىدى قادىر.

قادىرنىڭ سوئالىغا ئوسمان جاۋاب بېرىپ بولغۇچىلىك، تىجارەتچى يېنىدىن دەرھال يۈز سوم چىقىرىپ:

— ئۇكام، بۇ پۇلنى قادىردىن ئاناڭغا چىقىرىۋەت. خەج - خىراجەت قىلسۇن. مەندە پۇل كۆپ، مەن ناۋادا ئۆلۈپ تارتىپ كەتسەم، قالغان پۇلۇمنى ساڭا قالدۇرىمەن. سەن ھەرگىز خىجىل بولما، — دەپ ئوسمانغا سۇندى.

— رەھمەت سىزگە، ئاكا. ئۆمرۈم بولسىلا سىزنىڭ ياخشى-

لىقىڭىزنى قايتۇرىمەن.

ئوسمان ئورنىدىن تۇرۇپ، مەھبۇسنىڭ قولىدىن پۇلنى ئالدى - دە، ئىككى قولىنى كۆكسىگە تۇتۇپ، مىننەتدارلىق بىلدۈردى، ئاندىن پۇلنى قادىرغا سۇنۇپ تۇرۇپ:

— مۇشۇ پۇلنى ئانامغا سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن تاپشۇرۇپ بەر ھەم مۇشۇ قەدىرلىك ئاكامنىڭ خالىس سادىغىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئۇقتۇر، ئانام بۇ ئاكامغا ئاتاپ جامائەتكە نەزىر قىلىۋەتسۇن، ئۆزىمۇ بەش ۋاخ نامىزىدا دۇئا قىلىپ تۇرسۇن، — دېدى.

— ماقۇل، — دېدى قادىر، — مەن بۈگۈن كېچىدىلا بۇ ئامانەتنى ئاناڭنىڭ قولىغا تەگكۈزىمەن. مېنىڭ يېنىمدا ھازىر ئەللىك سوم پۇل بار. ھېلى دۆڭ جەنيۇجاڭ[1] كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئوتتۇز سوم پارا بېرىمەن. ئاندىن «ئون بىرىنچى نومۇرلۇق» كامېرنى ئاچقاندا، ئۇ يەردە چاپىنىم قالغان دەپ، باھانە قىلىپ كىرىپ، خېتىڭنى مۇنبىرىدىن ئاكامغا يەتكۈزىمەن. مەن بايا مۇشۇ كامېرغا كىرىشتە، ساڭا مۇنبىرىدىن ئاكامنىڭ خېتىنى قانداق قىلىپ يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئويلىنىپ، ئاخىرى كامېردىكى بىر مەھبۇس بىلەن يالغاندىن ئۇرۇشۇپ قالغان بولۇپ، بۇ يەرگە چىقىۋالغانىدىم. ئەمدى ئۇلارنىڭ كېلىدىغان چېغى بولۇپ قالدى، مانا ماۋۇ يېنىمدىكى ئۆزۈمنىڭ ئەللىك سوم پۇلۇم، ئۇنىڭدىن ماۋۇ ئوتتۇز سومنى ئايرىۋالدىم، مانا ماۋۇ يىگىرمە سومنى يانچۇقۇمغا سالدىم.

قادىرنىڭ سۆزى ئاياغلاشمايلا، كامېرنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ تۈرمە ئاشپىزى تاماق تارقىتىشقا باشلىدى. قادىر چاققانلىق بىلەن جەنيۇجاڭ دۆڭنىڭ يانچۇقىغا ئوتتۇز سومنى سېلىپ قويدى. بۇنى دۆڭدىن باشقا ھېچكىم سەزمىدى.

— دۆڭ جەنيۇجاڭ، — دېدى قادىر ئۇنىڭغا ئاستا، — ئەتە

---

① جەنيۇجاڭ — تۈرمە باشلىقى.



سىزگە يەنە ئەللىك سوم.

ئۇ بۇلارنى تىل بىلەن ئەمەس، بارماق ئىشارىتى بىلەن ئۇقتۇرغانىدى. دۆڭ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— دۆڭ جەنيۇجاڭ، مېنىڭ چاپىنىم «ئون بىرىنچى نومۇرلۇق» كامېردا قالغان، شۇ يەردىن كېتىپ قالىمەن، — دېدى قادىر يەنە.

قادىر يەنە بارمىقىدا ئەللىك سومنى ئىشارەت قىلدى. دۆڭ دەرھال ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشىگە كۆز ئىشارىتى قىلدى. قادىر قايتىپ كېلىپ:

— ئاكىلار، خوش! مەن سىلەرنى يوقلاپ تۇرىمەن. ئوسمان، ئامانەتنى ئاناڭغا تاپشۇرىمەن. سىلەرگە قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىمەن. خەير، ئاكىلار، ئامان بولۇڭلار! — دېدى ئۇ ئوسمان بىلەن كېسەل مەھبۇسقا.

## 4

گۈندىپايلار كامېر ئىشىكىنى تاقاپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا سىرتتا يەنە ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى. ئوسمان ئورنىدىن تۇرۇپ، تىڭ - تىڭلاپ باقماق بولۇپ تۇرۇشىغا ئىشىك جالاق - جۇلۇق قىلىپ ئېچىلدى. ئىككى ساقچى بىر قازاق مەھبۇسنى كامېر ئىچىگە سولاپ، ئىشىكنى تاقىدى - دە، كېتىشتى.

يېڭى مەھبۇس شالاڭ سېرىق بۇرۇتلۇق، سوزۇق باش، ئورۇق، لېكىن ئۇستىخانلىق، بېشىغا لۆڭگە باغلىۋالغان، ئۇچىسىغا چىبەرقۇت پەشمەت، تېرە ئىشتان، پۇتىغا قىسقا قونچلۇق چىگىرىن ئۆتۈك كىيىۋالغان، يېشى قىرىقنىڭ قارىسىنى ئالغان قاۋۇل ئەزىمەت ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قېرىنداشلار، ئامان تۇرغانسىزلەر! خەير، خۇدا بىزگە نىجاتلىق بەرسۇن، — دېدى ئۇ كامېرغا

كىرىپلا تۇرمىداشلىرىغا سالام بېرىپ. قازاق كىشى ئاندىن قولىنى سوزۇپ كېلىپ، ئىككىيلەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئوسمان بۇ كىشىنى كامېر سۈپىسىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ كېمەل مەھبۇستىن ئەھۋال سورىدى. ئوسمان ئۇنىڭغا كېمەل مەھبۇسنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن:

— سىز بۇ يەرگە سىرتتىن كېلىۋاتامسىز ياكى باشقا كامېردىن يۆتكىلىپ چىقتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن «ئون بىرىنچى نومۇرلۇق» كامېردىن يۆتكىلىپ چىقتىم. «ئون بىرىنچى نومۇرلۇق» كامېرغا بوزدۆڭدىن بىرقانچە قىرغىز جىنايەتچىلەر كېلىپ قالغانىدى، ئادەم سىغىشماي قېلىشتى.

— ھېلىراق، مۇشۇ كامېردىن قادىر ئاتلىق بىر يانچۇقچى «ئون بىرىنچى نومۇرلۇق» كامېرغا چىقىپ كەتكەنىدى، كۆردىڭىزمۇ؟

— ئۇ ئەتىگەندە شۇ كامېردىن چىقىپ كەتكەنىدى. ھېلىراق كەچلىك تاماقتا ئۇ يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. بىردەم تۇرۇپلا كامېردىكى جىنايەتچىلەر بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنى قويۇپ بەرگەن ئوخشايدۇ.

— «ئون بىرىنچى نومۇرلۇق» كامېردا مۇنىرىدىن غوجا ئاتلىق كىشى بارمۇ؟

— بار. ئۇ كىشى ئەزىمەت ئادەم ئىكەن، بىلىملىك كىشى كۆرۈنىدۇ، ھەر كۈنى ھېكايە ئېيتىپ بېرىپ مەھبۇسلارنى زېرىكتۈرمىدى.

ئوسمان، قازاق مەھبۇسنىڭ سۆزىدىن كېيىن، مۇنىرىدىن غوجىغا يازغان خېتىنىڭ تەگكەنلىكىگە ئىشىنىپ خاتىرجەم بولدى، چەبدەس قادىرنىڭ تۈرمىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىدىنمۇ خەۋەردار بولۇپ، كۆڭلى تىنىدى، ئارقىدىن بولۇڭدىكى سىۋەتنى ئەكېلىپ، قازاق مەھبۇسنى كىشمىش ئۈزۈك يېيىشكە تەكلىپ



قىلدى ۋە ئۈزۈكتىن بىرقانچىنى كېمەل مەھبۇسقا يېگۈزدى.

— سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟ — سورىدى ئوسمان ئۈزۈك يېيىشىپ، قازاق مەھبۇستىن.

— مۇختار مەرگەن.

— سىز نەدىن؟

— تېكەستىن.

— بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟

— بۇ بىر جەريان، بۇ بىر ئۇزۇن تارىخ، بۇ تارىخىي جەرياننى ئاستا - ئاستا سۆزلەپ بېرىمەن. سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە، يىگىت؟

ئوسمان ئۆزىنى تونۇشتۇردى ۋە بۇ يەرگە كېلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەب - جەريانلىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى.

— بۇ، كېمەل قېرىندىشىمىز كىم بولىدۇ؟ — دېدى مۇختار.

— بۇ ئاكىمىزنىڭ ئىسمى...

ئوسمان ئىككى كۈندىن بۇيان ئاتۇشلۇق مەھبۇسنىڭ ئىسمىنى سورىمىغانىدى. ئۇنى ھۆرمەت تەلەپپۇزى بىلەن ئاكا دەپلا ئاتاپ كېلىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرەلمەي قالدى.

— ئىسمىم راخمان، ئاتۇشتىن، — دەپ جاۋاب بەردى كېمەل مەھبۇس.

مۇختار مەرگەن كېمەلنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— يۈرىكىڭىز خېلىلا زەخىملەنگەندەك تۇرىدۇ، لېكىن ئۇنچىۋالا قورقۇپ كەتكۈدەك ئەمەس، — دېدى ۋە ئوسمانغا قاراپ، — ئۇكا، ھېلى سىز بۇ كىشىنىڭ ئىسمى - زاتىنى دەرھال ئېيتىپ بېرەلمىدىڭىز، سىلەر ھەمراھ بولغىلى قانچە كۈن بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— بۈگۈن ئۈچىنچى كۈنى.

— قازاقلاردا بىر ماقال بار: سوراپ ياشنى تاپ، كۆرۈپ قاشنى. ئادەمنىڭ خاتىرىسى ئىككى خىل بولىدۇ: كۆز خاتىرىسى بەلگە بىلەن باغلىنىدۇ؛ ئەقىل خاتىرىسى يېزىق بىلەن باغلىنىدۇ. مەن مەرگەن بولغىنىم ئۈچۈن، كۆرگەن نەرسەمنى ئۇنتۇپ قالمايمەن. يول ئۈستىدەبىرلا ۋاقىتتا ئۇچراشقان ئون نەچچە كىشى بىلەن ئون مىنۇت سۆزلىشىپ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، باشقا ئادەم كېلىپ سورىسا، شۇ ئون ئادەمنىڭ كىيگەن كىيىمى، چىراي - شەكلى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەي سۆزلەپ بېرەلەيمەن. مانا بۇ كۆز خاتىرىسى. لېكىن، بۇ كۆز خاتىرىسى ئەقلىي خاتىرىگە يېتەلمەيدۇ، يازما خاتىرىگە يېتەلمەيدۇ، شۇڭا يازما خاتىرە — ھەقىقىي تارىخ دەپ ئاتىلىدۇ.

كېسەل مەھبۇس راخمان دەرھال كۆزىنى ئېچىپ، مۇختارغا بىر قارىدى - دە، مەرگەننىڭ ئوبرازىغا باشقىدىن نەزەر سېلىشقا باشلىدى. مۇختارنىڭ ئاخىرقى جۈملىسى ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغانىدى.

— سىز ئوقۇغانمۇ؟ — دەپ سورىدى راخمان.

— كۆپ ئوقۇمىغان. قانداق دەيسىز؟ — ياندۇرۇپ سورىدى مەرگەن.

— سىزنىڭ سۆزىڭىز، مېنىڭ كىچىك چېغىمدىكى مۇئەللىمىم مەمتىلى ئەپەندى[①]نىڭ سۆزىگە ئوخشىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

— قانداق ئوخشىشىپ كېتىۋاتىدۇ، قېنى بىزمۇ ئاڭلاپ باقايلىچۇ!

— كىچىك چېغىمدا، — دېدى راخمان، — ئوقۇغانلىرىم ھېلىمۇ ئېسىمدىن زادىلا كەتمەيدۇ. بىزنىڭ ئاشۇ مۇئەللىمىمىز ئاتۇشتا بىزگە «ۋەتەن خاتىرىسى» ماۋزۇلۇق تارىخ، جۇغراپىيە

① مەمتىلى ئەپەندى (1903 — 1937) — قەشقەر - ئاتۇش مائارىپىنىڭ دەسلەپكى ئاساسچىلىرىدىن بىرى، پېداگوگ، شائىر.



دەرسىنى ئۆتكەنىدى. ئۇ، دەرسنىڭ بېشىدىلا دوسكىغا مۇنداق تۆت كىچىك ماۋزۇ يېزىپ قويدى: بىرىنچى يۇرت بەلگە؛ ئىككىنچى زامان بەلگە؛ ئۈچىنچى زات بەلگە؛ تۆتىنچى ھادىسە بەلگە.

ئۇ بۇ تۆت خىل بەلگىنى چۈشەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، تاپشۇرۇق بەردى. ئەتىسى باللاردىن سورايتتى؛ مۇشۇنداق خاتىرىلەپ مېڭىشنى بىزنىڭ مۇئەللىمىمىزمۇ ئەقلىي خاتىرە (تارىخىي خاتىرە)، دەپ ئۆگەتكەن. ئۇنى بۈگۈن سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن ئىككىنچى قېتىم ئاڭلاۋاتىمەن.

— راست دېدىڭىز، — دېدى مۇختار مەرگەن، ئارقىدىنلا سۆز قىستۇرۇپ، — ئەقلىي خاتىرە يەنە مۇشۇنداق تۈرمە ھاياتىدا كامالەت تاپىدۇ. كامالەت ئىگىسى ئاۋۋال ئازاب ئوتىدا تاۋلىنىدۇ. مەن شېىڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىسىدە نۇرغۇن بىلىم ئىگىلىرى بىلەن بىللە ياتتىم. يەتمىش ئىككى خىل ئازابنىڭ ھەممىسىنى بېشىمدىن كەچۈردۇم. ئاڭلىغان - بىلگەنلىرىمنى يېزىشقا توغرا كەلسە، قېلىن بىر كىتاب بولىدۇ. راھەت - پاراغەت قوينىدا ئادەمنىڭ خاراكتېرى، مىجەزى تولۇق مەلۇم بولمايدۇ. تۈرمە ھەركىمنى سىنايدىغان ئىمتىھان مەيدانى.

ئۈچ مەھبۇس ئۆز سەرگۈزەشتىلىرى ئۈستىدە سۆزلىشىپ، كەچ كىرىپ كەتكەنىدى. خۇپتەندىن كېيىن قوشنا كامېر — «يەتتىنچى نومۇرلۇق» كامېرنىڭ ئىشىكى ئەنسىز ئېچىلدى. «سەككىزىنچى نومۇرلۇق» كامېردىكى ئۈچ مەھبۇس سۆزىنى توختىتىپ، قوشنا كامېرغا قۇلاق سالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي قاتتىق ئاۋاز ئاڭلاندى:

ئاھ! قاراڭغۇ زىندان!
ئاھ! زۇلمەتلىك قورغان!

تېمىگىنىڭ لايلىرى قاندىن ياسالغان!
تېگىگە بېسىلغان مىڭلاپ ئۇستىخان!

قانلىق ياش تۆكۈلگەن كۆزلىرى ئەنە،
ئەلەمدىن سارغايغان يۈزلىرى ئەنە.

داغ ـ ھەسرەت ئىچىدە يىغلايدۇ ئانا،
بالام دەپ تىلەيدۇ تەڭرىدىن پاناھ.

ئەي يىرتقۇچ ـ يالماۋۇز ماكانى — زىندان!
مەنسىتمەس ئۆلۈمنى، مەندىكى ۋىجدان!

بۇ خىتابنىڭ ئارقىسىدىنلا «زۆھرە جانىم» ناخشىسى جاراڭلاپ كەتتى. ئوسماننىڭ يۈرىكى پارە ـ پارە بولۇپ، بىر ئۇھ تارتتى ـ دە، ئۆزىنى كامېر سۇپىسىغا تاشلىغىنىچە ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى ۋە ئۆزىنى كاچاتلىغىلى تۇردى. قازاق مەرگەن بۇ ئىشقا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قاراپلا قالدى. بىرئازدىن كېيىن، مەرگەن ئەھۋالنى بىلمەك بولۇپ ئوسماننىڭ يېنىغا كېلىپ:

— يىگىت، ساڭا نېمە بولدى؟ نېمىشقا بۇ غەزەلنى ئاڭلاش بىلەنلا، ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويىسەن؟! — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

ئوسمان يىغىدىن توختىمايتتى. مەرگەن ئۇنىڭدىن يەنە شۇ سوئالنى سوراۋەردى. ھەيران بولغان مەرگەن ئەھۋالنى ئاتۇشلۇق مەھبۇستىن بىلمەك بولۇپ:

— قېرىنداش، سىز ئېيتىپ بېقىڭچۇ، مەن ھازىر ھېچنېمىنى بىلەلمەيۋاتىمەن. بۇ يىگىت، نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

لېكىن ئاتۇشلۇق مەھبۇس بۇ سوئالغا ئېنىق جاۋاب بەرمىدى. مەرگەن يەنە ئوسماننىڭ قېشىغا كېلىپ سورىدى. ئوسمان



ئاخىرى قازاق مەرگەننىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، ئۆزىنىڭ ھازىرغىچە تارتىۋاتقان روھىي ئازابىنى بايان قىلدى ۋە بۇ مۇڭلۇق غەزەلنى ئېيتقۇچى تالانتلىق شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇردى.

— ئەھۋال مۇنداق ئىكەن ـ دە! — دېدى قازاق مەرگەن، — سەن ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن؟

ئوسمان ئورنىدىن دەرھال تۇردى ـ دە:

— مېنىڭ ۋىجدانىمغا ئىشىنىڭ، ئاكا! مەن كۆرەشكە، ھەتتا ئۆلۈمگىمۇ ئۆزۈمنى ئاتاپ قويىدۇم! — دېدى.

— بۇ سېنىڭ كەلگۈسى ئىرادەڭگە باغلىق. ھازىر ناخشا ئېيتقان راستتىنلا شائىر ل. مۇتەللىپمۇ؟

— راست شۇ، ئاكا، ھازىر بىز ئاڭلىغان ئاۋاز دەل شۇنىڭ ئاۋازى. ئۇنى ھېلىلا قاماققا ئالغان بولسا كېرەك.

مۇختار مەرگەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ھېچنېمىگە قارىماستىن، كامېر تېمىغا سىنچىلاپ قاراپ، تامنىڭ چەك كەتكەن بىر يېرىنى تېپىۋالدى ـ دە، بىرنەچچە مۇشت بىلەن تامنى ئويۇپ تاشلىدى، ئوسمان كېلىپ ياردەملەشتى، بىر سائەتكە قالماي تامدىن تۆشۈك ئېچىلدى. ئوسمان تۆشۈككە ئاغزىنى تۇتۇپ:

— لۇتپۇللا ئاكا، مەن ئوسمان! سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئەيىبكارمەن. سىز ئىشىنىڭ، مەن سىزگە ئاسىيلىق قىلمايمەن، مېنى ئالدىغان ئەبلەخلەرنىڭ رەسۋاسىنى چىقىرىمەن. ئانامغا غەمخورلۇق قىلىپ، ياردەم بەرگىنىڭىزنى ئاڭلىدىم. سىزگە يۈزمىڭ رەھمەت. مەن سىلەرگە، خەلقىمگە بەرگەن قەسىمىمدىن مەڭگۈ ۋاز كەچمەيمەن! مەن ۋىجدانىمنى يوقاتمايمەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئوسمان ھېسسىياتىنى باسالماي، يەنە يىغلاپ كەتتى. قازاق مەرگەن ئۇنى يىغلىماسلىققا دالالەت قىلاتتى.

— ھايات — كۆرەش دېمەكتۇر! كۆرەش يوللىرى

ئەگرى - توقاي بولىدۇ، گاھىدا تۈز يولدا ماڭىسەن، گاھىدا داۋانلار ئاشىسەن، گاھى شەھەردە بولىسەن، گاھى چۆل - جەزىرىلەردە! جاڭگالنىڭ ئىچىدە يولۋاس بولىدۇ، بۆرە بولىدۇ، تۈلكە بولىدۇ، مايمۇن بولىدۇ؛ نادانمۇ بولىدۇ، تادانمۇ بولىدۇ؛ قىلتاق بولىدۇ، سىيرتماق بولىدۇ. كۆرەشتە، قىسقىسى، ئاشۇ تېپتىكى خىلمۇخىل ئادەملەر ئۇچرايدۇ. لېكىن ئادەم سۈرەتلىك ھايۋاننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئاسان بىلىۋالغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ قاش - كۆزى، بوي - تۇرقى ساڭا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. سەن ئۇلارنى كۆرگەندە ئۆزۈڭنى كۆرگەندەك ھېس قىلىسەن. ئۇ «يامانلىق» ئۈستىدە شىكايەت قىلغاندا، سەن ئۇنى «ۋىجدانلىق» دەپ ھېس قىلىسەن؛ ئۇ، سېنى ماختىغاندا «كۆيۈمچان دوست» دەپ قارايسەن. ئۇنىڭ داستىخىنى كەڭ يېيىلغان چاغدا، ئۇنى «سېخىي - مەرد» دەپ ھېسابلايسەن. ئۇ، قەلەمقاش بىلەن پاراماشنى ئايىمىغاندا، خۇدۇڭنى بىلمەي قالىسەن؛ دارغا ئېسىلىپ، جاللاتنىڭ قىلىچى ئاستىدا قالغاندا، ئاخىرى پۇشايمان قىلىسەن! — دەل شۇ چاغدا لۇتپۇللا مۇتەللىپتىن جاۋاب ئاڭلاندى.

شائىرنىڭ جاراڭلىق سۆزلىرى مۇختار مەرگەن ئاچقان تۆشۈكتىن «سەككىزىنچى نومۇرلۇق» كامېرغا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كامېردىكى ئۈچ مەھبۇس پۈتۈن زېھنىنى قويۇپ ئاڭلايتتى.

— ئادەملەرنىڭ تىل قورالى ھەر خىل ئادەملەردە ھەر خىل ۋەزىپە ئۆتەيدۇ: ئۇ، بەزى پەسكەش ئادەملەر ئۈچۈن ئىغۋا تارقاتقۇچى بولۇپ، بەزى ئادەملەر ئۈچۈن خۇشامەت قىلغۇچى بولۇپ، بەزى ئادەملەر ئۈچۈن قان يۇتقۇچى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ۋىجدانلىق ئادەملەرنىڭ تىلى بولسا، كۆرەش قورالى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ھەقىقىي ۋىجدان ئۆلۈمنى مەنسىتمەيدۇ. «قوي بولۇپ مىڭ يىل ياشىغاندىن، يولۋاس بولۇپ بىر كۈن ياشا»



دېگەن ھېكمەتنى جارى قىلىدىغان سىناق مەيدانىدا، يولۋاس ئۆزىنى تىلى بىلەن كۆرسىتىدۇ! — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

شائىرنىڭ سۆزلىرى ئوسمانغا كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئىلھام بېغىشلايتتى. ئۇ تۆشۈكنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن شائىرنىڭ خىتابىغا قۇلاق سالاتتى.

— ئالدىڭدىكى كۆرەشتە ئاكاڭ ئەمەت غوپۇرنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن مەيدانغا چىقىشىڭ كېرەك. بىزنىڭ سېپىمىزگە تېخى تارتىلمىغان ۋىجدانلىق كىشىلەر ئۈستىدە قالايمىقان جۆيلۈپ يۈرمە. بۇ ساڭا دەيدىغان ئاخىرقى سۆزۈم! — دېدى لۇتپۇللا مۇتەللىپ.

شائىرنىڭ سۆزى ئاخىرلاشتى. ئوسمان ئىككى كۆزىدىن تاراملاپ ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي شائىرغا جاۋاب بەردى:

— رەھمەت، لۇتپۇللا ئاكا! مەن ھازىر ئالدىڭىزدا قەسەم ئىچىمەن، — ئوسمان مايكىسىنىڭ ئالدىغا قىزىل يىپ بىلەن كەشتىلىگەن شائىرنىڭ شېئىرىنى كۆرسىتىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇنى ئىرادەمنى «ئون بىرىنچى نومۇرلۇق» كامېردىكى مۇنىرىدىن غوجا ئاكامغا قان بىلەن يازغان خېتىمدىمۇ ئېنىق ئىزھار قىلدىم. مەن بۈگۈنكى سۆزىڭىزنى ئەمەلدە كۆرسىتىمەن!

ئوسمان ئۆزىنى سۇپىدىكى پاخال ئۈستىگە تاشلىدى. شۇئان قازاق مەرگەن مۇختار تۆشۈك يېنىغا كېلىپ، شائىرغا ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، شائىر! مەن تېكەستىن بوزدۇڭگە ئۆتۈپ، شۇ يەردە قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىدە يېتىۋاتقىنىمغا بىرنەچچە ئاي بولدى، ئىسمىم مۇختار مەرگەن، مىللىتىم قازاق، مەن سىزنىڭ نامىڭىزنى ئاڭلىغان. بۈگۈن سىز بىلەن ئۇچراشقى-

نىم ئۈچۈن چەكسىز خۇشال بولۇۋاتىمەن!
— بوزدۆڭگە نېمىشقا كەلگەنىدىڭىز؟ — سورىدى لۇتپۇللا
مەرگەندىن.
— باينىڭ قىيە ۋە ئاقسۇنىڭ كونىشەھەر ناھىيىسىگە قاراش-
لىق بوزدۆڭ ئەتراپىدا ئىسەنتۆرە باشچىلىقىدا بىر يوشۇرۇن
پارتىزان ئەترىتى ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. مەن شۇ ئەترەتنىڭ جەڭ-
چىسى ئىدىم. مېنى «گۇمان» بىلەن تۇتۇۋالدى، لېكىن مەن
ھېچ نەرسىگە ئىقرار كەلمىگەندىن كېيىن، دۈشمەنلەر ھازىر
بوشىتىپ قالدى، — دېدى مۇختار ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇ-
رۇپ.
— يارايسىز، مەرگەن باتۇر، ئاباي[1] بىلەن تاڭجارىق[2]نىڭ
ئىلھامى سىزگە مەدەت بەرسۇن. شائىر ئاسىلقان[3]نىڭ روھى
سىزگە يار - يۆلەك بولسۇن. مەن قاش دەرياسى بويىدىن بولى-
مەن. مېنىڭ بىلەن يۇرتداش بولغان تالانتلىق شائىر ئاسىلقان
مېنىڭ يۇرتۇمدا چوڭ شۆھرەتكە ئىگە. ئۇنىڭ جەڭگىۋار روھى
ماڭا ھازىرمۇ كۈچلۈك ئىلھام بەرمەكتە.
— رەھمەت سىزگە، شائىر! — دېدى مەرگەن لۇتپۇللا
مۇتەللىپكە. ئۇلار يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ئۇخلاپ قېلىشتى.

## 5

ئاخشام لۇتپۇللا بىلەن مۇختار مەرگەننىڭ سۆھبىتىنى ئاڭ-
لىغاندىن كېيىن، ئوسمان ۋە كېمەل مەھبۇسنىڭ كۆڭلى -
كۆكسى يورۇپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا غايەت زور بىر كۈچ پەيدا

[1] ئاباي (1845 — 1904) — قازاق خەلقىنىڭ مۇتەپەككۇرى، كلاسسىك يازغۇچىسى.
[2] تاڭجارىق (1903 — 1947) — قازاق خەلقىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى.
[3] ئاسىلقان مىلاڭ جاسار ئوغلى (1893 — 1918) — تالانتلىق قازاق شائىرى، ئىلقا ناھىيىسىدىن. لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن يۇرتداش. لۇتپۇللا مۇتەللىپ كىچىك چېغىدا ئۇنىڭ شېئىرلىرى بىلەن تونۇشقانىدى.



بولدى. ئوسمان ئىككىنچى كۈنى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ كەت-
تى - دە، چاققانلىق بىلەن بېرىپ ئىككى كامېر ئوتتۇرىسىدا
تۆشۈككە قولىقىنى ياقتى. بۇ چاغدا مەرگەن بىلەن شائىر تۈنۈ-
گۈنكى سۆھبەتنى داۋام قىلماقتا ئىدى.
— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز؟ — دېدى شائىر، مەرگەنگە
سوئال بېرىپ.
— مەن بۇنداق تۈرمىنى، ھەتتا بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە
مەھكەم بولغان تۈرمىنى كۆپ كۆرگەنمەن. ئۆزۈمدە ئىشەنچ بار.
خالىغان ۋاقتىمدا تۈرمىدىن قېچىپ كېتەلەيمەن. بوزدۆڭدە ئى-
سەنتۆرە ئەترىتى مېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىراق سىزنى تاشلاپ
كېتىش... — دېدى مۇختار مەرگەن دەرھال شائىرغا جاۋاب
بېرىپ.
لۇتپۇللا بۇ قەيسەر مەرگەننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ياتالماستىن-
كى نۇرۇللا بىلەن رۇستەم ھەم ئۇلار تەييارلىغان ئىككى كۈلۈك
ئات ئېسىگە كەلدى - دە، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئوت تۇتىشىپ كەتتى.
نۇرۇللانىڭ ئاتخانىسىدا قالغان ئاتلارنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ قولاقلى-
رىنى دىڭگايتىپ كىشنەشلىرى، دېھقان يىگىتلىرىنىڭ «مانا مۇ-
شۇ ئارغىماق - دۇلدۇللار بىلەن ماڭىمىز» دېگەن مەردانە سۆز-
لىرى ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە جاراڭلايتتى.
— مەن كۆرەشنى تۈرمىدە داۋاملاشتۇرىمەن! سىزگە، ياتال-
ماستىكى دوستلىرىمغا بېرىپ قويۇشىڭىز ئۈچۈن ھازىرلا بىر
پارچە خەت يېزىپ بېرەي ۋە سىزنى ئۇلارغا تونۇشتۇرۇپ قوياي،
مەن پارتىزان ئەترەتلىرىنىڭ جەڭ ساداسىنى كۈتىمەن. شۇ چاغدا
بىر سېپىل تۈۋىدە غەلىبە بىلەن قۇچاقلىشىمىز!... — دېدى
لۇتپۇللا مۇتەللىپ مۇختار مەرگەن جاۋاب كۈتۈپ تۇرغاندا
ئۇنىڭغا.
لۇتپۇللا ئەتىسى تۈرمە ئىچىگە يورۇق چۈشكەندىن كېيىن،
بىر پارچە قەغەزگە مۇختار مەرگەننى تونۇشتۇرۇپ ياتالماستىكى

دېھقان دوستلىرىغا خەت يازدى. قەغەزنىڭ ئايىغىغا ياتالماسقا بارىدىغان يول لىنىيىسىنىمۇ شەرتلىك بەلگىلەر بىلەن كۆرسىتىپ قويدى. مۇختار مەرگەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ شائىرنىڭ قولىدىن خەتنى تاپشۇرۇۋالدى.

دەل مۇشۇ چاغدا ئاتۇشلۇق كېسەل مەھبۇس بولالمىدى-دە، ئوسماننى چاقىردى:

— مەن بولالمايۋاتىمەن، ئاھ، مەن بولالمايۋاتىمەن!

ئاغرىقنىڭ ئاۋازى پەسىيىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، مۇختار مەرگەنمۇ ئۇنىڭ يېنىغا باردى. ئاغرىق گېپىنى ئۈزۈپ-ئۈزۈپ تورۇپ ئارانلا قىلاتتى:

— مانا، يېنىمدىكى ماۋۇ مىڭ سوم پۇلنى سىلەرگە خالىسانە قالدۇرىمەن. ئۇنىڭدىن يۈز سومنى ل. مۇتەللىپكە، يۈز سومنى مۇختار مەرگەنگە، يۈز سومنى ئاناڭغا، يۈز سومنى ساڭا قالدۇرىمەن. قالغان ئالتە يۈز سومنى مېنىڭ ئۆلۈمۈم ئۈچۈن ئىشلىتىڭلار. مېنىڭ تەلىپىم: جەسىتىم سېپىل ئىچىدە قالمىسا، سىلەر بىر ئىلاج قىلىپ، مېنى تاشقىرىقى بازاردىكى خانىقاغا ئاچىقىپ كەتسەڭلار. بۇنىڭ ئۈچۈن، تۈرمە باشلىقىغا يۈز سوم پارا بەرسەڭلارمۇ مەيلى ئىدى. ئەگەر مۇختار مەرگەن مېنى ئاچىقىپ كېتەلىسە ۋە مېنى ئەھلى-جامائەت ئىچىدە ئۈزىتىپ قويالىسا، مەن بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيا رازى بولاتتىم.

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، ئاكا، سىز تېخى ياخشى تۇرۇۋاتىسىزغۇ، ھېچ گەپ يوق، — دېدى ئوسمان نېمە دېيىشىنى بىلمەي.

— رەھمەت، ئوكام، — دېدى راخمان، — لېكىن، كېسىلىم پىشىپ قالدى. بۇلارنىڭ قولىدا ھالاك بولدۇم. مانا ماۋۇ پۇلنى قولۇڭغا ئال. كۆزۈم يۇمۇلماستا ھازىر تەقسىم قىلغىن، مەن رازى بولاي.

ئوسمان دەرھال ئاغرىق ئاكىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، پۇل-



نى تەقسىم قىلدى ۋە لۇتپۇللا مۇتەللىپكە بۇ كېسەلنىڭ تەرجىمىھالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. شائىر ئاتۇشلۇق تىجارەتچىنىڭ كۆڭلىنى دەپ پۇلنى ئېلىپ قالدى-دە، تۆشۈكتىن ئۈنلۈك ئاۋازدا: «رەھمەت! رازى بولسىلا!» دېدى ۋە ئاخىرىغا ئۇلاپلا جاللاتلارغا نەپرەت ياغدۇرۇپ، «قىلا باشلىدى» ناخشىسىنى ئېيتتى.

يۈرەكنى تىترەتكەن ۋە پۈتۈن كامېرنىڭ ئىچىنى لەرزىگە كەلتۈرگەن بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ، ئاخىرقى نەپەسىدە تۇرۇۋاتقان كېسەل مەھبۇس شائىرغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ:

— رەھمەت، شائىر! مېنى ئاخىرقى قېتىم خۇش قىلدىڭىز، سىزدىن رازىمەن! — دېدى.

راخماننىڭ ئىككى كۆزىدىن ئاققان ياش تامچىلىرى ئىككى مەڭزىگە ئېقىپ چۈشتى-دە، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ تىنىقىدىن توختىدى. قازاق مەرگەن دەرھال قولىياغلىقى بىلەن ئۇنىڭ ئېڭىكىنى تاڭدى. ئوسمان تامنىڭ تۆشۈكىگە بېرىپ:

— لۇتپۇللا ئاكا، گۇندىپايلارنىڭ كېلەر چېغى بولۇپ قالدى، تۆشۈكنى ۋاقىتىنچە ئېتىۋېتىپ تۇرايلى، — دېدى شائىرغا خەۋەر قىلىپ.

ئوسمان تۆشۈكنى پاخال ۋە چالما بىلەن ئېتىۋەتتى.

كامېر ئىشىكىنىڭ تۆمۈر رېشاتكىلىق كىچىك پەنجىرىسىدىن چۈشكەن كۈن نۇرى تامنىڭ بۇلۇڭىدا ياتقان گۇناھسىز جەسەتنىڭ يۈزىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئانچە ئۆتمەيلا گۇندىپايلار كىرىپ كەلدى. دۈڭ جەنيۇجاڭ دەرھال ئېڭىكى تېڭىپ قويۇلغان مەھبۇسنى كۆرۈپ:

— قاچان كېتىپ قالدى؟ — دەپ سورىدى.

— يېرىم سائەت بولدى، — دېدى ئوسمان.

— بۇ يەردە تۇغقىنى بارمۇ؟

— مانا مەن تۇغقىنى، بۇ كىشى مېنىڭ بوۋامنىڭ ئىنىسى،

مېنىڭ تاغام بولىدۇ.

— سەن راست تۇغقىنىمۇ؟

— راست، مەن تۇغقىنى، بىز سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلايلى، مانا يۈز سوم. مەن ماۋۇ قازاق ئاكامنى ئۆز ئورنۇمدا ۋەكىل قىلىمەن. ئاكامنىڭ جەسىتىنى تاشقىرىقى بازاردىكى مەسچىتنىڭ ئىماملىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىپ كەلسۇن.

— ئۈچ سائەتتە كېلەلەمدۇ؟

ئوسمان بۇ سوئال سورالغان ھامان دەرھال ئەقىل ئىشلەتتى - دە، دۆلەت جەنيۇجاڭغا يەنە ئەللىك سوم تەڭلەپ:

— بىر ئادەمنى ئۆزىتىش كىچىك ئىش ئەمەس، ئەتە سەھەردە كەلسۇن، — دېدى.

— بولىدۇ! — دېدى تۇرمە باشلىقى پۇلنى ئېلىپ، — بۇ كامېر سېسىپ كېتىپتۇ. سېنى باشقا كامېرغا يۆتكەپ، بۇ ئۆينى بىر ھەپتە ئېچىۋېتىمىز. يوتقان - كۆرپەڭنى ئاچىقىپ تۇر، مەن ھارۋا ئەكېلىمەن.

تۇرمە باشلىقى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوسمان يەنە تۆشۈكنى ئېچىپ:

— لۇتپۇللا ئاكا، ماڭا ئىشىنىڭ. مېنىڭ قەھرىمانلىقىمنى سىز كۆرۈپ تۇرۇڭ. خەير... — دېدى لۇتپۇللاغا.

ئارقىدىن مۇختار بېرىپ شائىر بىلەن سەمىمىي خوشلاشتى. ئاندىن ئوسمان تۆشۈكنى قايتىدىن پاخال ۋە چالما بىلەن ئېتىپ، ئۈستىنى پالاس بىلەن يېپىپ قويدى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن، مۇختار مەرگەن جەسەتنى ھارۋىغا بېسىپ ئاچىقىپ كەتتى.



## يىگىرمە بەشىنچى باب

# ياڭاقتىن چىققان خەت

### 1

مۇختار مەرگەن «سەككىزىنچى نومۇرلۇق» كامېردىن ئاتۇشلۇق مەھبۇسنىڭ جەسىتىنى ئاچىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىگەنىدى. ئۇنىڭغا مانا بۈگۈن ئىككى ھەپتە بولدى. دۆلەت جەنيۇجاڭ بۇ ئىشقا قولىقىنى يوپۇرۇۋېلىپ، ھېچنېمىنى ئۇقماس بولۇپ يۈرۈۋەردى. بىراق، مۇختار ئاددىي مەھبۇسلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ بوزدۆڭدە «پارتىزانلار باشلىقى» دېگەن گۇمان بىلەن قولغا ئېلىنغانىدى. بۇ دېلونى تۆەنجاڭ جاۋ خەنچىمۇ بەش قولدەك بىلەتتى. ئۇ، پات - پاتلا بۇ دېلونىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ قوياتتى. جاۋابكارلىق سۈرۈشتۈرۈش ۋەھىمىسىدە، ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ يۈرىكى پوك - پوك بولۇپ يۈرۈشەتتى، لېكىن ئاخىرى بېرىپ جاۋابكارلىق يەنىلا «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» ئەزالىرى ئۈستىگە ئارتىلدى. قاتتىق بېسىم، سوراق قىلىش باشلىنىپ كەتتى.

قاتتىق سوراق ئالدى بىلەن ئوسمان ئۈستىدە بولدى. يېرىم كېچىدە سوراقخانىغا قىيناش قوراللىرىدىن توقماق، چوماق، قىرلىق تاسما، قامچا، توك سىم، تۆمۈر كالتەك، بىگىز، نەيزە قاتارلىق نەرسىلەر تەقمۇتەق قىلىپ قويۇلغانىدى. سوراقچىلاردىن جاڭ ۋېيبى، ئاقۇپ، ياسىن قاتارلىق كالكېسەرلەر

ھازىر بولدى.

جاك ۋېيبى دەسلەپتىلا يان قورالى بىلەن قاتتىق ھەيۋە - پوپوزا قىلىپ:

— ئۆلۈم بىلەن ياشاشنىڭ قايسىسىنى تاللايسەن؟ — دەپ سورىدى ئوسماندىن.

— ھا، ھا، ھا!... — ئوسمان تۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلەتتى، تۇرۇپ كۈلكىسىنى توختىتىپ سوراقچىغا قاتتىق ھومىيىپ قارايتتى. ئۇنىڭ گاھ كۈلۈپ، گاھ ھومىيىشلىرى تەكرار دەۋر قىلاتتى. سوراقچى ئار ئالدى - دە، تۆمۈر كالتەك بىلەن ئۇرۇپ، ئوسماننىڭ باش - كۆزىنى يېرىۋەتتى. بۇرنىدىن لازا سۈيى قۇيۇپ، ئۇنى ھوشىدىن كەتكۈزدى.

ئىككىنچى كۈنى كېچىسى، سوراقخانا ئوتتۇرىسىغا قارا پەردە تارتىپ قويۇپ، ئوسمانغا «پاش قىلغۇچى»نىڭ پاش قىلىش سۆزىنى ئاڭلاتتى. ئوسمان يەنىلا ئاۋۋالقى كېچىسىدىكىدەك ئۇسۇل بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، پاش قىلغۇچىنى لەت قىلىۋەتتى. پاش قىلغۇچى ئاخىر غايىب بولدى.

ئۈچىنچى ئاخشىمى ئوسمان ئۈستىدىكى سوراق تولۇق بىر كېچە داۋاملاشتۇرۇلدى. ئوسمان باشتىن - ئاخىرغىچە «ھا... ھا!» كۈلكىسى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. سوراقچىلار ئىلاج قىلالماي، جازا قوراللىرىنى ئىشقا سېلىپ، تۆمۈر سىم ۋە قىرلىق تاسما بىلەن ئۇنى بولۇشىغا ساۋىدى، ئوسماننىڭ بەدىنىدىن قىزىل قان شورقۇپ ئاقاتتى.

ئوسمان چاپان، كۆڭلىكىنى سېلىۋەتكەنىدى، ئۇنىڭ مايكىسىنىڭ ئالدىغا قىزىل يىپتا كەشتىلەنگەن لۈتپۇللا مۇتەللىپنىڭ جەڭگىۋار نەزمىسى، سوراقچىلارنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇراتتى. ئوسماننىڭ بەدىنىدىن تەپچىرەپ ئېقىپ تۇرغان قىزىل قان ئۇنىڭ مايكىسىدىكى نەزم قۇرلىرىغا سىڭىشىپ، شەلپەردەك ئەكس ئېتىپ كۆرۈندى - دە، سوراقچىلار نەزمىنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەنگەن-



سىرى ھودۇقۇپ كېتىشتى؛ جاك ۋېيبى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئوسماننىڭ مايكىسىنى يىرتىۋالماقچى بولۇۋىدى، ئوسمان خۇددى قوچقاردەك ئۇنىڭ بېشىغا بىرلا ئۈسۈپ، سوراقچىنى تىك موللاق چۈشۈرۈۋەتتى. ئوسمانغا شۇ ھامان يوغان ئىشكەل سېلىپ، ئۇنى قاراڭغۇ، زەي كامېرغا يەنە سولىۋەتتى.

مۇشۇنداق سوراق لۈتپۇللا، بىلال ئەزىزى، تۇردى ھوسۇيون، يۇسۇپجان، ئابدۇللا روزى قاتارلىقلار ئۈستىدىمۇ كېچە - كۈندۈز داۋام قىلاتتى. ئېغىر قىيىن - قىستاقلار ئارقىلىق ئازابلاشقا قارشىلىق كۆرسىتىش يۈزىسىدىن «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى»نىڭ تايانچ ئەزالىرى تۈرمىدە ئاچلىق ئېلان قىلدى. بۇ كۆرەش ئۈچىنچى كۈنىگە قەدەم قويغاندا، چوڭ كامېرنىڭ بۇلۇڭىدا ياتىدىغان ئورا كۆز، ئورۇق، ئېگىز بىر مەھبۇس كۆرەشتىن ۋاز كېچىپ، ئاشكارا ئاسىيلىق قىلدى.

— ھەي نامەرد، نائەھلى، — دېدى ۋىجدانلىق بىر ياش مەھبۇس ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا دېۋىتىپ بېرىپ، — سەندە زادى ۋىجدان بارمۇ؟ سىرتتا ئەجەب پوچىلىق قىلاتتىڭغۇ! ئۆزۈڭنى كۆككە كۆتۈرۈپ، كىشىلەرنى «ۋىجدانسىز» دەپ پىتنە قىلاتتىڭغۇ؟ ئەمدىچۇ؟ — دەپ ئۇنىڭغا كۈچلۈك نەپرەت ياغدۇردى.

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، — دېدى ئاسىي مەھبۇس، — ماڭا ھازىر ۋىجدان ئەمەس، جان كېرەك.

مەھبۇسلار ئاسىيغا تۈشمۇتۈشتىن تېگىش قىلدى. ئاسىي بىردەم گەپ يورغىلىتىپمۇ باقتى، لېكىن ئاقماي قالدى. ئاخىر ئۇ ساراڭ قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، بېشىنى چىلاڭ پۈركەپ يېتىۋالدى.

دەل مۇشۇ چاغدا، «يەتتىنچى نومۇرلۇق» كامېردا ئايرىم يېتىۋاتقان لۈتپۇللانىڭ قېشىغا بىر ئېغىر يارىلانغان مەھبۇس كىرگۈزۈپ قويۇلدى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى قاتتىق تاياق زەر-

بىدىن قانغا مىلەنگەن بولۇپ، ھېچبىر تازا يېرىنى كۆرگىلى بولمايتتى، كۆڭلىكى تىتما ـ تىتما بولۇپ كەتكەن، جىمى ئەزايى كۆكەرتىۋېتىلگەن، قولىغا كويزا، پۇتىغا ئىشكەل سېلىنغانىدى. ئۇنى ساقچى مۇشتلىغان پېتى «يەتتىنچى نومۇرلۇق» كامېر ئىچىگە ئىتتىرىۋەتتى. «يېڭى مەھبۇس» جاراھىتىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىيالماي، زار ـ زار قاقشايتتى؛ لۇتپۇللا زىنھار ئۇخلىيالمايتتى، ئۇنىڭ نالىسىدىن بىزار بولاتتى.

• مەھبۇسلارنى ھەر كۈنى تەرەتكە ئاچىققاندا، ھېلىقى ئىككى ساقچى پەيدا بولاتتى ـ دە، يارىدار مەھبۇسنى يەنە قاتتىق ئۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى ئوتتۇر چىشىنىمۇ ئۇرۇپ چىقىرىۋەتتى. بىراق، بۇ ھىيلە ئۇزۇنغا بارمايلا ئاشكارا بولۇپ قالدى.

«يېڭى مەھبۇس» — ئەسلىدە تەجرىبىلىك ياتاقۇپچىلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ، مەلۇم بىر ناھىيىدە «خىزمەت» قىلغان چېغىدا، گۇناھسىز بىر ئايالنى ئېتىپ تاشلىغان قاتىل بولۇپ، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ئۆزىنىڭ تەجرىبىلىك بۇ رازۋېدكىچىسىنى «ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلىمىز» دەپ، ئۇنىڭ دېلوسىنى ئۆتكۈزۈۋالغانىدى. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ رازۋېدكا خادىملىرى قاتىل بىلەن نۇرغۇن قېتىم مەخپىي سۆزلىشىپ، ئۇنىڭغا «خىزمەت كۆرسىتىپ، جىنايىتىنى يۇيۇش پۇرسىتى» بەردى. «يەتتىنچى نومۇرلۇق» كامېردا لۇتپۇللانىڭ يېنىدا ھازىر ئوينىلىۋاتقان كومېدىيە، ئەنە شۇنداق باشلانغانىدى.

قاتىل رازۋېدكىچى بۇ خىزمەت ئۈچۈن پىدائىي بولۇپ قەسەم ئىچتى. ئۇ، يوغان باش، دوغىلاق ـ سېمىز، ئوتتۇرا بوي، يىگىرمە ئالتە ياشلارغا كىرگەن تەلۋە مەخلۇق ئىدى. ئۇنىڭ كامېر ئىچىدە ئوينىماقچى بولۇۋاتقان ئويۇنىنى ئالدىنئالا سېزىپ بولغان سەزگۈر شائىر:

— نالەڭنى يىغىشتۇر، لالما، بولمىسا، بېشىڭغا ئاتىمەن چالما! — دېدى ئۇنىڭغا ئاگاھ بېرىپ.



«يارىدار مەھبۇس» گاھىدا خۇپسەن بولۇۋالاتتى، گاھىدا قاتتىق ئىڭراپ، نالە قىلىپ:

— مەن مۇشۇ كۈنگە قالسام، ھېچكىمنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىمايدۇ، ھېچكىممۇ ھېسداشلىق قىلمايدۇ، كۈندىلا ئۇرۇش، قىيناش، خەپ، بۇ زۇلۇممۇ بىر كۈنى تۈگەر، — دەپ مۇناجات قىلاتتى.

شائىرنىڭ يېنىغا ئۇرۇپ كىرگۈزۈلگەن بۇ مەخلۇقنىڭ «زۇلۇم» ئۈستىدە يالغان شىكايەت قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلىغان لۇتپۇللا دەرھال غەزەپ بىلەن:

— پاھ، سېنىڭ ئورىۋالغان نىقابىڭنىڭ نېمىدېگەن ئەپچىل، نېمىدېگەن رەزىل! — دېدى.

لۇتپۇللا كېيىنچە «يارىدار مەھبۇس»نىڭ نالىسىگە پەرۋا قىلمايدىغان بولدى. تولا چاغلاردا ناخشا ئېيتىپ، روھىي ئوزۇق ئالاتتى، كامېر ئىچىدە گىمناستىكا ئوينايتتى. ھەر كۈنى سەھەر ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ، گېزىتخانا يېنىدا تورنىك ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغان لۇتپۇللاغا تورنىك ئويناش خۇمار قىلاتتى. بىراق، ئىككىلا قانىتى مەھكەم بوغۇقچىلانغان بۇ تەڭرىتاغ بۈركۈتى ھازىر تۆمۈر قەپەس ئىچىدە تۇراتتى!

ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتەر ـ ئۆتمەي، گۇندىپايلار «يارىدار مەھبۇس»نى ئۇشتۇمتۇت ئاچىقىپ كەتتى. «ئىككىنچى بۆلۈم» رازۋېدكا ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭدىن «خىزمەت كۆرسىتىش» ئاخباراتى سورىدى.

— ئەتىدىن ـ كەچكىچە ناخشىلا ئېيتىدۇ. سۆز قىلمايدۇ، — دېدى ئۇ جاۋاب بېرىشكە قىيىنىلىپ.

— شۇلىمۇ؟! — دەپ سورىدى دەرغەزەپكە كەلگەن رازۋېدكا ئەمەلدارى.

قاتتىق سۆكۈش ۋە نەشتەردەك قادالغان كۆزلەردىن بىئارام بولغان قاتىل جاسۇس بېشىنى كۆتۈرۈشكە پېتىنالماي، يەرگە

قاراپ تۇگۇلۇپ تۇرۇۋالدى. قاتىل جاسۇس بۇتتەك تۇرۇۋېلىپ، زۇۋان سۈرمىگەندىن كېيىن، «ئىككىنچى بۆلۈم» باشلىقى چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قاتتىق ئىككى كاچات سالغاندىن كېيىن:
— ھارام تاماق، يوقال كۆزۈمدىن! — دەپ ۋارقىرىدى.

## 2

ئىنتايىن زەي، تار، قاپقاراڭغۇ كامېر ئىچىدىكى سېسىقچىلىقنىڭ دەستىدىن ئادەم چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈندە داغ سۇدا قاينىتىلغان سۆك ئىچىپ، لۇتپۇللانىڭ سالامەتلىكى ناچارلىشىپ باراتتى. لۇتپۇللا بۇ ئېغىرچىلىققا پەسەنت قىلمايتتى.

7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. كامېر ئىشىكىدىكى پوست ئالماشتۇرۇلۇپ، ياش بىر ساقچى پوستتا تۇرىدىغان بولدى. بۇ ياش ساقچى بېشىغا ئون ئىككى بۇرجەكلىك چوڭ قاسقان شەپكە كىيگەن، ئوتتۇرا بوي كەلگەن بىر يىگىت ئىدى. گۈندىپايلار لۇتپۇللانى باشقا مەھبۇسلار بىلەن قوشۇپ ئەتىگەنلىك تەرەتكە ئەكەتتى. پوستتا تۇرغان ياش ساقچى يىگىت ئەتراپىغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، يانچۇقىدىن كىچىككىنە بىر خالتىنى ئالدى - دە، لۇتپۇللانىڭ كامېر ئىچىدىكى ئورۇن - كۆرپىسى ئۈستىگە تاشلاپ قويدى.

مەھبۇسلار تەرەت سۇندۇرۇپ قايتىپ كەلدى. گۈندىپايلار كامېر ئىشىكىنى تاقاپ، ھېلىقى ساقچى بىلەن بىللە باشقا كامېرلار تەرەپكە كېتىشتى.

لۇتپۇللا تەرەتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئورۇن - كۆرپىسى ئۈستىدە تۇرغان يوچۇن خالتىنى كۆرۈپ ئاستا سۆكۈپ ئېچىۋىدى، ئىچىدىن بىر ئىچ مايكا ۋە كۇسار چىقتى. شائىر ئىچ



مايكىنى قولىغا ئېلىشى بىلەن تەڭ بىر دانە ياڭاق تۈككىدە قىلىپ يەرگە چۈشتى. ئۇ ھەيران بولۇپ، ياڭاقنى قولىغا ئېلىپ، سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ بىر سىرلىق تېپىشماق ئىدى. «ياڭاقنى ساقلاپ قويۇشۇم كېرەك» دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە.

بىراق، ئۇ يەنە، «ھېكمەت بۇنىڭ ئىچىدە بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپ ياڭاقنى چېقىپ ئاچتى. مېغىزى ئېلىپ تاشلانغان ياڭاق ئىچىدىن نېپىز قەغەزگە يېزىلغان ئىككى پارچە خەت چىققاندا، لۇتپۇللا ھاياجىنىنى باسالماي، سەكرەپ كەتتى. قەغەزنىڭ بىرىگە تۆۋەندىكى خەتلەر پۈتۈلگەنىدى:

ياتالماستىكى ۋاپادار ئاغىنىلىرىڭىزدىن، ئاتخانىدا سىزنى كۈتۈپ كىشنەپ تۇرغان كۆلۈك يورغا تولپارىڭىزدىن، چىنار شاخلىرىدا پىغان تۆكۈپ سايراپ تۇرغان كۆكتولغاقلار ناۋاسىدىن: سىزگە سالام. مۇختار مەرگەندىن سالىمىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدۇق، بىز پىدائىي بولۇشقا ئاتلاندۇق، سىزنى قۇتقۇزۇش يولىدا سېپىل تۈۋىدە ئۆلۈشكە رازىمىز. سىزگە ئامانلىق ۋە شادلىق تىلەيمىز!

لۇتپۇللا ئارقىدىن ئىككىنچى قەغەزگە يېزىلغان سالامنامىنى ئوقۇدى:

شاپتۇل مەي بولۇپ پىشتى،
شاخلار ئېگىلىپ چۈشتى؛
بۇلبۇل ئۇچتىيۇ باغدىن،
ئۈمىد يۇلتۇزى كۆچتى.

ئانامنىڭ كۆزىدە قان ـ ياش،
كېلىدىن ئۆتمىدى ھەم ئاش؛
گۆلەندەم بىلەن دىلبەر قىز،
كۈن ـ تۈن غەم بىلەن مۇڭداش.

زالىملار قىلىپ زورلۇق،
يېتىمغا كېلىپ خورلۇق؛
كۆرمىدۇق تۈزۈك خۇشلۇق،
بۇ، بىزگە نېمە شورلۇق؟!

باغ ئىچىدە تال بويلار،
ھازا كۆرۈنەر تويلار؛
قاچان كېلەر بۇلبۇل، دەپ،
يېتىم سىڭلىڭىز ئويلار.

خەتلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، لۇتپۇللانىڭ يۈرىكىدە
بىر ئوت لاۋۇلداپ ياندى. ئۇ، ئوتلۇق ھېسسىيات ئىچىدە قەلبىدە
جۇش ئۇرۇۋاتقان ھاياجىنىنى باسالمايتتى.
«بۇ خەتنى بۇ يەرگە زادى كىم ئەكىرگەندۇر؟» دەپ،
ھەيران بولۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قويىاتتى. ئاخىرى ئۇزۇن
ئوي ـ خىيال سۈرۈپ، گۇمانىنى ھېلىقى ئون ئىككى يۇرجەكلىك
قاسقان شەپكە كىيگەن ياش ساقچىغا مەركەزلەشتۈردى.
«دېمەك، — دېدى ئۇ جەزملەشتۈرۈپ، — بۇ يىگىت ساقچى
چوقۇم رۇستەمنىڭ ئىنىسى يۇنۇس ئىكەن ـ دە! ۋىجدانىڭغا
بارىكاللا.»
لۇتپۇللا بىلەن يۇنۇس 1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرلى-
رىدا لەڭگەردىكى خانىقانىڭ ئالدىدا تونۇشقانىدى. شائىر ئۇنىڭغا



تام سۇۋۇشىپ بېرىۋېتىپ ئىچىم مەسىلىلىرى ئۈستىدە سۆھبەت-
لەشكەن. بۇ ئۇچرىشىش ھەر ئىككىسىنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلماس
تەسىرات قالدۇرغانىدى. بولۇپمۇ يۇنۇسنىڭ لۇتپۇللاغا بولغان
ھۆرمىتى ۋە مۇھەببىتى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقانىدى.
رۇستەم ئۆز ئىنىسىنى پىلانلىق ھالدا ساقچىلىققا كىرگۈ-
زۈپ، سىرتتا قالغان ئىنقىلابىي كۈچلەر بىلەن لۇتپۇللا ئوتتۇرى-
سىدا ئالاقە ئورناتقانىدى. يۇنۇس بۈگۈن ئۆزىنىڭ بىرىنچى قې-
تىملىق مەجبۇرىيىتىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلدى، شۇڭا بۇ-
گۈن ئۇنىڭ قەلبى چەكسىز شادلىققا چۆمگەنىدى.

## 3

مۇختار مەرگەن «سەككىزىنچى نومۇرلۇق» كامېردىن ئا-
تۇشلۇق مەھبۇس راخمانىنىڭ جەسىتىنى قول ھارۋىسىغا ياتقۇزۇپ
ئاچىقىپ، تاشقىرىقى بازار ئايلانمىسىغا يېتىپ كەلگەندە، بۇ
يەردە بىرنەچچە مىڭ كىشى توپلىشىپ تۇراتتى. مۇختار ھارۋىنى
تارتىپ مېڭىپ كىشىلەر ئارىسىدىن قىسىلىپ ئاران تەستە ئازادە
يولغا ئۆتۈۋالدى.
«بۇ ئادەملەر نېمىشقا مۇنچىۋالا توپلىشىۋالغاندۇر؟» مۇخ-
تار كوچا دوقمۇشىدا توپقا قاراپ تۇرغان ئاق ساقال بىر كىشىدىن
سورىدى. بوۋاي تېرىكىپ:
— قۇلىقىڭىزنى كىمگە گۆرۈگە قويۇپ كېلىۋاتىسىز؟ ھا-
زىر تىلىڭىزدىن كۆرە، قۇلىقىڭىز بىلەن كۆزىڭىزنى كۆپرەك
ئىشقا سالىدىغان چاغ. قارىمامسىز، ئەنە ئاۋۇ ئۇششاق باللار
نېمە دېيىشىۋاتىدۇ؟ — دېدى مۇختارغا سوغۇق تىكىپ.
دېگەندەك، نۇرغۇن ئۇششاق باللار بىر خىل قوشاقنى تەك-
رار ۋارقىراپ توۋلىشاتتى:

يولدىن چىقمايمىز، خاندىن قورقمايمىز،
يولدىن چىققان ئامبالنى بىزمۇ سوتلايمىز!
......

مۇختار مەرگەن سۈرۈشتە قىلسا ئەھۋال مۇنداق ئىكەن: بۈگۈن تاڭ سەھەردە توپقان دېگەن يېزىدىن ئىككى نامرات دېھقان شەھەرگە ئوتۇن ساتقىلى كېلىپتىكەن. قورچاق «قوغدىنىش ئەترىتى»نىڭ ئىككى چېرىكى كېلىپ دېھقانلارنىڭ ئوتۇنىنى تارتىۋالماقچى بولۇپتۇ، دېھقانلار نارازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. چېرىكلەر دېھقانلارغا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپتۇ. ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان لەڭگەرلىك بىر تەمبەل مۇشتلاشچى يىگىت كېلىپ ئارىغا چۈشۈپتۇ. يىگىتنىڭ زەردىسى قايناپ، چىداپ تۇرالماپتۇ - دە، بارغان پېتى ئۈزىنىڭ بازغاندەك قاتتىق مۇشتىمى بىلەن چېرىكلەرنىڭ خامىرىغا تازا كەلتۈرۈپ سالغانىكەن، چېرىكلەرنىڭ ھەر ئىككىسىلا دومىلاپ شۇ يەردىكى سېسىق سۇ ئازگىلىغا تىك موللاق چۈشۈپ كېتىپتۇ.

مۇختار ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن كۆڭلى يايراپ كەتتى. ئۇ جەسەتنى ئېلىپ مېڭىپ لەڭگەردىكى چولڭ خانىقا ئالدىغا كەلدى، ئۇزۇن ئۆتمەي جامائەت يىغىلىپ راخمانىنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلدى. مۇختار مەرگەن جامائەت بىلەن بىللە جەسەتنى قويۇپ قايتتى.

مۇختار ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، ئاندىن ئوسمانىنىڭ ئامانىتىنى قىبرى ئانىسىغا تەگكۈزدى.

زاۋال چۈشكەندىن كېيىن، ئۇ، لۈتپۇللا سىزىپ بەرگەن يول خەرىتىسى بويىچە ياتالماسقا قاراپ مېڭىپ ئەلياتقۇ مەھەللە رۇستەمنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلدى ۋە ئىشىكنى چەكتى.

رۇستەمنىڭ ئۆيىدە نۇرۇللا قاتارلىق يېزىلىق يىگىتلەر ۋەزىيەت توغرىسىدا قىزىق پاراڭ قىلىشىۋاتاتتى. ئۇلار مۇختارنىڭ



ئىشىك چەككىنىنى ئاڭلىيالماي قېلىشتى. مۇختار ئىشىكنى ئەمدى چىڭراق ئۇردى.

— كىم؟

ئىككىنچى قېتىم چېكىلگەن ئاۋازنى رۇستەم ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ چىقىپ نامەلۇم مېھماننىڭ كىملىكىنى سورىدى.

مۇختار ئۆزىنى مەلۇم قىلماي تۇرۇپ، ئاۋۋال ئېنىقلاش نەزەرىدە ئۆي ئىگىسىگە:

— ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— رۇستەم، — دېدى ئۆي ئىگىسى جاۋاب بېرىپ.

مۇختار مەرگەن جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قارارگاھنى ئىزىقماي كېلىۋالالىغىنىغا خۇشال بولۇپ:

— ئۆيىڭىزدە ھازىر ئادەم كۆپ ئىكەن. سىز بىلەن خالىي كۆرۈشمەكچىدىم، — دېدى رۇستەمگە پىچىرلاپ.

— ئۇنداقتا، ھويلىدا كۆرۈشەيلى.

ئىككىيلەن ھويلىدىمۇ تۇرماي، بىر ئېگىز چىنارنىڭ تۈۋىگە بېرىپ توختىدى.

— مەن ھازىر تۇرمىدىن ل. مۇتەللىپنىڭ سىزگە يازغان بىر پارچە خېتىنى ئەكەلدىم. باشقا مۇھىم گەپلىرىمۇ بار. نۇرۇللا دېگەن ئاغىنىڭىزمۇ ئاڭلاشقا تېگىشلىك. لېكىن تېزرەك بولۇڭلار، مەن بۇ يەردە ئارتۇقچە ھايال بولۇپ تۇرالمايمەن، — دېدى مۇختار.

— ئىنتايىن ياخشى گەپ، — دېدى رۇستەم قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ، — سىز ئەمىسە تامنىڭ كەينىدە بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ. مەن ئاۋۋال ئۆيۈمدىكى ئادەملەرنى يولغا سېلىۋېتەي.

رۇستەم ئۆيىگە كىرىپ، نۇرۇللانىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى. ئادەملەر ئۆيدىن تارقىلىشتى. رۇستەم بىلەن نۇرۇللا مۇختار مەرگەننى باشلاپ، نۇرۇللانىڭ خالىي ئۆيىگە ئاپاردى ۋە

ئەكچە پاراڭلاشتى.

ئالدى بىلەن رۇستەم بىلەن نۇرۇللا لۇتپۇللا مۇتەللىپ تۇرمىدىن چىقارغان خەتنى ئوقۇدى. ھەر ئىككى يىگىت بىر ئۇھ تارتىۋەتكەندىن كېيىن، مۇختارنىڭ كۆزىگە قاراشتى. مۇختار ھەممە ئەھۋالنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇردى. ئارقىدىن رۇستەم:

— ئەمدى قانداق قىلىمىز دەيسىز؟ — دەپ سوئال قويدى.

— مەن بىر جەڭچى، پالۋانمەن، — دېدى مۇختار، — مەن ھازىرلا بوزدۆڭگە قاراپ ئاتلىنىمەن. ھېلى سىلەر ئوقۇغان خەت شائىرنىڭ جەڭ پەرمانى، مۇشۇ پەرمان بويىچە تاغدا جەڭ باشلايمەن. شائىرنىڭ تەۋسىيىسى بويىچە، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ماڭا ھەمراھ بولساڭلار، ئىشىمىز تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق بولاتتى.

— توغرا، — دېدى نۇرۇللا قەتئىي تەلەپپۇز بىلەن، — شائىر ئۆز خېتىدە: «يىگىت سۆزىدىن قايتماس، يولۋاس ئىزىدىن» دەپتۇ. ئەسلىدە شائىر بىلەن ئىككىمىز بوزدۆڭ سەپىرىگە تەييارلىنىپ بولغانىدۇق. لېكىن كاج پەلەك ئىشىمىزنى تەتۈر قىلىۋەتتى. مانا ھازىرمۇ ئىككى تۇلپار ئاتخانىدا توقۇقلۇق تۇرۇپتۇ. مەن سىز بىلەن پىدائىي بولۇپ ماڭىمەن. شائىرنىڭ جەڭ پەرمانىنى ئورۇنداپ ئۆلسەم، ئارمىنىم قالمايدۇ!

ياز كۈنلىرى، تۈن قىسقا ئىدى. ئۇلار شۇنچىلىكلا سۆزلىشىپ، مېڭىشقا تەييارلاندى. ئۇلار چاي - پاي ئىچىۋالغاندىن كېيىن، ئاتخانىغا كىرىپ، قوش باشلىق ئېگەر توقۇلغان ئىككى ئاتنى يېتىلەپ چىقىپ، مۇختار مەرگەن بىلەن نۇرۇللا يولغا ئاتلاندى. نۇرۇللا مېڭىش ئالدىدا رۇستەمگە:

— سەن كېچىكتۈرمەي، ئەتىلا بىزنىڭ جەڭگە ئاتلانغانلىقىمىزنى شائىرغا بىلدۈرۈپ بىر پارچە خەت يېزىۋەت، — دەپ تاپىلىدى.

بۇ خەت، بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان — پاڭاق ئىچىگە جايلاشتۇرۇلغان خۇش خەۋەرنىڭ ئۆزى ئىدى.



## يىگىرمە ئالتىنچى باب

# قورغاندىكى قوزغىلاڭ

### 1

مۇختار مەرگەن بىلەن نۇرۇللا «ياتالماس»تىن ئاتلىق يولغا چىقىپ، خېلى ماڭغاندىن كېيىن، مۇزداۋانغا كېتىدىغان ئاچالغا يېتىپ باردى، ئاندىن تىكەنتۇرۇق ۋە بوزدۆڭ ئېگىزلىكىگە يېقىنلاشتى.

— مانا ئەمدى «قارايانتۇ» جىلغىسىغا كىرىۋالدۇق، — دېدى مۇختار، بىر نەچچە سائەتلىك جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — تاغ پەرىشتىسى ئەمدى بىزنى قوغدايدۇ، تاغلار دۇنياسى ئەمدى بىزنىڭ بولىدۇ.

— راست دېدىڭىز، مەرگەن ئاكا، — دېدى نۇرۇللا.

ئاتلار تاڭ يورۇقىدا جىلغا يولىنى كۆرگەندىن كېيىن، ھە دەپ ئالدىغا چاپچىپ، تېزگىن سىيرىيتتى. قارا سايىنىڭ ئۇششاق تاشلىرى ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىغا ئۇرۇلغاندا ۋال - ۋۇل ئوت چاقناپ تۇراتتى ۋە بۇ تاشلار يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۇچۇپ چۇشۇپ، جىلغا ئىچىدە ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى. ئاتلارنىڭ رىتىملىق ئاياغ ئاۋازىدىن چۆچۈپ، قويۇق چاكاندا ئارىسىدىكى ئۇۋىسىدىن قوزغىلىپ كەتكەن ساي تورغايلىرى ھەدەپ سايراشقا باشلىغانىدى.

ئىككى پالۋان جىلغىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن كېيىن،

ئۆزلىرىنى يېنىك ھېس قىلىشتى، شۇڭا ئۇلار ئالدى بىلەن مىنگەن ئاتلىرىنىڭ تەرىپىنى قىلىشىپ ماڭدى.

— بۇ قەيەرنىڭ ئاتلىرى؟ — دېدى مۇختار مەرگەن، ئاتلارنىڭ سىلىق يورغا مېڭىشىغا مەستلىكى كېلىپ.

— ئارالنىڭ ئۇرۇقىدىن، — دېدى نۇرۇللا.

— مۇنداق دەڭ، ئارالنىڭ ئېتى داڭلىق دېگەن سۆزنى مەنمۇ ئاڭلىغان، راست شۇنداق ئىكەن. بۇ ئاتلار ماڭا يارىدى، لېكىن ئارالنىڭ داڭدار ئاتلىرىنىڭ قارا قاشلىق موللامغا يارىمىغىنى قىزىق ئىش ئىكەن.

— قايسى قاراقاشلىق موللامغا يارىمىغانىكەن؟

مۇختار مەرگەننىڭ بىردىنلا «ئون بىرىنچى نومۇرلۇق» كامېردا شائىر بىلال ئەزىزى ئوقۇپ بەرگەن خوتەن قاراقاشلىق ئەخمەتشا قاراقاش دېگەن شائىر ئاراللىق نەزەر مۇپتىغا يازغان ئات توغرىسىدىكى مۇخەممەس ئېسىگە كېلىپ، كۈلۈپ كەتتى ۋە نۇرۇللاغا ھېكايىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى:

— مەن ئاقسۇ تۈرمىسىنىڭ «ئون بىرىنچى نومۇرلۇق» كامېرىدا خوتەنلىك شائىر بىلال ئەزىزى بىلەن بىرگە ياتتىم. بۇ كىشى شېئىر، قوشاقنىڭ ماھىرى بولۇپ، نۇرغۇن شېئىرلارنى يادقا بىلىدىكەن. ئۇ، بىر كۈنى بىزگە ئەخمەتشا قاراقاشىنىڭ ئاراللىق دوستى نەزەر مۇپتىغا يازغان بىر شېئىرىنى ئوقۇپ بەردى. بۇ شېئىر ئارالنىڭ ئېتى توغرىسىدا يېزىلغان شېئىر ئىكەن. ئۇ ئات بىزنىڭ مىنىپ كېتىۋاتقان ئاتلىرىمىزغا ئوخشاشمىسا كېرەك. شېئىردا تەنە ـ مەسخىرە قىلىنىپ ئاتنىڭ ئەيىبلىرى بەك كۆلكىلىك تەسۋىرلەنگەن. بىز بۇ شېئىرنى يازغان موللامنىڭ شائىرلىق ئىقتىدارىغا ھەيران قالدۇق، لېكىن مەن شېئىرنىڭ تېكىستىنى تولۇق ئۇتۇۋالالمىدىم.

ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ، يەنە تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنىڭ ھاياتىدىن سۆزلىشىپ ماڭدى. مۇختار مەرگەن نۇرۇللاغا ساقچى



جاسۇسلىرىنىڭ نادان ئوسمانىنى قانداق قىلتاققا چۈشۈرۈۋالغانلىقىنى، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تۈرمىدىكى قەھرىمانلىقلىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ماڭدى. كېيىن ئۇلار سولغا بۇرۇلۇپ بوزدۆڭنىڭ ئۈستىدىن پاقىلىق ۋە تاغلاقتا كېتىدىغان «بېيۇنقىر» دېگەن ئېگىزلىككە يېتىپ كەلگەنلىكىنى سەزمەي قېلىشتى. ئانچە ئۆتمەي يېشىل جىلغا كۆرۈندى. مۇختار مەرگەن نۇرۇللانى يېشىل جىلغىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر قىرغىزنىڭ ئاق ئۆيىگە باشلاپ ماڭدى. كۈن دەل ئاشۋاقتىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار ئاق ئۆينىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى. مويلىرى ئۆسۈپ كەتكەن ئىككى ئىت ھاۋشىپ كېلىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىنى توسۇدى. ئۇنىڭغىچە ئاق ئۆيدىن بىر ياش كېلىنچەك چىقىپ، قولىغا تاش ئېلىپ ئىتلىرىنى قوغلىدى. پالۋانلار ئاق ئۆينىڭ يېنىغا بېرىپ، ئاتلىرىدىن چۈشتى. ئارىدا ئاق ئۆيدىن ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى بىر چال چىقىپ كەلدى ـ دە، مۇختار مەرگەن بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇلار قىزغىن پاراڭغا چۈشتى. كېلىنچەك مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئايران ۋە كۆمەچ نان كەلتۈردى.

— بۈگۈن ياخشى سائەتتە كېلىپسىلەر، بىر كېچە قوناق بولۇپ بېرىڭلار. ئاتلارغا بالىلار قارايدۇ، چايدىن كېيىن ئۇخلاپ ئارام ئېلىڭلار، — دېدى چال مېھماندوستلۇق بىلەن.

— بىز كېيىن يەنە كېلىمىز، — دېدى مۇختار، — بۇ يەردە ئازراق دەم ئېلىۋالايلى، مەن بۇ ئۆيگە بۇرۇنمۇ كۆپ كەلگەن، كۆپ مېھمان بولغان، رەھمەت سىزگە.

چالنىڭ ئوغلى ئاتلارنى تويۇندۇرغىچە مېھمانلار چاينى ئىچىپ بولۇپ، بىرئاز كۆز يۇمۇۋالدى. چال مۇختار مەرگەن بىلەن نۇرۇللا ئۇخلاپ قوپقۇچە، بىر ئوغلاقنى سويۇپ، ئەتتاستى قىلىپ پىشۇرۇپ تەييارلاپ قويدى. كۈن پېشىن بولغاندا، مېھمانلار قورساق تويغۇزۇپ، يەنە ئۆز نىشانلىرىغا قاراپ ئاتلاندى.

— ئەمدى يارىدىغان مەنزىلىمىز، — دېدى مۇختار مەرگەن
سەپدىشى نۇرۇللاغا، — كۆكيايلاق، چالىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغان-
دا، بىزنىڭ ئىزدەيدىغان كىشىمىز ئاشۇ كۆكيايلاق دېگەن جايدا
ئىكەن.

ئۇلار شىمال تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئېگىز - ئېگىز
داۋانلاردىن ئاشاتتى. تىك تاغلار ئارىسىدىكى تار جىلغىلارنى
بويلاپ ماڭاتتى. قارلىق چوققىلار بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئې-
دى. تاغلاق ۋە پاقىلىق تاغلىرىدا ئۆسكەن قويۇق يېشىل قارىغاي-
لار كۆزگە تاشلىناتتى.

قوياش تومۇر چوققىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇش ئالدىدا، بۇ
ئىككىيلەن كۆكيايلاقنىڭ ئۈستىگە يېتىپ باردى. بۇ ئېگىزلىك-
تىكى يېشىل يايلاق خانتەڭرى چوققىسى بىلەن تومۇر چوققا
ئوتتۇرىسىدىكى ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان قاراسۇ بويىغا جايلاشقانى-
دى. قاراسۇ دەرياسى قاتموقات تاغ ئارىسىدىن ئۆتۈپ قورۇلدۇغ-
ىنىڭ شىمالىدىكى سۇ بۆلگۈچ تاغنىڭ يېنىدا ئىككى بۆلەككە
ئايرىلىپ، چوڭ بىر بۆلىكى ئاتئوييناق جىلغىسى ئارقىلىق قوم-
ئېرىق دەرياسى ئېقىنىغا قوشۇلاتتى، يەنە بىر بۆلىكى شەرق
تامان ئېقىپ، قىزىلنىڭ شىمالىدا سايلىققا سىڭىپ كېتەتتى.

مۇختار مەرگەن بىلەن نۇرۇللا كۆكيايلاقنىڭ شەرقىي شى-
مال بۇرجىكىدىكى چوڭ بىر ئاق ئۆيگە يېتىپ بېرىپ ئاتتىن
چۈشتى. ئاق ئۆيدىن ئۈچ كىشى چىقىپ مېھمانلارنى ئۆيگە باشلى-
دى. مۇختار مەرگەن ئۇلار بىلەن خۇددى قەدىناس يارەنلەردەك
كۆرۈشۈپ، ھال - مۇڭ ئېيتىشىپ كەتتى.

— مەن بۇ يەرگە بىر پالۋان يىگىتنى باشلاپ كەلدىم، —
دېدى مۇختار مەرگەن دوستلىرىغا نۇرۇللانى تونۇشتۇرۇپ.

— ناھايىتى ياخشى، بىزگە پالۋان كېرەك. قانچە كۆپ
بولسا، شۇنچە ياخشى، — دېدى پارتىزانلار باشلىقى ئىسمەتتۆرە.

ئاق ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا بىر - ئىككى يېنىك ئاپتومات ۋە



بىرقانچە مىلتىق تۇراتتى. قورالارنىڭ يېنىغا ئاتنىڭ ئېگەر -
جابدۇقلىرى قويۇلغانىدى. ئىشىك تەرەپتە يېڭىلا سويۇلغان ئىك-
كى جەرەننىڭ گۆشى ئېسىقلىق ئىدى. نۇرۇللا قورال - ياراغنى
كۆرۈپ، بۇ ئۆينىڭ پارتىزان ئەترەتلىرىنىڭ تەگرىتاغ ئۈستىدى-
كى پائالىيەت مەركىزى ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

— قورال - ياراغلارنىڭ ئاشكارا تۇرغىدىن قارىغاندا، —
دېدى مۇختار مەرگەن ئىسمەتتۆرىگە چاقچاق قىلىپ، —
يۈرىكىڭلار خېلى چوڭىيىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق بولمايچۇ، — دېدى پارتىزانلار باشلىقى، —
بىزنى كىم قورقۇتالىغان؟

ئىككىيلەن پاراڭغا چۈشكەندە، قالغان پارتىزانلار مېھمانلار-
نى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن قازانغا گۆش سالدى. گۆش پىشقىچە
مۇختار ئاقسۇ ئەھۋالىنى، تۈرمە ھاياتىنى، لۈتپۇللا باشلىق ئاق-
سۇ تۈرمىسىدە قامىلىپ يېتىۋاتقان مۇنەۋۋەر زىيالىيلارنىڭ سەر-
گۈزەشتىلىرىنى پارتىزانلار باشلىقىغا تەپسىلىي تونۇشتۇردى.

— بىزنىڭ ئالاقىچىمىز تونۇگۈن تاغ ئارقىسىدىن ئىشەنچ-
لىك يېڭى خەۋەر ئەكەلدى، سىلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىڭلار بىز
ئۈچۈن چوڭ مەدەت، بىز ئەتە بۇ يەردىن قوزغىلىپ قورغاننىڭ
ئىككى تەرىپىگە ئورۇنلىشىپ، ئىشنى قورغاندىن باشلىماقچى-
مىز. قورغاننى قولغا چۈشۈرسەك، مۇزداۋان بىلەن بولغان ئالاقە
بىۋاسىتە يورۇشۇپ كېتىدۇ. قورغاننىڭ شەرق تەرىپىدىكى «كې-
لىنتاش» ئەتراپىغا بىر قىسىم كۈچنى، غەرب تەرىپىدىكى ئاق
چوققىغا بىر قىسىم كۈچنى ئورۇنلاشتۇرساق، قورغان ئەتراپىنى
مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرۇۋاتقان دۈشمەن قورشاۋ ئىچىدە قالىدۇ.
يارەمگە ئادەم ئەۋەتىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ، — دېدى ئىسمەتتۆرە
ئۆزىنىڭ ھەرىكەت پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ.

— بىز سىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىزغا بويسۇنىمىز، —
دېدى مۇختار مەرگەن.

پارتىزانلار باشلىقىنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن:

— دۈشمەننىڭ ئىچكى قىسمىدىن پاش بولۇنغان يېڭى خەۋەرگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ قورغاننى تۇتۇپ تۇرۇشقا كۆزى يەتمەيدۇ. ئۇلار پەقەت كۈچنى توپلاپ ئاقسۇ سېپىلىنىلا قوغداش كويىدا بولۇۋاتىدۇ. سېپىل تۈۋىگە پارتىزان كۈچلىرىنى يېقىن كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن سېپىل چۆرىسىدىكى ئۆيلەرنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلىماقچى بولۇۋاتىدۇ. جان تالىشىپ كۆرۈش ئۈچۈنلا قورغانغا ئازراق ئەسكەر قويىدى ھەم بىرنەچچە يۈز ھاشار سېلىپ، قورغان ئەتراپىغا ھەربىي ئىستىھكام قۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇ يەردە مەجبۇرىي ھاشارغا سېلىنىۋاتقان دېھقانلارنى ئويغىتىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئارقىلىق قورغاننى ئىشغال قىلىش ۋەزىپەسىمۇ ئىچىمىزدە بولۇشى لازىم. مېنىڭچە، بۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم ۋەزىپە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى تەرەپتىكى چوققىغا بېرىلىپ، ئوتتۇرىدىكى ئاساسىي چوققىنى تاشلاپ قويساق، ئۆزىمىزنىڭ ئوقىدا دېھقانلار قىرىلىپ كېتىشى مۇمكىن، — دەپ نۇرۋۇللا ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

نۇرۋۇللانىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىسمەتتۆرە باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار نۇرۋۇللانىڭ تاكتىكىلىق پىلانىغا قايىل بولۇشتى.

— مەن، — دېدى ئىسمەتتۆرە، — راستىنىلا ئەقىللىق، پالۋان يىگىت ئىكەنسەن، سېنىڭ ھازىر دېگەنلىرىڭ يۈزدە يۈز توغرا. مەن ساڭا قايىل بولدۇم.

ئارقىدىن خىزمەت تەقسىم قىلىندى: نۇرۋۇللا باشلىق ئۈچ پارتىزان ۋە ئىككى ئالاقىچى قورغان يېنىدىكى ھاشارچى دېھقانلارنى قوزغاشقا مەسئۇل بولدى. قورغاننىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چوققىغا ئايرىم مەرگەنلەر بېكىتىلدى. خىزمەت تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار ئاماقلىرىنى يېيىشىپ، ئۇخلاپ قېلىشتى.



ئەتىسى تاڭ سۈزۈلۈشىگە، نۇرۋۇللا ھەممىدىن بۇرۇن ئويغىنىپ كەتتى ۋە قالغان سەپداشلىرىنىمۇ ئويغىتىپ قويۇپ، ئۆزى سىرتقا چىقىپ، كۆكيايلاقنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن ھۇزۇرلاندى. بۇ گۈزەل يايلاقتا ئۆسكەن تاغ گۈللىرىنىڭ خۇشبۇيى ھىدى سەھەر شامىلى ئارقىلىق دىماغقا ئۇرۇلاتتى. قاراسۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى قۇلاققا يېقىملىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قويۇق چىمەنلىك ئارىسىغا باغلاپ قويۇلغان جەڭ دۇلدۇللىرى قۇلاقلىرىنى ئوينىتىپ، يېقىملىق كىشنىشەتتى.

ناشتىدىن بۇرۇن پارتىزانلار ئاق ئۆي ئوتتۇرىسىدا كۆيۈۋاتقان ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ، يەنە كېڭەش باشلىدى.

— مېنىڭ ئەس - يادىم، — دېدى نۇرۋۇللا ئاۋۋال سۆز باشلاپ، — شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۈرمىدە ئازاب چېكىۋاتقان مۇنەۋۋەر زىيالىيلارنى بالدۇرراق قۇتۇلدۇرۇۋېلىش بولۇۋاتىدۇ. بىز بالدۇرراق سەپەرگە ئاتلانساق، بىراق، مەن تېخى قورال ئىشلىتىشنى بىلمەيمەن. كۈن چىققۇچە مۇشۇ ئازادە يايلاقتا مىلتىق ئېتىشنى بولسىمۇ ئۆگىنىۋالسام.

— ئوبدان پىكىر، — دېدى پارتىزانلار باشلىقى، — بىز ئاشۋاقتى بىلەن يولغا چىقىمىز. ئۇنىڭغىچە سىلەر ئوبدان مەشىق قىلىڭلار، لېكىن، ئوق ئاز، زايە قىلىشقا بولمايدۇ.

— توغرا! زايە قىلمايمەن، ھازىرچە چېنىقىشنى، مىلتىقتا ئوق سېلىشنى ئۆگىنىپ تۇرىمەن، كېيىن ماڭا قورالمۇ كېرەك ئەمەس. مەن قورالىمنى قورغاندىكى دۈشمەن چېرىكلىرىگە «ئامانەت» بېرىپ قويغان.

بۇنى ئاڭلاپ پارتىزانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— يارايسەن، پالۋان يىگىت. تۇرقۇڭدىنمۇ باتۇرلۇق چىقىپ تۇرىدۇ. سېنىڭ قولۇڭدىن خېلى ئىش كەلگۈدەك، — دېدى ھاياجانلانغان ئىسمەتتۆرە.

— ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، ئۇنچىلىك ئەمەس، بىراق كونىلار: «جەڭنىڭ بىرىلا جەڭ، قالغان توققۇزى رەڭ» دەپتىكەن. قور-

غاندا مەجبۇرىي ئەمگەك قىلىنىۋاتقان دېھقان يىگىتلىرى كۆپ،
ئۇلار چېرىكلەر بىلەن بىر يەردە ئەمگەك قىلىنىۋاتىدۇ. ئاقچوققا
بىلەن كېلىنتاش ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان پارتىزانلىرىمىز
نىشانسىز ئوق چىقارماسلىقى لازىم، شۇڭا ئالاقە باغلاش خىزمە-
تىنى ئوبدان ئىشلىمەك بولىدۇ.
نۇرۇللانىڭ سۆزلىرى پارتىزانلار باشلىقىغا تېخىمۇ ياراپ
كەتتى. قاراموقچىدىن چىققان بۇ يىگىت خۇددى نۇرغۇن قېتىم
ئۇرۇش قىلغان تەجرىبىلىك قوماندانەك، ئورۇنلۇق پىكىر قىل-
غانىدى. ئۇ، قورغانغا بارغاندا، ئۆز نۆۋىتىدە ئاراتۇرۇك شىرول-
لاسىدەك جاسارەت كۆرسەتمەكچى. ئۇ، دۈشمەن چېرىكلىرى
ئىچىگە باتۇرلۇق بىلەن كىرىپ، «ياغاچ ئات ھىيلىسى»[1] بىلەن
«پاتىسقاننىڭ بوكتۇرمە ھىيلىسى»[2] نى سىناپ كۆرمەكچى.
كېچەش ئاياغلاشقاندىن كېيىن مۇختار بىلەن نۇرۇللا تاغ
باغرىدا قارىغا ئېلىش مەشقىگە كىرىشىپ كەتتى.

## 2

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن پارتىزانلار سەپەر تەييارلىقىغا
كىرىشتى، ئاق ئۆيلەر يىغىشتۇرۇلدى، قورال - ياراغلار تاغار-
لارغا قاچىلىنىپ ئاتلارغا ئارتىلدى - دە، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار
مېڭىپ كېتىشتى.
شەرق تەرەپتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قارىغايلىق تاغدىن ئەمـ
دىلا كۆتۈرۈلۈپ چىققان تاغ قۇياشىنىڭ ئالتۇن نۇرى گۈزەل

① «ياغاچ ئات ھىيلىسى» — قەدىمكى يۇنان ئەسكەرلىرى تىرويا دېگەن جايدا ئىشلەتكەن
ئۇرۇش تاكتىكىسى. بۇ ھېكايە گومېر داستانىدا تەسۋىرلەنگەن. ۋەقە مۇنداق بولغان: ياغاچتىن
ياسالغان يالغان ئات ئىچىگە قوراللىق قوشۇن جايلاشتۇرۇلۇپ تەسلىم بولۇش نىقابى بىلەن دۈشمەن
ئىچىگە كىرگۈزۈلىدىكەن. دۈشمەن خۇشال بولۇپ بىخۇدلىشىدىكەن. كېچىسى ياغاچ ئات ئىچىدىن
يۇنان قوشۇنلىرى چىقىپ، بىخۇدلاشقان دۈشمەنلەرگە ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قىلىدىكەن.
② «پاتىسقاننىڭ بوكتۇرمە ھىيلىسى» — پاتىسقان — مىلادىيىدىن بۇرۇن 1 ئەسىردە
ئۆتكەن ھون خاقانى. ئۇ، جەڭدە ھەمىشە بوكتۇرمە تاكتىكىسىنى ئىشلىتىپ داڭق چىقارغانىكەن.



يايلاقنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەنىدى. ھايت - ھۇيت دېگۈچە
ئاتلىق پارتىزانلار كۆكيايلاقتىن ئۆزاپ كەتتى.
مۇختار مەرگەن يول باشلاپ ئالدىدا ماڭاتتى. نۇرۇللا مىنـ
گەن قىزىل تورۇق ئارال دۈلدۈلى بىلەن مۇختار مەرگەننىڭ
قاراگىر مويلۇق دىقماق ئارغىمىقى يول تالىشىپ، بۆرە مېڭىشىـ
دىن ھەدەپ تېز يورغىسىغا چۈشەتتى. نۇرۇللانىڭ كۆچلۈك بىلە-
كى گاھىدا يۈگەننى باشقۇرالماي قالاتتى.
— يارامىلىق ئاتلارنى نەدىن تاللىۋالدىڭلار؟ — دەپ سورىدى
ئاتلارغا مەستلىكى كەلگەن پارتىزانلار باشلىقى.
— ئۆزۈم جەڭگە ئاتاپ باققان، ئاقسۇ ئارالنىڭ ئېتى، —
دېدى نۇرۇللا جاۋاب بېرىپ.
— راستىنلا جەڭ ئېتى ئىكەن، ھەم تېز، ھەم سىلىق
ماڭىدىكەن.
— بۇ ئاتنى ئەسلىدە شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ مىنىپ
كەلمەكچىدى، بىراق نېسىپ بولمىدى. ھازىر بۇ ئات شائىرنى
قۇتقۇلدۇرۇش جېڭىگە ئالدىراۋاتىدۇ.
— ياخشى نىيەتلىرىمىز چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ! — دېدى
پارتىزانلار باشلىقى ئۈمىدۋارلىق بىلەن.
پارتىزانلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى يانتۇ تاغ باغرىـنى
بويلاپ، چوڭ قورۇقتېبقىن بويىغا يېتىپ كەلگەندە، قېرىشقاندەك
ھاۋا بۇزۇلۇپ، يامغۇر يېغىپ كەتتى. كۈز پەسلىدە بۇ چوڭ
ئېقىنغا قىزىلبۇلاق، تالاق، خادىتاش، چودا، ياسىرىم ۋە ئىپا-
لىق جىلغىلىرىدىن كەلگەن كەلكۈن سۇلىرى قوشۇلۇپ ھەيۋەت-
لىك سەل ھاسىل قىلاتتى. ئاندىن بۇ سەل ياقىشېرىق يېزىسىنىڭ
غەربىي تەرىپىدىن ئۆتۈپ قارا يۇلغۇن ئەتراپىدىكى جىگەر رەڭ
قىزىل توپىلىق مۇنبەت زېمىنلارغا لاتقا تاشلاپ، جەنۇب تەرەپكە
ئېقىپ كېتەتتى.
پارتىزانلار قورۇقتېبقىن ئۈستىدە ئامازدىگەرگىچە تۇرۇپ

قالدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىشى ۋە قاراسلاپ تۇرغان چېقىلغان ئاۋازى توختىدى، يامغۇرمۇ پەسەيدى، مۇزداۋان تەرەپتىكى ئۈپۈق ئۈستىدە پەيدا بولغان ھەسەن - ھۈسەننىڭ رەڭگارەڭ نۇرلىرى تەبىئەتكە ئاجايىپ گۈزەل ھۆسن بەرگەنىدى. پارتىزانلار خۇشال بولۇشۇپ بىر پادىچىنىڭ ئۆيىدە راۋۇرۇس ئوزۇقلاندى. خۇپتەن مەھەلگىچە ئەتراپتىن يەنە بىرمۇنچە تارقاق پارتىزانلار ئاتلىق كېلىپ سەپكە قوشۇلدى. ئوزۇقلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار خۇددى «كۆلۈك يېغىلىقى»①دىن كېيىن پانتېكىن②رەھبەرلىكىدە ئۈچكە بۆلۈنۈپ يۈرۈش قىلغان چاشما قوشۇندەك، ئاخشامقى پىلانى بويىچە ئۈچ تەرەپكە بۆلۈنۈپ يولغا چىقتى. نۇرۇللا بىلەن مۇختار مەرگەن قاتارلىق تۆت كىشى جەنۇب تەرەپكە سەپەر قىلدى.

مۇختار مەرگەن بىلەن نۇرۇللا كېچىچە يول يۈرۈپ تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا قاراباغنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى بىر تاغلىق مەھەللىگە يېتىپ باردى. ئۇلار تاغ باغرىدىكى بىر كىچىك بۇلاق بويىدا ئاتلىرىنى ئوتقا قويۇپ، بىردەم ئارام ئالدى. كۈن چىقىش بىلەن تەڭ بۇلاق ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر بالا ئۈچ - تۆتچە ئۆچكىسىنى ھەيدەپ، بۇلاق بېشىغا كېلىپ قالدى.

— سىز مۇشۇ يەرلىكمۇ؟ — سورىدى نۇرۇللا بالىدىن.

— شۇنداق، — دېدى قاراباغلىق بالا.

— ئۆيىڭىزدە كىملەر بار؟

— ئاپام، بىر ئاچام، مەن بار. ئاتام ئۆلۈپ كەتكەن. ئاپامنىڭ قولىقى گاس.

— بۇ يەرگە تۇغقان يوقلاپ كەلگەنىدۇق، ئۆيىڭىزدە

① «كۆلۈك يېغىلىقى» — 840 - يىلى ئۇرخۇندا پەيدا بولغان ئېغىر تەبىئىي ئاپەتتىن پايدىلىنىپ، ساغۇن كۆلۈك شىمالدىكى قوشنا قەبىلە بىلەن مەخپىي تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇرخۇن خانلىقىنى خانىۋەيران قىلغانىدى.

② ئەنە شۇ چاغدا چېچىلىپ كەتكەن ئۇرخۇن ئۇيغۇرلىرىنى شاھزادە پانتېكىن تەشكىللەپ، ئۈچ تەرەپكە قاراپ چوڭ يۈرۈش قىلغانىدى.



چاي - پاي ئىچىۋالساق بولامدۇ؟

— نېمىشقا بولمايدۇ؟ مېھمان كەلسە، ئاپاملارمۇ بەك خۇش بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا ئۆچكىلىرىڭىزگە بىز قاراپ تۇرايلى، سىز ئاپىڭىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كېلەمسىز؟

— ئاكا، بىزدە نەدە ئۇنداق مەسلىھەت قىلىدىغان ئادەت بار، بىرنۇەرسەك بولدى ئەمەسمۇ؟ — دېدى بالا.

مۇختار مەرگەن كۈلۈپ كەتتى.

— ياق، — دېدى ئارقىدىن نۇرۇللا، — مېنىڭ دېگىنىم: ئۆچكىلىرىڭىز بىرئاز ئوتلىۋالسۇن، بىز كېيىنرەك بارساقمۇ بولىدۇ، سىز ئاپىڭىزغا «چاي قاينىتىپ تۇرۇڭلار» دەپ قويۇپلا كېلىڭ.

بالا كېتىپ ئون مىنۇتتىن كېيىن «ئېيتىپ قويدۇم» دەپ قايتىپ كېلىپ ئۆچكىلىرىنى بۇلاقنىڭ شەرقىدىكى بىر كىچىك جىلغىغا ھەيدەپ قويدى - دە:

— يۈرۈڭلار، مال ھېچ يەرگە كەتمەيدۇ. ئۆيگە بارايلى، سىلەر چاي ئىچىڭلار، قايتىپ كېلىپ، مالغا ئۆزۈم قارايمەن، — دېدى.

تۆت پارتىزان بالىنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۇنىڭ ئۆيى يېقىنلا يەردىكى بىر ئويمانلىقتا ئىدى. مېھمانلارنى بالىنىڭ ئاپىسى ۋە ئاچىسى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۆي بىساتىنىڭ ئاددىيلىقىدىن، بۇ ئائىلىنىڭ نامراتلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى. كاڭ سۇپىسىغا بىر چوڭ كونا پالاس ۋە پالاس ئۈستىگە كونىراپ كەتكەن بىر پارچە قارا كىگىز سېلىپ قويۇلغانىدى.

— موما، — دېدى نۇرۇللا سۇپىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، — مەن بۇ يەرگە تۇغقان يوقلاپ كەلدىم، ماۋۇ ئۈچ تۇغقىنىمىز قاراباغ ئارشاڭىغا داۋالىنىشقا كەلدى، ئەتىگەندە بىز بۇلاق بېشىدا ئوغۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ قالدۇق. ئۆزلىرى-

نى يوقلاپ ئۆتەيلى، دەپ كەلدۇق.

موماينىڭ قولىقى ئېغىر بولغانلىقتىن، بالا ئاپىسىغا نۇرۇللانىڭ سۆزىنى ئۈنلۈك تەكرارلاپ ئۇقتۇردى. ئۇنىڭغىچە پارتىزانلاردىن بىرى خۇرجۇنغا قاچىلىۋالغان قورۇتتىن ئىككى ئوچۇم ئەكېلىپ مومايغا سۇندى.

— رەھمەت، باللىرىم، ئاجىز - ئورۇق، تۇل - مەزلۇملارنى يوقلىغان كىشىنى خۇدايىمۇ يوقلاپ تۇرىدۇ.

— ئاكىلار، مەن چىقىپ ئاتلارغا قاراپ تۇراي، سىلەر خاتىرجەم ئولتۇرۇپ چاي ئىچىڭلار.

موماينىڭ ئوغلى ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، پارتىزانلار يەنە ئاخشامقى جەرەن گۆشىدىن ئېلىۋالغان بىر پۇت خام گۆشنى مومايغا سۇندى. موماي كېلىپ «ھەشقاللا، رەھمەت!» بىلەن قولىغا ئېلىپ:

— سەپەردىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەنسىلەر، مۇشۇ گۆشنى توغراپ، ھاردۇق ئېشى ئېتىپ بېرەي، — دېدى.

— رەھمەت، موما، — دېدى نۇرۇللا كۈلۈپ تۇرۇپ.

موماي قىزىنى ئاشقا بۇيرۇپ قويۇپ، ئۆزى مېھمانلارغا سۈتلۈك چاي بىلەن نان ئەكەلدى. مېھمانلار چايدىن كېيىن، كاڭدا بىردەم ئۇخلاپ ئارام ئالدى.

بىر سائەتتىن كېيىن، نۇرۇللا مۇختار مەرگەننى ئاستا ئويغاتتى. قالغان ئىككى پارتىزان ئورنىدا ئۇخلاۋېرىشتى. ئۆي ئىچىدە ھېچكىم يوق ئىدى.

— كېيىنكى قەدەمچۇ؟ — سورىدى نۇرۇللا.

— مەن ماۋۇ ئىككىيلەن بىلەن ھېلىقى بۇلاقنىڭ كەينىدىكى بىر تونۇش قىرغىزنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلىشىمىز. سەن قورغاندىكى ھاشارچى يىگىتلەر ئىچىگە كىرىپ كۈچ توپلا. بىزنىڭ ئالاقە ئورنىمىز مۇشۇ موماينىڭ ئۆيى بولسۇن.

— ياخشى، ئىككىمىزنىڭ كۆڭلى بىر يەردىن چىقتى، لې-



كىن مېنىڭدىن خەۋەر بولماي تۇرۇپ، ئالدىراپ قورغان تەرەپكە ئوق چىقارماڭلار. مەن قورغاننى ئىچىدىن ئېلىش پىلانىنى ئىشلەپ كۆرىمەن. سەن ئىسەنتۆرە ئەترىتىگىمۇ بۇ پىلاننى يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتىپ قويغىن.

— بابا، ئارشاڭ گېپىنى بەك جايىدا قىلدىڭ، بىز داۋالىنىش باھانىسى بىلەن ئارشاڭغا ھەر كۈنى چىقىمىز. ئارشاڭنىڭ ئۈستىدە، كېلىنتاشنىڭ ئاستىدا «ئوسمانگەمىسى» دېگەن بىر ئويمانلىق بار، شۇ يەرگە پىلىموت ئورنىتىدىغان ئىستىھكام ياسايمىز، بۇ ئىستىھكام «ئات تاقىسى» شەكلىدە، شىبەن تاشتىن ياسىلىدۇ، ناھايىتى ئەپلىك جاي.

دەل شۇ چاغدا موماينىڭ ئوغلى ئۆيگە كىرىپ كەلدى ۋە مېھمانلارغا ئاتلارنىڭ ئوبدان تويۇنغانلىقىنى ئېيتتى. مومايمۇ تەڭلا كاڭ ئۈستىگە داستىخان سالدى، قاتتىق ئۇخلاۋاتقان ئىككى پارتىزانمۇ ئويغاندى، ئۇلار مەززىلىك سۇيۇقئاشنى ئىچىپ قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ، موماي بىلەن خوشلاشتى.

## 3

نۇرۇللا چۈشكە يېقىن ھاشارچىلار ئىشلەۋاتقان يەرگە يېقىنلاشتى - دە، ئېتىنى بىر ئۆيگە ئامانەت بېرىپ، ئۆزى پىيادە ئۈچ كىلومېتىرچە يول مېڭىپ، ھاشارچىلار ھەربىي گازارما ۋە ئىستىھكام ياساش ئۈچۈن كېسەك قۇيۇۋاتقان يەرگە يېتىپ باردى. بۇ يەردە، قۇربان قىلىچ ۋە لۇتپۇللا مۇتەللىپ كونىشەھەر ئەشمە بۇلاق بېشىدا تونۇشقان ھېلىقى بەشكېرەملىك يېتىمچى قاۋۇل قاتارلىق يىگىتلەر كېسەك قۇيۇۋاتقانىدى. نۇرۇللا ئۇلارنىڭ قېشىغا يېتىپ بارغاندا، قاۋۇل ئۇنى تونۇيالماي قالدى، لېكىن قۇربان قىلىچ دەررۇ بايقىۋالدى.

— قاۋۇل، بۇرادىرىم! تىنچلىقمۇ سەن؟ — نۇرۇللا تونۇش-

لۇق بەرگەندەن كېيىن، قاۋۇل ئۇنى تونۇپ، قىزغىن سالاملاشتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن نۇرۇللا، قۇربان قىلىچ ۋە بەشكېرەملىك قاۋۇل قىرلانغان كېسەك تۇۋىدە ئولتۇرۇپ، ئۇزۇن سۆزلەشتى.

— بەشكېرەمدىن ئىلىغا كېتىمەن دەپ كەلگەن ئادەم، ئىلىغا كەتمەي، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

نۇرۇللا چاقچاق قىلىپ قاۋۇلنى گەپكە سالدى.

— يول ئېچىلسا كەتمەمدۇ؟ — دېدى قاۋۇل كۈلۈپ.

— يولنى كېسەك بىلەن توسۇپ قويۇۋاتسالار، ئېگىز مۇزداۋاننى كېسەك بىلەن تېخىمۇ ئېگىزلىتىمەن دېسەڭ، يول ئۆزى ئېچىلامدۇ؟

— «زۇلۇمنىڭ زورى، ئۆزۈڭنىڭ شورى»، نېمە ئامال بار؟

— جۈرئەت قىلسا ئامال تېپىلىدۇ، ھاشارغا كىم باشچى؟

— ھەسەن پەيپۇر.

— ئۇ ھازىر نەدە؟

— ھېلى كېلىدۇ.

— كۈنىگە نەچچىدىن كېسەك قۇيىسىلەر؟

— بەش يۈزدىن، بۇ بېرىلگەن ۋەزىپە، ئەمەلدە...

— سەنچۇ؟

— ئاران ئۈچ يۈز ئەللىك. مەن تېخى ھەممىنىڭ ئالدى.

— كۈنىگە مىڭدىن قۇيالامسەن؟

— جان كېرەك - دە!

— جاننى نېمىگە لازىم قىلىسەن، ئابداللىققىمۇ؟

— مەن تېخى ئۆيلەنمىدىم، ئائىلە خوۋلۇقى كۆرمىدىم، جېنىمنى ھاشارغا سېلىپ بېرەمدىمەن؟

— مەن ھېلىلا قاراباغدا بىر قىزنى كۆرۈپ كەلدىم، ئالامسەن؟



— ئۆزى چىرايلىق، مىجەزى ئوبدان بولسا...

— ۋاي دېۋانە، «ھالىڭغا بېقىپ ھال تات، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن» دېگەن گەپنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ يانچۇقۇڭدا بىر داچەننىڭ تايىنى يوق، تېخى ساڭا چىراي تاللاشنى كىم قويۇپتۇ!

قاۋۇل پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى.

دەل شۇ چاغدا كېسەكلىككە قارا قاپلىق تاپانچا ئېسىۋالغان ھەسەن پەيپۇر كەلدى، نۇرۇللا ئورنىدىن تۇرۇپ ھەسەن پەيپۇر بىلەن سالاملاشتى ۋە ئۇنىڭغا تونۇشلۇق بېرىپ:

— مەن ماۋۇ ئىككى تۇغقىنىمنى يوقلاپ كەلدىم. ئۇلارنى ئاغرىپ قاپتۇ، دەپ ئاڭلاپ، ھاشارنى ئۆزۈم تۇگىتىپ بېرەي، دەپ كېلىشىم، رۇخسەت بولسا، كېسەك قۇيۇشقا ياردەملىشەي، — دېدى نۇرۇللا.

ھەسەن پەيپۇر نۇرۇللانىڭ باش - ئايىغىغا بىر قاراپ چىقىپ:

— بۇ يىگىتلەر ھەممىدىن كۆپ قۇيۇۋاتىدۇ. ئەگەر سەن خالىسىڭ ياردەم بېرىشنى خالىساڭ قارشى ئالىمىز، — دېدى.

— خالايمەن، قولۇمدىن نۇرغۇن ئىش كېلىدۇ. گېزى كەلگەندە سىلەر ئۈچۈن «جەڭ»مۇ قىلالايمەن، لېكىن مېنىڭ بىر تەلىپىم بار: مەن بەش كۈنلۈك ئىشنى ئىككى كۈندە تۈگىتىپ قويىمەن. قالغان ئۈچ كۈنلۈك ۋاقتىم مېنىڭ ئۆز ئەركىمدە بولۇشى لازىم.

— مەيلى، شۇنداق بولسۇن. مەن ئۇنىڭغا كېپىللىك قىلىمەن.

— رەھمەت سىزگە، ئۇنداق بولسا مەن بۈگۈندىن باشلاپ، كېسەك قۇيۇشنى باشلىدىم.

شۇنداق قىلىپ نۇرۇللا كېسەك قۇيۇشنى باشلىدى. قاۋۇل بىلەن قۇربان قىلىچ لايغا چۈشتى. ئۇلار ئىككى سائەت ئىچىدە تۆت يۈز كېسەك قۇيدى. قاۋۇل بىلەن قۇربان قىلىچ لاي ئۈلگۈر-

توپ بېرەلمىدى. ئاخىرى نۇرۇللا لايغا ئۆزى چۈشتى. بۇ كۈنى نامازدىگەرگىچە نۇرۇللا يەتتە يۈز كېسەك قۇيدى. ئۇ، بىر مېڭىشىدا ئىككى قېلىپلىق لايىنى كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. ھەسەن پەيپۇر نۇرۇللانىڭ كېسەك قۇيۇش ماھارىتىدىن ھەيران بولۇپ، ئىشتىن چۈشىدىغان چاغدا، ئۇنى كېسەكچىلەر ئىچىدە ماختاپ كەتتى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرغان نۇرۇللا، قاۋۇل ۋە قۇربان قىلىچ بىلەن بىللە ئىشقا چۈشۈپ، پېشىن بولغۇچىلا ئىككى مىڭ بەش يۈز كېسەك قۇيۇپ، بەش كۈنلۈك نورمىنى تۈگىتىپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ ماھارىتى ھەسەن پەيپۇر ئارقىلىق گومىنداڭنىڭ ھەربىي شتابىغا ئاڭلاندى.

نۇرۇللانىڭ ئەمگەك داڭقىنى ئاڭلىغان گومىنداڭچىلار، كۈندە دېگۈدەك كېسەكلىككە كېلىشىپ، نۇرۇللانىڭ ماھارىتىنى تاماشا قىلاتتى، گاھىلىرى ئۇنىڭغا تاماكا تۇتاتتى، ئۇ بولسا تاماكىنى ئېلىپ، قولىقىغا قىستۇرۇپ قويۇپ، ئىشىنى قىلىۋېرەتتى. ئۇنىڭ جاراڭلىق ناخشا ساداسى قورغاننىڭ ئىچىنى زىلزىلىگە كەلتۈرەتتى، تومۇزنىڭ ئىسسىقى كىشىلەرنى كۆيدۈرۈپ قارايتىۋەتكەنىدى.

قورۇلدا ئادەم سانى ۋە ھەربىي مۇداپىئە كۈچى جەھەتتە بېشى قېتىپ تۇرۇۋاتقان گومىنداڭ شتابى ھەسەن پەيپۇر ئارقىلىق نۇرۇللانىڭ «قولۇمدىن نۇرغۇن ئىش كېلىدۇ، گېزى كەلگەندە سىلەر ئۈچۈن ‹جەڭ›مۇ قىلالايمەن» دېگەن سۆزىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىشەنچ بىلدۈرۈپلا قالماستىن، دەرھال بىر تاپانچا بېرىپ، ئۇنى چېرىكلەر ئارىسىدا ھەسەن پەيپۇرغا ياردەمچى قىلىپ بەلگىلىدى. نۇرۇللا «ياغاچ ئات ھېيلىسى»نىڭ دەسلەپكى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. كېسەك مەيدانىغا كېلىپ، بىرقانچە كۈن ئىچىدىلا خېلى كۆپ ۋاقتىنى تېجەپ قالغان نۇرۇللا، دەرھال ھەسەن پەيپۇرغا ئېيتىپ قويۇپ، قۇربان قىلىچ بىلەن قاۋۇلنى باشلاپ، موماينىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. يولدا



كېتىۋېتىپ، ھېلىقى ئېتىنى ئامانەت بەرگەن ئۆيگە كىردى. بۇ بىر سودىگەر ئائىلىسى ئىدى. نۇرۇللا ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن:

— مېنىڭ بۇ ئېتىم داڭلىق ئات، سىلى سودىگەر كىشى ئىكەنلا، ئاتنى مىنىپ سىناپ كۆرسىلە، ئەگەر يارىسا ئات سىلىدە قالسۇن، ماڭا ھازىر بىر كۆڭلەكلىك ئەتلەس، بىر چاپانلىق كاجى، بىر كىيىملىك شاتىۋار بېرىپ تۇرسىلا. ئاتنىڭ نەرخىنى ئۆزلىرى پىچىپ بەرسىلە، مەن كاج - گىرى ئادەملەردىن ئەمەسمەن، — دېدى ئۇ ئىگىسىگە.

— بولىدۇ، — دېدى سودىگەر، — ئاتنى سىناپ كۆردۈم، يارايدىكەن. نەرخىنى كېيىن دېيىشەيلى، ھازىر ئالدىراش بولسالا، دېگىنىڭلارنى ئەكېتىپ تۇرۇڭلار، لازىم بولسا، يەنە بار.

سودىگەر دەرھال نۇرۇللا دېگەن رەختنى ئاچىقتى. قاۋۇل رەختنى يۆگەپ قولىغا ئالدى. ئۇلار سودىگەر بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى، يول ئۈستىدە بىر دېھقاننىڭ يارىيار ھارۋىسىغا چۈشۈۋالدى - دە، كېتىۋېتىپ پاراڭغا چۈشتى:

— بىزنى شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ دوست قىلىپ قويغان، — دېدى نۇرۇللا، — مەن بۇ يەرگە بىكارغا چىقمىدىم. شائىر ھازىر قاماقتا، ئۇنىڭ دوستلىرىمۇ قاماقتا، ئۇلار ئازابلىنىۋاتىدۇ. ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇش — بىزنىڭ بورچىمىز. قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشى مۇشۇ قورغاندىن باشلىنىدۇ، قېنى سىلەر قانداق قارايسىلەر؟

— ئۇنداق بولسا، بىز بۈگۈن بۇ لاتا - پۇتىنى كۆتۈرۈپ نەگە بارىمىز؟ — دېدى قاۋۇل ھەيران بولۇپ.

— تويۇڭنى قىلغىلى بارىمىز!

قاۋۇل ھوپپىدە بىر قىزاردى - دە، يەنە بىلىندۈرمەسكە سېلىپ:

— ئاۋۇ كۈندىكىسى ئوينىشىپ دېگەن گېپىم ئىدى، نېمانچە

خىجىل قىلىسەن؟ — دېدى.

— ياق، سەن بىر يېتىمچى، كىرىدىغان، چىقىدىغان تۆشۈ-
كۈك يوق. بۇ ئىش بۇرۇنلا مېنىڭ خىيالىمدا بار ئىدى. سەن
ئاۋۋال قىزنى كۆرۈپ باق. ياراپ قالغۇدەك بولسا، ئىش ئوڭغا
تارتىدۇ، — نۇرۇللا بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ، سۆزىنى يەنە داۋام-
لاشتۇردى، — لېكىن، ئائىلە خوۋلۇقىنى كۆرىمەن دەپ، ئازاد-
لىق بىلەن ئەركىنلىكىنىڭ خوۋلۇقىنى ئۇنتۇپ قالساڭ بولمايدۇ.
بۇنى ھەرقاچان ئېسىڭدە چىڭ تۇت! بولمىسا، ھەممىدىن مەھرۇم
قالىسەن!

— خاتىرجەم بول، — دېدى قاۋۇل، نۇرۇللانىڭ شەرتىنى
دەرھال قوبۇل قىلىپ.

ئۇلار بۇلاق بويىدا دېھقانغا رەھمەت ئېيتىپ، ھارۋىدىن
چۈشۈپ قالدى - دە، مومايىنىڭ ئۆيىگە كىردى. موماي بىلەن
قىزى ئۆيدە مۈگدىشىپ ئولتۇرۇشقانىكەن. ئۇلار كاڭدا ئولتۇر-
غاندىن كېيىن، موماي بىلەن تىنچلىق سورىشىپ، ئاندىن قىزد-
دىن ئىنىسى ئىسمەتنى سورىدى. قىز ئىنىسىنىڭ بۇلاق بېشىغا
مال باققىلى كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

— سىلەرنىڭ بۇ ئۆيچۆرىدە ئايال تۇغقىنىڭلار بارمۇ؟ —
دەپ سورىدى نۇرۇللا مومايدىن.

— مېنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىم بار، — دېدى موماي.

— قىچقىرىپ كېلىشكە بولامدۇ؟

— بولىدۇ، يۈگۈر، بالام چىمەنگۈل! ئىتتىك بېرىپ،
روزىخان ئاچاڭنى قىچقىرىپ كەل.

چىمەنگۈل ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. بىرنەچچە مى-
نۇتتىن كېيىن، روزىخان كىرىپ، مېھمانلار بىلەن سەمىمىي
تىنچلىق سوراشتى. چىمەنگۈل مېھمانلارنىڭ يوشۇرۇن سۆزى
بارلىقىنى سەزدى - دە، دەرھال دالان ئۆيىگە چىقىپ كەتتى.

— مەن بۈگۈن بۇ ئۆيگە توغۇللۇق ئۈچۈن يېنىمدىكى ئى-



ىنىمنى باشلاپ كەلدىم. ماقۇل بولۇش ياكى ماقۇل بولماسلىق
چىمەنگۈلگە ۋە ھەربىرلىرىگە باغلىق. مېنىڭ بۇ ئىنىممۇ يېتىم
بالا، مۇشۇ ئۆيگە قارىيالايدۇ. بۈگۈن ھەرقايسىلىرىنى يوقلىغاچ
ئاددىيلا كېلىپ قالدۇق، — دەپ نۇرۇللا كېلىش مۇددىئاسىنى
ئېيتتى.

نۇرۇللا ئەكەلگەن سوۋغاتلىق نەرسىلىرىنى مومايىنىڭ ئالدىغا
قويدى.

— ۋاي رەھمەت، — دېدى روزىخان، مومايغا ۋەكالە-
تەن، — ئاۋارە بولۇشۇپلا، «خېرىدارنىڭ بولمىسا زىبالىقىنىڭ نە
ئەتىۋار» دەپ، ھەربىرلىرى خېرىدارىمىز بولۇشقانىكەنلا، سىلە-
گە كۆپ رەھمەت! كېيىنكى گەپ باللارنىڭ ئىختىيارىدا. بىز-
نىڭ ھېچقانداق پىكرىمىز يوق.

روزىخان مېھمانلارنىڭ ئالدىدىن سوۋغاتنى ئېلىپ، دالان
ئۆيگە كۆتۈرۈپ ماڭدى ۋە چىمەنگۈلگە چاي تەييارلاشنى بۇيرۇدى.
مومايمۇ روزىخاننىڭ كەينىدىن چىقىپ، ھويلىدا ئۇزۇن پى-
چىرلاشتى.

— قانداق، جايىدىمۇ؟ — سورىدى نۇرۇللا، پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ قاۋۇلدىن.

قاۋۇل قىزىرىپ گەپ قىلالمىدى. نۇرۇللا يەنە قىستاپ:

— دېمەمسەن، نەرى يارىمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— كۆزى جايىدا ئىكەن، — دېدى قاۋۇل تەسلىكتە. نۇرۇل-
لا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— بەللى! كۆزۈڭ مال تونۇيدىكەن، راست، گۈزەللىكنىڭ
بىرىنچى بەلگىسى كۆزدە. يىگىت بىلەن قىزنىڭ ئۇچرىشىش
شەرتىمۇ كۆزدە بولىدۇ، شۇڭا، «ئاھۇ كۆزلۈكۈم»، «خۇمار
كۆزلۈكۈم» دەپ تەسۋىرلىنىدۇ، لېكىن سەن چىمەنگۈلنىڭ ئا-
ناردەك قىزىل مەڭىزىگە، قۇندۇزدەك سۇمبۇل چېچىغا قا-
رىماپسەن - دە؟ كېيىنكى قېتىمدا ئوبدان سەپسېلىۋال.
ئەمما... — دېدى.

— نېمە، ئەمما، ئايغىنى دېمەمسەن؟

— ئەمما، قىزلارنىڭ كۆزىنى بوش كۆرمە. قىزلارمۇ يەر ئاستىدىن قارىغان بولۇپ، سېنىڭ ھەممە يېرىڭنى بەش قولدەك بىلىۋالالايدۇ. بۈگۈن ئالدىراپ قالمىغان بولساق، سارغۇچ قېشىڭنى قارىگۇل سۈيى بىلەن ياكى سىياھدان بىلەن بىرئاز قارىدىتىپ كەلگەن بولساق، ياخشى بولماقچىكەن.

قاۋۇل بىلەن قۇربان قىلىچ دوستى نۇرۇللانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇلار كۈلكىسىنى توختىتالماي تۇرغان چاغدا، روزىخان داستىخان كۆتۈرۈپ كىردى. مېھمانلارنىڭ ئالدىغا نان بىلەن قېتىق قويۇلدى.

— قېنى ئېلىشسىلا! «كەمبەغەلنىڭ ئېشى چىشقا دورا» دەپتىكەن، — دېدى روزىخان مېھمانلارنى تەكلىپ قىلىپ.

— ئۇنداق دېمىسىلە، بىزمۇ ھەرقايسىلىرىغا ئوخشاش كەمبەغەل كىشىلەر. بۇ، ئىنتايىن ئېسىل تاماق، — دېدى نۇرۇللا، — ئۆزلىرى چىمەنگۈل ۋە ئاپىمىز بىلەن ئوبدان كېلىشىپ، كېيىنكى قېتىمدا بىزگە جاۋاب بەرسىلە. بىز شۇ جاۋابلىرىغا قاراپ ئىش كۆرەيلى.

— بۇ ئىشتا ھەممىمىز قوشۇلىمىز. چىمەنگۈل بىر تاللا قىز، ئاچامنىڭ قولىقى ئېغىر. تويدىن كېيىن، يىراقتا ئەكېتىپ قالسا، ئاچام قىينىلىدۇ. باشتىكى گەپلىرىگە ئوخشاش مۇشۇ يەردە ئۆي تۇتسا، ھېچقايسىمىزنىڭ پىكرى يوق، — دېدى روزىخان.

— رەھمەت، جايىدا جاۋاب بولدى، قالغان گەپلىرىمىزنى كېيىن سۆزلىشەيلى، — دېدى نۇرۇللا.

## 4

ئۇلار موماي بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ، يەنە قورغان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. يولدا كېتىۋېتىپ:



— بۈگۈن بۇ يەرگە كېلىشىمىز، پەقەت توي ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى قۇدىچىلىقنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، مومايىنىڭ ئۆيىنى ئالاقە باغلاش ئورنى قىلىشتىن ئىبارەت. قاۋۇل، سېنىڭ ئىشىڭ ئۇختاسىغا كېلىپ قالسا، غەلىبە تويى بىلەن بىرگە بولىدۇ، سەن بۇنى ئېسىڭدىن چىقارما. قورغاننىڭ ئەتراپىدە ھازىر يوشۇرۇنغان پارتىزانلار بار، بىز ھاشارچىلار ئارىسىدا ھەرىكەت ئېلىپ بارىمىز. ئازاب چېكىۋاتقان ھاشارچىلارنى قوزغاپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قورالىنى تارتىۋېلىپ، ئۇلارنى قوراللاندۇرىمىز، بۇ بىزنىڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان مەقسەتلىرىمىزنىڭ بىرى. بىز چوقۇم بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشىمىز كېرەك. دۈشمەن ئەگەر ھاشارچىلاردىن ئەسكەر قوبۇل قىلسا، ئەسكەر بولۇشىمىز كېرەك. شۇ چاغدا قولىمىزغا قورال چىقىدۇ. بىز ھاشارچىلار ئىچىدىكى نارازىلىق، تەلەپ-پىكىرلەرنى بىلىپ تۇرايلى، مەنمۇ بولۇۋاتقان ۋەقەلەردىن سىلەرنى پات-پات خەۋەرلەندۈرىمەن، لېكىن سىرنى چىڭ ساقلايلى، — دېدى نۇرۇللا دوستلىرىغا ئىچ-سىرىنى ئېنىق بايان قىلىپ.

ئۇلار بىرنەچچە سائەت سىردىشىپ مېڭىپ، خېلى كەچتە ھاشارچىلار ياتىقىغا يېتىپ كېلىپ ئۇخلاپ قېلىشتى.

ئارىدىن بىرنەچچە ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. نۇرۇللانىڭ ھاشارچىلار ئارىسىدىكى ئابرۇيى-ئىناۋىتى كۈندىن-كۈنگە ئاشتى. ئۇ چېۋەرلىكى، خەنزۇچە، قازاقچە، قىرغىزچە تىل بىلگەنلىكى، كېسەك قويۇش ماھارىتى تۈپەيلىدىن، دۈشمەننىڭ قورغاندا تۇرۇشلۇق «قوغدىنىش ئەترىتى» شتابىنىڭمۇ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولدى.

ئىيۇلنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى شتابتىن جىددىي ئۇقتۇرۇش كېلىپ، ئۇنى ئەمگەك مەيدانىدىن چاقىرىپ كەتتى. نۇرۇللا شتابقا بارغاندا، سوڭ لىيەنجاڭنىڭ ئۇدۇلىدا بىر پاكار جىرتاق كۆز، سېرىق بۇرۇت ئادەم ئولتۇراتتى. گومىنداڭنىڭ ئاخبارات-

چىسى بولغان بۇ ئادەم ليەنجاڭغا دوكلات قىلدى، نۇرۇللا ئۇنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلدى:

— ئاقتاغنىڭ جىلغىسىدا بەش نەپەر قىرغىز قوراللىق پارتىزاننى كۆردۈم، — دېدى ئاخباراتچى.

— ئۇلار قاياققا ماڭدى؟ — دەپ سورىدى ليەنجاڭ ئاخباراتچىدىن.

— مۇشۇ قورغان تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ.

ليەنجاڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ جىددىيلەشتى. ئۇ، يەنە ئاخباراتچىدىن:

— راست دەۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— يالغان بولسا ئۆزىڭىز كۆرۈپ كېلىڭ!

ليەنجاڭنىڭ رەڭگى بىردىنلا ئۆڭۈپ، تەمتىرەپ نىمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. نۇرۇللا ليەنجاڭغا «ئەقىل» كۆرسىتىپ:

— بۇنىڭغا ئۇنچىۋالا ھودۇقۇپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. سىز ئاۋۋال كىچىك قوشۇن ئەۋەتىپ، ئەھۋالنى بىلىپ كۆرمەمسىز؟ — دېدى.

— توغرا، — ليەنجاڭ دەرھال نۇرۇللانىڭ پىكرىگە قوشۇلدى ۋە ئارقىدىن ئاخباراتچىغا، — ھازىر ئون ئەسكەر ئەۋەتىمەن، سەن بىللە بارىسەن، تەييارلان! — دېدى.

ئىككى سائەتتىن كېيىن، سۇلۇڭ ليەنجاڭ ئاخباراتچىنىڭ كەينىگە ئون چېرىك سېلىپ ماڭدۇردى.

گۇگۇم چۈشكەندە يەنە ئون ئەسكەرنى مۇزداۋان تەرەپكە قاراۋۇللۇق ئۈچۈن يولغا سالدى. سۇلۇڭ ليەنجاڭ ۋەزىيەتنى تىڭ - تىڭلاپ، شتاب ئەتراپىنى پىرقىراپ يۈرەتتى. دەل يېرىم كېچە بولغان چاغدا ھەسەن پەيپۇر قاتتىق جاراھەتلىنىپ، مۇزداۋان تەرەپتىن ئۆزى يالغۇز قېچىپ كەلدى. ئىككى سائەت ئۆتەر - ئۆتمەي، ئاقتاغ تەرەپتىكى جەڭدىن ئاران ئىككى چېرىك جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ كەلدى. ۋەزىيەت بىردىنلا



جىددىيلىشىپ كەتتى:

— ئورنۇڭدىن تۇرۇش، ھارام تاماقلار! — سۇلۇڭ ليەنجاڭنىڭ سەپراسى ئۆرلەپ، گازارمىدا ئۇيقۇدا ياتقان چېرىكلەرنى قاتتىق بۇيرۇق بىلەن تۇرغۇزدى. چېرىكلەر ھاپىلا - شاپىلا ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، گازارما ئالدىدا پەرىشان ھالدا سەپكە تىزىلىشتى. ليەنجاڭ چېرىكلەر ئىچىدىن ئوتتۇز ئادەمنى ئايرىۋالدى ۋە ئۇلارنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، يەنە شۇ ئىككى فرونتقا ئەۋەتتى.

— ئوغرىلارنى قولغا چۈشۈرمەي، بىرىڭىزمۇ ساق كېلىشىڭگە رۇخسەت يوق، — دېدى ئۇ ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ.

ليەنجاڭ دېگەندەك، ئۇلارنىڭ بىرىمۇ ساق كېلەلمىدى. تاڭ سەھەردە ليەنجاڭ بۇ پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتتىن خەۋەر تېپىپ سەۋدايى بولۇپ قالدى. ئۇ تاپانچىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرەيتتى، ئەسەبىيلىشىپ ۋارقىرايتتى، چاپانلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئاخىرىدا ئۆزىنى ئۆزى ئېتىپ تاشلىدى.

گازارمىدا بارى - يوقى ئوتتۇزچە دۈشمەن ئەسكىرى قالغانىدى. ئۇلار پىتىراپ قېچىشقا تەمشەلگەن چاغدا، نۇرۇللا كېلىپ ئۇلارغا «نەسىھەت» قىلىپ:

— ھازىر قېچىپ بارساڭلار، تۆەنجاڭ سىلەرنى بوش قويمايدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ ئاش - تامىقىنى يەپ تۇرۇپ، بۇگۈن كارغا كەلمىسەڭلار بولامدۇ؟ ئاقسۇدىن ياردەمگە ئەسكەر كەلمىگۈچە بۇ يەردىن مىدىرلىماسلىقىمىز كېرەك. مەن ھاشارچىلاردىن «قوغدىنىش ئەترىتى» تەشكىل قىلىمەن، ماڭا قورال بېرىڭلار. مەن قورغاننى ھەم سىلەرنى قوغدايمەن، بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرۇڭلار. مەن جەزمەن «ئوغرىلار»غا ئەجەللىك زەربە بېرىشكە تەييارمەن! — دېدى.

قالدۇق ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى مەنسۇر بىلەن رىن پەيجاڭ

نۇرۇللانىڭ پىكرىنى قوۋۋەتلەپ چىقتى. نۇرۇللا ئاندىن ھاشارچىلارنى يىغىپ ئۇلارغا:

— سىلەر بىر ئايدىن بۇيان جاپا تارتتىڭلار، ئېسىلدىڭلار، ئۇرۇلدۇڭلار، سوقۇلدۇڭلار، ئاچ قالدىڭلار، ئىش ھەققىڭلارنى ئالالمىدىڭلار... بۈگۈن ـ ئەتە ھەممىڭلارنىڭ ئارزۇ ـ تەلەپلىرى ھەل بولىدۇ. مەن بۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىمەن. ماڭا ئىشىنىڭلار! ماڭا ئىككى كۈن مۇددەت بىلەن ئەسكەر بولىدىغانلار قول كۆتۈرۈڭلار! — دېدى.

ئىشچىلاردىن ئالدى بىلەن قۇربان قىلىچ بىلەن قاۋۇل باش بولۇپ قول كۆتۈردى، ئاندىن ئوتتۇزغا يېقىن كىشى ئارقا ـ ئارقىدىن قول كۆتۈرۈپ، ئوتتۇرىغا چىقتى. نۇرۇللا ئۇلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى تىزىملاپ بولۇپ، شتاب ئالدىغا ئاپاردى. گومىنداڭنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى مەنسۇر ۋە رېن پەيجاڭ ئۇلارغا قورال ـ ياراغ تارقىتىپ بەردى. رېن پەيجاڭ ئاخىرىدا سۆز قىلىپ:

— نۇرۇللا بۈگۈندىن باشلاپ سىلەرنىڭ كوماندىرىڭلار، ئۇ بىزنىڭ ليەنجاڭىمىز، ئۇنىڭغا تولۇق بويسۇنۇڭلار، ئوغرىلارنى تازىلاش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ بۈگۈن كەچ كىرگەندە، كېچىلىك قوغداش جاۋابكارلىقىنى نۇرۇللا «ليەنجاڭ» ئۈستىگە ئالدى. قورقۇپ كەتكەن گومىنداڭ چېرىكلىرى گازارمىدىن چىقالماي ياتتى.

گۈگۈم چۈشكەندە نۇرۇللا قۇربان قىلىچنى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىۋالدى ۋە مومايىنىڭ ئوغلى ئىسمەت بىلەن مۇختار مەرگەننى چاقىرىش ئۈچۈن قاۋۇلنى بىر پارچە خەت بىلەن مومايىنىڭ ئۆيىگە ئاتلىق ئەۋەتتى. مۇختار مەرگەن شۇ كۈنى تۈن يېرىم بولغاندا، قاۋۇل بىلەن بىرلىكتە ئاتلىق يېتىپ كەلدى. بۈگۈنكى پىلاننى نۇرۇللا ئۇنىڭغا ئۇقتۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي گازارما ئىچىدە شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرى قورالسىزلاندۇرۇلدى.



ئەتىسى سەھەردە پۈتۈن ئىشچىلار، پارتىزانلار كېسەك مەيدانىغا توپلاندى. ئولجا ئېلىنغان ئاتمىش ئات پىدائىي بولغان ئىشچىلارغا تارقىتىپ بېرىلدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ راسخوت پۇلىدىن ھەربىر ئىشچىغا ئىككى يۈز سومدىن ئىش ھەققى بېرىلدى. پۈتۈن مەيدان تەنتەنە ساداسى ئىچىدە خۇشاللىق دېڭىزىغا چۆمدى.

— قاۋۇل، — دېدى نۇرۇللا، بەشكېرەملىك دوستىغا، — سەن ھازىرلا ئۈچ ئاتنى ئېلىپ بېرىپ، مومايىنىڭ ئۆيىگە باغلاپ قوي ھەم تويغا ھازىرلىق قىل. مومايىنىڭ ئۆيىدە قوش توي ئۆتكۈزىمىز!

— خوپ، ليەنجاڭ، بۇيرۇقىڭىزغا بويسۇنىمەن!

— بۈگۈنكى غەلىبە مۇختار مەرگەننىڭ تۆھپىسىگە مەنسۇپ. بۈگۈندىن باشلاپ ھەممىمىز مۇختار مەرگەننىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىمىز، ھەربىي جەھەتتە، ليەنجاڭلىق ۋەزىپىسىنى مۇختار مەرگەن ئۆتەيدۇ، مەن ئۇنىڭ ياردەمچىسى بولىمەن! — دېدى نۇرۇللا ئاخىرىدا كۆپچىلىككە.

كۆپچىلىك بىردەك قوشۇلۇپ ھىمايە قىلىشتى.

مۇختار ليەنجاڭ پىدائىيلارنى يېڭىباشتىن تەشكىللەپ چىقتى. يېڭى مۇداپىئە ئىستىھكامىنى تۈزدى. مۇزداۋاننىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە ئەلچى ئەۋەتتى ھەم ئىسەنتۆرە ئەترىتىگە ئۇقتۇرۇش يازدى. نۇرۇللا ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، سودىگەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، تۈيلۈق ئۈچۈن ئالغان رەختنىڭ پۇلىنى بېرىپ ئارال دۇلدۇلىنى قايتۇرۇۋالدى ھەم بىرنەچچە قۇر كىيىملىك رەخت سېتىۋالدى.

قاۋۇل مومايىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېلىپ:

— ئاتلارنى باغلاپ قويدۇم، مومايغا بۈگۈنكى خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدۈم، — دېدى نۇرۇللاغا.

— چىمەنگۈلچۇ؟ — دېدى نۇرۇللا سۆز قىستۇرۇپ.

— ئۇنىڭغىمۇ...

— ماۋۇنى ئال، بۇ رەختلەرنىمۇ چىمەنگۈلگە ئاپىرىپ بەر، بۈگۈن تىكتۈرۈپ تەييارلىسۇن. ئەتە چۈشتە تويى ھازىرلىقى پۈتسۇن. مانا ماۋۇ يۈز سوم، سەن دىگەردىن بۇرۇن شتابقا ھازىر بول.

— قاراباغ، قىيە دېھقانلىرى پىدائىيلارنى مۇبارەكلەپ يىگىرمە - ئوتتۇز قوي ئەكېلىۋاتىدۇ.

— ياخشى گەپ، قارشى ئالىمىز. سەن مېنىڭ سۆزۈمنى قولىقىڭدا تۇتۇپ تېز كەل!

خەلق تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتكە ئۈلگۈرۈپ ئىسەنتۆرە باتۇرنىڭ ئەترىتى يېتىپ كەلدى. دىگەر ۋاقتى بىلەن زىياپەت خۇشاللىق تەنتەنىسى ئىچىدە ئاخىرلاشتى.

كەچقۇرۇن گۇگۇم چۈشكەندە، قۇرۇقتېپىقىنغا ئەۋەتكەن پىدائىيلارنىڭ رازۋېدكىچى جەڭچىلىرى ئۇچقاندەك ئات سېلىپ كېلىپ: دۈشمەننىڭ بىر ئەترىتى كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

ئىسەنتۆرە باتۇر، مۇختار مەرگەن تېزدىن ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش يۈرگۈزدى. تۈن كېچە بولغان چاغدا، دۈشمەن ئەسكەرلىرى قورغان يېنىغا يېقىنلاشتى، لېكىن ئۇلار پىدائىيلارنىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدە قالغانلىقىنى سېزەلمەي قالدى. دەل شۇ چاغدا قاش دەرياسىنىڭ باتۇرلىرى ئۈلگۈرۈپ كەلدى. سوقۇش بىرنەچچە سائەت داۋام قىلدى. تۆت تەرەپتىن ياغدۇرۇلغان ئوق زەربىسىدە دۈشمەن ئۆلۈكلىرى داۋاندىن ئىككى كىلومېتىرچە پەستىكى تار جىلغىدا ئۈستى - ئۈستىگە دۆۋىلىنىپ كەتتى.



## يىگىرمە يەتتىنچى باب

# گۈلەندەمنىڭ ئۆلۈمى

### 1

قورغاندىكى قوزغىلاڭ مۇزداۋان ئۈستىدە دەھشەتلىك چېقىلغان چاقماقتەك پۈتۈن تارىم ۋادىسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. ئاقسۇ شەھىرىدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى ئالاقزادىلىكىدىن يۈتى كۆيگەن توخۇدەك ساراسىمىگە چۈشۈپ قېلىشقان، شەھەر ئىچىدىكى بىر قىسىم ئادەملەر ھەدەپ يېزىلارغا قېچىشماقتا ئىدى. بۇ ھال خەلق ئىچىدە ھەر خىل گەپ - سۆزلەرنىڭ ئاۋۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولغانىدى:

«گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قەشقەرگە چېكىنىدىكەن.»

«پارتىزانلار باي ناھىيىسىنى ئىگىلەپتۇ.»

دېمىسىمۇ بۇ سۆزلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى ئالاقزادە بولۇپ، ئۆي بىساتلىرىنى يېرىم كېچىدە ھارۋىلارغا بېسىپ، قەشقەرگە ماڭدۇرۇشقا باشلىغانىدى. ھەر كۈنى گۇگۇم چۈشۈش بىلەن تەڭ سېپىل دەرۋازىلىرى تاقىلىپ، ئەتىسى كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەن چاغدا، ئاندىن ئېچىلىدىغان بولدى.

7 - ئاينىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى يېرىم كېچىدە، قەشقەر ۋە ئۈرۈمچىدىن بىرلا ۋاقىت ئىچىدە كەلگەن مەخپىي تېلېگرامما بويىچە، جاۋ تۇەنجاڭ جىددىي يىغىن ئېچىپ، شەھەرنى قەتئىي

مۇداپىئە قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. مۇشۇ بۇيرۇق بويىچە شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش تەييارلىق خىزمىتىنى جىددىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىنى ئېلان قىلىپ، جاڭ ۋەيبىنى «قوغدىنىش ئەترىتى» نىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. جاڭ ۋەيبى شۇ سائەتتىن باشلاپ، پۈتۈن شەھەر ئەتراپىدىكى خەلق ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى سېپىلغا بىر يېرىم كىلومېتىر كېلىدىغان دائىرىدىكى جىمى ئۆيلەر، مەكتەپ بىنالىرى، ئاشخانىلار يانغىن ئىچىدە قالدى. خەلق كىيىم - كېچەك، قازان - قومۇچلىرىنى يۆتكەپ كېتىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، يانغىندا يېنىۋاتقان مال - مۈلۈكلىرىگە ئىچى سىيرىلىپ، قىيا - چىيا ۋە پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە نالە قىلىشاتتى!

تاشقىرىقى بازارنىڭ جەنۇبىدىكى شىمالىي دەرۋازىغا يېقىن يەرگە جايلاشقان ئاشخانىنىڭ ئىگىسى ئاشپەز سالاخۇن ۋە ئەسقەر، ئارسلان، نىجات قاتارلىق يىگىتلەر قوللىرىغا كالتەك - توقماق ئېلىپ، بىر ئېگىزلىككە چىقىپ خەلقنىڭ گۈلخان بولۇپ يېنىۋاتقان مال - مۈلۈكلىرىگە قاراپ، دەرغەزەپ بولۇپ تۇرۇشاتتى. شۇ ئەسنادا تاپانچا ئاسقان جاڭ ۋەيبى بىرقانچە قوراللىق مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن بىللە سالاخۇن تۇرغان ئېگىزلىك قېشىغا كېلىپ توختىدى - دە، سۈرۈن تەلەتى بىلەن ئاشپەزدىن:

— نېمىشقا بۇ يەردە گۈشىيىپ تۇرۇشىسەن، يانغىننى تاماشا قىلىپمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئىچىگە دەردىنى سىغدۇرالماي تۇرغان سالاخۇن، جاڭ ۋەيبىگە غەزەپ بىلەن ھومايدى - دە:

— پاھ! قاراڭ بۇ غوجامنىڭ سۆزىنى، يانغىننى تاماشا قىلىش — بۇلاڭچىلارنىڭ كەسپى، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى كۆيدۈرۈش — قاراقچىلارنىڭ ھۈنىرى، سىلەرگە ئاش بەرگەن بىچارە خەلقتە نېمە گۇناھ بار ئىدى؟! — دېدى.



بەستىلىك، تەمبەل كەلگەن ئاشپەزنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ جاڭ ۋەيبى ئارقىسىغا سەل داجىپراق، قوراللىق مۇھاپىزەتچىلەرىگە كۆز ئىشارىسى قىلىپ، ئاشپەزنى باغلاشقا بۇيرۇق قىلدى. مۇھاپىزەتچىلەر يۈگۈرۈپ كېلىپ سالاخۇن ئاشپەزنى باغلىغۇچە لەڭگەرلىك يىگىتلەر يولۋاستەك ئېتىلىپ كەلدى - دە، ھەربىرى ئىككىدىن مۇھاپىزەتچىنى مۇشتلاپ، تىك موللاق چۈشۈرۈۋېتىشتى، جېدەل باشلاندى. ھودۇققىنىدىن چىرايىدا قان قالمىغان جاڭ ۋەيبى ئوق چىقىرىپ ئەسقەرنى يارىلاندۇردى. دۈشمەن قاراۋۇللىرى تۇشمۇتۇشتىن كېلىپ، يىگىتلەرنى قورشىۋالدى. ياردەمگە كېلىۋاتقان شەھەر خەلقىنى ئوققا تۇتۇپ، مەيدانغا يېقىن يولاتمىدى. چېرىكلەر ئاخىرى سالاخۇن ئاشپەزنى باغلىۋېلىشتى. نىجات بىلەن ئارسلاننى ھەيدەپ تۈرمىگە ئەكېتىشتى. شەھەرلىككە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، دۈشمەن چېرىكلىرى سالاخۇننى تاشقىرىقى بازارنىڭ شىمالىدىكى بىر چوڭ تېرەككە ئېسىپ قويدى. جاڭ ۋەيبى يىرتقۇچلارچە سالاخۇنغا ھومىيىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ، ئارقىدىن كارنىيى يىرتىلغۇچە ۋارقىراپ:

— جاجاڭ مانا مۇشۇ، بويسۇنمىغانلارغا تىرىك ئىبرەت مانا مۇشۇ! — دېدى.

× ×

بۈگۈن قاق سەھەردە يۈز بەرگەن بۇ قانلىق پاجىئەنى يېرىم سائەتكە قالماي پۈتۈن شەھەر خەلقى ئاڭلاپ كەتتى. يادىكارنىڭ ئانىسى تاجىنىساخان ئانا، قىزى گۈلەندەم ۋە دىلبەرلەرمۇ ئەتىگەندىلا ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، بىئارام بولۇشقانىدى.

تاجىنىساخان ئانا ئاخشامدىن بۇيان قىزلىرىغا لۆتپۇللا ئاكىلارنى يوقلار كېلىشەر دەپ تاپىلاپ، ياغلىق تۇقاچ، كىيىم - كېچەك، بىر سېۋەت مېۋە تەييارلاپ، بۈگۈن سەھەردىلا

ماگدۇرماقچى بولۇپ تۇرغانىدى.

بۇ شۇم خەۋەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، موماي شۈكلەپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆكسىنى بىردەمدىلا غەشلىك پەردىسى، قايغۇ ئازابى قاپلىۋالدى. ئۇ بىر ئۇھ تارتىپ كۆزىگە ياش ئالدى.

— نېمىگە غەم يەيمىز، ئانا! جاڭ پاناقتا مەن ئۆزۈم تېتىيمەن! — دېدى گۈلەندەم مومايىنى بەزلەپ.

تاجىنىساخان ئانا بېشىغا ئارتىۋالغان ئاق لېچەكنىڭ ئۇچى بىلەن يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ:

— ياق، بالام، بۈگۈن بارماڭلار، ئۇلار ھازىر ئىتتەك غالجىرلىشىپتۇ. غالجىر ئىتنىڭ چىشىدىن زەھەر تامىدۇ، — دېدى.

— سۆزىڭىز توغرا، — دېدى گۈلەندەم گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — لېكىن، بۈگۈن لۈتپۇللا ئاكامنى يوقلايدىغان كۈن، دىلبەر بىلەن ئىككىمىز بىللە بارىمىز. لۈتپۇللا ئاكام ھەر يەكشەنبە كۈنى بىزنىڭ بارىدىغىنىمىزنى بىلىدۇ، ئۇنىڭ بۇ يەردە بىزدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق. ئۇ بۈگۈن يولىمىزغا قاراپ قالمىسۇن.

تاجىنىساخان ئانا بىر ئاز ئويلىنىپىراق، بېشىنى لىڭشىتىپ قىزلىرىنىڭ بېرىشىغا ئىجازەت بەردى. گۈلەندەم خۇشاللىقىدا ئانىسىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى. مومايمۇ قىزىنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ تۇرۇپ:

— ئاي تولۇنۇم، ساڭا كۆز تەگمىسۇن، مېڭىش ئالدىدا ئىككى مەڭزىڭگە قارا خال تەگكۈزۈپ قوياي، بوتا كۆزۈم، — دېدى.

تاجىنىساخان ئانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قىزلىرى كۈلۈشۈپ كېتىشتى. موماي كۆمۈر بىلەن گۈلەندەمنىڭ يۈزىگە بىرقانچە قارا خال چېكىپ قويدى. گۈلەندەم بېشىغا داكا ياغلىق ئارتىۋالغان، ئۇچىسىغا رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن سەرگەز كۆڭلەك كىيى-



ۋالغانىدى. بۇ ئاددىي كىيىملەر ئۇنىڭ ئايدەك جامالى ۋە تەبىئىي گۈزەل بەستىگە يارىشىپ كەتكەنىدى.

— ئانا، سىڭلىم دىلبەرمۇ مېنىڭدىن قېلىشمايدىغۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ يۈزىگە خال چېكىپ قويمايسىز؟ — دېدى گۈلەندەم. گۈلەندەمنىڭ بۇ سۆزى مومايىنى كۈلدۈرۈۋەتتى. دىلبەر ئۇششاق ئۆرۈلگەن ۋە كۆكسىگە چۈشۈپ تۇرغان سۇمبۇل چاچلىرىنىڭ ئۇچىنى ئويناپ بىر چەتتە ئوماقسىنا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— راست دەيسەن، قىزىم، — دېدى موماي، گۈلەندەمنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، — دىلبەرمۇ چىرايلىق، لېكىن ئۇ تېخى كىچىك. سېنىڭ يېشىڭدا بولسا، قەست ئەگىپ يۈرىدۇ. بۇ ئەھۋالنى مەن دوختۇرخانىدا يېتىۋاتقان چېغىمدا لۈتپۇللا ئاكاڭلارغا سۆزلەپ بەرگەنىدىم. ساڭا ھەر بالا كەلسە، ئاشۇ جاڭ پاناقتىن كېلىدۇ، سەن ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلە، قىزىم.

گۈلەندەم بىلەن دىلبەر لۈتپۇللاغا تەييارلىغان نەرسىلىرىنى ئېلىپ، ساقچى ئىدارىسى تۈرمىسىگە قاراپ يۈرۈپ كېتىشتى. ئاچا - سىڭىل ئىككىيلەن لەڭگەر كوچا دوقمۇشىغا يېقىنلاشقانىدى، كۆيۈۋاتقان ئۆي - ئىمارەتلەردىن چىقىۋاتقان ئىس - تۈتەكنىڭ شەھەرنى قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ھاشارغا تۇتۇپ كېلىنگەن دېھقانلار ئېشەك ۋە ئات ھارۋىلىرىدا چاڭ - توزان پۇرقىرىتىپ، بۇزۇۋېتىلگەن ۋە كۆيدۈرۈلگەن ئۆيلەرنىڭ توپا - كېسەكلىرىنى توشۇپ يۈرۈشەتتى. سېپىل ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئازگال قېزىۋاتقان نەچچە مىڭ ھاشارچى جاللاتلارنىڭ قامچىسى ئاستىدا ئىشلەۋاتاتتى.

گۈلەندەم بىلەن دىلبەر دوقمۇشتىن سول تەرەپكە قايرىلىپ، ئادەم شالاڭ ماڭىدىغان ئارقا يول ئارقىلىق ساقچى ئىدارىسى تۈرمىسى ئالدىغا كەلدى. بۇ يەردە تۈرمىدە يېتىۋاتقان مەھبۇسلارنى يوقلاپ كەلگەن نەچچە يۈز ئەر - ئايال قاتار تىزىلىشىپ

تۇراتتى. گۈلەندەم بىلەن دىلبەرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ئەتىگەن-
دىن بېرى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان يۈنۈس پەيدا
بولدى ـ دە، تەبەسسۇم بىلەن قىزلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. دىلبەر
يۈنۈسنى كۆرۈشى بىلەنلا ۋىللىدە قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى.
— ئۆتكەن قېتىم لۇتپۇللا ئاكامغا ئەۋەتكەن خەت ـ خالتاڭ-
لارنى تاپشۇرۇپ بەردىم، — دېدى يۈنۈس پىچىرلاپ، — ھازىر
ۋەزىيەت يامانلىشىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ يەردە تۇرساڭلار ساقلاپ
قالىسىلەر. ئەكەلگەن نەرسەڭلارنى يەنە ئۆزۈم ئۇنىڭ قولىغا
تەگكۈزىمەن. سىلەر قايتىپ كېتىڭلار!
گۈلەندەم قولىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى يۈنۈسقا تاپشۇرۇپ
بېرىۋېتىپ:
— لۇتپۇللا ئاكامنىڭ تېنى ساقمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ، غەم قىلماڭلار. تاجىنىساخان ئانامغا
سالام دەڭلار، مەن ئاخشامغىچىلىك لەڭگەرگە چىقىمەن. خەير،
ئەمىسە.
گۈلەندەم بىلەن دىلبەر يۈنۈسنىڭ سۆزىدىن خۇشال بولۇپ،
يەنە بايىقى يول بىلەن قايتىپ كېتىشتى.

## 2

بۇگۈن پېشىن ۋاقتى بولغان چاغدا «قوغدىنىش ئەترىتى»
نىڭ مەسئۇلى جالڭ ۋەيبى كېلىپ سالاخۇن ئاشپەزنى ئاسماقتىن
بوشىتىپ قويۇپ بەردى. ئۇ، سورۇشتۇرۇپ، سالاخۇن ئاشپەز-
نىڭ تاجىنىساخان ئانىغا تۇغقان ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدى ـ دە،
گۈلەندەم بىلەن تاجىنىساخان ئانىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويماسلىق-
نى كۆزلەپ، سالاخۇن ئاشپەزنى قويۇپ بېرىش ئارقىلىق ئۆزىن-
دىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كېلىۋاتقان قارا نىيىتىنى ئىشقا
ئاشۇرۇش قارارىغا كەلگەنىدى.



جالڭ ۋەيبى خېلىدىن بېرى گۈلەندەمنىڭ پېيىگە چۈشۈپ
كېلىۋاتاتتى. ئۇ ھەر تەرەپتىن ئۇقۇشۇپ، گۈلەندەمنىڭ كىچە-
كىدىن تاجىنىساخان ئانا ئاسراپ چوڭ قىلغان خەنزۇ قىزى
ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغانىدى. شۇڭا، گۈلەندەم سېستىرالىق قىلى-
ۋاتقان ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا پات ـ پات بېرىپ تۇراتتى.
گۈلەندەم ئۇنىڭدىن سەسكىنىپ قاچاتتى ۋە كۆپ قېتىم ئۇنى
قاتتىق سىلكىۋەتكەنىدى. جالڭ ۋەيبى گويا «دەشنام يېگىنىم،
ئاش ـ نان يېگىنىم» دېگەندەك زادىلا ئار ئالماي كۈلۈپ ئۆتكۈزۈ-
ۋېتەتتى.
كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ، يەنە ئوسمان بىلەن لى كەيمىن
(لېتىپ) نىڭ گۈلەندەمنى تالىشىپ بىر ـ بىرى بىلەن مۇھەببەت
رەقىبلىرىگە ئايلانغانلىقىنىمۇ بىلىۋالدى. بۇنىڭدىن پايدىلانماقچى
بولغان جالڭ ۋەيبى تاجىنىساخان ئانا بىلەن گۈلەندەمنىڭ كۆڭلى-
نى ئۇتتۇۋالىمەن دەپ، ئۆزىنىڭ ئىسمىنى دەرھال «جالڭ مەمەت»
قىلىپ ئۆزگەرتمەكچى بولدى. ئۇ، لەڭگەرلىك ئۇششاق باللارغا
پۇل بېرىپ، مېنى «جالڭ مەمەت» دەپ قىچقىرىڭلار، دەپ ئۆگە-
تىپ قويۇشى شۇ سەۋەبتىن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، باللار
ئۇنى «جالڭ مەمەت»، «مايماق بۇرۇن جالڭ مەمەت» ۋە «پاناق
جالڭ مەمەت» دەپ دەپ ئاتايدىغان بولۇۋالدى. لېكىن ھەممىدىن
مۇھىمى ئاقسۇدا يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان ئۇرۇش ۋەزىيىتى
ئۇنىڭغا زوراۋانلىق قىلىش شەرت ـ شارائىتىنى يارىتىپ بېرىش
ئالدىدا تۇراتتى. لى كەيمىننى ئۇ قورچاق «قوغدىنىش ئەترىتى»
گە زورلاپ ئاشپەز قىلىۋالدى ۋە لەڭگەرگە چىقالمايدىغان قىلىپ
قويدى. ئوسمان بولسا قاماقتا ئىدى. گۈلەندەم بىلەن دىلبەرگە
باشپاناھ بولۇپ كەلگەن شائىرنى بولسا ئۆز قولى بىلەن قامىدى.
«قوغدىنىش ئەترىتى» نىڭ باشلىقلىق ئىمتىيازىدىن پايدىلى-
نىپ، يامىنىغا كەلسە ئۇ ھەر ئىككى رەقىبىنى جايلىۋەتمەكچى،
ئەڭ ئاخىرىدا گۈلەندەمنى «قوغدىنىش ئەترىتى» نىڭ ئەزالىقىغا

تىزىملاپ، ئۇرۇش ۋاقتىدا ياربدارلارنى داۋالاش مەجبۇرىيىتىگە قىستىماقچى بولدى. لېكىن گۈلەندەم ئۇنىڭ ھىيلىسىنى رەت قىلىپ كەلدى. ئۇ «قوغدىنىش ئەترىتى»دىن باش تارتىپلا قالماي، بەلكى ئۆز مەقسىتىنى قىلچە يوشۇرماستىن ئوچۇق جاكارلاپ:

— ئانام كېسەل تۇرۇقلۇق مەن ھېچ يەرگە بارالمايمەن، ئانام مېنى بېقىپ چوڭ قىلدى، مەن بالىلىق قەرزىمنى ئادا قىلىمەن! — دېدى.

«جاڭ مەمەت» گۈلەندەمنىڭ بۇ كەسكىن جاۋابىدىن پەرىشان بولاتتى. ئۇ تۈن كېچىلەپ چىگىش خىياللار ئىچىدە تولغىناتتى، ئەسەبىيلىشىپ ھەر خىل يامان غەرەزلەرنى كۆڭلىگە پۈكەتتى. يېشى ئوتتۇز بەشتىن ھالقىغان قارانىيەت «جاڭ مەمەت» ئاخىرى ئۆز - ئۆزىگە قەسەم ئىچتى:

«گۈزەل جاۋجۇن![①] سېنىڭ تەقدىرىڭ مېنىڭ قولۇمدا. ئىككى رەقىبىم خەنجىرىم بىسى ئاستىدا، گۈزەل جاۋجۇن! گۈزەل جاۋجۇن! ئەتە كېلىدۇ، بىر كۈن!»

جاڭ مەمەتنىڭ تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان «كۈنى» يېقىنلاشقانسېرى — پارتىزانلارنىڭ يېتىپ كېلىشىمۇ يېقىنلاشماقتا ئىدى. سېپىل ئەتراپىنى ئايلاندۇرۇپ قېزىلغان چوڭقۇر خەندەك پۈتۈپ بولدى. بۇ خەندەكلەر سۇ بىلەن توشقۇزۇلدى. ئوت قويۇلغان ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ تۈپىسى توشۇپ تۈگىتىلىپ، كەڭ مەيدان ئېچىلدى. بۇ پارتىزان جەڭچىلەرنى سېپىلغا يېقىن كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن كۆرۈلۈۋاتقان ھەربىي تەدبىر ئىدى. «جاڭ مەمەت» بۇ ئىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمەت كۆرسىتىپ،

① جاۋجۈن — ۋاڭ جاۋجۈن ناملىق گۈزەل كېنىزەكنىڭ قىسقارتىلغان نامى. ئۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 55 - يىلى خەن سۇلالىسى ئوردىسىدىكى گۈزەل كېنىزەك ئىدى. ئۇنىڭ گۈزەللىكى، تەقلىدسىزلىكى تۇرغۇن تارىخىي ھېكايىلەرنىڭ مەنبەسى بولۇپ كەلمەكتە. ئۇ شۇ چاغدا ھونلارنىڭ مەركەزدىكى تۈغشار تەڭرىقۇتقا تۇرمۇشقا چىققان. مەشھۇر ئايال دىپلومات. «جاڭ مەمەت» بۇ يەردە گۈلەندەمنى گۈزەللىكتە ئەنە شۇ ۋاڭ جاۋجۈنگە ئوخشىتىۋاتىدۇ ۋە ھەسرەت چېكىۋاتىدۇ.



تەقدىرلەنگەن بىر ئاخشىمى ئۇ يەنە بىر يېڭى خىزمەت تاپشۇرۇۋالدى. ھازىر ئۇ دەرۋازا رەسمىي تاقالغۇچىلىك پارتىزانلارنىڭ ئارىسىغا چارلىغۇچى خادىملارنى ئەۋەتىش ئۈچۈن «يوشۇرۇن بازا» تاللاشقا كىرىشتى. ئۇ، ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ پەرەز قىلغان «يوشۇرۇن بازا»لىرىنىڭ ئىچىدىن ئەڭ «ئىشەنچلىك» دەپ ھېسابلىنغان بىر جاي دەرھال ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى - دە، ئۇرۇشتىن كېيىن «ئالتۇن مېدال» تاقاش ۋە گۈلەندەم بىلەن «تەنتەنىلىك توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش»لەرنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ، خۇشاللىقىدىن ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ كەتتى: «ھازىرلا شۇ يەرگە مېڭىشىمىز كېرەك!» ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە ھاكى پەيجاڭ ۋە ئابلەي قاۋانىنى ئېلىپ، نامازشام ۋاقتى بىلەن شەھەرنىڭ گۈلباغ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇلار شەھەرنىڭ غەربىدىكى ئاتلىق ئەسكەر مەيدانىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان تۈگمەنبېشى ئورمانلىقىغا قاراپ مېڭىشتى. ئالاھازەل بىر سائەت ماڭغاندا، ئورمانلىق ئىچىدىن بىر غۇۋا يورۇق كۆرۈندى. ئۇ شۇ ئورمانلىق ئىچىدىكى بىر ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن كۆرۈنگەن قارا چىراغ يورۇقى ئىدى. ئۇلار ئۆينىڭ قېشىغا يېقىنلاشقاندا، «جاڭ مەمەت» ئىككى ھەمراھىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

— بىز ھازىر مۇشۇ ئۆيىگە كىرىمىز. بۇ ئۆيىنىڭ ئىگىسى — تۇل ئايال «سۇلۇڭ زۆرىخان»نى سىلەرمۇ تونۇيسىلەر، بۇ مەشھۇر مەيخانا بولغىنى ئۈچۈن، باشقا كىشىلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن. بىز ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىمىز. مەن «سۇلۇڭ زۆرىخان» بىلەن سۆزلەشكەندە سىلەر قوشۇق سالماي، مېنىڭ ئاغزىمغا قاراڭلار، كۆپ ئىچىپ مەست بولۇۋالماڭلار. بىز بۈگۈن ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەزىپە بىلەن كەلدۇق. «سۇلۇڭ زۆرىخان» مېڭىسى سەگەك ئايال، دىققەت قىلىڭلار، — دېدى.

ئۇلار «سۇلۇڭ زۆرىخان»نىڭ ئۆيىگە كىرىشتى. راست دېگەندەك ئۆي ئىچىدە شەھەرلىك ياشلاردىن ئىككى ئۇيغۇر، بىر

خوْيز ۋ يىگىت هاراق ئىچىشىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە-
دىكى ئورۇق بىرى خېلى كەيىپ بولۇپ، كۆزىدە ئولتۇرالماي
«جالىڭ مەمەت» لەرنىڭ كىرىشى بىلەن تەڭلا يەرگە يىقىلىپ چۈشتى-
تى «جالىڭ مەمەت» بۇنى باهانە قىلىپ هاراقكەشلەرگە كۆز ئالايتىپ تۇرۇپ:
— قوپۇش ئورنۇڭدىن، هازىر قانداق چاغ، تېخىچە خۇدۇڭ-
نى بىلىشمەي يۈرۈشۈۋاتامسەن؟! كۆزۈمدىن يوقال، بولمىسا
ئانا - ماناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىمەن! — دېدى.
هاراقكەشلەر «جالىڭ مەمەت» نىڭ هەيۋىسىدىن قورقۇپ،
غىپپىدە تىكىۋېتىشتى. ئارقىدىن:
— ئەپۇ قىلىسىز، «سۇلۇڭ زۆرىخان»، — دېدى «جالىڭ
مەمەت» ئۇي ئىگىسىگە قاراپ، — بۈگۈن سىز بىلەن خالىيراق
پاراڭلاشقىلى هەم ئازراق هاراقمۇ ئىچكىلى كەلدۇق، شۇڭا مەن
مەستلەرنى يولغا سېلىۋەتتىم.
«سۇلۇڭ زۆرىخان» گەپ - سۆز قىلماي، يېڭى خېرىدارلىرى-
نىڭ ئالدىغا ئىككى بوتۇلكا هاراق قويدى، تۇزلاپ پىشۇرۇلغان
تۇخۇم زاكوسكىسىدىن بىر تەخسە كەلتۈردى. «جالىڭ مەمەت»
ساقىيلىق قىلىپ، شېرىكلىرىگە هاراق ماڭدۇرۇشقا كىرىشتى.
«سۇلۇڭ زۆرىخان» نىڭ تۆگمەنبېشىدىكى مۇشۇ ئاددىي ئىككى
ئېغىزلىق ئۆيىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇرغىنىغا يىگىرمە يىلدىن
ئاشقانىدى. ئۇنىڭ ئون توخۇسى، بىر ئالا بويۇن پىستە كۆچۈكى
ۋە ئاددىي ئورۇن - كۆرپىسىلا بولۇپ، تۇرمۇش قىيىنچىلىقىدىن
كېيىنكى كۈنلەردە هاراق سېتىپ كۈن ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ
هازىر قىرىق ياشلارغا بېرىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ياش كۆرۈ-
نەتتى، ئۇيغۇر قوشنا - قولۇملىرى بىلەن ئىناق ئۆتەتتى. ئۇ
ئۇچىسىغا نېپىز دۈردۈن جۇيازا كىيىپ، بېشىغا ئاق لېچەك
سېلىپ يۈرەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ «سۇلۇڭ زۆرىخان» دېگەن ئىسمى
جىسمىغا ماس كېلەتتى. ئۇنىڭغا بۇ نام بۈگۈر يېڭىشاردا ئۇيغۇر-



لار تەرىپىدىن بېرىلگەن.
«سۇلۇڭ زۆرىخان» نىڭ ئەسلىي ئىسمى سۇلۇڭ گۈيفاڭ ئىدى.
ئۇ گەنسۇدىكى بىر كەمبەغەل خەنزۇ دېهقاننىڭ قىزى بولۇپ،
ئۇ، بۈگۈرنىڭ 1915 - يىلىدىكى ئامبىلى لى خۇاگۇنىڭ كىچىك
خوتۇنى بولغان. شۇ يىلى گېلاۋخۇي تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى لى
خۇاگۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغاندا، سۇلۇڭ گۈيفاڭ قېچىپ كېتىپ،
بۈگۈر يېڭىشاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، كۈن
كەچۈرىدۇ. 1919 - يىلى جىن شۇرېن ئاقسۇغا ئامبال بولغان
چاغدا، «سۇلۇڭ زۆرىخان» ئاقسۇغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلى-
شىپ قالغان. «جالىڭ مەمەت» بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ بۇ ئۆيگە
بىرنەچچە قېتىم كەلگەن بولۇپ، شۇ چاغدا «سۇلۇڭ زۆرىخان»
ئۆزىنىڭ تەرجىمىهالىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ سۆزلەپ بەرگەنىدى،
شۇڭا بۈگۈن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىنى تونۇشتۇرۇش
هاجەتسىز ئىدى.
«جالىڭ مەمەت» ئۆز شېرىكلىرى بىلەن ئىچىشىپ خېلى
شىركەيىپ بولغاندا، بۈگۈن بۇ ئۆيگە كېلىشىدىكى مۇددىئاسىنى
ئاشكارىلىدى:
— سۇلۇڭ تەتەي، بۈگۈن بىز بىر مۇهىم ئىش بىلەن كەل-
دۇق. هازىر شەهەردە بولۇۋاتقان جىددىيلىكنى سىزمۇ بىلىدىغان-
سىز؟ «ئوغرىلار» هازىر ئىشىكىمىز ئالدىغا يېقىنلىشىپ قال-
دى. ئۇلار شەهەرنى قورشىۋالسا، سېپىل دەرۋازىسى تاقىلىشى
مۇمكىن، بىز سېپىل ئىچىدە تۇرۇپ جەڭ قىلىشنىڭ سىرتىدا،
بىر قىسىم چارلىغۇچى خادىملىرىمىزنى «ئوغرىلار» نىڭ ئىچكى
قىسمىغا، ئارقا سېپىگە كىرگۈزمەكچىمىز. بىزنىڭ شۇ چارلى-
غۇچى خادىملىرىمىزغا سىزنىڭ مۇشۇ ئورمانلىقتىكى ئۆيىڭىز
ئالاقە باغلاش ئۈچۈن ئەپلىك. سىزمۇ بىزگە ئالاقىچى بولۇپ
بەرسىڭىز، خىزمىتىڭىزنى يەردە قويمايمىز، قانداق دەيسىز؟
— «قايناق سۇ ئىچ، كۆڭلۈڭ تىنچ» دېگەن گەپ بار، —

دېدى «سۇلڭ زۆرىخان» جاۋاب بېرىپ، — مەن بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن. مەن پات يېقىندا بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىمەن. ماڭا كۆڭۈل تىنچلىقىدىن باشقا گەپ خۇشياقمايدۇ، ياشانغان چېغىمدا بالا ـ قازانى كۆتۈرەلمەيمەن.

«جالڭ مەمەت» شۇنچە قىلىپ باقسىمۇ «سۇلڭ زۆرىخان» ئۇنىڭ سۆزىنى ئىلىك ئالماي، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى.

ئۈچ كىشى ھاراق ئىچىپ، ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. «جالڭ مەمەت» يەنە سۆزلەۋېرىشتىن نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئورنىدىن تۇردى ـ دە، كېتىشكە تەمشەلدى. لېكىن شۇ ئەسنادا مەست بولۇپ قالغان ئابلەي قاۋان دەلدەڭلەپ كېلىپ، «سۇلڭ زۆرىخان» نىڭ قولىغا ئېسىلىۋېلىپ:

— ما ... مەن ... شۇ ئابلەي قاۋان، «ئوغرىلار» نىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن، ئورمانلىققا كېلىدىغان باتۇرمەن. سىز مېنى ياقتۇرمامسىز؟ — دەپ سۆزلىگىلى تۇردى.

ئابلەينىڭ سۆزى تېخى ئاخىرلاشمىغانىدى، «سۇلڭ زۆرىخان» نىڭ پىستە كۆچۈكى ئۈچقاندەك ئېتىلىپ كېلىپ ئۈستەل ئۈستىگە چىقتى ـ دە، ئابلەينىڭ ئوڭ قۇلىقىنى چىشلەپ ساڭگىلىتىپ قويدى. ئابلەي قاۋان «ۋايجان!» دېگەن پېتى «سۇلڭ زۆرىخان» نىڭ قولىنى قويۇپ بەردى. ھاكىمۇ كېلىپ ئابلەينىڭ قۇلىقىنى بېشى بىلەن قوشۇپ بىر ئەسكى لاتىدا تېڭىشقا كىرىشتى. «جالڭ مەمەت» ئاچچىقىدا «سۇلڭ زۆرىخان» غا:

— بۇ نېمىدېگەن قاملاشمىغان ئىش، بۇ زادى نېمە بولغىنى؟ — دەپ كايىشقا باشلىدى.

— نېمە بولاتتى، سىزنىڭ ئىتتىڭىز قولۇمغا ئېسىلغاندا، مېنىڭ ئىتىم كۆنچىلىككە پايلىماي، كۆشەندىسىنىڭ قارنىغا پىچاق سالدى.

غەزىپى ئۆرلەپ تۇرغان «جالڭ مەمەت» «سۇلڭ زۆرىخان» نىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆلۈۋەتتى. چۈنكى، «سۇلڭ زۆرىخان» نىڭ



تىرەن كىنايىسىنى «جالڭ مەمەت» چۈشىنىپ بولغانىدى. بىراق ھاكى بىلەن ئابلەي قاۋان دۆتلۈكىدىن يەنىلا تەرسالىق قىلىپ، پىستە كۆچۈكنى ئېتىپ تاشلاش ئۈچۈن يان قورالىنى چىقىرىشتى. ئەمما زېرەك پىستە كۆچۈك ئاللىقاچان ئۆيدىن غايىب بولۇپ، ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى.

— رەنجىمەيسىلەر، — دېدى «سۇلڭ زۆرىخان» ئۇلارغا چوڭقۇر تەنە قىلىپ، — مەن بۇ كۆچۈكۈمنى باشقىلارنىڭ كۆچۈكىدىن ئەتىۋار بىلىمەن. بىر قۇلاق ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۇ، مېنىڭ ۋاپادار قارانچۇقۇم. كۆڭۈل ئەرمىكىم!

«جالڭ مەمەت» بۇ سۆزنىڭ تەمىنى تېتىدى ـ دە، ئىككى ھەمراھىنى باشلاپ، ئىلاجىسىز قايتىپ كەتتى.

## 3

«سۇلڭ زۆرىخان» نىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ، «جالڭ مەمەت» نىڭ يۈكى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. باي تەرەپتە يارىلانغان قورچاق قاراۋۇلچى قىسىملارنىڭ خادىملىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. «جالڭ مەمەت» ئۇلاردىن يېڭى ـ يېڭى شۇم خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ تۇراتتى. ئۇ بىر كۈنى ئىشخانىسىدا بېشى قاتقان ھالدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. سىرتتىن تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئاياغ تاۋۇشى ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى.

— جامدىن يەنە بەش يارىدار يېتىپ كەلدى، — دېدى «قوغدىنىش ئەترىتى» نىڭ يارىدارلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش گورۇپپىسىنىڭ خادىمى رازاق كىرىپ. «جالڭ مەمەت» بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— تېزدىن خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ بىناسىغا ئورۇنلاشتۇرۇڭلار، — دېدى.

— پارتىدارلار كۆنسايىن ئاۋۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئەتە - ئۆگۈن يەنە كۆپىيىشى مۇمكىن. لېكىن جاي يېتىشمەيۋاتىدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى دوختۇر، سېستىرالىرىمىز ئىنتايىن كەم.

— ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ خادىملىرى تىزىملىك بويىچە كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشتىمۇ؟

— پەقەت گۈلەندەملا ئانامغا قارايمەن، دەپ تىزىمغا ئالدۇرمىدى ھەم بۇ يەرگە كېلىشنى رەت قىلدى، قالغانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ جايلىشىۋالدى.

گۈلەندەمنىڭ نامىنى ئاڭلىغان «جاڭ مەمەت»نىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ، يۈرىكى سىلىپ كەتتىيۇ، لېكىن بىلىندۈرمىدى. رازاق چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنە گۈلەندەمنىڭ تەرسالىقىغا قارىتا قانداق تەدبىر قوللىنىشنىڭ لازىملىقى توغرۇلۇق ئۇزۇن ئويلاندى. بىراق، ئۇنىڭ خىيالىغا تۈزۈكرەك بىر ئەقىل كىرمەيتتى. ئاخىرى ئۇ ئەڭ ياۋۇز بىر چارىسىنى ئويلىدى - دە، زاپاس ئوقلانغان ئىككى تاپانچىنى ئىككى يېنىغا ئېسىپ، دەرغەزەپ بىلەن ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، شەھەر مۇداپىئەسى كومىتېتىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە سېپىلنىڭ پوتەيلىرىگە، دەرۋازىلارغا بىر بەندىن قاراۋۇللارنى ئورۇنلاشتۇردى. ئوت ئۆچۈرۈش ئەترەتلىرىنى، ئۇرۇش ۋاقتىدا سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مەسئۇل گۇرۇپپىلارنى، پارتىدارلارنى داۋالاش ئەترەتلىرىنى بىر - بىرلەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ چىقتى. بولۇپمۇ، تۈرمىدە يېتىۋاتقان لۇتپۇللا مۇتەللىپ باشلىق سىياسىي مەھبۇسلارنى قاتتىق نازارەت ئاستىدا تۇتۇش ئۈچۈن، ئەڭ كۈچلۈك قاراۋۇللار بىلەن ئىشەنچلىك گۇندىپايلارنى بېكىتىپ، ئۇلارغا ياردەمچى كۈچلەرنى كۆپەيتتى. پارتىزانلارنىڭ ئارقا سېپىنى پاراكەندە قىلىش ئۈچۈن، ئەڭ تەجرىبىلىك جاسۇسلارنى تاللاپ يولغا سالدى. بۇ جاسۇسلار كىچىك تىجارەتچى، قەلەندەر نىقابى



بىلەن ئاقسۇ، باي ناھىيىلىرىدە پايلاقچىلىق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بىرى — تەجرىبىلىك جاسۇس مەمەت ئەيسا بولۇپ، ئۇ بىر ئاي بۇرۇنلا يولغا سېلىنغانىدى. بەزىلىرى بۈگۈن چۈشتىن كېيىن يۈرۈپ كەتتى.

«جاڭ مەمەت» گۈلەندەمنىڭ ئۆزىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارىغانلىقىنى ئوسمان بىلەن لى كەيمىندىن كۆرۈپ، بۇ ئىككىسىنى جايلىۋېتىشنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى. ئۇ لى كەيمىننى تۈرمىگە ئاش توشۇغۇچى قىلىپ بېكىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئىككى ئاشپەزنى تەيىنلىدى. ئوسمانغا بولسا دۇڭ جەنيۇجاڭغا تاپشۇرۇپ قوش ئىشكەل سېلىپ قويدى.

«جاڭ مەمەت» مۇشۇ ئىشلارنى تەلتۆكۈس پۈتتۈرۈپ نامازدىگەر بىلەن ئوپچى تاماقخانىسىدا كەچلىك تاماقنى يېدى - دە، يەنە ئابلەي، ھاكى قاتارلىق قولچوماقلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆز ئىشخانىسىغا قايتىپ كەلدى. ئۈچەيلەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا خۇپتەنگىچە بىر تەرەپتىن ئىچىشىپ، بىر تەرەپتىن بۈگۈن ئاخشامقى يېڭى ۋەزىيەت ئۈستىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

— «ئوغرىلار» بۈگۈن كېچە تاڭ سەھەرگە يېقىن چوقۇم سېپىل ئەتراپىغا يېتىپ كېلىشى مۇمكىن، بىز يوللارغا قاراۋۇل قويۇپ بولدۇق. ئۇلاردىن خەۋەر كەلگۈچە ئۈچەيلەن لەڭگەر كوچىسىغا بېرىپ «چارلاش» خىزمىتىنى ئىشلەيمىز، — دېدى «جاڭ مەمەت».

— بولىدۇ، — ئابلەي بىلەن ھاكى تەڭلا قۇللۇق بىلدۈرۈپ، — خىزمىتىڭىزگە بىز تەييار.

ئۇلار بىر بوتۇلكا ھاراقنى قۇرۇقداپ بولغاندا، خۇپتەن ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئاندىن ئۇلار دەرھال قوراللىنىپ ئورنىدىن تۇرۇشتى - دە، ئىشخانىنى تاقاپ لەڭگەر تەرەپكە قاراپ ماڭدى. شەھەرنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى يېنىغا بارغاندا «جاڭ مەمەت» يانچۇقىدىن «ئالاھىدە ھوقۇقلۇق» كىنىشكىسىنى چى-

قاردى، قاراۋۇللار ئۇنىڭغا چاس بېرىپ، دەرۋازىنى ئېچىپ بەردى. «جاڭ مەمەت» دەرۋازىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، قاراۋۇللارغا بۇيرۇق بېرىپ:

— بىز ھېلىلا قايتىپ كېلىمىز، پەخەس بولۇڭلار. پارتىزانلار بۈگۈن كېچە كېلىپ قېلىشى ئېھتىمالغا يېقىن. دەرۋازىنى مەھكەم تاقاش ئۈچۈن تەييارلانغان قۇم تاغارلىرىنى يۆتكەپ سېپىل دەرۋازىسى يېنىغا كەلتۈرۈپ قويۇڭلار، — دېدى.

— خوپ! — دېدى قاراۋۇللارنىڭ بەنجاڭى «جاڭ مەمەت»كە چاس بېرىپ.

تولۇق قۇراللانغان بۇ ئۈچ كىشى لەڭگەر كوچا دوقمۇشىغا يېتىپ كەلدى. «جاڭ مەمەت»نىڭ يۈرىكى سىلىپ تىترەشكە باشلىدى. ئۇ، دوقمۇشتا بىردەم توختاپ، يۈرىكى ئىزىغا چۈشكەندىن كېيىن، قولچوماقلىرىغا:

— بىز ھازىر بىر ئۆيگە كىرىمىز. بۇ ئۆيدە بىر سىبىترا قىز بار. بىزنىڭ يارىدار بولغان كىشىلىرىمىزنى داۋالاشقا سىبىترا كەم، بىز شۇ قىزنى ئەكېتىمىز. ئەگەر ئۇ، قارشىلىق قىلسا ...— دېدى.

«جاڭ مەمەت» ئاخىرقى مۇددىئاسىنى سۆزلىيەلمەي كېكەچلەپ توختاپ قالدى. ئابلەي قاۋان خوجايىنىغا خۇشامەت قىلىپ:

— شۇمۇ گەپ بولامدۇ؟ بىر قىزنى ئەكېتەلمەيمىزمۇ، قارىغايدەك ئىككى ياردەمچىڭىز تۇرسا، نېمىدىن ئەندىشە قىلىسىز؟ — دېدى.

ئۇلار ئۇدۇل تاجىنىساخان مومايىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا باردى. مومايىنىڭ تاشقىرىقى ئىشىكى ئىچىدىن نوكىدا ئىلىقلىق ئىدى. ئابلەي ئىشىك بېشىدىن ئاتلاپ چۈشۈپ، ئىشىكنى ئاچتى. ئۇلار مومايىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، ئىچكەركى ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى تىڭ - تىڭلىدى. ئۆي ئىچىدە پىل - پىل قىلىپ يېنىۋاتقان



قارا چىراغنىڭ شولىسى ئىشىك يوچۇقىدىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئابلەي قاۋان بىرىنچى بولۇپ ئىشىكنى چەكتى.

— كىم؟! — دېدى گۈلەندەم قاتتىق ۋارقىراپ.

— مەن، — دېدى ئابلەي مۇلايىمغىنا.

ئۆي ئىچىدىكىلەر تېخى ئۇخلاشمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن تاجىنىساخان مومايىنىڭ نەۋرە ئىنىسى سالاخۇن ئاشپەز مومايدىن ھال سوراپ كېلىپ، قونۇپ قالغىنى ئۈچۈن، ئۇلار پاراڭلىشىپ ئولتۇراشاتتى. گۈلەندەمنىڭ كۆڭلى بۆلەكچە بولۇپ، ئىشىكنىڭ تۇساتتىن چېكىلگەنلىكىدىن خۇدۇكسىرىدى - دە، ئاچماسلىق قارارىغا كەلدى. لېكىن موماي ئىشىك سىرتىدىن ئاڭلانغان ئاۋازنى يۇنۇسنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىتىپ، قىزىغا ئىشىكنى ئېچىپ بېرىشنى بۇيرۇدى. گۈلەندەم ئىشىكنى ئېچىشىغا ئۈچ جاللات باستۇرۇپ كىردى. ئۆيىنىڭ ئىچىنى بىردەمدە دەھشەتلىك سۈر باستى. گۈلەندەم قاتىللارغا نەپرەت بىلەن قاراپ:

— گېپىڭلار بارمىدى، نېمىشقا ئاغرىق ياتقان كەمبەغەل تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىگە كېچىسى باستۇرۇپ كىرىسىلەر؟ — دېدى.

— بىز سىزنى قىچقارغىلى... — دېدى «جاڭ مەمەت» سۆزىنى تولۇق ئىزھار قىلالماي دۇدۇقلاپ.

— مېنى ئانامدىن ئايرىۋېتىشكە ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق. مەن سەنلەرگە قەرزدار ئەمەس، — دېدى گۈلەندەم قەھر - غەزەپ بىلەن ھومىيىپ.

كاڭدا ئولتۇرغان سالاخۇن ئاشپەزنىڭ سەپراسى ئۆرلەپ، ئۆزىنى ئارانلا بېسىۋېلىپ تۇراتتى. پارتىزانلارنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقان قاتىللار، ئۆي ئىچىدە گۈلەندەم بىلەن ئۇزۇن تاكاللىشىپ تۇرۇشنى خالىمايتتى. «جاڭ مەمەت» يالاڭچىسى ئابلەيگە ئىشارە قىلدى. ئابلەي قاۋان دەرھال گۈلەندەمنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ھويلىغا سۆرەپ چىقتى. سالاخۇن بىلەن

تاجىنىساخان موماي ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ گۈلەندەمنى قۇتۇلدۇرۇۋالماقچى بولۇشتى، لېكىن ئاغرىقچان موماي ئىشىك ئالدىدا دۈگۈجۈپ يىقىلىپ چۈشتى. سالاخۇن ئاشپەز مومايىنى يۆلەپ تۇرغۇزغىچە، قاتىللار گۈلەندەمنى كوچىغا سۆرەپ ئاچىقىپ كېتىشتى. سالاخۇن ھويلىدىكى يوغان پالتىنى ئالدى ـ دە، يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئابلەيىنىڭ قولىغا چاپتى. ئۇنىڭغىچە موماي يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئابلەيىنىڭ قولىدىن ئاجراپ چىققان گۈلەندەمنى قۇچاقلىۋالدى. سالاخۇننىڭ قولىدىكى پالتىنى كۆرگەن دۈشمەنلەر يانلىرىدىن تاپانچىسىنى چىقىرىشتى. شۇ ئەسنادا لەڭگەر كۆۋرۈكى تەرەپتىن پارتىزانلار ئېتىۋاتقان ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. دۈشمەنلەر ئالاقزادە بولۇپ، گۈلەندەم، تاجىنىساخان موماي ۋە سالاخۇننى كوچا ئوتتۇرىسىدىلا ئېتىپ تاشلىدى ـ دە، سېپىل ئىچىگە قاراپ قېچىشتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، نۇرۇللا، مۇختار مەرگەن، قۇربان قىلىچ قاتارلىق پارتىزان جەڭچىلەر ئاتلىق يېتىپ كېلىپ، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانغا مىلىنىپ ياتقان ئۈچ جەسەتنىڭ يېنىدا توختىدى.

ۋاپادار ئانا بىلەن قەھرىمان قىزنىڭ ساپ قېنى بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ، ئاي شولىسى يورۇتۇپ تۇرغان يولدا يامرىغانىدى.



## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

# سېپىل ئۈستىدىكى جەڭ

### 1

لەڭگەر كوچىسىدا قانلىق پاجىئە يۈز بېرىپ ئەتىسى، لۇتپۇللا يېتىۋاتقان زىندانىنىڭ «يەتتىنچى نومۇرلۇق» كامېرىنىڭ تۆمۈر رېشاتكىلىق كىچىك پەنجىرىسى ئۈستىدە پەيدا بولغان ئاجايىپ بىر ئىش شائىرنى ھەيران قالدۇردى.

ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئالتۇن قۇياشى تۈرمە كامېرىنىڭ تۆمۈر رېشاتكىسىدىن زەي تۈرمە ئىچىگە ئۆتكۈر نۇرىنى ئەمدىلا سېپىشكە باشلىغانىدى. شائىر نۇر چۈشۈۋاتقان يەرگە كېلىپ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇردى.

تۆمۈر رېشاتكىلىق كىچىك پەنجىرىنىڭ سىرتقى گىرۋىكىگە توساتتىن چىرايلىق بىر قارلىغاچ ئۇچۇپ كېلىپ قوندى، لېكىن ئۇ خۇددى كەينىدىن بىرى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك تەشۋىش بىلەن دەرھال كەينىگە بىر قارىۋالدى، ئارقىدىن ئوڭ ۋە سول تەرەپكىمۇ بىر قېتىمدىن قاراپ چىقتى ـ دە، ئاندىن كامېر ئىچىگە قاراپ، توختىماي ۋىچىرلاپ سايراشقا باشلىدى.

شائىر تەبىئەتنىڭ بۇ مۆجىزىلىك خىسلىتىدىن ھەيران بولۇپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن بىر گۈزەل قۇشقا قاراپ تۇراتتى.

ھاياتنىڭ ئەلچىسى ۋاپادار قۇش كامېر ئىچىگە كىرىشكە ئۇرۇناتتى. تۈرمە رېشاتكىسىنىڭ قىسىلچىقىغا زەيتۇن رەڭلىك

ئۆتكۈر تۇمشۇقىنى تىقىپ قانات قاقتى. ئۇ، قىسىلچاقتىن كەرەلمەي تېرىكىپ، ئۆتكۈر تۇمشۇقىنى ئىشقا سالاتتى - دە، رېشاتكا تۇمۇرىنى قاتتىق چوقۇلايتتى. گاھىدا رېشاتكىغا ئۆزىنى ئۇراتتى، تىرناقلىرى بىلەن رېشاتكا تۇمۇرىنى تاتىلايتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق تۈكلىرى بىردىنلا تەتۈر ئۆرۈلۈپ، پەرىشان بولاتتى، گاھىدا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئۇچۇپ، ئايلىناتتى. ئۇ يەنە قايتىپ كېلەتتى - دە، رېشاتكا قىسىلچىقىدىن زەي زىنداندا ئولتۇرغان شائىرغا قاراپ زوق بىلەن سايراپ كېتەتتى. شائىر كۆزىنى ئۈزمەي بىر خىلدا قارلىغاچقا قاراپ ئولتۇراتتى.

ئارىدىن خېلى بىر ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەنىدى. توساتتىن كامېر سىرتىدا بىر ساقچى پەيدا بولدى - دە، قارلىغاچقا چالما ئېتىپ، ئۇنى قوغلىۋەتتى. شائىر ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن بۇ سۆيۈملۈك قۇش — ۋاپادار دوستىدىن ئايرىلىپ ئىككى كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى. ئۇنىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرىغا ھازىر نۇرغۇن ئىشلار خۇددى تەسۋىدەك تىزىلىپ كەلمەكتە:

«تەبىئەت دۇنياسىدا ئاجايىپ ئىشلار، ئاجايىپ مۆجىزىلەر ئۇچرايدىكەن - ھە! ئۇنىڭ ئۇختاسىغا كېلىپ تۇرۇشلىرى تېخىمۇ ئاجايىپ!»

شائىر ھاياجان ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويۇپ، جاۋاب ئىزدەيتتى. ئۇنىڭغا يېڭى - يېڭى ئىلھاملار كېلەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى - دە، مەرھۇم ئاتۇشلۇق تىجارەتچى راخمان ھەدىيە قىلغان ھېلىقى مەدەن تېشىنى قولىغا ئېلىپ، كامېرنىڭ قىبلە تېمىغا تۆۋەندىكى «قارلىغاچ» قوشىقىنى يېزىشقا باشلىدى:

مېنى زىنداندا دەپ ئاڭلاپ،
كېلىپسەن، غەمگۇزار قارلىغاچ؛
بولاي ھەمراھ، دېگەنىمىدىڭ،
ماڭا كۆپ ئىنتىزار قارلىغاچ.



ئانامنىڭ سۆزى بارمىدى،
كۆزىدىن ياش ئاقارمىدى.
بۇ دۇنيا شۇنچە تارمىدى؟
كۆرەلمەي بەختىيار قارلىغاچ.

ياتالماستىن كېلەر چاغدا،
ئالدىمنى توسۇپ باغدا؛
قۇتۇلدۇم مەن پىغان داغدا،
مېنى دەپ نالە - زار قارلىغاچ.

چاچ ئۆسۈپ غۇلاچ بولدى،
ئىچىمگە زەردە قان تولدى؛
ئېگىز ئۆسكەن چىنار سولدى،
بۇلبۇل زارۇ زار قارلىغاچ.

پەنجىر تۆمۈرى قات - قات،
كىرەلمەي ئەيلىدىڭ پەرياد؛
ئىشكەل پۇتىدا پەرھاد،
باغرى داغلىنار قارلىغاچ.

نامەرد ئاتىدۇ چالما،
خەنجەر تۇتىدۇ لالما؛
خائىن قولىدا سالما،
مەن بىر جەڭگىۋار قارلىغاچ.

مەردلىككە قارارىم بار،
مەيداندا مادارىم بار؛

خەلقىم! دەپ شوئارىم بار،
ئۈنگەي لالىزار قارلىغاچ.

لۈتپۇللا مۇتەللىپ «قارلىغاچ قوشىقى»نى كامېرنىڭ تېمىغا يېزىپ بولۇپ، تەخمىنەن بىرەر سائەت ئۆتە - ئۆتمەيلا، پۈتۈن تۈرمە ئەتراپىدا جىددىي ئەنسىزلىك پەيدا بولۇشقا باشلىدى. يەر تەۋرەش ئالدىدا قوي، كالىلار دالىغا يۈگۈرۈپ، توخۇ - ئۆردەكلەر قىچقىرىشقا باشلىغان غەلىتە ھادىسە يۈز بەرگىنىدەك، خەۋەرچى قارلىغاچنىڭ شائىر ياتقان كامېرنىڭ پەنجىرىگە كېلىپ قونۇشى ۋە نالە قىلىپ سايراپ كېتىشى، شائىردىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قاراپ تۇرۇۋېلىشى — ھازىر پەيدا بولۇۋاتقان ھادىسىلەردىن بېشارەت بەرگەن بولسا كېرەك.

قاش دەرياسى بويىدىن چۈشكەن پارتىزانلار ۋە يەرلىك دېھقان پارتىزانلىرى سېپىل ئەتراپىغا يېقىنلاشتى. سېپىل دەرۋازىلىرى قوم - توپا توشقۇزۇلغان تاغارلار بىلەن تاقالدى. سېپىل سىرتىدىكى ئىدارە - ئورگانلارنىڭ خادىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرى سېپىل ئىچىگە قېچىپ كىرىۋېلىشتى. سېپىل ئىچىدە ياتاق، سۇ قەھەتچىلىكى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئۆي جىددىيلىكى سەۋەبىدىن، دۈشمەنلەر مەھبۇسلارنى قىستاپ، كامېرلارنى بوشىتىشقا مەجبۇر بولدى. تۈرمىدە قوزغىلاڭ يۈز بېرىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ پۇتىغا ئىشكەل سېلىۋەتتى.

شائىر ياتقان «يەتتىنچى نومۇرلۇق» كامېرغىمۇ نۇرغۇن مەھبۇسلار كىرىپ كەلدى. مەھبۇسلارنىڭ كۆپلۈكى، كامېر ئىچىنىڭ قىسقا - قىستاڭلىقى، تاماقنىڭ ناچارلىقى، سۇنىڭ قىسلىقى — مەھبۇسلارنىڭ سالامەتلىكىگە جىددىي خەۋپ سالماقتا ئىدى. كامېر ئىچىدە ھاۋا يېتىشمەيتتى، سېسىقچىلىقنىڭ دەردىگە چىداپ تۇرۇش قىيىن ئىدى، چۈشا - پىتلار يامرايتتى.



گۈندىپايلار ئۆز جان قايغۇسى بىلەن بولۇپ، مەھبۇسلارنىڭ ھايات - ماماتى بىلەن قىلچە كارى بولمايتتى.

شەھەر سېپىلى دېھقان پارتىزانلىرى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغاندىن كېيىن، شەھەر ئىچىگە قارىتىپ ئېتىلغان زەمبىرەك ئوقلىرى، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى قورۇسىدا ۋە تۈرمە ئەتراپىدا پات - پاتلا پارتلاپ تۇراتتى. تۆت ئەتراپتىن ئېتىلىۋاتقان مىنالار كېچىلىرى خۇددى يورۇق يۇلتۇزلار ئېقىپ چۈشكەندەك سېپىل ئىچىنى يورۇتۇۋېتەتتى.

مىنالاردىن ئوت كەتكەن سېپىل ئىچىدىكى ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ يالقۇنلىرىنى ئۆچۈرمەكچى بولۇشۇۋاتقان «قوغدىنىش ئەترىتى»نىڭ ئەزالىرىنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى، يارىدار دۈشمەنلەرنىڭ ۋايساشلىرى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مەھبۇسلارنىڭ روھىي ھالىتىدە ئوخشاشمىغان كەيپىياتلار پەيدا بولدى. بەزىلىرى ئۆلۈم ۋەھىمىسىنىڭ يېقىن كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، قىبلە تەرەپكە يۈزلىنىپ، خۇدادىن ئامانلىق تىلەيتتى. ئاراللىق بىر مەزىن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئۆمرىدە قازا بولۇپ كەتكەن بارلىق نامىزىنى تولدۇرۇۋېلىش غېمىدە، بىر بۇلۇڭدا كېچە - كۈندۈزلەپ ئايەت ئوقۇيتتى؛ بىر قاتىل مەھبۇس ئىزىدا قىمىرلىماي، پەرۋاسىز گۈشىيىپ ئولتۇراتتى.

شائىر ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، «غېرىب - سەنەم» ۋە «تاھىر - زۆھرە» ئوپېرالىرىدىكى ناخشىلارنى ۋە سادىر پالۋان ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، ئۆلۈمگە قىلچە پىسەنت قىلماي، تەمكىن قىياپەتتە تۇراتتى، ئۇ، ھېلىقى مەدەن تاشنى يەنە قولىغا ئالدى - دە، كامېرنىڭ شىمالىي تېمىغا تۆۋەندىكى جەڭگىۋار نەزمىنى يازدى:

كۆيگۈسى بارچە چايان چىرىك قومۇشنىڭ تەكتىدە،
قالمىغاي ساق ئەجدىھا كۆيگەن قومۇشلۇق تەختىدە ...

قوزغىلىپ كەلگەندە پالۋان - ئارسلانلار جوش ئۇرۇپ،
توي ياسار شادىمان بولۇپ، مەھكۇم بوزەكلەر رەستىدە.
......

شائىرنىڭ شېئىر - ناخشىلىرى مەھبۇسلارغا ئىلھام بېغىشلايتتى، بولۇپمۇ سادىر پالۋاننىڭ جەڭگىۋار ناخشىلىرىنى ئاڭلىغان مەھبۇسلار، خۇددى ۋۇجۇدىغا قايتىدىن جان كىرگەندەك روھلىناتتى ۋە ناخشىدىن كۈچلۈك مەدەت ئالاتتى. قوشنا كامېردا يېتىۋاتقان ئوسمان پۇتىدىكى ئىشكەلنى شاراقلىتىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ھېچنېمىدىن تەپ تارتماي، مەھبۇسلارغا قاراپ خىتاب قىلىشقا باشلىدى:

— بىز ھازىر چىلبۆرىنىڭ ئالدىدا. ئۇ، ياۋاش قوينى ئاسان يەيدۇ، ئۇنىڭ ئېغىز - بۇرنى قانغا مىلەنگەن، تەلەتىدىن ۋەھىمىلىك يېغىپ تۇرىدۇ. بىز ھازىر جاللاتنىڭ خەنجىرى ئاستىدا... كامېرنىڭ ئىچىدە مۇشۇنداق خورلۇق تارتىپ تۇرۇپ، يەنە دوستلىرىنى سېتىش بەدىلىگە جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالماقچى بولۇشتەك شەرمەندىلىكنى تارىخ كەچۈرمەيدۇ!!! مەن ھازىر قوشنا كامېردا ل. مۇتەللىپ ئېيتقان سادىر بوۋىمىزنىڭ جەڭگىۋار ناخشىسىدىن يەنە يېڭى غەيرەتكە كەلدىم. چىلبۆرىلەر مېنى قورقۇتالمايدۇ، جاللاتلارنىڭ قىلىچى مېنى باش ئەگدۈرەلمەيدۇ! مېنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ھازىر لاۋۇلداپ تۇرغان بىر يالقۇن. مەن بۇ ئەجدىھالارنىڭ ئۇۋىسىغا ئوت ياقىمەن، بۇ مېنىڭ قەسىمىم. خەلق ئۆز قەھرىمانلىرىنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ! بۈگۈندىن باشلاپ ماڭا يامان نىيەتتە بولغۇچىلارنى ئەپۇ قىلالمايمەن!

مەھبۇسلار ئوسماننىڭ سۆزىدىن كۈچلۈك ئىلھام ئالدى ھەم ئۆزلىرىدە روھىي كۈچ ۋە ئىرادە ھاسىل قىلدى. تۈن يېرىم بولغاندا، نەچچە كۈندىن بۇيان ئۇيقۇسىز قالغان مەھبۇسلارنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇغا كەتتى. ئوسمان ئۆز ئورنى يېنىدىن كامېر



تېمىنى تېشىشكە كىرىشتى، ئۇ، زېرەكلىك ۋە چەبدەسلىك بىلەن ھەرىكەت قىلاتتى.

## 2

تاجىنىساخان موماي، گۈلەندەم ۋە سالاخۇننىڭ تۈنۈگۈن ئاخشامقى پاجىئەلىك ئۆلۈمى ئۈستىگە ئاتلىق يېتىپ كەلگەن نۇرۇللا باشچىلىقىدىكى دېھقان پارتىزانلىرى بىگۇناھ قۇربانلارنىڭ بېشىدا سۈكۈت قىلىپ تۇرغاندا، تاشقىرىقى بازار ئەتراپىدىكى ياشلار تۇشمۇتۇشتىن كېلىشىپ لەڭگەر كوچىسىغا توپلاندى ۋە پارتىزان ئەترىتىگە پىدائىي بولۇپ قوشۇلدى. پارتىزانلارنىڭ سېپى ئۇلغىيىپ، سېپىلنىڭ تۆت ئەتراپىنى مۇستەھكەم قورشىۋالدى. دۈشمەن چېرىكلىرى خۇددى چاشقان تۆشۈككە كىرىۋالغاندەك، سېپىل ئىچىگە مۆكۈنۈۋېلىشقانىدى. پارتىزانلار سېپىلنىڭ تۆت ئەتراپىدىن ئۇلارغا شىددەتلىك ئوق ياغدۇراتتى. سېپىل ئۈستىدىكى چېرىكلەر بېشىنى كۆتۈرەلمەيتتى.

ئەتىسى لەڭگەردىكى چوڭ خانىقا ئىچىدە تاجىنىساخان موماي، گۈلەندەم ۋە سالاخۇننىڭ نامىزى چۈشۈرۈلدى.

نۇرۇللا ماتەم مۇراسىمى ئالدىغا چىقىپ، جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن كۆپچىلىككە خىتاب قىلدى:

— بۈگۈن بىز ئىنتايىن قايغۇلۇق ھېسسىياتىمىز بىلەن بۇ ماتەم مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز. بىز بۇماتەم مۇراسىمىنى جەڭ ئۈستىدە ئۆتكۈزۈۋاتىمىز. بىز چوقۇم قۇربانلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىمىز. بىز چوقۇم تۈرمىدە ئازابلىنىۋاتقان قەھرىمان شائىرىمىز لۇتپۇللا مۇتەللىپ باشلىق ئىنقىلابچىلىرىمىز ئۈچۈن قىساس ئالماي قويمايمىز. بىز قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئادالەت ئۈچۈن ئاخىرقى بىر تامچە قېنىمىز قالغۇچە جەڭ قىلىمىز.

تاۋۇت ئېلىپ مېڭىلغان چاغدا، تاجىنىساخان مومايىنىڭ ھايات قالغان يېتىم نەۋرىسى دىلبەرنىڭ يىغلاپ ئېيتقان ماتەم قوشاقلىرى بارلىق كىشىلەرنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىپ تاشلىدى. ۋەقە سادىر بولغان ئاخشىمى ئۇ ياتالماستا ئىدى.

دەپنە مۇراسىمى ئاياغلىشىپ، بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، دىلبەر پىدائىيلىققا يېزىلدى. ئۇ، ھەدىسى گۈلەندەم قالدۇرۇپ كەتكەن قىزىل كرېست بەلگىلىك دوختۇرلۇق سومكىسىغا ئۆيدىكى بارلىق دورىلارنى قاچىلاپ، سومكىنى ۋە بىر تال قىسقا ساپلىق قىلىچنى يەلكىسىگە ئاستى - دە، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ۋاپادار ئاكىسى لۇتپۇللا ئۈچۈن، ئانىسى ۋە ئاچىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش كۈرىشىگە ئاتلاندى. ئۇ، ئاچىسى گۈلەندەمدىن ئوكۇل سېلىش، جاراھەتكە دورا چېپىش ۋە جاراھەتنى تېڭىش، دېزىنفېكسىيە قىلىش قائىدىلىرىنى خېلى پۇختا بىلىۋالغانىدى. ھازىر كېتىۋاتقان شىددەتلىك جەڭدە ئۇنىڭ بۇ كەسپى بەكمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى. دىلبەر ئاكىسى لۇتپۇللاغا بەرگەن ۋەدىسى بويىچە ھەقىقىي قەھرىمان ئانارگۈل بولماقچى. نۇرۇللا، رۇستەم ۋە قۇربان قىلىچلار دىلبەرنىڭ بۇ جۈرئىتىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن تولىمۇ مىننەتدار بولۇشتى.

ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، ياتالماس ئورمانلىقىنى بازا قىلغان نۇرۇللانىڭ بىر گۇرۇپپا پارتىزانلىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپنى قۇتۇلدۇرۇش جېڭى قىلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق ئېلىپ باردى. دىلبەر مۇشۇ جەڭگە قاتنىشىش ئۈچۈن دوختۇرلۇق سومكىسى ۋە قىلىچىنى ئېسىپ، ئۆيدىن ئاش پىشىم ۋاقتى بىلەن ياتالماسقا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ لەڭگەر كۆۋرۈككە يېقىنلىغاندا، ئارقا تەرەپتىن بىر تونۇش كىشىنىڭ قىچقارغان ئاۋازى ئاڭلاندى - دە، كۆۋرۈك قېشىدا توختاپ ئارقىسىغا قارىدى. شۇئان دىلبەرنىڭ يىگىتى يۇنۇسنىڭ ئاغىنىسى قادىر بىرقانچە پارتىزان يىگىتلەر بىلەن بىللە يۈگۈرۈپ كېلىپ:



— نەگە كېتىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى دىلبەردىن.

— «ياتالماس»قا، رۇستەم ئاكاملارنىڭكىگە، — دېدى دىلبەر.

— يولىمىز بىر ئىكەن، بىزمۇ شۇ يەرگە...

دىلبەر يەرلىك پارتىزان پىدائىي يىگىتلەر بىلەن بىللە ياتالماسقا قاراپ ماڭدى. قادىر قاتارلىق پارتىزان يىگىتلەرمۇ قوراللىرىنى مۈرىسىگە ئېسىۋالغانىدى. بۈگۈن پارتىزانلارنىڭ ھەمراھ بولغىنىدىن دىلبەر بەكمۇ خۇشال بولدى.

— سىلەر قاچان پارتىزان بولدۇڭلار؟ — لەڭگەر كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئىككى ياقىسى سۆگەتلىك يولغا چىققاندىن كېيىن، قادىر باشلىق پارتىزان يىگىتلەردىن سورىدى دىلبەر.

— مېنى دېسىڭىز، — دېدى قادىر، دەرھال دىلبەرنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، — ئەزەلدىن پىدائىيمەن. مېنىڭ ئوسمان ۋە يۇنۇس بىلەن مۇشۇ مەھەللىدە بىللە چوڭ بولغانلىقىمدىن خەۋىرىڭىز بارغۇ. ئوسمان ھازىر قاماقتا. ئۇنى جاسۇس مەمەت ئەيسا تۇتۇپ بەردى. ئۇ مېنىمۇ ئىككى قېتىم «يانچۇقچى» دەپ قامىتىپ قويدى. لېكىن ئۇ مېنىڭ نۇرغۇن پۇلۇمنى پارە ئېلىپ يەپ كەتكەنىدى. ئۇ ھەم پارىخور، ھەم چوڭ ئىشپىيون. مۇشۇ يېقىندا بىز ئۇ مەلئۇننى «شەھەرى كۆتەك»[1] دېگەن جايدا تۇتۇۋېلىپ، قىيامەتكە ئۇزىتىپ قويۇپ، تازا پۇخادىن چىقىپ قايتىپ كەلدۇق. بىز ئوسمان بىلەن لۇتپۇللا ئاكاملار ئۈچۈن راسا ئىنتىقام ئالدۇق. بۇ ئىنتىقام تېخى ئاخىرلاشمىدى. بىز ئەمدى تاجىنىساخان ئانام ۋە گۈلەندەملەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمىز.

مەرھۇم ئانىسى بىلەن ئاچىسىنىڭ ئىسمى چىققان ھامان دىلبەرنىڭ بىر جۈپ قارا كۆزىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. قادىر شۇئان دىلبەرگە تەسەللى ۋە ئىلھام بېرىپ:

① «شەھەرى كۆتەك» — تارىم بىلەن توقسۇ دايۇلتۇز ئارىسىدىكى قەدىمىي خارابە شەھەر نامى.

— يىغلىماڭ، دىلبەر، بىز چوقۇم ئىنتىقام ئالىمىز. زالىملارنىڭ زوراۋانلىقى، ۋەھشىيلىكى ھەددىدىن ئاشتى. ئۇلارنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقى دەستىدىن چىداشقا تاقىتىمىز قالمىدى. شۇڭا بىز پىدائىي بولۇپ، قولىمىزغا قورال ئالدۇق. بۇ يولدا ئۆلۈپ كەتسەك ئارمىنىمىز يوق! — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇلار سۆزلىشىپ ياتالماس يېزىسىغا ئىككى چاقىرىمچە قالغان يەرگە بارغاندا، ئورمانلىق يېنىدىن قاتتىق ۋارقىرىغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇلار دەرھال ئىزىدا توختاپ، ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قۇلاق سالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلارنىڭ قېشىدا قولىدا يېنىك ئاپتومات تۇتقان بىر پارتىزان يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— ياتالماسقا!

پارتىزان دىلبەرنىڭ بويىنىدىكى دوختۇرلۇق سومكىنى كۆرۈپ:

— سىڭلىم، سومكىڭىزدا دورىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بار!

— بەك ياخشى بولدى، بىز ھېلىراقتا دۈشمەننىڭ بىر چوڭ جاسۇسىنى ئېتىپ قولغا چۈشۈردۇق، لېكىن ئۇنىڭ پۇتى زەخىملىنىپ ماڭالمىغاچقا، قوماندانلىق شتابقا ئەكېتەلمەيۋاتىمىز، مېنىڭ ئىككى سەپدىشىم ئورمانلىقتا ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇۋاتىدۇ، شۇ يەرگە بارساڭلار.

ئۇلار بىرلىكتە ئورمانلىققا كىردى. سۆگەتكە مەھكەم باغلانغان بىر جاسۇسنىڭ يېنىدا ئىككى پارتىزان ئاپتومات تۇتۇپ تۇراتتى. جاسۇسنىڭ ئوڭ پۇتىنىڭ لېپىكىدىن قان شورقىراپ ئېقىۋاتاتتى، يوغان باش، چار كۆز، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئۇستىخانلىق، كىيىملىرى جۇل - جۇل بۇ جاسۇس ھۇۋقۇشتەك كۆزىنى



پارقىرىتىپ، بىپەرۋالىق بىلەن گېزىرىپ قاراپ تۇراتتى. قادىر جاسۇسنى كۆرۈپ تونۇۋالدى - دە، غەزىپىنى باسالماي ئېتىۋەتمەكچى بولۇپ، قولىدىكى قورالنى كۆتۈرگەنىدى، پارتىزانلار باشلىقى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— تەخىر قىلىڭ، بىز ئاۋۋال ئۇنى شتابقا ئاپىرىپ، ھۆكۈمنى كېيىن چىقىرىمىز.

پارتىزانلار باشلىقىنىڭ سۆزى بىلەن قادىر ئوق چىقىرىشتىن توختاپ قالدى، لېكىن قادىر پارتىزانلار باشلىقىغا جاسۇسنى تونۇشتۇرۇپ:

— بۇ جاسۇسنى مەن تونۇيمەن. ئۇ، قان قەرزىگە بوغۇلغان ئىبلاس! — دېدى.

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، — دېدى پارتىزانلار باشلىقى ۋە دىلبەرنى جاسۇسنىڭ پۇتىنى تېڭىشقا بۇيرۇدى. لېكىن جاسۇس پۇتىنى تاڭدۇرۇشقا زادى ئۇنىمىدى. پارتىزانلار باشلىقى ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى، ئۇ مىدىر - سىدىر قىلماي يەنىلا كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇراتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئوغىسى قايناپ تاشقان قادىر يەنە چىداپ تۇرالماي پارتىزانلارغا مۇراجىئەت قىلىپ:

— دۈشمەنگە شاپائەت قىلىش، ئۆزىمىزگە مالامەت ۋە پالاكەت كەلتۈرىدۇ، بۇ جاسۇسنى مەن تونۇيمەن. ئۇنىڭ قولىغا قاراڭلار، ئۇنىڭ قولىقىنى «سۆڭ زۆرىخان» دېگەن مەيپۇرۇش خوتۇننىڭ پىستە كۈچۈكى ئۈزۈۋالغان. بۇ جاسۇس تاجىنىساخان ئانام، گۈلەندەم، سالاخۇن ئاشپەز قاتارلىق ئۈچ كىشىنى كېچىسى كېلىپ ئۆلتۈرگەن ئابلەي قاۋان دېگەن مانا شۇ! ئۇ، ئاقسۇدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ساپ قېنىنى ئىچكەن جاللات!

قادىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئابلەي قاۋان بىردىنلا خۇددى بەزگەكتەك تىترەشكە باشلىدى. زەردىسى قايناپ تۇرغان دىلبەر يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئابلەينىڭ يۈزىگە بىرنەچچە

قېتىم تۇكۇرۇپ تاشلىدى، ئارقىدىنلا ئانىسى، ھەدىسى ۋە تاغىسىنى ئەسلەپ كۆڭلى بۇزۇلدى - دە، ئۆزىنى بېسىۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

قادىر پارتىزانلار باشلىقىغا دىلبەرنىڭ دەردىنى تونۇشتۇرۇپ، ئابلەي قاۋان ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى.

پارتىزانلار باشلىقى، قادىرنىڭ قويغان پاكىتلىرىغا ئەمدى تولۇق قايىل بولدى. قورچاق «قوغدىنىش ئەترىتى»نىڭ باشلىقى «جاڭ مەمەت» بۇ جاسۇسنى ئىككى ھەمراھ بىلەن مۇشۇ يول ئۈستىدە پارتىزانلارنى مەخپىي ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدى. پارتىزانلار بۇنى سېزىۋېلىپ، بۈگۈن تاڭ سەھەردە پىچانزارلىقنى قورشىۋالغانىدى. جاسۇسلار بولسا پىچانزارلىق ئىچىگە قېچىپ كىرىۋالدى. قاتتىق جەڭدىن كېيىن، ئابلەي قاۋاننىڭ ئىككى ھەمراھى ئۆلدى، ئۇ ئۆزى يالغۇز قېچىپ مۇشۇ ئورمانلىققا كەلگەندە، پارتىزانلارنىڭ ئوقى تېگىپ يارىلىنىپ قولغا چۈشكەنىدى.

— سۆزىڭىزگە قايىل بولدۇم، — دېدى پارتىزانلار باشلىقى، جاسۇسنى شتابقا ئەكېتىشتىن ۋاز كېچىپ، — بىگۇناھ ئاققان قانلار قىساسى ئۈچۈن، قېنى ئەمىسە...

پارتىزانلار باشلىقى ئوق بەتلەگلىك مىلتىقىنى دىلبەرنىڭ قولىغا بەردى. قادىر يەنە بىر پارتىزاننىڭ ئاپتوماتىنى ئالدى. ئۇلار تەڭلا ئوق چىقىرىپ، جاسۇسنى جەھەننەمگە ئۇزىتىپ قويدى.

دىلبەر ۋە پىدائىي يىگىتلەر پارتىزانلار بىلەن خوشلىشىپ ياتالماسقا قاراپ ماڭدى.

## 3

دىلبەر بىلەن پىدائىي يىگىتلەر پارتىزانلاردىن ئايرىلىپ



ياتالماسقا بارغاندا كۈن تېخى بالدۇر ئىدى. ئۇلار قويۇق ئورمانلىقنى ئارىلاپ مېڭىپ، چۈش - پېشىن مەزگىلىدە رۇستەمنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. ئۇلار ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىقتا شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان سۈزۈك سۇدا يۈز - كۆزلىرىنى يۇغاچ بىردەم سەگىدەپ ئارام ئېلىشتى. شۇ ئەسنادا نۇرۇللا، رۇستەم، گۈلنىسا ۋە ئوغلى پەرھات شىمال تەرەپتىكى چىنارلىق ئىچىدىن بىرنەچچە تال ئۈزۈن ۋە تۈپتۈز سۆۋادان تېرەك ياغىچىنى سۆرەشتۈرۈپ، ئېرىق بويىدا تۇرغان پىدائىيلارنىڭ قېشىغا كەلدى.

گۈلنىسا قولىدىكى جەگىنى يەرگە تاشلىغان پېتى دىلبەرگە ئېتىلدى - دە، ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ يىغلاپ كەتتى. دىلبەرمۇ گۈلنىساغا قوشۇلۇپ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ يىغىسى تاجىنىساخان موماي، گۈلەندەم ۋە تاغىسى سالاخۇنلارنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن ئىدى. ئارقىدىن رۇستەم، قادىر باشلىق پىدائىيلارنى قورۇسىغا باشلاپ كىردى. قورۇ ئىچىدە قۇربان قىلىچ، مۇختار مەرگەن، قاۋۇل قاتارلىق پارتىزانلار قوراللىرىنى سۈرتۈپ، سېپىل ئۈستىدە بولۇش ئالدىدا تۇرغان قانلىق جەڭگە تەييارلىق قىلىشماقتا ئىدى.

پىدائىيلار بىلەن پارتىزانلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار قورۇ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ ياڭاق دەرىخى ئاستىدا قىزغىن پاراڭغا چۈشتى.

— بىز ھازىر ئورماندىن ئەكەلگەن، — دېدى رۇستەم، پىدائىيلارغا تونۇشتۇرۇپ، — ماۋۇ چىنار، سۆۋادان جەگىلىرىدە ئۇزۇن شوتا ياسايمىز - دە، ئۇنىڭ بىلەن سېپىلغا يامىشىپ چىقىپ، جەڭ باشلايمىز!

رۇستەمنىڭ ئايالى گۈلنىسا پىدائىيلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى.

— قېنى، كېلىڭلار، دوستلار، — دېدى رۇستەم، — بىز ئەمدى بىر ئاز دەم ئالغاچ قورساق توقلىۋالايلى.

ھەممەيلەن قولىدىكى ئىشنى توختىتىپ داستىخان چۆرىسىگە يىغىلدى. رۇستەم دوستلىرىنى چايغا تەكلىپ قىلغاچ:

— قولۇڭغا قورال چىقىپ قېلىپتۇ، سەنمۇ پىدائىيلىققا يېزىلدىڭمۇ، نېمە؟ — دەپ سورىدى قادىردىن.

— سەن تېخى مېنى سەل چاغلاۋاتامسەن، — دېدى قادىر جاۋاب بېرىپ، — مېنىڭ ئىسمىم قادىر پىدائىي ئىكەنلىكىنى سەنمۇ بىلەتتىڭغۇ؟ فامىلەم پىدائىي تۇرسا، پىدائىينىڭ ئوغلى تۇغۇلۇپلا پىدائىي بولامدۇ؟

قۇربان قىلىچ بىلەن مۇختار مەرگەن قادىرنىڭ شۇ بىر جۈملە سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ چاقماقتەك راۋان تىلىدىن زوقلىنىپ ئۇنىڭغا قاراشتى. نۇرۇللا ئۇلارغا قادىرنىڭ تەرجىمھالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى:

قادىر 1930 - يىلىدىكى ئاقسۇ دېھقانلىرى قوزغىلىڭىنىڭ باشلىقى ئىسمايىلنىڭ كىچىك خوتۇنى ھاجىنىساخاننىڭ ئوغلى ئىدى. ئىسمايىل قارايۇلغۇن سوقۇشىدا قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنى ھاجىنىساخاننى جىن شۇرېن چېرىكلىرى ئېتىپ تاشلىغان. يېتىم قالغان قادىر شۇ كەمدە ئەمدىلا سەككىز ياشتا ئىدى، كېيىن ئۇ ئاتىسى نامىدا كونىشەھەردە قۇرۇلغان «مەكتىپى ئىسمائىلىيە» ناملىق دارىلئېيتام مەكتىپىدە ئوقۇدى. كېيىن ئاقسۇدىكى «نىيازىيە»① مەكتىپىدە ئازراق ئوقۇدى. بۇ مەكتەپلەر يېپىلغاندىن كېيىن، ئۇ تالادا قېلىپ، ئاقسۇ ۋە كونىشەھەرلەردە سەرگەردانلىق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ، كۆپ چاغلاردا يانچۇقچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرەتتى، قاماققا كىرەتتى، تاياق يەيتتى، خورلىناتتى، ئاچ - يالىڭاچ قالاتتى، لېكىن ئۇ ھايات بازغانلىرى ئاستىدا قاتتىق تاۋلىنىپ، ئىرادىلىك ۋە قورقماس يىگىت

① «نىيازىيە» — قومۇل دېھقانلىرى قوزغىلىڭىنىڭ باشلىقى خوجىنىياز نامىدا ئاقسۇدا قۇرۇلغان مەكتەپ.



بولۇپ يېتىشتى.

نۇرۇللا قادىرنى تونۇشتۇرۇۋاتقاندا، مۇختار مەرگەن ئۆزىنىڭ قادىر بىلەن تۈرمىدە بىر كامېردا ياتقان تۈرمىداش ئىكەنلىكىنى ئەسلىدى - دە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، قادىرنى قۇچاقلاپ كۆرۈشۈپ كەتتى. مۇختار بىلەن قادىر تۈرمىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، كىيىملىرىنى سەھرا پاسونىغا يەڭگۈشلىگەندىن باشقا ساقال - بۇرۇتلىرىنىمۇ ئۆستۈرۈۋېلىپ، «ساقاللىق پارتىزان» قىياپىتىگە كىرىۋالغانىدى. شۇڭا ھەر ئىككىسى باياتىن بېرى تونۇشالماي، بىر - بىرىگە پات - پات قارىشىپ قويۇپ ئولتۇرۇشقانىدى.

— باتۇر ئىنىم، تۈرمىدىن قانداق قۇتۇلدۇڭ؟ — دەپ سورىدى مۇختار قادىردىن.

— ئەقلىم يول كۆرسەتتى، پۇلۇم كۈچ كۆرسەتتى.

ئاڭلىغۇچىلار قادىرنىڭ بۇ مەنىلىك سۆزىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— ھە، قېنى قانداقىسىگە؟

— تۈرمە باشلىقى دۆڭ جەنيۈجاڭ پۇلنى كۆرسە كۆزى قىزىرىپ، نېرى - بېرى ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايدۇ. مەن ئۇنىڭ يانچۇقىنىڭ سىرىنى بىلىمەن. مەن بۇ سىرنى ئۇسىمانغىمۇ ئۆگىتىپ قويغان، شۇڭا ماڭىمۇ، سىزگىمۇ تۈرمىنىڭ ئىشىكى قىيا ئېچىلىپ كەتتى.

— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟

— ئۇنىڭدىن كېيىن، مەن قادىر پىدائىي دېگەن نام بىلەن كۆرەش يولىغا ئاتلاندىم. جاسۇس مەممەت ئەيسا گۇلباغدىكى ۋاڭ ساۋزىنىڭ ئۆيىدە ئوسمانىنى ھاراق ئارقىلىق ئالداپ، لۈتپۇللا ئاكام باشلىق زىيالىيلارنى تۇتتۇرۇپ بەردى. ئۇ يەنە مېنى ئالداپ نۇرغۇن پۇلۇمنى يەپ كەتتى. مەن قەسىمىم بويىچە ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىشنى بىرىنچى مەقسەت قىلدىم، لېكىن، ئۇنىڭ

قىزى گۈلپەرىگە مۇھەببىتىم بار ئىدى. مەمەت ئەيسا مېنىڭ
گۈلپەرى بىلەن توي قىلىشىمغىمۇ قەتئىي قارشىلىق قىلدى ۋە
گۈلپەرىنى قاتتىق ئۇرۇپ، ئۆيىگە سولىۋالدى. قورغاندىكى جەڭ
باشلىنىشتىن يېرىم ئاي بۇرۇن، «قوغدىنىش ئەترىتى» نىڭ باش-
لىقى «جالاڭ مەمەت» ئۇنى باي ناھىيىسىگە ئېشپىيونلۇققا ئەۋەت-
مەك بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم ـ دە، ئۇنىڭ قىزى گۈلپەرىنى
ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن سەيدۇللا موللا ئاكامنى ئۆيىگە
ئەلچىلىككە كىرگۈزدۈم. جاسۇس مەمەت ئەيسا ئاقسۇ يەرلىك
سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى تۇرسۇن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ،
مېنى بەش كۈن قامىتىپ قويدى. شۇ چاغدا ئۇ قىزى بىلەن
خوتۇنىنى ئېلىپ، توقسۇنىڭ دايۇلتۇز يېزىسىغا قېچىپ كېتىپ-
تۇ. مەن دەرھال سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى تۇرسۇننىڭ
خوتۇنى قەمبەرنىساخانغا بىر جۈپ ئالتۇن زىرە پارا بەردىم.
قەمبەرنىسا خېنىم خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە مېنىڭ ئالدىمدىلا
ئېرى تۇرسۇنغا: «ۋاي ئاتام، نېمە ئۇنچىۋالا قىلىپ كېتىدىلا،
بىر كۆزلىرىنى قىسىۋېلىپ، ئۆز ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈ-
ۋەرمەملا، مۇشۇنداق ئوبدان بالىنى ...» دېدى ـ دە، سوت
مەھكىمىسى باشلىقىنىڭ ئالدىدىلا خېنىم مېنى ئازاد قىلىۋەتتى.

قادىر بۇ سۆزلەرنى تولىمۇ قاملاشتۇرۇپ بايان قىلىپ،
ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى.

— ئاخىرى قانداق بولىدى؟ قېنى سۆزلە، قادىر پىدا-
ئىي! — دېدى نۇرۇللا.

تۇرمە ئازابىنى كۆپ قېتىم تارتقان قادىر پىدائىينىڭ مو-
خوركا چېكىشىگە ھەركىم يول قوياتتى. ئۇ ھازىرمۇ بىر تال
موخوركا ئورىدى ـ دە، قاتتىق بىر شورىۋېتىپ، ئاندىن موخور-
كىنى ئىككى قوللاپ قۇربان قىلىنچقا تۇتتى ۋە نۇرۇللانىڭ سوئا-
لىغا جاۋاب بېرىشكە باشلىدى:

— مەن سوت مەھكىمىسىدىن بوشىنىپ چىقىپلا لەڭگەرلىك



دوستلىرىمدىن ماۋۇ يېنىمدىكى يولۋاس بىلەن نىجاتنى ئۆزۈمگە
ھەمراھ قىلدىم، بىز يېڭىسار شەھىرىدىن ئۈچنى تاپتۇق.
«سۆڭ زۆرىخان» دىن بەش بوتۇلكا هاراق ئالدۇق، ئارقىدىن
يۇنۇس بىلەن گەپنى بىر قىلىپ، تاڭ سەھەرلىكتە ساقچىنىڭ
ئاتخانىسىدىن دولان دەرياسىغا سۇغىرىش ئۈچۈن ئاچىقىلغان يور-
غا ئاتلاردىن ئۈچ ئاتنى ئوغرىلاپ قاچتۇق. ئۇ كەمدە سىپىل
دەرۋازىسى تېخى ئاقالمايدىغان چاغ ئىدى. بىز ئاتلارنى ئۇچقاندەك
چاپتۇرۇپ مېڭىپ، توقسۇ دايۇلتۇز يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى
«شەھىرى كۆتەك» دېگەن جايغا يېتىپ بېرىپ، بىر پادىچى
بالىدىن مەمەت ئەيسانى سۈرۈشتۈرۈپ، مەمەت ئەيسانىڭ تېخى
يېڭىلا شېرىپ توقاينىڭ ئۆيىگە چۈشكەنلىكىنى بىلدۇق. مەن
پادىچى بالىنىڭ يېنىدا قېلىپ، يولۋاس بىلەن نىجاتنى شېرىپ
توقاينىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتىم. مەمەت ئەيسانىڭ خوتۇنى جىنەستە
بىلەن قىزى گۈلپەرى يوزىگە كۆك چۈشكەن، بەدەنلىرى جاراھەت-
لەنگەن ھالدا سۇپا ئۈستىدە يىغلاپ ياتقانىكەن. ئۇلار يولۋاس
بىلەن نىجاتنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپتۇ ۋە مەمەت ئەيسا-
نىڭ دايۇلتۇز بازىرىغا كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئانا ـ بالا ئىككى-
سى بىز بىلەن قېچىپ كېتىشكە رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. بۇ ئىككى
دوستۇم كېلىپ بۇ خەۋەرنى ماڭا يەتكۈزدى. مەن ئىنتايىن خۇ-
شال بولدۇم، لېكىن مەن بۇ دوستلىرىمغا بۇنچىلىق بىلەن يە-
لۇتپۇللا ئاكام بىلەن ئوسمان ئۈچۈن ئالىدىغان ئەنتىمىز چىقمايـ-
دۇ، دېدىم. دوستلىرىم ئاۋۋال مېنى يولغا سېلىۋېتىپ، مەمەت
ئەيسانى كېيىن ئايرىم جۆندەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن دوستلى-
رىمنىڭ جۈرئىتىگە تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، جىنەستە بىلەن گۈل-
پەرىنى بىر ئاتقا مىنگەشتۈرۈپ، ئۆزۈم بىر ئاتقا مىنىپ بىر
ئات بىلەن بەش بوتۇلكا ھاراقنى ئىككى دوستۇمغا قالدۇرۇپ،
يولغا چىقتىم. بىز ئۇچەيلەن ۋەدە بويىچە قاراتالنىڭ جەنۇبىدىكى
ئاراقۇمغا كېلىپ ئىككى دوستۇمنى ساقلاپ تۇردۇق. تاڭ سۇ-

زۇلگەن چاغدا يولۋاس بىلەن نىجات ئاتلىق ئاراقۇمغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار مىنى قۇم ئارىسىغا تارتىپ بېرىپ، قولىقىمغا پىچىرلاپ، مەمەت ئەيسانىڭ «شەھىرى كۆتەك» يېنىدىكى بىر يارداڭلىقتا دەردكە پايلىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بىز بۇ ئىشنى ئىنس - جىنغا تىنماسلىق توغرۇلۇق قەسەم ئىچىشتۇق. بۇگۈن سىلەرگە دېمەي بولمىدى. يولۋاس بىلەن نىجات ئەتىسى ئاقسۇغا قاراپ ماڭدى. مەن ئانا - بالىنى ئېلىپ، يوشۇرۇن ھالدا ئۈچتۇرپانغا ئۆتۈپ كەتتىم. ئاقياردا بىر تۇغقىنىمنىڭ ئۆيىدە ئۈچ ھەپتە تۇردۇق. سىلەرنىڭ ئاقسۇغا چۈشكەنلىكىڭلارنى ئاڭلاپ، ئالدىنقى كۈنىلا بۇ يەرگە كەلدىم.

— بىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمىزنى قانداق بىلدىڭ؟

— سىنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭنى لۇتپۇللا ئاكام ساڭا ۋىجدانىي روھ ۋە ئىنقىلابىي غايە ئاتا قىلغاندىن باشلاپلا بىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى رۇستەمنىڭ سوئالىغا قادىر چاقچاقلىق بىلەن.

قادىرنىڭ بۇ سۆزىگە ھەممەيلەن زوقلىنىپ كۈلۈشتى.

قادىر پىدائىي ئاندىن بۇگۈن چۈشكەن يېقىن ئورمانلىق يېنىدا سادىر بولغان ۋەقەنى، پارتىزانلار بىلەن بىرلىكتە جاسۇس ئابلەيىنى جازاغا تارتقانلىق توغرىسىدىكى جەرياننى سۆزلەپ بەردى. بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ تەسىرلەنگەن گۈلنىسا، دەرھال دىلبەرنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى، مۇختار مەرگەن بىلەن قۇربان قىلىچ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، قادىر پىدائىينى دەس كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇشتى.

4

ياتالماسقا توپلانغان پىدائىيلار بىر ھەپتە جىددىي تەييارلىق قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرى بىر ئاخشىمى



رۇستەمنىڭ قورۇسىدا قەسەمياد يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا نۇرۇللا، رۇستەم، مۇختار مەرگەن، قۇربان قىلىچ، قاۋۇل، يولۋاس، نىجات ۋە قادىر پىدائىيدىن باشقا ئىلى تەرەپتىن كەلگەن تاشپولات، شاكىرجان ھەمدە خوتۇن - قىزلاردىن دىلبەر بىلەن گۈلنىسا قاتناشتى. ئالدى بىلەن نۇرۇللا پالۋان بۇگۈن كېچە سىپىل ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان جەڭ ئۈستىدە توختالدى:

— بۇگۈن كېچە بىز پىدائىيلىق بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلىنىمىز، ياشاش ئۈچۈن ئۇلۇغ كۈرەش تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرىمىز. قىساس ئوتى ۋۇجۇدىمىزنى ئۆرتىمەكتە. بىگۇناھ ئاققان قانلار بىزنى ئىنتىقام ئېلىش كۈرىشىگە قوزغىماقتا ... رەھمىتۇللا پالۋاننىڭ جەڭ دۇمبىقى قەلئە ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىشقا چاقىرماقتا. بىز قەلئە ئۈستىنى ئىسسىق قېنىمىز بىلەن سۇغىرىشقا قەسەمياد قىلايلى!

نۇرۇللانىڭ سۆزىدىن كېيىن پىدائىيلار ئالدىدىكى پىيالىلەرگە ئوڭ بىلىكىدىن قان چىقىرىپ ئاققۇزدى، ئارقىدىن ھەر بىر پىدائىي پىيالىدىكى قانغا ئوتتۇرا بارمىقىنى چىلاپ پېشانىسىگە خال قىلىپ چېكىپ قەسەمياد قىلىشتى.

قەسەم بەجا كەلتۈرۈلۈپ بولۇنغاندىن كېيىن، نۇرۇللا پالۋان دىلبەر بىلەن گۈلنىساغا قارىتىپ:

— ئارىمىزدا ئىككى قەھرىمان سىڭلىمىزمۇ جەڭگە كىرىش ئۈچۈن قانلىق قەسەم بەردى، بۇ بىز ئۈچۈن ئىلھام. بىز بۇ باتۇر سىڭىللىرىمىز بىلەن پەخىرلىنىمىز، لېكىن تۈن قاراڭغۇ، جەڭ جاپالىق.

— توختاڭ! — دېدى دىلبەر ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، — لېكىن - پېكىننى قويۇڭ. يالقۇنلاپ كۆيۈۋاتقان غەزەپ ئوتىنى «قاراڭغۇلۇق»، «جاپالىق» دېگەن ۋەھىمە ئۆچۈرەلمەيدۇ.

پىدائىيلار بىردىنلا ھاياجانلىنىپ، دىلبەرنىڭ جاراڭلىق سا-

داسىغا قۇلاق سېلىشتى. ئۇ ئوڭ مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ تۇرۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇراتتى:

— سىز ھېلى «رەھمىتۇللا پالۋاننىڭ جەڭ دۇمبىقى قەلئە ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىشقا چاقىرماقتا» دەپ توغرا ئېيتتىڭىز، بىراق بۇ جەڭدىكى قەيسەر قىز ئانارگۈلنىڭ باتۇرلۇقىنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويدىڭىز. ئۇچتۇرپان خەلق قوزغىلىڭىنى ئانارگۈل باشلىق يەتتە قىز باشلىغان. لۇتپۇللا ئاكام لەڭگەرلىك ئوغۇل - قىزلارغا «قەلئە» جېڭى توغرىسىدا ھېكايە سۆزلەپ بەرگەندە، ئانارگۈل مېنىڭ ئۈلگەمگە ئايلانغانىدى. مەن بۇ ھەقتە «ل. مۇتەللىپ ھېكايىسىدىن تەسىرات» ناملىق شېئىر يېزىپ، ئۇنى يۈرەك قېنىم بىلەن سۇغىرىلغان قىزىل يىپ بىلەن مانا بۇ ئاق شايىغا كەشتىلەپ چىقتىم.

دىلبەر دەرھال يانچۇقىدىن قەسەم شېئىرى كەشتىلەنگەن چوڭ شايى ياغلىقىنى ئېلىپ پىدائىيلارغا كۆرسەتتى. ھەممەيلەننىڭ قەلبىگە باشقىدىن ئوت تۇتىشىپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا سۆزلەپ تۇرغان بۇ باتۇر قىزنىڭ قەھرىمانلىقى ۋە دانالىقىدىن كۈچلۈك تەسىرلەندى. دىلبەر يەنە ھاياجان بىلەن:

— مانا بۇ مېنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قەسىمىم، بۈگۈن سىلەر بىلەن ئىككىنچى قېتىم قەسەمياد قىلدىم. مەن يەنە نېمىگە تارتىنىمەن! زالىملار ئاتام يادىكارنى ئۆلتۈردى، ئانام تاجىنىساخاننى ئۆلتۈردى، ئاچام گۈلەندەمنى ئۆلتۈردى، تاغام سالاخۇننى ئۆلتۈردى. مەن ئەمدى يېتىم قىز. «يالىڭاچ سۇدىن قورقمايدۇ!» قىساس يالقۇنىدا كۆيۈۋاتقان يېتىم دىلبەر تۈندىكى جەڭ جاپاسىدىن قورقامدۇ؟ ئۆلۈمدىن قورقامدۇ؟! — دېدى.

دىلبەر ئاخىرىدا ئوڭ يېنىغا ئېسىۋالغان قىسقا ساپلىق خەنجىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، ئېگىز كۆتۈردى - دە:

— مەن بۈگۈن مۇشۇ شايى ياغلىققا كەشتىلەنگەن قانلىق قەسىمىنى چوقۇم لۇتپۇللا ئاكامنىڭ قولىغا تەگكۈزىمەن. ئۇ-



نىڭ ئاتام يادىكار ئۈچۈن بەرگەن قىممەتلىك قېنى ئۈچۈن، چوقۇم ئۇنىڭغا ساپ قېنىمنى تەقدىم قىلىمەن. مەن سېپىل تاملىرىنى چوقۇم قىزىل قېنىم بىلەن بويايمەن! — دەپ پولات ئىرادىسىنى بىلدۈردى.

دىلبەر بىلەن گۈلنىسانىڭ جاسارىتى پىدائىي يىگىتلەرنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. ئاخىرىدا ھەممەيلەن دىلبەر بىلەن گۈلنىسانىڭ جەڭگە كىرىشىگە قوشۇلدى.

پىدائىيلارنىڭ جەڭگە ئاتلىنىش ۋاقتى يېقىنلاشماقتا ئىدى، ئۇلار ئوق - دورا، قورال - ياراغلىرىنى تەييارلاپ ۋاقىت كۈتمەكتە. شەھەر سېپىلىنىڭ تۆت دەرۋازىسى ئۈستىدىكى قاراۋۇل پوتەيلىرىگە كىرىۋالغان دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئاندا - ساندا ئوق چىقىرىپ قوياتتى. سېپىلنىڭ تۆت ئەتراپى پارتىزانلارنىڭ مۇھاسىرى ئىچىدە ئىدى.

تۈن يېرىم بولغاندا قادىر بىلەن قۇربان قىلىچ سۇۋادان ياغىچىدىن ياسالغان شوتىنى كۆتۈرۈپ، دولان دەرياسىغا ماراپ ماڭدى. رۇستەم قالغان پىدائىيلارنى باشلاپ ئورمان ئارىلاپ شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى خوتەن دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. نۇرۇللا بىلەن مۇختار مەرگەن لەڭگەردىكى پارتىزانلارنى خەۋەرلەندۈرۈشكە كەتتى. پىدائىيلار بىر سائەتتىن كېيىن، دولان دەرياسى ئېگەرچى يېزىسىنى يېرىپ ئۆتىدىغان «تالئېگىلدى» دېگەن يەرگە توپلانماقچى بولۇشتى.

قادىر بىلەن قۇربان قىلىچ سۇۋادان شوتىنى دەرياغا تاشلاپ، ئۆزلىرى شوتا ئۈستىگە چىقتى - دە، خۇددى قېيىق ئۈزگەندەك، دەريانىڭ جەنۇبىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلار دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى تاللار بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ، تەبىئىي كۆۋرۈك ھاسىل قىلغان «تالئېگىلدى» يېنىغا كەلدى - دە، قاتمۇقات ئۆسكەن تاللارغا يامىشىپ، شوتىنى قىرغاققا سۈزۈۋالدى.

ئەتراپ قاپقاراڭغۇ ۋە جىمجىت ئىدى. پەقەت دەريانىڭ نېرىقى لېۋىدە — ئېگەرچى بېدىلىكىدىن چىرىلداق چېكەتكىلەرنىڭ چىر - چىر ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى...

دەل شۇ چاغدا غەرب تەرەپتىن ئاياغ شەپىسى ئاڭلاندى - دە، رۇستەم ئاپتوماتىنى كۆتۈرۈپ پارول چاقىردى.

— «كوكيال»[1]، — دېدى نۇرۇللا جاۋاب پارول بېرىپ.

رۇستەم رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن، نۇرۇللا بىلەن مۇختار مەرگەن «تالئېگىلدى» ئورمانلىقىغا كېلىپ سەپداشلىرىغا قوشۇلدى.

— يارايسەن، دوستۇم، — دېدى رۇستەم، كېچىلىك پارولنى توغرا ئېيتقان سەپدىشى نۇرۇللانىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ. پىدائىيلار «تالئېگىلدى»دە جەم بولغاندىن كېيىن، ئانچە هايال بولماي، قورال - ياراغلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى خوتەن دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار بىر كىلومېتىرچە ئىلگىرىلەپ، يېڭىبازارنىڭ غەربىدىكى بىر خارابە ئۆيگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. پارتىزانلار بۇ يەردە تۇرۇپ، سېپىل ئۈستىدە قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتەتتى. بۈگۈنكى قاپقاراڭغۇ كېچە پارتىزانلارنىڭ پائالىيىتى ئۈچۈن قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرەتتى. قارار بويىچە سېپىلنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى پارتىزانلارنىڭ ئوت ئېچىشىغا ئازراقلا ۋاقىت قالغانىدى. سەزگۈر مۇختار مەرگەن مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىدى - دە:

— قاراڭلار، سېپىل ئۈستىدە بىر ئەھۋال بار، زەن قويۇپ ئاڭلاڭلار! — دېدى سەپداشلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ.

پارتىزانلار قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىشتى. راستتىنلا شەھەرنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدە تەڭلا ئېتىشىش باشلىنىپ كەتكەنىدى.

[1] «كوكيال» — ئىنتايىن ئۆتكۈر چىشلىق بوز بۆرە. بۇ، بۇلارنىڭ بۈگۈن كېچىلىك پارولى ئىدى.



دۈشمەن پارتىزانلارنىڭ ئەھۋالىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن مۇددەتتىن بۇرۇن ئون نەچچە ئەسكىرىگە هاراق ئىچۈرۈپ، كوچا دەرۋازىسى ئۈستىدىن ئارغامچا بىلەن سىيرىلدۇرۇپ، سېپىلنىڭ سىرتىغا چۈشۈرگەنىكەن. بۇ يەردىكى سېپىلغا ئېسىلغان ئاسما چىراغلار ئۆچۈرۈۋېتىلگەنلىكتىن، دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا بىناسىغا ئورۇنلاشقان پارتىزانلار سېپىلدىن چۈشكەن دۈشمەنلەرنى كۆرەلمەي قالغان. سېپىلدىن سىيرىلىپ چۈشكەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى دوختۇرخانىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، «قارا ساقال ئاتام» مازىرى ئەتراپىدا پارتىزانلارنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنماقچى بولغان. ئۇلار دوختۇرخانىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە بارغاندا، پارتىزانلارنىڭ قاراۋۇلى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئىككى ئارىدا كەسكىن جەڭ باشلىنىپ كەتكەن، لېكىن جەڭ يېرىم سائەتكە قالماي، پارتىزانلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشقان.

گۈلباغ دەرۋازىسى ئۈستىدە پەيدا بولغان مىلتىق ئاۋازى بولسا، باشقىچە بىر ئەھۋال ئىدى:

دۈشمەننىڭ گۈلباغ دەرۋازىسى ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان قاراۋۇللۇق پوتەيى ئىچىدە جاڭ ئەيشاڭ ئاملىق بىر ئەسكىرى ئۇخلاپ قېلىپ، چۈشىدە پارتىزانلارنىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدە قالىدۇ - دە، چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ، مىلتىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان پېتى، ئەسكەرلىككە مەجبۇرىي تۇتۇپ كېلىنگەن مەسۇم دېگەننى ئېتىپ تاشلايدۇ. مەسۇم پوتەي يېنىدا پوستتا تۇرغانىكەن. ئۇنىڭ يېنىدا مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلاردىن يەنە ئىبراھىم قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. بۇ ۋەقە سادىر بولغاندىن كېيىن پوتەي ئەتراپىغا نۇرغۇن دۈشمەن ئەسكەرلىرى توپلاندى. جاڭ ئەيشاڭ چاققانلىق بىلەن گۇناھنى ئىبراھىمغا ئارتىپ قويدى. ئوق چىققان مىلتىق بىلەن ئوق چىقمىغان مىلتىقنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، مىلتىقنى سۈرۈشتۈرۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، جاڭ

ئەيشاڭ ئۇستىلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ قورالىنى ئىبراھىمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئىبراھىمنىڭ مىلتىقىنى يەڭگۈشلىۋالدى.

ئىبراھىم بۇ «ئۇستىلىق»نى سېزىۋالالماي قاتىل بولۇپ قالدى - دە، سىپىل ئۈستىدىلا قولغا ئېلىندى. جالاڭ ئەيشاڭ يەنە قاراۋۇللۇق پوتىيى ئىچىگە ئاستاغىنە كىرىۋالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ چېۋەرلىكىدىن مەمنۇن بولۇپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

شۇ چاغدا كېچە سائەت بىر بولغانىدى. پارتىزانلار شتابىنىڭ پىلانى بويىچە شىمالىي تەرەپتىكى پارتىزانلار ئۈرۈمچى دەرۋازىسىغا قارىتىپ شىددەتلىك ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. دۈشمەن پۈتۈن دىققىتىنى شىمالىي تەرەپكە مۇداپىئە قىلىشقا قاراتتى. شەھەر ئىچىدىكى دۈشمەنلەر مىنادىن ئوت كەتكەن ئىسكىلاتلارنى ئۆچۈرۈش بىلەن ئاۋارە بولۇشۇپ كەتتى، شەھەر پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە قالدى.

خوتەن دەرۋازىسى سىرتىدىكى خارابە ئىچىدە پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان پالۋانلار، دەرھال ئورنىدىن قوزغالدى - دە، ئۆمىلەپ سىپىل تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. دۈشمەنلەر شىمال تەرەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ، خوتەن دەرۋازىسىنى بوشاشتۇرۇپ قويغانىدى. پالۋانلار دەرۋازىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ياماشتى ۋە شوتىنى سىپىلگە قويدى. ئاپتوماتنى كۆتۈرگەن مۇختار مەرگەن بىلەن نۇرۇللا ھەممىنىڭ ئالدىدا سىپىل ئۈستىگە چىقتى، لېكىن سىپىلنىڭ ئىچى تەرىپىگە چۈشىدىغان جاي تاللىغۇچىلىك، دۈشمەن قاراۋۇللىرى كېلىپ قالدى. دۈشمەن قاراۋۇللىرى پارول سورىدى. مۇختار مەرگەن ئۇلارغا ئاپتومات بىلەن جاۋاب بەردى. نۇرۇللا شەرق تەرەپكە، مۇختار مەرگەن غەرب تەرەپكە قارىتىپ ئوق چىقىرىپ، ئۈچ يۈز مېتىرچە ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئۇنىڭغىچە قالغان پىدائىيلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن سىپىل ئۈستىگە چىقىپ جەڭگە كىرىشتى. دۈشمەن قاراۋۇللىرى ئۇلارنىڭ قېشىغا يېقىن كېلەلمىدى.



× ×

سىپىلنىڭ خوتەن دەرۋازىسى ئۈستى پارتىزانلار تەرىپىدىن كونترول قىلىنغاندىن كېيىن، نۇرۇللا شوتىنى سىپىلنىڭ سىرتىدىن تارتىۋېلىپ، ئىچى تەرەپكە قويۇشقا بۇيرۇق بەردى. سىپىلنىڭ سىرتىدا شوتىغا يامىشىپ تۇرۇۋاتقان دىلبەر بىلەن گۈلنىسا سىپىل ئۈستىگە چىقىشقا تەمشەلگەنىدى. رۇستەم ئۇلارغا تەۋسىيە قىلىپ:

— سىڭلىم دىلبەر، سىلەر گۈلنىسا بىلەن كىچىككىنە تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار، ئارىمىزدىن يولۋاس بىلەن نىجات تېخى يېتىپ كېلەلمىدى، ئۇلار كەلگەن ھامان تۆتىڭلار بىللە چىقىڭلار. سىڭلىم، سىز قولىڭىزدىكى شايى ياغلىققا كەشتىلەنگەن شېئىرىڭىزنى ماڭا بېرىڭ. مەن يۇنۇس ئارقىلىق ل. مۇتەللىپكە ئالدىن يەتكۈزۈپ تۇراي، — دېدى.

دىلبەر ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قېلىپراق، كېيىن يەنە رۇستەمنىڭ پىكرىگە ماقۇل بولۇپ، ياغلىق بىلەن خەتنى رۇستەمگە سۇنۇپ بەردى. ئارقىدىن رۇستەم شوتىنى سىرتتىن تارتىۋېلىپ، سىپىلنىڭ ئىچىگە قويدى. قادىر پىدائىي سىپىل ئۈستىنى قوغداپ قالدى.

ئۇنىڭدىن باشقا سىپىل ئۈستىگە چىققان بارلىق پىدائىي جەڭچىلەر سىپىلنىڭ ئىچىگە قويۇلغان شوتا بىلەن سىپىل ئىچىگە چۈشۈپ، ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلار ساقچى ئىدارىسى تۈرمىسى ئەتراپىغا قويۇلغان دۈشمەن قاراۋۇللىرىنى سۈرۈپ - توقاي قىلىۋاتاتتى. قۇربان قىلىچ دۈشمەن چېرىكلىرىنى ھەدەپ چاپماقتا ئىدى.

— قادىر، شوتىنى بۇياققا ئال!

كېچىكىپ كەلگەن يولۋاس بىلەن نىجات بىردىنلا سىپىلنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، قادىرنى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن قىچقاردى. دىلبەر

بىلەن گۈلنىسامۇ شوتىنىڭ چۈشۈشىنى كۈتۈپ، تەقەززا بولۇپ تۇراتتى. قادىر شوتىنى ئىچىدىن ئېلىپ، سىپىل سىرتىغا يۆتكەدى. ئىككى ئەر، ئىككى ئايال جەڭچى كەينى - كەينىدىن شوتىغا يامىشىپ بالداقمۇبالداق يۇقىرىغا ئۆرلىمەكتە ئىدى. بەختكە قارشى شەرق تەرەپتىن كەلگەن قورچاق پەيجاڭ ھاكى باشلىق دۈشمەن قاراۋۇللىرى بۇ تۆت جەڭچىنى ئارقا - ئارقىدىن پىلىموتقا تۇتتى. باتۇر دىلبەر قالغان ئۈچ سەپدىشى بىلەن قاتتىق يارىلىنىپ سىپىل تۈۋىگە يىقىلىپ چۈشتى. دىلبەرنىڭ پۈتۈن ئەزايى قىزىل قانغا مىلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ، چىشىنى چىشلەپ قەھرىمانلىق بىلەن يەنە ئورنىدىن تۇردى. دۈشمەنگە بولغان غەزەپ - نەپرەت بۇ قەھرىمان قىزغا چەكسىز جاسارەت ۋە كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىماقتا ئىدى.

دىلبەر ئورنىدىن دەس تۇرغان پېتى سىپىل ئۈستىگە قارىدى. سىپىل ئۈستىنى قوغداۋاتقان قادىر پىدائىي ھاكىمنىڭ پىلىموت ئوقىدا سىپىل ئۈستىدىلا جان ئۈزگەنىدى. دىلبەرنىڭ كۆزىگە ئەمدى ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالدى. ئۇ، دوختۇرلۇق سومكىسى بىلەن قىلىچىنى ئاستى - دە، يەنە بىرىپ شوتىغا ياماشتى، ھاكى پەيجاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى دىلبەرنى ئىككىنچى قېتىم كوللىكتىپ ئوققا تۇتتى. دىلبەر قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. ھاكى سىپىل قىرغىقىغا كېلىپ، سىپىل تۈۋىدە ئېغىر يارىلىنىپ ياتقان يولۋاس، نىجات، ئايال قەھرىمان گۈلنىسانىڭ ئۈستىگە گرانات تاشلىدى.

سىپىل ئىچىگە چۈشۈپ لۈتپۇللانى قۇتقۇلدۇرۇش يولىدا جەڭ قىلىۋاتقان نۇرۇللا پالۋان قاتارلىق پىدائىيلار بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپالمىدى. ئۇلار خېلى ئىچكىرىلەپ بېرىپ تۇرمە ئەتراپىدا جەڭ قىلماقتا ئىدى. دۈشمەن يېڭى كۈچ كەلتۈرۈشكە باشلىدى. چاپ - چاپ ۋە گىرەلىشىش جېڭى جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتماقتا ئىدى.



× ×

ئوسمان بۈگۈنكى جەڭ تەنتەنىسىنى ئالدىنئالا كۈتۈپ، تۇرمە تېمىنى ئاللىقاچان تېشىپ قويغانىدى. ئۇ، تۇرمە ئەتراپىدا باشلانغان جەڭ ساداسىنى ئاڭلاپ، پۇتىدىكى ئىشكەلنى تۇردى ھۇسۇيۇن ۋە قىرغىز نەزەرنىڭ ياردىمى بىلەن بوشاتتى ۋە تۇردى ھۇسۇيۇن بىلەن نەزەرنى باشلىۋېلىپ، تۇرمە تۆشۈكىدىن ئاستا ئارقىدىكى تارچۇققا چىقتى. ئۇلار ئەمدىلا «يەتتىنچى نومۇرلۇق» كامېر تەرەپكە مېڭىپ تۇرۇشىغا تۇرمە ئاشخانىسى تەرەپتىن لىپ قىلىپ كەلگەن قولچىرىغى يورۇقى ئوسماننىڭ كۆزىگە چۈشتى. ئارقىدىن ئوسماننىڭ ئىسمىنى چاقىرغان بىر تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى. ئوسمان ھاڭ - تاڭ بولۇپ، قەدىمىنى توختاتتى - دە، ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قۇلاق سالدى.

— ئوسمان، مەن، مەن! مەن لىتىپ — مەن لى كەيمىن!

لى كەيمىن ئۇزۇنغا قالماي يېتىپ كېلىپ، ئوسماننىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ:

— ئۆتكەنكى ئىشلارنى كەچۈرگىن. مەن سەن بىلەن ئەزەلدىن بىر سەپتە. ل. مۇتەللىپ ئاكام بىلەن بىر سەپتە. قانخور «جاڭ مەمەت» تاجىنىساخان ئانامنى، گۈلەندەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. مەن ئازابلىق كۈنلەردە بۈگۈنكى پۇرسەتنى كۈتۈپ كەلدىم، يۈر، بىز بىرلىكتە جاللاتتىن ئىنتىقام ئالىمىز! — دېدى ئەپۇ سوراپ.

ئۇلار قول سىقىشقاندا ھەر ئىككىسى ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى. ئىنتىقام يالقۇنى، ھەقىقەت ساداسى ئۇلارنى بۈگۈن بىرلەشتۈرگەنىدى. ئۇلار بىرلىكتە قوزغىلىپ «يەتتىنچى نومۇرلۇق» كامېر تەرەپكە ئۆتتى. بۇ يەردە ئىككى ساقچىنىڭ ئۆلۈكى ياتاتتى. يۇنۇس كامېر ئالدىدا پوستتا تۇرغان بۇ ئىككى گۇندىپاينى خەنجەر سېلىپ ئۆلتۈرۈپ بولۇپ، قولىدىكى پالتا بىلەن

«يەتتىنچى نومۇرلۇق» كامېرنىڭ قۇلۇپ ۋە تۆمۈر بالداقلىرىنى چېقىۋاتقاندا ئىككى قاراۋۇل كېلىپ، نېرى چەتتە يۇنۇسنى ئارىغا ئېلىۋالدى. يۇنۇس پالتا كۆتۈرۈپ ئۇلارغا ئېتىلدى. قاراۋۇللار يۇنۇسنى تىرىك تۇتۇشقا ھەرىكەت قىلاتتى. لى كەيمىن، ئوسمان ۋە قىرغىز مەھبۇس نەزەر قاراۋۇللارغا تەڭلا ئېتىلىپ باردى - دە، ھەر ئىككىسىنى تىرىك تۇتۇۋالدى. ئۇلارنىڭ باشلىقى جاللات «جاڭ مەمەت» نالە قىلىپ:

— بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن! بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن، — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— گۇلەندەمنىڭ قېنى ئۈچۈن، تاجىنىساخان ئانىنىڭ قېنى ئۈچۈن جاجاڭ مانا مۇشۇ! — دېدى لى كەيمىن قەھر - غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا جاۋابەن.

لى كەيمىن بىلەن ئوسمان تەڭلا پىچاق سېلىپ بۇ ئىككى ئەشەددىي قاتىلنى يىقىتتۇردى. «جاڭ مەمەت» «ۋايجان!» دېگەن پېتى گۆپپىدە يەرگە يىقىلدى. لى كەيمىن، تۇردى ھوسۇيۇن ۋە نەزەر قاتىللارنىڭ قورال - ياراغلىرى بىلەن قوراللىنىپ، ئىككى تەرەپتە پوستتا تۇردى. ئوسمان بىلەن يۇنۇس پالتا بىلەن نۆۋەتلىشىپ، يەنە ھەدەپ «يەتتىنچى نومۇرلۇق» كامېرنىڭ قاتمۇقات بېكىتىۋېتىلگەن تۆمۈر بالداقلىرىنى، ئادەم كاللىسىدىن چوڭ - چوڭ قۇلۇپلىرىنى چېقىشقا كىرىشىپ كەتتى. تۇساتتىن «يەتتىنچى نومۇرلۇق» كامېرنىڭ شەرقىي تېمىنى ياقىلاپ كېلىۋاتقان بىر كىشىنىڭ «يۇنۇس، ئىنىم يۇنۇس!» دېگەن پەس ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. تونۇش ئاۋازنى ئاڭلىغان يۇنۇس «مانا مەن!» دەپ تۇرۇشىغا قولىدا ئاپتومات كۆتۈرگەن رۇستەم كامېر ئىشىكى ئالدىغا ئارانلا يېتىپ كەلدى. رۇستەمنىڭ ئىككى مۈرىسىگە ئوق تېگىپ پۈتۈن ئەزايى قىپقىزىل قانغا بويالغانىدى. رۇستەم كەلگەن پېتى ئۆرە تۇرالماي «يەتتىنچى نومۇرلۇق» كامېرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يىقىلدى ۋە دەرھال



مۇراجىئەت قىلىپ:

— ئىنىم يۇنۇس!... يانچۇقۇمدا... دىلبەرنىڭ شائىرغا بەرگەن ياغلىقى، خەت... — دېدى رۇستەم ئارانلا، — ئۇنى پەنجىرىدىن كامېرغا تاشلىۋەت!

رۇستەم ئارقىدىنلا «يەتتىنچى نومۇرلۇق» كامېرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا: «خەير، قەدىردان ل. مۇتەللىپ!» دېدى - دە، نەپەستىن توختاپ قالدى.

پوستتا تۇرغان لى كەيمىن رۇستەمنىڭ بولالماي قالغىنىنى سېزىپ، دەرھال يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە تۇردى ھوسۇيۇن بىلەن بىللە رۇستەمنىڭ بېشىنى ئاستا كۆتۈردى. ۋاقىت بولسا ئۆتمەكتە ئىدى. بىر توپ دۈشمەنلەر تۇساتتىن ئوق ياغدۇرۇپ كېلىپ قالدى. يۇنۇس دەرھال ئاكىسىنىڭ يانچۇقىدىن قەغەزگە ئورالغان شايى ياغلىق ۋە بىر پارچە خەتنى سۇغۇرۇۋالدى - دە، كامېر روجىكىدىن ئىچىگە تاشلىۋەتتى. دۈشمەنلەرنىڭ ئاتقان ئوقلىرى شۇئان نەزەرنى يىقىتىپ تاشلىدى. كامېر ئىشىكى ئالدىدا قەھرىمانلار لۇتپۇللا مۇتەللىپكە ئاخىرقى ۋىدالىق سۆزى بېرىشكە باشلىدى.

— مەن لى كەيمىن، خەير، لۇتپۇللا ئاكا!

— مەن ئوسمان!

— مەن ئىلقىلىق دوستۇڭ تۇردى!

— مەن يۇنۇس، لۇتپۇللا ئاكا، رازى بولۇڭ!

رۇستەمنىڭ جەسىتىنى ئۇلار «يەتتىنچى نومۇرلۇق» كامېرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ياتقۇزۇپ قويۇپ، قوراللىرىنى ئالدى - دە، قاپساپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرگە قاراپ ئېتىلدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى پىدائىيلارغا قارىتىپ ئۈچ تەرەپتىن تەڭلا ئوق ياغدۇردى. لى كەيمىن، ئوسمان، تۇردى ھوسۇيۇن ۋە يۇنۇس تەڭلا شۇئار توۋلىشىپ رۇستەم ياتقان يەردە — لۇتپۇللا ياتقان كامېر ئىشىكى ئالدىدا مەردلەرچە قۇربان بولدى. ئۇلارنىڭ

ئىسسىق قانلىرى چاچراپ بېرىپ كامېر ئىشىكىنى بويىۋەتتى، مەردلىك غۇرۇرى يوغۇرۇلۇپ يارالغان تەنلەردىن، ئىسيانكارلار تومۇرىدىن، ۋىجدانلىق يۈرەكلەردىن ئېتىلىپ چىققان قايناق قىزىل قانلار يېڭىلا كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئاي نۇرى ۋە چولپان شولىسىدا يالتىراپ تۇراتتى.

تۈرمىدىن بىر نەچچە يۈز قەدەم نېرىدا نۇرۇللا پالۋان باشلىق پىدائىيلار ئاخىرقى جەڭنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى، لېكىن پىدائىيلارنىڭ ئوقلىرى تۈگەپ قالماقتا ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك جاراھەتلىنىپ، پۈتۈن بەدەنلىرى قانغا مىلىنىپ كەتتى، ئۇلار بۇنىڭغا پىسەنتمۇ قىلمايتتى، ئۇلارنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۇلارنىڭ قەلبىدە پەقەت ئىنتىقام ئوتىلا يالقۇنلايتتى.

— چاپ! — دېدى نۇرۇللا، قەھر - غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا يۈگۈردى.

— ھەممىڭنى تىرىك تۇت! — قورچاق پەيجاڭ ھاكى سېپىل ئۈستىدىكى پوتەيدە تۇرۇپ ئۈنلۈك ۋارقىرايتتى. ئۇ، ھېلىلا دىلبەر، گۈلنىسا، يولۋاس، نىجات ۋە قادىر پىدائىيلارنى ئوققا تۇتۇپ ۋە گرانات تاشلاپ ئۆلتۈرگەنىدى.

— قېنى، بۇياققا كەل، ھاكى!

قۇربان قىلىچ غىلاپ قىنىدىن شەمشەر قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېگىز كۆتۈردى - دە، ئالدىغا ئېتىلدى. نۇرۇللا، مۇختار مەرگەن، تاشپولات، شاكىرجانلارمۇ ئېلىشماقتا ئىدى، لېكىن دۈشمەن پىلىموتنى ئىشقا سالغانىدى، پىدائىيلار كەينى - كەينىدىن يىقىلدى.

تاڭ سۈزۈلۈپ، شەرقتە ئۇپۇق ئاقارغانىدى، تەڭرىتاغ ئۈستىدە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان قارا بۇلۇتلار ئارىسىدىن گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىشقا باشلىدى. ھەيۋەتلىك چاقماق ئاۋازى بىلەن بىللە يامغۇر قۇيۇۋەتتى. بۇ باش كۈزنىڭ تۇنجى يامغۇرى ئىدى.



## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

# ئاخىرقى سوراق

### 1

لۇتپۇللا باشلىق «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى»نىڭ ئەزالىرىنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدا قىلىنغان كېچىكى جەڭ دۈشمەننىڭ سان جەھەتتىن ئۈستۈن كېلىشى تۈپەيلىدىن، قەھرىمان پىدائىيلارنىڭ مەردانە قۇربان بېرىشى بىلەن ئاياغلاشتى. لۇتپۇللا قاماقلىق «يەتتىنچى نومۇرلۇق» كامېردىكى مەھبۇسلار بۇ ۋەقەلەردىن ئېنىق خەۋەردار بولۇپ تۇردى. يۇنۇسنىڭ ئايپالتا بىلەن كامېر ئىشىكىنى بۇزۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان جىددىي ھەرىكەتلىرى، تۈرمە ئەتراپىدىكى ئوق ئاۋازى... مەھبۇسلارنى زىنھار ئۇخلاتمىغانىدى. مەھبۇسلار ئاللىقاچان ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، كامېر سىرتىدا بولۇۋاتقان ۋەقەلەرگە زەن سېلىشاتتى. كېيىن، «جاڭ مەمەت»نىڭ نالىسى، «بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن» دەپ يالۋۇرۇشلىرى، پىدائىيلارنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكى... ئارقىدىن دۈشمەنلەر ئۈچ تەرەپلەپ قورشاپ كەلگەندە، پىدائىيلارنىڭ «يەتتىنچى نومۇرلۇق» كامېر ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، لۇتپۇللا بىلەن ۋىدالاشقانلىقى قاتارلىق ۋەقەلەرنى مەھبۇسلار ئېنىق بىلىپ تۇراتتى.

كامېر ئىشىكى ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ قانلىق جەڭدە ئوق تېگىپ كامېر ئىشىكى ئۆتمەتۆشۈك بولۇپ كەتكەنىدى. كامېر

ئىشكىنى ئېچىپ ئۆتكەن بىر ئوق كامىر ئىچىدىكى «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» نىڭ بىر ياش ئەزاسىنىڭ كۆكسىگە تېگىپ كەتكەنلىكتىن، بۇ ياش جەڭچى شۇئان قۇربان بولدى.

قانلىق جەڭ ئاخىرلىشىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي تاڭ سوزۇلۇپ، كامىرنىڭ ئىچىمۇ يورۇشقا باشلىدى. لۇتپۇللا، ئابدۇللا داۋۇت ۋە يۇسۇپجانلار كامىر ئىچىدە قۇربان بولغان ھېلىقى ياش يىگىتنىڭ ئېڭىكىنى تاڭدى، لېكىن ئۇنىڭ تۈگۈلگەن مۇشتىنى ئۇلار زادى بوشىتالمىدى. ئۆلگەن مەھبۇس جان ئاچچىقىدا ئۆتكۈر چىشى بىلەن ئۇزىراپ كەتكەن تىلىنى قاق ئوتتۇرىدىن چىشلەپ ئۈزىۋەتكەنىدى. ئۇلار مەھبۇسنىڭ چەكچىيىپ قاراپ تۇرغان كۆزىنى ئۇزۇن ئۇۋۇلاپ ئاران يۇمدۇردى، ئاندىن ئۇنى قانغا مىلىنىپ كەتكەن ئاق ئەدىيالغا ئوراپ، ئۆز ئورنىدا ياتقۇزۇپ قويدى.

كامىر ئىچىدىكى بۇ ۋەقە، كامىر ئىشىكى ئالدىدا قۇربان بولۇپ ياتقان پىدائىيلارنىڭ جەسىتى، ئۇدا ئۈچ كۈن داۋام قىلغان ئاچلىق — بۇ پاجىئەلەر ھەربىر مەھبۇس ئۈچۈن ھەرخىل تەرزدە ئىمتىھان بولۇۋاتاتتى.

بۈگۈن ئەتىگەن تاڭ سۇزۇلگەندىن كېيىنمۇ، كامىر ئىچىدە كېچە قۇربان بولغان مەھبۇسنىڭ تەسىرىدىن، دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن قىلىشقان مەھبۇسلارنىڭ بىر - بىرىدىن ھال سورىغىچىلىك مادارى يوق ئىدى. مانا ئەمدى چاشگاھ ۋاقتى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلى بىرئاز تىنىپ، بىر - بىرىگە قارىشىشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن ئابدۇللا داۋۇت كامىر ئىچىدىكى مەھبۇسلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى كۆزەتمەك بولۇپ، ئۇلارغا بىر قۇر قاراپ چىقتى. كامىرنىڭ بۇلۇڭىدا ياتقان بىر ياش يىگىتنىڭ بىر سوتكا ئىچىدە قېرى بوۋايدەك بولۇپ قالغانلىقى ئابدۇللا داۋۇتنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ دەرھال يېنىدىكى ناخشىچى دوستى يۇسۇپجان بىلەن يىگىتنىڭ ئەھۋالىنى ئاستا پىچىرلا-



شىپ تەتقىق قىلىشقا باشلىدى:

— بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن بۇ كۈلپەت، — دېدى ئابدۇللا داۋۇت، — ئىنسان بېشىغا ئاز كېلىدۇ. «ۋەيلۇن دوزاخ» مۇ بۇنىڭدىن ئېغىر بولمىسا كېرەك. دەرۋەقە، كۆپلىگەن ياشلارنىڭ بۇ ئېغىر دەھشەتكە بەرداشلىق بېرەلىشى ئاسان ئەمەس.

— توخۇ يۈرەك ئادەملەر مانا ئاشۇ يىگىتتەك بولىدۇ، — دېدى يۇسۇپجان، — بۇ يىگىت قورقۇپ كەتكەن. ئېغىر دەرىجىدە قورقۇش ئەنە شۇ ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ يىگىت ئۇدا بىرنەچچە كۈندىن بېرى دۈم يېتىۋېلىپ، ئاھ ئۇرۇپ، پەرياد چېكىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا...

يۇسۇپجان سۆزىنىڭ ئايىغىنى چۈشۈرۈشتىن بۇرۇن، بۇلۇڭ تەرەپتە ياتقان ھېلىقى بىر سوتكا ئىچىدىلا بوۋاي شەكلىگە كىرىپ قالغان يىگىتكە بىر قارىۋېتىپ، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە بىرنەچچە قېتىم توۋنامە يېزىپ، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ گۇندىپايلىرىغا بەردى. دېمەك، تۆمۈر قەپەسكە سېلىپ، ئۆلۈمگە ئېلىپ ماڭغاندا، مۇشكۇل داۋاندىن بەزى كىشىلەر يولۋاس بولۇپ ئۆتىدۇ، بەزىلىرى يىغلاپ ئۆتىدۇ. بۇ تارىخ بىزنىڭ بوۋىلىرىمىزنىمۇ نۇرغۇن قېتىم سىناقتىن ئۆتكۈزگەن.

ناخشا ئېيتمىسا تۇرالمايدىغان يۇسۇپجاننىڭ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە خۇمارى تۇتتى - دە، سۆزىنى توختىتىپ جاراڭلىق ئاۋازدا ناخشا باشلىدى:

تەلكىنىڭ داۋانىدىن كارۋان توختىماي ئۆتتى،
سۇلايمان يىغلىغان بىلەن ئىبلاخۇن يىغلىماي ئۆتتى.
......

غەزەلخاننىڭ بىر سائەتتىن ئارتۇق كەينى - كەينىدىن ئۇلاپ

ئېيتقان ناخشىلىرى، ماتەم سۈرى قاپلىغان كامىر ئىچىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. يۈرىكى پوكۇلداپ تۇرغان ئايرىم قورقۇنچاق مەھبۇسلارغا جان كىرگەندەك بولۇپ، يېنىك ئۇھ تارتىشاتتى.

— قورقۇش نامەردلىك، ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا، — دېدى يۇسۇپجان ناخشىسىنى ئاياغلاشتۇرۇپ بولۇپ.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ غەزەلخان دوستىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ قاقاقلاپ كۈلىدىغان ئادىتى بويىچە ئۇزۇنغىچە كۈلۈپ كەتتى ۋە يۇسۇپجاننىڭ يۇقىرىدىكى سۆزىنى تەھرىرلەپ:

— باتۇرغا جەڭمۇ تاماشا، ئۆلۈممۇ تاماشا، — دېدى.

لۇتپۇللانىڭ سۆزىدىن ئابدۇللا داۋۇتمۇ، يۇسۇپجانمۇ ۋە كامىر ئىچىدىكى باشقا مەھبۇسلارمۇ تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى. يۇسۇپجان شائىرنىڭ تۈزىتىش سۆزىگە قايىل بولۇپ:

— ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت ھەر مۇقامدا يورغىلار، دەپ، مەن تېخىچىلا كونا مۇقامدا يورۇپتىمەن. يەنىلا سەن بىزگە ئۇستاز! — دېدى.

چاقچاق كېتىۋاتقاندا ئابدۇللا داۋۇت ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، پەنجىرىنىڭ ئاستىدىكى تام تۈۋىدىن كونىراپ كەتكەن خوتەن قەغىزىگە ئورالغان بىر دۈگىلەك نەرسىنى قولىغا ئالدى. ئۇ، قىزىل يىپەك يىپ بىلەن باغلانغان بۇ تۈگۈننى يېشىپ، ئىچىدىكى چوڭ ئاق شايى ياغلىقنى ئېچىپ قارىدى. مارجاندەك تىزىلغان قىزىل خەتلەردىن ئۇ ھەيران بولۇپ، ئۆز ئورنىغا قايتىپ كەلدى - دە، ياغلىقنى لۇتپۇللا بىلەن يۇسۇپجانغا كۆرسەتتى.

بۇ ياغلىقنى كېچە رۇستەمنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يۇنۇس پەنجىرە رېشاتكىسىدىن كامىر ئىچىگە تاشلىۋەتكەنىدى. بۇ ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشىنى بىز باشتا كىتابخانلىرىمىزغا بايان قىلىپ ئۆتكەندۇق.

قەھرىمان قىز دىلبەر پىدائىي بولۇپ يېزىلغاندىن كېيىن،



ئۇزۇن تەييارلىق كۆرۈپ يازغان بۇ بىر پارچە جەڭگىۋار شېئىرىنى ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويالغان يىپ بىلەن مۇشۇ ئاق شايىغا كەشتىلەپ چىققانىدى. ياغلىقنىڭ چۆرىسىگە يەنە شۇ قان بىلەن بويالغان قىزىل يىپتا لەيلىگۈلنىڭ شەكلى قاتار سىزىلغانىدى.

دىلبەرنىڭ شېئىرىنى لۇتپۇللا ئالدى بىلەن ئىچىدە ئوقۇپ چىقتى. شېئىرنىڭ بېشىغا «قانلىق قەسەم» دېگەن چوڭ ماۋزۇ، ئاستىغا «لۇتپۇللا ئاكام ھېكايىسىدىن تەسىرات» دېگەن كىچىك ماۋزۇ قويۇلغانىدى. لۇتپۇللا بۇ شېئىرنى ئوقۇۋېتىپ، ھاياجىنىنى باسالماي قالدى - دە، ئىككى كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش مونچاقلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

ئۇ، كۆزىدىن ياش ئېقىۋاتقانلىقىنى سەزدۈرمەسلىككە تىرىشىپ، كامىر سۈپىسى بىلەن كامىر ئىشىكى ئالدىدىكى تار كارىدوردا ئاللىقانداق ئوتلۇق خىياللارغا پېتىپ، توختىماي ماڭاتتى. ئۇنىڭغىچە ئابدۇللا داۋۇت بىلەن يۇسۇپجانمۇ ياغلىققا قاراپ كەشتىلەنگەن بۇ شېئىرنى ئىچىدە توختىماي ئوقۇشاتتى. شېئىرنىڭ مەزمۇنى، بولۇپمۇ ئابدۇللا داۋۇتقا تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىر قىلدى - دە، ئۇ «بارىكاللا، بارىكاللا» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىراۋەتتى.

ئارقىدىن يۇسۇپجان شېئىرنى لۇتپۇللاغا سۇنۇپ، ئۇنىڭ دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇپ بېرىشىنى تەۋسىيە قىلدى. لۇتپۇللا ئوقۇدى:

قان بىلەن بوياپ يىپىمنى، كەشتىلەندى بۇ خېتىم،
گەر يېتىك بولسا خېتىم، ئادا بولاتتى خىزمىتىم.

روھىڭىز، ھېكايىڭىز، تەربىيىڭىز، بېرىپ مەدەت،
روھلىنىپ ياشنى ئېرىتتىم، ئېتىكىمدە ھەر قېتىم!

هەم ئاتامدىن، هەم ئانامدىن ئايرىلىپ، سۇندى قانات،
ئايرىلىپ ھەمشىرىدىن، بولدۇم يېگانە، بىر يېتىم.

ئاخىر ئالدىم قولۇمغا نوزۇگۇم خەنجىرىنى،
قان كېچىپ بولسام ئانارگۇل، دەيدۇ ۋىجدان، خىسلىتىم.

دەردلىرىم توگۈن بولۇپ، ئىچىمگە توپلاندى قاداق،
ھەرقاداق ئوقيا بولۇپ، ئېتىلسا شۇدۇر قىسمىتىم.

تىز پۈكۈپ، قويدەك ياشاپ، چىلبۆرىلەرنىڭ ئالدىدا،
ئاقلىنامدۇ بۇ نومۇس، يۇسا توگەمدۇ ئىللىتىم.

ئۇيا - ئەگلىك، ئۇنچە - مارجان، نە كېرەك ئالتۇن ئۈزۈك؟!
ئوق - ياراغ، پولات ساداق، چويۇن دۇبۇلغا زىننىتىم.

قەلئە - سېپىل تاملىرىغا، قانلىرىمنى چاچرىتىپ،
بۇ ھاياتتىن ئارمىنىم يوق، بولسا شۇ كۈن قىسمىتىم.

چىقمىسا گەر تارىخىمنى يازغۇدەك ئاقىل يىگىت،
رازىمەن نامىسىز كېتىشكە، قىلچە يوقتۇر مىننىتىم!

لۇتپۇللا بۇ شېئىرنى شۇنچىلىك ھېسسىياتلىق ئوقۇدىكى، كامىر ئىچىدىكى ھەممە مەھبۇسلارنىڭ يۈرىكىنى سىماپتەك ئېرىتىۋەتتى. مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇقۇلداپ يىغلاشقىلى تۇردى.

ئاخىرىدا ئابدۇللا داۋۇتنىڭ تەكلىپى بىلەن كامىردىكى مەھبۇسلار بۇ قەھرىمان قىز باشلىق قۇربان بولغان پىدائىيلارغا كامىر ئىچىدە ماتەم بىلدۈردى. سۈكۈت ئاياغلاشقاندىن كېيىن:



— كىشى ئۆز تارىخىنى بىلمىگۈچە ئىدراك تاپالمايدۇ. تارىخىدىن خەۋەر تاپمىغان شائىر، يازغۇچى — ھېسسىياتنىڭ قۇلىدۇر. ئۇنىڭ يازغىنى خۇددى زىبۇپەت خۇمارى ۋەر ۋۇنجىنىڭ ئاخشىمى قويغان ئوسمىسى، ئەتىسى يۈز يۇغاندا چىقىپ [illegible]دەك ئۆچۈپ كېتىدۇ، خالاس! — دېدى تارىخچى.

لۇتپۇللا يادىكار ئائىلىسىنى، گۈلەندەم، دىلبەر، لېتىپ ۋە قاتىل «جاڭ مەمەت» قاتارلىقلارنىڭ تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن:

— دىلبەرنى زامانىمىزنىڭ زوياسى[1]، گۈلەندەمنى مېنىڭ «كۆرەش قىزى» ناملىق دراممدا تەسۋىرلەنگەن ياپون فاشىستلىرىغا قارشى قەھرىمانلارچە كۆرەش قىلىپ قۇربان بولغان جۇڭگو قىزى جاۋ يىمەن[2]دېيىشكە بولىدۇ. ئانارگۈلنى بولسا جىننى دارك[3]قا ئوخشىتىشقا بولىدۇ، — دېدى.

— شۇنىڭ بىلەن بىللە، — دېدى ئابدۇللا داۋۇت، سۆز قوشۇپ، — جاڭ ۋەيبى — «جاڭ مەمەت»نى جاڭ ۋېيشىڭ[4]گە ئوخشىتىشقا بولىدۇ.

«ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى»نىڭ ئەزالىرى دىلبەرنىڭ شېئىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ، ئۇنى «مەھبۇسلار ناخشىسى» قىلىپ ئوقۇيدىغان بولدى. قەھرىمان قىزنىڭ روھى ئۇلارغا كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلايتتى. ئۇلار مۇشۇنداق ئۈمىدۋار كەيپىيات بىلەن تۈرمە ئىچىدە يۈز بېرىۋاتقان ئاچارچىلىققا تەن بەرمەي، بىر - بىرىنى روھلاندۇراتتى، بىر - بىرىگە مەدەت بېرەتتى. كەچ پېشىن

① زويا — ئانا تۇۋلىنا زويا (1923 — 1941) — ئون توققۇز يېشىدا نېمىس فاشىستلىرىنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان رۇس قىزى.
② جاۋ يىمەن (1905 — 1937) — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشۈپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان ئايال قەھرىمان. لۇتپۇللانىڭ «كۆرەش قىزى» ناملىق مەشھۇر دراممسى جاۋ يىمەن باشلىق قەھرىمان قىزلارنىڭ ئوبرازىنى مەدھىيىلىگەنىدى.
③ جىننى دارك (1412 — 1431) — ئون توققۇز يېشىدا يەتتە مىڭ فرانسۇز قوشۇنىغا قوماندان بولۇپ، ئەنگلىزلار قولىدىن ئورلان شەھىرىنى ئازاد قىلغان قەھرىمان قىز.
④ جاڭ ۋېيشىڭ — 1930 - يىلى قۇمۇل ئاراتورۇۋاڭ ناھىيىسىدە، گولىنسا ئىسىملىك ئۇيغۇر قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلىپ، قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىغا كەلتۈرۈپ چىقارغان (جىن شۇرېننىڭ لىيەنجاڭى).

بولغۇچە يەنىلا ئۇلارغا بىر يۇتۇم سۇ، يە بىر قوشۇق ئۇماچ
بېرەلمىدى. مۇشۇنداق بولۇۋاتقىنىغا بوگۈننى قوشقاندا ئۇدا ئۈچ
كۈ[illegible] ئوق تېگىپ قۇربان بولغان ھېلىقى ياش يىگىت
يەنە [illegible]لارنىڭ يېنىدا ياتاتتى. بارغانسېرى كەچ كىرىپ، كامىر
ئىچى قاراڭغۇلىشىشقا باشلىغانىدى. لۇتپۇللا غەزەپ بىلەن كامىر
ئىشىكىنى ئۇراتتى ۋە تېپەتتى، لېكىن گۇندىپايلارنىڭ تىۋىشىنى
ئاڭلىغىلى بولمايتتى. مەھبۇسلار نائىلاج بوگۈن كېچىنىمۇ چە-
شنى چىشلەپ تۇرۇپ ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى.

ئەتىسى كامىر ئىچى يورۇغان ھامان شائىر يەنىلا يېنىدىن
ئايرىماي كېلىۋاتقان، مەرھۇم ئاتۇشلۇق راخمان ھەدىيە قىلغان
«مەدەن قەلەم»نى قولىغا ئالدى ـ دە، كامېرنىڭ قىبلە تېمىغا
پىدائىيلارنىڭ رەسىمىنى سىزىشقا باشلىدى:

ئوڭ قولىدا قىلىچىنى كۆتۈرۈپ تۇلپار مىنىپ ئۇچقاندەك
جەڭگە كېتىۋاتقان دىلبەر، نۇرۇللا، رۇستەم، قۇربان قىلىچ
قاتارلىق پالۋانلارنى تامنىڭ باش تەرىپىگە چوڭ قىلىپ سىزدى.
تۇلپارنىڭ ئايىغىدا مىجىلىپ ياتقان نۇرغۇن چايانلارنىڭ رەسىمى-
نى مۇناسىپ جايغا كەلتۈرۈپ سىزىپ چىقتى. تۇرمىدىن قاچقان-
دىن كېيىن، پىدائىيلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ
ئېلىپ بارغان مۇختار مەرگەننى بىر چىپار يولۋاسقا مىندۇرۇپ
سىزدى. مۇختار چىپار يولۋاسنىڭ يالىنى قاماللاپ، ئالدىدىكى
چوڭ چايان ۋە ئەجدىھانىڭ كۆچۈكلىرىنى چەيلەپ ماڭاتتى. بىر-
قانچە پىدائىيلار بولسا قىلىچلىرى بىلەن ئالدىغا زەھەرلىك تىلى-
نى سوزۇپ كېلىۋاتقان چايانىنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ تاشلايتتى.

لۇتپۇللا رەسىمنى سىزىپ بولۇپ، كەينىگە بىر ـ ئىككى
قەدەم يېنىپ، سىزىپ چىققان رەسىمنى كۆزدىن كەچۈرۈپ
چىقتى. ئۇ ئاخىرىدا ئۇستازى ئابدۇللا داۋۇت بىلەن دوستى
يۇسۇپجانغا:

— مانا بۇ، ئۆتكەن كېچە تۈرمە ئەتراپىدا ۋە سىپىل ئۈستە-



دە بولغان قانلىق جەڭنىڭ تارىخىي تەسۋىرى، — دېدى.

— بارىكاللا! — دېدى ئابدۇللا داۋۇت، — قولۇڭغا كۆز
تەگمىسۇن. باتۇر ئىنسانلار تارىخ يارىتىدۇ. خەلقپەرۋەر ۋىجدان-
لىق كىشىلەر تارىخ يارىتىدۇ. سېنىڭ بۇ ئىجادىيىتىڭنى تارىخ
بىر كۈنى بولمىسا، بىر كۈنى تىلغا ئالىدۇ.

ئۇستازى ئابدۇللا داۋۇتنىڭ سۆزىدىن ئىلھاملانغان شائىر،
كامىر سۇپىسىدا ياتقان ياش قۇربانغا بېغىشلاپ، تامنىڭ سول
تەرىپىگە ئەنۋەر ناسىرى[1]نىڭ 1943 ـ يىلى يازغان تۆۋەندىكى
شېئىرىنى يېزىپ قويدى:

ئاقارغان يۈز، قىيىلغان قاش، قۇيۇلغان ياش،
كېسىلگەن باش، چۇۋۇلغان چاچ، تۆكۈلگەن قان؛
تىتىلغان تەن، تۆگۈلگەن مۇشت، كىرىشكەن چىش،
پۈتمەس غەزەپ ئىزى بولۇپ چىقتى بۇ جان!

لۇتپۇللا بۇ شېئىرنى يېزىپ بولغان چاغدا، چاشگاھ ۋاقتى
بولغانىدى. تۇساتتىن كامىر ئىشىكى جاراق ـ جۇرۇق قىلىپ
ئېچىلدى.

## 2

تۈرمە باشلىقى بىرقانچە قوراللىق گۇندىپاينى باشلاپ كامىر
ئىچىگە كىرىپ كەلدى ـ دە، لۇتپۇللادىن باشقا ھەممە مەھبۇس-
لارغا بۇيرۇق قىلىپ، ئۇلارنى باشقا كامىرلارغا تارقىتىپ ئورۇن-
لاشتۇردى. قۇربان بولغان مەھبۇسنى زەمبىلگە سېلىپ، ئىككى

[1] ئەنۋەر ناسىرى (1914 — 1946) — شائىر، ژۇرنالىست، ئۇ لۇتپۇللا مۇلجىدا ئوقۇۋات-
قان چاغدا، لۇتپۇللاغا كۆپ ئىلمىي ياردەم بەرگەن ھەم لۇتپۇللانىڭ كۆپ شېئىرلىرىنى ئۆز قولى
بىلەن تەھرىرلەپ ئېلان قىلغان.

مەھبۇسقا كۆتۈرگۈزۈپ ئاچىقىپ كەتتى. شائىر «يەتتىنچى نومۇرلۇق» كامېردا ئۇرۇشنىڭ ئالدىدىكى چاغدىكىدەك يالغۇز قالدى.

ئارىدىن ئىككى ھەپتىچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. سېپىل ئەتراپىدىن ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ئوق ئاۋازى ئاڭلانمايدىغان بولدى. سېپىلنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغان پارتىزانلار «يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى» بىلەن چېكىنىپ كېتىشكەنلىكى تۈپەيلىدىن، «ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقى»نىڭ مۇنەۋۋەر ئەزالىرىنىڭ ھاياتى جىددىي خەۋپ ئىچىدە قالغانىدى. «سىرلىق چېكىنىش» — چىلبۆرىلەرنى خۇشال قىلىۋەتتى!

قەيسەر شائىر كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر قانلىق تارىخىي تراگېدىيىگە مەردانىلىك بىلەن تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈپ قويدى. ئۇ، ئۆز - ئۆزىگە خىتاب قىلاتتى: «خورلۇق كۆرەش بىلەن يىمىرىلىدۇ، نومۇس پىداكارلىق بىلەن ئاقلىنىدۇ، داغلار قان بىلەن يۇيۇلىدۇ!»

ئون يەتتىنچى سېنتەبىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، كۆزلىرىدىن قىپقىزىل قان تېمىپ تۇرىدىغان بىرقانچە قوراللىق گۇندىپاي «يەتتىنچى نومۇرلۇق» كامېرغا دەھشەتلىك سۈر بىلەن كىرىپ، لۇتپۇللانىڭ پۇتىغا قوش ئىشكەل سالدى ۋە ئۇنى دەرھال ئاخىرقى قېتىملىق سوراق مەيدانىغا ئېلىپ ماڭدى. بۇ راستىنلا سوراقنىڭ ئاخىرقى قېتىمقىسى ئىدى.

سوراق مەيدانى — تۈرمە باشلىقىنىڭ چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس بىر ئىشخانىسى ئىدى. سوراق مەيدانىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئۇزۇن ئىش ئۈستىلى قويۇلغان. ئۈستەلنىڭ بىر چېتىگە باش سوراقچى ئۈچۈن مەخسۇس ئورۇندۇق قويۇلغانلىقى سىرتىدا، ئىككى يېقىغا يەنە قاتار ئورۇندۇقلار قويۇلغان. ئۈستەلنىڭ ئوڭ تەرىپىدە خاتىرە يازغۇچى «كاتىپ» لار، سول تەرىپىدە — باش سوراقچىغا يېقىن جايدا ئىككى تىلماچ ۋە بىرقانچە



مۇھاپىزەتچى ساقچىلار ئولتۇراتتى.

ئۈستەل ئۈستىگە يەنە «جاۋابكار»غا «ئىقرارنامە يازدۇرۇش» ئۈچۈن قەغەز - قەلەم ۋە «قول باستۇرۇش» ئۈچۈن سۇرۇخ قويۇلغانىدى.

سوراقخانىنىڭ ئىككى تەرىپىگە سىم قامچا، تۆمۈر كالتەك، ئۇچلۇق مىخلىق ياغاچ توقماق، ئۇزۇن تاسما، جادا قاتارلىق قىيناش ۋە جازالاش قوراللىرى ھازىرلانغانىدى.

سوراقخانا ئىشىكىنىڭ ئىككى ياقىسىدا ئاپتومات تۇتقان ئىككىدىن تۆت ساقچى، ئۆينىڭ ئىچىدە يەنە تۆت ساقچى قوراللىق پوستتا تۇرغۇزۇلغانىدى.

قوراللىق گۇندىپايلار شائىرنى سوراق مەيدانىغا ئەكىرگەندە، باش سوراقچى — ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ شاۋبىڭ ۋە ئۇنىڭ قولچوماقلىرى ئۆز ئورۇنلىرىغا ھازىر بولۇشقانىدى.

قوراللىق ساقچىلار «جاۋابكار»نى قاتتىق ئىتتىرىشكەن پېتى ئەكىرىپ، باش سوراقچىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرغۇزدى.

باش سوراقچى بۈگۈن بېشىغا ئۇن ئىككى بۇرجەكلىك چوڭ قاسقان شەپكە كىيىۋالغان، كۆزىگە قارا كۆزەينەك تاقىۋالغانىدى. ئۇ ئۇزۇن ساپلىق قارا غاڭزىسىغا تۇتاشتۇرغان تاماكىسىنى توختىماي شورايتتى.

لۇتپۇللا تىك تۇرۇپ، باش سوراقچىغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى ئۆسۈپ ئىككى قۇلىقىنى ياپقان، ئىچ كۆڭلىكى ئۈستىدىن پاختەك تۈكى رەڭگىدە يېلىڭ چاپان كىيگەنىدى. ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدىن غەزەپ يالقۇنى يېنىپ تۇراتتى.

سوراق رەسمىيىتى بويىچە تۈرمە باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدى بىلەن ئاخىرقى سوراقنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. ئارقىدىن باش سوراقچى ئورنىدىن تۇرۇپ يېڭىلا شوراپ تۈگەتكەن تاماكا غاڭزىسىنى شىرەنىڭ قىرىغا «تاك - تاك - تاك»

قىلىپ ئۈچ قېتىم ئۆرۈپ كۆلىنى قىقىۋەتتى ـ دە، لۇتپۇللاغا يىرگىنچلىك ئالىيىپ قارىدى ۋە:

— «جاۋابكار!» ئىسمىڭ نېمە؟ — سورىدى تۇنجى سوراق سوئالىنى.

لۇتپۇللا مەنسىتمەسلىككە سېلىپ، جىم تۇرۇۋالدى. باش سوراقچى سوئالنى تەكرارلىدى. لۇتپۇللا تەنە بىلەن مىيىقىدا بىر كۈلۈپ قويۇپ:

— رەقىبىڭنىڭ ئىسمىنى بىلەلمىگەن سوراقچىنىڭ ھالى نېمە بولماقچى؟ — دېدى.

لۇتپۇللانىڭ تەنىسى ھەدېگەندىلا باش سوراقچىغا زەردە بولۇپ تەگدى. ئۇنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدىيۇ، لېكىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، تەھدىت تەلەپپۇزى بىلەن:

— سەن ماڭا تەنە قىلماقچىمۇ، بۇ يەرنىڭ قانداق جاي ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەيۋاتامسەن؟ — دەپ يەنە سورىدى.

لۇتپۇللا مەسخىرە كۈلكىسى بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى ۋە:

— بۇ بىر گۇناھسىز مەھبۇسنىڭ ئۆزىنى ئاقلاش مەيدانى، ئادالەت دەۋاسىنى قىلىش مەيدانى، دەپسەندە قىلىنغان ئىنسانىي ھوقۇق ئۈستىدە ئەرز ـ شىكايەت قىلىش مەيدانى، قاتىللارنىڭ جىنايىتىنى پاش قىلىش مەيدانى! — دېدى ئارقىدىن جاۋاب بېرىپ.

لۇتپۇللانىڭ بۇ خەنجەردەك سۆزلىرىگە باش سوراقچى ئەمدى چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ يان قورالىنى قېپىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ، شىرە ئۈستىگە قويدى ۋە قارا دەستىلىك غاڭزىسىغا يەنە تاماكا سېلىپ تۇتاشتۇردى. ئۇنىڭ خۇنۇك رەڭگى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى، قارا كۆزەينىكىنىڭ تېگىدىن لۇتپۇللاغا قەھرى بىلەن قارىدى. ئۇنىڭ خۇنسىز يۈزى، ئىككى كالپۇكى تىترەيتتى. لۇتپۇللا يەنىلا پىسەنت قىلماي، كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— سەن تېخى غېمىڭدىمۇ يوق، يەنە كۈلۈپ تۇرىسەنغۇ؟!



— دەرۋەقە، بۇ كۈلىدىغان جاي، — دېدى لۇتپۇللا جاۋاب بېرىپ، — مەن ھەممە قانلىق تراگېدىيىنىڭ باش رېژىسسورى بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالىغىنىم ئۈچۈن چەكسىز خۇشالمەن!

— نېمە دېدىڭ! ھىم، سەن تېخىچىلا پېتىڭدىن چۈشمەي يۈرەمسەن؟

— مەن رېڭى ئۆچۈپ، پېتىمدىن چۈشۈپ كېتىدىغان يىپەك تاۋار ئەمەسمەن!

باش سوراقچى غەزەپتىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ كەتتى ـ دە، شىرە ئۈستىدىكى تاپانچىسىنى ئېلىپ، شىرە ئۈستىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— تولا مەمەدانلىق قىلما! سېنىڭ قىلمىشىڭ ئېغىر! — دېدى.

— سەنلەرنىڭ تۆھمەت توقۇشتىن باشقا يەنە نېمە ئىشىڭ بار؟!

— سەن بىزگە قارشى نۇرغۇن نەرسىلەرنى يازدىڭمۇ؟

— ھەربىر كەسىپ ئەھلى ئۆز كەسپىنى قىلىدۇ. شائىر يازىدۇ، قاتىل ئادەم ئۆلتۈرىدۇ!

لۇتپۇللانىڭ بۇ جاۋابى، باش سوراقچىنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىۋەتتى. ئۇ، لۇتپۇللانىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ ئىككى كاچات سالدى. لۇتپۇللا ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، باش سوراقچىنىڭ يۈزىگە ئىككىنى تۈكۈردى. بۇنى كۆرۈپ گۇندىپايلار ۋە «ئىككىنچى بۆلۈم» دىكى يانتاقۇپچىلار پايپېتەك بولۇشۇپ، قوللىرىغا جازا قوراللىرىنى ئالدى. ئۇلاردىن بىرى قىرلىق توقماق بىلەن لۇتپۇللانىڭ غولىغا دەللەپ تۇرۇپ قاتتىق ئۇردى. ئىككىنچى بىرى تاسما بىلەن شائىرنىڭ باش ـ كۆزىگە ئارقا ـ ئارقىدىن ساۋىدى. ئۇنىڭ باش ـ كۆزىدىن قىپقىزىل قان شۇرقىراپ ئېقىشقا باشلىدى. لۇتپۇللا بۇ دەھشەتلىك جازاغا قىمىر قىلىپمۇ

قويماي، كۆلۈمسىرىگەن پېتى يەنىلا باش سوراقچىغا تىكىلىپ تۇراتتى.

— ياشاشنى خالىمامسەن؟! — دېدى ياردەمچى سوراقچى، «ئىككىنچى بۆلۈم» دىكى يانتاقۇپچىلاردىن بىرى، خۇددى ئوغرى مۈشۈكتەك ئالىيىپ ۋە ئالدىغا دىۋىنىپ كېلىپ.

— ياشاشنى ئەلۋەتتە خالايمەن، بىراق ئادالەت ئۈچۈن، ئەركىنلىك ئۈچۈن ياشايمەن! پەسكەشلىك بىلەن ياشاش يانتاقۇپچىلارغا، غالچىلارغا ۋە خائىنلارغا خاس!

لۇتپۇللانىڭ بۇ سۆزى يەنە باش سوراقچىغا خەنجەردەك تەگدى - دە، ئۇ تاپانچىسىنى كۆتۈرۈپ، غالجىرانە قىياپەتتە ئىككى قەدەمچە ئالدىغا سىلجىدى ۋە قاتتىق ھەيۋە كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ھىم، ئاغزىڭغا بالا تەگكەن مۇتتەھەم، سەن يەنىلا چۈچۈمەمسەن، سەن زادى ئۆلۈمدىن قورقمامسەن؟ — دېدى.

— تارىخ ئالدىدا يۈز كېلەلمەيدىغان، قورقىدىغان ھېچبىر ئىشىم يوق، لىۋ بىندېنىڭ شاگىرتلىرى، يانتاقۇپنىڭ شېرىكلىرى ئەڭ ياۋۇز مۇتتەھەملەردۇر. ئۇلار تارىختىن، ئۆلۈمدىن قورقۇشى كېرەك. چۈنكى تارىخ سەنلەرنى ئاخىرى بىر كۈنى جاۋابكارلىققا تارتىدۇ. ئەگەر ئەقلىڭ بولسا، سەنلەر سۇڭ تەيزۇ[1]نى ئۈلگە قىلىشىڭ، سۇي جۇ[2]بەگدىن ئىبرەت ئېلىشىڭ لازىم ئىدى. چۈنكى، تارىخ جاللاتلارنى ھامان شەرمەندە قىلماي قالمىغان!

① سۇڭ تەيزۇ — ئەسلىي ئىسمى جاۋ كاۋيىن (939 — 976) — سۇڭ خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى. ئۇ تارىخ ۋە تارىخشۇناسلاردىن قورقۇپ، سۆز - ھەرىكىتىنى پەملەپ قىلىدىكەن. «مەندىن سەۋەنلىك ئۆتتىمۇ» دەپ تارىخ يازغۇچىلاردىن سوراپ تۇرىدىكەن.

② سۇي جۇ (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى چى بەگلىكىنىڭ بەگزادىسى) — چى جۇاڭگۇڭ دېگەن ئادەمنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئوردا تارىخچىسى تارىخقا «سۇي جۇ بەگ چى جۇاڭگۇڭنى ئۆلتۈرگەن» دەپ يېزىپتۇ. سۇي جۇ بەگ ئاچچىقى كېلىپ تارىخچىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ ھەم باشقا تارىخچى ئەكىلەپتۇ. ئىككىنچى تارىخچىمۇ: «سۇي جۇ بەگ چى جۇاڭگۇڭنى ئۆلتۈرگەن» دەپ يېزىپتۇ. سۇي جۇ بەگ بۇ تارىخچىنىڭمۇ كاللىسىنى ئېلىپ تاشلاپتۇ. ئۈچىنچى تارىخچىمۇ شۇنداق يېزىپتۇ. ئۇنىڭمۇ كاللىسىنى ئېلىپ تاشلاپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخچىمۇ ۋەقەنى ئەينەن يېزىپتۇ. سۇي جۇ بەگ قاتىللىقنى يوشۇرالماي، زەردە - قان بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپتۇ.



باش سوراقچى لۇتپۇللانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، قارا دەستىلىك غاڭزىسىنى شىرەگە شۇنچىلىك قاتتىق ئۇردىكى، غاڭزا قاق ئوتتۇرىدىن سۇنۇپ، دەستىسى بىر ياققا، بېشى بىر ياققا ئۇچۇپ كەتتى. ئۇنىڭ پېشانىسىدە پەيدا بولغان سوغۇق تەر چىپىلداپ ئېقىپ، بۇرنىنىڭ ئىككى يېقىدىكى چوڭقۇرلۇق ئارقىلىق ياغاق ۋە كۆسا ئېڭىكىگە ئېرىپ چۈشتى.

— ھۇ جاھىل مۇتتەھەم! تەرسالىقىڭنى قارا، مەن چوقۇم سېنى تىرىك كۆمۈپ تاشلايمەنغۇ، تارىخچىلىرىڭنىڭ سېنى تېپەۋالغىنىنى كۆرۈپ باقاي قېنى! — دېدى ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا.

لۇتپۇللا شۇنداق قاتتىق كۈلۈۋەتتىكى، نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرغان باش سوراقچى ۋە گۇندىپايلارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، لاسىدە بولۇپ تۇرۇپلا قېلىشتى. ئارقىدىن شائىر باش سوراقچىنىڭ تەھدىتىگە قارىتا باتۇرلۇق بىلەن ئاخىرقى قېتىم:

— جانابىي سوراقچى! شۇنى بىلىشىڭ لازىمكى، ھەقىقەت ئەبەدىي كۆمۈلمەيدۇ. ئۇنى مىيلۇجياڭ[1] دەرياسىمۇ ئېقىتىپ كېتەلمەيدۇ. تارىم دەرياسى ۋادىسىغا چېچىلغان ئۇرۇقلار، دولان دەرياسى بويىغا تىكىلگەن كۆچەتلەر مەڭگۈ ياشىرىپ تۇرىدۇ. تامچە قانلاردىن مىليون چېچەكلەر ئېچىلىدۇ. ھەقىقەت نۇرى ئەڭ چوڭقۇر ئازگال ئىچىدىمۇ ئالتۇندەك يالتىراپ تۇرىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

شائىر ئاخىرىدا، يانچۇقىدىن ئالدىن سىزىپ تەييارلىۋالغان قىپقىزىل قان تېمىپ تۇرغان نەشتەردەك قارا چايانىنىڭ رەسىمىنى ئېلىپ باش سوراقچىنىڭ ئالدىغا ئاتتى ۋە ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى

① مىيلۇجياڭ دەرياسى — جۇڭگونىڭ بۈيۈك كلاسسىك شائىرى چۈي يۈەن (مىلادىيىدىن بۇرۇن 340 — 278) نىڭ ئۆلۈكى ئاققان دەريا. كېيىن، خەلق ئاممىسى شائىرنىڭ جەسىتىنى ئىزدەپ تېپىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ئالتۇن قەبرە ياسىغان. قەبرىنىڭ يېنىغا بىر چوڭ كۆل چېپىپ ساياھەت ئورنى قىلغان. كۆلنىڭ ئەتراپىدا ئۆسكەن نىلۇپەر گۈللىرى خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدىكەن.

شېئىرنى جاراڭلىق ئوقۇدى:

كۆرەشچان بالىلار، قوغلىشىپ يىللار،
كۆرەش نەۋرىلىرىنى چوقۇم تاپىدۇ؛
ئاخشام بەخت ئۈچۈن قۇربان بولغانلارنىڭ،
قەبرىگە، يوقلاپ گۈللەر ياپىدۇ.



## ئوتتۇزىنچى باب

# ئۆلۈم ئالدىدىكى سۆز

بۈگۈنكى مەخپىي ۋە ئاخىرقى سوراق بىر يېرىم سائەتچىلا داۋام قىلالىدى. شائىرنىڭ ئاجايىپ قەيسەرلىكى باش سوراقچى ۋە يانتاقۇپچىلارنىڭ رەسۋاسىنى چىقارغانلىقى ئۈچۈن، تۈرمە باشلىقى سالپايغان هالدا سوراقنىڭ يىغىشتۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. شائىرغا «ئىقرارنامە» يازدۇرۇش غەرىزىدە تەييارلانغان قەغەز - قەلەم شىرە ئۈستىدە ئۆز پېتىچە قېلىۋەردى.

يانتاقۇپچىلار بۈگۈنكى ۋەقەدىن هەرخىل تەسىرات ئالدى: ئۇلارنىڭ بەزىلىرى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ئىنتىقام ئېلىش قەستىدە جار سالاتتى؛ بەزىلىرى ئەتەي بىرەر ئىشنى باهانە قىلىپ ئۆيلىرىگە كېتىۋېلىشتى.

بۈگۈنكى مەخپىي سوراققا قاتناشقان تىلماچلارنىڭ بىرى بولغان ئوبۇلهەسەن بەگ كېيىنكى تىپقا كىرەتتى. ئوبۇلهەسەن بەگ سوراق ئاخىرلىشىپ بولا - بولماستىنلا سوراقخانىدىن چىققان پېتى ئالدى - كەينىگە قارىماي ئۇدۇل ئۆيىگە باردى - دە، «ۋاي يۈرىكىم!» دەپ ئۆزىنى كاڭغا ئاتتى. ئېرىنىڭ بۇ هالىنى كۆرگەن خوتۇنى ئايتۇرانخاننىڭ كۆڭلى باشقىچە بولۇپ، رەڭگى ئۆچۈپ كەتتى ۋە ئوبۇلهەسەن بەگنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— نېمە بولدىلا، سىلىگە بىرەر خاپىلىق تەگدىمۇ، نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، ياق، خوتۇن، بىردەم گەپ قىلماي تۇرۇڭلار،

يۈرىكىم ئىزىغا چۈشۈۋالسۇن.

ئايتۇرانخان ئېرىنىڭ بۇ سۆزىگە كۆنمەي، يەنە گەپ چۇقچىلاپ تۇرۇۋالدى. ئۇ، قىتىغۇر ئايال ئىدى. ئوبۇلھەسەن بەگ ئۇنىڭدىن سىر ساقلاپ قۇتۇلالمايتتى، لېكىن بۈگۈنكى سىرنى ئېغىزىدىن چىقىرىپ قويسا، باش سوراقچى ئالدىدا بالاغا قېلىشتىن قورقاتتى، شۇڭا ئۇ خوتۇنىغا يالۋۇرۇپ:

— خوتۇن، مەن سىلىدىن زادى سىر يوشۇرمىغان، ھازىرچە مېنى بىر ئاز دۆملەپ قويۇڭلار. ئىدارىدىن ئادەم كېلىپ قالسا، «بويى قىزىپ كەتتى» دەپ ياندۇرۇۋېتىڭلار! مەن سەل تۇرۇپ سىلىگە ھەممىنى ئېلىپ قالماي سۆزلەپ بېرىمەن، — دېدى.

ئايتۇرانخان ماقۇل بولدى. ئوبۇلھەسەن بەگنى ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا ئەكچە ياتقۇزۇپ، ئۆيىدىكى ھەممە يوتقان - كۆرپىلەرنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپتى. ئاندىن تاشقىرىقى ئىشىكنى ئېلىپ قويۇپ، ئېرىنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەي، ئاللىقانداق خىياللارغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. ئوبۇلھەسەن بەگ بولسا زىنھار ئارام ئالالمىدى. ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان «يوچۇن» بىرنېمە ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ، بىئارام قىلاتتى. زاۋال چۈشكە مەھەلدە، تاشقىرىقى ئىشىك ئۇرۇلدى، ئايتۇرانخان يۈگۈرۈپ چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى.

— ئوبۇلھەسەن بېگىم قېنى؟ — تاتىرىپ رەڭگى ئۆچكەن ھېكىم، ئىشىكتىن كىرە - كىرمەيلا سورىدى.

— ئۇ ھازىر ئىچكىرىكى ئۆيدە بويى قىزىپ ياتىدۇ، — ئايتۇرانخان شۇنداق دەپ ھېكىمنى باشلاپ ئىچكەركى ئۆيگە كىردى - دە، ئېرى ياتقان ئۆي بۇلۇڭىنى كۆرسەتتى. ئوبۇلھەسەن بەگ بەزگەك تۇتقاندەك، قاتتىق تىترىگەن بولۇۋالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويۇلغان يوتقان - كۆرپىلەر لاغ - لاغ تىترەكتىن سىلكىنىپ، لىڭشىپ تۇراتتى. ھېكىم بۇنى ئۆز كۆزى



بىلەن كۆرۈپ، ئارقىسىغا يېنىپ:

— ئەستاغپۇرۇللا، بۈگۈن كەچلىك زىياپەتكە چاقىرىپ كەل دېۋىدى، بوپتۇ، كېسەل ئىكەن، دەپ باراي، — دېدى.

ئايتۇرانخان ھېكىمنى ئۇزىتىۋېتىپ، ئىشىكنى يەنە ئىچىدىن ئېلىپ قويۇپ، ئېرىنىڭ قېشىغا كەلدى - دە:

— ھوي ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلىچۇ، ئىچىم تىت - تىت بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، يا قولۇم ئىشقا بارمايدۇ، يا كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ. نېمە گەپ زادى؟ — دەپ سورىدى.

— مۆزلاپ كەتتىم، خوتۇن، بىردەم ئىسسىنىۋالاي.

— ئۇنچىۋالا ئۈششۈقلۇق قىلماي، ئاۋۋال مېنى خاتىرجەم قىلىپ ئاندىن ياتسىلا.

ئايتۇرانخان بارغان پېتى ئوبۇلھەسەن بەگنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويغان يوتقان - كۆرپىلەرنى چۆرۈۋەتتى. ئوبۇلھەسەن بەگ ئەمدى ئورنىدىن تۇرۇپ، راست گېپىنى قىلمىسا ئۆيدە جېدەل چىقاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ «مۇز»، «ئۈششۈق» دېگەن لەقەملىرى تىلغا ئېلىنغاندا، بۇ ئۆيدە پات - پات قاتتىق جېدەل چىقىپ تۇراتتى. ئېھتىياتچان ۋە خوتۇنىدىن ئەيمىنىدىغان تىلماچ بەگ دەرد ئۈستىگە دەرد كېلىپ چىقمىسۇن دەپ ئويلىدى. ئۇ ھېلى ھېكىمنىڭ ئۆيگە كىرىپ - چىقىپ كەتكىنىنى سېزىپ ياتقانىدى. ئۇ بىر ئاز خاتىرجەملىك ھېس قىلدى - دە، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، خوتۇنىغا ھەممىنى تۆككىلى باشلىدى:

— ئىت يىلىدا تۇغۇلغان بەدرەكلەر ھەم توڭگۇز يىلىدا تۇغۇلغان خۇنپەرلەر بىلەن بىللە بولۇپ قالغىنىمنى بىلمىگەنىكەنمەن. ئانام رەھمەتلىك مېنى ئۇنداق يىللاردا تۇغۇپ سالمىغان بولغىيتتى، — ئوبۇلھەسەن بەگ بىر ئاز دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى، —... ھەي - ھەي، ئۇنىڭدەك قەھرىمان ئەر بولامدۇ؟ ئۇ بىر شىر يۈرەك، ئۇلۇغ ئىنسان

ئىكەن! «قوي بولۇپ مىڭ يىل ياشىغاندىن، يولۋاس بولۇپ بىر كۈن ياشا» دېگەن خەلق ماقالىنىڭ ئەينىنى بۈگۈن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

ئوبۇلھەسەن بەگ خوتۇنىغا بۈگۈنكى سوراق ئەھۋالىنى باشتىن - ئاخىرغىچە تولۇق سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن:

— ھېلى كىرىپ - چىقىپ كەتكەن چاپانچىنى كۆردۈڭمۇ، ھەممە بالا شۇ مەككاردىن، يەنە بىرى لوخور دېگەن تۈلكە مىجەز ئەبلەختىن كەلدى. بۈگۈن كېچە قان ئاقىدىغان بولدى. ھەي، ئىسىت! — دېدى يەنە.

— ھوي، ئېغىزلىرىنى ئۆششۈتۈپ، يەنە نېمە دەيدىلا، يەنە نېمە گەپ بار؟

— «دېمەك گەپ بولىدۇ، دېمىسەك دەرد.» تۈرمىدە ھازىر ئەللىكتىن ئارتۇق زىيالىيلار قاماقلىق. نەچچە كۈندىن بۇيان خوتەن دەرۋازىسى يېنىغا چوڭقۇر ئازگال كولاپ تەييارلاشتى. ئاڭلىسام بۈگۈن كېچە ل. مۇتەللىپ ئەپەندىم باشلىق زىيالىيلارنى شۇ ئازگالغا تىرىك كۆممەكچىكەن. ئازگالنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۈستىگە تۇڭگۇز قوتىنى سالماقچى بولۇشۇپتۇ. كۆردۈڭمۇ، بۇ ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ قانخورلۇقىنى!

ئايتۇرانخان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كېتەيلاپ دەپ قالدى ۋە بىر ئازدىن كېيىن ئېسىنى يىغىۋېلىپ، ئېرىگە ئاچچىقلاپ تۇرۇپ:

— سىلى ئەسلىدە ئېشەك يىلىدا تۇغۇلغان. مەن بۇرۇنلا سىلىگە «ئۇرۇش باشلانغۇچىلىك» ئۆزىمىزنى بىر ياقىغا ئالايلى دېمىدىممۇ؟ جاللاتلارغا چاپان كۆتۈرۈپ نېمىمۇ تاپاتتىلە؟ — دېدى.

— «ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپمە»، خوتۇن، مەن دەردىمنى ئۆزۈم بىلىمەن، ئەمدى پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق.

ئايتۇرانخان ئېرىنىڭ كېيىنكى گېپىنى تىڭشا - تىڭشىماي-



لا، پېشىنى قاققىنىچە ئۆيىدىن چىقىپ، بىر يېقىن قوشنا ئايالىنىڭكىگە كىرىپ كەتتى. ئوبۇلھەسەن بەگ ئۆز ئۆيىدە ھۇۋۇقۇشتەك يالغۇز قالدى. بۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭ گېلىدىن يا بىر قوشۇق غىزا، يا بىر يۇتۇم سۇ ئۆتمەيتتى. ئۇ كاڭدىن پەسكە چۈشۈپ، يەنە شۇ پۇشايمان، يەنە شۇ ھەسرەت ئىچىدە بىئارام بولۇپ توختىماي ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى.

ئوبۇلھەسەن بەگنىڭ باشقا يانتاقۇپچىلاردىن پەرقى شۇ ئىدىكى، ئۇ تارىختىن ئازدۇر - كۆپتۇر ساۋاتلىق ئىدى. ئۇ، ئەرەبچە، پارسچە ۋە خەنزۇچىنى ئازدۇر - كۆپتۇر بىلەتتى. ئۇ، ھازىر تالانتلىق شائىر لۇتپۇللانىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان ئېغىر قىسمەتكە راستىنلا ئىچىدە نارازى ئىدى.

ئوبۇلھەسەن بەگ ئېھتىمال ئالايىدىن جۇ ۋەينى بىلەن ئەبەيدۇللا ۋاسساپنىڭ چىڭگىزخان توغرىسىدا يازغان «جاھان كۈشايى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى ھەم شەرىپىدىن يەزدىنىڭ تۆمۈرلەڭ ھەققىدە يازغان «زەپەرنامە» ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇغان بولسا كېرەك، ئۇ، ھازىر لۇتپۇللانىڭ قەھرىمانلىقىنى جالالىدىن[1] بىلەن شاھزادە بايەزىت[2]قا ئوخشىتىپ، چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ كەتكەنىدى.

بىراق، ئۇ كىشىلەرنىڭ نېمىشقا تۆمۈرلەڭ[3]گە قارشى چىققانلىقى توغرىسىدىكى مۇنۇ بىر مەشھۇر شېئىرنى ئەسلا چۈشەنمەيتتى:

ئەگەر ئازاب شادلىق ئاچقۇچى بولسا،
ئاڭا قارشى كۆرىشەتتىمۇ بەندىسى.

① جالالىدىن — چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيانى بېسىۋالغاندا، خارەزىم شاھىنىڭ ئوغلى جالالىدىن ھىندىقۇش تاغ باغرىدا چىڭگىزخانغا قاراپ، قىلىچ پۇلاڭلىتىپ «چوقۇم ئىنتىقام ئالىمەن» دېگەن.

② بايەزىت — تۆمۈرلەڭ ئاناتولىدا شاھزادە بايەزىتنى ئەسىرگە ئالغاندا، بايەزىت ئۇنىڭغا قارىتىپ: «ئىككى كۆزۈڭنى ئويۇپ تاشلايمەن» دېگەن.

③ تۆمۈرلەڭ (1336 — 1405) — ئوتتۇرا ئاسىيادىن چىققان چولاق ئىستىلاچى.

ئاخىر ھېسابسىز تىرىك جانلارنى،
يانجىمىدىمۇ تۆمۈرلەڭ پەنجىسى.

× ×

ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن كېچىلىك زىياپەت ئاياغلاشقاندا، سائەت ئىسترېلكىسى توپتوغرا ئون ئىككىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

زىياپەت تارقىغاندىن كېيىن، ئالدىن تاللىۋېلىنغان يىگىرمىدىن ئارتۇق ئەڭ ئىشەنچلىك ساقچى ۋە تۈرمە گۈندىپايلىرى قوراللىنىپ، بىر مەخپىي ئىشخانىغا توپلاندى.

مەخپىي ئىشخانىنىڭ سىرتىدا قاتمۇقات پوست تۇرغۇزۇلغانىدى. ئۇرۇش ئاللىقاچان ئاياغلاشقان بولسىمۇ، تۈرمە ئەتراپى، جەنۇبىي سېپىلنىڭ ئۈستى ۋە شەھەرنىڭ رەستە كوچىلىرىغا قوراللىق پاترۇللار قويۇلغانىدى. قىزىلكۆۋرۈك بىلەن لەڭگەر كۆۋرۈك ئۈستىگە قويۇلغان پاترۇللار شەھەر ئىچىگە سىرتتىن ئىنس - جىن كىرگۈزمەيتتى، ئادەتتە يېرىم كېچىلەردە ئايرىم پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىدىكى ئىتلار نۆۋەتلىشىپ قاۋىشىپ تۇراتتى. بۈگۈن كېچە بولسا نېمە ئۈچۈندۇر ئىتلارنىڭ ھاۋىشىلىرىمۇ ئاڭلانمايتتى. قوراللىق پاترۇللارمۇ زۇۋان سۈرۈشمەي، ئۆزئارا قارىشىپ قويۇپلا ئۆتۈپ كېتىشەتتى. قىسقىسى، دولان دەرياسى بويىغا جايلاشقان بۇ شەھەر بۈگۈن كېچە خۇددى چوڭ قەبرىستانلىققا ئوخشاش كۆرۈنەتتى.

كاللا كېسەر ۋۇ شاۋبىڭ مەخپىي ئىشخانىدا قارا غاڭزىسىنى چىشلىگەن ھالدا قوراللىق ساقچىلىرىغا سۈرلۈك قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا تۈرمە باشلىقى ئوڭ بىلىكىگە بىلەيزۈك ئورنىدا سېلىۋالغان تۆمۈر ھالقىنى — ھالقىغا بېكىتىلگەن ھېسابسىز كامېر ئاچقۇچلىرىغا ئۇرۇشتۇرۇپ، جاراڭ - جۇرۇڭ قىلىپ



ئاۋاز چىقىرىپ، كۆزىنى يۇمۇۋالغان ھالدا ئىچىدە بۇددا ئايىتىنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ، بۇ ئايەتنى كىچىككىدە مومىسىدىن ئۆگىنىۋالغانىدى. بۇ ئايەتتە «بىگۇناھ ئادەم ئۆلتۈرسە، قان تۆكسە، دوزاختا كىرىدۇ» دېگەن مەزمۇن بار ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ قولىدىكى ئاچقۇچلار نۇرغۇن بىگۇناھ قۇربانلارنىڭ گۇۋاھچىسى ئىدى. بۇ ئاچقۇچلارنىڭ ھازىرقى ئاۋازىمۇ بارغانسېرى مۇسىبەت مۇزىكىسىغا ئوخشىشىپ تۇراتتى. باش سوراقچى ئاچقۇچلارنىڭ مۇڭلۇق جاراڭلىغىنىنى ئاڭلاپ:

— مانا ھازىر ھەربىرىڭلارغا ئاڭلىنىۋاتقان تۈرمە باشلىقىمىزنىڭ قولىدىكى بۇ ئاچقۇچلار بۈگۈن كېچە ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ. چۈنكى، بۈگۈن كېچە ھەممىڭلار ئازگال تىندۇرىسىلەر. كالېندارنىڭ ۋارىقى مانا ھازىر «ئون سەككىزىنچى سېنتەبىر»گە ئۆرۈلدى. بۈگۈن ئورۇندىلىدىغان مەخپىي مەجبۇرىيەتنىڭ پارول بەلگىسى «لىن - لىن - لۇ.»① ئەگەردە بۈگۈن كېچىلىك ئوپېراتسىيىگە كىمكى يۇمشاق قوللۇق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغىمۇ كولاپ قويۇلغان ئازگال بار، كىمكى مەخپىيەتلىكنى ئېغىزىدىن چىقىرىپ قويىدىكەن، تىلىنى يۇلۇپ تاشلايدىغان پولات ئامبۇر بار، — دەپ سۆزىنى باشلىدى.

تۈن كېچە سائەت دەل بىر بولغانىدى، قورچاق ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ شاۋبىڭ بۇيرۇق قىلدى. تۈرمە باشلىقى قوراللىق جاللاتلارنى باشلاپ تۈرمە تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى.

تۈرمە باشلىقى تۆمۈر ھالقىغا بېكىتىۋالغان ئاچقۇچلىرىنى جاراڭلىتىپ بېرىپ كامېر ئىشىكلىرىنى ئاچتى. قوراللىق ساقچى، گۈندىپايلار كامېردا ئۇيقۇدا ياتقان مەھبۇسلارنى مىلتىق پاينەكلىرى بىلەن ئۇرۇپ تۇرغۇزۇپ، تۈرمە ئالدىدىكى مەيدانغا توپلىدى.

① لىن — لىن شاۋچيەن (1889 — 1923) — مەشھۇر «يەتتىنچى فېۋرال» ئىنقىلابىي ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى، سىم تاناپ خادىسىغا باغلاپ قويۇپ ئۇرۇپ، مىلىتارىستلار تەرىپىدىن چاناپ ئۆلتۈرۈلگەن.

سەزگۈر مەھبۇسلار — «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى»نىڭ ئەزالىرى بۇگۈن كېچە ئەڭ ئاخىرقى جۇدالىق سائەتلىرىنىڭ يېتىپ كەلگىنىنى جىددىي ھېس قىلىشماقتا ئىدى.

مەھبۇسلار توپلانغان مەيداننى قوراللىق جاللاتلار ئاللىقاچان قورشاپ بولغانىدى. پاجىئە باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. مۇشتۇمى غەزەپ بىلەن تۈگۈلگەن بىر مەھبۇس ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈردى ـ دە، ئۈنلۈك سۈرەن سېلىپ:

— ئوغلۇم مەۋلانجان! قېنى سەن! ھاياتنىڭ لەززىتىنى كۆرەلمىگەن چىرايلىق بالام قايدىسەن! ... ئاھ! ۋەھشىي يىرتقۇچلار! — مۇدھىش جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تاشلىدى.

بۇ مەھبۇس پېشقەدەم ۋەتەنپەرۋەر تۇردىئاخۇن خەلپە ئىدى. تۇردىئاخۇن ۋە ئوغلى مەۋلانجان ئاتاقلىق مائارىپچى بولۇپ، ئۇلار لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان.

تۈرمە باشلىقى چاتاق چىقىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئۇشتەك چالدى، جاللاتلار مىلتىق پايىنەكلىرى بىلەن مەھبۇسلارنى ئۇرۇپ، ئازگال بويىغا ھەيدەپ ماڭدى.

شائىر لۇتپۇللا ۋە غەزەلخان يۇسۇپجان بىرلىكتە «زۆھرە جانىم» ناخشىسىنى ۋە قەھرىمان قىز — دىلبەر يازغان «قانلىق قەسەم» ناملىق مەھبۇسلار ناخشىسىنى جاراڭلىق ئېيتىپ، سەپداشلىرىنى ئىلھاملاندۇراتتى. ئوت يۈرەك شائىرنىڭ ۋۇجۇدىغا ۋەتەن، خەلق مۇھەببىتى خۇددى ماگمىدەك ھارارەت بېغىشلايتتى. ئۇنىڭ قەلبى يالقۇن بولۇپ ياناتتى!

مەھبۇسلار شەھەر سېپىلىنىڭ جەنۇبىي تېمىغا يېقىن كۋادرات شەكلىدە كولانغان چوڭقۇر ئازگال ئەتراپىدا سەپكە تۇرغۇزۇلدى.

تۈرمە باشلىقى بىر ئېگىز دۆڭگە چىقتى، ئۇنىڭ ئوڭ تەرە-



پىدە مۇئاۋىنى ئاقۇپ، سول تەرىپىدە پانۇس تۇتقان ئىككى ـ ئۈچ گۇندىپاي ھەمدە ئازگالنى چۆرىدەپ مەھبۇسلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان ئورغۇن قوراللىق قاتىللار قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ يىرتقۇچلارچە تۇرۇشاتتى. تۈرمە باشلىقى يۈرەكزادىلىك بىلەن مەھبۇسلارغا قاراپ:

— بۇ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت! — بۇ، ئوڭ تەرەپتىكى بوشلۇقتا تۇرغان جادا، نەيزە، گال بوغىدىغان سىم ۋە قاتىللارنىڭ قولىدىكى قىلىچ، مىلتىق ۋە ئاپتوماتلارنى مەھبۇسلارغا ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — تەكرارلايمەنكى، بۇ سىلەرگە ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت، قايسىنى تاللايسىلەر — جادا بىلەن توغرىلىنىشنىمۇ ياكى... — دېدى تۆتۈلەپ تۇرۇپ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شىر يۈرەك لۇتپۇللا ئالدىغا بىر قەدەم سەكرەپ چىقتى ـ دە:

— تۈرمە باشلىقى ئەپەندى، مەن ھازىر ئارتۇر[①]دەك ئازگال يېنىدا تۇرۇپتىمەن، بۇ، مېنىڭ ئالىي ئارزۇيۇم ئىدى. بۇ مېنىڭ شان ـ شەرىپىم! بىراق، ئارتۇر ئازگال تۈۋىگە كۈندۈزى — خەلق كۆرەلەيدىغان چاغدا ئەكېلىنگەن. سىلەر ئارتۇرنىڭ قاتىللىرىدىن كۆپ تۆۋەن تۇرىدىغان نامەرد قاراقچىلارسىلەر. خاممۇرابى[②]زامانىسىدىن تارتىپ ھازىرغىچىلىك سىلەردەك قانخورلار ئاز ئۇچرىغان. مېنىڭ قېنىم ئالتۇن تەخسىدە تۇرۇشنى خالىمايدۇ. ۋەتىنىمنىڭ تۇپرىقىغا قوشۇلۇپ كېتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. يېقىندىلا مۇشۇ يەردە ئىسسىق قانلىرى ئاققان مەرد

① ئارتۇر — كۆكۈ بالىلىق دەۋرىدىكى ئىسمى. كۆكۈيون ئۇنىڭ تەخەللۇسى. رىۋالىس ئەپەندى — ئۇنىڭ مەخپىي نامى.

② خاممۇرابى (مىلادىيىدىن بۇرۇن 1792 — 1750 ـ يىللار) — قەدىمكى بابىلۇننىڭ شاھى. مەشھۇر «خاممۇرابى قانۇنى»نى تەسىس قىلغۇچى. ئۇ دۇنيادا بىرىنچى قېتىم قانۇن تۈزگەن كىشى. شۇڭا ئۇ قانۇنلار ئاتىسى دېگەن شۆھرەتكە ئىگە.

يىگىت - قىزلارنىڭ قېنىغا قوشۇلۇپ كېتىشىنى خالايدۇ، لېكىن بۇ قانلار ھەرگىز ئىزىدا جىم تۇرمايدۇ! — لۇتپۇللا ئاخىرىدا كۆكسىنى كېرىپ تۇرۇپ، — تۈرمە باشلىقى ئەپەندى! قانداق ئۇسۇلنى تاللاشقا كەلسەك، سىلەرگە لەنەت - نەپرەت ياغدۇرۇپ كەلگەن يۈكسەك غايەمنىڭ مەركىزى — مانا مۇشۇ كۆكسۈمدە! قېنى مەرھەمەت، جاللاتلىرىڭغا بۇيرۇق قىل! — دەپ ئۈنلۈك خىتاب قىلدى.

تۈرمە باشلىقىنىڭ قولىدىكى ئاچقۇچلار جاراڭلاپ كەتتى. ئېتىش، چېپىش، ئازگالغا ئىتتىرىش ۋە تىندۇرۇش باشلاندى.

«ياشىسۇن ئەركىنلىك! ياشىسۇن ئازادلىق!»

لۇتپۇللا ئاخىرقى قېتىم جاراڭلىق شوئار توۋلاپ، ئازگال ئىچىگە يىقىلدى. بۇ 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئىدى.

سېپىلنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى دولان دەرياسىنى بويلاپ ئېگىز ئۆسكەن چىنار شېخىدا توختىماي سايراۋاتقان كۆكتولغاقنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھەيۋەتلىك تەڭرىتېغىدىن تۈرۈلۈپ ئۆرغۈپ كېلىۋاتقان يامغۇرلۇق بۇلۇتلار بىردەمدىلا ئاسماننى قاپلىغانىدى. بايىلا ئاسماندا چاقناپ تۇرغان تولۇن ئاي، سان - ساناقسىز يورۇق يۇلتۇزلار خۇددى ئالەمنىڭ باشقا بىر كائىناتىغا يوشۇرۇنغاندەك بىردىنلا كۆزدىن غايىب بولۇشتى، بۇلۇتلار ئارىسىدا قاتتىق گۈلدۈرلەپ چېقىۋاتقان چاقماق نۇرى ئازگال ئۈستىنى ئىنتايىن تېز ۋە كەينى - كەينىدىن يورۇتۇپ تۇراتتى. يېغىن - يېشىن ئەلچىسى بولۇپ، ئالدىن كەلگەن تەڭرىتېغىنىڭ سوغۇق شامىلى — شەھەر ئەتراپىدىكى باغلارنىڭ خۇشبۇي چېچەكلىرىنى ۋە ھەرخىل گۈل ئۇرۇقلىرىنى ھەممە ئازگال ئەتراپىدا سارغىيىپ پىشىپ قالغان قامغاق، شۇۋاق، ياۋا قومۇشلارنىڭ غازاڭ گۈللىرىنى قۇربانلار كۆمۈلگەن ئازگال



ئۈستىگە ئۇچۇرۇپ كېلىپ، خۇددى گۈللۈك داستىخان يېيىپ قويغاندەك بېزەپ تۇراتتى. ئەڭ ئاخىرقى قاتتىق چاقماق بىلەن بىللىلا قويۇلغان شار - شۇر يامغۇر ئازگال ئۈستىدىكى گۈل-چېچەكلەرنى سۇغىرىپ بولغاندىن كېيىن، جەنۇب تەرەپكە — تارىم ۋادىسىغا قاراپ، ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

责任编辑：尼加提·穆合力斯
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
封面设计：阿里甫·夏

# 激流（维吾尔文）

（长篇小说）

阿布都拉·塔里甫 著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路二巷1号 邮编：830049）
新疆新华书店发行
新疆金版印务有限公司印刷
850×1168毫米 32开本 20.125印张
2008年4月第2版 2008年4月第1次印刷
印数：1—4000

ISBN978—7—5371—1976—4 定价：38.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换